مۇھەممەد ئەلى سابۇنىي

## قۇرئان كەرىم

# ئەھكام ئايەتلىرىن تەپسىرلەر

(ئاياتۇلئەھكام)

## - بىرىنچى قىسىم -

تەرجىمە قىلغۇچى: مۆمىنجان سىدىق

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز

مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم

تەھرىرى: مۇنەۋۋەر نىياز

كوررېكتورى: ئا. روزى توختى

تور بەت ئادرېسى: http://www.munber.org

ئېلخەت: munber@munber.org

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# روائع البيان

# في

# تفسير آيات الأحكام

# من القرآن

## محمد علي الصابوني

المجلد الأول

المترجم: مؤمنجان صديق

المراجع: عبد الغني عبد العزيز
محمد عبد الله قارم

المحرر: منورة نياز

الحاسوب: ع. روزى توختى

http://www.munber.org
munber@munber.org

مركز الترجمة الأويغورية

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 3
تەقرىز ........................................ 7
مۇئەللىپتىن ........................................ 11
سۈرە فاتىھە ........................................ 15
شەرىئەتنىڭ سىھىرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ........................................ 55
قۇرئاندىكى ناسىخ ۋە مەنسۇخلار ........................................ 79
نامازدا كەبىگە يۈز كەلتۈرۈش ........................................ 101
سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ........................................ 123
شەرىئەت ئىلىملىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 135
پاك نەرسىلەرنىڭ ھالال، نىجىس نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ........................................ 145
قىساستا ھاياتلىق بار ........................................ 159
مۇسۇلمانلارغا روزىنىڭ پەرز بولۇشى ........................................ 179
ئىسلام دىنىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز قىلىنىشى ........................................ 213
ھەج بىلەن ئۆمرىنى تولۇق ئورۇنلاش ........................................ 231
ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ........................................ 253
ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ........................................ 263
مۇشرىك ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش ........................................ 277
ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن يىراق تۇرۇش ........................................ 287
كۆپ قەسەم قىلىشتىن توسۇش ........................................ 301
ئىسلام دىنىدا تالاق قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................................ 313
ئېمىلداشلىقنىڭ ھۆكۈملىرى ........................................ 345
ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ........................................ 357
خوتۇن كىشىگە توي تەلىپى قويۇش ۋە ئۇنىڭ مەھرى ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى ........................................ 367
جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىجتىمائىي جىنايەت ئىكەنلىكى ... 381
كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنى مەنئى قىلىش ........................................ 397

ئىسلامدا ھەج قىلىشنىڭ پەرز بولۇشى ........................ 407
ئىسلامدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى...................... 419
ئىسلام دىنىنىڭ يېتىملەرنىڭ پۇل ـ مېلىغا ئەھمىيەت بېرىشى ............ 435
نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ........................... 449
ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاستىلىرى ...... 469
مەست ۋە جۇنۇب بولۇپ قالغان ئادەمگە ناماز ئوقۇشنىڭ ھاراملىقى ........ 485
ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى جازاسى ............... 499
خەۋپ نامىزى ............................................. 517
يېمەكلىكلەرنىڭ ھالال بولغان ۋە ھارام بولغان تۈرلىرى................ 533
تاھارەت ۋە تەيەممۇمنىڭ ھۆكۈملىرى .......................... 547
ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ جازاسى........................ 563
قەسەمنىڭ كەففارىتى، ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشى ............... 579
مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش ................................. 591
مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشىنى مەنئى قىلىش .............. 597
غەنىمەتلەرنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى ........................... 607
غەنىمەتلەرنى قانداق تەقسىم قىلىش ئەھۋالى ........................ 623
قۇربانلىق قىلىش ۋە مال بوغۇزلاش ئارقىلىق الله قا يېقىنچىلىق ئىزدەش ... 633

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانالار بىزنى يوقتىن بار قىلغان، پۈتۈن كائىناتنى ئۆز خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە يارىتىپ، مۇئەييەن ئىنتىزام ئىچىدە ئىدارە قىلىۋاتقان، بارلىق جانلىقلارنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە رىزىقلاندۇرىۋاتقان، ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەخلۇقاتلار ئىچىدىن ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى تاللىغان، ئىنسانلارنىڭ ھەر ئىككى ئالەمدە تۈگىمەس - پۈتمەس بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىدە قانۇن ۋە دەستۇر قىلىشلىرى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ھۆكۈم قىلدۇرۇشلىرى ۋە شۇ ھۆكۈملەرگە قەتئىي بويسۇنۇشلىرى ئۈچۈن ئىلاھىي كىتابلارنى نازىل قىلغان ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالاغا خاستۇر.

سانسىزلىغان رەھمەت، مەغپىرەت ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى بولغان، ئاخىر زامان پەيغەمبىرلىكى ئۈچۈن تاللانغان، ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن، الله نىڭ دىنىغا ھارماي - تالماي دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ، الله يولىدا توختىماي كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ، الله نىڭ قاتتىق ئازابلىق دوزىخىدىن قورقۇپ، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلىك جەننىتىدىن خۇش بېشارەت ئېلىپ جانلىرىنى، ماللىرىنى الله ئۈچۈن ئاتىغان تەقۋادار، پىداكار مۆمىنلەرنىڭ داھىسى، شۇنداقلا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!!!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! بۇ كىتابنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇنى ئەستە مەھكەم تۇتۇش كېرەككى، ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا ئىنسانلارنى ھەرگىزمۇ بىكارغا يارىتىپ قويغان ئەمەس. الله تائالا ئۇلارنى كەلگۈسى ھايات ئۈچۈن سىناشقا ياراتقان، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغىچە تاللانغان كىشىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ بېرىدىغان ساماۋىي كىتابلارنى، مۇقەددەس سەھىپىلەرنى نازىل قىلغان، جۈملىدىن بىزنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇش شەرىپىگە نائىل قىلغان، بىزگە پۈتۈن ساماۋىي كىتابلارنىڭ مۇجەسسەمى بولغان قۇرئان كەرىمنى دەستۇر قىلىپ بەرگەن. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى ھاياتىمىزنىڭ ئېتىقادىي، ئەخلاقىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەر تۈرلۈك مۇئامىلە - مۇناسىۋەت ساھەلىرىدە ھاكىم قىلدۇرمىساق، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە قەتئىي بويسۇنۇپ ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن قاتلاملىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرمىسەك، دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش خىيالىمىز پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

www.muber.org

﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1]، ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[2]، ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[3].

قىسقىسى، ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنىڭ الله تائالا ھۇزۇرىدا توغرا ۋە ساغلام قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈم خاراكتېرلىك ئايەتلىرىنى چۈشىنىش، بۇيرۇقلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، چەكلىمىلىرىدىن قەتئىي يېنىش، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىش، ھايات يولىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش، مەيلى پايدىسىغا ياكى زىيىنىغا بولسۇن، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش ۋە ئەمەل قىلىش ئىمان ـ ئىسلامنى دەۋا قىلغان، شۇنداقلا ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشنى كۆزلىگەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. بۇ ھەقتە قولىمىزدىكى مۇھەممەد ئەلىي سابۇنىنىڭ «رەۋائىئۇل بەيان فىي تەفسىرى ئاياتىل ئەھكام مىنەل قۇرئان» يەنى «قۇرئان كەرىم ئەھكام ئايەتلىرىدىن تەپسىرلەر» ناملىق ئەسىرى سىزگە ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىسلام دۇنياسىدا مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان ئەڭ ئېسىل، قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپ مۇھەممەد ئەلى سابۇنى ئۇنى يېزىشتا ھۆكۈم خاراكتېرلىك ئايەتلەر ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن نوپۇزلۇق كونا ـ يېڭى تەپسىرلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە يېڭى ئۇسلۇب بويىچە تۈزۈپ چىققان. تېمىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈملەرگە بۆلۈپ ناھايىتى رەتلىك، ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلغان. مەزھەب ئەسەبىيەتچىلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن سۈننى ئەقىدىسىگە تەۋە فىقھىشۇناسلارنىڭ ھۆكۈم خاراكتېرلىك ئايەتلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، پىكىرلىرىنى، قاراشلىرىنى، يەكۈنلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھۆكۈم ئايەتلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلىرى، ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ ئىجتىھادلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىنچىكىلەپ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى ئەينەن نەقىل قىلغان. كۆچلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھۆكۈملەرنى ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماستىن كۈچلەندۈرگەن. مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق جاۋاب بەرگەن، بەزى ھۆكۈملەر ئۈستىدە ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇستەشرىقلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۆرمىلاش خاراكتېرلىك قاراشلىرىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن.

بۇ كىتاب ئەنە شۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، بىز ئۇنى قابىلىيىتىمىزنىڭ چەكلىك، ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتەرسىز، ئىلمىي سەۋىيىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشىغا قارىماي تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق، ھەمدە الله نىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن تەرجىمىنى غەلىبىلىك ھالدا پۈتتۈردۇق. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ كىتاب بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن مۇشۇ ساھەدىكى تۇنجى بۆيۈك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەرجىمە جەريانىدا مەلۇم خاتالىق، نۇقسان، يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد، پىكىر، تەۋسىيەلىرىنى ئايىماسلىقنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

---

[1] سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە، 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە، 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈمىزكى، بۇ كىتاب ھۆكۈملەردە مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ ۋە زاھىرى مەزھىبىنىڭ پىكرى ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ھەنەفى مەزھىبى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ. بىز بىر ھۆكۈم ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنداق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ تېرىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەزھەب چۈشەنچىسىنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئايدىڭلىشىشىنى، ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان باشقا مەزھەبلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشىنى، ئۇ مەزھەبلەرنىڭمۇ ئۆز قاراشلىرىدا ئايەتلەرنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى دەلىل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىنى، شۇڭا ئۆز مەزھىبىنى پەلەككە كۆتۈرۈپ باشقا مەزھەبلەرنى قارىلىماسلىقنى، شاخچە ھۆكۈملەر ھەققىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقنى بانا قىلىپ ئىختىلاپ تۇغدۇرماسلىقنى، ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلارنىڭ ئىمانىغا نۇقسان يېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى، بۇ مەسىلىدە كەڭ قورساق بولۇشنىڭ لازىملىقىنى مەقسەت قىلدۇق.

ئىجتىھاد نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىجتىھاد قىلىش سەۋىيىسىدە بىلىمى بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۆت مەزھەبتىن بىرىگە ئەگەشكىنى ياخشى. مۇنداق قىلغانلىق ھەرگىزمۇ قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق، مەزھەب ئىگىسىنىڭ پىكرىنى كۆككە كۆتۈرگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى بۇ تۆت مەزھەبنىڭ ھەر بىرى بىرەر مەسىلىدە توختالسا، ئالدى بىلەن قۇرئانغا، ئاندىن سۈننەتكە، ئاندىن ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ شۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىجتىھادلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئاندىن مەزكۇر دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپلىق ھالدا يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ دەلىلسىز ۋە قارىغۇلارچە ھۆكۈم چىقارمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياشىغان زامانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا يېقىندۇر. شۇڭا ئۇلار قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتە كېيىن كەلگەن ئۆلىمالاردىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە.

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى موھتاج بولغان بارلىق بىلىملەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئۆگىنىپ، ھايات يولىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كېتەلىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. ھەر ئەسىردە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى زاماندىكى ئۆتكەن نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار قۇرئان ۋە سۈننەت بويىچە ھۆكۈم قىلمىسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۆلىما دېيىمۇ ئاتالمايدۇ. بىلمىگەننى ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىش تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ گۆشلىرى زەھەرلىكتۇر، ئۇلارغا تىل تەككۈزۈش، ئۇلار بىلمىگەننى بىز بىلدۇق دەپ كۆرەڭلەپ كېتىش بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر، شۇنداقلا ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ۋە پەسكەشلىكتۇر. ئىنسانلار پەرىشتە ئەمەس. ئىلگىرى ئۆتكەنلەر خاتالاشقان بولسا، خاتاسىنى تۈزىتىپ ئىلگىرىلەپ مېڭىش، كېيىن ئۆتكەن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار مەزھەب ئىگىلىرىگە ھەرگىزمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقىمىز، ئىجتىھاد قىلىشقا ئىقتىدارىمىز بولسا، ئۆزىمىز ئىجتىھاد قىلىپ قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا يول تۇتۇپ مېڭىشىمىز، ئۇنداق ئىقتىدارىمىز بولمىسا، دىلىمىز تەسكىن تاپقان، كۆڭلىمىز قانائەتلەنگەن مەزھەبتىن بىرىگە ئەگىشىشىمىز، ھەرگىزمۇ تەپرىقچىلىك قىلماسلىقىمىز، ھېلى بۇ يولغا ھېلى ئۇ يولغا مېڭىپ، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغانلاردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز، ئۆزىمىز ئەگەشكەن مەزھەبنى ياكى پىكىر ئېقىمىنى باشقىلارغا تاڭماسلىقىمىز، مەزھەب

ئەسەبىيەتچىلىكى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، بۇ مەسىلىنى ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانىغا، دىلىڭىزنىڭ تەقۋادارلىقىغا قويۇپ بېرەيلى!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ھۆكۈم ئايەتلىرى تەپسىرى قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈم خاراكتېرلىق ئايەتلەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، شۇ ئايەتلەردىكى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

2 ـ ئۆلىمالارنىڭ مەلۇم ئايەت ئۈستىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى ئۇلارنىڭ شۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش تارىخىنى، نازىل بولۇشقا سەۋەب بولغان ۋەقەلىكنى، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىنى، شۇ ئايەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ تەپسىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، قارىماققا ئىختىلاپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار شۇ قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا مەزكۇر دەلىللەرگە تايانغان.

3 ـ مۇئەللىپ بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ئون تۆرلۈك نۇقتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تۈرى ئايەتلەرنىڭ قىرائەت ۋە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت بولغاچقا، بىز ئۇلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پايدىسىز دەپ قاراپ، تەرجىمە قىلماي ئۆتۈپ كەتتۇق.

4 ـ بۇ كىتاب قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈم ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى مۇئەللىپ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ماۋزۇلارغا ئائىت ئايەتلەرنى تاللاپ تەپسىر قىلغان.

5 ـ بۇ كىتابتا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان تەپسىرشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئىمالار، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تەپسىرلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى.

6 ـ بۇ كىتابتا ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم تەرجىمىسىدىن ئېلىندى. ئايرىم سۆز ۋە جۈمىلەر بۇ كىتابنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگەرتىلدى.

ئاخىرىدا، الله تائالادىن بۇ كىتابنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پايدىلىق قىلىشنى، كىتابنىڭ مۇئەللىپىگە، ئۇنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچ سەرپ قىلغۇچىلارغا، ئوقۇپ ئەمەل قىلغۇچىلارغا ھەر ئىككى ئالەمدە بەخت ئاتا قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز!

الله سىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغاي!

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى
ھىجرىيە 1427 ـ يىل، زۇلقەئدە
مىلادى 2006 ـ يىل، دېكابىر

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# تەقرىز

جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر. اللە ئەڭ ئىسىل پەيغەمبىرى، ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇقى، ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!

پۈتۈن تىرىشچانلىقلار سەرپ قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان، ئۆلىمالار ئۆگىتىش، تەپسىر قىلىش، چۈشەندۈرۈش، دەرس قىلىپ ئوقۇش، ئوقۇتۇش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئەڭ ياخشى كىتاب ھەقىقەتەن اللە نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدۇر. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1]. ئۇ ئىنسانلارنىڭ يېتەكچىسىدۇر، ئىنسانلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشقا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتنىڭ دەستۇرىدۇر. اللە تائالا ئۇنى ئۆزگەرتىلىشتىن، بۇرمىلىنىشتىن قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[2]. اللە تائالا ئۇنى دەرس قىلىپ ئوقۇشنى ئاسان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېپزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[3].

ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاننى تەپسىر قىلىشى، تېخىمۇ كېيىنكىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى، مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىشى، يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىشى، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان جايلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى، ھالال ۋە ھارامنى بىلىش ئۈچۈن ھۆكۈم ئايەتلىرىنى دائىرىگە ئېلىشى، بۇيرۇق ۋە چەكلىمە ئايەتلىرى ئۈستىدە كەڭ توختىلىشى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىنچىكىلەپ چىقىرىشى ــ مانا بۇلار قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنى ئوقۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدۇر.

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالار (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا، بولۇپمۇ ھۆكۈم ئايەتلىرىنى مەخسۇس ئۇسلۇب بىلەن تەپسىر قىلىشتا ناھايىتى جىق خىزمەت قىلغان بولسا، كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالارمۇ شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلدى، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ئوقۇشقا،

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 42 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەمەر، 17 ـ ئايەت.

www.munber.org

چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا بۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەسكە توختىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد يولىغا ۋە بۇ ساھەدىكى تىرىشچانلىقىغا يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئېچىپ بەردى. شۇڭا كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالارمۇ رەھمەت ئېيتىلىشقا ۋە ئەجىرگە لايىقتۇر. بىز ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالاردىن ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى ۋاقىت بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. بىز پەقەت بۇ يەردە مۇئەللىپكە ھۆكۈم ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىشتا ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن تەپسىرشۇناسلار ئورتاقلاشقان «رەۋائىئۇل بەيان فىي تەپسىرى ئاياتىل ئەھكام مىنەل قۇرئان» ناملىق بۇ كىتاب ئۈچۈن تەقرىز يېزىش ئۈستىدە توختىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز. بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئۇستاز مۇھەممەد ئەلى سابۇنىي بولۇپ، تىنىچ - ئامان قىلىنغان شەھەر مەككىدىكى شەرىئەت ۋە ئىسلام دەرسلىرى پاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇستاز مۇھەممەد ئەلى سابۇنىي ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدە ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى، ئاخىرقى نەتىجە ۋە پايدىنى نىشان قىلغۇچى ئىلمىي كىتابلارنى يېزىشتا زامان بىلەن بەسلەشكەن داڭلىق ئالىم بولۇپ، كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىزدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا كىتاب كۆرۈش، تەتقىق قىلىش ۋە يەكۈنلەش ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ شۇ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولسا، بىز بۈگۈن كەڭ ئىلىم ئىگىلىرىگە، بەلكى ئۆلىمالارغا سۇنۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ كىتابى بولۇپ، چوڭ ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. مەن بۇ كىتابنى مۇشۇ ساھەدە يېزىلغان ئەڭ ياخشى كىتابلاردىن بىرى دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇ، ئىلگىرى يېزىلغان پىكرى قاراشلىرى مول ۋە ناھايىتى پايدىلىق بولغان كىتابلار بىلەن يېڭى يېزىلغان رەتلەش ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىتابلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدۇ.

بىز مۇئەللىپنىڭ بۇ كىتابقا يازغان مۇقەددىمىسىنى ئوقۇش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ كىتابنى رەتلەپ يېزىپ چىقىشتا قانچىلىك زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. چۈنكى ئۇ ئۆزى يازغان مۇقەددىمىدە بۇ كىتابنىڭ ھۆكۈم ئايەتلىرى ھەققىدە ئون تۈرلۈك نۇقتىنى ئاساس قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم نۇقتىلار بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچە، ئىزدىنىش، قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش جەھەتلەردىكى ئەقىل - ئىدراكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇئەللىپ (اللە ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب ئاتا قىلسۇن!) بۇ كىتابنى يېزىشتا ھۆكۈم ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئوچۇق ۋە روشەن رەۋىشتە باھا بېرىدۇ، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشى ھەققىدىكى ھۆكۈملەر» دېگەن ماۋزۇدا ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىچىدىن بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش شەخسىيىتىگە تىل تەككۈزگەن بەزى نۇمۇسسىزلارغا تېگىشلىك رەددىيە بېرىدۇ. مۇئەللىپ بۇ ماۋزۇدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ھېكمىتىنى مەنتىقىگە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ «ھىجاب ۋە قاراش ھەققىدىكى ئايەتلەر» دېگەن ماۋزۇدا ھىجاب توغرۇلۇق ئەتراپلىق توختىلىدۇ، ئاياللارنىڭ قولى ۋە يۈزى ئەۋرەت ئەمەس دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاياللار يۈزىنى ۋە قولىنى يات ئەرلەرگە كۆرسەتسە بولىدۇ، دەپ جار سالغۇچىلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ يەنە «مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھىجابلىنىشى» دېگەن ماۋزۇدا ھىجاب توغرۇلۇق قايتا توختىلىپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئۆتىشىدىن كېلىدىغان خەيىم ـ خەتەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ياۋرۇپالىقلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەمنەپەس بولغۇچى ئاتالمىش ئەقىللىقلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرا چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىدۇ. «رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ ھۆكمى» دېگەن ماۋزۇدا ئەتراپلىق توختىلىدۇ، تايانچلىق تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى كەلتۈرىدۇ، رەسىمنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھارام قىلىنىش ئىللەتلىرىنى بايان قىلىدۇ، پەقەت جانسىز بولغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىشنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە تۇغۇلغان شۈبھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئىچىپ تاشلاشقا ۋە ئىسلام نەزىرى بىلەن باھا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىيىنچىلىقلىرى بولۇپ، مۇئەللىپ ئۇقۇشماسلىقلاردىن يىراق بولغان ھالدا ناھايىتى ئوچۇق ۋە تولۇق شەكىلدە توختىلىدۇ. ئۇ، ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ھاۋايى ھەۋەسىنى الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە بويسۇندۇرغان مۇسۇلماننىڭ مېڭىشىغا تېگىشلىك بولغان ئىسلامنىڭ ئەمەلى توغرا ئەھۋالىغا باھا بېرىشتە تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تەنىسىدىن، مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ.

مۇشۇنچىلىك توختالساق، «رەۋائىئۇل بەيان» ناملىق بۇ كىتاب ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرەلىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. الله تائالادىن بۇ كىتابنى ئىنسانلارغا پايدىلىق قىلىشىنى، ئۇنىڭ مۇئەللىپىگە ئۇنىڭ سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقى، قۇربانلىقى، قىممەتلىك ۋاقتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئۈچۈن ئەجىر بېرىشىنى، ئىسلام جەمئىيىتىمىزدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەقنى سۆزلەيدىغان، توغرا يولغا باشلايدىغان ئۆلىمالارنى كۆپلەپ چىقىرىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز! الله توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى مەسلىھەتچىسى، ھەرەم مەسجىدىنىڭ خاتىبى:

ئابدۇللاھ ئابدۇلغەنى خەييات

www.munber.org

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# مۇئەللىپتىن

﴿ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿١٧﴾ ﴾

﴿ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[1]

جىمى ھەمدۇسانا ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن، ئۇنىڭغا ئۇ بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن الله غا خاستۇر. پۈتمەس ـ تۈگىمەس رەھمەت ۋە سالاملار ئىنسانىيەتكە كەلگۈسىدىكى كاتتا بەخت ـ سائادەتتىن خۇش ـ خەۋەر بەرگۈچى، مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان ئېچىنىشلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، نۇرلۇق چىراق بولۇپ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت باسقان بۇ ئالەمنى يورۇتقۇچى سەردارىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! الله ئۇنىڭ بىلەن نادانلىق ۋە كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى، بۇتپەرەسلىك ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرىنى بىتچىت قىلدى، تەۋھىد ۋە ئىمان مۇنبەرلىرىنى يۈكسەك كۆتۈردى. رەھمەت ۋە سالاملار ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ئىلىم ـ ئىرپاننىڭ قۇياشلىرى بولغان ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!!!

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە پارلاق نۇر قىلغان ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمگە خىزمەت قىلىش ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن بىرىدۇر، ئەڭ ئەۋزەل تىرىشچانلىقدۇر. الله تائالا ساماۋىي كىتابلارنى مۇشۇ كىتاب بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، ئىنسانىيەتكە مۇنۇ سۆزى بىلەن چەكسىز ياخشىلىق ئاتا قىلدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق﴾[2].

الله تائالا بۇ ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان كەرىمنى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ چىراقلىرى، ھەمىشە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يورۇق مەشئەللىرى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پارلاق قۇياشلىرى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنى مۇشۇ ھاياتتا ئىقتىدا قىلىشقا تېگىشلىك شانلىق يېتەكچىلەر ساناپ مۇنداق دېدى: «ئۈممىتىم ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك كىشىلەر قۇرئاننى باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىلەردۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سىنىپ كىشلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بايان قىلىپ يەنە مۇنداق

---

[1] سۈرە قەمەر، 17 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 174 ـ ئايەت.

دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ كىتاب بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى تۆۋەن قىلىدۇ.»

ئەنە شۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ تىزىقىغا تىزىلىشىلىشنى، گەرچە ئۇلارغا ئوخشىمىسامۇ يەنىلا ئۇلارغا ئوخشىشىلىشنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. الله ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ماڭا كىچىككىنە بولسىمۇ نېسىپ قىلسا ئەجەپ ئەمەس. بىر شائىر مۇشۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئوخشىشىلىشقىلار ئۇلارغا، گەرچە ئۇلاردەك بولمىساڭلارمۇ،
ئېسىللەرگە ئوخشىشىلىش ھەقىقەتەن بەخت ـ سائادەتتۇر.

الله تائالا ماڭا بۇ دىنىنىڭ ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا نېسىپ قىلسا، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان بەزى كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرالىسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ھە! دەيدىغان ئۈمىدىم بار ئىدى. چۈنكى بۇ ئەمەلنىڭ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ پايدىسى تېگىپ تۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىمەن. نېمىشقا دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت مۇنۇ ئۈچ ئەمەلنىڭ ساۋابى توختىماي يېتىپ تۇرىدۇ: (يول ۋە كۆۋرۈك ياساتقانغا، مەسجىد سالدۇرغانغا ئوخشاش) ھەمىشە ساۋاب بولۇپ تۇرىدىغان ياخشى ئىش، ئىنسانلارغا قالدۇرغان پايدىلىق ئىلىم، ئاتىسىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا.»

الله تائالا ھەر دائىم ئامان ـ ئېسەن قىلغان، پۈتۈن يامانلىق ۋە ناچار قىلمىشلاردىن ئۆزى قوغدىغان ھەمدە ھىمايە قىلغان شەھەر مەككە مۇكەررەمەدە ئىستىقامەت قىلىش، شەرىئەت ۋە ئىسلام دەرسلىكلىرى فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش پۇرسىتىنى ماڭا مۇيەسسەر قىلدى، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا ماڭا كىتاب كۆرۈش، ئوقۇش ۋە يېزىش شارائىتلىرىنى ھازىرلاپ بەردى. دېمەك، الله تائالا مېنى ئامان ئېسەنلىكنىڭ ۋە ئىمانىنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ قەدىمىي ئۆيگە خوشنا بولۇشتىن ئىبارەت پاك مۇھىتقا سازاۋەر قىلدى. دېمىسىمۇ الله تائالا بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى ئۆتمۈشتىن تارتىپلا ئامان ـ ئېسەنلىك، بەرقارارلىق، خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن قىلىپ كەلمەكتە. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟﴾[2]

---

[1] سۈرە قۇرەيش، 3 ــ 4 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 67 ـ ئايەت.

www.munber.org

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ پاك مۇھتتا ئۇن يىلغا قەدەر ياشىدىم. بۇ جەرياندا بىرقانچە كىتاب يېزىپ چىقتىم. شۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى قولۇڭىزدىكى بۇ كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا: «رەۋائىئۇل بەيان فىي تەپسىرى ئاياتىل ئەھكام مىنەل قۇرئان» دەپ ئىسىم قويدۇم. مەن بۇ كىتابنى ئىككى قىسىم قىلىپ پۈتتۈردۈم، ئۇنىڭدا ھۆكۈم ئايەتلىرىنى ئىلمىي دەرس شەكلىدە ھازىرلاپ پۇختا يېزىلغان كونا كىتابلار بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ يېزىلغان يېڭى كىتابلارنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا يېزىپ چىقتىم. ئۇنىڭ تېمىلىرىنى ھازىرلاشتا يېڭىچە ۋە ئاسان ئۇسلۇب قوللاندىم، قاتتىق دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ناھايىتى ئىنچىكىلەپ رەتلەپ چىقتىم، توختالماقچى بولغان ئايەتلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك نۇقتىنى ئاساس قىلدىم:

1 ـ سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلارنىڭ سۆزلىرى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرۈلدى.

2 ـ ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىلىرى بولۇپ، ئايەتلەر ئۆزۈندە شەكلىدە بايان قىلىندى.

3 ـ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى بولۇپ، ئەگەر نازىل بولۇش سەۋەبى بولسا بايان قىلىندى.

4 ـ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى بايان قىلىندى.

5 ـ مۇتەۋاتىر قىرائەت تۈرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى.

6 ـ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى (يەنى سۆزلۈكلەرنىڭ زىر، زىۋەر، پەش ئوقۇلۇشى ۋە باشقا ئۆزگۈرۈشلىرى) ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى.

7 ـ تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى بولۇپ، ئېچىلماي قالغان سىرلار، بالاغەتكە دائىر نۇقتىلار ۋە ئىنچىكە ئىلمىي نۇقتىلار بايان قىلىندى.

8 ـ شەرىئەت ھۆكۈملىرى بولۇپ، فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى ئۆزئارا كۆچلەندۈرۈش ئاساسىدا بايان قىلىندى.

9 ـ ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار قىسقىچە بايان قىلىندى.

10 ـ مەزكۇر ھۆكۈم ئايەتلىرىنىڭ ھېكمىتى بولۇپ، ھۆكۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ھېكمىتى بايان قىلىندى.

مەن ھەرگىزمۇ بۇ كىتابتىكى تېمىلارنى مېنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقىم دەپ ھېسابلىمايمان. بەلكى ئۇ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى داڭلىق تەپسىرشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بۇ ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، تەپسىرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئايەتلەردىن ھۆكۈملەرنى ئىنچىكىلەپ سۆزۈپ چىققان تەڭداشسىز

فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، تىلشۇناس، ئەقىدىشۇناس ئۆلىمالارنىڭ، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ھەققىدە كىتاب يېزىشقا بارلىقىنى بېغىشلىغان كاتتا ئالىملارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك قان ـ تەرىنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

مېنىڭ مىسالىم پەقەت ئۇ يەر بۇ يەردە چېچىلىپ تۇرغان ئۇنچە مەرۋايىتلارنى، قىممەت باھالىق ياقۇتلارنى يېغىپ بىر تىزىققا تىزغان ئىنسانىنىڭ مىسالىغا ياكى ئەڭ چىرايلىق گۈل ـ چېچەكلەر، راسا پىشقان مېۋە ـ چېۋىلەر تولۇپ تاشقان بىر باققا كىرىپ قېلىپ ھاياجىنىنى باسالماي قالغان، قولى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇزۇراپ بىر دەستە گۈل تىزغان، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنى لېگەنلەرگە ئاۋايلاپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن يۈرەككە چەكسىز خۇشاللىق بەخش قىلغان، كۆزى قاراپ تويمايۋاتقان شەخسنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

مېنىڭ بۇ كىتابقا بولغان مىسالىم ئەنە شۇنداقتۇر. مەن پەقەت ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقتىم، كونا بىلەن يېڭىنى يىغدىم. مەن، بىر قۇر نەرسە يېزىش ئۈچۈن تەپسىر ھەققىدە يېزىلغان ئانا كىتابلاردىن تەخمىنەن 15 تىن ئارتۇق كىتابقا مۇراجىئەت قىلدىم. لۇغەت ۋە ھەدىس كىتابلىرى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇ كىتابلاردىن نەقىل قىلغان نەرسىلەرگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ قايسى كىتابتىن ئېلىنغان بولسا شۇ كىتابنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتىم.

مەن الله دىن بۇ كىتابنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق قىلىشىنى، ئۇنىڭ ساۋابىنى ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەن قىيامەت كۈنى مەن ئۈچۈن پايدا يەتكۈزىدىغان قىلىپ قالدۇرۇشنى چىن دىلىمدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر. الله تاللانغان بەندىسى، خىللانغان پەيغەمبىرى، بىزنىڭ سەردارىمىز ھەمدە خوجايىنىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، شۇنداقلا كۆپتىن ـ كۆپ سالام يوللىسۇن!

مۇھەممەد ئەلى سابۇنىي
شەرىئەت ۋە ئىسلام دەرسلىرى پاكولتېتى
مەككە مۇكەررەمە

[1] سۈرە شۇئەرا، 88 ــ 89 ـ ئايەتلەر.

# سۈرە فاتىھە

سۈرە فاتىھەنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىغا ۋە ئايىتىنىڭ يەتتە ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ نۇرغۇن ئىسىملىرى بار بولۇپ، ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ”فاتىھە“ (يەنى ئاچقۇچى، باشلىغۇچى دېگەن مەنىدە) دۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىم مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشىدا ئەمەس، قۇرئاندىكى يېزىلىش تەرتىۋى بويىچە بىرىنچى سۈرىدۇر.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىلىشىنىڭ مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نامازلاردا ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۈرە ”سۈرە فاتىھە“ دەپ ئاتالغان.»[1]

ئىككىنچى، ”ئۇممۇلكىتاب“ (يەنى ئانا كىتاب) تۇر. چۈنكى، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا بۇ سۈرىدە اﷲ تائالانى مەدھىيىلەش، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، توسقان ئىشىدىن يېنىپ ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ھىدايەتنى ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى تىلەش، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، بەختلىك كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى، بەختسىز كىشىلەرنىڭ بارار جايلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ باشقا سۈرىلىرىگە نىسبەتەن خۇددى ئانىغا ئوخشايدۇ. ئەرەبلەر پۈتۈن نەرسىنى ئۆزىگە جەم قىلغان نەرسىنى ”ئۇم“ (يەنى ئانا) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار مەككىنى ”ئۇممۇلقۇرا“ (يەنى شەھەرلەرنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، باشقا شەھەرلەر مەككىنى مەركەز قىلغان. ھەربىي بايراقمۇ ئالدىنقى رەتتە ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقى ۋە ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن ”ئۇم“ دەپ ئاتالغان. زېمىنمۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ”ئۇم“ دەپ ئاتالغان.

زېمىن ھەققىدە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

زېمىن بىزگە قارارگاھتۇر، ھەمدە بىزنىڭ ئانىمىز.
ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇغۇلىمىز ۋە قوينىغا كۆمۈلىمىز.

ئۈچىنچى، ”ئەسسەبئۇلمەسانى“ (يەنى تەكرارلىنىدىغان يەتتە) دۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايەتلىرى يەتتىدۇر، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى ئۇنى نامازنىڭ ھەر

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، بىرىنچى جىلد.

رەكئەتتە ئوقۇيدۇ. اللہ تائالانىڭ: ﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى... ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىدىكى يەتتە ئايەت دېگەن سۆزنى نۇرغۇن ساھابىلار سۈرە فاتىھە دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، قىرائەتشۇناسلار[2] ۋە ئۆلىمالار بۇ سۈرىنىڭ ئايەتلىرىنىڭ يەتتە ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

ئىمام قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە بۇ سۈرىنىڭ «ئەششىفائ» (شىپا بولغۇچى)، «ئەلۋافىيە» (يېتەرلىك بولغۇچى)، «ئەلكافىيە» (كۇپايە قىلغۇچى) «ئەلئەساس» (ئاساس)، «ئەلھەمد» (مەدھىيە)... لەردىن ئىبارەت 12 ئىسمىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئىسىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى ياكى ھۆرمەتلىك ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادى بىلەن قويۇلغان. ئىمام ئەلۇسى، بەزى ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئىسىملارنى يىگىرمە نەچچىگە يەتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىدە ساناپ ئۆتكەن[3].

## سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

1 ـ ئىمام بۇخارى ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى. مەن جاۋاب قايتۇرماستىن نامىزىمنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ: «چاقىرغاندا كېلىشىڭگە نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟» دېدى. مەن: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، دېدىم. ئۇ: «اللہ تائالا ﴿ئى مۆمىنلەر! اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار﴾[4] دېمىدىمۇ؟» دېدى. ئاندىن: «مەن ساڭا سەن مەسجىدتىن چىقىشتىن ئىلگىرى چوقۇم قۇرئاندىكى ئەڭ كاتتا بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى.

كېيىن ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ مەسجىدتىن چىقماقچى بولغاندا مەن: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا چوقۇم قۇرئاندىكى ئەڭ كاتتا بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دېمىگەنمىدىڭ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، ”سۈرە فاتىھە“ بولۇپ، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، ماڭا بېرىلگەن كاتتا قۇرئاندۇر» دېدى[5].

[1] سۈرە ھىجر 87 ـ ئايەت.
[2] بۇ كىتاب بويىچە تىلغا ئېلىنىدىغان «قىرائەتشۇناس» دېگەن سۆز قۇرئاننىڭ يەتتە ياكى ئون قىرائەت بويىچە ئوقۇلۇشىنى مۇكەممەل ئىگەللىگەن ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنى كۆرسىتىدۇ.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 111 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 37 ـ بەت.
[4] سۈرە ئەنفال 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

2 ـ ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇبەي ئىبنى كەئب سۈرە فاتىھەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىڭشىتىپ ئوقۇدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تەۋراتتىمۇ، ئىنجىلدىمۇ ۋە زەبۇردىمۇ بۇ سۈرىگە ئوخشاش سۈرە نازىل قىلىنمىدى. قۇرئاندىمۇ (تاكى بۇ سۈرە نازىل بولغانغا قەدەر، بۇ سۈرىگە ئوخشاش بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى)، بۇ سۈرە (نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، ماڭا بېرىلگەن كاتتا قۇرئاندۇر»[1] دېدى.

3 ـ ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توساتتىن يۇقىرى تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ: بۇ، ئاسماننىڭ ئىلگىرى پەقەت ئېچىلىپ باقمىغان بىر دەرۋازىسىدۇر، بۈگۈن ئېچىلدى، دېدى. دەرۋازىدىن بىر پەرىشتە چۈشتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: بۇ، زېمىنغا ئىلگىرى پەقەت چۈشۈپ باقمىغان پەرىشتىدۇر، بۈگۈن چۈشتى، دېدى. ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە سالام قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ھېچ بىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن، ساڭىلا بېرىلگەن ئىككى نۇر بىلەن خۇش خەۋەر ئالغىن، ئۇ ئىككى نۇر سۈرە فاتىھە ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەردىن ئىبارەتتۇر... سەن ئۇ ئىككى نۇردىن بىر ھەرپ ئوقۇساڭمۇ ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىسەن.»[2]

يۇقىرىدىكىلەر سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ئەڭ توغرا ھەدىسلەردۇر. بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەھىھ، بەزىلىرى زەئىپ ھەدىسلەردۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىسلەر يېتەرلىكتۇر[3].

## بەزى سۈرىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

ئىمام قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە توقۇلغان يالغان ھەدىسلەرگە دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىپ مەخسۇس بىر بابتا توختالغان. بىز ئۇنىڭدىن بىر قانچە ئابزاسنى تاللاپ بايان قىلىمىز:

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 116 ـ بەت.
[3] باشقا ھەدىسلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ: ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 10 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 40 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 137 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 108 ـ بەت.

ئۇ (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان سۈرىلىرى ۋە باشقا ياخشى ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەدىس توقۇغۇچىلار نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. بۇ ھەدىسلەرنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ. نۇرغۇن يالغان ھەدىس توقۇغانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل غەرەزلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققان.

يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى زىندىقلاردۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى دىندىن شەكلەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققان.

يەنە بىر قىسمى كىشىلەرنى ئۆز خاھىشىغا چاقىرغۇچىلاردۇر. ئۇلارمۇ نۇرغۇن يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان. ھەتتا، خاۋارىجلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى تەۋبە قىلغاندىن كېيىن: بىز ئۆز خاھىشىمىز بويىچە بىر ئىش قىلماقچى بولساق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقاتتۇق، دېگەن.

يەنە بىر قىسمى ئۆز گۇمانىچە اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان. مەسىلەن: نۇھ مەرۋەزىي دېگەن كىشى قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سۈرىمۇسۈرە يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان. ئۇ بۇ ھەقتە سورالغاندا، مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى تاشلاپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھى كىتابىنى ۋە ئىبنى ئىسھاقنىڭ «مەغازى»[①] ناملىق كىتابىنى ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇ ھەدىسنى اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ توقۇپ چىقتىم، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

ئىمام قۇرتۇبى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دىن دۈشمەنلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ زىندىقلىرى توقۇپ چىققان ھەدىسلەردىن، خۇسۇسەن ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋە باشقا ئەمەللەر ھەققىدە توقۇلغان يالغان ھەدىسلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بولاردىن ئەڭ چوڭ زىيانلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنى تەركىدۇنيالىققا نىسبەت بەرگەن، ئۆز گۇمانىچە اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان كىشىلەردۇر. ئادەملەر ئۇلارغا ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ يالغان ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرى ئېزىپ كەتكەن ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇۋەتكەن.»[②]

www.munber.org

[①] بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بارغان غازاتلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابتۇر.
[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 78 ـ بەت.

## الاستعاذة: (ئەلئىستىئازە ــ يەنى پاناھ تىلىمەك) ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾[1].

أعوذ: (پاناھ تىلەش)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى العوذ (ئەلئەۋز) بولۇپ، سىغىنىپ پاناھ تىلىمەك، يېلىنماق، ئىلتىجا قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿مەن ھەققەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا سىغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن﴾[2] دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنى الله قا سىغىنىپ ئىلتىجا قىلىمەن، يالۋۇرىمەن.

الشيطان: (شەيتان)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى شطن (شەتەنە) بولۇپ يىراق بولماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الشيطان ھەددىدىن ئاشقۇچى، بوينتاۋلىق قىلغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الشيطان ھەقتىن يىراقلاشقانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. جىنلار، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلاردىن ھەددىدىن ئاشقان ۋە بويۇنتاۋلىق قىلغان ھەر بىر جان ئىگىسى شەيتان دەپ ئاتىلىدۇ.»

شەيتان جىنغىلا خاس ئىسىم ئەمەس، ئۇ ئىنسانغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق﴾[3].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئۇلاغقا مىنگەنلىكى، ئۇلاغنىڭ ئۇنى ئۇستىدە ئولتۇرغىلى قويماي قېيغاتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: مېنى ئۇلاغدىن چۈشۈرۈڭلار! مېنى شەيتانغا مىندۈرۈپ قويۇپسىلەر دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[4].

الرجيم: (لەنەت قىلىنغان). ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الرجيم نىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى الرجم (ئەررەجم) بولۇپ تاش ـ كېسەك قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆلتۈرمەك، لەنەت قىلماق، قوغلىماق ۋە تىللىماق دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ﴿ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن)

---

[1] سۈرە نەھل 98 ـ ئايەت.
[2] سۈرە دۇخان 20 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 50 ـ بەت.

يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن﴾[1] دېگەن ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.»[2]

شەيتان چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇ لەنەتكە ئۇچرىغۇچىدۇر، الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغۇچىدۇر.

شەيتاندىن پاناھ تىلەشنىڭ مەنىسى: الله قا سېغىنىپ ھەددىدىن ئاشقۇچى، بۇيۇنتاۋلۇق قىلغۇچى، مېنى ئازدۇرماقچى، گۇمراھ قىلماقچى بولغان شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن! ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى ياراتقۇچى الله نىڭ ياردىمى بىلەن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى، ئەخمەق قىلىشى ۋە ۋەسۋەسىسىدىن قوغدىنىمەن. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن باشقا ھېچنەرسە مېنى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

## "بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ" ھەققىدە

الاسم: (ئىسىم)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى السمو (ئەسسۇمۇۋ) بولۇپ يۇكسەك، ئالىي دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بسم دىكى «ب» ھەرپى ياردەم مەنىسىدە كېلىپ، كۆڭۈلدىكى مۇناسىپ بىر ئىش ـ ئەمەلگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: قارى قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا بِسۡمِ ٱللَّهِ (بىسمىللاھ) دەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: الله نىڭ ئىسمى بىلەن ياردەم تىلىگەن ھالدا ئوقۇشنى باشلايمەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

كاتىپ قەلەمنى قولىغا ئالغاندا بِسۡمِ ٱللَّهِ دەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: الله نىڭ ئىسمى بىلەن ياردەم تىلىگەن ھالدا يېزىشنى باشلايمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. تاماق يېگۈچى يېمەكچى بولغاندا بِسۡمِ ٱللَّهِ دەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: الله نىڭ ئىسمى بىلەن ياردەم تىلىگەن ھالدا يېيىشنى باشلايمەن دېگەنلىك بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتتە «ب» ھەرپى مۇناسىپ بىر پېئىلغا باغلىنىدۇ. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «بِسۡمِ ٱللَّهِ بىلەن باشلانمىغان ھەر قانداق ئىش چالىدۇر.»

"الله" دېگەن سۆز ئىبارىسى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان، غالىب، بۈيۈك ۋە پاك زات الله نىڭ ئىسمىدۇر.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «الله، بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگارنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ كاتتا ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، الله نىڭ "الله" دېگەن ئىسمى ئۇنىڭ باشقا ئىسىم ـ

---

[1] سۈرە شۇئەرا 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 90 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 50 ـ بەت.

www.munber.org

سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىپ كېلەلەيدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر...﴾[1] دېگەن ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. الله تائالا بۇ ئايەتتە باشقا ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى سۈپىتىنىڭ ئورنىدا بايان قىلدى. الله تائالادىن باشقا ھېچ نەرسە الله دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ.»[2]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الله دېگەن بۇ ئىسىم الله نىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمىدۇر. بۇ ئىسمىغا ئىلاھلىقنىڭ ۋە پەرۋەردىگارلىقنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن. الله مەۋجۇتتۇر، يېگانىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، الله پاكتۇر.»[3]

كۆپىنچە ئۇلىمالارنىڭ قارىشىدا الله دېگەن ئىسىم پەقەت مەبۇدلۇققا ھەقىقىي رەۋىشتە لايىق زاتنىڭ ئىسمىدۇر. "الله" دېگەن ئىسىم، ئۇلۇغ، پاك ۋە يۈكسەك زات الله نىڭ خاس ئىسمى بولۇپ، الله دىن باشقا ھېچ نەرسە بۇ ئىسمىغا شېرىك بولالمايدۇ. شۇنداقلا الله دىن باشقا ھېچ نەرسە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىسىم ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلمەيدۇ.[4]

ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ: (ئەررەھمان ئەررەھىم)، ئۇ، الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ئىككى ئىسمىدۇر. بۇ ئىسىملارنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى الرَّحْمة (ئەررەھمە) دۇر. بۇ ئىسىملارنىڭ تەپسىلى مەنىسى سۈرە فاتىھەدە بايان قىلىنىدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ (بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم) نىڭ مەنىسى: ھەر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاش ۋە الله نى ياد ئېتىش بىلەن، پۈتۈن ئىشلىرىمنى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله تائالادىن ياردەم سوراش بىلەن باشلايمەن، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ئىسىملىرى پاك ۋە يۈكسەكتۇر. الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ئىشلىرىنى الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلاشنى، بۇنى پۈتۈن ئىنسانلارغا چىڭ يېپىشىدىغان سۈننەت، ئەگىشىدىغان يول قىلىپ بەلگىلىشىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارىدا ئۆگەتكەن. ئۇلار سۆزلىرىنىڭ، خەتلىرىنىڭ، كىتابلىرىنىڭ ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىنى الله

[1] سۈرە ھەشر 23 ئايەت
[2] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد،.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 102 ـ بەت.
[4] ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 14 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 102 ـ بەت.

نىڭ گۈزەل ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلايدۇ. ھەتتا بىرسى باشلىماقچى بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنى تىلغا ئالمىسىمۇ ئۇنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېيىشى بىلەنلا كۆڭلىدىكى شۇ ئىشنىڭ قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بوپقالىدى.

مەسىلەن بىرسى بىرەر سۈرىنى تىلاۋەت قىلماقچى بولۇپ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېسە، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قۇرئان ئوقۇشنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا ئولتۇرغاندا، قوپقاندا ۋە باشقا ئىشلارنى باشلىغاندا ئۇنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېيىشى ئولتۇرۇشنى، قوپۇشنى ۋە باشقا شۇ ئىشلارنى قىلىشنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.»[1]

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ۝٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧ ﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)!

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ : (جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر)، ٱلۡحَمۡدُ نىڭ مەنىسى ھەمدۇسانا ئېيتىش بولۇپ، الله نى ئۇلۇغلاش ۋە كاتتا بىلىش يۈزىسىدىن بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدىكى ٱلۡحَمۡدُ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كامىل مەدھىيىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بارلىق گۈزەل مەدھىيىگە لايىقتۇر.»[2]

رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ: (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى)، الرب (ئەررەب) نىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى التربية (ئەتتەربىيە) بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەش، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ھىمايە قىلىش مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا ئىنسانلارنى ئىدارە قىلغۇچى ۋە پەرۋىش

[1] ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 133 ـ بەت.

www.munber.org

قىلغۇچىدۇر. الرب نىڭ ئىگە بولغۇچى، تۈزىگۈچى، ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە ئىتائەت قىلىنغۇچى قاتارلىق مەنىلىرى بار.

ٱلْعَٰلَمِينَ: (ئەلئالەمىن)، الْعَالَم (ئەلئالەم) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشىدۇر.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «الْعَالَم ئەسلىدە ئۇزۇك ۋە مۆھۈرگە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ بەلگىسىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان ئىسىم بولۇپ، كېيىنچە ياراتقۇچى الله تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان، بارلىق مەۋجۇداتلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمغا ئايلىنىپ قالغان.»[1]

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلى ئالىملىرى الْعَالَم نى يارىتىلىشتىن تاكى تۈگىگىچە بولغان پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم دەپ قارايدۇ. پەلسەپە ئالىملىرى الْعَالَم نى ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم دەپ قارايدۇ. الْعَالَم نىڭ تۈرلىنىپ چىققان ئەسلى سۆز تومۇرى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار:

بىرى، ئۇ العلم (ئەلئىلم) دىن تۈرلىنىپ چىققان. بۇ قاراش ئەرەب تىلى ئالىملىرىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

يەنە بىرى، ئۇ العلامة (ئەلئەللامە) دىن تۈرلىنىپ چىققان. بۇ قاراش پەلسەپە ئالىملىرىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.»[2]

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، الْعَالَم كائىناتتىكى ھەممىنى ياراتقۇچى، ئىدارە قىلغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بىر زاتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەنلىك ئىنسانلار، جىنلار ۋە پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەنلىك بولىدۇ[3].

ئىمام فەررا ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «الْعَالَم ئىنسانلار، جىنلار، پەرىشتىلەر ۋە شەيتانلاردىن ئىبارەت ئەقىل ئىگىلىرى بولغان مۇشۇ تۆت تۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ھايۋانلار الْعَالَم دېيىلمەيدۇ.»

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىدىن ھەربىر تۈر عالم (ئالەم) دېيىلىدۇ. مەسىلەن ئىنسانلار بىر ئالەمدۇر. جىنلار بىر ئالەمدۇر. پەرىشتىلەر بىر

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 117 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 12 ـ بەت.
[3] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 18 ـ بەت.

ئالەمدۇر. قۇشلار بىر ئالەمدۇر. ئۆسۈملۈكلەر بىر ئالەمدۇر. قاتتىق جىسىملار بىر ئالەمدۇر... ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەنلىك پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەنلىكتۇر.»

ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ: (شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان) اللہ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ئىككى ئىسىم بولۇپ، ئەسلى سۆز تومۇرى الرحمة دىن تۈرلىنىپ چىققان. ٱلرَّحۡمَـٰنِ (ناھايىتى شەپقەتلىك) يەنى كاتتا نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى، ٱلرَّحِيمِ (ناھايىتى مېھرىبان) يەنى كىچىك ئەمما نەپىس ۋە نازۇك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ[1].

ئىمام خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ نىڭ ٱلرَّحۡمَـٰنِ دېگەن ئىسمى بەندىلەرنىڭ رىزىقلىرى ۋە پايدا مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھمەت ئىگىسى دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. اللہ نىڭ بۇ رەھمىتى مۆمىن ۋە كاپىرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ٱلرَّحِيمِ دېگەن ئىسمىدىكى رەھمىتى بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].»

اللہ تائالادىن باشقا نەرسىنى ٱلرَّحۡمَـٰنِ دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ اللہ تائالاغىلا خاس ئىسىمدۇر. ئەكسىچە ٱلرَّحِيمِ دېگەن ئىسىم بىلەن مەخلۇقاتلارنى ئاتاشقا بولىدۇ. اللہ تائالانىڭ بۇ ئايىتى بۇنىڭغا مىسالدۇر: ﴿ئۇ، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[3].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپىنچە ئۆلىمالار ٱلرَّحۡمَـٰنِ دېگەن ئىسىم اللہ تائالاغىلا خاس ئىسىم، ئۇنىڭدىن باشقىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. اللہ تائالانىڭ: ﴿اللہ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ﴾[4] دېگەنلىكىگە قارىمامسەن. اللہ بۇ ئايەتتە اللہ ۋە رەھماندىن ئىبارەت ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم شېرىك بولالمايدىغان ئىككى ئىسمنى بايان قىلدى. ﴿مېھرىبان اللہ دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟﴾[5] دېگەن ئايەتتە بولسا ٱلرَّحۡمَـٰنِ سۈپەتلىك اللہ تائالانىڭلا ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.

لەنىتى مۇسەيلەمە كەززاب ئۆزىنى يەمامە[6] نىڭ رەھمانى دەپ ئاتاشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتا ـ ئاتىمايلا قۇلۇقىنىڭ تۈۋىدە كەززاب (يەنى يالغانچى)

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فى ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 9 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 59 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 105 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئىسرا 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە زۇخرۇف 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] يەمامە جاي ئىسمى بولۇپ،

www.munber.org

دىگەن سۈپەت جارالغان. الله ئۇنىڭغا بۇ سۈپەتنى چاپلىغان، ھەتتا بۇ سۈپەت مۇسەيلىمنى ئىنىق كۆرسىتىدىغان سۈپەتكە ئايلىنىپ قالغان.»[1]

يَوْمِ ٱلدِّينِ: (قىيامەت كۈنى)، ئۇ، جازا ـ مۇكاپات ۋە ھېساب كۈنى دىگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى الله تائالا قىيامەت كۈنى مال ئىگىسى مىلىدىن ھېساب ئالغاندەك بەندىلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ. ٱلدِّينِ (ئەددىن) لۇغەتتە جازا ـ مۇكاپات دىگەن مەنىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىمۇ بۇ مەنە ئىپادىلەنگەن: «خالىغىنىڭنى قىلغىن، نىمە قىلساڭ شۇنىڭغا ئېرىشىسەن» يەنى نىمە ئىش قىلساڭ شۇنىڭغا قارىتا جازا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن.

إِيَّاكَ نَعۡبُدُ (ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز)، نَعۡبُد (نەئبۇدۇ) نىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى العبادة (ئەلئىبادە) بولۇپ، ئۆزنى تۆۋەن تۇتماق، قورقماق ۋە ياردەم تىلىمەك دىگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت قىلىش، باش ئېگىش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ سۆز پەقەت الله تائالاغا باش ئېگىشنى ئىپادىلەيدىغان ئورۇندا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، الله كاتتا نىمەتلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئۇ ئەڭ يۇقىرى پەللىدە باش ئېگىشكە ھەقلىق.»[2]

بۇ ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ئى الله! سېنىڭ ئالدىڭدىلا ئۆزىمىزنى تۆۋەن تۇتىمىز، ساڭىلا باش ئېگىمىز، ئىبادەتنى ساڭىلا ئاتاپ قىلىمىز. چۈنكى، سەن ھەرقانداق كاتتىلىققا ۋە ئۇلۇغلۇققا لايىقسەن. سەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايمىز.

وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ: (سەندىنلام ياردەم تىلەيمىز)، الاستعانة (ئەلئىستىئانە) نىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى عون (ئەۋن) بولۇپ، ياردەم تەلەپ قىلماق، دىگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە: «نەرسە سورىساڭ الله دىن سورىغىن، ياردەم تەلەپ قىلساڭ الله دىن تەلەپ قىلغىن» دېيىلگەن.

بۇ ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ساڭا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ساڭا ئىبادەت قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلىشنى سەندىنلا تىلەيمىز. سەندىن باشقا ھېچكىم بىزگە ياردەم قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ساڭا كاپىر بولۇپ، سەندىن باشقىدىن ياردەم تىلەيدىغانلار بولغان تەقدىردىمۇ، بىز پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 106 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، بىرىنچى جىلد.

اَهْدِنَا : (بىزنى باشلىغىن)، بۇ دۇئا مەنىسىدىكى پېئىل بولۇپ: بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، ئۇنىڭغا يېتەكلىگىن، ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھىدايەت يولۇڭنى بىزگە كۆرسەتكىن، دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ[1].

بۇ پېئىلنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى الهداية (ئەلھىدايە) بولۇپ، لۇغەتتە توغرا يول كۆرسەتمەك دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى﴾[2].

ئۇ يەنە توغرا يولغا يېتەكلىمەك، دىلغا ئىماننى ئورناتماق دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەندىلەرنى الله تەرەپكە يېتەكلىگۈچىدۇر. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يېتەكلىگۈچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[4]. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەندىلەرنىڭ دىلىغا ئىمان كىرگۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

اَلصِّرَاطَ : (توغرا يول)، اَلصِّرَاط (ئەسسىرات) يول دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدا اَلصِّرَاط نىڭ ئەسلى مەنىسى يول دېمەكتۇر.»[5]

ئەرەبلەر اَلصِّرَاط دېگەن سۆزنى تۈزلۈكنى ياكى ئەگرىلىكنى سۈپەتلەيدىغان ھەر قانداق سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ئۈچۈن كۆچمە مەنىدە قوللىنىدۇ. بۇ ئورۇندىكى مەنىسى ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ.

اَلْمُسْتَقِيمَ : (تۈز)، ئۇ، ئەگرى ـ بۈگرىسى يوق، تۈز ۋە توغرا دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىمۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇ: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار﴾[6].

سۈرە فاتىھەدىكى بۇ ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ئى الله! بىزنى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزنى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە يەتكۈزىدىغان ئىسلام يولىغا ماڭغۇچىلاردىن قىلغىن.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئۇ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 146 ـ بەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەسەس 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە شۇرا 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئۇ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 146 ـ بەت.
[6] سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ : (سەن ئىنئام قىلغانلار)، أنعَم (ئەنئەمە) نىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى النعمة (ئەنئىئمە) بولۇپ، خۇشال خۇرام ۋە پاراۋان تۇرمۇشتا ياشىماق، مەرھەمەت قىلىنماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىبنى ئابباس: «بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنى، راستچىللارنى، شېھىتلەرنى ۋە سالىھ (يەنى ياخشى) لارنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار مۇشۇ قاراشتىدۇر. ئۇلار بۇ قاراشنى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدىن ئالغان: ﴿كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار﴾①.

ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ : (غەزىپىڭگە يولۇققانلار)، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار الله نىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى﴾② ﴿الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، الله ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى﴾③.

ٱلضَّآلِّينَ : (ئازغانلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى الضلال (ئەززەلال) بولۇپ ئەرەب تىلىدا نىشانىدىن ئاداشماق، ھەق يولدىن ئېزىپ كەتمەك، تۈز يولدىن قېيىپ كەتمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ ئايەت خرىستىئانلارنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار﴾④.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: «ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ زاھىرى ئەمەللەردە خاتالاشقان ھەممە كىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار گۇناھكارلاردۇر، ٱلضَّآلِّينَ ئېتىقادى جەھەتتە خاتالاشقان ھەممە كىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراش ياخشى. چۈنكى، بۇ لەۋزىلەر ئامىباب مەنە بېرىدۇ. ئۇنى خاسلاشتۇرۇش ئەسلى مەنىگە خىلاپ، الله نى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە مۇشرىكلار دىن جەھەتتە يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن پەسكەش، بۇ لەۋزىلەرنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ دىنىغا خاسلاشتۇرۇشتىن ياخشى» دەپ قارايدۇ. ئىمام فەخرۇددىن رازىمۇ مۇشۇ قاراشتا.

① سۈرە نىسا 69 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە مائىدە 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە مائىدە 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ قاراشقا ئىمام ئەلۇسى مۇنداق رەددىيە بېرىدۇ: «ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ ۋە ٱلضَّآلِّينَ دېگەن لەۋزىلەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار دەپ تەپسىر قىلىنغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا مەنىدە دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.»[1]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ نى يەھۇدىيلار، ٱلضَّآلِّينَ نى خرىستىئانلار دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلغانلىقى ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ھەدىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىش قىسسىسىدە رىۋايەت قىلىنغان.»[2]

ئىمام ئەبۇ ھەييان: «بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان ئىكەن، شۇنى تۇتقا قىلىش كېرەك» دەيدۇ.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: فەخرۇددىن رازىنىڭ سۆزى سەھىھ رىۋايەتكە قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە الله نىڭ دىنىدىن ئاداشقان، الله نىڭ توغرا شەرىئىتىدىن ئازغان پۈتۈن كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ، ئايەتنىڭ ھۆكمىگە پۈتۈن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار كىرىدۇ، دەپ قارىغان.

ئىمام فەخرۇددىن رازى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىنىڭ تولۇق تېكستى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ. ٱلضَّآلِّينَ مۇناپىقلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتە مۆمىنلەرنى تىلغا ئېلىش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش بىلەن باشلىغان، ئاندىن كېيىن كاپىرلارنى تىلغا ئالغان، ئاندىن كېيىن مۇناپىقلارنى تىلغا ئالغان. سۈرە فاتىھەدىمۇ مۆمىنلەرنى تىلغا ئېلىشقا باشلاپ: أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ دەپ باشلىغان ئاندىن كېيىن غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ دەپ كاپىرلارنى تىلغا ئالغان، ئاندىن كېيىن وَلَا ٱلضَّآلِّينَ دەپ مۇناپىقلارنى تىلغا ئالغان.»[3]

آمِين: (ئامىن)، بۇ سۆز دۇئا بولۇپ ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى ئەمەسلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىڭ قۇرئاندا يېزىلمىغانلىقىنى دەلىل قىلغان. بۇ سۆز: ئى پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئوقۇپ بولغاندا ئامىين دېيىشى سۈننەت. بۇنىڭ دەلىلى ئەبۇ مەيسەرە رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 204 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانىي» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 96 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 16 ـ بەت. ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 30 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 149 ـ بەت. ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 30 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 161 ـ بەت.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 204 ـ بەت.

www.munber.org

ئوقۇتقان. ئۇ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ دېگەندە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئامىين دېگىن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامىين دېگەن.»①

ئىمام ئىبنى ئەنبارى مۇنداق دەيدۇ: «ئامىين دېگەن بۇ سۆز دۇئادۇر، قۇرئاننىڭ ئايىتى ئەمەس، ئۇ: ئى الله! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.»②

## سۈرە فاتىھەنىڭ ئومۇمي مەنىلىرى

ئۇلۇغ الله بۇ سۈرىدە بىزگە ئۆزىنى قانداق ماختاش ۋە ئۇلۇغلىشىمىزنى، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سانا ئېيتىشىمىزنى ئۆگىتىدۇ. الله نىڭ بۇ سۈرىدىكى سۆزىنىڭ يىغىنچاق مەنىسى مۇنداق: ئى بەندىلىرىم! ماڭا شۈكۈر قىلماقچى، مېنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر دەڭلار. سىلەرنى گۈزەل رەۋىشتە ياراتقانلىقىم ۋە سىلەرگە مەرھەمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار. مەن ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق ۋە شەرەپ ئىگىسى بولغان الله دۇرمەن. مەن پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يالغۇز ياراتتىم، يوقتىن بار قىلدىم. مەن ئىنسانلار، جىنلار ۋە پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىمەن.

مەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانمەن. مېنىڭ رەھمىتىم ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا مەرھەمەت قىلىمەن. جىمى مەدھىيە ۋە شۈكۈر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. الله بەندىلەرنى يارىتىش، رىزىق بېرىش، ھادىسىلەردىن سالامەت قىلىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ھىدايەت قىلىش قاتارلىق نېمەتلەرنى ئىنئام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئىبادەتكە لايىق ئەمەس.

الله ھەممە نەرسىدىن شەرەپلىكتۇركى، ئۇنىڭ شەرىپىگە ھېچ نەرسە يېتەلمەيدۇ. ئۇ بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى مۇشۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىنتىزام بويىچە ئىسلاھ قىلىدۇ. قۇياش بولمىسا ئىدى، ھايات ماماتلىق بولمايتتى. ئوزۇقلۇق بولمىسا ئىدى ئىنسانلار ئۆرە تۇرمايتتى. سۇ بولمىسا ئىدى ئۆسۈملۈكلەر ئۈنمەيتتى، جانلىقلار ياشىمايتتى.

مەن ھېساب ئالىدىغان كۈننىڭ، جازا ۋە مۇكاپات كۈنىنىڭ ئىگىسىمەن. قىيامەت كۈنىدە پادىشاھ ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغىنىدەك خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىمەن. ئىبادەتنى ماڭىلا قىلىش بىلەن ماڭا باش ئېگىڭلار. ئى الله! ئۆزىمىزنى سېنىڭ ئالدىڭدىلا خار تۇتىمىز، ساڭىلا بويسۇنىمىز، سەندىنلا خاتىرجەملىك تىلەيمىز، سەندىنلا قورقىمىز، ئىبادەتنى ساڭىلا خاس قىلىمىز، سەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايمىز.

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانىي» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 97 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنى ئەنبارىنىڭ «ئەلبەيان فى غەرىيبى ئىئرابىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 41 ـ بەت.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئىتائەت قىلىشتا ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەشتە پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. سەن ھەقىقەتەن بارلىق ئۇلۇغلاشقا ۋە كاتتىلىققا لايىقسەن. سەندىن باشقا ھېچكىم بىزگە ياردەم بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ، دەڭلار.

ئى الله! بىزنى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، پەيغەمبەرلىرىڭنى، ئەلچىلىرىڭنى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرىڭنى ئەۋەتكەن ھەق دىنىڭ ئىسلام ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن. بىزنى ساڭا يېقىن بەندىلىرىڭنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ يولىغا ماڭغان كىشىلەردىن قىلغىن. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار ھە! ئى الله! بىزنى توغرا يولدىن ئاداشقان، تۈز يولغا ماڭالمىغان، پاك دىنىڭدىن ئېزىپ كەتكەن، ئايەتلىرىڭنى، ئەلچىلىرىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنى ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە لەنىتىڭگە ۋە غەزىپىڭگە تېگىشلىك بولغانلاردىن قىلمىغىن. ئى الله! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، ئامىين!

## سۈرە فاتىھەنىڭ في ظلال القرآن (فى زىلالىل قۇرئان) دىكى مەنىلىرى

سەييىد قۇتۇب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) في ظلال القرآن ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ھەر بىر مۇسۇلمان يەتتە ئايەتلىك بۇ قىسقا سۈرىنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئەڭ ئاز دېگەندە 17 قېتىم، ئەگەر ئۇ سۈننەت نامازلارنى ئوقۇسا بۇنىڭدىن بىر ھەسسە كۆپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پەرز ۋە سۈننەت نامازلاردىن باشقا يەنە نەفلە ناماز ئوقۇش بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا رىغبىتى بولسا، بۇ سۈرىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۈرە فاتىھەسىز ئوقۇلغان ناماز توغرا ناماز بولمايدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ سۈرىدىكى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۇبرازلىرى، ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئوبرازلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە كۆرسەتمىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئۇنى نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە ئوقۇشقا تاللاشتىكى ھېكمەتنىڭ مەلۇم تەرىپىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ سۈرە بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ بىلەن باشلىنىدۇ. ئوقۇشنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاشنىڭ الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن ئەڭ دەسلەپ نازىل قىلغان ئايەتتە ۋەھيى قىلىپ ئۆگەتكەن ئەدەپ ئىكەنلىكىگە ئۇلىمالار ئىتتىپاقا كەلگەن. بۇ ئەدەپ الله تائالانىڭ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾[1] دېگەن

[1] سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەت.

ئايىتىدىن ئىبارەت. بۇ، ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ: ﴿الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)﴾[1] دېگەن چوڭ ئاساسىي بىلەن بىرلىشىدۇ. بارلىق نۇقسانلاردىن پاك بولغان الله مەۋجۇتتۇر. بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋۇجۇتقا كەلگەن. بارلىقتا كەلگەن پۈتۈن نەرسىلەر ئۇنىڭ بارلىقىدىن باشلانغان. شۇنداق ئىكەن، ھەر نەرسىنى باشلاش ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە يۈزلىنىش ئۇنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىش بىلەن بولىدۇ.

بۇ سۈرىنى الله نىڭ تەۋھىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق مۇجەسسەملەشكەن ئىسىم الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاش ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ بىرىنچى ئۇبرازىنى نامايان قىلىدۇ. الله نىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دىن ئىبارەت ئىككى سۈپىتىگە مۇجەسسەملەشكەن رەھمەت مەنىلىرى بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئىككىنچى ئۇبرازىنى نامايان قىلىدۇ ۋە الله بىلەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ھەقىقىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

بۇ سۈرىنى بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ بىلەن باشلاشقا ئەگىشىپلا الله قا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا يۈزلىنىش ۋە ئۇنى شەرتسىز ھالدا پەرۋەردىگارلىق (پەرۋىش قىلىش) بىلەن سۈپەتلەش كېلىدۇ. بۇ، مۆمىنىنىڭ الله نى ياد ئېتىش بىلەن تەڭ ئۇرغۇپ چىققان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى نامايان قىلىدۇ. الله قا ھەمدى ئېيتىش مۆمىنىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلاردىن ئىبارەت. الله نىڭ ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇشى ھەقىقەتەن ئىلاھىي نېمەتلەرنىڭ مولىقىدىن دېرەك بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. الله نىڭ نېمەتلىرى ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ۋە ھەر ماكاندا توختىماي تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. پۈتۈن مەخلۇقاتلار، خۇسۇسەن ئىنسانلار بۇ نېمەتلەر ئىچىگە چۆكۈپ ياشايدۇ.

الله نى شەرتسىز ھالدا پەرۋەردىگارلىق بىلەن سۈپەتلەش بولسا، ھەممىگە كامىل ۋە شامىل تەۋھىدنىڭ رۇشەنلىكى بىلەن بۇ ھەقىقەتنىڭ رۇشەنلەشمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارىسىدىكى يولنى ئايرىپ بېرىدۇ. بۇ پەرۋەردىگارلىقنىڭ پۈتۈن ئالەملەرگە شامىل بولۇشى بولسا، ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ بىر پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىشى، خوجايىنلىقنىڭ شەرتسىز ھالدا ئۇنىڭغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە بۇ پەرۋەردىگارلىقتا ھە دېسىلا يامىشىۋالغان رەببانىيلارنى سىرىپ تازىلىشى ئۈچۈن ئەقىدىدىكى توغرا ۋە خاتالىقنىڭ ئارىسىدىكى يولنى ئايرىپ بېرىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى ئۆزىنىڭ كامىللىقى ۋە ئۆزگىچە تەرتىپلىكى بىلەن رەھمەت بېغىشلاپ مەيدانغا چىقىدۇ... ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىگە ۋە ئەقلىگە گۈزەللىك بىلەن كەڭچىلىك،

---

[1] سۈرە ھەدىد 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تەرتىپلىك، يىقىنچىلىق بىلەن سىرداشلىق، تېز ۋە ئۆتكۈر ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ھەقىقىي رەھمەت بېغىشلايدۇ.

ئارقىدىن رەھمەتنىڭ پۈتۈن مەنىلىرىنى، ھالەتلىرىنى ۋە دائىرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت كېلىدۇ. ئەنە شۇ پەرۋەردىگارلىقنىڭ ھەممىگە شامىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش، پەرۋەردىگار بىلەن پەرۋىشلەنگۈچىلەرنىڭ، ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ سۈپەت سۈرىنىڭ مەركىزىدە، مۇستەقىل بىر ئايەتتە تەكرارلىنىدۇ... بۇ ئالاقە خاتىرجەملىك ئۈستىگە قۇرۇلغان، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سوقىدىغان رەھمەت ۋە ھىمايە قىلىش ئالاقىسىدۇر. ھەمدۇسانا بولسا، مەردلەرچە قىلىنغان رەھمەتكە قارىتا مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەبىئىي قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر.

الله نىڭ: ﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەن سۆزى، تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بۈيۈك ئۇبرازغا، يەنى ئاخىرەتكە بولغان ئېتىقاد ئۇبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىش ئۇبرازى، ئىنسانلارنىڭ قارىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يەنە بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا باغلاشتا ئىسلام ئۇبرازلىرىدىن ئەڭ چوڭ قىممەتكە ئىگە بىر ئۇبرازدۇر. بۇ ئۇبراز ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي يۈكسەكلىكى بىلەن كامىللىقتىن ھېچ نېسىۋىسى يوق، ئەگرى ـ توقايلىققا تولغان بۇزۇق تەسەۋۋۇرنىڭ ئارىسىدىكى يولنى ئايرىپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئۇبراز ئەمەللەشمەيدىغان، چەكلىك مۇھەتتا ياشاۋاتقان شەخس ئۆزى ئۈچۈن يەنە بىر ھاياتنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بېرىشنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنمەيدىغان بولسا، ئىنسانىيەت ھاياتى الله نىڭ يۈكسەك يولى ئۈستىدە تۈز ماڭالمايدۇ. ئاخىرەتكە ئىشەنگۈچى مۆمىنلەر بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار نە ھېس تۇيغۇلاردا، نە ئەدەپ ـ ئەخلاقتا، نە پرىنسىپتا، نە ئەمەلدە ئوخشاش ئەمەس. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئايرىم خاراكتېرگە ئىگە ئىككى خىل تىپتىكى ئىنسانلاردۇر. ئۇلار زېمىندا بىر ـ بىرى بىلەن ئەمەلدە ئۇچرىشىپ قالمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ جازا ۋە مۇكاپاتتا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمايدۇ... مانا بۇ يولنىڭ ھەقىقىي ئايرىلىشىدۇر.

الله نىڭ: ﴿(رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن سۆزى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئىلگىرىكى ئۇبرازلاردىن كېلىپ چىققان، ئىبادەت پەقەت الله غىلا قىلىنىدۇ، ياردەم پەقەت الله دىنلا تىلىنىدۇ، دېگەن ئېتىقادىي ئۇبرازنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ يەردىمۇ يول ئايرىلىدۇ... ھەرقانداق نەرسىگە ئىبادەت قىلىشتىن شەرتسىز ھالدا ئازاد بولۇش بىلەن شەرتسىز ھالدا قۇلغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى يول ئايرىلىدۇ.

www.munber.org

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىگە كامىل ۋە شامىل ئەركىنلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى جاكارلايدۇ.

غەربلىكلەر ”تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش“ دېگەن سەپسەتىسى بىلەن تەبىئەت كۈچىدىن پايدىلىنىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە الله ۋە الله نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغان جانلىقلارنىڭ بارلىقى بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسىتىدۇ. ئەمما قەلبى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان پەرۋەردىگارى بىلەن باغلانغان، روھى ئەزەلدىن مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەسبىھ ئېيتىلىپ تۇرىدىغان، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله قا باغلانغان مۇسۇلمان بۇ يەردە تەبىئەت كۈچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىسمىنىڭ ئالاقىسىدىن باشقا يەنە بىر ئالاقىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ بۇ كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى الله نىڭ پەيدا قىلغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىر قانۇنىيەتكە بويسۇندىغان قىلىپ ياراتقانلىقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

الله تەبىئەتنى ياراتقاندىن تارتىپلا ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرغان ۋە ئۇلارغا ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشنى، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشنى ئاسانلاشتۇرغان. ئىنسان ھەر ۋاقىت تەبىئەت سىرلىرىدىن بىرەر سىرنى كەشىپ قىلغان ھامان الله نىڭ ھازىرلاپ بەرگەن ياردىمى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن الله قا شۈكۈر قىلىشى كېرەك. تەبىئەتنى پەقەت الله لا بويسۇندۇرىدۇ. ئۇنى بويسۇندۇرغان ئىنسان ئەمەس. ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[①].

ئىسلام تەسەۋۋۇرىدىكى ئەنە شۇ ئاساسىي ئوبرازلار مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغان ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشلىنىدۇ. توغرا يولنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىش الله نىڭ ھىدايەت قىلغانلىقى، ھىمايە قىلغانلىقى ۋە رەھمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ پەقەت الله نىڭ بىردىن بىر ياردەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشنىڭ مېۋىسىدۇر. مانا بۇ نەرسە مۆمىن ئۆز پەرۋەردىگارىدىن تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىشتۇر. توغرا يول تېپىش ئىنساننىڭ الله نىڭ قانۇنىغا بولغان تۇغما رىغبىتى بولۇپ، الله نىڭ بۇ قانۇنى ئىنساننىڭ ھەرىكىتى بىلەن پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تەرەپكە يۈزلىنىشكە رەتكە سالىدۇ ۋە بۇ توغرا يولنىڭ ماھىيىتىنى، الله ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىنىڭ ماھايىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ يول الله غەزەپ قىلغانلارنىڭ يولى ئەمەس، الله نېمىتىنى تەقسىم قىلغانلارنىڭ يولىدۇر... بۇ ھەقىقەتەن توغرا يول تاپقان، دىللىرى پەرۋەردىگارى بىلەن ئىزچىل باغلانغان بەختلىك كىشىلەرنىڭ يولىدۇر.

[①] سۈرە جاسىيە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ، بىزگە مۆمىننىڭ بىر كېچە - كۈندۈزدە بۇ سۈرىنى 17 قېتىم تەكرارلىشى، ياكى ﷲ خالىغان مىقداردا قانچە كۆپ ناماز ئوقۇسا شۇنچە كۆپ قېتىم تەكرارلىشى ئۈچۈن تاللاشتىكى سىرلاردىن بىر سىرنى ئېچىپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - ياراتقۇچى ﷲ تائالا بەندىنى قۇرئان ئوقۇغاندا شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ﷲ قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾[2].

جەئفەر سادىق مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى چوقۇم شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش كېرەك. باشقا ئىبادەتلەردە بولسا ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەنمەيدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، بەندىنىڭ تىلى يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش ۋە چېقىمچىلىق قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ناپاك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا ئۇنى، ئۇنىڭ تىلىنىڭ پاك بولۇشى ئاندىن پاك پەرۋەردىگار ﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننى پاك تىل بىلەن ئوقۇشى ئۈچۈن شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان[3].

2 - ئەرەب تىلشۇناسلىرى البسملة دېگەن سۆزنى، بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەنلىك دەپ قارايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىشى، بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنى ۋە سۆزلىرىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن باشلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىس شېرىپتىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش چالىدۇر»[4].

ئەگەر: نېمىشقا بـالله (يەنى ﷲ بىلەن باشلايمەن) دېمەي، بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ (يەنى ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەيمىز، دېيىلسە. بۇنىڭغا ئەللامە ئەبۇ سەئۇد ئېيتقاندەك مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ پەقەت قەسەم بىلەن بەرىكەت تىلەشنىڭ ئارىسىنى پەرىقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بـالله دېگەن سۆزنىڭ قەسەم مەنىسى ۋە بەرىكەت تىلەش مەنىسى بار. بِسۡمِ ٱللَّهِ دېيىش پەقەت بەرىكەت ۋە ﷲ نى ياد ئېتىش بىلەن ياردەم تىلەشنى كۆرسىتىدۇ، قەسەم مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ[5].

---

[1] سەييىد قۇتۇبنىڭ «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدىن قىسقارتىپ نەقىل قىلىندى.
[2] سۈرە نەھل 98 - ئايەت.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 75 - بەت.
[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 74 - بەت.

www.munber.org

3 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق قارايدۇ: ئىسىم ۋە ئاتالغۇچى ئىككىسى بىر شەيئىدۇر. بىرىنىڭ: بِسۡمِ ٱللَّهِ دېيىشى بـالله دېيىشىگە ئوخشايدۇ، چۈنكى، ئىسىم دېگەن لەۋزىلا ئارتۇق.

بۇ قاراشقا تەپسىرشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق رەددىيە بېرىدۇ: ئەگەر يۇقىرىقىلارنىڭ قارىشى دۇرۇس ۋە توغرا بولسا زەيدنىڭ ئىسمىنى كۆردۈم، تاماقنىڭ ئىسمىنى يېدىم، دۇرىنىڭ ئىسمىنى ئىچتىم دېگەن سۆزلەرمۇ ئەلۋەتتە توغرا بولغان بولاتتى. ئەرەب تىلشۇناسلىرى ئۇلارنىڭ مۇنداق قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە بىردەك قاراشقا ئىگە. ئۇلارغا: ئەرەب تىلىدا ھەسەل يېدىم، دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ھەسەلنىڭ ئىسمىنى يېدىم دېيىلىشكە يول قويامسىلەر؟ دېيىلىدۇ[1].

مەن تەھقىقلىغۇچى تەپسىرشۇناسلارنىڭ: بۇ پەقەت قەسەم بىلەن بەرىكەت تىلەشنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، دېگەن سۆزىنى توغرا دەپ قارايمەن.

ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە بـالله دېيىلمەي، بِسۡمِ ٱللَّهِ دېيىلدى. بۇ پەقەت قەسەم بىلەن بەرىكەت تىلەشنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ياكى ياردەم تەلەپ قىلغان نەرسىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بِسۡمِ ٱللَّهِ نى تىلغا ئېلىش شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىرادە قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ سۆزدىكى «ب» ھەرپى ياردەم ياكى بەرىكەت تىلەشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ[2].

4 ـ الله دېگەن لەۋزى بىلەن الإلـه دېگەن لەۋزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق مۇنداق بولىدۇ: ئالدىنقىسى ئۇلۇغ الله نىڭ زاتىنى ئېنىق بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر، ئۇنىڭغا الله دىن باشقا ھېچ نەرسە ئورتاقلىشالمايدۇ. ئۇ پەقەت ھەقلىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلىنغۇچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنكىسى الله تائالانى ئاتاشقىمۇ ھەم باشقا نەرسىلەرنى ئاتاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ مەيلى ھەقلىق رەۋىشتە بولسۇن، مەيلى ھەقسىز رەۋىشتە بولسۇن ئىبادەت قىلىنغۇچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەر ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلار آلِهة دەپ ئاتىلاتتى. ئەرەب تىلىدا ”إله“ بىرلىكنى، ”آلِهة“ كۆپلۈكنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبلەر الله نى قويۇپ، ھەقسىز رەۋىشتە بۇتلارغا چوقۇنغان. ھېچكىم بۇتنى الله دەپ ئاتىمايتتى. بەلكى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ بىرىدىن: سېنى كىم ياراتتى؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟ دەپ سورالسا، ئۇلار: الله ياراتتى، دەپ جاۋاب بېرەتتى. قۇرئان كەرىم ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾[3][4].

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى،1 ـ جىلد،.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئان ئەلكەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 74 ـ بەت.
[3] سۈرە لوقمان 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانىي» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 77 ـ بەت.

5 ـ بىزنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېيىشىمىزدە كۆرۈنەرلىك بىرقانچە پايدىلار بار.

بىرىنچى، الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بەرىكەت تىلەش. الله تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە شەيتاننى قوغلاش. چۈنكى، شەيتان الله نىڭ ئىسمى ياد ئېتىلگەندە قاچىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلىرىنى بۇتلارنى ياكى ئۆزلىرى چوقۇنىۋاتقان مەخلۇقلاردىن بىرەر نەرسىنى تىلغا ئېلىپ باشلايدىغان مۇشرىكلارغا زىت ئىش قىلغانلىقنى ئىزھار قىلىش.

ئۈچىنچى، قورقىتىدىغان نەرسىدىن خاتىرجەم بولۇش ۋە ئۆزىنى الله تائالاغا بېغىشلىغانلىقنى كۆرسىتىش.

تۆتىنچى، الله تائالانىڭ مەبۇد يەنى ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىش. ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش.

بەشىنچى، الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن الله تائالاغىلا خاس قىلىنغان الله ۋە رەھماندىن ئىبارەت ئىككى ئىسمىنىڭ بارلىقىنى بىلىش[①].

6 ـ الحمد دېگەن سۆزدىكى ئەلىف ۋە لام ھەرپلىرى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ سۆز: كامىل ھەمدۇساناغا ۋە تولۇق مەدھىيىگە تېگىشلىك زات پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇر، الله كامىللىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن، پۈتۈن ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق ۋە مۇقەددەسلىككە لايىق بولغان زاتتۇر، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ، جىمى ھەمدۇسانالارنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ھەمىشە الله تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن نازۇك ۋە ئىنچىكە نۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن.

7 ـ رَبِّ ٱلۡعَـٰلَمِينَ دېگەن لەۋزىنىڭ ئارقىدىنلا ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەن لەۋزىنى بايان قىلىشتا مۇنداق پايدا بار: الرب دېگەن سۆز ئۇلۇغلۇق، ھۆكۈمرانلىق ۋە غالىبلىق مەنىلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغۇچى بۇ پەرۋەردىگار قەھرى قىلغۇچى، غالىب، بەندىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان زات ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا غالىب ۋە بۈيۈك بولغان بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بۇ جۈملە بايان قىلىندى.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۈرە الله نى پەرۋەردىگارلىق بىلەن سۈپەتلەش بىلەن باشلاندى. الرب خوجايىن، ئىگە، ئىبادەت قىلىنغۇچى دېگەن مەنىلەردە كەلسىمۇ، پېئىلىنىڭ سۈپىتى سۈپەتلەنگۈچىگە ئائىت. شۇڭا الله نى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانلىق دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش تولىمۇ مۇناسىپتۇر. بۇ، بەندىنىڭ ئەگەر ئېزىپ كەتسە الله نىڭ

[①] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 17 ـ بەت.

www.munber.org

ئەپۇ قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى ئارتتۇرۇش. ئەگەر خاتالىشىپ قالسا اللە نىڭ شەپقەت قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئارزۇسىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈندۇر.»[1]

8 ـ اللە تائالانىڭ ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن سۆزىدە سۆز ماھارىتى ئىلتىپات (يەنى قارىتىش) ئۇسلۇبى ئىشلىتىلىپ، كىشىلىك ئالماش ئۈچىنچى شەخستىن ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلدى. چۈنكى، بۇ كۆڭۈللەرنى مايىل قىلىش ۋە دىللارنى جەلپ قىلىشتا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. مۇنداق قارىتىش بالاغەت ئۇسلۇبلىرىدىن بىر ئۇسلۇبتۇر. ئەگەر بۇ ئايەت ئەسلى ئۇسلۇب بويىچە بايان قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز، دېيىلگەن بولاتتى. دىققەتنى قارىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماش ئۈچىنچى شەخستىن ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇب مۇنۇ ئايەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ﴾ ئاندىن مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر﴾[2].

بەزىدە ئىلتىپات ئىككىنچى شەخس ئالماشتىن ئۈچىنچى شەخس ئالماشقا قارىتىلىدۇ. بۇ خىل ئىلتىپات اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿اللە سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۇرۇلىدۇ)﴾[3]. بۇ ئايەتنىڭ دەسلىپىدە ”سىلەرنى“ دەپ ئىككىنچى شەخسكە خىتاب قىلىندى، ئاندىن ئىلتىپات ئۇسلۇبى ئىشلىتىلىپ ”ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا“ دەپ ئۈچىنچى شەخس ئالمىشى ئىشلىتىلدى.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭغا ئوخشاش مىسالدىن بىرى شۇكى، ياخشى سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلەنگەن بىر شەخسنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن خۇددى ئۈچىنچى شەخستىن خەۋەر قىلغاندەك سۆزلەيسەن. ھالبۇكى ئۇ سېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا سېنىلا مەقسەت قىلىۋاتىمەن، دەيسەن. مۇنداق خىتاب ئۇنىڭغىلا دېگەن لەۋزىگە قارىغاندا مەقسەتنى سىپايىلىق بىلەن يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ[4].

9 ـ ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئىككى جۈملىدە، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمەن دېيىلمەستىن، ئەكسىچە سۆز قۇرۇلمىسى كۆپلۈك لەۋزى بىلەن ئىشلىتىلدى. بۇ نازۇك بىر نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ بەندىنىڭ پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى اللە تائالانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇشتا

---

[1] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
[2] سۈرە ئىنسان 21 ـــ 22 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە يۇنۇس 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 24 ـ بەت. . ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 145 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.

شۇنداقلا ياردەم ۋە ھىدايەتنى باشقا بەندىلەرسىز ئۆزى يالغۇز تىلەشتە يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، گويا ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئاجىز ۋە خار بەندىمەن، بۇ ئورۇندا ئۆزۈم يالغۇز ساڭا مۇناجات قىلىپ تۇرۇشقا لايىق ئەمەسمەن، بەلكى مەن سېنى بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ يولىغا قوشۇلىمەن، ساڭا ئۇلار بىلەن بىرگە دۇئا قىلىمەن، دۇئايىمنى ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن بىرگە ئىجابەت قىلغىن. بىز ھەممە بىرلىكتە ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىن ياردەم تىلەيمىز، دېمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى جۈملىدە تولدۇرغۇچىنى پېئىلدىن بالدۇر بايان قىلىش بولسا، قىسقارتىش ۋە خاسلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ مەنىسى ئىبادەتنى ساڭىلا قىلىمىز، سەندىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلمايمىز، دېگەنلىك بولىدۇ.

**10** ـ نېمەت: ﴿سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ﴾ دەپ الله تائالاغا نىسبەت بېرىلدى. غەزەپ ۋە ئازغۇنلۇق بولسا ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلمىدى يەنى سەن غەزەپ قىلغانلارنىڭ ۋە سەن ئازدۇرغانلارنىڭ دېيىلمىدى. بۇ، الله تائالانىڭ ئالدىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆگىتىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يامانلىقنى تەقدىر قىلىش الله تائالا تەرىپىدىن بولسىمۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدا، يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس. بۇ، الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقان مۇنۇ ئايىتىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشايدۇ: ﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەدەپ يۈزىسىدىن: ئۇ مېنى ئاغرىتىپ قويسا دېمىدى. بۇ يەنە الله تائالانىڭ مۆمىن جىنلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقان مۇنۇ ئايىتىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشايدۇ: ﴿بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز﴾[2] يەنى مۆمىن جىنلار: الله زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلدىمۇ... دېمىدى. ئوبدان ئويلانسىڭىز بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە مەسىلىدۇر.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن بىر ئايەتمۇ؟

---

[1] سۈرە شۇئەرا 78 ـــ 80 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە جىن 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

سۈرە نەملدىكى الله تائالانىڭ: ﴿سۇلايماندىن (كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنى شۇكى)، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴾[1] دېگەن ئايىتىدىكى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ شۇ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. لېكىن ئۇلار سۈرە فاتىھەدىكى ۋە ھەر سۈرىنىڭ بېشىدىكى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ ئايەت ياكى ئايەت ئەمەسلىكى ھەققىدە بىرقانچە قاراشقا كەلگەن.

بىرىنچى، ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىدىكىلەر سۈرە فاتىھەدىكى ۋە ھەر سۈرىنىڭ بېشىدىكى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى مۇشۇ سۈرىدىكى بىر ئايەتتۇر، دەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىدىكىلەر نە سۈرە فاتىھەدىكى، نە باشقا سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئايەت ئەمەس دەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىدىكىلەر بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قۇرئانغا نىسبەتەن پۈتۈن بىر ئايەتتۇر، ئۇ سۈرىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. ئەمما ئۇ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت ئەمەس دېگەن كۆزقاراشتا.

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار ئۆز قاراشلىرىدا بىرقانچە دەلىلگە تايىنىدۇ. ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇساڭلار بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئوقۇڭلار، سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئانىسىدۇر، ئۇنىڭ جەۋھەرىدۇر، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەتتۇر.»[2]

2 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ بىلەن باشلايتتى.[3]

3 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتى ھەققىدە سورالغاندا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوزۇپ قىرائەت قىلاتتى، دېدى. ئاندىن سۈرە

[1] سۈرە نەمل 30 ـ ئايەت.
[2] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

فاتىھەنى بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿١﴾ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ... دەپ جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇپ بەردى[1].

4 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇ ئۈگدىگەندەك بولدى. ئاندىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىگە كۈلسەن؟ دېدۇق. ئۇ: «شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ماڭا بىر سۈرە نازىل بولدى» دېدى. ئاندىن «بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ. إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ...» دەپ سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇدى[2].

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرە كەۋسەردە ئوقۇغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، بۇ ھەدىس بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ھەر سۈرىدە بىر ئايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

5 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق بىر ئەقلىي دەلىلنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ: خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى توپلىغاندا يازدۇرغان ئۆزگە خاس نۇسخىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەرىپىدىن باشقا ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن نۇسخىلاردا بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ سۈرە فاتىھەنىڭ بېشىدا ۋە سۈرە تەۋبىدىن باشقا ھەممە سۈرىنىڭ بېشىدا يېزىلغان. مۇتەۋاتىر رىۋايەتلەر شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئۇلار قۇرئانغا تەۋە ئەمەس نەرسىنى قۇرئانغا يازمايتتى. ئۇلار قۇرئانغا تەۋە ئەمەس نەرسىنىڭ قۇرئانغا سىڭىپ كىرىپ كېتىشىدىن قاتتىق ساقلانغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار شەرتلىك بەلگىلەر، سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە ھەرپ ئۈستىگە كېلىدىغان چېكىتلەر قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ يازمىغان ئىدى. قۇرئاندىكى تەجۋىدكە ئائىت ۋە باشقا شەرتلىك بەلگىلەر بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە قۇرئاننىڭ ئەسلى يېزىقىدىن باشقا يېزىقلار ۋە باشقا شەكىللەردە يېزىلغان. بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرە فاتىھەدە ۋە باشقا سۈرىلەرنىڭ بېشىدا يېزىلىشى ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ھەربىر سۈرىدە بىر ئايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

### مالىكى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرە فاتىھەدىمۇ ۋە باشقا سۈرىلەردىمۇ ئايەت ئەمەسلىكىگە، ئۇنىڭ پەقەت بەرىكەت ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە مۇنداق بىرقانچە دەلىل كۆرسىتىدۇ. ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز.

[1] سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان.

[2] ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ داۋامى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىر دەريادۇر، پەرۋەردىگارىم الله تائالا ئۇنى ماڭا ۋەدە قىلدى. ئۇ بىر كۆلدۇر، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم شۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدۇ...» دېدى.

www.munber.org

1 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نامازنى تەكبىر بىلەن ۋە ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ نى ئوقۇش بىلەن باشلايتتى[①].

2 ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلار نامازنى ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ بىلەن باشلايتتى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئۇلار قىرائەتنىڭ نە بېشىدا، نە ئاخىرىدا بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئوقۇمايتتى، دېيىلگەن[②].

3 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله تائالا: مەن نامازنى مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم، بەندەمنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىمەن دەيدۇ. ئەگەر بەندە: ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ دېسە، الله تائالا: بەندەم ماڭا ھەمدى ئېيتتى، دەيدۇ. بەندە: ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېسە، الله تائالا: بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، دەيدۇ. بەندە: مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ دېسە، الله تائالا: بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى، يەنە بىر رىۋايەتتە: بەندەم ئۆزىنى ماڭا تاپشۇردى، دەيدۇ. بەندە: إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ دېسە، الله تائالا: بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى نەرسىدۇر، بەندەمنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىمەن، دەيدۇ. بەندە: ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ دېسە، الله تائالا: بۇ بەندەم ئۈچۈندۇر، بەندەمنىڭ تىلىگىنىنى بېرىمەن، دەيدۇ.»[③]

مالىكى مەزھەبىدىكىلەر يەنە مۇنداق دەيدۇ. الله تائالانىڭ: «مەن نامازنى مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم» دېگەن سۆزىدىن سۈرە فاتىھە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله سۈرە فاتىھەنى «ناماز» دەپ ئاتىدى، چۈنكى، ناماز سۈرە فاتىھەسىز دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى بولسا، ئۇ، بۇ ھەدىس قۇددۇسىدا ئەلۋەتتە تىلغا ئېلىنغان بولاتتى.

4 ـ ئەگەر بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ سۈرە فاتىھەدىن بولغان بولسا، الله تائالانىڭ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەن ئىككى سۈپىتى تەكرارلىنىپ بۇ سۈرە بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿١﴾ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەن تۈسكە كىرەتتى. مۇنداق تەكرارلىنىش قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت ئۇسلۇبىغا ئۇيغۇن ئەمەس.

5 ـ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرىلەرنىڭ بېشىدا يېزىلىشى پەقەت بەرىكەت تىلەش، ئۇنىڭ تەلپى بىلەن ئىش تۇتۇش ۋە ئىشلارنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ بىلەن باشلاش

[①] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[③] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 9 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 94 ـ بەت.

بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. گەرچە ئۇنىڭ سۈرىلەرنىڭ بېشىدا يېزىلىشى مۇتەۋاتىر بولغان بولسىمۇ، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مۇتەۋاتىر ئەمەس.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ قاراشلاردىن توغرا بولغان قاراش ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى، قۇرئان ئاھاد[1] خەۋىرى بىلەن ئىسپاتلانمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىختىلاپسىز ھالدا كەسكىن مۇتەۋاتىر رىۋايەت بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ھەققىدە كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغانلىقى ئۇنىڭ قۇرئان ئەمەسلىكىدە ساڭا يېتەرلىك دەلىلدۇر. چۈنكى، قۇرئان ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىنمايدۇ. تەنە ئارىلاشمىغان سەھى خەۋەرلەر بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ يالغۇز سۈرە نەملىدىن باشقا نە سۈرە فاتىھەدە، نە باشقا سۈرىلەردە ئايەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ مەزھىبىمىز بۇنى ئەقلىغا مۇۋاپىق مۇنداق چوڭ بىر دەلىل بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئىمام مالىكنىڭ زامانىغىچە نەچچە ئەسىرنى، نۇرغۇن زامانلارنى ئۆتكۈزدى. شۇنىنتەك ئەگەشكەنلىكتىن ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇغان ھېچكىم بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئوقۇمىدى. باشقا مەزھەبتىكىلەر تىلغا ئالغىنى بۇ دەلىل بىلەن رەت قىلىنىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ مەزھەبتىكىلەر ئۇنى نەفلە نامازلاردا ئوقۇشنى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ. ئۇنى ئوقۇش ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر مۇشۇنىڭغا قارىتىلىدۇ ياكى بۇ ھەقتىكى كەڭرىچىلىككە قارىتىلىدۇ[2].

## ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ قۇرئاندا يېزىلىشى ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ھەر سۈرىدىكى ئايەتلەردىن بىر ئايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنى نامازدا سۈرە فاتىھە بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇماسلىق ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر بولسا، ئۇنىڭ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە نىسبەتەن سۈرە نەملىدىن باشقىسىدا پۈتۈن بىر ئايەتتۇر، ئۇ سۈرىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

---

[1] ھەدىس سەنەدىنىڭ مەلۇم قىسمىدا بىر ياكى ئىككى ۋە ياكى ئۈچ ئادەم بولغان بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان، لېكىن مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلەر ”ئاھاد“ دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 93 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 20 ـ بەت.

www.munber.org

ساھابىلاردىن قىلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەت ئۇلارنىڭ مەزھىبىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ساھابىلار مۇنداق دەيدۇ: بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نازىل بولغانغا قەدەر بىز سۈرىنىڭ نەدە تۈگىگەنلىكىنى بىلمەيتتۇق[1].

شۇنداقلا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىمۇ ئۇلارنىڭ مەزھىبىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نازىل بولغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۈرىنى يەنە بىرىدىن ئايرىشنى بىلمەيتتى[2].

ئىمام ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالار بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت ياكى ئايەت ئەمەسلىكىدە مۇنداق كۆزقاراشلارغا كەلدى. كۇفە شەھىرىدىكى قىرائەتشۇناسلار ئۇنى سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتى ھېسابلىدى. بەسرە شەھىرىدىكى قىرائەتشۇناسلار ئۇنى سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ھېسابلىمىدى. ئىمام شافىئىي: «ئۇ، ئۇنىڭ بىر ئايىتىدۇر. ئەگەر بىرى ئۇنى نامازدا ئوقۇمىسا نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ» دېدى. بىزنىڭ پېشۋايىمىز ئەبۇ لھەسەن كەرخى نامازدا ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇماسلىقنى رىۋايەت قىلدى. مانا بۇ ئۇنىڭ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ مەزھىبىمىز نامازدا ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇماسلىق سۈرە فاتىھەدىمۇ، شۇنداقلا باشقا سۈرىلەرنىڭ بېشىدىمۇ ئايەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىي ئۇنى ھەربىر سۈرىدە بىردىن ئايەت، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بۇ قاراشتا ئەمەس. چۈنكى، سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ پەقەت ئۇنىڭ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ياكى ئايىتى ئەمەسلىكى ھەققىدىدۇر. ھېچكىم ئۇنى باشقا سۈرىلەرنىڭ ئايىتىدىن بىر ئايەت دەپ قارىمايدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ باشقا سۈرىلەردە ئايەت ئەمەسلىكىگە مۇنداق بىر دەلىل بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئوقۇغان ئادەمگە شاپائەت قىلىدۇ ـ دە، ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇ ”سۈرە مۇلك“ تۇر». قارىلار ۋە باشقا ئالىملار سۈرە ”مۇلك“ نىڭ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دىن باشقا 30 ئايەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئەگەر بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ئۇ سۈرىدىن بولسا ئۇنىڭ ئايىتى ئەلۋەتتە 31 بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە خىلاپتۇر.

ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ قارىلىرى ۋە فىقھى ئالىملىرى سۈرە ”كەۋسەر“ نىڭ ئۈچ ئايەت ئىكەنلىكىدە، سۈرە ”ئىخلاس“ نىڭ تۆت ئايەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇمۇ

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 95 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇنىڭ ھەر سۈرىدىن بىر ئايەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەر سۈرىدىن بىر ئايەت بولسا ئىدى ئايەتلەرنىڭ سانى ئۇلار سانىغاندىنمۇ كۆپ بولۇپ كېتەتتى[1].

## كۈچلۈك قاراش

ھەرقايسى مەزھەب ئىماملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بىز ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشىنى كۈچلۈكرەك، دەپ قارايمىز. بۇ قارىمۇقارشى ئىككى قاراش ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال يول تۇتقان مەزھەبتۇر. شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ سۈرە فاتىھەدىمۇ، باشقا ھەر سۈرىنىڭ بېشىدىمۇ بىردىن ئايەتتۇر، دەيدۇ. مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر: ئۇ، سۈرە فاتىھەدىمۇ، باشقا سۈرىلەردىمۇ ئايەت ئەمەس، دەيدۇ.

ھەربىر ئىمامنىڭ ئاساسلانغان دەلىلى بار. لېكىن، بىز شۇنى بىلىمىزكى، ساھابىلار قۇرئانغا قۇرئان ئەمەس نەرسىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن قەتئىي ساقلانغان. بىز چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ قۇرئاندا يېزىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان دەرىجىدە مۇتەۋاتىر رىۋايەت بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۇنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇ ھەربىر سۈرىنىڭ ياكى سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئۇ پەقەت سۈرىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان قۇرئاندىكى بىر ئايەتتۇر.

ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نازىل بولغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۈرىنى يەنە بىرىدىن ئايرىشنى بىلمەيتتى دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەت ئەمەسلىكىنى يەنە مۇنداق نەرسە تەكىتلەيدۇ: قۇرئان ئەرەب تىلىنىڭ سۆز ئۇسلۇبىدا نازىل قىلىندى. ئەرەبلەر سۆزدە، بولۇپمۇ باشلىنىشتا بالاغەت ماھارىتىنى كۆرسىتىشنى خالايدۇ. ئەگەر بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ھەربىر سۈرىدە ئايەت بولسا، پۈتۈن سۈرىلەرنىڭ باشلىنىشى ئەلۋەتتە بىرخىل ئۇسلۇبتا بولۇپ قالغان بولاتتى. بۇ، قۇرئاننى ئاجايىپ گۈزەل ئۇسلۇبتا بايان قىلىش مۆجىزىسىگە خىلاپتۇر.

مالىكى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنمىغانلىقى ئۇنىڭ قۇرئان ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن سۆزى تازا توغرا ئەمەس. ئىمام جەسساس ئېيتقاندەك، ھەربىر ئايەتنىڭ قۇرئان دېيىلىشى ۋە ئۇنىڭ مۇتەۋاتىر

---

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 9 ـــ 11 ـ بەتكىچە. ئىمام فەخرۇددىن رازى بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرە فاتىھەدىن ئايەت ئەمەسلىكىگە 16 دەلىل كۆرسەتكەن. ئىمام ئەلۇسى ئۇنىڭغا «روھۇلمەئانىي» ناملىق تەپسىرىدە رەددىيە بەرگەن. مەن بۇ دەلىللەرنى ۋە رەددىيەلەرنى ئوقۇپ چىقىپ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز مەزھىبى ئۈچۈن مۇتەئەسسىبلىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مۇنداق بولماي، ھەق نېمە بولسا شۇنىڭغا ئەگىشىش كېرەك ئىدى.

www.munber.org

رىۋايەت قىلىنىشى لازىم ئەمەس. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يېزىشقا بۇيرۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنىڭ مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنىشى يېتەرلىكتۇر.

پۈتۈن ئىماملار قۇرئاندا بارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقا كەلگەن. شۇنداق ئىكەن بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ پۈتۈن قۇرئانغا نىسبەتەن بىر ئايەتتۇر. ئۇ الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بەرىكەت تىلەش ئۈزىسىدىن كىتابلارنىڭ بېشىدا يېزىلغىنىدەك، سۈرىلەرنىڭ بېشىدا تەكرار ـ تەكرار يېزىلدى. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشىغا كۆڭۈل ئارام تاپىدۇ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ قاراش بۇ ھەقتە كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

## ئىككىنچى ھۆكۈم

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى نامازدا ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

فىقھى ئالىملىرى بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى نامازدا ئوقۇش ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشلارغا كەلدى.

1 ـ ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇنى پەرز نامازدا، مەيلى بۇ ناماز ئۈنلۈك ئوقۇلسۇن ياكى ئۈنسىز ئوقۇلسۇن، سۈرە فاتىھەنى باشلىغاندىمۇ ۋە باشقا سۈرىنى باشلىغاندىمۇ ئوقۇشنى توستى، نەفلە نامازدا ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ناماز ئوقۇغۇچى ئۇنى نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەنى باشلىغاندا ئىچىدە ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئۇنى ھەر سۈرىنى باشلىغاندا ئوقۇسىمۇ ياخشىدۇر، دېدى[2].

3 ـ ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ناماز ئوقۇغۇچى ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان نامازدا ئۈنلۈك، ئىچىدە ئوقۇيدىغان نامازدا ئىچىدە چوقۇم ئوقۇيدۇ دېدى.

4 ـ ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ناماز ئوقۇغۇچى ئۇنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ، ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇش يولغا قويۇلمىغان، دېدى.

---

[1] دەلىللەرنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە، ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە، قۇرتۇبى ۋە فەخرۇددىن رازىلارنىڭ تەپسىرلىرگە قاراڭ. ئىمام دارۇقۇتنى بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ قۇرئاندىن ئايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى توپلىغان. شۇنداقلا خېلى نۇرغۇن ئۆلىمالارمۇ ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئايەت ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرگەن. توغرىسىنى الله بىلگۈچى.

[2] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 15 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 96 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 7 ـ بەت.

ئىماملارنىڭ بۇ ھۆكۈمدە ھەرخىل قاراشلارغا كېلىش سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ سۈرە فاتىھە ۋە ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىدا بىردىن ئايەتمۇ ياكى ئايەت ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە كەلگەنلىكىدىندۇر.

يەنە بىر سەۋەب سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە ھەرخىل قاراشتا بولغانلىقىدۇر.

ئىبنى جەۋزى «زادۇل مەسىير» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نىڭ سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ياكى ئايىتى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلدى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەدتىن ئىككى خىل رىۋايەت بار. ئەمما، ئۇنى سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى دېگەنلەر ئەگەر نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش ۋاجىپ دېگەنلەر بولسا، بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى نامازدا ئوقۇش ۋاجىپ، دەيدۇ. ئۇنى سۈرە فاتىھەنىڭ ئايىتى ئەمەس دېگەنلەر، ئۇنى نامازدا ئوقۇش سۈننەتتۇر، دەيدۇ.

ئىمام مالىك ئۇنى نامازدا ئوقۇش ياخشى ئەمەس، دەيدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىلۈك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇش ھەققىدىمۇ بىردەك پىكىردە بولمىغان. بىر قىسىم ئۆلىمالار ئىمام ئەھمەدنىڭ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئۈنلۈك ئوقۇش سۈننەت ئەمەس دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، سەۋرى، مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىقلارنىڭمۇ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئۈنلۈك ئوقۇش سۈننەت، دەيدۇ. بۇ مۇئاۋىيە، ئەتا ۋە تاۋۇس قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان[1].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش ۋاجىپمۇ؟

فىقھى ئالىملىرى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش ھۆكمىدە ئىككى مەزھەبكە بۆلۈندى.

بىرىنچىسى، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ يەنى ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ مەزھىبى بولۇپ، نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش شەرت، كىمكى ئۇنى ئوقۇيالايدىغان تۇرۇقلۇق ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ نامىزى توغرا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىمام سەۋرى ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبى بولۇپ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسىمۇ ناماز ئادا تاپىدۇ. چۈنكى، نامازدا پەقەت قۇرئان ئوقۇش پەرز. قىسقا بولسا ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت، ئۇزۇن بولسا، بىر ئايەت ئوقۇش لازىم. لېكىن، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماسلىق ياخشى ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىغا تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 7 ــ 8 ـ بەتلەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

1 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس.»[①]

2 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى نامازنى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماي ئوقۇسا، ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر، ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر، ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر، تولۇق ئەمەس.»[②]

3 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى مۇنداق دەيدۇ: بىز نامازدا سۈرە فاتىھەنى ۋە قۇرئاندىن ئاسان بولغان يەرنى ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇق[③].

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەن سۆزى نامازنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم: «ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر» دېيىشى نامازغا نۇقسان يەتكەنلىكىنى ۋە بۇزۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سۈرە فاتىھەنىڭ ئوقۇلۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

### ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئىمام سەۋرى ۋە ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئالىملار سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسىمۇ نامازنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا قۇرئاندىن ۋە سۈننەتتىن مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ:

قۇرئانغا كەلسەك، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾[④].

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نامازدا قۇرئاندىن قولاي بولغان يەرنى ئوقۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ نامازدا قىرائەت قىلىش ھەققىدە كەلگەنلىكىگە الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەر) دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ﴾ دېگەن يەردىن ﴿قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾[⑤] دېگەن يەرگىچە بولغان ئايىتى ئوچۇق دەلىلدۇر. بۇ ئايەتنىڭ كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقىدا ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلمايدۇ. بىزنىڭ

---

[①] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام مالىك، تىرمىزى ۋە نەسائى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[③] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[④] سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[⑤] سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىشىمىزدا بۇ ئايەتنىڭ لەۋزى ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىدىكى نامازنى ھەم پەرز ۋە نەفلە نامازلارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

ئەمما سۈننەتكە كەلسەك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالدى ۋە: «قايتىپ بېرىپ نامازنى باشقا ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ ئادەم نامازنى قايتا ئوقۇپ، كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنە نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇدى، ھەتتا بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئاندىن ئۇ ئادەم: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن نامازنى بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇيالمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ تاھارەتنى كامىل ئالغىن، ئاندىن قىبلىگە يۈز كەلتۈرگىن، ئاندىن تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا قولاي بولغاننى ئوقۇغىن، ئاندىن ئارامىڭدا رۇكۇ قىلغىن، ئاندىن رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ قەددىڭنى تۈز تۇتقىن، ئاندىن ئارامىڭدا سەجدە قىلغىن، ئاندىن سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئارامىڭدا ئولتۇرغىن، ئاندىن ئارامىڭدا سەجدە قىلغىن، ئاندىن سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ قەددىڭنى تۈز تۇتقىن، نامىزىڭنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قىلغىن» دېدى[2].

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە بۇ ئادەمگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ: «قۇرئاندىن ساڭا قولاي بولغاننى ئوقۇغىن» دېيىلدى. بۇ، قۇرئاندىن خالىغان ئايەتنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ ۋە بىزنىڭ مەزھىبىمىزنى، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ قايسىلا بىر ئايىتىنى ئوقۇسا، دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئۇلار: ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەن ھەدىسىدىن كامىل ناماز ئەمەس، دېگەنلىك چىقىدۇ، پەقەت ناماز ئەمەس دېگەنلىك بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى كامىل ناماز ئەمەس» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار: ناماز توغرا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماسلىق ياخشى ئەمەس، دەيدۇ. ئۇلار يەنە: بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەسجىدكە خوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ مەسجىدتە ئوقۇمىغان نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

ئۇلار: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىكى «ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر، ئۇ ناماز كەمتۈكتۇر...» دېگەن سۆز بىزنىڭ مەزھىبىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ، چۈنكى، كەمتۈكتۇر دېگەن سۆز نامازنىڭ نۇقسان بىلەن ئادا تاپىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر

---

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 18 ـ بەت.
[2] ئىمام سايىسنىڭ «ئاياتۇل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 13 ـ بەت. ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 20 ـ بەت.

www.munber.org

نامـاز ئـادا تاپـمايدىغان بولسا نۇقسانلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىشلىتىلمىگەن بولاتتى. باتىل نەرسىنى نۇقسانلىق بىلەن سۈپەتلىگىلى بولمايدۇ، نامـازنىڭ نۇقسانلىق بىلەن سۈپەتلىنىشى ئۇنىڭ باتىل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

مانا بۇلار ئىككى تەرەپ فىقھى ئالىملىرىنىڭ دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر، بىز ئۇنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. سەن دىققەت بىلەن قارىساڭ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ دەلىلىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك ساھابىلىرىنىڭ پەرز ۋە نەپلە نامازلاردا سۈرە فاتىھەنى داۋاملىق ئوقۇغانلىقى نامازنىڭ سۈرە فاتىھەسىز ئادا تاپمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئوچۇق بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاندا يىغىنچاقلاپ بايان قىلىنغان ئەھكاملارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بايان قىلىشتۇر. شۇڭا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى ۋە ۋاجىپلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئىش ھەرىكىتى يېتەرلىك دەلىلدۇر.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئىمام مۇسلىم ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى، ئۇ پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەنى ۋە بىردىن سۈرە قوشۇپ ئوقۇيتتى، بەزىدە ئايەتنى بىزگە ئاڭلىتىپ ئوقۇيتتى، پېشىننىڭ بىرىنچى رەكئىتىنى ئۇزۇن، ئىككىنچى رەكئىتىنى قىسقا قىلىپ ئوقۇيتتى، بامدات نامىزىنىمۇ مۇشۇنداق، ئوقۇيتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇيتتى، دېيىلگەن.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: سۈرە فاتىھە ھەر رەكئەتتە ئوقۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئوقۇلمىسا، قۇرئاندىن ئايەت ۋە ھەرپلىرىنىڭ سانى سۈرە فاتىھەگە ئوخشاش بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ، بولمىسا ناماز ئادا تاپمايدۇ①.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ توغرا قاراش ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ۋە مالىكلارنىڭ قارىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەنلىكى ئۇچۇن ھەر ئادەمنىڭ ھەر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشى مۇئەييەنلىشىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئوبەيي ئىبنى كەئب، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئوبادە ئىبنى سامىت ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلاردىن: سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس دېگەنلىكى

① ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد،.

رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇلار يېتەكچى ۋە ئۇلگىلىك ساھابىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنى زۆرۈر، دەپ قارايدۇ[1].

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئۆمرى بويىچە نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئىزچىل ھالدا ئوقۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنى بىزنىڭ ئوقۇشىمىزمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى، ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾[2]. ھەيران قالارلىقى شۇكى، مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەۋمنىڭ ئەخلەتخانىسىغا كېلىپ سىيدى. ئاندىن تاھارەت ئالدى، ماڭلىيىغا ۋە ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھى قىلدى دەپ رىۋايەت قىلغان ئاھاد خەۋىرىنى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە دەلىل قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭلىيىغا مەسھى قىلغان دەپ ماڭلايغا مەسھى قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تۇتقا قىلغان ۋە باشنىڭ شۇنچىلىك مىقدارىغا مەسھى قىلىشنى نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشىغا شەرت قىلغان. ئەكسىچە ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بويىچە نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئىزچىل ھالدا ئوقۇپ كەلگەنلىكىنى مۇتەۋاتىر رىۋايەتلەر بىلەن نەقل قىلغان بولسىمۇ، ئەبۇ ھەنىفە: نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشقا باغلىق ئەمەس، دېگەن. بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش![3]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلار سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمدۇ؟

ئۆلىمالار ئىمامنىڭ رۇكۇ قىلىشى بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ گەردىنىدىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا رۇكۇ قىلغاندا ئۇلگۈرسە، ئۇنىڭ گەردىنىدىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئەمما ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا ئۇ قىيامدا تۇرغاندا ئۇلگۈرسە، ئۇ ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمدۇ ياكى ئىمامنىڭ قىرائىتى كۇپايە قىلامدۇ؟ ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكى يەكۈنلەرنى چىقارغان:

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد: ناماز مەيلى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ياكى ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشى ۋاجىپ دەپ، قارايدۇ.

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان. بۇ ھەدىستىكى لەۋزى ئاممىباب بولۇپ، ئىمامنى ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناماز مەيلى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ياكى ئۈنسىز

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 119 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.

www.munber.org

ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى توغرا ئادا، تاپمايدۇ.

2 ـ ئىمام مالىك: ئەگەر ناماز ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ. ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئۇ ئۇنى ئوقۇمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ، ئەگەر ناماز ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدىغانلىقىغا مەزكۇر ھەدىسنى دەلىل قىلغان. ئەگەر ناماز ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا، الله تائالا: ﴿الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)﴾[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنى چەكلىگەن.

ئىمام قۇرتۇبى ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: ئىقتىدا قىلغۇچى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ قۇرئانغا ئائىت ھېچ نەرسە ئوقۇمايدۇ. ئەمما ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى ئوقۇمىسا، ياخشى قىلمىغان بولىدۇ، لېكىن گۇناھكار بولمايدۇ.

3 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ناماز مەيلى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ياكى ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ ﴿الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتكە ۋە «كىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا، ئىمامنىڭ قىرائىتى ئۇنىڭمۇ قىرائىتى ھېسابلىنىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ قىرائەت قىلىشنى كەسكىن قىلىپ چەكلىگەن.

ئۇ يەنە تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمام پەقەت ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن بەلگىلەندى، ئەگەر ئۇ تەكبىر ئېيتسا، تەكبىر ئېيتىڭلار، ئەگەر ئۇ قىرائەت قىلسا، جىم تۇرۇڭلار.»[3]

## سۈرە فاتىھەنىڭ ھېكمىتى

ئىنسان سۈرە فاتىھەنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي قورققان، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە كەمچىلىكىنى ئىقرار قىلغان بەندىنىڭ تۇرۇشىدا تۇرىدۇ. بۇ سۈرە ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيى بولۇپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىدۇر، الله

---

[1] سۈرە ئەئراف 204 ـ ئايەت.
[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەبۇ ئىبنى ھۇمەيد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

نىڭ سۆزىدۇر. ئىنسانلار قانچىلىك ئەقىل ـ ئىدراك ۋە زېرەكلىك بېرىلگەن، ئىلىمدە قانچىلىك توشقان ۋە كامالەتكە يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى اﷲ نىڭ بۇ سۆزىنى بىلىپ يېتىشكە ياكى ئۇنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى چۈشىنىپ يېتىشكە يەنىلا كۆپ ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئىنسان پۈتۈن ئەقىل ئىدراكىنى ئىشلەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىپ جەلبكارلىقىنى، مەنىلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ۋە لەۋزىلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىشقا چامىنىڭ يەتمىگەنلىكىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر كىتاب كەلتۈرۈش تۇگۇل، ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشاش بىر ئايەت كەلتۈرۈشكىمۇ تامامەن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ سۈرە ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ قىسقا ۋە ئىخچاملىقىغا قارىماي، قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن مەنىلىرىنى ۋە ئاساسىي مەقسەتلىرىنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان. بۇ سۈرە دىنىنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە شاخچىلىرىنى، ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت، ھېساب ۋە جازا كۈنىگە بولغان ئېتىقاد، اﷲ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىغا بولغان ئىمان، ئىبادەتنى يالغۇز اﷲ غىلا قىلىش، ياردەمنى اﷲ دىنلا تىلەش، ئۇنىڭغىلا دۇئا قىلىش، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلاشنى تەلەپ قىلىپ اﷲ تائالاغىلا يۈزلىنىش، ئىمان ۋە ياخشىلارنىڭ يولى ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى، غەزەپكە يولۇققانلارنىڭ ياكى ئازغانلارنىڭ يولىغا مېڭىپ قېلىشتىن يىراق قىلىشنى تىلەپ يالۋۇرۇش قاتارلىقلارنى ۋە باشقا ئۇلۇغ مەقسەت مۇددىئا ۋە نىشانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: سۈرە فاتىھە بارلىق قۇرئان ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن «ئۇلۇغ قۇرئان» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، بۇ سۈرە اﷲ تائالاغا ئۇنىڭ كامىل ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرى بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇش، اﷲ تائالانىڭ ياردىمى بولمىسا ئىبادەت قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقنى ئېتىراپ قىلىش، اﷲ تائالانىڭ توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش، ۋەدىسىنى بۇزغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىغا اﷲ تائالانىڭ ئۆزى تېتىيدىغانلىقىنى ۋە ھەقىقەتتىن تانغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ ئۇلۇغ قۇرئان ئېلىپ كەلگەن مۇددىئالانىڭ ئومۇمى يىغىندىسىدۇر[1].

شېھىت ھەسەنۇلبەننا (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق قىممەتلىك رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھەنى مۇلاھىزە قىلغان كىشى (ھەر بىر مۆمىن ئۇنى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، خۇسۇسەن نامىزىدا مۇلاھىزە قىلىشى لازىم) ئۇنىڭ مەنىلىرىنىڭ مول ۋە گۈزەللىكىنى، بىر ـ بىرىگە ئاجايىپ ماس ۋە يۈكسەكلىكىنى چىن دىلى بىلەن چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ھەر تەرەپتىن نۇرلىنىدۇ. ئۇ رەھمەت بىلەن سۈپەتلەنگەن، رەھمىتى ھەر نەرسىدە يېغىدىن يېغىغا نامايەن بولىدىغان اﷲ نى ياد ئېتىپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن تىلاۋەت قىلىشنى باشلايدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزى بىلەن

[1] قۇرتۇبى تەپسىرى 1 ـ جىلد،.

ياراتقۇچىسى بۈيۈك اللە نىڭ ئارىسىدىكى ئاساسلىق ئالاقىنىڭ بارلىق نەرسىلەرگە ئومۇمىي بولغان رەھمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇ بۇ مەنىلەرنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە قا ھەمدى ئېيتىشقا راۋان بولىدۇ. ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا اللە نىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى، مەرتلەرچە مەرھەمەتىنى، پۈتۈن ئالەملەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۇلارغا ئاتا قىلغان چەكسىز رەھمىتىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەقىل ئىرپانى بۇ قىرغاقسىز ئوكياندا جەۋلان قىلىدۇ. ئاندىن بۇ ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا اللە نىڭ مەۋجۇداتلارغا ئاتا قىلغان بۇ كاتتا نېمىتى ۋە بۈيۈك تەربىيىتىنىڭ بىرەر نەرسىگە قىزىقىپ ياكى بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ ئەمەس، ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى يۈزىسىدىن بولغانلىقىنى يېڭىدىن ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئىككىنچى قېتىم اللە نىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

كامىل سۈپەتلىك ئۇلۇغ اللە پەزلى مەرھەمىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك سۈپىتىنى ئادىللىق سۈپىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھېساب ۋە جازانىڭ بارلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمىشە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان رەھمىتى بىلەن بىرگە بەندىلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ. ئۇ: ﴿ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اللە قا خاستۇر﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەن قىيامەت كۈندە مەخلۇقاتلىرىنى ھېسابقا تارتىدۇ.

ئۇنىڭ بەندىلىرىنى پەرۋىش قىلىشى رەھمىتىگە رىغبەتلەندۈرۈش، ئادالەتنى يۈرگۈزۈپ ھېساب ئالىدىغانلىقى بىلەن قورقىتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىش شۇنداق ئىكەن بەندە ياخشى ئىشنى قىلىشقا تىرىشىش ۋە نىجاتلىقنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئېنىقتۇر. مۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۆزىگە توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىرىگە ئىنتايىن موھتاج. ئۇنى ھىدايەت قىلىشقا ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى اللە دىن ھەقلىق زات يوق. شۇڭا ئۇ اللە قا ئىلتىجا قىلىشى، ئۇنىڭغا تايىنىشى، ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېيىشى، ئۇنىڭدىن ئۆز پەزلى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەشنى، نېمەت ئاتا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تارتىۋېلىپ قويۇش بىلەن، ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چېكىنىش بىلەن غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ھەقتىن ئېزىپ كەتكەن ياكى ھەققە ئېرىشمەكچى بولغان، لېكىن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان ئازغۇن گۇمراھلارنىڭ يولىغا ئەمەس، ھەقنى تونۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلاشنى تىلىشى ئاندىن ئامىين (ئى اللە! ئىجابەت قىلغىن) دېيىشى كېرەك.

---

[1] سۈرە ئىنفىتار 19 ـ ئايەت.

ئۇ بۇ سۈرىنى ئامىين! دېيىش بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق ۋە گۈزەل شەكىلدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. سۈرە فاتىھەنى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇشقا ۋە دۇئا بىلەن الله قا يۈزلىنىشكە يەنە قايسى نەرسە ھەقلىق؟

سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىدەك ئىنچىكە ۋە نازۇك تىزىلغان ياكى بىر ـ بىرىگە پۇختا باغلانغان نەرسىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ سەن بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىپادىلەش گۈزەللىكى ۋادىسىدا زوق ئېلىۋاتقىنىڭدا ئۇ ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگاردىن رىۋايەت قىلغان: «مەن نامازنى مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم، بەندەمنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىمەن...» دېگەن ھەدىس قۇددۇسىنى ئەسلىتىدۇ. بىز بۇ ھەدىسنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

سەن بۇ سۈرىنى ھەمىشە مۇلاھىزە قىلغىن، ئۇنى نامازدا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا تەمكىنلىك، خۇشۇئ ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن ئوقۇشقا، ھەر ئايەتنىڭ بېشىدا توختاشقا، ئۇنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە ياكى سۆز ئاھاڭلىرىغا تولۇق رىئايە قىلغان، چەكتىن ئاشۇرىۋەتمىگەن ۋە ناخشا رېتىمىغا ئايلاندۇرىۋەتمىگەن، سۆزلۈكلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ مەنىلىرىنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالمىغان ھالدا، ئادەتتە تىلاۋەت قىلغاندا ياكى ئۇنىلۈك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئوقۇغاندا ئوتتۇراھال ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا تىرىشقىن. مۇنداق ئوقۇشنىڭ ھەقىقەتەن ئايەتلەرنى چۈشىنىشكە ۋە قورقۇش يېشىنى ئېچ ـ ئىچىدىن قوزغاشقا ياردىمى تېگىدۇ. دىلغا مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان ۋە قورقۇش ئىلكىدە ئوقۇغان تىلاۋەتتىن پايدىلىق نەرسە يوق[1].

---

[1] ھەسەنۇلبەننانىڭ «تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق رىسالىسى، 59 ـ بەت.

www.munber.org

# شەرىئەتنىڭ سېھىرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى

﴿ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ نَبَذَ فَرِيقٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ١٠١ وَٱتَّبَعُواْ مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ
مُلۡكِ سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحۡرَ وَمَآ
أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ
فِتۡنَةٞ فَلَا تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ
بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا
لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ١٠٢ وَلَوۡ
أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَمَثُوبَةٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ خَيۡرٞۖ لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ١٠٣ ﴾

﴿ئۇلارغا الله تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنى) بىلمەيدىغاندەك، الله نىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ). ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكىگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگەنمىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە (سېھىرنى تاشلاپ) الله دىن قورقسا،

(ئۇلار ئۇچۇن) اللە نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى﴾.

ــ سۈرە بەقەرە 101 ــ 103 ـ ئايەتكىچە

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

نَبَذَ: (چۆرىۋېتىدۇ)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «نەبز» بولۇپ، تاشلىۋەتمەك، چۆرىۋەتمەك ۋە قويۇپ قويماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ: (ئارقىلىرىغا) دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىرەر نەرسىگە سەل قارىغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن كىشى ئۇچۇن مىسال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن ئەرەبلەر بىرەر ئىشتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىگە: ئۇ بۇ ئىشنى ئارقىسىغا چۆرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئارقىنى قىلدى، دەيدۇ.

كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ: (بىلمەيدىغاندەك) دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بىلمىسىز نادانلارغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى بىلمىگەن كىشى ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇنىڭدا پايدىلىق نەرسىنى ھېس قىلىدىغان تۇيغۇ يوق.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلار ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرگە اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك، اللە نىڭ كىتابىنى تاشلىۋەتتى، ھەددىدىن ئېشىپ ۋە چوڭچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى.

وَٱتَّبَعُوا: (ئەگەشتى) دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆزدىكى ئالماش كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ بىر پىرقىسى بولغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار اللە نىڭ كىتابىنى تاشلىۋەتتى ۋە شەيتانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئەگەشتى①.

بۇ ئايەتتىكى ئەگىشىش بىر نەرسىگە پۈتۈنلەي بېرىلىپ ۋە يۈزلىنىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

تَتۡلُوا۟: (سۆزلىرىگە)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى (ئەتتىلاۋە) بولۇپ سۆزلىمەك، رىۋايەت قىلماق ۋە ئوقۇماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب تىلىدا «ئەتتىلاۋە» نىڭ ئىككى خىل ئاساسي مەنىسى بار. ئۇنىڭ بىرى، بىرسىگە ئەگىشىپ ماڭماق، بىرسىنىڭ ئىزىدىن ماڭماق

---

① تەپسىرى «كەششاف» 1 ـ جىلد.

www.munber.org

دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنە بىرى، ئوقۇماق، دەرس قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: پالانى قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ دېگىنى ئۇ قۇرئان ئوقۇيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلار الله نىڭ كىتابىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋېتىپ شەيتانلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ ۋە ئوقۇپ بەرگەن سېھىرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك كىتابلىرىغا ئەگەشتى.

ٱلشَّيَـٰطِينِ: (شەيتانلار)، بۇ لەۋزىدىن كىشىنىڭ زېھنىگە جىنلارنىڭ مۇرتەدلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراش ئىتتىكلا كېلىدۇ. تەپسىرشۇناسلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىلىرى ئۇلاردىن ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. كۈچلۈك قاراش شۇكى، الله تائالا: ﴿ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾[1] دېگەندەك، ئۇلاردىن ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

عَلَىٰ مُلۡكِ سُلَيۡمَـٰنَ (سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى) دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. سُلَيۡمَـٰنَ ئىبرانىچە ئىسىم بولۇپ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئۇنى ئىشلەتكەن.

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: سۇلايمان ئەرەبچە ئىسىم ئەمەس بولۇپ، ئۇ ھامان، ماھان ۋە شامان، دېگەن ئىسىملارغا ئوخشايدۇ[2].

ٱلسِّحۡرَ: (سېھىر)، لۇغەتتە نازۇك ۋە ئىنچىكە نەرسىنىڭ ھەممىسى سېھىر، دېيىلىدۇ.

ئەزھەرى مۇنداق دەيدۇ: سېھىرنىڭ ئەسلى مەنىسى، بىر شەيئىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىدىن باشقا بىر شەكىلدە كۆرستىشتۇر. گويا سېھىرگەر ناھەقنى ھەقنىڭ سۈرىتىدە كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىدىن باشقا بىر شەكىلدە خىيال قىلدۇرالىغاندىلا سېھىرگەرلىك قىلىپ بۇ نەرسىنى ئەسلى قىياپىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتكەن بولىدۇ[3].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: سېھىرنىڭ ئەسلى مەنىسى، ھىيلە ئىشلىتىپ كۆز بوياشتىن ئىبارەت. سېھىرگەر بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇنى كۆرگۈچى خۇددى يىراقتىن سەرابنى كۆرگەن كىشى سۇ دەپ ئويلاپ قالغانغا ئوخشاش ئۇنى ئەسلىدىكىدىن دەل ئەكسىچە نەرسە دەپ ئويلاپ قالىدۇ. سېھىرنىڭ يەنە ئالدىماق دېگەن مەنىسى بار[4].

---

[1] سۈرە ئەنئام 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 338 ـ بەت.
[3] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، سۆز تۇمۇرى: سچر.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 44 ـ بەت.

www.munber.org

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: سېھىرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئىنچىكە ۋە يوشۇرۇن نەرسىنى ئاشكارا قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ[①].

فِتۡنَةٞ: سىنىماق، ئىمتىھان ئالماق، سىناپ كۆرمەك ۋە بىلىپ باقماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئەلفىتنە» ياخشىلىق بولسۇن يامانلىق بولسۇن بىر نەرسىنىڭ ھالىتىنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە سىنىماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. چۈنكى، بىرىنى سىنىغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ[②].

فَلَا تَكۡفُرۡ: (كاپىر بولمىغىن)، يەنى سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن كاپىر بولمىغىن. بۇ ئايەت سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: فَلَا تَكۡفُرۡ يەنى سېھىرگەرلىكنى "ھەق" دېگەن ئېتىقادتا ئۆگەنمە، بولمىسا كاپىر بولۇپ كېتىسەن.

بِإِذۡنِ ٱللَّهِ : (الله نىڭ ئىزنى)، يەنى الله نىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ ئايەت سېھىرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئەگەر الله تائالا خالىسا سېھىر بىلەن سېھىرلەنگۈچىنىڭ ئارىسىنى توسىدىغانلىقىنى، ئەگەر خالىسا بوش قويىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا تەقدىر قىلغان زىياننىڭ ئۇنىڭغا يېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ سەۋەب ۋە سەۋەب قىلىنغان ئىشلار ھەققىدىكى سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر.

لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ: (سېتىۋالغۇچىغا)، ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: يەنى شەيتانلار سۆزلەپ بەرگەن نەرسىنىڭ بەدىلىگە الله نىڭ كىتابىنى تېگىشىۋالغان، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ[③].

خَلَٰقٍ: لۇغەتتە نېسىۋە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[④].

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: خَلَٰقٍ ياخشىلىقتىن تولۇق نېسىۋە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياخشىلىق ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، يامانلىق ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ[⑤].

شَرَوۡاْ: (سېتىۋالغان)، يەنى ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېھىرگەرلىكنى سېتىۋالدى.

---

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 338 ـ بەت.
[②] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 57 ـ بەت.
[③] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 345 ـ بەت.
[④] سۈرە ئال ئىمران 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[⑤] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 345 ـ بەت.

www.munber.org

مَثُوبَة (ساۋاب)، «ئەلمەسۇبە» دېگەن سۆز ساۋاب ۋە مۇكاپات دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا تەرىپىدىن كاتتا ساۋاب ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ[1].

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىق قىلىپ كەلگۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتاب قۇرئان كەرىمنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى تاشلىۋەتكىنىدەك ئەينى ۋاقىتتا الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋراتنى يەھۇدىي خاخاملىرى ۋە ئالىملىرىنىڭمۇ تاشلىۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەۋلادلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىشتا ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاپ كېتىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار زۇلۇم قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىشنى ئىلگىرىكىلىرىدىن مىراس ئالغان.

ئۇلار ھەقىقەتەن الله نىڭ كىتابىنى خۇددى بۇ الله تەرىپىدىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك ئارقىلىرىغا چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىق زامانىدىن قالغان، شەيتانلار سۆزلەپ بەرگەن سېھىرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك يوللىرىغا ئەگەشتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سېھىرگەر ئەمەس، ھەم سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ كاپىر بولمىغانمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن شەيتانلار ئىنسانلارغا ۋەسۋەسە قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنى غەيبنى بىلىدىغاندەك كۆرسەتتى. ئۇلار ئىنسانلارغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ چوڭلىرى سېھىرگەرلىككە ۋە جادۇگەرلىككە ئەگەشكىنىدەك، بابىل مەملىكىتىدىكى ھارۇت ۋە مارۇت ئىسىملىك ياخشى ئىككى ئادەمگە ياكى ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان نەرسىگە ئەگەشتى. الله تائالا بۇ ئىككىسىنى سېھىرگەرلىكنى ئۆگىتىش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرگەن. بۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ كىشىلەرگە بولغان سىنىقى ئىدى. بۇ ئىككىسى سېھىرگەرلىكنى سېھىر قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كىشىلەرگە سېھىرگەرلىك بىلەن مۆجىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقنى ئاشكارىلاپ سېھىرگەرلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆگەتتى. الله تالۇتنىڭ قەۋمىنى دەريا بىلەن سىنىغىنىغا ئوخشاش، بەندىلىرىنى خالىغان نەرسە بىلەن سىنايدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 125 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 346 ـ بەت.

www.munber.org

ئۇ زاماندا سېھىرگەرلىك كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. سېھىرگەرلەر پەيغەمبەرلىككە شەك كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئاجايىپ غەلىتە ئىشلارنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئىككى پەرىشتىنى شەك - شۈبھىلەرنى يوقىتىپ دەۋەت يولىدىكى ئەزىيەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن سېھىرگەرلىكنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىككى پەرىشتە كىشىلەرنى سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشتىن، ئۇنى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ۋە زىيانلىق يوللارغا ئىشلىتىشتىن ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇلار بىرىگە سېھىر ئۆگەتسە ئۇنىڭغا: بۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ سىنىقى ۋە ئىمتىھانى، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن كاپىر بولۇپ كەتمىگىن، الله دىن قورققىن، سېھىرنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتمىگىن، كىمكى سېھىرنى ئۇنىڭ زەرەرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن كىشىلەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئۇ ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشكەن ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان بولىدۇ. كىمكى ئۇنى ئۆگىنىشنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىپ، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئازغان ۋە كاپىر بولغان بولىدۇ، دەيتتى.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر پىرقىسى سېھىرنى كىشىلەرنى ئۇنىڭ زەرەرىدىن قوغداش ئۈچۈن ياخشى نىيەتتە ئۆگەنسە، يەنە بىر پىرقىسى ئۇنى ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، دوستنى دوستتىن ئايرىۋېتىش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت سېلىش ئۈچۈن يامان نىيەتتە ئۆگەندى. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى زىيانغا ئۇچراتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ زىيانلىق ئىشلارغا بېرىلىپ كەتكۈچىگە ئاخىرەتتە ھېچ نېسىۋە يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئەگەر ئۇلار بۇنى ھەقىقىي چۈشەنسە ۋە بىلسە ئىدى، جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ئەجەپمۇ يامان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئەگەر سېھىرگەرلىكنى ئۆگەنگەن شۇ كىشىلەر الله قا ئىمان ئېيتسا، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقسا، سېھىرگەرلىكتىن ئىبارەت ئاخىرى زىيانكارلىق، ھالاكەت ۋە ئازاب بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بۇ زىيانلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باش تارتسا ئىدى، الله ئۇلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن كاتتا ساۋاب بەرگەن بولاتتى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىبنى جەۋزى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ بىرى، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەۋراتتا بار مەسىلىلەر ھەققىدە سوراپ قالسا، ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇلار ئۇنىڭدىن سېھىر ھەققىدە سورىدى ۋە بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولدى. بۇنى ئەبۇ لئالىيە شۇنداق دەپ قارىغان.

www.munber.org

يەنە بىرى، قۇرئان كەرىمدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىنغاندا مەدىنىنىڭ يەھۇدىيلىرى: مۇھەممەدكە قاراڭلار، ئۇ داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايماننى پەيغەمبەر دەۋاتىدۇ، اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سۇلايمان بىر سېھىرگەر ئىدى، دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن: ﴿سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى...﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغان[1]. بۇنى ئىبنى ئىسھاق بايان قىلغان.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بۇ ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ پەسكەشلىكىنى، نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ۋە اللہ نىڭ بەندىلىرىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. سېھىرگەرلىك پەقەت يەھۇدىيلار ئىچىدىلا تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تارىخى سېھىرگەرلىك بىلەن مەشھۇر. اللہ نىڭ كىتابىنى تاشلاپ سېھىرگەرلىك يولىغا ماڭغان ۋە سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك، ئازغۇنلۇق يوللىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىنى ۋە ئەقىدىلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر. بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە پۈتۈن پىتنىلەرنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ﴿ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، اللہ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، اللہ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2].

2 ـ ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالانىڭ بۇ ئايەتلەردىن ئىلگىرى بايان قىلىنغان: ﴿شۈبھىسىزكى، اللہ كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ﴾[4] دېگەن ئايەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەھدىتكە ئوخشاش، بۇ ئايەتلەردىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ اللہ قا بەرگەن ئەھدىسىنى ۋە اللہ نىڭ كىتابىنى تاشلىۋەتكەنلىكى، شەيتانلارغا ئەگەشكەنلىكى، ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىنى ئۆگەنگەنلىكى قاتارلىق ئەسكىلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈلۈپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە تەقۋادارلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن گۈزەل ۋەدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئايەتلەر تەھدىت بىلەن ۋەدىنى، قورقىتىش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشنى، ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن خۇش بېشارەتنى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلغان. بۇ ئايەتلەر بىر

---

[1] ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇلمەسىير في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 120 ـ بەت.
[2] سۈرە مائىدە 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 98 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

تىمدىن يەنە بىر تىمغا يۆتكىلىش، غەيبتىن كېيىن غەيبنى خەۋەر قىلىش ئۇسلۇبىدا، يىپلىرىدا رەتلىك تىزىلغان مەرۋايىتلاردەك تىزىلغان، چاقناپ چىققان يۇلتۇزلاردەك روشەنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنى ئىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ راستچىللىقىنى جاكارلىغان. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن يۇرتلارنىمۇ كەزمىگەن، بىرىدىن دەرسمۇ ئالمىغان، يەھۇدىي خاخاملىرى بىلەنمۇ كۆرۈشمىگەن ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە كۆڭۈلمۇ بۆلمىگەن. ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾①. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ۋە سالاملىرىمىزنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە يەتكۈزسۇن!②

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر الله نىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىدە ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىش سۆز ئىبارىسى قوللىنىلغان. بۇ الله نىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ، خۇددى بىرەر ئىشقا سەل قارىغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ سېھرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك كەسپلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىگە بېرىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ سەت، تېخىمۇ قەبىھلەشتۈرۈپ ئىپادىلەشتۇر.

سەييىد قۇتۇب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: "كىتاب بېرىلگەنلەر ـ ئەنە شۇلار الله نىڭ كىتابىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋەتتى. بۇ سۆز ئىبارىسىدىن ئۇلار الله نىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى قىلمىدى دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ سۆز ئىبارىسى مەنىنى ئەقىل دائىرىسىدىن ھېسسىي دائىرىگە ئېلىپ چىقىپ، تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خىيال قىلغىلى بولىدىغان ماددىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى مۇشۇنداق سەت ۋە مۇشۇنداق پەسكەشلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنى بىلمىگەنلىكىنى ۋە ھەقتىن تانغانلىقىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇلارغا قوپاللىق ۋە ھاماقەتلىك تامغىسىنى ئۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى، پاك ئەمەسلىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. الله نىڭ كىتابىنى قوللار بىلەن ئارقىغا چۆرۈۋەتكىنىدەك بۇ قوپال ھەرىكەتنى خىيال قىلدۇرىدۇ"③.

4 ـ بۇ ئايەت كەرىمدە شەيتانلار بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ مەنە جەھەتتە بىر ـ بىرىگە چېتىشلىقى بارلىقى بايان قىلىنىدۇ. سېھرگەرلىكتە جىنلار تەبىقىسىدىن بولغان پاسكىنا ۋە ئەسكى جانلىقلاردىن ياردەم تىلىنىدۇ. شەيتانلار ئۆزلىرىنى غەيبنى ئۆگەنتىۋاتىمىز، دەپ جۆيلۈيدۇ ۋە ئىنسانلارنى شۇنداق ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بەزى ئىنسانلار ھەقىقەتەن جىنلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى تەستىق قىلاتتى، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىپ سېغىناتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ

---

① سۈرە نەجم 3 ـــ 4 ـ ئايەتلەر.
② ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 336 ـ بەت.
③ سەييىد قۇتۇبنىڭ «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 126 ـ بەت.

www.munber.org

تەكەببۇرلىشىپ كەتتى﴾[1]. شۇڭا سېھىرگەرلىك مۇشۇ پاسكىنا جانلىقلارغا باغلىنىش يولى ئارقىلىق مەشھۇر بولغان.

ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە ھاكىم، ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەينى زاماندا شەيتانلار ھەققەتەن ئاسماندىن پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى بىر سۆزنى ئاڭلىۋالسا، ئۇنىڭغا مىڭ يالغاننى قوشۇپ، ئىنسانلارنىڭ دىللىرىغا يەتكۈزەتتى. ئىنسانلار ئۇنى دىۋانلاردا يېزىپ قالدۇراتتى. كېيىن اللە بۇ دىۋانلاردىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېلىپ پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شەيتان ئادەم سۆرىتىگە كىرىپ ئىنسانلارغا: ھېچكىمنىڭ سۇلايماننىڭكىدەك دەپە - دۇنياسى يوق، مەن ئۇنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ دېدى. ئۇلار: ھەئە، دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى ساقلانغان يېرىدىن ئېلىپ چىقىشتى. قارىسا ئۇ سېھىرگەرلىك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇممەتلەر ئۇنى كۆچۈرۈپ قولدىن قولغا ئېلىپ كەلدى. كېيىن اللە تائالا قۇرئاندا ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىك ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئاقلاپ ئايەت نازىل قىلدى[2].

5 - قۇرئان كەرىم اللە تائالانىڭ: ﴿سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق﴾ دېگەن سۆزىدە سېھىرگەرلىك دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا كاپىرلىق سۆز ئىبارىسىنى ئىشلەتكەن. لەۋزىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكىنى يەنى "سۇلايمان سېھىرگەر بولغىنى يوق" دېگەن مەنىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سېھىرگەرلىكنىڭ ئورنىغا كاپىرلىق ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن پەقەت سېھىرگەرلىكنى تېخىمۇ قەبىھلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇ سۆز ئۇسلۇبى اللە تائالانىڭ ھەج قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ھەج قىلىشنى تەرك قىلغان كىشىلەر ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆز ئۇسلۇبىغا ئوخشايدۇ: ﴿كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اللە ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾[3].

بۇ سۆزدە مۇنداق ئىبارە قوللىنىش ئىنسانلارنى سېھىرگەرلىكتىن نەپرەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كىشىنى ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ كۇپۇرلۇققا ۋە اللە قا شېرىك كەلتۈرۈشكە يانمۇ - يان كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى اللە تائالانىڭ: ﴿بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن﴾ دېگەن سۆزىدۇر.

---

[1] سۈرە جىن 6 - ئايەت.
[2] ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» تە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى سۇددىدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى»ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 338 - بەتكە قاراڭ.
[3] سۈرە ئال ئىمران 97 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

6 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىدا ئاجايىپ بالاغەتلىك بىر سۆزنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ھالال سېھىردۇر، دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، زەبەرقان ئىبنى بەدرى، ئەمرى ئىبنى ئەھتەم ۋە قەيس ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرىگە: «زەبەرقان ھەققىدە بىلگەنلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېگەن. ئۇ: سورۇنلاردا ھەممە زەبەرقانغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇ قاتتىق سۆزمەن، تەۋەلىرىنى قوغدايدۇ... دېگەن. زەبەرقان: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەمرى مېنىڭ ئۆزىدىن ياخشى ئىكەنلىكىمنى بىلىدىكەن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەمرى: زەبەرقان ھەققەتەن چىدىماس، پىخسىق، ئەخمەق، پەس... دېگەن. ئاندىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەر ئىككىلا قېتىمدا راست سۆزلىدىم، ئۇ مېنى مەمنۇن قىلىۋىدى، ئۇنىڭ ھەققىدە بىلگەنلىرىمنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردىم، ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ ھەققىدە بىلگەنلىرىمنىڭ ئەڭ ناچارلىرىنى ئېيتىپ بەردىم دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بايان قىلىشنىڭ ئەلۋەتتە سېھرى كۈچى بار» دېگەن[①].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىرى نۇتۇق سۆزلىگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك سۆزلىگىنىدىن ھەيران قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بايان قىلىشنىڭ ئەلۋەتتە سېھرى كۈچى بار» دېگەن.

ئەگەر بىرى: سېھىرگەرلىك ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىل بىلەن ئەيىبلىنىدىغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىش ماھىرلىقىنى قانداق قىلىپ "سېھرى كۈچ" دەپ ئاتىدى؟ دەپ قالسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ ھەقىقىي مەنىسىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىسىگە ئاساسەن شۇنداق دېيىلگەن. نۇتۇق سۆزلىگۈچى چىرايلىق سۆزلەرنى، سۆزلەش ماھارىتىنى ۋە گۈزەل يەتكۈزۈش ئۇسلۇبىنى ئىشلىتىپ دىللارنى خۇددى سېھىرگەر ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ دىللىرىنى كۆز بويامچىلىق قىلىپ ناھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تاماشىبىنلاردىن يوشۇرۇپ مايىل قىلىۋالغاندەك مايىل قىلىۋالىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن بايان قىلىش ماھارىتى "سېھرى كۈچ" دەپ ئاتالغان.

7 ـ ئەگەر بىرى: سېھىرگەرلىك ھارام، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى كاپىر بولىدىغان تۇرسا، قانداق قىلىپ مەزكۇر ئىككى پەرىشتە ئىنسانلارغا سېھىر ئۆگەتتى؟ دەپ قالسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ ئىككى پەرىشتە ئىنسانلارغا سېھىرگەرلىكنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

[①] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 42 ـ بەت.

www.munber.org

ئۆگەتكەن[1]. چۈنكى، يامانلىقنى بىلگەندە ئۇنىڭدىن ياخشى ساقلانغىلى بولىدۇ. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

تونۇدۇم يامانلىقنى، مەقسىتىم ئەمەس يامانلىق قىلىش،
ۋەلېكىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن.
تونىمىغان كىشى يامانلىقنى ئىنسانلار ئىچىدىن،
قۇتۇلالماس ئۇنىڭغا ئاسانلا گىرىپتار بولۇشتىن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: پالانى يامانلىقنى بىلمەيدۇ، دېيىلگەندە، ئۇ: ئۇنداقتا ئۇ يامانلىققا ئاسانلا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، دېگەن. توغرىسى ئىمام ئۇلۇسى ئېيتقاندەك، مەزكۇر ئىككى پەرىشتىنىڭ سېھىرنى ئۆگىتىشى ئىنسانلارنى سىناش ۋە مۆجىزە بىلەن سېھىرگەرلىكنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. توغرىسىنى الله تائالا ئوبدان بىلىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

سېھىرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتى بارمۇ؟ ئۇ ئەمەلىيەتتە تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟

ئۆلىمالار سېھىرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتى بارمۇ، ياكى ئۇ كۆزبويامچىلىقتىن ئىبارەتمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشقا كەلگەن.

سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالىرى سېھىرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئەمەلىيەتتە تەسىرى بار دېگەن قاراشقا كەلگەن.

مۇئتەزىلە پىرقىسى ۋە سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاز ساندىكى ئۆلىمالىرى سېھىرگەرلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىتى يوق، ئۇ پەقەت ئالدامچىلىق، كۆزبويامچىلىق ۋە گۇمراھلىقتىن ئىبارەت دېگەن قاراشقا كەلگەن. بۇلارنىڭ قارىشىدا سېھىرگەرلىك مۇنداق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### سېھىرگەرلىكنىڭ تۈرلىرى

بىرىنچى، بۇ، كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇ، بەزى كۆزبويامچىلارنىڭ ساختا قۇشقاچنى بوغۇزلاۋاتقان، ئاندىن بوغۇزلانغان قۇشقاچنى ئۇرچۇتىۋەتكەن شەكىلدە كۆرسىتىشكە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقىدىن بولغان. ئۇچۇپ كەتكەن قۇشقاچ بوغۇزلانغان قۇشقاچنىڭ ئۆزى ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدا

---

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 42 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 344 ـ بەت.

www.munber.org

ئىككى دانە قۇشقاچ بولۇپ، بىرىنى بوغۇزلايدۇ - دە، ئۇنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يوشۇرۇۋېلىپ ساق قۇشقاچنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە پىرئەۋننىڭ سېھرگەرلىرىنىڭ سېھرى مۇشۇ تۈردىكى سېھىر ئىكەن. ئۇلار سېھرگەرلىكتە ئىشلەتكەن ھاسىلار كاۋاك بولۇپ، توشقىچە سىماب قاچىلانغان. شۇنداقلا ئارغامچىلارمۇ تېرىدىن بولۇپ سىماب ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن. ئۇلار مەيداننىڭ ئاستىنى تونىل شەكلىدە كولاپ ئوت بىلەن توشقۇزىۋەتكەن. ئارغامچا ۋە ھاسىلار تاشلانغاندا سىماب قىزىپ ھەرىكەتلەنگەن. چۈنكى، قىزىسا كېڭىيىش سىمابنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بۇ ئارغامچىلار بىلەن ھاسىلارنى يىلانلارغا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلدى ۋە ماڭدى دەپ ئويلىغان.

ئىككىنچى، كېلىشىۋالغان بويىچە كاھىنلىق ۋە رامباللىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بەزى كاھىنلار ۋە رامباللار مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەملەرنى تەيىنلەيدۇ. كېيىن سىر ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە كەلگەندە ئۇلار بۇ سىرلارنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە بۇ ئۆزلىرىگە جىنلار ۋە شەيتانلار تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ جىنلار ۋە شەيتانلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنى دۇئا ۋە سۈپكۈچلەر بىلەن بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى، شەيتانلارنىڭ ئۆزلىرىگە غەيب خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلجىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ. بۇ پەقەت مۇئەييەن شەخسلەر بىلەن كېلىشىۋېلىپ كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن تەييارلىغان ئالدامچىلىقتۇر.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت كۆرسىتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىنئالا كېلىشىۋالىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ بىرى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن كېلىشىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇ كۆرسەتكەن مۇئەييەن بىر جايغا نان، گۆش ۋە مېۋىلەرنى كۆمۈپ قويىدۇ. كېيىن ئۇ ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۇ جايغا بارىدۇ ۋە نەرسە كۆمۈلگەن يەرلەرنى كولاشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ كولانغان جايدىن تېپىپ قويغان نان، گۆش ۋە مېۋىلەرنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى كارامەت ھېسابلايدۇ.

ئۈچىنچى، سېھرگەرلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى چېقىمچىلىق، بوھتان چاپلاش، ئىناق ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان... رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئايال بىر ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بوپتۇ. ئۇ بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ئېرىڭىز سىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، ئۇ ئۇستىڭىزگە خوتۇن ئالماقچى ئىكەن، مەن ئۇنى سېھىر قىلىپ سىزگە باغلاپ بېرەي، شۇنداق قىلساق ئۇ سىزدىن كېچەلمەيدۇ ۋە سىزدىن باشقا خوتۇننىمۇ خالىمايدۇ، لېكىن مەن ئۇنى تولۇق باغلىيالىشىم ئۈچۈن ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا سىز چوقۇم ئۇنىڭ بويىنىنىڭ تۈكىدىن ئۈچ تال تۈكنى ئۇستۇر بىلەن ئېلىپ ماڭا بېرىشىڭىز كېرەك، دەپتۇ. بۇ خوتۇن ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپتۇ.

ئاندىن بۇ ئايال ئەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: خوتۇنۇڭ بىر ئادەمنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ سەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەن ئۇخلاپ قالغاندا سېنى ئۇستۇر بىلەن بوغۇزلىۋېتىشنى نىيەت قىلىپتۇ. مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىدى ۋە بۇنى ساڭا ئېيتىپ قويۇشنى مەجبۇرىيىتىم، دەپ قارىدىم. بۇ كېچە خوتۇنۇڭغا ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنگىن، لېكىن ھەرگىز ئۇخلاپ قالمىغىن، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلىسەن دەپتۇ. كېچە كىرگەندە ئەر ئۆيىدە ئۇخلاپ قالغان بولىۋاپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ بويىندىن ئازراق تۈك چۈشۈرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئەر كۆزىنى ئېچىپ ئايالىنىڭ ئۇستۇرنى بويىنغا تەڭلەۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىغا شەك قىلماپتۇ ـ دە، ئايالغا ئېتىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر ئايالىنىڭ تۇغقانلىرىغا يېتىپتۇ، ئۇلار كېلىپ بۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بوھتان ۋە چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىقلار كېلىپ چىققان ئىكەن[1].

تۆتىنچى، سېھىرگەرلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى قەستلەشتىن ئىبارەت. بۇ، ئادەمگە ئەقلىگە تەسىر قىلىدىغان بەزى دورىلارنى يېگۈزۈۋېتىش ياكى ئۇنىڭغا ئەقىل ـ تەپەككۇر ۋە زېرەكلىككە تەسىر قىلىدىغان تاماقلارنى بېرىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانغا ئېشەكنىڭ مېڭىسىنى تىببىي كىتابلاردا تونۇشلۇق بولغان باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈۋەتسە، ئۇنىڭ ئەقلى قېتىپ قالىدۇ ۋە ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئۇنى يېگەن ئادەم ئىشلارنى توغرا ـ دۇرۇس قىلالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنى: جىن چېپىلىپ قويۇپتۇ ياكى سېھىرلىنىپتۇ، دېيىشىدۇ.

سەن كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، ئۇلار سېھىرگەرلىكنى كۆز بوياMچىلىق ۋە ئالدامچىلىق، ياكى ئالدىنئالا كېلىشىۋېلىش، ياكى چېقىمچىلىق قىلىش ۋە بوھتان چاپلاش ۋەياكى قەستلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇلار سېھىرگەرنى بەدەنلەرگە تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزۈن مۇساپىلەرنى باسالايدۇ دېگەنگە ئوخشاش باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، دەپ قارىغان نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: يېتەرلىك بىر ھېكمەت باركى، ئۇ ساڭا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھىيلە ـ مىكىر ئىكەنلىكىنى، سېھىرگەر ۋە داخانلارنىڭ دەۋا قىلىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى دەۋا قىلغاندەك پايدا زىيان يەتكۈزۈشكە، ئۇچۇشقا، غەيبنى بىلىشكە، ياقا يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا، يوشۇرۇپ قويۇلغان ۋە ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى تېپىشقا، ئىنسانلارغا بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان شەكىللەردىن باشقا شەكىللەردىمۇ زىيان سېلىشقا قادىر بولالىسا، ئەلۋەتتە پادىشاھلارنى يوقىتىشقا، كۆمۈلگەن بايلىقلارنى چىقىرىشقا، جاپا تارتمايلا پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈپ يۇرتلارغا ھاكىم

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 48 ـ بەت.

بولۇشقا قادىر بولغان بولاتتى ۋە كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا قاراپ تىلەپ يېيىشتىن ئەلۋەتتە بىھاجەت بولغان بولاتتى.

ئىش شۇنداق بولمىغان ئىكەن، بۇنى دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ناچار ئەھۋالدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ تاماخور ۋە ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر، كىشىلەرنىڭ پۇلىنى ئالداپ سالداپ ئېلىۋالىدىغان، ئەڭ كەمبەغەل ۋە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن مەزكۇر نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەسلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالىسەن[1].

### مۇئتەزىلىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار سېھرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتىنىڭ يوقلۇقىغا بىرقانچە دەلىل كۆرسىتىدۇ. بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتتۈۋەتتى﴾[2] دېگەن سۆزىدۇر.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى﴾[3] دېگەن سۆزىدۇر.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿سېھرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ﴾[4] دېگەن سۆزىدۇر.

بىرىنچى ئايەت سېھرگەرلىكنىڭ پەقەت كۆزلەرنى باغلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ئايەت بۇ سېھرگەرلىكنىڭ خىيالى نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنىڭ يوقلۇقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۈچىنچى ئايەت سېھرگەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ھەق ئۈستىدە بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

4 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سېھرگەر سۇ ئۈستىدە مېڭىشقا ياكى ھاۋادا ئۇچۇشقا ۋەياكى تۇپىنى ھەقىقىي ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولالىسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى تەستىقلاش ئەلۋەتتە يوققا چىقىدۇ ۋە ھەق بىلەن باتىل ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ پەيغەمبەر، كىمنىڭ سېھرگەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن سېھرگەرلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا پەرق قالماي، ھەممىسى بىر تاياقتا ھەيدىلىپ كېتىدۇ.

---

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 48 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەئراف 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تاھا 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار سېھىرنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقىغا بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن، بىز ئۇلارنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر.

2 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى﴾[2] دېگەن سۆزىدۇر.

3 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ﷲ نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى﴾[3] دېگەن سۆزىدۇر.

4 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن﴾[4] دېگەن ئايىتىدۇر.

بىرىنچى ئايەت ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى﴾ دېگەن سۆزىنىڭ دەلىلى بىلەن سېھىرنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچى ئايەت سېھىرنىڭ ھەقىقىتى بولغاچقا ئۇلار ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت سېلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭدەك سېھىرنىڭ تەسىرى ۋە ھەقىقىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى ئايەت سېھىرنىڭ زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ زىياننىڭ ﷲ نىڭ خالىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆتىنچى ئايەت سېھىرنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بىزنىڭ تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن ﷲ قا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

5 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق بىر ھەدىسنى دەلىل قىلغان: بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرقانچە كۈن كېسەل بولۇپ قالغان. كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا: يەھۇدىيلاردىن بىر ئادەم ساڭا سېھىر قىلىپتۇ، ئۇ سەن ئۈچۈن بىر تۈگۈنگە دەم سېلىپ پالانى قۇدۇققا كۆمۈپتۇ، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ تۈگۈننى تاپتۇرۇپ

---

[1] سۈرە ئەئراف 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فەلەق 4 ـ ئايەت.

www.munber.org

يېشىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى چۈشەكتىن قۇتۇلغاندەكلا ئازادىلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن[1].

## كۈچلۈك قاراش

دەلىللەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن جۇمھۇر ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سېھرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتى بار ۋە ئۇ ئىنسانغا تەسىر قىلىدۇ. سېھرنىڭ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك سېلىش ۋە كىشىنى ئايالىدىن ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت كۈچىنى قۇرئان كەرىم ئىسپاتلىغان. بۇ، سېھرنىڭ تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر سېھرنىڭ بۇنچىلىك تەسىرى بولمىسا ئىدى، قۇرئان بىزنى تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرگەرلەرنىڭ شەررىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى. سېھرگەرلىكنىڭ كۆپىنچىسى شەيتانىي جانلىقلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەن بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە زىيىنى بىرەر شەخسكە پەقەت الله نىڭ ئىزنى بىلەنلا يېتىدۇ. ئۇ پەقەت سىرتقى سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ، سەۋەبلەرنى تەييارلاپ بەرگۈچى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ زات الله نىڭ خالىشىغا باغلىق ئىش.

ئەمما مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئەگەر سېھرگەرلىكنىڭ ھەقىقىتى ۋە تەسىرى بار دەپ قارىساق، سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ ئارىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ، دەپ كەلتۈرگەن دەلىللىرىگە كەلسەك، بىز بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مۆجىزىلىرى ھەقىقىي ھالەتلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىچكى كۆرۈنۈشى بىلەن ئوخشاش، ئۇ ھەقتە قانچىلىك ئويلانساڭ ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە شۇنچىلىك ئىشىنىسەن. ئەمما سېھرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىچكى كۆرۈنۈشىدىن باشقا بىر نەرسە، ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ ھەقىقىي سۈرىتىدە ئەمەس، بۇنى چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم سېھرگەرلەرنىڭ كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ پەقەت ھەقنى يوشۇرۇش ۋە ئۇنى خىيالى نەرسىگە ئايلاندۇرۇش يولى ئارقىلىقلا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنىدىغان سېھرنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ھېچكىم سېھرگەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كېسەل قىلىپ قويۇش، يېقىنلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بۇلغاش، بەدەن ئەزالىرىنى مايماق قىلىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان، ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىشى مۇمكىن

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلغۇچى يەھۇدىنىڭ ئىسمى لەبىيد ئىبنى ئەئسەم.

www.munber.org

بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: سېھرگەرلىكتە سېھرگەرنىڭ تېنى ئىنچىكە كىچىك تۆشۈك ۋە روجەكلەردىن ئۆتۈشى، بىر بارماقتا تىك تۇرۇشى، ئىنچىكە تانىلارنىڭ ئۈستىدە مېڭىشى، ھاۋادا ئۇچۇشى، سۇ ئۈستىدە مېڭىشى، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا مىنىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنى قىلالىشى يىراق ساناپ كەتكىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىشلار سېھرگەرلىكنىڭ ھەقىقىي نەتىجىسى بولالمايدۇ. نە ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئىللىتى، نە ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ بولالمايدۇ. سېھرگەرمۇ بۇ ئىشلارنى مۇستەقىل قىلغان ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىشلارنى پەقەت الله تائالا يارىتىدۇ، خۇددى يېگەندە تويۇشنى، سۇ ئىچكەندە قېنىشنى ياراتقاندەك سېھىر قىلىنغاندا پەيدا قىلىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى يەنە مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار سېھرگەرلىكتە الله نىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلىدىغان چېكەتكە، پىت، پاقا ئايەتلىرى، دېڭىزنى يېرىش، ھاسىنى يىلانغا ئۆزگەرتىش، ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇش، گاچىلارنى سۆزلىتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ كاتتا مۆجىزىلىرى كۆرۈلمەيدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئىشلار ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قەتئىي ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار سېھرگەرلىكتە مەيدانغا چىقمايدۇ. سېھرگەر بۇنى قىلماقچى بولغان تەقدىردىمۇ الله ئۇنىڭغا بۇ ئىمكانىنى بەرمەيدۇ[1].

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالار سېھىرنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

1 - سېھرگەرلىك كۆز بوياشتىن ۋە مۆجىزىلەرگە، كارامەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچۇش، بىر كېچىدە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت.

2 - ئۇ ئالدامچىلىق، ھەقنى يوشۇرۇش ۋە جادۇگەرلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى يوق. بۇ مۇئتەزىلىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

3 - ئۇ ھىيلە ئىشلىتىپ كۆزلەرنى باغلاشتىن ئىبارەت. پىرئەۋننىڭ سېھرگەرلىرىمۇ شۇنداق قىلغان، ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى ۋە ھاسىلىرى سىماب بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ ئاستىغا ئوت يېقىلىپ قىزىتىلغان يەرگە تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئارغامچىلار ۋە ھاسىلار قىزىپ ھەرىكەتكە كەلگەن ۋە ماڭغاندەك كۆرۈنگەن.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 47 - بەت.

www.munber.org

4 ـ ئۇ جىنلارنى خىزمەتكە سېلىش ۋە ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ سېھىرنى جىنلار نەپىس، ئىنچىكە ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ تىپىدىن چىقارغان.

5 ـ ئۇ تويلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن جىسىملاردىن تەركىپ تاپقان نەرسىدۇر. بۇ جىسىملاردىن نامەلۇم ئىسىملار ۋە سۆيكۆچلەر ئوقۇلىدۇ. ئاندىن بۇ جىسىملار سېھرگەرلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

6 ـ ئۇنىڭ ئەسلى يۇلتۇزلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر خىل تىلسىمات نەرسىدۇر ياكى تەس ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەيتانلارنى خىزمەتكە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

7 ـ ئۇ كۆپۈر سۆزلەر ئارىلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان نەرسىدۇر. ئۇ سۆزلەرگە ئەپسۇن ئوقۇش، ئوتلاش، سۆيكۆچ قىلىش قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ قوشۇلىدۇ.

ئەبۇ ھەييان يەنە مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى زامانىمىزدا سېھرگەرلىك ھەققىدىكى كىتابلاردا توختىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ۋە توقۇلما سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. سۆيكۆچ قىلىش ۋە لۈڭگە ئۇرۇشقا ئوخشىغان ئىشلارمۇ ئەلۋەتتە يالغان. بىراق كىشىلەر بۇ ئىشلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ[1].

### ئىككىنچى ھۆكۈم

سېھرگەرلىكنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆگىتىشكە بولامدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار سېھرگەرلىكنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىم خەۋەر قىلغاندەك پەرىشتىلەرنىڭ سېھرگەرلىكنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ. سۈننىي ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىمام فەخرۇددىن رازىمۇ بۇ قاراشتا.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار سېھرگەرلىكنى ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش ھارام، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم ئۇنى ئەيىبلەپ تىلغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنداق ئىكەن ئۇ قانداق ھالال بولىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار.» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېگەندە، ئۇ:

---

[1] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 327 ـ بەت.

www.munber.org

«بۇلار الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله ھارام قىلغان جاننى (ئادەمنى) ناھەق ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، جەڭدىن قېچىش ۋە يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش قاتارلىقلاردۇر» دېگەن[1].

ئەلۋىسى مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ قاراشقا ئىمام فەخرۇددىن رازىمۇ مايىل بولغان ۋە مۇنداق دېگەن: ئىلمى تەتقىقاتچىلار سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشنىڭ يامان ۋە ھەزەر ئەيلىگىدەك ئىش ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، الله تائالانىڭ: ﴿بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾[2] دېگەن سۆزى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم ئۆز سۈپىتىدە شەرەپلىكتۇر. ئەگەر سېھىر تونۇلمىسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن مۆجىزىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولمايتتى. شۇنداق ئىكەن ئۇنى ئۆگىنىش قانداقمۇ ھارام ۋە يامان ھېسابلانسۇن؟

بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەقىل قىلىشىچە، مۇپتى (پەتىۋا بەرگۈچى) نىڭ قايسى خىلدىكى سېھىرگەرلىكنىڭ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە قايسى خىلدىكىنىڭ ئۆلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە شۇنىڭغا قاراپ سېھىرگەردىن قىساس ئېلىشنىڭ ۋاجىپ ياكى ئەمەسلىكى بىلەن پەتىۋا بېرىشى ئۈچۈن سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشى ۋاجىپتۇر.

ئەلۋىسى يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن جۇمھۇر ئۆلىمالارغا ئەگىشىپ سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش ئەلۋەتتە ھارام دەيمەن. پەقەت شەرئى يول بىلەن كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئۆگىنىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئىمام فەخرۇددىن رازى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن دېگەندەك توغرا ئەمەس:

1 - چۈنكى، بىز سېھىر ئۆز سۈپىتىدە يامان ئىش دەپ دەۋا قىلمايمىز. ئۇنىڭ يامان ھېسابلىنىشى پەقەت ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان گۇناھلار تۈپەيلىدىندۇر. ئۇنىڭ ھارام بولۇشى كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. نۇرغۇن ئىشلار مۇشۇ سەۋەبتىن ھارام قىلىنغان.

2 - سېھىر بىلەن مۆجىزىنى پەرقلەندۈرۈشنى سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىشكە باغلاش مەنئى قىلىنىدۇ. قارىمامسەن، نۇرغۇن ئۆلىمالار ياكى ھەممىسى سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى سېھىرگەرلىك ئىلمىنى بىلمەي تۇرۇپ بىلەلىگەن. ئەگەر سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولسا ئىدى، سەن ئەلۋەتتە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەممىدىن ياخشى بىلگەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

3 - مەزكۇر بەزى ئۆلىمالاردىن نەقىل قىلىنغان قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى، مۇپتىنىڭ سېھىرگەردىن قىساس ئېلىشنىڭ ياكى ئالماسلىقنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى بىلەن پەتىۋا بېرىشى ئۇنىڭ سېھىرگەرلىك ئىلمىنى بىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئىمام ئىبنى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە زۇمەر 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھەجەر ئېيتقاندەك، مۆئمىننىڭ پەتىۋا بېرىش شەكلىدە ئەگەر سېھىرگەرلىكنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلغان ئادىل ئىككى ئادەم ھەر ھالدا سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ[1].

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: سېھىرنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىچىدە شۇنداق نەرسىلەر باركى ئۇنىڭ بىلەن الله نى قويۇپ يۇلتۇزلار ۋە شەيتانلار ئۇلۇغلىنىدۇ. الله قۇرئاندا سۆزلىگەندىن سىرت ئۆلىمالار سېھىرگەرلىكنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھالال ئەمەس. ئۇنى ئۆگىنىش بىلەن قان تۆكۈشنى، ئەر ـ ئاياللارنى ۋە دوستلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىش تېخىمۇ ھالال ئەمەس.

ئەمما سېھىرگەرلىكتىن يۇقىرىقىدەك يامان ئىشلارنىڭ بىرى كېلىپ چىقىدىغانلىقى بىلىنمىگەن، بىراق ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھالال ئەمەس. خىيالىي نەرسە قىلىپ كۆرسىتىش، جادۇگەرلىك قىلىش ۋە ئەپسۇن ئوقۇش قاتارلىقلارنىڭ تۈرىگە كىرىدىغانلىرىنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ باتىل ئىشلاردۇر. ئەگەر سېھىرگەر سېھىردىن ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى ۋە ئويۇن ـ تاماشانى مەقسەت قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ[2].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟

ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: سەلەف ئۆلىمالىرى سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇلاردىن بەزىلەر ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى داخانىنىڭ ياكى رەممالنىڭ ۋەياكى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلسە ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان نەرسىگە كاپىر بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان.

سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ فىقھى ئۆلىمالىرى مۇنداق قاراشلاردا بولغان:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سېھىرگەرنىڭ رەسمىي سېھىرگەر ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ: مەن چوقۇم سېھىرگەرلىكنى تاشلاپ ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىمەن، دېگەن سۆزىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھالال. شۇنىڭدەك مۇسۇلمان قۇل ۋە ئازات زىممىلار ئىچىدىنمۇ كىمكى ئۆزىنىڭ

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 339 ـ بەت.
[2] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 328 ـ بەت.

www.munber.org

سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىكەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھالالدۇر». بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزىدۇر.

ئىبنى شۇجائ مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەر ئەر ۋە سېھىرگەر ئايالغا مۇرتەد ئەر ۋە مۇرتەد ئايالنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئۇ ئەبۇ ھەنىفەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، سېھىرگەر كاپىر بولۇش بىلەن بىرگە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر بىر مۇسۇلمان سېھىرگەرلىك ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان دىلىدا مۇرتەد بولسا، ئۇ ئىسلامنى ئىزھار قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تەۋبىسى تەۋبە بولمايدۇ. ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا ئەھلى كىتابتىن بولغان سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، پەقەت ئۇ مۇسۇلمانلارغا زىيان سالغاندىلا ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەر سېھىرگەرلىك قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سېھىرگەرلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويسا ۋە: مېنىڭ سېھىرىم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلغان ئىدىم دېسە، ئۇ ھالدا قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ: مېنىڭ سېھىرىم ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىن، ئۆلتۈرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن دېسە، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، لېكىن دىيەت تۆلەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەر سېھىرگەرلىك قىلىش بىلەن مەيلى ئادەم ئۆلتۈرەلىسۇن ياكى ئۆلتۈرەلمىسۇن كاپىر بولىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەدتىن ئىككى خىل رىۋايەت بار. ئەمما سېھىرگەر ئەھلى كىتابتىن بولسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، پەقەت ئۇ مۇسۇلمانلارغا زىيان سالغاندىلا ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ[①].

خۇلاسە: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: سېھىرگەر كاپىر بولىدۇ، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەھلى كىتابتىن بولغان سېھىرگەرنىڭ ھۆكمىمۇ مۇسۇلمان سېھىرگەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىي: سېھىرگەر كاپىر بولمايدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، پەقەت ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەندىلا ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىك: مۇسۇلمان سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەھلى كىتابتىن بولغان سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ قارايدۇ ۋە سېھىرگەرنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق تايانغان دەلىلى بار.

---

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 340 - بەت.

www.munber.org

# ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ تەۋراتنىڭ اللە نىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابى ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى كىتاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدا بار ئەھكاملارغا ئەمەل قىلمىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلاردىن كېيىنكى ئىزباسار يەھۇدىيلارنىڭمۇ قۇرئان كەرىمنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھ پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭ سىھىرگەرلىكنى ھۈنەر قىلىۋالغانلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4 ـ شەيتانلارنىڭ سىھىرنى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلارغا غەيبنى بىلىدىغان قىياپەتتە كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5 ـ سىھىرنىڭ ھەقىقەتتىنى ۋە ئۇنىڭ كىشىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىر شەخس ئۇنى قوللىنىپ ئەر ـ ئايالنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە قادىر بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

6 ـ اللە تائالانىڭ ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن بەندىلىرىنى سىنايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

7 ـ كىمكى اللە نىڭ كىتابىنى سىھىرگەرلىككە تېگىشىۋەتسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە اللە نىڭ رەھمىتىدىن نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

8 ـ ئاخىرەتتىكى ساۋاب ۋە مۇكاپاتنىڭ ئاساسىي اللە تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئايەتلەرنىڭ ھىكمىتى

ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن پۈتۈن ئەھكاملىرىدا مۇسۇلماننىڭ اللە بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ھەمىشە ۋە ئەبەدىيلىك بولۇشى، ئىشلىرىدا اللە قا تايىنىشى، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، بۇ ھاياتلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىشى، دۇئادا ئۇنىڭدىن باشقىغا يۈزلەنمەسلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ياكى اللە تائالا ياراتقان، ئۆز ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت قىلدۇرغان تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىدىن بىرەر قانۇننىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەقىدىنىڭ ساغلام بولۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

www.munber.org

يۇلتۇزلار ۋە ئاسمان جىسىملىرى الله نىڭ باشقا مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، ئەزەلدىن بەلگىلەنگەن لىنىيىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىنتىزاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى الله تائالا زېمىن ئۈستىدە ياراتقان ئىنسانغا تەسىر قىلمايدۇ. الله ئۇنىڭ رىزقىنى ۋە ئۆمرىنى ئاللابۇرۇن بەلگىلەپ بولغان. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆمرى بىرەر يۇلتۇزنىڭ كۆرۈنۈشى ياكى ئۇنىڭ غايىب بولۇشى بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ، ھېچ كىشىنىڭ رىزقى الله تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىگەن مىقداردىن ئېشىپ ياكى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھاياتلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرى الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئىنسان يۇلتۇزلارغا سىغىنىپ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ ياكى جىنلار ۋە شەيتانلار بىلەن ئالاقە قىلىپ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھاياتلىقنىڭ قانۇنلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى، ئۇنى بەلگىلەنگەن ھەرىكەت سىستېمىسىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ تەبىئىي ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغانلىقىنى بىلجىرلىسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ الله نىڭ كىتابىدا ئوچۇق كۆرسەتكەن شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغان، الله بەلگىلىگەن چەك - چېگرىلاردىن ئېشىپ كەتكەن، توغرا ۋە ئادىل قانۇندىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ، الله دىن باشقا نەرسىنى ئۇلۇغلىغانلىقى، ياراتقۇچىدىن باشقا نەرسىدىن ياردەم تىلىگەنلىكى، الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىغا الله دىن باشقا نەرسىنىڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقى ئۈچۈن ”كاپىر“ دەپ ھۆكۈم قىلىنسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. مۇسۇلمان الله نىڭ تەلىم بېرىشى بىلەن شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، سېھىرگەر كىشىلەرگە زىيان، ئاپەت ۋە ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزەلىشى، سېھىر بىلەن ئەر - ئايالنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتەلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ بۇلارنى پەقەت الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەنلا قىلالايدۇ، بولمىسا ھېچ نەرسىنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

سېھىرگەرلىك بولسا كۇپۇرلۇق ۋە الله نىڭ دىنىدىن چىقىش ھېسابلانغان ئىكەن، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ”سېھىرگەر“ دەپ سۈپەتلەش ياكى ئۇ سېھىرگەرلىك بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى، سېھىرگەرلىك قىلىپ ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرنى ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەتتى، دېيىش ھەرگىز توغرا ئەمەس. شۇڭا الله نىڭ ھەممىنى روشەن بايان قىلغان كىتابى قۇرئان كەرىم داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىرگەر بولۇشتىن ياكى سېھىرگەرلىك بىلەن ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىدىن ۋەياكى سېھىر ئۆگىنىشكە بۇيرۇغانلىقتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر ئىدى دەپ جۆيلۈشلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر نادان، تۈز يولدىن نەقەدەر ئازغان، توغرا يولدىن نەقەدەر يىراقلاشقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يالغان ۋە باتىل سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار الله نى ھەق رەۋىشتە تونىمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى، نېمىلەرنى دېيىشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى بىلمىگەن كىشىلەردۇر. ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەر

www.munber.org

شەيتانلاردىن ياردەم سوراشتىن پاكتۇر. جىنلار ھەقىقەتەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەرلىك بىلەن ئەمەس، الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن ئىدى.

مانا بۇ الله نىڭ مەھكەم دىنى بولۇپ، الله نى الله نىڭ مەخلۇقاتىدىن بىرىنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىگە تەسىر كۆرسىتىشتە شېرىك ئىكەنلىكىدىن پاكلايدۇ، الله نىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىلەردىن ئاقلايدۇ، مۇسۇلمانغا ئېتىقاد قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

www.munber.org

# قۇرئاندىكى ناسخ ۋە مەنسۇخلار

﴿ ۞ مَا نَنسَخۡ مِنۡ ءَايَةٍ أَوۡ نُنسِهَا نَأۡتِ بِخَيۡرٖ مِّنۡهَآ أَوۡ مِثۡلِهَآۗ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ
وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾ أَمۡ تُرِيدُونَ أَن تَسۡـَٔلُواْ رَسُولَكُمۡ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ
ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾ ﴾

﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. اللّٰه نىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللّٰه قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە اللّٰه دىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ﴾.

— سۇرە بەقەرە 106 ـ، 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

نَسَخ: (ئەمەلدىن قالدۇرساق). ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «نەسخ» بولۇپ، يوقىتىش، كەتكۈزۈش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن ئەرەبلەر كۈننىڭ سايىنى كەتكۈزۈشىنى: «كۈن سايىنى نەسخ قىلدى» دەيدۇ.

ئۇ بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن نەقىل قىلىپ يېزىش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن ئەرەبلەر بىر كىتاپتىن بەزى نەرسىلەرنى يەنە بىر كىتابقا نەقىل قىلىپ يازغاندا: «بۇنى پالانى كىتابتىن نەسخ قىلدىم» دەيدۇ. اللّٰه تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)﴾[1].

ئۇ يەنە ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن ئەرەبلەر قازىنىڭ بىرەر ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىشىنى: «قازى بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى» دەيدۇ. شەرىئەت

[1] سۈرە جاسىيە 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەلگىلىگۈچى الله ئۆزى خالىغان سۈرىنى ياكى ئايەتنى نەسخ قىلىدۇ يەنى ئۇنى باشقا بىر سۈرە ياكى ئايەت بىلەن ئۆزگەرتىدۇ. الله تائالا: ﴿بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا (يەنى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرگىنىمىزدە)...﴾[1] دېگەن سۆزى بىلەن مۇشۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئۇ يەنە يۆتكىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن مىراسنىڭ بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە يۆتكىلىشىگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەسخ سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىلىرىدۇر.

ئۇنىڭ شەرئى مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ بىر ئايەتتىن ئېلىنغان ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يەنە بىر ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەتتۇر.

فىقھى ۋە ئەقىدە ئۆلىمالىرى ئۇنى بىرقانچە ئۇقۇملار بىلەن تەرىپ قىلغان. بىز بۇنىڭدىن قىسقا ۋە يىغىنچاق بولغان بىر تەرىپنى تاللايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئىبنى ھاجىب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بەرگەن تەرىپ بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «نەسخ قىلىش كېيىن كەلگەن بىر شەرئى ھۆكۈمنىڭ دەلىلى بىلەن ئىلگىرى بېكىتىلگەن بىر شەرئى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.»

نُنسِهَا: (ئۇنتۇلدۇرساق)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «نىسيان» بولۇپ، ئەسكە ئېلىشنىڭ زىتتىنى يەنى ئۇنتۇلۇش ۋە ئۇنتۇلدۇرۇش دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. يەنى: ئۇنى دىللاردىن ئۆچۈرۈپ ئۇنتۇلدۇرۇۋەتسەك دېگەنلىك بولىدۇ.

قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «نىسيان» دېگەن سۆز ئەسلىمىدىن چىقىپ كېتىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەننىسيان ـ ئۆز پېتى تاشلىۋېتىش دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى (يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى)﴾[2] يەنى ئۇلار الله نىڭ ئەمرىنى تاشلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن الله مۇ ئۇلارنى ئازاب ئىچىدە تاشلاپ قويىدى. ﴿الله ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»﴾[3].»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنى ئۆزگەرتمەستىن ۋە ئەمەلدىن قالدۇرماستىن تەرك ئەتسەك، دېگەنلىك بولىدۇ.»

ئەزھەرى مۇنداق دەيدۇ: «"نۇنسىھا" نىڭ مەنىسى: ئۇنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇساق دېگەنلىك بولىدۇ.»

---

[1] سۈرە نەھل 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 126 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «”نۇنسىها“ يەنە بىر قىرائەتتە «نەنسەئۇھا» دەپ ئوقۇلغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «نەسەئ» بولۇپ، كېچىكتۈرمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇنى لەۋھۇلمەھفۇزدا كېچىكتۈرسەك، نازىل قىلمىساق دېگەنلىك ياكى ئۇنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنىمۇ ۋە لەۋزىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە يىراقلاشتۇرساق دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئىككىلا خىل ئوقۇلۇشنىڭ مەنىسى بىرلىشىدۇ.»[1]

بِخَيۡرٖ مِّنۡهَآ: (ئۇنىڭدىن ئارتۇق)، يەنى ئۇ، ئاسانلىقتا ۋە يەڭگىللىكتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسى: بەندىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياكى ئۇلارغا ھازىرمۇ ۋە كېيىنمۇ پايدىلىق بولغان ئايەتنى كەلتۈرۈمىز دېگەنلىك بولىدۇ.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى ئىنسانلار! ئەگەر نەسخ قىلغۇچى ئايەتنىڭ ھۆكمى يەڭگىلرەك بولسا ئۇ سىلەر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدە پايدىلىق، ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكمى ئېغىرراق بولسا ئۇ سىلەر ئۈچۈن كېلەچەكتە پايدىلىق. ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكمى ئوخشاش بولسا ھازىرمۇ ۋە كېيىنمۇ ئوخشاش پايدىلىق بولغان ئايەتنى كەلتۈرىمىز، دېگەنلىك بولىدۇ.»[2]

وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ : (ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر)، ”ۋەلى“ يېقىن كىشى، دوست ۋە ئىش ئىگىسى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولغان كىشىمۇ ۋەلى دەپ ئاتىلىدۇ. ”نەسىر“ ياردەم قىلغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەرگە سىلەرنى ئازابتىن قوغداپ قالىدىغان ياردەمچى بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

يَتَبَدَّلِ ٱلۡكُفۡرَ : (كۇفرىغا تېگىشسە)، بۇ ئايەتتىن ئىماننىڭ ئورنىغا كۇفرىنى ئىختىيار قىلىش يەنى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشىش دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار ھىدايەتنى گۇمراھلىققا، مەغپىرەتنى ئازابقا، (يەنى جەننەتنى دوزاخقا) تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىدامىلىق﴾[3].

سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ: (توغرا يول)، ”سەۋائ“ ھەممە نەرسىدە ئوتتۇرۇسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ﴾[4].

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 352 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 62 ـ بەت.
[3] سۈرە بەقەرە 175 ـ ئايەت.
[4] سۈرە سافغات 55 ـ ئايەت.

”ئەسسەبىيل“ نىڭ لۇغەت مەنىسى يول بولۇپ، ئايەتتىكى مەنىسىدىن توغرا يول كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسى: كىمكى كۇپۇرلۇقنى ۋە اللە نى ئىنكار قىلىشنى تاللاپ ئىماندىن كەلتۈرۈشتىن ئارتۇق كۆرسە، ئۇ ھەقىقەتەن ھەقتىن قېيىپ كەتكەن، توغرا يولدىن ئاداشقان ۋە گۇمراھلىقنىڭ ئازگاللىرىغا چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

اللە تائالا ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغان، ۋەھيىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە ئۇنى يامان كۆرگۈچىلەرگە يىغىنچاق ۋە ئوچۇق قىلىپ رەددىيە بەرگەندىن كېيىن بۇ جايدا نەسخ قىلىشنىڭ سىرىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭغا تەنە قىلغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى بەربات قىلغان. اللە تائالا بەندىلەرنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسىنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاندىن ئۇنى قىلىشتىن چەكلەشتە ئۇلارغا ياخشىلىق كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن چەكلەيدۇ. اللە بەندىلەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە يولغا قويۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەھكاملارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەھكاملار ۋەزىيەت، زامان ۋە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭدا اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، ئۇنىڭغا ئىتىراز بىلدۈرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق﴾ يەنى قانداقلا بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتسەك ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىشنى تەرك ئېتىپ ئۆز پېتى قالدۇرۇپ قويساق، ئۇنىڭ ئورنىغا سىلەر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدە ياكى كېلەچەكتە ياخشىراق بولغان يەنى سىلەردىن بىرەر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ياكى سىلەرگە ئەجىر بىلەن ساۋابنى زىيادە قىلىپ بېرىدىغان بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى كەلتۈرىمىز ۋە ياكى بەندىلەر ئۈچۈن پايدىسى ئوخشاش بولغان ئايەتنىڭ ھۆكمىنى كەلتۈرىمىز.

ئى ئىنسانلار! اللە نىڭ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەر نەرسىگە قادىر، ياخشى ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلغۇچى، بەندىلىرىنى ھاياتنىڭ تۈرلۈك ئىشكەللىرىدىن ۋە زۇلۇملىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ توغرا ۋە ئادىل دىنىنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟!

اللە نىڭ ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتىشنى ھەرگىز ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ياكى ئۇنىڭ پايدىلىق نەرسىلەرنى ئالدىن بىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلاپ

www.munber.org

قالماڭلار. اللە ھۆكۈملىرىنى پەقەت بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ پادىشاھتۇر، مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ئۇ خالىغان ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ، خالىغان نەرسىگە بۇيرۇيدۇ. ئۇ ھۆكۈملىرىنى ئۆزى خالىغان رەۋىشتە ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرگە اللە دىن باشقا ئىشلىرىڭلارنى ھىمايە قىلىدىغان نە دوست، ياردەم قىلىدىغان نە ياردەمچى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىلەر اللە دىن باشقىغا ئىشەنمەڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى ـ ھە!

ئى مۆمىنلەر! ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭدىن سورىغان سوئالغا ئوخشاش سوئالنى سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سورىماقچىمۇ؟! ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار خۇددى ئۇلار ئېزىپ كەتكەندەك سىلەرمۇ ئېزىپ كېتىسىلەر. سىلەرمۇ پەيغەمبىرىنى ئۇسال كەيپىياتقا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە چوڭچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن سوئال سورىغان يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿بىزگە اللە نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن﴾[1] دېگەن ۋە تەلەپ قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىپ: ﴿بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن﴾[2] دېگەن. پەيغەمبىرىڭلارغا تەرسالارچە مۇئامىلە قىلىشىڭلار، خىيالىڭلارغا كەلگەن سوئالنى سورىشىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئازغۇن يەھۇدىيلاردەك ئېزىپ كېتىشىڭلار سىلەرگە يارىشامدۇ؟![3]

كىمكى كۇپرىنى ئىمانغا، ھىدايەتنى گۇمراھلىققا تېگىشىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن تۈز يولدىن قېيىپ كەتكەن، توغرا يولدىن ئاداشقان، ھالاكەت ئازگاللىرىغا تىك موللاق ئېتىپ چۈشكەن ۋە ئۆزىنى اللە نىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار قىلىش بىلەن زىيان تارتقان بولىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

**1** ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە يەھۇدىيلار: مۇھەممەدنىڭ ئىشىدىن ھەيران قالمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ ساھابىلىرىنى بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن، ئاندىن ئۇلارنى ئۇ ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن، ئۇ بىر كۈنى بىر سۆزنى قىلىدىكەن، ئەتىسى ئۇنىڭدىن يېنىۋالىدىكەن، بۇ قۇرئان پەقەت مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسى بىلەن زىت كېلىپ قالىدۇ دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن:

---

[1] سۈرە نىسا 154 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەئراف 138 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە خۇددى مۇشرىكلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان بەلگىلىك دەرەخلىرى بولغىنىدەك بەلگىلىك دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سورىغان. مۇشرىكلار بۇ دەرەخلەرگە چوقۇناتتى ۋە ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئېسىپ قوياتتى. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ ۋە ئەبۇ سەئۇدنىڭ تەپسىرلىرىگە قاراڭ.

﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

2 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە مەخزۇمىي دېگەن كىشى بىرقانچە قورەيشلەر بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار: ئى مۇھەممەد! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق ۋە تاللىق بىر بېغىڭ بولسۇن، ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن شوتا بىلەن ئاسمانغا چىققىن، تاكى سەن الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ ...﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.»[2]

3 ـ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قورەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، ئەگەر كاپىر بولساڭلار ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىسرائىل ئەۋلادىغا بېرىلگەن داستىخاننىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ» دېدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ گېپىدىن يېنىۋېلىپ قايتىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ ...﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.»[3]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا قۇرئاندا نەسخ قىلىش (ئۆزگەرتىش) نى تىلغا ئالدى ۋە بەندىلەرگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان ھۆكۈمنى كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلدى. بۇ ياخشىلىق ئىككى تەرەپتىن بولۇپ، بىرى، ئىنسانلار ئۈچۈن يەڭگىلراق بولغان ئەھكاملارنى كەلتۈرۈش، يەنە بىرى ئىنسانلارغا دۇنياۋىي ۋە دىنىي ئىشلىرىدا پايدىلىق بولغان ئەھكاملارنى كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 131 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 352 ـ بەت.

[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 62 ـ بەت.

[3] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 107 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، اللە تائالا ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان بەندىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يەڭگىلرەك كەلسۇن ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولسۇن ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. مەسىلەن ئۇ ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇشنى رامىزاندا روزا تۇتۇشقا ئۆزگەرتكەندەك بىر ھۆكۈمنى ئۇنىڭدىن ئېغىرراق ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا ساۋاب كۆپ، مۇكاپات كاتتا بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن بۇ ئايەتتىكى "ئارتۇق" دېگەن سۆزدىن بەندىگە پايدىلىق بولغان نەرسىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.»

2 ـ بەزى ئۆلىمالار: ﴿ياكى ئۇنتۇلدۇرساق﴾ دېگەن ئايەتنى ئەستە تۇتۇشنىڭ زىتى بولغان ئۇنتۇلۇش مەنىسىدە ئېلىشنى رەت قىلغان. چۈنكى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس، قۇدرەتلىك اللە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالماي ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، سەن ئۇنتۇمايسەن﴾[1]. بۇ ئايەت تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىدا قىلغان تەپسىرىگە خىلاپ.

بۇنىڭ جاۋابى خۇددى ئىبنى ئەتىييە ئېيتقاندەك مۇنداق بولىدۇ: اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇلۇشنى خالىغاندا ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇشى شەرئىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن دۇرۇس. ئەمما ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاپەت بولغان ئۇنتۇلۇشتىن بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىي بولۇپ، ئۇ ئايەتلەرنى ساھابىلەرگە يەتكۈزۈشتىن بۇرۇنمۇ ۋە ئۇنى يەتكۈزگەندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ. ھەتتا ئۇنى بەزى ساھابىلار ياد ئېلىۋالىدۇ. مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر نامازدا بىر ئايەتنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «ئىچىڭلاردا ئۇبەي بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇبەي: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بار، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىشقا چۈشۈپ قالغان ئايەتنى ماڭا ئەسلەتمىدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ: ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەت بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى، لېكىن مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن.»[2]

3 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿(ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾ دېگەن ئايىتىدىكى "ئارتۇق" دېگەن سۆزدىن ئوقۇش ۋە تەرتىپتىكى ئارتۇقچىلىق ئەمەس، ئاسانلىق ۋە يەڭگىللىكتىكى ئارتۇقچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، اللە تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئارتۇق ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى مۆجىزىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىدۇر.

---

[1] سۈرە ئەئلا 6 ـ ئايەت.

[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 478 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ”ئارتۇق“ دېگەن سۆز سۈپەت بولۇپ، مەنىسى: ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئايەت يەڭگىلرەك بولسا، سىلەرگە هازىرنىڭ ئۆزىدە پايدىلىق. ئەگەر ئۇ ئېغىرراق بولسا، سىلەرگە كەلگۈسىدە پايدىلىق. ئەگەر ئۇ ئوخشاش بولسا پايدىسىمۇ ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق دېگەن ئاشۇرما دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، الله تائالانىڭ سۆزلىرى بىر - بىرىدىن ئارتۇقراق ئەمەس.»①

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاهىدلاردىن رىۋايەت قىلىنغىنىدەك، ﴿ئۇنىڭدىن ئارتۇق﴾ دېگەن ئايەت ئاسانلىق ۋە قولاي بولۇشتا ئارتۇق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرىمۇ: ئۇ ئوقۇشتا ئارتۇق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېمىگەن. چۈنكى، قۇرئاننىڭ بەزىسىنى ئوقۇش ۋە تەرتىپ ئېتىبارى بىلەن بەزىسىدىن ئارتۇق دېيىش دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭ هەممىسى مۆجىزىدۇر ۋە الله نىڭ سۆزىدۇر.»②

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ هەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قارىتىلىدۇ، لېكىن، الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە الله دىن باشقا هېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ دەلىلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمامى ۋە يېتەكچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايەتتە يالغۇز تىلغا ئېلىنغان الله تائالانىڭ: ﴿ئى پەيغەمبەر! سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە لايىق پەيتتە (يەنى پاكلىق هالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾③ دېگەن ئايىتىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىمام ۋە يېتەكچى ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ پۈتۈن ئۈممەت هۆرمەتلىك پەيغەمبىرىنىڭ شەخسىي نامى بىلەن خىتاب قىلىنغان.

مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىدا قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنى يېتىلدۈرۈش، الله نىڭ ئىلاھ ۋە كاتتا تەربىيىچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بارلىق قۇدرەتنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر ئايەتلەردىكى ئالماش ئىشلىتىلسىمۇ بولىدىغان ﴿الله نىڭ﴾ ۋە ﴿الله دىن باشقا﴾ دېگەن ئورۇنلاردا الله نىڭ ئىسمى ئاشكارا تىلغا ئېلىنغان. الله تائالانىڭ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴾ دېگەن ئايىتىمۇ مۇشۇ ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: غالىب پادىشاھلىق ۋە روشەن ئۈستۈنلۈكتىن ئىبارەت بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان تولۇق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ خاهىشى بويىچە ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ۋە يوقىتىدىغان، بۇيرۇيدىغان ۋە توسىدىغان، بۇيرۇقىغا هېچكىم قارشى چىقالمايدىغان،

---

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەهكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 62 ـ بەت.
② ئىمام جاسساسنىڭ «ئەهكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 68 ـ بەت.
③ سۈرە تالاق 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھۆكمىدىن ھېچكىم ھېساب ئالالمايدىغان اللہ نىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ دېگەنلىك بولىدۇ.»[1]

5 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە اللہ دىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى دوست بىلەن مەدەتكارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، دوست دوستىغا ياردەم بېرىشتىن ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، مەدەتكار بولسا مەدەت قىلىنغۇچىغا يات بولۇشى مۇمكىن. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئامىمىيلىق ۋە خاسلىق مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

6 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەق ئاشكارا بولغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن باتىلغا بۇرۇلۇپ كەتكەن كىشىنى قاتتىق ئەيىبلەش ۋە تاپا ـ تەنە قىلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان "ئۇ" خۇددى توغرا يولدا كېتىۋېتىپ ئاندىن ئېزىپ كەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ساماۋى دىنلاردا ھۆكۈملەرنى نەسخ قىلىش (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش) دۇرۇسمۇ؟

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ دىنىمىزدا ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئەقلى جەھەتتىن دۇرۇس، شۇنداقلا نەقلىي دەلىلگە ئاساسلانغاندىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ئەمەلىي يۈز بەرگەن دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، يەھۇدىيلار بۇنىڭغا قارشى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەقلى جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى رەت قىلغان، يەنە بەزىلىرى ئۇنى دۇرۇس دەپ قارىغان، بىراق ئۇلار نەقلىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى مەنئى قىلغان. بەزى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى رەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.»[2]

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىك ئۆلىمالىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ دۇرۇسلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىگە مۇنداق پاكىت كەلتۈرىدۇ: دەلىل ـ پاكىتلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، دەپ قارىغاندىلا ئاندىن توغرا بولىدۇ. بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ قەتئى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئان ئەلكەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 112 ـ بەت.

[2] نەسخ قىلىنىشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىگە مۇسۇلمانلار بىردەك بىرلىككە كەلگەن، بۇنىڭغا ئەبۇ مۇسلىم ئەسفەھانىدىن باشقا ھېچكىم قارشى چىقمىغان.

ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىگە كەلسەك، ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ دىنىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۈز بەرگەن. تەۋراتتا: ئادەم ئەلەيھىسسالام قىزلىرىنى ئوغۇللىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە بۇيرۇغان دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بويىچە كېيىن بۇنداق قىلىش هارام قىلىنغان.»[1]

ئىمام جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كېيىن كەلگەن، ئۆزى فىقھشۇناس ئەمەس ئالىملاردىن بىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش يوق، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدىكى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتماسلىق، كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇش تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە: چۈنكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئۇنىڭ شەرىئىتى قىيامەت كۈنىگىچە مۇستەھكەم قالىدۇ، دەيدۇ.

بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن ھەقىقەتكە مۇۋەپپەق بولۇشتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم مۇنداق سۆزنى قىلمىغان. بەلكى بۇ ئۈممەتنىڭ سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرى الله نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىدە نەسخ قىلىنغان نۇرغۇن ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يەتكەن. بۇ بىزگە ھېچ شەكلەنگىلى بولمايدىغان، تەئۋىل قىلىشقىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان دەرىجىدە نەقىل قىلىنغان. ئاتالمىش ئادەم نەسخ قىلغۇچى ۋە مەنسۇخ قىلىنغۇچى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنى زورىغا بۇرمىلاپ ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە بۇ ئۈممەت ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن چىقىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. مېنىڭ گۇمانىمچە ئۇ بۇ ھەقتە نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ پاكىتلىرىنى بىلمىگەنلىكى، سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزلىرىنى ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ نەقىل قىلغان پاكىتلىرىنى ئۇقماستىن ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن.»[2]

## ئەبۇ مۇسلىمنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئۇ مۇنداق پاكىت كەلتۈرىدۇ: الله تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمنى: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ﴾[3] دەپ سۈپەتلىدى. ئەگەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى دۇرۇس دەپ قارىساق، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە باتىل يۈزلەنگەن بولىدۇ.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 227 ـ بەت.
[2] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 68 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

2 ـ ئۇ، ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەئۋىل قىلىدۇ: بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشىغان ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى بۇ ئايەتتىكى ”نەنسەخ“ دېگەن سۆزدىن ئايەتلەرنى لەۋھۇلمەھپۇزدىن نەقىل قىلىپ يېزىش ۋە باشقا كىتابلارغا كۆچۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3 ـ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكى ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ، ئەگەر ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۈز بەرگەن تەقدىردە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئايەت كەلتۈرۈلگەن بولاتتى دېگەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى دەلىلگە مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ: مەزكۇر ئايەتتىن بۇ كىتاب قۇرئان كەرىمگە تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئالماشتۇرۇش كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدا بىر ـ بىرىگە زىت ۋە قارىمۇقارشى نەرسىلەر بولمايدۇ، دېگەن مەنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) اللہ دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[1].

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەلىللىرىگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئۇنىڭ مەزكۇر ئايەتنى تەئۋىل قىلىشى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە زىتتۇر. ئەمەلىيەتتە قىبلىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى، ئىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇش ھۆكمىنىڭ يەنە بىر ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشى قاتارلىق نۇرغۇن شەرىئەت ئەھكاملىرى مەنسۇخ قىلىنغان. بىز بۇنى اللہ خالىسا نۆۋەتتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مەنسۇخ قىلىشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىگە نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ. بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللہ تائالا: ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾ دېدى. بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2 ـ اللہ تائالا: ﴿بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا (يەنى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرگىنىمىزدە)، ــ اللہ ئۆزى نازىل قىلغاننى (يەنى شۇ ھۆكۈمدە بەندىگە نېمە مەنپەئەت ۋە ھېكمەت بارلىقىنى) ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ ــ ئۇلار: «(ئى مۇھەممەد!) سەن (اللہ قا) يالغان چاپلىدىڭ» دەيدۇ﴾[2] دېدى. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئايەتلەرنىڭ ۋە ئەھكاملارنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزگەرتىش ئايەتلەرنى

---

[1] سۈرە نىسا 82 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆتۈرۈۋېتىشنى ۋە مۇقىم قالدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى ياكى ھۆكمى كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ھەقىقەتەن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

3 ـ الله تائالا: ﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نىمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ﴾[1] دېدى، ئاندىن يەنە: ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾[2] دېدى. مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈز كەلتۈرەتتى. كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ مۇسۇلمانلار مەسجىدى ھەرام تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان.

4 ـ الله تائالا: ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشنى، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقنى ۋەسىيەت قىلسۇن﴾[3] دېدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى تولۇق بىر يىل ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن بۇ ھۆكۈمنى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا ئۆزگەرتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[4].

5 ـ الله تائالا مۆمىنلەرنى جىدالىق بولۇپ بىرى ئونغا تەڭ كېلىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ﴾[5]. ئاندىن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ﴾[6].[7]

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئايەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ھېچقانداق يول يوق. شۇڭا ئۆلىمالار ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ بارلىقىغا بىردەك بىرلىككە كەلگەن. ھەتتا ئەلى (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن) نىڭ بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «نەسىخ قىلغۇچى ئايەت بىلەن مەنسۇخ قىلىنغۇچى ئايەتنى

[1] سۈرە بەقەرە 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 240 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 234 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ئەنفال 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] يەنمۇ تەپسىلى دەلىل ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 230 ـ بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

بىلەمسەن؟» ئۇ ئادەم: «ياق» دېگەن. ئەلى: «ئۇنداقتا ئۆزەڭنى شۇنداقلا باشقىلارنى ھالاك قىلىپسەن» دېگەن.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ناسىخ ۋە مەنسۇخ بابىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى چوڭ، ئۆلىمالار ئۇنى بىلمەي قالسا، ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنى بىلىش ھۆكۈملەرنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپلىرىنى بېكىتىشتە، ھالال ۋە ھارامنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنى پەقەت بىلىمسىز ئەخمەقلەرلا ئىنكار قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىدىغان، كېيىن ئۆتكەن بەزى گۇرۇھلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئىنكار قىلغان. ئۇلارغا ئىلگىرى ئۆتكەن سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئىجماسى بىلەن پاكىت قويۇلىدۇ.»①

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل ئىگىلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلىرى مەقسەت قىلىنغانلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. ئەگەر ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەن تەقدىردە، شۇ ئىشلارنىڭ باشلىنىشىنى ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان دوختۇر شۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنگە ئوخشاش، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرى مەنپەئەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. اللە تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆزگىرىدۇ، ئىلمى ۋە ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدۇ. اللە تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ۋە ئىرادىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس②.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

قۇرئان كەرىمدىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

قۇرئان كەرىمدىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ھۆكمىنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ئىككىنچى، ئايەتنىڭ ھۆكمىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئوقۇلۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ئۈچىنچى، ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

بىرىنچى قىسىمغا كەلسەك، ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ھۆكمىنىڭ بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشقىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ مىسالى، ئون قېتىم ئېمىتىش بىلەن ئېمىلداش

---

① زەكەرىيا يۇسۇف «ئىمان ۋە ئاسارۇھۇ» ناملىق كىتابىدا قۇرئاندا ناسىخ ۋە مەنسۇخ ئايەتلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىل - پاكىتسىز ئىنكار قىلغان مۇجەددىلەر (يېڭىلىغۇچىلار) گە رەددىيە بېرىپ مەخسۇس بىر بۆلۈمدە ئۇزۇن توختالغان.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 57 - بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بولغان ئۇغۇل ـ قىزلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشىنىڭ هاراملىقىنى بايان قىلغان ئايەتكە ئوخشايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئاندا نازىل بولغان ئايەتلەر ئىچىدە "تولۇق ئون قېتىم ئېمىتىش (ئېمىلداش بولغان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشىنى) هارام قىلىدۇ" دېگەن ئايەت بار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭدىن بەش قېتىملىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بۇ ئايەت قۇرئاندا ئوقۇلۇپ تۇراتتى.»

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئاۋۋالقى بەش قېتىملىقنىڭ هۆكمى ۋە ئوقۇلۇشى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، كېيىنكى بەش قېتىملىقنىڭ ئوقۇلۇشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ هۆكمى قالغان.»[1]

ئىككىنچى قىسىمغا كەلسەك، ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ هۆكمىنىڭ قېلىشى بولۇپ، زەركەشى «ئەلبۇرهان» ناملىق كىتابىدا ئېيتقاندەك، ئەگەر ئىسلام ئۈممىتى ئۇنىڭ هۆكمىنى قوبۇل قىلسا، ئەمەل قىلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۈرە نۇردا "ئەگەر ياشىنىپ قالغان ئەر ۋە ياشىنىپ قالغان ئايال زىنا قىلسا، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار، الله غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر" دەپ ئايەت بار ئىكەنتۇق. شۇڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كىشىلەر: ئۆمەر اللهنىڭ كىتابىغا زىيادە نەرسە قوشتى دېمەيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئايەتنى ئۆز قولۇم بىلەن يېزىپ قوياتتىم.»[2]

ئىبنى هىببان ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سۈرە ئەهزاب ئۇزۇنلۇقتا سۈرە نۇر بىلەن تەڭ ئىدى. كېيىن ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئايەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.»

ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن هۆكمىنىڭ بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ هۆكمىنىڭ قېلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قىسىمنىڭ قۇرئان كەرىمدە تېپىلىشى ناهايىتى ئازدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىبادەت بىلىشى، ئەھكاملىرىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلغان.

ئۈچىنچى قىسىمغا كەلسەك، ئايەتنىڭ هۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئوقۇلۇشىنىڭ قېلىشى بولۇپ، بۇ تۈر قۇرئان كەرىمدە ناهايىتى كۆپتۇر. زەركەشى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تۈر 63 سۈرىدە تېپىلىدۇ.» ۋەسىيەت ئايىتى، ئىددەت تۇتۇش ئايىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەت، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇغان ئايەت قاتارلىقلار بۇ تۈرنىڭ مىساللىرىدۇر.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 230 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

شەيخ ھىبەتۇللاھ ئىبنى سەلامە ”ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىنغۇچى“ ھەققىدە بىر كىتاب يازغان. ئۇنىڭ كىتابچىسىنىڭ تېكىستىدە مۇنداق يېزىلغان: «بىلىڭلاركى، ئىسلام شەرىئىتىدە تۇنجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈم نامازدۇر (يەنى ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ئىككى ۋاخ ناماز ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئورنىغا بەش ۋاخ ناماز پەرز قىلىنغان)، ئاندىن قىبلىنىڭ (بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەبە تەرەپكە) ئۆزگەرتىلىشى، ئاندىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ (رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇشى)، ئاندىن مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش، كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇش، ئاخىرىدا ئۇلارنى قەيەردە تاپسا شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇش، ئاندىن ئەھلى كىتابلارغا (يەنى خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلارغا) قارشى ئۇلار جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىش، ئاندىن ئۆزئارا كېلىشىۋالغان بويىچە مىراسخور بولىدىغان ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىدە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىنى ئارىلاشتۇرىۋالماسلىقى ئۈچۈن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئالامەتلىرىنى يوقىتىش... قاتارلىق ھۆكۈملەردۇر.»

ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر پائىدە شۇكى، ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئوقۇلۇشىنىڭ قېلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

زەركەشى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئورۇندا: ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ نەسخ قىلىنىپ ئوقۇلۇشىنىڭ قېلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟ دېگەن بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن جاۋاب بېرىلىدۇ:

ئۇنىڭ بىرى، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئۇنىڭ ھۆكمىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ الله تائالانىڭ سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇلسا ساۋاب بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى مۇشۇ ھېكمەت ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان.

يەنە بىرى، ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كۆپىنچە ئەھۋالدا يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بولىدۇ. جاپالىق ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت نېمەتنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى قالدۇرۇلدى. مۇشۇنداق بولغاندا مۇسۇلمانلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئەسلىيەلەيدۇ.»[1]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### قۇرئان سۈننەت (يەنى ھەدىس) بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلامدۇ؟

ئۆلىمالار قۇرئاننىڭ قۇرئان بىلەن، سۈننەتنىڭ سۈننەت بىلەن، مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ مۇتەۋاتىر ھەدىس بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. لېكىن ئۇلار

[1] ئىمام زەركەشىنىڭ «ئەلبۇرھان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

قۇرئان قۇرئان ئەمەس نەرسە بىلەن، مۇتەۋاتىر ھەدىس مۇتەۋاتىر ئەمەس نەرسە بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلامدۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىدە بىر قانچە قاراشتا بولغان.

ئىمام شافىئىي قۇرئاننى نەسخ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم قۇرئان بولۇشى كېرەك، قۇرئاننىڭ سۈننەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار قۇرئاننىڭ قۇرئان بىلەن، شۇنداقلا پاك سۈننەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھەممىسى الله تائالانىڭ ھۆكمىدۇر ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر.

## ئىمام شافىئىينىڭ دەلىللىرى

ئىمام شافىئىي الله تائالانىڭ: ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ قۇرئان سۈننەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ، دېگەن. ئۇ بۇ ئايەتنى بىرقانچە تەرەپتىن دەلىل قىلغان:

بىرىنچىدىن الله تائالا: ﴿كەلتۈرىمىز﴾ دەپ كەلتۈرۈش دېگەن سۆزنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى. مانا بۇ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ھۆكۈمنىڭ پەقەت قۇرئان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن الله تائالا: ﴿(ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق﴾ دېدى. ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ھۆكۈم پەقەت قۇرئان بولغاندىلا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، سۈننەت قۇرئاندىن ئارتۇق بولالمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، الله تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿الله نىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟﴾ دېدى. بۇ ئايەت ئەنە شۇ ئارتۇق ئايەتنى كەلتۈرگۈچىنىڭ ھەممە ياخشى ۋە ئارتۇق نەرسىلەرنى كەلتۈرۈش قۇدرىتىگە ئىگە زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ زات ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇر.

تۆتىنچىدىن الله تائالا: ﴿بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا (يەنى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرگىنىمىزدە)...﴾[1] دېدى يەنى الله ئالماشتۇرۇشنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى. ئۇ نۇرغۇن ئايەتلەرنى شۇنداق قىلغان. بۇ دەلىل ئىمام شافىئىينىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر[2].

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار قۇرئاننىڭ سۈننەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىرقانچە دەلىل كۆرسىتىدۇ، بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

[1] سۈرە نەھل 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىينىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 59 ـ بەت.

www.munber.org

بىرىنچى، الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت ۋەسىيەت ئايىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلىش يوق» دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مانا بۇ ئايەتنى سۈننەتلا ئەمەلدىن قالدۇرغان.

ئىككىنچى، الله تائالانىڭ: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾[2] دېگەن سۆزىدە كۆرسىتىلگەن دەررە ئۇرۇش توي قىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈم پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق كىشىلەرنى دەررە ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

ئۈچىنچى، كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: گەرچە ئىسمىلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، قۇرئاندىكى ۋە سۈننەتتىكى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ھۆكمىدۇر ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن بېكىتىلگەندۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[3].

تۆتىنچى، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كەلتۈرگەن دەلىلگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بۇ دەلىل ئوچۇق ئەمەس، چۈنكى، ھۆكۈملەرنىڭ ئارىسىدا ئارتۇقلۇق مەۋجۇت بولىدۇ. الله نىڭ بەندىلەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى بىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ بۇ پايدىلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى ۋە داۋاملىشىدىغان مۇددەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېتىبارى بىلەن نەسخ قىلغۇچى ھۆكۈم مەنسۇخ قىلىنغۇچى ھۆكۈمدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بىر ئايەتنىڭ لەۋزى يەنە بىر ئايەتتىن ئارتۇق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئىش شۇنداق ئىكەن، گەپنىڭ خۇلاسىسى نەسخ قىلغۇچى قۇرئان بولسۇن ياكى سۈننەت بولسۇن نەسخ قىلغۇچى ھۆكۈم مەنسۇخ قىلىنغۇچى ھۆكۈمدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، ھەممىسى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بەندىلەرگە نېمىنىڭ قايسى ۋاقىتتا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچى الله نىڭ بەلگىلىگەن ھۆكۈملىرىدۇر.

### كۈچلۈك قاراش

ئاخىرقى نۇقتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق ۋە ئارتۇقلۇق ھۆكۈملەرنىڭ ئېغىر ۋە يېنىكلىكىنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە 180 ـ ئايەت.
② سۈرە نۇر 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە نەجم 3 ـــ 4 ـ ئايەتلەر.

ھەر خىل بولۇش ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. ئۇسۇل ئىلمىدە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ئەتراپلىق سۆزلەنگەن.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

بىر ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن جاپالىقراق ۋە ئېغىرراق ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشى دۇرۇسمۇ؟

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر بىر ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن ئېغىرراق ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: اللە تائالانىڭ: ﴿(ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾ دېگەن ئايىتى ئۆزگەرتىلگەن ھۆكۈمنىڭ ئېغىرراق بولۇشىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى، ئېغىرراق ھۆكۈم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولالمايدۇ.

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: مەزكۇر ئايەتتىكى "ئارتۇق" دېگەن سۆزدىن نېمىشقا ئاخىرەتتە ساۋابى كۆپ بولىدىغان مەنە كۆزدە تۇتۇلمىغىدەك؟

بىر ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن ئېغىرراق ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مىساللار شۇكى، اللە تائالا زىناخورلارنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ جازالاش ھۆكمىنى دەررە ئۇرۇش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش ھۆكمىگە، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش ھۆكمىنى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ھۆكمىگە ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى سەپەرگە چىقمىغانلار ئۈچۈنمۇ پەرز ناماز ئىككى رەكئەت ئىدى، اللە تائالا بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۆت رەكئەتكە ئۆزگەرتتى.

ئەگەر سەن بۇ ھەققەتنى تونۇپ يېتەلىسەڭ، بىز مۇنداق دەيمىز: بىر ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن ئېغىرراق ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ئەمەلىي يۈز بەرگەنلىكى مەزكۇر مىساللاردا ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئەمما بىر ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن يەڭگىلرەك ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە كەلسەك، ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ھۆكمى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا، كېچىدە مەجبۇرىي ئوقۇلىدىغان ناماز ئىختىيارىي ھالدا ئوقۇلۇشقا ئۆزگەرتىلدى. بىر ھۆكۈمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشىگە كەلسەك، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلدى.»[1]

## بەشىنچى ھۆكۈم

ئەمەلدىن قالدۇرۇش خەۋەرلەردە يۈز بېرەمدۇ؟

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 232 ـ بەت.

www.munber.org

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارغا خاستۇر، اللہ تائالانىڭ يالغان سۆزلىشىنىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۈچۈن خەۋەرلەر ناسىخ ۋە مەنسۇخ قاتارىغا كىرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەزىلەر مۇنداقمۇ قارايدۇ: اللہ تائالانىڭ: ﴿(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىزە يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش ئەگەر خەۋەر شەرئىي ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭ ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىنىشى دۇرۇستۇر.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ: ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق﴾ دېگەن سۆزىدىن قانداقلا بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئۇنىڭدىن باشقا بىر ھۆكۈمگە ئالماشتۇرساق ۋە ئۆزگەرتسەك دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، ھالالنىڭ ھارامغا، ھارامنىڭ ھالالغا، رۇخسەت قىلىنغان نەرسىنىڭ چەكلەنگەن نەرسىگە، چەكلەنگەن نەرسىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان نەرسىگە ئۆزگەرتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىش پەقەت بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن، توختىتىپ قويۇلغان ۋە قويۇۋېتىلگەن، توسۇلغان ۋە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلاردا بولىدۇ. ئەمما خەۋەرلەردە ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىش بولمايدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىشنىڭ ھەممىسى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات دەۋرىدە بولغان. ئۇ ۋاپات بولغان ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىشنىڭ يوقلىقىغا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىجما قىلغان (يەنى بىرلىككە كەلگەن). ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى ۋەھيى توختىغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجما ئارقىلىق بىلەن ھۆكۈم ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىنمايدۇ. بۇنى مۇلاھىزە قىلىسىڭىز، ئىنتايىن نەپىس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.»[2]

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ھۆكۈملەرنىڭ ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىنىدىغانلىقىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

2 ـ بۇ شانلىق شەرىئەت بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا بەزى ھۆكۈملەردە ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىش يۈز بەرگەن.

---

[1] سۈرە نەھل 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 59 ـ بەت.

3 ـ خەۋەرلەردە ۋە قىسسىلەردە ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىش بولمايدۇ. ئۇ پەقەت هالال ۋە هارامغا دائىر ئەھكاملاردىلا بولىدۇ.

4 ـ هۆكۈملەرنى يولغا قويغۇچى الله تائالادۇر، ئۇ بەندىلىرىگە پايدىلىق ۋە ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

5 ـ الله تائالا پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭ هۆكمى ۋە ئەمرىگە خاتىرجەملىك بىلەن بويسۇنۇش ۋاجىپتۇر.

6 ـ مۇسۇلمانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خۇددى يەھۇدىيلار پەيغەمبەرلىرىدىن تەرسالىق قىلىش مەقسىتىدە سوئال سورىغاندەك تەرسالىق قىلىش مەقسىتىدە سوئال سورىشى لايىق ئەمەس.

7 ـ توغرا يولدىن قېيىپ ئازغۇنلارنىڭ يولىغا مېڭىش بەختسىزلىككە ئۇچراشنىڭ سەۋەبىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ هېكمىتى

بۇ شانلىق شەرىئەت زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ هەر زامان ۋە هەر ماكانغا ماس هالدا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن... بەندىلەرنىڭ ئەنە شۇ شەرىئەت تەكلىپلىرىنى زېرىكىشلىك ياكى خاتىرجەمسىزلىك هېس قىلماستىن، شۇنداقلا جاپالىق ياكى ئېغىرلىق هېس قىلماستىن قوبۇل قىلىشقا تولۇق تەييارلىق هالىتىدە تۇرۇشى ئۈچۈن ۋە بۇ شانلىق شەرىئەتنىڭ الله ئىرادە قىلغان شەكىلدە كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق كەلتۈرۈدىغان، قىيىن ۋە چۈشىنىكسىز بولمىغان، شۇنداقلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەيدىغان ۋە هەددىدىن ئارتۇق يۇك يۈكلىمەيدىغان ئادىل بىر شەرىئەت بولۇشى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ ئەھكاملارنى «تەدرىجىي يولغا قويۇش» ئۇسۇلى بىلەن يولغا قويۇپ بەرگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەھكاملار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. بۇ مەنپەئەت زامان ۋە ماكاننىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن هەرخىل بولىدۇ. ئەگەر بىرەر هۆكۈم مەلۇم بىر ۋاقىتتا يولغا قويۇلسا، دېمەك ئۇ ۋاقىتتا شۇ هۆكۈمگە قاتتىق ئېهتىياج بولغان بولىدۇ. ئەنە شۇ ئېهتىياج تۈگىگەندىن كېيىن هېكمەت ئۇ هۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يەنە بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇن بىر هۆكۈمگە ئۆزگەرتىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بۇ هۆكۈم بەندىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. بۇ مىسال كېسەل ئۈچۈن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگۈرۈشى، ماسلىشىشچانلىقى ۋە تەسىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا قاراپ تاماق ۋە دورىلارنى ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان دوختۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

www.munber.org

پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا اللە نىڭ رەھمىتى بولسۇن!) مەنىۋى دوختۇرلاردۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى زامان ۋە ماكانلارنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئەگىشىپ ھەرخىل يولغا قويۇلغان ۋە ھۆكۈملەر «تەدرىجىي يولغا قويۇش» يولى بىلەن كەلگەن. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن بەدەنگە داۋا ۋە شىپا بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. شەرىئەتتىن بىر ۋاقىتتا پايدىلىق بولغان ھۆكۈم يەنە بىر ۋاقىتتا زىيانلىق بولۇپ قېلىشى، بىر ئۈممەتكە پايدىلىق بولغان نەرسە يەنە بىر ئۈممەتكە پايدىسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە نىڭ ھۆكمىدۇر.

جەمالۇددىن قاسىمى «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ھەممىنى ياراتقۇچى، بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللە ئەرەب مىللىتىنى 23 يىل جەريانىدا تەدرىجىي تەربىيىلىدى. مۇشۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئىجتىمائىي سۈركۈلۈشنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەسىرلەر كېتەتتى. شۇڭا ئۇلارغا بېكىتىلگەن ھۆكۈملەر ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتا يولغا قويۇلغان. ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئاشقانسېرى اللە ئۇلارغا بېكىتكەن ھۆكۈمنى باشقا ھۆكۈمگە ئۆزگەرتكەن. بۇ ھەممىنى ياراتقۇچى اللە نىڭ ھەربىر بەندىسىگە ۋە بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش شەكىلدە تۇتقان يولىدۇر.

ئەگەر سەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بارلىق مەۋجۇداتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ماددىي ۋە ئەخلاقىي ئىشلاردا ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىلىشنىڭ تەبىئىي ھېس قىلىنىدىغان قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت ھۆجەيرىسىنىڭ تۆرەلمە باسقۇچىغا، ئاندىن بوۋاق ھالىتىگە، ئاندىن ئۆسمۈرلۈك ھالىتىگە، ئاندىن يىگىتلىك ھالىتىگە، ئاندىن قىرانلىق ھالىتىگە، ئاندىن قېرىلىق ھالىتىگە يۆتكىلىشى ۋە بۇ باسقۇچلاردىن ھەر بىر باسقۇچنىڭ مۇئەييەن مۇددىتىنىڭ بارلىقى ساڭا بارلىق مەۋجۇداتلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەبىئىي ئەمەلگە ئاشىدىغان قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ئەڭ روشەن شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىكەنۇ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ ئۈممەت ئىچىدىكى بىرەر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يەنە بىر ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىشنى قانداق ئىنكار قىلغىلى بولسۇن!

ئەقىللىق بىر ئىنسان، ئەرەبلەر باشلانغۇچ دەۋرىدىكى بىر ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىياتى ۋە كامىل ئىنسان بولۇشنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان مەرتىۋىدە سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىشنى ھېكمەت دەپ قارامدۇ؟

ئەقىللىق ئىنسان مۇنداق قىلىشنى ھېكمەت دەپ قارىمايدىكەنۇ، قانداقمۇ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى الله نىڭ بۇ ئۇممەتنى پەقەت ياشلىق ۋە قۇرانلىق دەۋرىدە ئۇستىگە ئالالايدىغان ئىشلارنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۇستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلىشى دۇرۇس دەپ قارايدۇ؟

ئىككى ئىشنىڭ قايسىسى ياخشى؟ بىزگە چەك ـ چېگرىلىرىنى الله ئۆزى بېكىتىپ بەرگەن، ئۆز ئىلمى بىلەن ئۇنىڭدىن خالىغان نەرسىنى مەنسۇخ قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، ئىنسان قايسى ھالەتتە بولسۇن ئۇنىڭدىن يوچۇق تاپالمايدىغانلىقى ئۇچۇن ئىنسانلار ۋە جىنلار بىرلىشىپمۇ ئۇنىڭدىن بىر ھەرپ چاغلىق نەرسىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدىغان شەكىلدە تاماملىغان شەرىئىتىمىز ياخشىمۇ، ياكى پوپلار ئۆزگەرتىۋەتكەن، ھۆكۈملىرىنى مەۋجۇتلۇقتىن قالدۇرىۋەتكەن، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ تەقەززالىرىغا ھەر تەرەپتىن زىت كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان باشقا دىنىي شەرىئەتلەر ياخشىمۇ؟ »[1]

[1] جەمالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 219 ـ بەت.

# نامازدا كەبىگە يۈز كەلتۈرۈش

﴿ ۞ سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمۡ عَن قِبۡلَتِهِمُ ٱلَّتِي كَانُواْ عَلَيۡهَاۚ قُل لِّلَّهِ ٱلۡمَشۡرِقُ
وَٱلۡمَغۡرِبُۚ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ١٤٢ وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ
شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ وَمَا جَعَلۡنَا ٱلۡقِبۡلَةَ ٱلَّتِي كُنتَ عَلَيۡهَآ إِلَّا لِنَعۡلَمَ
مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِۚ وَإِن كَانَتۡ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۗ وَمَا كَانَ
ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٞ ١٤٣ قَدۡ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجۡهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ
فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبۡلَةٗ تَرۡضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ
شَطۡرَهُۥۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ
١٤٤ وَلَئِنۡ أَتَيۡتَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٖ مَّا تَبِعُواْ قِبۡلَتَكَۚ وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٖ قِبۡلَتَهُمۡۚ وَمَا
بَعۡضُهُم بِتَابِعٖ قِبۡلَةَ بَعۡضٖۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ إِنَّكَ إِذٗا لَّمِنَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ١٤٥ ﴾

﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) اللە نىڭدۇر، اللە خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ». شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئارقىسىغا يېنىۋالغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. اللە ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. اللە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. اللە كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە

يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم بىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس. كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىلنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە بويسۇنمايدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايسەن؛ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ھەم ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ قىبلىسىگە بويسۇنمايدۇ. ساڭا ئىلىم (يەنى ۋەھيى) كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم زۇلۇم قىلغانلاردىن بولىسەن﴾.

ـ سۈرە بەقەرە 142 ــ، 143 ــ، 144 ــ، 145 ــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

اَلسُّفَهَآءُ: (ئەخمەق كىشىلەر)، ئۇ «ئەسسەفھ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەسسەفەھ» بولۇپ، زىرەك ئەمەس، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئەقلىنىڭ كامىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دۆتلۈك ۋە ھاماقەتلىك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَلّٰهُم: (ئۆرۈگۈزگەن)، بۇ سۆز بۇرىۋەتمەك، يۈز ئۆرۈگۈزمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ سۆزنى قىلغۇچىلار مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دېگەن.

قِبْلَتِهِم: (قىبلىسىدىن)، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ قىبلىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. قىبلە ئەسلىدە يۈز كەلتۈرگەن تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن ئۇ ئىنسانىنىڭ نامازدا تۇرۇپ يۈز كەلتۈرگەن تەرەپنى كۆرسىتىدىغان خاس ئىسىم بولۇپ قالغان.

وَسَطًا: (توغرا يول)، بۇ سۆز ئادىل، ئوتتۇراھال ۋە ياخشى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللە تائالا مۇشۇ مەنىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): سىلەر نېمىشقا اللە قا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم؟ دېدى﴾[1] يەنى بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ياخشىسى ۋە ئادىلراقى، دەپ كەلدى.

عَقِبَيْه: (ئارقىسىغا)، ئۇ «ئەقەب» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىلىك ئىشلىتىلىشىدۇر. ئەقەب پۇتنىڭ سوڭىكى دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتىنىڭ مەنىسى بىزنىڭ قىبلىنى ئۆزگەرتىشىمىز كىمنىڭ ئىمان ئۈستىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ ئىلگىرىكى گۇمراھلىقىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

[1] سۈرە قەلەم 28 ـ ئايەت.

www.munber.org

لَكَبِيرَةً: (ئېغىردۇر)، بۇ سۆز ئەلۋەتتە جاپالىق ۋە ئېغىر تۇيۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ: (مېھرىباندۇر ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر)، رەئۇفنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەررەئفە» بولۇپ، رەھمەت مەنىسىنى بېرىدۇ. لېكىن رەئفە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. رەھمەت مەنىسىدىكى «ئەررەھمە» بولسا ئاممىباب، بولۇپ يامان كۆرۈلىدىغان ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تَقَلُّبَ وَجْهِكَ: (قايتا ـ قايتا قارىغانلىقىڭنى)، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى تىلەپ ئاسمانغا قايتا ـ قايتا قارىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئاسمان ۋەھيىنىڭ مەنبەسى ۋە دۇئانىڭ قىبلىگاھىدۇر. ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز سېنىڭ قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشى ئۈچۈن ۋەھيى نازىل بولۇشىنى تىلەپ ئىشتىياق بىلەن ئاسمان تەرەپكە قايتا ـ قايتا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز، دېگەنلىك بولىدۇ.

فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً: (سېنى چوقۇم قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز)، بۇنىڭ مەنىسى: سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز، دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ اللە تائالا تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئۇنى ئۇ ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىدىغانلىقى بىلەن ئالدىن بېرىلگەن خۇش خەۋەردۇر.

شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ: (مەسجىد ھەرام تەرەپكە)، شەتر لۇغەتتە تەرەپ مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇ يەنە يېرىم دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىپ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن. ئايەتنىڭ مەنىسى يۈزىڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە يەنى كەبە تەرەپكە يۈزلەندۈرگىن، دېگەنلىك بولىدۇ.

أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ: (كىتاب بېرىلگەنلەر)، بۇ سۆز كىتاب بېرىلگەنلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلاردىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئالىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىتابتىن تەۋرات بىلەن ئىنجىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرى يۈز كەلتۈرۈپ كەلگىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەككىدىكى چاغدا بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇۋېتتى. لېكىن، ئۇ كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، كەبە چوڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز كەلتۈرگەن قىبلىسى ئىدى. ئۆزى بولسا ئۇنىڭ دىنىنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەبە ئىككى قىبلىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى ئىدى.

يەھۇدىيلار: مۇھەممەد بىزنىڭ دىنىمىزغا قارشى ئىش قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ قىبلىمىزگە ئەگىشىۋاتىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز بولمىغان بولسا، ئۇ نامىزىدا قەيەرگە يۈز كەلتۈرۈشنى بىلمىگەن بولاتتى، دېيىشەتتى[①]. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە داۋاملىق يۈز كەلتۈرۈشنى ياقتۇرمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «اللە مېنى يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسىدىن باشقا بىر قىبلىگە يۈزلەندۈرگەن بولسا دەپ ئارزۇ قىلىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىپ ۋەھيى نازىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ھەمىشە ئاسمان تەرەپكە قارايتتى[②].

اللە تائالا مەزكۇر ئايەتلەردە قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن بۇرۇن ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلاردىن بولغان نادان ئەخمەقلەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بېرىشى، ئۇلاردىن تويۇقسىز يېتىدىغان ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئۆزىگە مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇشى، ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا قارشى كەسكىن جاۋاب تەييارلىشى، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆجىزىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىل ـ پاكىتلارنى بىلدۈرگەن.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئازغۇن ئەخمەق كىشىلەر: مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇلمۇقەددەستىن ئىبارەت قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟ نېمە ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ دېيىشىدۇ. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا: مەشرىق ۋە مەغرىب يەنى ھەممە تەرەپ اللە نىڭدۇر، اللە تائالا يېتەرلىك ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆز مۈلكىدە قانداق خالىسا شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان كىشىنى ئىككى دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈدىغان توغرا يولغا باشلايدۇ، دېگىن.

ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغىنىمىزدەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە ۋە ئۇنىڭ دىنىغا مۇۋەپپەق بولۇشنى سىلەرگىلا خاس نېسىپ قىلدۇق. شۇنىڭدەك سىلەرنى باشقا دىنلار ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدۇق، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە اللە نىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتىلار ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن توغرا دىنغا

---

[①] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.
[②] تىبرىسىنىڭ «مۇجەممەئۇلبەيان» ناملىق كىتابى، 1 جىلد 227 ـ بەت.

www.munber.org

سىلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكىڭلارغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشى ئۈچۈن سىلەرنى ئادىل ۋە ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.

ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ سېنى سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىبلە بەيتۇلمۇقەددەسنى كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغانلىقىمىز پەقەت ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرنى دىنىدا شەك قىلىدىغان، دىن دۈشمەنلىرى پەيدا قىلغان شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ شامىلىغا ئۇچراپ ئاسانلا مۇناپىق ياكى كاپىر بولۇپ كېتىدىغان، كىچىككىنە شۈبھىلەرنى كۆرۈپ دىنىدىن يېنىۋالىدىغان مۇرتەد كىشىلەردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرنىڭ ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، الله ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن سىنايدۇ.

ئى مۇھەممەد! بىز سېنىڭ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدە ۋەھيى نازىل بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ ۋە بۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. نامىزىڭدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. ئى مۆمىنلەر! سىلەرمۇ نامىزىڭلاردا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ۋە بوۋاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىدۇر.

كىتاب بېرىلگەنلەر يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ھەقىقەتەن قىبلىنىڭ مەسجىدى ھەرام تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىمانى ئاجىز مۆمىنلەرنى دىنىدا شەكلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تۈرلۈك گۇمانلارنى ۋە باتىل نەرسىلەرنى سالىدۇ. الله ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس. الله تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، دىللاردىكى نەرسىلەرگە قارىتا ھېساب ئالغۇچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە دەسلەپ ئەنسارىلاردىن بولغان ئانا تەرەپ تاغىلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ 16 ئاي بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ قىبلىسىنىڭ كەبە تەرەپ بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كەبە تەرەپكە قاراپ تۇنجى ئوقۇغان ناماز ئەسىر نامىزى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن جامائەتمۇ بىللە ناماز ئوقۇدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغان ئادەمدىن بىرى چىقىپ بىر مەسجىدنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇ مەسجىدنىڭ جامائىتى رۇكۇ قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ: اللە نى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدۇم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نامازدا تۇرغان پېتى كەبە تەرەپكە يۈزلەندى. قىبلە كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلاردىن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەر ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر بار ئىدى. بىز ئۇلار ھەققىدە نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿اللە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى①.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 16 ئاي بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئاسمانغا تولا قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار: قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىشىنى ۋە بىزنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىمىزنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگەن بولساق ياخشى بولاتتى ـــ ھە! دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿اللە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى②.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئۇلۇغ ئىگىمىز اللە تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىلگىرى يەھۇدىيلاردىن بولغان ئەخمەقلەرنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ خەۋەر تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشتىن بېرىلگەندۇر. شۇنداقلا بۇ خەۋەردە ھەددىدىن ئاشقۇچى خۇسۇمەتچىلەرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى ئۈچۈن كەسكىن جاۋاب بار.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر: يەھۇدىيلارنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىنى ئېيتىلىشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دېسەڭ، مەن بۇنىڭغا مۇنداق

① ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 141 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 189 ـ بەت. جەمالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 279 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 189 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 142 ـ بەت.

www.munber.org

جاۋاب بېرىمەن: ئۇنىڭ پايدىسى شۇكى، ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىشى قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ، ئۇنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بىلىشنىڭ ئۇ يۈز بەرگەندە ئالدىنئالا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جىددىيلىشتىن ساقلىنىشقا پايدىسى بولىدۇ. ھاجەت چۈشۈشتىن بۇرۇن تەييارلانغان جاۋاب خۇسۇمەتچىنىڭ پاكىتىنى كېسىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان غەرىزىگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ”سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى تۇغان تۇت“ دېيىلىدۇ. ئەمەسمۇ! »[1]

2 ـ قۇرئان كەرىم اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، « مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) اللہ نىڭدۇر، اللہ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ »﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلاردىن تەركىپ تاپقان ئەخمەقلەرگە كەسكىن دەلىل پاكىت بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

اللہ تائالانىڭ « تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭدۇر » دەپ بېكىتىشى تەرەپلەرنىڭ پەقەت تەرەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچقانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز سۈپىتى بىلەن قىبلە بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى اللہ تائالا بىر تەرەپنى قىبلە بولۇشقا خاس قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قىبلە بولالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىبلىنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆزگەرتىشىدە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، اللہ تائالاغا دىللار بىلەن يۈزلىنىشنىڭ ۋە تەرەپلەرگە يۈزلىنىشتە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى مۇھەممەد! ئۇلار ساڭا قانداقمۇ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان دۆت ۋە ئەقىلسىز ئەخمەقلەر ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق.

3 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدىكى ”ياخشى“ دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن ”ۋەسەتەن“ دېگەن ئەسلى ئەرەبچە ئىبارە ناھايىتى نەپىس مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇراھال ۋە ياخشى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر. ئىشتا تەلەپتىن ئېشىپ كەتكىنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش، كەم بولۇپ قالغىنى نۇقسان يەتكۈزۈش كەمچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشمۇ، نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشمۇ توغرا ۋە تۈز يولدىن قايرىلىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇ يامان ۋە ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغىنىدۇر.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: « ئۇ دىندا ئوتتۇراھال بولغانلىقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار دىنىغا پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە اللہ نىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن يەھۇدىيلارغا ئوخشاش نۇقسان يەتكۈزمىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى اللہ نىڭ ئوغلى دەپ بىلجىرلىغان ۋە ئابىدلىقتا چېكىدىن قاتتىق ئاشۇرىۋەتكەن خرىستىئانلارغا ئوخشاش ئېزىپ كەتمىدى. بەلكى ئۇلار ئوتتۇراھال ۋە نورمال يول تۇتتى. اللہ ئۇلارنى

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 148 ـ بەت.

ئۇتتۇراھال يول تۇتقانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى، چۈنكى، الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىش ئۇنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر.»[①]

4 ـ قىيامەت كۈنى بۇ ئۈممەتنىڭ باشقا ئۈممەتلەرگە گۇۋاھ بولۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەر پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىدىن تېنىۋالىدىكەن. الله پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى گۇۋاھچى قىلىدىكەن. بۇ ئۈممەت ئۇلارنىڭ دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىكەن. باشقا ئۈممەتلەر: سىلەر بىز بىلەن بىر زاماندا ياشىمىساڭلار، قانداق قىلىپ بىزنىڭ زېمىنىمىزغا گۇۋاھلىق بېرىسىلەر؟ دەيدىكەن. بۇ ئۈممەت: بىز راستچىل پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىگۈچى الله تائالانىڭ: "پەيغەمبەرلەر سىلەرگە دەۋەتنى ھەقىقەتەن يەتكۈزدى" دەپ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە ئاساسەن گۇۋاھلىق بېرىمىز، دەيدىكەن. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كەلتۈرۈلىدىكەن، الله ئۇلارنى ئاقلايدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئادىل گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىكەن.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى نۇھ ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! مانا مەن ھازىرمەن، خىزمىتىڭگە تەييارمەن، دەيدۇ. الله: دەۋەتنى يەتكۈزدۈڭمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈممىتىگە: ئۇ سىلەرگە دەۋەتنى يەتكۈزدىمۇ؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار: بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى، دەيدۇ. الله نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: سېنىڭ دەۋەتنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە كىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى: ئۇ ئۇلارغا دەۋەتنى يەتكۈزدى دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەنە شۇ ئەھۋاللار الله تائالانىڭ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ[②].

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئارقىسىغا يېنىۋالغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى﴾ دېگەن سۆزىدىكى

---

[①] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 6 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 154 ـ بەت.

[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 141 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 9 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 149 ـ بەت. سەھىھ بۇخارىغىمۇ قاراڭ.

www.munber.org

﴿ئايرىۋېلىشمىز ئۇچۇنلا ئىدى﴾ دېگەن مەنىدە ئېلىنغان ئەرەبچە «لىنەئلەمە» دېگەن لەۋزنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”كۆرۈۋېلىشىمىز ئۇچۇنلا ئىدى“ دېگەنلىك بولىدۇ دەپ بايان قىلغان.

بۇ سۆزنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسى ”بىلىۋېلىشىمىز ئۇچۇنلا ئىدى“ دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرەبلەر ”بىلىش“ نى كۆرۈشنىڭ ئورنىدا، ”كۆرۈش“ نى بىلىشنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىۋېرىدۇ[1].

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا ھەممە ئىشلارنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بىلىدۇ. «لىنەئلەمە» دېگەن ئايەتنى ”پەيغەمبىرىمنىڭ ۋە ئەۋلىيالىرىمنىڭ بىلىۋېلىشى ئۇچۇنلا ئىدى“ دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئەرەبلەردە رەئىسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى رەئىسكە نىسبەت بېرىش قائىدىسى بار. مەسىلەن: ئۆمەر ئىراق زېمىنلىرىنى پەتھى قىلدى ۋە ئۇنىڭ خىراجلىرىنى يىغدى، دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىشلارنى قىلغان ئۆمەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئادەملىرىدۇر.»[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىمانلارنى، شەكلەنگۈچى ۋە گۇمانخورلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۇچۇنلا ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن. ئۇ بۇ ئايەتتە بىلىش ئىپادىسىنى ئايرىۋېلىش ئىپادىسىدە تەپسىر قىلغان. چۈنكى، بىلگەندىلا ياخشى يامانىنى ئايرىغىلى بولىدۇ.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى بىلىشتىن ساۋاب ۋە جازاغا ئالاقىدار ھەقىقىي بىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىپادە اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) اللہ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[3] دېگەن سۆزىدىكى ئىپادىگە ئوخشايدۇ.»[4]

6 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئارقىسىغا يېنىۋالغانلاردىن﴾ دېگەن سۆزىدە بالاغەتتىكى ”كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىش“ ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، بۇ ئايەتتە دىنىدىن يېنىپ مۇرتەد بولغان كىشى ئارقىسىغا يېنىۋالغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. ئارقىسىغا يېنىۋالغۇچى ئالدىدىكى نەرسىنى تاشلاپ ئارقىغا يانىدۇ. مەزكۇر كىشىلەر ئىمان ۋە دەلىل ـ پاكىتلارنى

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 143 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 13 ـ بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 13 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 150 ـ بەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 142 ـ ئايەت.
[4] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاق» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 150 ـ بەت.

تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئارقىسىغا يېنىۋالغان كىشىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن[1].

7 ـ الله تائالا: ﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە نامازنى ئىمان دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ئىمان پەقەت ناماز بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ناماز نىيەت، سۆز ۋە ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: الله سىلەرنىڭ ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان زاماندا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەققىدە نازىل بولغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى كەبىگە ئۆزگەرتىلگەندە ساھابىلار: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشى قانداق بولار؟ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە نامازنى ئۇنىڭ نىيەت، سۆز ۋە ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئىمان دەپ ئاتىغان. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ناماز ئىماننىڭ قاتارىدىن ئەمەس، دېگەن كىشىگە رەددىيە بېرىدۇ.»[3]

8 ـ ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە (يەنى ئەرەبچە لەۋزىدە) ئىشلىتىلگەن «قد» دېگەن سۆز ئاسمانغا قاراشنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئەمەس، نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»

9 ـ تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز﴾ دېگەن ئايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن قىبلىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشنى سورىماستىن بۇ ھەقتە ۋەھيى نازىل بولۇشنى كۈتىشىدەك ياخشى ئەخلاقىنى كۆرسىتىدىغان نەپىس ئىشارەت بار.

الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئەخلاقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇ ياقتۇرىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز﴾ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرۈشتىن مەسجىدى ھەرامغا يۈز كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرىشىدە مۇنداق بىر نەچچە خىل سەۋەب بار:

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 118 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 144 ـ بەت.

www.munber.org

بىرىنچى، يەھۇدىيلارغا قارشى ئىش قىلىش، چۈنكى، ئۇلار: مۇھەممەد بىزگە قارشى ئىش قىلىدۇ، ئاندىن بىزنىڭ قىبلىمىزگە ئەگىشىدۇ، ئەگەر بىز بولمىساق ئىدۇق، ئۇ قەيەرگە يۈز كەلتۈرۈشنى بىلمەيتتى دېيىشكەن ئىدى.

ئىككىنچى، كەبە شەرىپ ناھايىتى شەپقەتلىك اللە نىڭ دوستى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىدۇر.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى جەلب قىلىش ئۈچۈن قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە ھېرىسمەن بولغان.

تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم قىلىنغان شەھەر مەككىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇ شەھەردە مەسجىدلەرنىڭ قىبلىگاھى مەسجىدى ھەرام بار. شۇڭا ئۇ قىبلىگاھ بولۇش شەرىپىنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن شەھەردىكى مەسجىدكە بولۇشىنى ياخشى كۆرگەن.

10 ـ بۇ ئايەتتە ”كەبە تەرەپكە“ دېيىشنىڭ ئورنىغا ”مەسجىدى ھەرام تەرەپكە“ دەپ ئىبارەت سۈرۈلۈشتە كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرىپىگە يۈزلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى ئەمەس، كەبە تەرەپكە يۈزلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نەپىس نۇقتا بار.

گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغانلىق ئۇنىڭ ئۈممىتىگە خىتاب قىلغانلىق بولسىمۇ، ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ دەپ ئۇنى كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە خاس ھالدا بۇيرۇشتىكى، ئاندىن: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار﴾ دەپ پۈتۈن مۆمىنلەرنى كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك بۇيرۇشتىكى سىر قىبلىنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىك ۋە كەبە يالغۇز مەدىنە ئەھلىنىڭ قىبلىسى دەپ چۈشىنىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە مەدىنىدە بۇيرۇق قىلىنغان، بۇنىڭدىن بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ باشقا يەرلەرگە نىسبەتەن يەنىلا قىبلە بولۇپ قېلىۋېرىشى چۈشىنىپ قېلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە خاس ھالدا خىتاب قىلىشى ئۇنىڭغا شەرەپ كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشىگە بولغان ئىنتىلىشىنى قوبۇل قىلغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس خىتاب قىلغاندىن كېيىن مۆمىنلەرگە ئومۇميۈزلۈك خىتاب قىلىشىغا كەلسەك، مۆمىنلەرنىڭ: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان ئىشتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىپ قېلىشىنىڭ ئېھتىمالى

بولغانلىقى ۋە قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئىنچىكە بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن مۆمىنلەرمۇ كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە خىتاب قىلىندى.»[①]

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

قۇرئان كەرىمدىكى ”مەسجىدى ھەرام“ دېگەن سۆزدىن نېمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟

”مەسجىدى ھەرام“ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدىكى بىرقانچە ئايەتتە شۇنداقلا ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنىدى، بۇنىڭدىن ھەرخىل مەنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىرىنچى، كەبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا: ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ يەنى كەبە تەرەپكە قىلغىن دېگەن.

ئىككىنچى، مەسجىدى ھەرامنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى مەسجىدى ھەرامدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.»[②] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مەسجىدى ھەرام، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدلەرنى كۆزلەپ سەپەر قىلىنمايدۇ.»[③]

ئۈچىنچى، مەككە مۇكەررەمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللە (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى﴾[④] يەنى بۇ سەپەر مەككە مۇكەررەمەدىن باشلانغان. ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى﴾[⑤] يەنى كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى مەككە مۇكەررەمەگە كىرىشتىن توسقان.

تۆتىنچى، ھەرەمنىڭ ھەممىسى يەنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كاپىرلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن جايلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۇشرىكلار (اللە نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن)

---

① جەمالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 300 ـ بەت.
② ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
③ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلغان.
④ سۈرە ئىسرا 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ سۈرە فەتھ 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن﴾[1]. بۇ ئايەتتىن كاپىرلارنى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىز توختىلىۋاتقان مەزكۇر ئايەتتىكى مەسجىدى ھەرامدىن كەبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى نامازدا يۈزۈڭنى كەبە تەرەپكە قىلغىن، دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرىپىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپمۇ، ياكى كەبە تەرەپكىلا يۈز كەلتۈرۈش يېتەرلىكمۇ؟

قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر. قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەستىن ناماز ئادا تاپمايدۇ. پەقەت قورقۇنچ ۋە خەتەرلىك ھالەتلەردە ئوقۇلىدىغان ناماز، ئۇلاغ ياكى كېمە ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان نەپلە ناماز بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلاغ ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئۇلىغى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە، شۇ تەرەپ ئۇنىڭ قىبلىسى بولىۋېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۆگە قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپكە يۈزلىنىپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى.» بۇ ھەقتە يەنە: ﴿قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ اللە نىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان.

بۇنىڭدا ئۇلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. لېكىن ئىختىلاپ كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرىپىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپمۇ، ياكى كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرسە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپ، دەپ قارايدۇ.

ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەبىدىكىلەر كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى كەبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان ھالەتتە بولمىسا، ئۇنىڭ كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشى يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى كەبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان ھالەتتە بولسا، پۈتۈن ئۆلىمالار ئۇنىڭ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرمىسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن.

بىرىنچى قاراشتىكىلەر: كەبىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ھالەتتىكى كىشى چوقۇم كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشى كېرەك، كەبىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتتىكى كىشى چوقۇم كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ دەل ئۆزى تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەنلىكىنى

---

[1] سۈرە تەۋبە 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەقسەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى قاراشتىكىلەر: كەبىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتتىكى كىشىنىڭ پەقەت كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشىنىڭ يېتەرلىكتۇر دەپ قارايدۇ.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەزھەبلىرىگە قۇرئان كەرىمدىن، سۈننەتتىن ۋە قىياستىن مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن:

1 ـ قۇرئان كەرىمدىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ دېگەن ئايەتتۇر. ئۇلار بۇ ئايەتنى، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان «ئەششەتر»، يەنى ”تەرەپ“ دېگەن سۆزدىن ناماز ئوقۇغۇچىغا ئۇدۇل كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئالامەت بولىدىغان تەرەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن.

2 ـ سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كىرگەندە ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ھەممە يېرىدە دۇئا قىلدى، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇمىدى. ئۇنىڭدىن چىققاندىن كېيىن كەبىنىڭ ئالدىدا كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە: بۇ قىبلىدۇر، دېدى.»

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز ئەلھەسىر»، يەنى ”نۇقتىنى مۇئەييەن بىر نەرسىگە قارىتىش“ نى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرەپتىن باشقا تەرەپنىڭ قىبلە بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

3 ـ قىياستىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ناھايىتى مۇبالىغە قىلىپ ئۇلۇغلىشى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ئىشتۇر. ناماز دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىبادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشكە باغلىق بولۇپ، بۇ كەبىنىڭ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇڭا كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپ بولغان.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: كەبىنىڭ قىبلە بولۇشى كەسكىن دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپنىڭ قىبلە بولۇشىدا شەك بار. نامازدا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ۋاجىپ ئىشتۇر. شۇڭا نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈش لازىمدۇر[1].

### ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

[1] تەپسىلى دەلىل ئۈچۈن تۆۋەندىكى كىتابلارغا قاراڭ: ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 128 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 146 ـ بەت. ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 99 ـ بەت.

www.munber.org

ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەزھەبلىرىگە قۇرئان كەرىمدىن، سۈننەتتىن، ساھابىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ۋە ئەقلىي دەلىللىرىگە تايىنىپ مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن:

1 - قۇرئان كەرىمدىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ زاھىرى مەنىسىدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە يۈزىڭنى كەبە تەرەپكە قىلغىن، دېمىدى. كىمكى مەسجىدى ھەرام بار تەرەپكە يۈز كەلتۈرسە، مەيلى ئۇ كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇيرۇلغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ.

2 - سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسى قىبلىدۇر.»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كەبە مەسجىدى ھەرامدىكىلەرنىڭ قىبلىسىدۇر، مەسجىدى ھەرام ھەرەمدىكىلەرنىڭ قىبلىسىدۇر، ھەرەم پۈتۈن زېمىن ئەھلىنىڭ يەنى شەرق ۋە غەربتىكى ئۈممىتىمنىڭ قىبلىسىدۇر.»[2]

3 - ساھابىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى بولۇپ، مەدىنىدە قۇبا مەسجىدىنىڭ جامائىتى بامدات نامىزىنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۈزلەنگەن، كەبە تەرەپكە ئارقىنى قىلغان ھالەتتە ئوقۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارغا: قىبلە كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلدى، دېيىلدى. ئۇلار كەبە تەرەپنى ئۇدۇل كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە تەلەپ قىلماستىن نامازدا تۇرۇپلا كەبە تەرەپكە بۇرالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى ئىنكار قىلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مەسجىدى "ئىككى قىبلىلىك مەسجىد" دەپ ئاتالدى. كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرەپنى ئىنژېنېرلارنىڭ ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان ئۈسكۈنىلىرىگە تايانغاندىلا ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ. قۇبا مەسجىدىنىڭ جامائىتى نامازنىڭ ئىچىدىكى چاغدا تۇيۇقسىز خەۋەر بېرىلگەن تۇرسا، يەنە كېلىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا قانداق قىلىپ كەبىنىڭ دەل ئۆزىنى بىلەلەيدۇ؟

4 - ئەقلگە تايانغان دەلىل بولۇپ، مەككىگە يىراق جايلاردىمۇ كەبىنىڭ دەل ئۆزىنى ئېنىق بىلىش قىيىن تۇرسا، زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى، دۇنيانىڭ يىراق جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرەلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئەگەر كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋاجىپ بولسا، شۇمۇ ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇكى، ھېچكىمنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى، شەرق ۋە غەرپتىكى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ 20 نەچچە گەز كېلىدىغان كەبىنىڭ دەل ئۇدۇلىدا تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار كەبە تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كەبىنىڭ دەل ئۆزىنى

---

[1] ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[2] بەيھەقى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 - جىلد، 146 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 145 - بەت.

تاپالماسلىقى چوقۇم. ئۆلىمالار كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇغان ھەممە ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ ئادا تاپىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بىز بۇنىڭدىن يىراق جايدىن كەبىنىڭ دەل ئۆزىنى تېپىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. ﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[①].

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ كىشىلەر مەسجىدلەرنى بىنا قىلغان. ئۇلار مېھرابنى ئۆدۈللاشتا ئىنژېنېر تەكلىپ قىلمىغان. مېھرابنى كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە ئۆدۈللاش ئۈچۈن گېئومېترىيە ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئىنچىكە قاراپ چىققاندىلا ئاندىن ئۇنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئۆلىمالاردىن ھېچ بىرى گېئومېترىيە ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز، دېمىگەن. بۇنىڭدىن كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

### كۈچلۈك قاراش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەلىللەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىلىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا بايان قىلىپ بەردۇق. ئەگەر سەن بۇ دەلىللەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقساڭ، ئىككىنچى تەرەپنىڭ يەنى ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىنىڭ كۈچلۈكرەك ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان پاكىت ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ يىراق جايلىرىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسەن. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسلىرى كەڭچىلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ.

بىرىنچى قاراشتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنىڭ قىيىن بولۇپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ كەبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن: «كەبىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ھالەتتىكى كىشىنىڭ چوقۇم كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشى پەرزدۇر. كەبىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتتىكى كىشىنىڭ چوقۇم نىيەتتە كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشى بىلەن بىرگە كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرەلىدىم دېگەننى مەقسەت قىلىش پەرزدۇر» دەپ قارىغان.

بۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى قاراشتىكىلەرمۇ كەبىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتتىكى كىشىنىڭ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەنلىكىنى، ئەگەر ئارىدىكى توساقلار يوقىتىلسا، ئۆزىنىڭ نامازدا تۇرۇپ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىشى يېتەرلىكتۇر، دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەن. بۇ قاراشتا باراۋەرلىككە مايىللىق بار. الله توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

---

[①] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام قۇرتۇبى ئۆزىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار كەبىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتتىكى كىشىنىڭ كەبىنىڭ دەل ئۆزىگە يۈز كەلتۈرۈشى پەرزمۇ ياكى كەبە بار تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشى پەرزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىنقى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىبنۇلئەرەبىي: بۇ قاراش تازا كۈچلۈك ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىگە قىلىنغان تەكلىپتۇر، دېدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت كەبە بار تەرەپكە يۈزلىنىش يېتەرلىكتۇر، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قاراش مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا توغرىدۇر:

بىرىنچى، بۇ قاراشنى تەكلىپ بىلەن بىرلەشتۈرگىلى مۇمكىن بولىدۇ.

ئىككىنچى، قۇرئان كەرىمدە شۇنىڭغا بۇيرۇلغان. چۈنكى، الله تائالا: ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ دېگەن.

ئۈچىنچى، ئۆلىمالار كەبىنىڭ كەڭلىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدىغانلىقى كەسكىن بىلىنىدىغان ئۇزۇن سەپنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.»

**ئۈچىنچى ھۆكۈم**

كەبىنىڭ ئۈگزىسى ئۈستىدە ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، قىبلە كەبىنىڭ دەل ئۆزى تەرەپمۇ ياكى كەبە تەرەپمۇ؟ دېگەن ھەقتە بايان قىلىنغان ئىختىلاپقا ئاساسەن كەبىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش دۇرۇسمۇ ياكى دۇرۇس ئەمەسمۇ؟ دېگەن ھۆكۈمدە يەنە بىر ئىختىلاپ تۇغۇلدى.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر كەبىنىڭ ئۈستىدە نامازئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققان كىشى كەبىگە يۈز كەلتۈرگەن بولماي، ئەكسىچە باشقا نەرسىگە يۈز كەلتۈرگەن بولۇپ قالىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئەدەپسىزلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر، لېكىن ناماز ئادا تېپىۋېرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەزھەبىدە قىبلە زېمىن يۈزىدىن ئاسمانىنىڭ قەھرىگىچە بولغان تەرەپنىڭ ھەممىسىدۇر.

**تۆتىنچى ھۆكۈم**

ناماز ئوقۇغۇچى ناماز جەريانىدا قەيەرگە قارايدۇ؟

مالىكىي مەزھەبىدىكىلەر: ناماز ئوقۇغۇچى نامازنىڭ ئىچىدە ئالدى تەرەپكە قارايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار (ھەنەفىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر): ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سەجدە قىلىدىغان جايىغا قارىشى مۇستەھەبتۇر دەپ كۆرسەتتى.

شەرىيكۇلقازى مۇنداق دېدى: «ناماز ئوقۇغۇچى قىيامدا تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان جايىغا قارايدۇ، رۇكۇ قىلغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىغا قارايدۇ، سەجدە قىلغاندا بۇرنى تەككەن جايغا قارايدۇ، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا قۇچىقىغا قارايدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا: ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن﴾ دېگەن. بۇ ئايەتتە ئىمام مالىكنىڭ، ناماز ئوقۇغۇچى سەجدە قىلىدىغان جايىغا ئەمەس، ئالدى تەرەپكە قارايدۇ، دېگەن ھۆكمىگە ۋە ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىگە قوشۇلغانلارغا ئوچۇق دەلىل بار.»

ئىبنۇلئەرەبىي مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇغۇچى ئالدى تەرەپكە قارايدۇ. ئەگەر ئۇ سەجدە قىلىدىغان جايىغا قارايمەن دەپ بېشىنى ئەگسە، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى قىيامدا تۇرۇشتىن ئىبارەت پەرز باش ئەزاسىدا ئورۇندالماي قالىدۇ. باش ئەڭ مۇھىم ئەزادۇر. ئەگەر ئۇ بېشىنى تۈز قىلىپ ئاندىن كۆزىنى يەرگە قاراتسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن جاپا ۋە مۇشكۇل بولۇپ قالىدۇ. اللە بىزگە دىندا مۇشكۇلچىلىك قىلمىدى.»[1]

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى توغرا قاراشتۇر. چۈنكى، ناماز ئوقۇغۇچى سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قاراپ تۇرسا، كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەن بولۇشتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سەجدە قىلىدىغان يېرىگە قاراپ تۇرۇشىنى پەقەت ئۇنىڭ نامازنىڭ ئىچىدە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىقى ۋە قەلبىدە خۇشۇنىڭ زىيادە بولۇشى ئۇچۇن مۇستەھەب دەپ قارىغان.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشى ئەخمەقانىلىق ۋە نادانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ساغلام مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

2 ـ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى يارىتىش ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتە اللە نىڭدۇر. ئۇنىڭ بىر تەرەپنى يەنە بىر تەرەپكە ئۆزگەرتىشىگە ھەرگىز ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولمايدۇ.

3 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئەڭ ئەۋزەل ئۈممەتتۇر. شۇڭا اللە بۇ ئۈممەتنى قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىققا گۇۋاھلىق بېرىشكە تاللىغان.

4 ـ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى راستچىل مۆمىننى گۇناھكار مۇناپىقتىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سىنايدىغان ئىمتىھاندۇر.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 147 ـ بەت. ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 43 ـ بەت. ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 105 ـ بەت.

www.munber.org

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئەخلاقى ئۇنى الله دىن قىبلىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدى. شۇڭا الله ئۇنىڭغا ئۇ رازى بولىدىغان نەرسە بىلەن مەرھەمەت قىلدى.

6 ـ كەبە شېرىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىدۇر. الله ئۇنىڭ بىلەن بەندىلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۇرگەن.

7 ـ ئەھلى كىتابلار يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇلار مۆمىنلەرگە پىتنە قىلماقچى بولغان.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئۇلىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان بۇ قەدىمى ئۆي كەبە پۈتۈن زېمىن ئەھلىنىڭ قىبلىسىدۇر. بۇ خۇددى ئاسمان ئەھلىنىڭ قىبلىسى بەيتۇلمەئمۇر بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاسمان ئەھلى بەيتۇلمەئمۇرنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىدۇ. الله قا تەسبىھ ۋە ھەمدى ئېيتىدۇ.

الله نىڭ ھېكمىتى الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىدىغان ئۈممەتنى بىر قىبلىگە جەم قىلىشنى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇ قەدىمى ئۆي كەبىنى، ئۇنىڭ كىشىلەر جەم بولىدىغان ۋە ئامان بولىدىغان جاي بولۇشى، ئىلاھىي مەشئەلنىڭ ۋە رەببانىي نۇرنىڭ مەنبەسى بولۇشى، ئۇلۇغ كەبىنى ھەج قىلىدىغان ئورۇن بولۇشى ئۈچۈن سېلىشقا بۇيرۇغان.

كىشىلەر ئۇنى كۆزلەپ يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن﴾[1]

الله نىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ 16 ئاي ياكى 17 ئاي ئەتراپىدا ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن الله ئۇنى نامازدا تۇرۇپ كەبە تەرەپكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سىناش، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش، راستچىل مۆمىننى يالغانچى مۇناپىقتىن ئايرىۋېلىش، الله تاللىغان بۇ ئۈممەتنىڭ ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش شەرىپى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى بۇ ئۈممەتكە قايتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله (دىنغا يارDEM

[1] سۈرە ھەج 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)...﴾[1].

كەبە شەرىپ (الله ئۇنى تېخىمۇ شەرەپلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ قىلىۋەتسۇن!) تەۋھىدنىڭ بەلگىسىدۇر، ئىماننىڭ ئىزھار قىلىنىدىغان ماكانىدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى، ناھايىتى شەپقەتلىك الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىدۇر. مىليۇنلىغان مۆمىنلەرنىڭ دىللىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ بىرلىكىنىڭ ئىزھار قىلىنىدىغان ماكانىدۇر ۋە سۆزلىرىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ سىرىدۇر. الله تائالانىڭ: ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار...!﴾ دېگىنىدەك، ئۇلارنى ئۇلار زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنىڭ قەيېرىدە بولمىسۇن نامازلىرىدا كەبە تەرەپكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار نامازدا قىبلىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىدە تۆت ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان:

بىرىنچى، بىچارە بەندە ئۇلۇغ پادىشاھ الله نىڭ سورىنىغا بارغاندا چوقۇم ئۇنىڭغا يۈزى بىلەن يۈزلىنىشى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىمەسلىكى، ئۇنىڭغا تىلى بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ھەمدۇسانا ئېيتىشى، خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ئۇلۇغ پادىشاھ الله قا يۈز كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. نامازدا ئوقۇلىدىغان قىرائەت ۋە تەسبىھلەر ئۇنىڭغا ئېيتىلغان ھەمدۇسانالارنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىلەر خىزمەت قىلغانلىقنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ناماز ئوقۇشتىن مەقسەت الله قا چىن دىل بىلەن يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يۈزلىنىش پەقەت جىم تۇرۇش، ئۇيان ـ بۇيانغا قارىماسلىق ۋە بىھۇدە ھەرىكەت قىلماسلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇلارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن نامازنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا پەقەت بەلگىلەنگەن بىرلا تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش كېرەك. تەرەپلەردىن بىرىنىڭ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈز كەلتۈرۈشكە شۇ تەرەپ خاس قىلىنسا، ئۇنىڭغا يۈز كەلتۈرۈش ئەڭ ياخشىدۇر.

---

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۈچىنچى، اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا بىرلىك بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارغا بۇ بىرلىكنى ئاتا قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، اللّٰه دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، اللّٰه نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار...﴾[①]. ئەگەر ھەر بىر ئادەم نامىزىدا خالىغان تەرەپكە يۈز كەلتۈرسە ئىدى، بۇ ئەلۋەتتە ئوچۇق ئاشكارا ئىختىلاپ بولۇش ۋەھىمىسىگە سالاتتى. شۇڭا اللّٰه تائالا ئۇلارغا ئېنىق بىر تەرەپنى بەلگىلەپ بەردى ۋە بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارغا بىرلىشىش ئىمكانى تۇغۇلسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

تۆتىنچى، اللّٰه تائالا: ﴿مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾[②] دېيىش ئارقىلىق كەبىنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ خاسلاشتۇردى، ﴿ئى مۆمىن بەندىلىرىم!﴾[③] دېيىش ئارقىلىق مۆمىنلەرنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ خاسلاشتۇردى. بۇ نىسبەت كەبە بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن خۇددى اللّٰه تائالانىڭ: ئى مۆمىن! سەن مېنىڭ بەندەم، كەبە مېنىڭ ئۆيۈم، ناماز ماڭا قىلىنغان خىزمەت. شۇڭا ماڭا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن مەن تەرەپكە دىلىڭ بىلەن، ئۆيۈم تەرەپكە يۈزۈڭ بىلەن يۈزلەنگىن دېگەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.»[④]

---

① سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ھەج 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ئەنكەبۇت 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 105 ـ بەت.

## سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش

﴿ ۞ إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلۡمَرۡوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِۖ فَمَنۡ حَجَّ ٱلۡبَيۡتَ أَوِ ٱعۡتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَاۚ وَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَإِنَّ ٱللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٥٨﴾ ﴾

﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (اللّٰه ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، اللّٰه ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1].

ــ سۈرە بەقەرە 158 ــ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلصَّفَا: (سەفا)، ئۇ لۇغەتتە ساپ ۋە سىلىق تاش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

**ٱلْمَرْوَةَ**: (مەرۋە)، ئۇ لۇغەتتە ئاق، سىلىق ۋە ئىنتايىن قاتتىق تاش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى تاش ئادەتتە مەككىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئىككى تاغنى بىلدۈرىدىغان ئېنىق ئىككى ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن.»[2]

شَعَآئِرِ ٱللَّهِ: (اللّٰه نىڭ ئالامەتلىرى)، ئۇ سۆز «شەئىيرە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە ئالامەت، بەلگە، دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ.

ئايەتتىن بۇ ئىككى جاي اللّٰه نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرى، بەلگىلىرى ۋە ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇنلىرى، دېگەن مەنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دىنىنىڭ تاۋاپ قىلىش، سەئيى قىلىش، ئەزان ئېيتىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئالامەتلىرى شەئائىر، دەپ ئاتىلىدۇ.

حَج: (ھەج)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلھەججۇ» بولۇپ، لۇغەتتە كۆزلىمەك. بىر نەرسىنى كۆزلەپ كۆپ قېتىم بارماق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 158 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 25 ـ بەت.

ئۇنىڭ شەرئىي مەنىسى: تاۋاپ قىلىش، سەئيى قىلىش، ئەرەفاتتا تۇرۇش ۋە باشقا ئەمەللەرگە ئوخشاش ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قەدىمى ئۆي كەبىنى زىيارەت قىلىشنى كۆزلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

اَعْتَمَرَ: (زىيارەت قىلىش)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلئۆمرە» بولۇپ، لۇغەتتە زىيارەت قىلماق، ئاۋاتلاشتۇرماق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. زىيارەت قىلغۇچى ئۆمرە قىلغۇچىدۇر، چۈنكى، ئۇ ئۆزى زىيارەت قىلغان ماكاننى زىيارەت قىلىش بىلەن ئاۋاتلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شەرئىي مەنىسى تاۋاپ قىلىش، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش، چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىشقا ئوخشاش مۇئەييەن پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش مەقسىتى بىلەن كەبىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆمرىدە ئەرەفاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە قونۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش فىقھى ئىلمىدە تونۇلۇپ كەلگەن پائالىيەتلەر يوق.

جُنَاحَ: (باك)، ئۇ گۇناھقا مايىل بولۇپ كېتىش، گۇناھ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ جۇناھ دەپ ئاتىلىشى ناھەق ئىشقا مايىل بولۇپ كېتىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستە جۇناھ دېگەن سۆز كۆپ قېتىم تەكرارلانغان. ئۇ سۆز ھەدىسنىڭ قەيېرىدە كەلسە، گۇناھ، گۇناھقا مايىل بولۇپ كېتىش، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئايەتنىڭ مەنىسى سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ ۋە بىئاراملىق يوق دېگەنلىك بولىدۇ.

يَطَّوَّفَ: (تەۋاپ)، ئۇ تاۋاپ قىلماق، ئايلانماق ۋە سەئيى قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئۇمۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. الله تائالا ئۇ جايلارنى بەندىلىرى ئۈچۈن شۇ جايلاردا دۇئا قىلىش، زىكرى ئېيتىش ۋە الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلسۇن، دەپ ئالامەت قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن.

سەفا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت ۋە ھەج پائالىيەتلىرىدىن بىر پائالىيەتتۇر. ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش

قىلغۇچى الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئەينى زاماندا الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾[1] دەپ، پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىگە ھەج پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سورىغاندا الله ئۇنى سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى الله نىڭ ئۆيى كەبىنى كۆزلەپ ھەج قىلىش ياكى ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلسە، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا بەھۇزۇر تاۋاپ قىلسۇن، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ سەئيى قىلىدۇ. مۇشرىكلار بولسا بۇتلار ئۈچۈن تاۋاپ قىلىدۇ. سىلەر بولساڭلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈن تاۋاپ قىلىسىلەر.

سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ مۇشرىكلارنىڭ قىلىقىغا ئوخشاپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى قىلماي قالماڭلار. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا كۈپۈرلۈق قىلغان ئاساستا سەئيى قىلىدۇ. سىلەر ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبىرىمگە ئەگەشكەن ۋە بۇيرۇقۇمغا بويسۇنغان ئاساستا سەئيى قىلىسىلەر. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى سەئيى قىلىشقاڭلار بىلەن سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كىمكى ئۇستىدىكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن نەپلە ھەج ياكى نەپلە ئۆمرە قىلسا، الله ئۇنىڭ بۇ ئىبادىتىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بۇ ئەمەلى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

**1** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭغا: «الله تائالانىڭ ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق...﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئېيتىپ بېقىڭچۇ، مەن بۇ ئايەتنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى سەئيى قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولمايدۇ، دەپ چۈشىنىمەن» دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! ئەجەپمۇ يامان سۆز قىلدىڭ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سەن چۈشەنگەندەك بولسا، «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلمىسىمۇ ھېچ باك يوق» دېيىلەتتى. لېكىن بۇ ئايەت ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان «مانات» ناملىق بۇتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى. بۇ بۇتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان كىشى سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى گۇناھ دەپ قارايتتى. كېيىن ئۇلار بۇ ھەقتە

[1] سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى گۇناھ دەپ قارايتتۇق دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللە نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى يولغا قويدى، ھېچكىمنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى تەرك ئېتىشىگە بولمايدۇ» دېگەن[1].

2 ـ ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ سەفا بىلەن مەرۋە ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشى دەپ قارايتتۇق. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن بىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تارتتۇق. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللە نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، بۇ ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ئايەت بىلەن بولغان باغلىنىشى شۇكى، اللە تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تىرىلدۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بولغان نېمىتىنى تامام قىلىش ئۈچۈن قىبلىنى كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى بىنا قىلىشى، ھاجەر ئانىمىزنىڭ سەفا بىلەن مەرۋىدىن ئىبارەت ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىشى ھەققىدىكى قىسسىدە بايان قىلىنغىنىدەك، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن ئىدى. ئىش شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا بۇ ھۆكۈمنى ئىلگىرىكى ئايەتتىن كېيىنلا بايان قىلغان.»[2]

2 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرز ياكى ۋاجىب ياكى سۈننەت تۇرسا، قانداق قىلىپ اللە تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغان كىشىگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: ئىبنى ئابباس ئېيتقاندەك، سەفا تېغىنىڭ ئۈستىدە «ئىساف» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇت، مەرۋە تېغىنىڭ ئۈستىدە «نائىلە» دەپ

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 176 ـ بەت.

www.munber.org

ئاتىلىدىغان بىر بۇت بار ئىدى. مۇشرىكلار سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغاندا بۇ ئىككى بۇتنى سىلاپ ئۆتەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى توغرا تاپمىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولۇپ ئۇلاردىن بۇ بىئاراملىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بۇتلار ئۈچۈن ئەمەس، الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەئيى قىلىدۇ.

3 ـ الله تائالا تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەستىن، ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ساۋاب ۋە مۇكاپاتنى تولۇق بېرىدۇ.

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرزمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟

فىقھشۇناس ئالىملار سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھۆكمىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراشقا كەلگەن.

1 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر. كىمكى ئۇنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ ھەججى بۇزۇلىدۇ. بۇ، شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئىمام ئەھمەدمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغان. ساھابىلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، جابىر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇنى تەرك ئەتسە ئۇنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن قان كېلىدۇ يەنى بىر قوي بوغۇزلاش لازىم بولىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام سەۋرىنىڭ قارىشىدۇر.

3 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى سۈننەتتۇر. ئۇنى تەرك ئەتسە، كەففارەت كەلمەيدۇ. بۇ، ئىبنى ئابباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قارىشىدۇر. شۇنداقلا يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئىمام ئەھمەدنىڭمۇ قارىشىدۇر.

### بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرز دېگۈچىلەر كۆپچىلىك ئۆلىمالار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بۇ سەئيى قىلىشنى سىلەرگە پەرز قىلدى.»[1]

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سەفاغا يېقىنلاشقاندا: ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن سەئيى قىلىشنى سەفادىن باشلىدى ۋە: «الله باشلىغان نەرسە بىلەن باشلاڭلار» دېدى. ئاندىن سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلدى ۋە ساھابىلارنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇپ: «ھەج پائالىيەتلىرىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار» دېدى. بۇيرۇق پەرز ئىكەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

3 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلمىغان كىشىنىڭ ھەججىنى الله تولۇق قىلمايدۇ.»[2]

4 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ھەرەم زېمىنىنىڭ بىر پارچىسىدا بەلگىلەنگەن قېتىم سانىنى ئېنىق سەئيى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەج ۋە ئۆمرىدە قىلىنىدىغان بىر پائالىيەتتۇر. شۇڭا سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاش پەرز بولغان.»

### ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرى سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنىڭ پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىپلىقىغا تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ مەزكۇر ئايەت: ﴿ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق﴾ دەپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تاۋاپ قىلغان كىشىگە گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. گۇناھنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ پەرز ئەمەس، بەلكى قىلسا بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىشى بىلەن ۋاجىپقا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇزدەلىفەدە تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، دەسلەپتە كەبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ۋاجىپ ئىشلارغا ئايلاندى. ئۇنى قىلمىسا، كەففارەتنى ئۆچۈن قان قىلىش يېتەرلىك بولىدۇ.

2 ـ شەئبىي، ئۇرۋە ئىبنى مەزرەس تائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مۇزدەلىفەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تەي تېغىدىن كەلدىم، ھېچ بىر تاغنى قالدۇرماي، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۆئەييەن مىقداردا تۇرۇپ كەلدىم، مېنىڭ ھەججىم قوبۇل بولامدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر

[1] ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ بېشى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاۋاپ قىلدى...» دەپ باشلىنىدۇ.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىز بىلەن بىللە مۇشۇ نامازنى ئوقۇغان، مۇشۇ ئورۇندا تۇرغان بولسا ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى كېچە بولسۇن ياكى كۈندۈز بولسۇن ئەرەفاتقا ئۇلگۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەججى تامام بولىدۇ، ئۇ كىرلىرىنى تازىلىسا بولىدۇ» دېدى[①].

## بۇ ھەدىس ئىككى تەرەپتىن دەلىل قىلىنىغان

بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىنمىغان ھەجنىڭ تاماملانغانلىقى بىلەن خەۋەر قىلىشى.

يەنە بىرى، بۇ سەئيى قىلىش ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرز ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس بولغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە سورىغۇچىنىڭ بۇ ھۆكۈمدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئەلۋەتتە ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولاتتى.

## ئۈچىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى سۈننەت دېگۈچىلەر تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ اللہ تائالا: ﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (اللہ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، اللہ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، اللہ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ دېدى. ئۇ بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى سۈننەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. كىمكى ئۇنى قىلمىسا، بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئۇنىڭغا ھېچقانداق كەففارەت كەلمەيدۇ.

2 ـ بىر ھەدىستە: «ھەج ئەرەفاتتا تۇرۇش بىلەن ئادا تاپىدۇ»[②] دېيىلدى. بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئەرەفاتقا ئۇلگۈرگەن كىشىنىڭ ھەججىنىڭ تامام بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەجنىڭ ھەممە جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ».

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ھەققىدە ئىمامىمىز ئەھمەدتىن ھەرخىل رىۋايەت قىلىنىغان:

ئەسرەم ئۇنىڭدىن: كىمكى سەئيى قىلىشنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ ھەججى ئادا بولمايدۇ، دەپ رىۋايەت قىلغان.

---

① ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 111 ـ بەت.

② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 180 ـ بەت. ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 111 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 47 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 167 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 25 ـ بەت.

ئەبۇ تالىب: سەئيى قىلىشنى قەستەنلىكتىن ياكى سەۋەنلىكتىن تاشلاپ قويسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنى تاشلاپ قويۇش توغرا ئەمەس، دەپ رىۋايەت قىلغان.

مەيمۇنى: سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ دەپ رىۋايەت قىلغان.

### كۈچلۈك قاراش

«مۇغنى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈردى ۋە: «بۇ قاراش ئەۋزەلدۇر، چۈنكى، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى ۋاجىپ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى بۇ سەئيىنى قىلمىسا ھەج تامام بولمايدۇ دېگەنلىكنى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ شەرتسىز ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزى ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلغان ساھابىلارنىڭ سۆزى بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىپ قالىدۇ» دېدى.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: توغرىسى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغان ۋە: «ھەج پائالىيەتلىرىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار»[①] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋاجىپتۇر. مەزكۇر ئايەتنى دەلىل قىلىپ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىمام تەبەرى ئېيتقاندەك، كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلسا، الله ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئىتائەت قىلغانلىقىمىزنىڭ بەلگىسىدۇر.

2 ـ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەرگە يۈز بەرگەن تارىخىي بىر ئىشنى خاتىرىلىگەنلىك بولىدۇ.

3 ـ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغاندا بۇتلارنى سىلاپ ئۆتۈشتەك قىلمىشى مۆمىنلەرنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشىغا دەخلە تەرۇز يەتكۈزەلمەيدۇ.

---

[①] ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

4 ـ اللہ نىڭ ئۆيى بەيتۇللاھنى ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن زىيارەت قىلغان كىشىنىڭ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشى ۋاجىپتۇر.

5 ـ پەرز ھەجنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن يەنە نەفلە ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئىماننىڭ كامىللاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

6 ـ اللہ بەندىلىرىنىڭ ئىبىتقان شۈكرىسىنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئىتائەت قىلغۇچىغا ئۇنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ساۋاب بېرىدۇ ۋە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

اللہ تائالا مۆمىنلەرنى ھەج ياكى ئۆمرە قىلغاندا سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى اللہ نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە اللہ قا ئىتائەت قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلدى. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەسلەشكە تېگىشلىك ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بىرى بولغان تارىخىي بىر ۋەقەنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئىمانى كۈچلۈك ۋە سەۋرچان ئانىسى ھاجەرنىڭ ۋەقەسى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى اللہ نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسى جىن يوق بىر چۆل زېمىندا تاشلاپ قويغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىنى اللہ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھېچكىم ئولتۇراقلاشمىغان مۇشۇ بىپايان چۆللۈككە تاشلاپ قويغان. چۈنكى، اللہ تائالا بۇ جاينى ئىنسانلارنى يەرلەشتۈرۈش بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇشنى ۋە بۇ مۇبارەك زېمىننى ئۆزىنىڭ ئۆيى بىنا قىلىنىدىغان، مىليۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ دىللىرى مايىل بولىدىغان ئۇلۇغ ماكان قىلىشنى ئىرادە قىلغان.

شۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تېخى ئېمىۋاتقان بالا ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇشۇ جايدا تاشلاپ قويۇپ قايتماقچى بولغاندا ھاجەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ: ئى ئىبراھىم! بىزنى بۇ ئىنسى جىن يوق چۆللۈكتە تاشلاپ قويۇپ قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قىلىپ اللہ نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلالماي قىلىشىدىن قورقۇپ ھاجەرگە بۇرۇلۇپ قارىمىغان. ئاندىن ھاجەر: ئى ئىبراھىم! سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا اللہ بۇيرۇدىمۇ؟ دېگەن. ئۇ: ھەئە، دېگەن. ھاجەر: ئۇنداقتا اللہ بىزنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ، دېگەن.

ھاجەر جايىغا قايتىپ كەلگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يولىغا راۋان بولغان. ئۇ داۋاننىڭ ئۇلار ئۇزىنى كۆرەلمەيدىغان لېكىن، ئۆزى ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان يېرىگە كەلگەندە بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان كەرىم تىلغا ئالغان مۇنۇ مۇبارەك

دۇئاسىنى قىلغان: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم هاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ هۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن...﴾[①].

ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام ئايالى هاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامنى اللە نىڭ هىمايىسىگە ۋە قوغدىشىغا تاشلاپ قويغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولۇپ، سەهرالارنى ۋە چۆل باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يۇرتى پەلەستىن زېمىنىغا قايتىپ كەلگەن.

ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسى هاجەر ئوغلىنى ئېمىتىپ، ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام قويۇپ قويغان ئازغىنا سۇ ۋە مېۋىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ مۇشۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدە قالغان. ئاخىرى ئۇلارنىڭ سۇ قاچىسىدىكى ئىچىدىغان سۈيى پاك - پاكىز تۈگەپ كەتكەن. هاجەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قاتتىق ئۇساپ كەتكەن. هاجەر ئوغلىنىڭ قاتتىق ئۇساپ كەتكەنلىكتىن تولغىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇسۇزلۇقنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ قالايلا، دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئوغلى ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ ماڭغان ۋە ئۆزىگە يېقىن تۇرغان تاغ سەفا تېغىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرەر ئادەم كۆرەرمەنمۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن جىلغىنىڭ ئەتراپلىرىغا قارىغان. لېكىن هېچكىمنى كۆرەلمىگەن. ئۇ سەفا تېغىدىن چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە مەرۋە تېغىنىڭ ئۈستىگە چىققان. بىراق ئادىمىزاتنى كۆرەلمىگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇياقتىن - بۇياققا، بۇياقتىن - ئۇياققا يەتتە قېتىم يۈگۈرگەن.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.»

هاجەر سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ هالسىزلىنىپ ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بىر پەيتتە يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىغان ۋە: ئاۋازىڭنى ماڭا ئاڭلاتتىڭ، ئەگەر ياردەم قىلالىغۇچى بولساڭ ماڭا ياردەم قىلغىن دېگەن. ئاندىن ئەتراپقا قارىغىدەك بولسا، زەمزەم سۈيى چىققان يەردە كېلىشكەن بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ ئۇنى ئىنسان دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەن، هالبۇكى ئۇ اللە نىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىر پەرىشتە ئىدى.

پەرىشتە قانىتىنى يەرگە ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن سۇ خۇددى كۆچلۈك بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىققان. زەمزەم سۈيىدىن ئىبارەت بۇ سۇ اللە نىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزە ئىدى.

---

[①] سۈرە ئىبراهىم 37 - ئايەت.

www.munber.org

پەرىشتە ھاجەرگە: تاشلىنىپ قېلىشتىن قورقماڭ، ئاۋۇ جايدا اللە نىڭ بەيتى (ئۆيى) بار، كەلگۈسىدە ئۇنى بۇ ئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى بىنا قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ، دېگەن[①].

مانا بۇ شۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك ئەسلىمىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، اللە بۇ ۋەقە ئارقىلىق بەيتۇللاھنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشنى ھەج پائالىيەتلىرىدىن بىر پائالىيەت ۋە ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان.

[①] بۇ سەھىھ بۇخارىدا بايان قىلىنغان قىسسىدىن قىسقارتىلىپ ئېلىنغان مەلۇماتتۇر.

# شەرئەت ئىلىملىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَآ أَنزَلْنَا مِنَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلْهُدَىٰ مِنۢ بَعْدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِى ٱلْكِتَٰبِ
أُو۟لَٰٓئِكَ يَلْعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ ٱللَّٰعِنُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُوا۟ وَأَصْلَحُوا۟ وَبَيَّنُوا۟ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
أَتُوبُ عَلَيْهِمْ ۚ وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٠﴾ ﴾

﴿بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اﷲ لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەر، (يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن﴾.

ـ سۈرە بەقەرە 159 ـ 160 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يَكْتُمُونَ: (يوشۇرىدىغانلار)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلكىتمان» بولۇپ، يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق ۋە ياپماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز بىر نەرسىنى، شۇ نەرسىگە قاتتىق موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋە ئۇنى ئاشكارا قىلىش ھەقىقەتەن تەلەپ قىلىنىۋاتقان بىر چاغدا قەستەن يوشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەت ئۇنى يېپىپ ۋە مەخپىي تۇتۇپ يوشۇرۇشنىمۇ، شۇنداقلا ئۇنى يوق قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسىنى قويۇپ قويۇپ يوشۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەھۇدىيلار (اﷲ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!) ھەر ئىككى خىل يوشۇرۇش جىنايىتىنى ئىشلىگەن»[1].

ٱلْبَيِّنَٰتِ: (روشەن دەلىللەر)، ئۇ سۆز «ئەلبەييىنە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە مەيلى ئەقلىي ياكى ھېسسىي بولسۇن، ئېنىق كۆرسىتىپ

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

بىرىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، يەنى ئۇ ھەقنى ئېنىق ۋە روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان.

ئايەتتىن الله تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نازىل قىلغان روشەن دەلىللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَٱلۡهُدَىٰ: (توغرا يول)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ھىدايە» بولۇپ، بىر نەرسىنى كۆرسىتىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ياخشىلىققا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان ھەرقانداق نەرسە ”ئەلھۇدا“ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى ئەلھۇدا دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.»[1]

يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ: (الله لەنەت قىلىدۇ)، ئۇ. الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن قوغلايدۇ ۋە يىراق قىلىدۇ، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱللَّٰعِنُونَ: (لەنەت قىلغۇچىلار)، ئۇ. لەنەت قىلغۇچىلار دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى لەنەت قىلغۇچىلار ئىنسانلار بىلەن جىنلاردىن باشقا يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[2]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ لەنەت قىلغۇچىلار يەر يۈزىنىڭ ھايۋانلىرى ۋە ھاشارەتلىرى بولۇپ، ئۇلار: ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن يامغۇردىن مەھرۇم قالدۇق، دەيدۇ.»[3]

توغرىسى، الله تائالا بۇ ئايەتتىن كېيىن: ﴿ئەنە شۇلار چوقۇم الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ﴾[4] دېگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئايەت پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرى بەزى ئايەتلىرىنى ئىزاھلايدۇ.

تَابُواْ: (تەۋبە قىلغانلار)، يەنى بۇ سۆز روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرۇشتىن يانغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «تەۋبە» بولۇپ، ئىنسان ئۆزىدىن سادىر بولغان ئىشتىن يېنىش ۋە ئۇنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

---

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئان ئەلكەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 141 ـ بەت.
[2] ئىمام فەررائىنىڭ «قۇرئاننىڭ مەنىلىرى» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 94 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 27 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 185 ـ بەت.
[4] سۈرە بەقەرە 161 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

وَأَصۡلَحُوا: (تۈزەتكەنلەر)، يەنى سۆزنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتەك بۇزۇقچىلىقلىرىنى تۈزەپ، ئۇنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش بىلەن ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەر ياكى ئەخلاقلىرىنى ۋە ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَبَيَّنُوا: (بايان قىلغانلار)، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى ياكى الله نىڭ دىنىدىن يوشۇرغانلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارا بايان قىلغانلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ: (تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ناھايىتى مېھرىبان)، بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ سۆز قۇرۇلمىسى مەنىنى كۈچلەندۈرۈش شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە قارىتا ناھايىتى مېھرىباندۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى

يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا بار بەزى دەلىللەرنى كىشىلەر ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندا ياكى ئۇنىڭدىن سورالغاندا بايان قىلىپ بەرمەسلىك بىلەن يوشۇراتتى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قەستەن يوشۇراتتى. شۇنداقلا ئۇلار زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىگە ئوخشاش شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بەزىلىرىنى يوشۇراتتى.

ئۇلار بۇ ئەھكاملارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن ۋە ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇپ باشقا مەنىلەرگە بۇرمىلاش بىلەن يوشۇراتتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارغا مەڭگۈلۈك لەنەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلىش بىلەن رەسۋا قىلدى.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ئۇنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە ئوچۇق ئاشكارا پاكىتلارنى يوشۇرىدىغانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەتلەرنى قەستەن يوشۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرى

تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۇز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغان، دىنىنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئويناشقان، تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتكەن ئەنە شۇ يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشقا ۋە ئۇنىڭدىن يىراق قىلىنىشقا، شۇنداقلا پۈتۈن پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشقا تېگىشلىكتۇر. پەقەت ھەقنى يوشۇرۇشتىن تەۋبە قىلغان، الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئىشلىرىنى تۈزەتكەن، الله تائالا پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىيلەرنى يوشۇرماستىن ۋە مەخپىي تۇتماستىن ئېنىق بايان قىلغان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى الله قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارغا مەغپىرىتىنى ۋە رەھمىتىنى ياغدۇرىدۇ. الله تائالا بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۇرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ھەققىدە نازىل بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك بېشارەتلىرى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغانلىرى ھەققىدە سورالغان چاغدا، ئۇنى يوشۇرغان. ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ خەۋەر قىلمىغان.

ئىمام سۇيۇتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە بىر قىسىم ساھابىلار يەھۇدىيلارنىڭ بىرقانچە نەپەر موللىلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى ھەققىدە سورىغان. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ موللىلىرى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇلاردىن يوشۇرغان ۋە ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿بىز كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ): لەنەت

[1] سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[①].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللّٰه تائالا: ﴿بۇ كىتابتا﴾ دېدى. بۇ كىتاب دېگەن سۆزدىن ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن اللّٰه نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەۋرات بىلەن ئىنجىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

2 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿... يوشۇرىدىغانلارغا اللّٰه لەنەت قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە بالاغەتتىكى ”ئىلتىپات“ ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارغا تېخىمۇ قورقۇنچ سېلىش ۋە ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسلۇپ قوللىنىلغان. ئۇنداق بولماي، ئەسلى جۈملە تەرتىۋى بويىچە بولغاندا: «... يوشۇرىدىغانلارغا بىز لەنەت قىلىمىز» دېيىلگەن بولاتتى[②].

3 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿لەنەت قىلغۇچىلارمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە بالاغەت ئۇسلۇبىدىكى ”ئەلجىناسۇل مۇغايىر“[③] دېگەن ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەن.

4 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن﴾ دېگەن سۆزىدە بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ سۆز قۇرۇلمىسى مەنىنى كۈچلەندۈرۈش شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، اللّٰه تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئىگىسىدۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

### بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ موللىلىرىغا خاسمۇ؟

بۇ ئايەت ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغان يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ موللىلىرىدىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ھەققىدە نازىل بولغان. لېكىن، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى اللّٰه نىڭ روشەن دەلىل ـ پاكىتلىرىنى يوشۇرغان ۋە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى مەخپىي تۇتقان ھەممە

---

[①] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 161 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 66 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 169 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 458 ـ بەت.

[②] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 459 ـ بەت.

[③] بىر جۈملىدە سۆز تومۇرى ئوخشاش ئىككى سۆز بولۇپ ئۇنىڭ بىرى پېئىل يەنە بىرى ئىسىم بولۇپ كەلسە، ”ئەلجىناسۇل مۇغايىر“ دېيىلىدۇ.

كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئەسلى ئۇسۇل ـ قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئۆلىمالار ئېيتقاندەك، سەۋەبنىڭ خاس بولۇشى بىلەن ئەمەس، لەۋزىنىڭ ئاممىباب بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئايەت بولسا: ﴿يوشۇرىدىغانلار﴾ دەپ ئاممىباب لەۋزى بىلەن بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مۇشۇ تۆردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: گەرچە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى خاس بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەقنى يوشۇرغان ھەرقانداق كىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ ئايەت اللە نىڭ دىنىدىن يېيىش ۋە تارقىتىشقا تېگىشلىك ئىلىمنى يوشۇرغان ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «بىرەر ئىلىمدىن سورالغاندا ئۇنى يوشۇرغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.»[1]

ساھابىلار بۇ ئايەتنى ئاممىباب مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ چۈشەنگەن. ئۇلار پاساھەتلىك تىلدا سۆزلەيدىغان ئەرەب بولۇپ، قۇرئاننى چۈشىنىشتە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «ئەگەر اللە نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە بىر ئايەت بولمايدىغان بولسا ئىدى، مەن سىلەرگە بىرمۇ ھەدىس سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم» دېگەن، ئاندىن اللە تائالانىڭ: ﴿بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان.»[2]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### قۇرئان ۋە دىنى ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىش دۇرۇس بولامدۇ؟

ئۆلىمالار اللە تائالانىڭ: ﴿بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايىتىنى دەلىل قىلىپ قۇرئان ئۆگەتكەنلىك ياكى دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ

[1] بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 162 ـ بېتىگە قاراڭ.
[2] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 454 ـ بەت.

www.munber.org

دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى، بۇ ئايەت ئىلىمنى يوشۇرماي ئاشكارا قىلىشقا ۋە ئۇنى تارقىتىشقا بۇيرۇيدۇ.

شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىسى ئۈچۈن ھەق ئېلىشى لايىق ئەمەس. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئېلىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ناماز الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىش ھارام بولىدۇ.

لېكىن، كېيىنكى زاماننىڭ ئۆلىمالىرى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىلىملەرگە سەل قاراپ ئۇنى ئۆگىنىش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تېرىكچىلىكىنىڭ ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەگەر كىشىلەر الله نىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشكە ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن مۇشۇ تەرىقىدە سۇسلىشىپ كەتسە، قۇرئاننى ياد ئالىدىغانلار قالماي دىنىي ئىلىملەرنىڭ زايا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئالسا بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. تېخى ئۇلاردىن بەزى ئۆلىمالار دىنىي ئىلىملەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەق ئېلىش ۋاجىپتۇر، دەپ قارىغان.

الله تائالا قۇرئاننى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1]. نۇرغۇن ياخشى كىشىلەر قۇرئاننى ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىنى قوغداشنى، الله نىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىشنى غەرەز قىلىپ نۇرغۇن ۋەقفىلەرنى ۋە ئورگانلارنى قۇرۇپ چىققان.

لېكىن، ئىلگىرى ئۆتكەن فىقھشۇناس ئالىملار دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، دىنىي ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىبادەتتۇر. ئىبادەت ئۈچۈن ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت دىنىي ئىلىمنى يوشۇرۇشتىن يېنىشنىڭ ئەكسىچە ئۇنى ئاشكارا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، دىنىي ئىلىم ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنى قىلغانلىق ئۈچۈن ھەق ئېلىشقا ھەقلىقمەن، دەپ قاراشنىڭ ئۆزى دۇرۇس ئەمەس. قارىمامسەن، ئىسلامغا كىرگەنلىك ئۈچۈن ھەققە ئېرىشىشكە ھەقلىقمەن دەپ قاراشنىڭ ئۆزى دۇرۇس ئەمەسقۇ؟

دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى الله تائالانىڭ: ﴿الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ)﴾[2] دېگەن ئايىتىمۇ ئوچۇق

---

[1] سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 174 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ سىرتقى مەنىسىگە ئاساسلانغاندا دىنىي ئىلىملەرنى ئاشكارا قىلىش ئۆچۈنمۇ، يوشۇرۇش ئۆچۈنمۇ ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، اللە تائالانىڭ: ﴿ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ﴾ دېگەن سۆزى قايسى تەرەپتىن بولسۇن قەتئىي نەزەر بەدەل ئېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ دەلىل بىلەن قۇرئان ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.»[1]

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دەلىل قىلغان. چۈنكى، بۇ ئايەت دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولغاچقا، ۋاجىپنى ئادا قىلغانلىق ئۈچۈن ھەق ئالغانلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ دۇرۇس ئەمەس. اللە تائالانىڭ: ﴿ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ﴾ دېگەن سۆزى قايسى تەرەپتىن بولسۇن قەتئىينەزەر بەدەل ئېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ، ئىلىمدىن ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغان ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك فىقھى قاراش بولۇپ، قەدىرلەشكە لايىقتۇر. لېكىن كېيىنكى زاماننىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا بەرگەن پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلساقمۇ، شەرىئەت ئىلىملىرى يەنىلا زايا بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئەگەر ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلىپ ئايلىق مائاش ۋە ھەق ئېلىشنى توسساق شەرىئەت ئىلىملىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇ چاغدا شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ. بىز ئەلۋەتتە اللە نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار كىشىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ كېتىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرغان.

2 ـ دىنىي ئىلىمنى يوشۇرۇش اللە ئۆلىمالارنىڭ گەردەنلىرىگە يۈكلىگەن ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دىنىي ئىلىمنى تارقىتىش، نەشر قىلىش ۋە ئۇلارغا يەتكۈزۈش ۋاجىپتۇر.

[1] ئىمام جاسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 117 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 185 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

www.munber.org

4 ـ كىمكى بۇ توغرا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرسا، مەڭگۈلۈك لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

5 ـ گۇناھتىن پەقەت تەۋبە قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس. بەلكى ئەخلاقنى تۈزەش ۋە ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن قىلىش لازىم.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ساماۋى شەرىئەتلەر ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئۇلارنى كۆپرەك قاراڭغۇلۇقتىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن. ئىسلام دىنى بىزنى بىلمىسىزگە بىلىم ئۆگىتىشكە، ئازغۇننى توغرا يولغا يېتەكلەشكە، كىشىلەرگە پاكىت تۇرغۇزۇلۇشى ۋە قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدا ھېچكىمگە ئۆزرە قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى الله تەرەپكە چاقىرىشقا بۇيرۇيدۇ.

الله تائالا نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن نازىل قىلغان. ئىلمنى يوشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنسانلارغا يەتكۈزمەسلىك الله نىڭ ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا تاپشۇرغان دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق ۋە الله ئۆلىمالارغا تاپشۇرغان ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ئامانەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا، الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى...﴾[1].

الله تائالا كىشىلەر موھتاج بولىدىغان بىرەر نەرسىنى، بولۇپمۇ دىنى ئىشلارنى يوشۇرغان كىشىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يوشۇرغان ھەرقانداق كىشىنى قاتتىق ئازاب بىلەن قورقۇتقان. چۈنكى، ئۇنى يوشۇرۇش ناھايىتى چوڭ گۇناھ بولۇپ، بۇ گۇناھنى ئىشلىگۈچى لەنەتكە ئۇچراشقا ۋە الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

بۇ شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلام دىنى الله نىڭ دەۋىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ئۇممەتنى نادانلىق ۋە گۇمراھلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنى تارقىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىلمنى تارقىتىش ئىبادەتتۇر، ئۇنى يوشۇرۇش جىنايەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىرەر ئىلىمدىن سورالغاندا ئۇنى يوشۇرغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.»

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# پاك نەرسىلەرنىڭ ھالال، نىجىس نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ تَعۡبُدُونَ ١٧٢ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحۡمَ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيۡرِ ٱللَّهِۖ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ١٧٣ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر اللہ غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، اللہ قا (يەنى اللہ نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار. اللہ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللہ دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ــ سۈرە بەقەرە 172 ــ 173 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَٱشۡكُرُوا: (شۈكۈر قىلىڭلار)، شۈكۈر قىلىش بېرىلگەن نېمەتنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئېتىراپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرى، نېمەتنى نېمەت ئاتا قىلغۇچىنى مەدھىيىلەش بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن﴾[1].

يەنە بىرى، بېرىلگەن نېمەتنى اللہ رازى بولىدىغان ئىشقا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇلاق، كۆز قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنى نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا شۇنىڭغا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ: (اللہ دىن غەيرىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلئىھلال» بولۇپ، ئاۋازنى كۆتۈرۈش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مۇشرىكلار

[1] سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مال بوغۇزلىسا، لات ۋە ئۇززا نامىلىق بۇتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئاۋازلىرىنىڭ بىرىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ تووۋلايتتى.

ئۇنىڭ ئايەتتىكى مەنىسى: بۇتلار ئۈچۈن ئاتىلىپ، الله نىڭ نامىدىن باشقا نەرسىلەر تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان نەرسىلەر سىلەرگە ھارام قىلىندى، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ: لات ۋە ئۇززانىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن دېگەن سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.»[1]

اَضْطُرَّ: (ئىلاجىسىزلىقتىن)، يەنى الله ھارام قىلغان نەرسىنى يېمىسە بولمايدىغان دەرىجىدە مەجبۇر بولۇپ قالسا دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەنىسى: كىمكى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا دېگەنلىك بولىدۇ.»[2]

بَاغٍ: (ھەددىدىن ئېشىش)، بۇنىڭدىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغىدەك يېمەي، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېپ يېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

عَادٍ: (چېكىدىن ئېشىش)، بۇنىڭدىن يەيدىغان باشقان نەرسە تۇرسىمۇ بۇ ھارام نەرسىلەرنى يېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەنىسى: كىمكى ھارام قىلىنغان نەرسىنى يېگەندە ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە ۋە يەنە الله ھالال قىلغان نەرسىلەر تۇرۇقلۇق يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېگەن بولماستىن پەقەت ئۇنى ئىلاجىسىزلىقتىن يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.»[3]

## مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىنى دۇنيا تىرىكچىلىكىدە الله ھالال قىلىپ بەرگەن ھالال كەسىپ ۋە پاك رىزىقتىن، ھالال بولۇش شەرتى بىلەن پايدىلىق ۋە لەززەتلىك نەرسىلەردىن يېيىشكە، ئەگەر ئۇلار ئىمان دەۋاسىدا راستچىل ۋە ھەقىقىي مۆمىن بولۇپ، نەپسى خاھىشلىرىغا چوقۇنماستىن الله قا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھۆكمىگە

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 161 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 206 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 42 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 175 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 206 ـ بەت.
[3] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 88 ـ بەت.

www.munber.org

بويسۇنىدىغان، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، الله قا ئۇنىڭ بەرگەن ھەر تۈرلۈك نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان ياكى بەدەنگە ئاشكارا زىيانلىق بولغان نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى ۋە باشقا نىجىس نەرسىلەرنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا، بۇتلارغا ياكى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلەرگە ئاتاپ بوغۇزلانغان ۋە الله نىڭ نامى ئاتالماي بوغۇزلانغان ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان.

لېكىن ئىنسان الله ھارام قىلغان بۇ نەرسىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئۇنى يېمەي ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن كۆپ يېۋەتمەستىن ۋە ھاجەت مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەستىن پەقەت ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەكلا يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ ياكى دىنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

الله ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولماي مەجبۇرى ھالدا گۇناھ سادىر قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بەندىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىپ ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىمەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

الله تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە الله قا بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالغان، ئۇلارنى مۆمىنلەرنىڭ الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتۇشۇپ ئۇلۇغلايدىغان، ئۇلارغا بويسۇنىدىغان ئادەملەرنىڭ ھالىنى بايان قىلغان ۋە بۇنىڭغا دۇنيا تىرىكچىلىكىنى دوست تۇتقانلىق، رىزىق ۋە يۈز ئابرۇيغا ئېرىشىشتە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە باغلىغانلىق سەۋەب بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

الله تائالا يەنە ئىلگىرىكى ئايەتلەردە پۈتۈن ئىنسانلارغا، ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى الله ھالال قىلىپ بەرگەن ياخشى ۋە بەرىكەتلىك بارلىق نەرسىلەردىن پەقەت ئۇنىڭ ھالال بولۇش شەرتى بىلەن يېيىشكە خىتاب قىلىپ: ﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال ـ پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار﴾[1] دېگەن ۋە ئۆزلىرىنى خۇددى بىر قوتان قويىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ يۈرۈيدىغان پادىچىغا ئوخشاش ھەيدەپ يۈرۈيدىغان باشلىقلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن كاپىرلارنىڭ ھالىنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل قارىشى ۋە مۇستەقىل چۈشەنچىسى يوق.

[1] سۈرە بەقەرە 168 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە خىتابنى مەخسۇس مۆمىنلەرگە قاراتقان. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي چۈشەنچىگە ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشقا ۋە توغرا يول تېپىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** ـ پاك رىزىقتىن ھالال رىزىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە ھالال قىلغان ھەرقانداق نەرسە پاكتۇر، ئۇ ھارام قىلغان ھەرقانداق نەرسە نىجىستۇر.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىن تاماقنىڭ پاكىز بولۇشى ئەمەس، كەسىپنىڭ پاك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.»

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىپ كۈچلەندۈرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە پاكتۇر، پەقەت پاك (يەنى ھالال) نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. اللە مۆمىنلەرنى پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان نەرسىگە بۇيرۇپ: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار﴾[1] ﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾ دېدى» دېگەن.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق بىر كىشىنى تىلغا ئالغان: «ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن (ھەج سەپىرىگە ئوخشاش) ئۇزۇن سەپەر قىلىپ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يۈز كۆزىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! دېگىنى بىلەن ئۇنىڭ يېگەن تامىقى ھارامدىن، ئىچكەن ئىچىملىكى ھارامدىن ۋە كىيگەن كىيىمى ھارامدىن كەلگەن ۋە ھارام نەرسىلەر بىلەن غىزالانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنسۇن؟»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بايان قىلغان نەرسە رىزىقنىڭ ھەقىقىي پاك ۋە ھالال بولۇشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

**2** ـ ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ھالال نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا بەندىلىرىگە يەر يۈزىدىكى ھالال ۋە پاكىز نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇدى، ھارام نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاشكارا بايان قىلىپ بەردى. اللە ھاراملىقىنى بايان قىلغان نەرسىلەردىن باشقا ھەممە نەرسە يەنەبىر چەكلەش ھۆكمى كەلگەنگە قەدەر ھالالدۇر.

مۇنداق بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ ئېھرام باغلىغۇچى كىيىشكە بولىدىغان كىيىملەر ھەققىدە سورالغاندا:

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

«كۆينەك ۋە تامبال كىيمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. كىيىشكە بولىدىغان كىيىملەرنىڭ تۈرلىرى كىيىشكە بولمايدىغان كىيىملەرنىڭ تۈرلىرىگە قارىغاندا كۆپ بولغانلىقتىن ئۇ ئۇنى بايان قىلىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا كىيىشكە بولمايدىغان كىيىملەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. مانا بۇ ئاز گەپ بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدۇر.»[1]

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿اللہ قا شۈكۈر قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە بىرىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشىدىن ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشىغا ئىلتىپات قىلىش ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن[2]. ئەگەر جۈملە ئىلگىرىكى ئۇسلۇب بويىچە بولغان بولسا ئەلۋەتتە، «بىزگە شۈكۈر قىلىڭلار» دېگەن بولاتتى. بۇ ئىلتىپات ئۇسلۇبىنىڭ دىللارغا ھەيۋەت ھېس قىلدۇرۇشقا پايدىسى بار.

4 ـ ئەلۈسى مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتىكى ھاراملىق ھۆكۈمنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ئۆزىگە قاراتقانلىق ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھاراملىقىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە كۈچلۈك ئىپادە بىلەن ئىپادىلەيدۇ.»[3]

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «چوشقىنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ھۆكمى ئوخشاش بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ گۆشى تىلغا ئېلىنىدى. چۈنكى، ھايۋاندىن كۆپ مىقداردا يېيىلىدىغان نەرسە ئۇنىڭ گۆشىدۇر. باشقا ئەزالىرى بولسا ئۇنىڭ گۆشىنىڭ ھۆكمىدە بولىۋېرىدۇ.»[4]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتە ھاراملىقى كۆرسىتىلگەن نەرسىلەرنى يېيىش ھاراممۇ ياكى پايدىلىنىش ھارامۇ؟

بۇ ئايەتتىكى ھاراملىق ھۆكمى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ۋە قاننىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان. شۇڭا فىقھشۇناس ئۆلىمالار پەقەت ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھاراممۇ ياكى باشقا جەھەتلەردىن پايدىلىنىشمۇ ھارامۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنى يېيىش ھارام بولغان ئىكەن، سېتىشمۇ ۋە باشقا ئەزاسىدىن پايدىلىنىشمۇ ھارام

---

[1] ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 484 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئان ئەلكەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەلۈسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 41 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 124 ـ بەت.
[4] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇلئەقلى ئەسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئان ئەلكەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.

بولىدۇ. سەۋەبى ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندۇر. پەقەت دەلىل ئارقىلىق ئىستىسنا قىلىنغان نەرسە بۇ ھۆكۈمنىڭ سىرتىدا.

بەزى ئۆلىمالار اللّٰه تائالانىڭ: ﴿بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى: ﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ پەقەت يېيىشلا ھارام دەپ قارايدۇ.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى ھارامىلىق ھۆكۈم باشقا جەھەتلەردىن پايدىلىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن پايدىلىنىش دۇرۇس ئەمەس، ئۇنى ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارغا يېمەك قىلىپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇ ئۆلۈكتىن پايدىلىنىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالىدۇ. اللّٰه تائالا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ پەقەت گۆشىنى ئەمەس، ئۆزىنى شەرتسىز ھالدا ھارام قىلغان. ئۇنىڭ بىرەر پارچىسىدىن پايدىلىنىش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت ھالاللىقى بويسۇنۇشقا تېگىشلىك دەلىل بىلەن خاس قىلىنغان ئەزا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»

## ئىككىنچى ھۆكۈم

بېلىق ۋە ساي چېكەتكىلىرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بۇ ئايەت ﴿ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللّٰه دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىش﴾ نىڭ ھاراملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان دېگىنىمىز شەرئى يول بىلەن بوغۇزلانماستىن، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ھالال دەپ يەيتتى. اللّٰه تائالا ئۇنى يېيىشنى ھارام قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ ھەقتە مۆمىنلەر بىلەن دەتالاش قىلىپ: اللّٰه ئۆلتۈرۈپ بەرگەن ھايۋاننى يېمەيسىلەر، ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن ھايۋاننى يەمسىلەر! دېگەن. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېيىش كەسكىن دەلىل بىلەن ھارامدۇر. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بەزى ھايۋاننى يېيىشنىڭ ھالاللىقىنى ئايرىپ كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن بىر قىسىم ھەدىسلەر تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

---

[1] سۈرە ئەنئام 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بىرگە ئىككى خىل قان ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئىككى خىل ھايۋان ھالال قىلىندى، ئۇلار جىگەر بىلەن تال، بېلىق بىلەن ساي چېكەتكىسىدىن ئىبارەتتۇر.»[①]

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز ھەققىدە مۇنداق دىگەن: «ئۇنىڭ سۈيى پاكتۇر، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋىنى ھالالدۇر.»[②]

3 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بىلەن بىرگە قورەيشلەرگە ئائىت بىر كارۋاننى توسۇشقا چىققانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. بىز ئوزۇقلۇق ئۈچۈن بىر تۇلۇم خورما ئېلىۋېلىپ دېڭىز قىرغىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بىز دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ بارغاندا قىرغاقتا بىر دۆڭ كۆرۈندى. كېلىپ قارىساق، ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان «ئەنبەر» دېيىلىدىغان بىر ھايۋان ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: ئۇ ھايۋان ئۆلۈپ قاپتۇ دېدى. ئاندىن ئۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ھاياتىڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى يېيىشكە مەجبۇرسىلەر، ئۇنىڭ گۆشىنى يەڭلار، دېدى. بىز ئۇنىڭ گۆشىنى بىر ئاي يېدۇق، ھەتتا بىز سەمرىپ كەتتۇق...

بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ الله سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزىقتۇر، سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن بىزگە يېدۈرگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ گۆشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىپ بەردۇق. ئۇ ئۇنىڭدىن يېدى.»[③]

4 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەتتە قېتىم غازاتقا قاتناشتۇق، بۇ غازاتلاردا ساي چېكەتكىسىنى يەيتۇق.»[④]

كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى بىلەن مەزكۇر ئايەتتىكى «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇمى ھۆكمىدىن دېڭىز ھايۋانلىرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى خاسلاشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقارغان. ئۇلار يەنە ساي چېكەتكىلىرىنى يېيىشنى ھالال دەپ قارىغان.

بىراق «دېڭىز قىرغاقىقا چىقىرىۋەتكەن ياكى سۇدىن ئايرىۋەتكەن نەرسىنى يەڭلار، دېڭىزدا ئۆلۈپ قېلىپ لەيلەپ قالغان نەرسىنى يېمەڭلار»[⑤] دېيىلگەن ھەدىس بولغانلىقى

---

[①] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە دارۇ قۇتنى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 205 ـ بەت.
[②] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 52 ـ بەت.
[③] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[④] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 200 ـ بەت.
[⑤] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 125 ـ بەت.

ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر سۇدا ئۆلۈپ لەيلەپ قالغان بىلىقنى ھارام، دېڭىز سۈيى سىرتقا چايقاپ چىقىرىۋەتكەن نەرسىنى ھالال دەپ قارايدۇ.

مالىكى مەزھىبىدىكىلەر بىلىقنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنى يېيىشنى ھالال دەپ ھۆكۈم چىقارغان. لېكىن ساي چېكەتكىسىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ ھۆكمى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھۆكمى بويىچە ھارام بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە چېكەتكىسىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ ھالاللىقى ھەققىدە سەھىھ رىۋايەت يوق.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار دېڭىز ھايۋانلىرى تىرىك بولسۇن ياكى ئۆلۈك بولسۇن ھەممىسىنى يېيىشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىكمۇ مۇشۇ قاراشتا. لېكىن ئۇ دېڭىز چوشقىسى ھەققىدە جاۋاب بېرىشتە توختاپ قېلىپ: سىلەر ئۇنى چوشقا دەيدىكەنسىلەر، دېگەن. ئىبنۇلقاسىم: مەن ئۇنى يېمەيمەن ۋە ھارام دەپمۇ قارىمايمەن دېگەن.»[1]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

بوغاز ھايۋاننى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىققان بالىسىمۇ بوغۇزلانغان ھېسابلىنامدۇ؟

بوغۇزلانغان بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك چىققان بالىنىڭ گۆشى يېيىلەمدۇ ياكى يېيىلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ئۇنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ، پەقەت تىرىك چىقىپ بوغۇزلانغاندىلا ئاندىن يېيىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان قاتارىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ﷲ تائالا: ﴿ﷲ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى... يېيىشنى ھارام قىلدى﴾ دېگەن دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىي، ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد قاتارلىقلار: ئۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئانىسىنى بوغۇزلاش بىلەن پاكلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە: «ئانا ھايۋاننىڭ بوغۇزلىنىشى قورساقتىن چىققان بالىنىڭ بوغۇزلىنىشىدۇر»[2] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ.

ئىمام مالىك (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «قورساقتىن چىققان بالىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلانغان ۋە تۈك ئۈنگەن بولسا يېيىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا يېيىلمەيدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بوغاز ھايۋان بوغۇزلانغاندىن كېيىن قورسىقىدىكى بالا ئۆلۈك چىقسىمۇ يېيىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىر ئەزانىڭ ئورنىدىدۇر.»[1]

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 200 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىنى قوللايدىغانلار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ھەدىسنىڭ قورساقتىن چىققان بالا ئانا ھايۋاننى بوغۇزلىغانغا ئوخشاش بوغۇزلىنىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش ئېھتىمالى بار. مەسىلەن بىرىنىڭ: مېنىڭ سۆزۈم سېنىڭ سۆزۈڭدۇر، مېنىڭ قارىشىم سېنىڭ قارىشىڭدۇر، دېگەن سۆزى مېنىڭ سۆزۈم سېنىڭ سۆزۈڭگە، مېنىڭ قارىشىم سېنىڭ قارىشىڭغا ئوخشايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

## تۆتىنچى ھۆكۈم

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەي، باشقا جەھەتلەردە پايدىلىنىشقا بولامدۇ؟

ئەتا: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ يېغىدىن كېمىلەرنى مايلىغانغا ئوخشاش ۋە تېرىسىدىن ئاشلاپ پايدىلانغانغا ئوخشاش پايدىلىنىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ: مەزكۇر ئايەت پەقەت ئۇنى يېيىشنىلا ھارام قىلىدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ــ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ــ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى يېيىشنى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن﴾[2] دېگەن سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ، دەپ دەلىل كۆرسىتىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھارامدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان... ھارام قىلىندى﴾[3] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن يېيىش جەھەتتىمۇ ياكى باشقا جەھەتتىمۇ پايدىلىنىش ھارام دەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلارغا ھايۋانلارنىڭ يېغى ھارام قىلىنغان ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ يېغىنى ئېرىتىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى يېدى»[4] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ھەدىس ئەگەر الله نىڭ بىرەر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى سېتىش ۋە ئۇنىڭ بىرەر پارچىسىدىن پايدىلىنىش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ ھالاللىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا، دەپ قارايدۇ.

## بەشىنچى ھۆكۈم

تومۇرلاردا ۋە گۆشلەردە قالىدىغان قاننىڭ ھۆكمى نېمە؟

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 201 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەنئام 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 136 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 203 ـ بەت.

پۈتۈن ئۆلىمالار قاننىڭ نىجىس ۋە ھاراملىقىغا، ئۇنىڭدىن پەيىش كىمۇ ۋە پايدىلىنىشقىمۇ بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. اللە تائالا مەزكۇر ئايەتتە قاننىڭ ھاراملىقىنى شەرتسىز بايان قىلغان، سۈرە ئەنئامدىكى ﴿ياكى ئېقىپ چىققان قان...﴾ دېگەن سۆزدە بولسا شەرتلىك قىلىپ بايان قىلغان.

ئۆلىمالار شەرتسىز بايان قىلىنغان ھۆكۈمنى شەرتلىك بايان قىلىنغان ھۆكۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پەقەت ئېقىپ چىققان قان ھارام، باشقا قان ھارام ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر اللە ئېقىپ چىققان قان دېمىگەن بولسا، كىشىلەر ئەلۋەتتە تومۇرلاردىكى قاننىمۇ ھارام دېگەن بولاتتى.»

گۆشكە ئارىلىشىپ كەتكەن قان ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارام ئەمەس. شۇنداقلا جىگەر بىلەن تالنىڭ ئەسلى قان بولسىمۇ ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارام ئەمەس.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: گۆش ۋە تومۇرنىڭ ئىچىدە بولمىغان قان ھارامدۇر. گۆش ۋە تومۇرنىڭ ئىچىدىكى قان ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا گۆش پىشۇراتتۇق، گۆشنىڭ ئۈستىگە قان كۆپۈكچىلىرى ئۆرلەپ قالاتتى، بىز ئۇنى ھېچ شۈبھىلەنمەستىن يەيتتۇق.[1]

### ئالتىنچى ھۆكۈم

چوشقىدىن نېمىلەر ھارام؟

مەزكۇر ئايەت چوشقا گۆشىنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. زاھىرى پىرقىسىنىڭ بەزى ئالىملىرى چوشقا گۆشى ھارام، يېغى ھارام ئەمەس، چۈنكى، اللە تائالا: ﴿چوشقا گۆشىنى...﴾ دېگەن دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ يېغىمۇ ھارام، چۈنكى، گۆش ياغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا قاراشتۇر. اللە تائالا چوشقىنىڭ گۆشىنى، مەيلى ئۇ شەرئىي يول بىلەن بوغۇزلانسۇن ياكى شەرئىي يول بىلەن بوغۇزلانمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىلغا ئالغان.

فىقھشۇناس ئۆلىمالار چوشقىنىڭ تۈكىدىن پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك چوشقىنىڭ تۈكىنى تېرە تىكىشكە ئىشلەتسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىي ئۇنىڭ تۈكىدىن پايدىلىنىش دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 204 ـ بەت.

www.munber.org

ئەبۇ يۇسۇف ئۇنىڭ تۆكىنى تېرە تىكىشكە ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايمەن، دەيدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «چوشقىنىڭ تۆكىدىن باشقا ھەممە يېرىنىڭ ھاراملىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئۇنىڭ تۆكىنى تېرە تىكىشكە ئىشلەتسە، بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا ئۇنىڭ تۆكى تېرە تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىماملاردىن بىرەرسىنىڭ بۇنى ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان نەرسە ئۇنىڭ تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان نەرسىگە ئوخشايدۇ.»[1]

ئۆلىمالار سۇ چوشقىسى ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئەبۇ ھەنىفە: «مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ» دەيدۇ.

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەۋزائى: «دېڭىزدىن چىققان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېسە بولىدۇ»[2] دەيدۇ. تەپسىلى دەلىللەرنى كۆرۈش ئۈچۈن فىقھى ھۆكۈملەر تەپسىلى بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ قانچىلىك مىقداردا يېيىشى دۇرۇس؟

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشى ئۇنىڭدىن تويغىچە يەمدۇ ياكى ھاياتىنى ساقلاپ قالغىدەك مىقداردا يەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار مۇنداق بىر قانچە خىل قاراشقا كەلگەن:

ئىمام مالىك: ئۇ تويغىچە يەيدۇ، چۈنكى، زۆرۈرىيەت ھاراملىق ھۆكۈمنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھالال بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئۇ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىدەكلا يەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ھالال بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر، شۇڭا ئۇ زۆرۈرىيەت مىقدارى ئۆلچىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ يەردىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى الله تائالانىڭ: ﴿ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن﴾ دېگەن سۆزىنى چۈشىنىشكە باغلىقتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچە لەۋزىدىكى «باغىن» دېگەن سۆزنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېگەندە

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 205 ـ بەت.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 145 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 54 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 206 ـ بەت.

ھاياتىنى ساقلاپ قالغىدەك يېمەي، ئاشۇرۇپ يېگۈچى دەپ، «ئادىن» دېگەن سۆزنى زۆرۈر ھالەتنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئاشۇرۇپ يېگۈچى، دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئىمام مالىك «باغىن» ۋە «ئادىن» دېگەن سۆزلەرنى خەلىپىگە قارشى چىققۇچى، دەپ تەپسىر قىلىنغان. ھەر ئىككىلى قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز قاراشلىرىغا تايانغان دەلىللىرى بار. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مۆمىنلەرنىڭ پاك نەرسىلەرنى يېيىشى ئۇنىڭ ھالال كەسىپتىن كەلگەن بولۇش شەرتى بىلەن بولغا قويۇلغان.

2 ـ الله بەرگەن سان ـ ساناقسىز نېمەتلەر ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ الله قا شۈكۈر قىلىشى ۋاجىپتۇر.

3 ـ الله قا ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش راستچىل مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر.

4 ـ الله تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ، پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلغان.

5 ـ ئىلاجىسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنساننىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ۋە باشقىلارغا ئوخشاش الله ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يېيىشى ھالال بولىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن پاك نەرسىلەرنى يېيىشنى ھالال قىلىپ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە چوشقا گۆشىگە ئوخشاش نىجىس نەرسىلەرنى يېيىشنى ھارام قىلدى، ئۇلارنى ئۆزنى ئازابلاش ۋە دۇنيانىڭ تۈرلۈك لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن توستى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىگە بەھىيرە ۋە سائىبەلەرگە ئوخشاش الله ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان ئىدى.

خرىستىئانلار ئارىسىدا بەندە ئۆزىنى ئازابلاش، ھاقارەت قىلىش، پۈتۈن لەززەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇش، پەقەت تەننى ئازابلاش بىلەن جانغا ھاياتلىق بېغىشلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىقلا الله قا ئەڭ كۆپ يېقىن يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، دېگەن سەپسەتە قاراش كەڭ تارقالغان. بۇ سەپسەتە ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان. ئۇنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىدە ھېچقانداق ئىزناسى يوق.

www.munber.org

الله ئىسلام ئۈممىتىنى ئوتتۇراھال يول تۇتىدىغان، تەننىڭ ھەققىنى بېرىدىغان ۋە جاننىڭ ھەققىنىمۇ بېرىدىغان ئۈممەت بولۇشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلدى. الله بىزگە پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ، نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلدى ۋە بىزنى بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ بىزنى ھايۋانلارغا ئوخشاش خالىس جىسمانى جانلىق قىلىپ قويماستىن، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش خالىس روھىي جانلىقمۇ قىلىپ قويماستىن، بەلكى بۇ ئادىل شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدىغان ئىنسانلاردىن قىلىپ ياراتتى.

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھارام بولۇش ھېكمىتىگە كەلسەك، ئۇ زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇ يا بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى بۇزۇلغان ۋە ھايات قېلىشىغا ئىمكان قالمىغان بولىدۇ، يا بىرەر تويۇقسىز سەۋەب بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ بىرىنچى سەۋەب بىلەن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ گۆشى نىجىس بولۇپ، كېسەل مىكروپلىرى چىرماپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا ئۇنى يېيىش بىلەن كېسەل مىكروپلىرى يېگۈچىگە يوقۇش خەۋپى بار.

ئەگەر ئۇ ئىككىنچى سەۋەب بىلەن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ تېنىدە زىيانلىق ماددىنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

ئېقىپ چىققان قاننىڭ ھارام بولۇش ھېكمىتىگە كەلسەك، بۇمۇ ھەم مەينەت ۋە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. يېڭى زامان تېبىبى ئىلمى قاننىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ئوخشاشلا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا مىكروپلار ۋە زىيانلىق ماددىلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

چوشقا گۆشىنىڭ ھارام بولۇش ھېكمىتىگە كەلسەك، چوشقا نىجىس ۋە مەينەت نەرسىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جىسمى مەينەت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زىيانلىق. دوختۇرلار چوشقا گۆشىدە قاتتىق ئۆتكۈر مىكروپنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. شۇنداقلا چوشقا گۆشى يېگەن كىشى چوشقىنىڭ مىجەز خۇلقىنى ئالىدۇ. چوشقىدا نىجىس خۇلق ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ مەشھۇرلىرى كۆللىمەسلىك ۋە ئىپپىتىنى ساقلىماسلىق.

ئىسلام شېھىدى سەييىد قۇتۇب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «چوشقا ئۆزىنىڭ شۇ كۆرۈنۈشىدىنلا پاكىز ۋە ساغلام تەبىئەتلىك كىشى ئۈچۈن يىرگىنىشلىكتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق الله ئۇنى ئۇزۇن زاماندىن بېرى ھارام قىلغان. تېخى يېقىندىلا كىشىلەر ئۇنىڭ گۆشىدە، قېنىدا ۋە ئۈچەيلىرىدە ناھايىتى خەتەرلىك قۇرۇتنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر: يېڭىچە كۆيدۈرۈپ داۋالاش ۋاسىتىلىرى تەرەققى قىلدى، بۇ قۇرۇتلار ۋە ئۇنىڭ تۇخۇملىرى خەتەرلىك ئامىل ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى، ئۇنى يېڭىچە كۆيدۈرۈپ داۋالاش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىلغار ئۇسۇل بىلەن كۆيدۈرۈپ يوقاتقىلى

بولىدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىلمى مۇشۇنچىلىك بىر ئاپەتنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسىرلەرگە موھتاج بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. شۇنداق ئىكەن چوشقىنىڭ گۆشىدە تېخى تېپىلمىغان باشقا ئاپەتلەرنىڭ يوقلىقىغا كىم جەزىم قىلالايدۇ؟ ئىنسانىيەت ئىلمى ئوننەچچە ئەسىر سەرپ قىلىپ ئاران تېپىپ چىققان بۇ ئاپەتنى ئەينى ۋاقىتتىلا بايان قىلغان شەرىئەت بىزنىڭ ئىشىنىشىمىزگە، ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلماسلىقىمىزغا، ئۇ ھارام قىلغاننى ھارام، ھالال قىلغاننى ھالال قىلىشىمىزغا لايىق ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى، شەرىئەت ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار زات اللە تەرىپىدىن كەلگەندۇر.

اللە دىن باشقا نەرسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان نەرسىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتىگە كەلسەك، ئۇ زىيانلىق جەھەتنى كۆزدە تۇتقاندا ئىللەتسىز ھارامدۇر. لېكىن ئىنسان قەلبىنىڭ سالامەت، روھىنىڭ پاك ۋە دىلىنىڭ خالىس بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغاندا اللە دىن غەيرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان نەرسە روھىي ئىللەت سەۋەبىدىن ھارامدۇر. شۇڭا ئۇ ماددىي نىجىس ۋە ھەقىقىي مەينەت نەرسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى ھەممە ئىشتا ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللە قا يۈزلىنىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىدۇ.»①

---

① سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 55 ـ بەت.

www.munber.org

# قىساستا ھاياتلىق بار

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِصَاصُ فِي ٱلۡقَتۡلَى ۖ ٱلۡحُرُّ بِٱلۡحُرِّ وَٱلۡعَبۡدُ بِٱلۡعَبۡدِ
وَٱلۡأُنثَىٰ بِٱلۡأُنثَىٰ ۚ فَمَنۡ عُفِيَ لَهُۥ مِنۡ أَخِيهِ شَيۡءٞ فَٱتِّبَاعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٖ ۗ ذَٰلِكَ
تَخۡفِيفٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَرَحۡمَةٞ ۗ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٧٨ وَلَكُمۡ فِي
ٱلۡقِصَاصِ حَيَوٰةٞ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٧٩ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾.

ــ سۈرە بەقەرە 178 ـ 179 ــ ئايەت.

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

كُتِبَ: (پەرز قىلىندى)، ئۇ، پۈتۈلدى، يېزىلدى، پەرز قىلىندى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىمام فەررا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندىكى ”كۇتىبە“ نىڭ ھەممىسى پەرز قىلىندى، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.»[1]

[1] ئىمام فەررانىڭ «قۇرئاننىڭ مەنىلىرى» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 110 ـ بەت.

ٱلْقِصَاصُ: (قىساس ئېلىش)، ئۇ، بىرىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئوخشاش ئىش قىلىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱلْقَتْلَى : (ئۆلتۈرۈلگەنلەر)، ئۇ «ئەلقەتىيل» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، مۇزەككەرلىك ۋە مۇئەننەسلىكتە ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلقەتل» بولۇپ، تەندىن جاننى چىقىرىۋېتىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

عُفِيَ: (كەچۈرۈم قىلىنىش)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلئەفۋۇ» بولۇپ، كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش، گەردەندىن ساقىت قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتىكى مەنىسى: ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، دېگەنلىك بولىدۇ.

فَٱتِّبَاعٌ بِٱلْمَعْرُوفِ: (چىرايلىق تەلەپ قىلىش لازىم)، يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەتنى يۇمشاقلىق ۋە چىرايلىق رەۋىشتە تەلەپ قىلىشى لازىم. جىنايەتچىمۇ دىيەتنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن، ئەسكىلىك قىلماستىن ياخشىلىقچە تولۇق بېرىشى لازىم.

فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ: (چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن)، يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قاتىلقا زۇلۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، الله نىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ٱلْأَلْبَٰبِ: (ئەقىل)، ئۇ «لۇببۇ» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئەقىل دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا مەزكۇر ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىشىڭلار سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارغا ھەرگىز زۇلۇم قىلمىسۇن. ئەگەر ھۆر ئادەم ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قىساسى ئۈچۈن سىلەرمۇ شۇ ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئەگەر قۇل قۇلنى ئۆلتۈرسە، سىلەرمۇ شۇ قۇلنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئەگەر ئايال كىشى ئايال كىشىنى ئۆلتۈرسە، سىلەرمۇ شۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈڭلار.

دېمەك، ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى بەرپا قىلغان ئاساستا قىساس ئۈچۈن ئوخشاش كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئاراڭلاردا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇمنى تەرك ئېتىڭلار. بىر ھۆر ئادەم ئۈچۈن بىرقانچە ھۆر ئادەملەرنى، قۇل ئۈچۈن ھۆرنى، ئايال كىشى ئۈچۈن ئەر كىشىنى ئۆلتۈرۈدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلغانلىق، ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلغانلىق ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

www.munber.org

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى ئۆلتۈرگۈچىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئالماي، قىساسنىڭ ئورنىغا دىيەتنى قوبۇل قىلسا، دىيەت تەلەپ قىلغۇچى دىيەتنى ھەددىدىن ئاشماستىن ۋە قوپاللىق قىلماستىن، چىرايلىقچە تەلەپ قىلسۇن. دىيەت تۆلىگۈچىمۇ ئۇنى ئارقىغا سوزماستىن ۋە كېچىكتۈرىۋەتمەستىن چىرايلىقچە ئادا قىلسۇن.

ئى مۆمىنلەر! قىساس ئېلىشنى ئەپۇ قىلىپ دىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت مەن سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن ئەنە شۇ ھۆكۈم پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن بولغان يەڭگىللىك ۋە رەھمەتتۇر. ئۇ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن يەھۇدىيلارغا بەلگىلىگەن ھۆكۈمنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان ھۆكۈمنى بەلگىلەش ئارقىلىق سىلەرگە بولغان مەرھەمىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قىساس ئېلىش ھۆكمىنى سىلەردىن ئەپۇ قىلىپ دىيەت قوبۇل قىلىش ھۆكمىگە يەڭگىللىتىپ بەردى. يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتىدە بولسا پەقەت قىساس ئېلىش ھۆكمىلا بار ئىدى.

سىلەردىن كىمكى دىيەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرگۈچىگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆلتۈرگۈچىدىن پۇل ـ مال ئېلىپ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگەندىن كېيىن بۇ ۋەدىسىنى بۇزۇپ ۋە ئۆلتۈرگۈچىگە خىيانەت قىلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەن سىلەرگە بەلگىلىگەن قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈمدە ھاياتلىق بار. چۈنكى، كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ ھاياتى قوغدىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇلار ئۆز جانلىرىدىن ئەمىن بولىدۇ.

ئەنە شۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله نىڭ ھۆكمىدۇر ۋە توغرا دىنىدۇر. بۇ دىن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەت بېغىشلايدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلاتتى ۋە شەيتانغا ئىتائەت قىلاتتى. كۈچى بار بىرەر قەبىلىنىڭ قۇلى باشقىلارنىڭ قۇلىنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن: بىز بۇ قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن پەقەت ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرىمىز، دەيتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىر ئايال باشقا قەبىلىلەردىن بىر ئايالنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇلار: بىز بۇ ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن پەقەت ئەر

كىشىنى ئۆلتۈرۈمىز، دەيتتى. شۇڭا الله تائالا: ﴿ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[1]

2 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىسلام كېلىشتىن ئازراق ئىلگىرى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئىككى قەبىلە ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە يارىدار بولغانلار بار ئىدى. ھەتتا ئۇلار قۇللار بىلەن ئاياللارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن بۇلارنىڭ قىساسىنى تېخى ئالماي تۇرۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى.

بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ بىرى كۈچ ۋە بايلىق جەھەتتە يەنە بىرىدىن ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ ئورنىغا رەقىبى تەرەپتىن ھۆر ئادەم، ئايالنىڭ ئورنىغا ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلمىگىچە رازى بولمايمىز، دەپ قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلار ھەققىدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئالاھىدە مەرھەمەت قىلىپ قىساستا دىيەتنى قوبۇل قىلىش ھۆكمىنى بەلگىلىدى. بۇ ھۆكۈم تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىدە يوق ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە قىساس ئېلىش ھۆكمى بار، دىيەت ئېلىش ھۆكمى يوق ئىدى. الله تائالا بۇ ئۈممەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾ چۈنكى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەقەت قىساس ئېلىش پەرز ئىدى. ﴿شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 173 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 226 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 180 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 103 ـ بەت.

[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 172 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 209 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 104 ـ بەت.

www.munber.org

دېيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾»[1].

2 ـ اللہ تائالا: ﴿سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار...﴾ دېدى.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىشى باراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىساس تۈپەيلىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ.»[2]

3 ـ بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ ناھايىتى قىسقا بولۇشىغا قارىماي قىساسنىڭ ھېكمىتىنى ئىنتايىن جانلىق ۋە راۋان ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلدى. بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ بالاغەتلىك ئايەتلىرىدىن بىرى دەپ نام ئالغان.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن، مۇسۇلمان زىممىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟

قۇلنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ھۆر ئادەم، زىممىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان مۇسۇلمان شۇ ئىككىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلەمدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلمەمدۇ دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناسلار مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

مالىكى، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن، مۇسۇلمان زىممىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر: ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن، مۇسۇلمان زىممىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

#### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا قۇرئان كەرىمدىن، سۈننەتتىن ۋە ئەقلىي دەلىللەردىن دەلىل كۆرسىتىدۇ:

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 110 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 173 ـ بەت.

[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 181 ـ بەتتىن نەقىل قىلىنغان.

1 ـ قۇرئان كەرىمدىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، اللە تائالا: ﴿ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېدى. اللە تائالا قىساس ئېلىشتا باراۋەرلىكنى پەرز قىلدى، ئاندىن بۇ باراۋەرلىكنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ.﴾

ھۆر ئادەم ھۆر ئادەمگە، قۇل قۇلغا، ئايال ئايالغا باراۋەر بولىدۇ. گويا اللە تائالا: ئەگەر قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىگە باراۋەر بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەندەك قىلىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ھۆر ئادەم بىلەن قۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك يوق. شۇڭا ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن، مۇسۇلمان كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

2 ـ سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىل بولۇپ، ئىمام بۇخارى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.»

3 ـ ئەقلىي دەلىل بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: قۇل قۇللۇق سەۋەبىدىن مال ـ ماتاغا ئوخشايدۇ. كاپىر ھەددىدىن ئېشىپ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھايۋانغا ئوخشايدۇ. اللە تائالا: ﴿اللە نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1] دەيدۇ. شۇنداق ئىكەن مۆمىن كاپىرغا قانداق باراۋەر بولىدۇ، قانداق قىلىپ ئۇ كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن؟!

## ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى...﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا قاتىلنى ئۆلتۈرۈشنى پەرز قىلدى. بۇ ھۆكۈم ئامماباب بولۇپ، مەيلى قاتىل ھۆر ئادەم ياكى قۇل بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان ياكى زىممى بولسۇن ھەممە قاتىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما اللە تائالانىڭ: ﴿ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ دېگەن سۆزى پەقەت جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىدىغان زۇلمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇلار زۇلۇمدا ھەددىدىن ئېشىپ ۋە ئەزۋەيلەپ بىر ھۆر ئادەم ئۈچۈن بىرقانچە ھۆر ئادەملەرنى، قۇل ئۈچۈن ھۆر ئادەمنى، ئايال ئۈچۈن ئەرنى ئۆلتۈرەتتى. شۇڭا اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ زۇلۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقا ئادەملەردىن ئەمەس، پەقەت قاتىلدىن قىساس

[1] سۈرە ئەنفال 55 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئېلىشنى تەكىتلىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ مەزمۇننى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىنمۇ چۈشۈنىۋالغىلى بولىدۇ.

2 ـ ئۇلار اللہ تائالانىڭ سۈرە مائىدەدىكى: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)...﴾[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئۆلتۈرۈلگەن ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن قىساس ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئاممىباب ھالدا كۆرسىتىدۇ. بىزدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ھۆكۈم مەنسۇخ قىلىنمىغان بولسىلا، ئۇ بىزگىمۇ بەلگىلەنگەن ھۆكۈم ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

3 ـ ئۇلار يەنە اللہ تائالانىڭ: ﴿كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق﴾[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت مەيلى قۇل ياكى ھۆر ئادەملەر بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان ياكى زىممى بولسۇن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە قىساس ئېلىش ھوقۇقى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلىنىدۇ.

4 ـ ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قېنى باراۋەردۇر. ئۇلارنىڭ ئامانلىقتا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا بىر قولدەك قارشى تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: قۇل ھۆر ئادەم بىلەن ئوخشاشتۇر، دەپ قارايدۇ.

5 ـ ئۇلار يەنە: «كىمكى قۇلىنى ئۆلتۈرسە، بىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈمىز. كىمكى قۇلىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كېسىۋەتسە، بىزمۇ ئۇنىڭ شۇ ئەزاسىنى كېسىۋېتىمىز. كىمكى قۇلىنى ئاختا قىلىۋەتسە، بىزمۇ ئۇنى ئاختا قىلىۋېتىمىز»[3] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ھۆر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق دەلىلدۇر، چۈنكى، ئىسلام ھۆر ئادەم بىلەن قۇلنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ.

6 ـ ئۇلار ئىمام بەيھەقى، ئابدۇراھمان بەيلەماندىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنىمۇ دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر زىممىنىڭ قىساسى ئۈچۈن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن ۋە: «مەن زىممىلار بىلەن بولغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىمەن» دېگەن[4].

---

[1] سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 230 ـ بەت.
[4] ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس قان تۆكۈلىدىغان ئىشقا ئۆلگە قىلىنمايدۇ.» ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى بەيلەمانى دېگەن بۇ كىشىنىڭ ھەدىسى ئاجىز ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى رىۋايەت قىلغۇچىدىن رىۋايەت

7 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: زىممىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان مۇسۇلماننىڭ قولىنى كېسىشكە پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. بۇ زىممىنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقى ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىشنىڭ ھاراملىقىدىن ئېغىردۇر.

مانا بۇلار ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، بىز ئۇنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئايەتنى چۈشىنىشتىكى ئوخشىماسلىقىغا قارىلىدۇ.

ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر: بۇ ئايەتنىڭ بېشى ھۆكۈم جەھەتتە يېتەرلىكتۇر، سۆز الله تائالانىڭ: ﴿ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېگەن سۆزىدە تامام بولىدۇ، دەيدۇ.

باشقا ئۆلىمالار: سۆز بۇ يەردە تامام بولمايدۇ، ئۇ الله تائالانىڭ: ﴿...ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ دېگەن يەردە تامام بولىدۇ، ئايەتنىڭ بۇ قىسمى يۇقىرى قىسمىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، بۇ ئايەت قىساسنىڭ تۈرلىرىنى ۋە قىسىملىرىنى بايان قىلىدۇ، دەيدۇ①.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا: سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە بولغاندا ئايال كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئەر، شۇنداقلا ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان قۇل ئۆلتۈرۈلمەسلىكى كېرەكمۇ؟ دەپ قارشى چىقىدۇ. چۈنكى، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان قۇل ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن، ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئەرمۇ شۇ ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى قۇلنىڭ ھۆر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن بىز ئايەتنىڭ مەنىسىگە قاراپ چىقىپ، قۇل قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن يەردە، ئۇ ھۆر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارىدۇق. ئەمما ئەرنىڭ ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈشىگە كەلسەك، بۇ پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى بىلەن ئىسپاتلانغان مەسىلە. بۇ مەزكۇر ئايەتتىن ئايرىپ قارىلىدىغان يەنە بىر ھۆكۈمدۇر. ئەگەر ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئەر ـ ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دەيتتۇق.

قىلغۇچىغا يەتكۈزۈلۈپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ دەلىل بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئارىلىقتىكى رىۋايەت قىلغۇچىلارنى چۈشۈرۈپ قويسا ئۇنىڭ ھەدىسى قانداقمۇ دەلىل بولالىسۇن.

① بۇ مەسىلىدىكى تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى ۋە ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى قاتارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

www.munber.org

شەيخ سايىس ئۆزىنىڭ «ئاياتۇل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلىدە ئەقىل ئەبۇ ھەنىفىنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈشكە مايىلدۇر. چۈنكى، شافىئىي ۋە مالىكى مەزھەبىدىكىلەر ئايەتتىكى قىساس ھۆكمىدە باراۋەرلىكنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا قىساس ئېلىشنىڭ تۈر ۋە قىسىملىرىنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان.

ئۇلار بۇ ھۆكۈمدىن بىر ـ بىرىگە قارشى ھۆكۈم چىقىرىپ ئەر ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئايال ئەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، لېكىن قۇل ھۆر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاجىز ئورۇنغا چىقىرىپ قويىدۇ.

ئەمما ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ ئايەتكە بولغان چۈشەنچىسىدە مۇنداق ئاجىزلىق يوق. مۇشۇنداق بولغاندا قۇل بىلەن ھۆر ئادەمنىڭ، مۇسۇلمان بىلەن زىممىنىڭ قېنىنىڭ ھارام بولۇشى باراۋەر بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قېنى مەڭگۈ قوغدىلىدۇ.»①

## كۈچلۈك قاراش

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ھۆر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى قارىشى ئەقلىغا مۇۋاپىقتۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قۇلىنى ئۆلتۈرسە، بىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىمىز...» دېگەن سۆزى بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئىسلام دىنى ھۆر ئادەملەر بىلەن قۇللارنىڭ ئارىسىنى قاننىڭ ھارام بولۇشى جەھەتتە ئوخشاش قىلدى. قۇلنىڭ قېنىنىڭ ھارام بولۇشى ھۆر ئادەمنىڭ قېنىنىڭ ھارام بولۇشىغا، قۇلنىڭ جېنى ھۆر ئادەمنىڭ جېنىغا باراۋەردۇر. شۇڭا قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ھۆر ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەمما كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۆمىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە كەلسەك، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى كۈچلۈك ئەمەس. بۇ مەسىلىدە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. بولۇپمۇ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان، «كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ دەلىلى ئوچۇق ئىسپاتلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسكە قارشى كېلىدىغان ھەدىس ۋە تەئۋىل توغرا ئەمەس.»②

مۆمىن قانداقمۇ كاپىر بىلەن باراۋەر بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاپىر الله نىڭ دەرگاھىدا ھايۋاندىن بەتتەر ھېسابلىنىدۇ. مۆمىن ياخشى ۋە پاك ئىنساندۇر. الله تائالا

① شەيخ سايىسنىڭ «ئاياتۇل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 51 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 209 ـ بەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار (اللە نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر﴾[①] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان!) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾[②] قانداق قىلىپ پاك مۆمىننى نىجىس كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈمىز؟! بۇ مەسىلىدە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر[③].

مەن بۇ مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىش جەريانىدا ئاجايىپ نازۇك بىر قىسسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدا شۇنداق دېيىلىپتۇكى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان قازى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئالدىغا بىر مۇسۇلمان بىر زىممى كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە بىر دەۋا كەپتۇ. ئەبۇ يۇسۇف بۇ دەۋادا بۇ مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئولتۇرسا بىر ئادەم كېلىپ بىر پارچە ۋاراقنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋاراقتا مۇنۇ بېيتلار يېزىلغان ئىكەن:

ئى كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگۈچى!
زۇلۇم قىلدىڭ، ئادىل كىشى زۇلۇم قىلغۇچى بىلەن تەڭ ئەمەس.
ئى باغدات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر،
سىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىڭلار بولسۇن ياكى شائىرلىرىڭلار.
ئىستىرجا ئوقۇڭلار ۋە دىنىڭلار ئۈچۈن يىغلاڭلار،
سەۋر قىلىڭلار، ئەجىر سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈندۇر.
كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش بىلەن،
قىلدى ئەبۇ يۇسۇف دىنغا زۇلۇم.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ يۇسۇف خەلىپە رەشىدنىڭ قېشىغا كىرىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە بۇ بېيتلارنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. خەلىپە رەشىد ئۇنىڭغا: ئوبدان ئويلانغىن، بۇ ئىش بىر پىتنىگە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپتۇ. ئەبۇ يۇسۇف ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ زىممى ئىكەنلىكىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە راست ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلار دەلىل كەلتۈرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىساسنى بىكار قىلىپ دىيەت تۆلەشكە بۇيرۇپتۇ.

[①] سۈرە تەۋبە 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە مائىدە 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 210 ـ بەت.

www.munber.org

## ياخشى بىر مۇنازىرە

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى ئۆزىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە ياخشى بىر مۇنازىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرىيىنىڭ 487 - يىلى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىدىكى كاتتا ئۆلىمالاردىن ”زۇزنى“ دەپ تونۇلغان بىر فىقھشۇناس ئالىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ئەقساغا كەلگەن ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇقەددەس تاشنىڭ يېنىدا ھازىر بولدۇق.

بۇ يەرگە شەھەردىكى ئۆلىمالار توپلانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ دەپ سورالدى. ئۇ: قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن دەلىل كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ئۇ: بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېگەن سۆزىدۇر، بۇ پۈتۈن ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر ھەققىدە ئاممىباب ھۆكۈمدۇر، دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبىدىكى فىقھشۇناس ئالىم ۋە شۇ شەھەرنىڭ ئىمامى ئەتا مەقدىسى مۇنازىرە قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ ئىمام كەلتۈرگەن دەلىل ئۈچ جەھەتتىن دەلىل بولالمايدۇ[①]:

بىرىنچىسى، الله تائالا: ﴿قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېدى. بۇ ئايەتتە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ئەمەس، جازادىكى باراۋەرلىك شەرت قىلىندى. شەك - شۈبھىسىزكى، كاپىرنىڭ دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسى تۆۋەندۇر.

ئىككىنچىسى، الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىنى بېشى بىلەن باغلاپ، ئاخىرىنى بېشىنىڭ بايانى قىلىپ: ﴿ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ دېدى. قۇل ئۆزىنىڭ قۇللىقى بىلەن ھۆر ئادەمدىن تۆۋەن تۇرىدىغان يەردە كاپىر ئەلۋەتتە مۇسۇلماندىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، الله تائالا: ﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا﴾ دېدى. كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق مەۋجۇت ئەمەس. مانا بۇ كاپىرنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

زۇزنى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: مېنىڭ دەلىلىم توغرىدۇر، سېنىڭ ماڭا قارشى كۆرسەتكەن دەلىللىرىڭنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا توغرا ئەمەس.

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 163 - بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 61 - بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 206 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 228 - بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 210 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 180 - بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 166 - بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتاب.

سىنىڭ: الله تائالا جازادا باراۋەرلىكنى شەرت قىلدى دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. ئەمما قىساستا كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا باراۋەرلىك مەۋجۇت ئەمەس دېگەن دەۋارىڭ توغرا ئەمەس. ئۇ ئىككىسى قىساسقا كىرەكلىك بولغان ھارام ھۆكۈمدە باراۋەردۇر. ئۇ بولسىمۇ قان تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىدىن ئىبارەت مەڭگۈ سابىت ھۆكۈمدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، زىممىنىڭمۇ قېنى قوغدىلىدۇ، مۇسۇلماننىڭمۇ قېنى قوغدىلىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى ئىسلام يۇرتىدا ياشايدۇ. بۇنى زىممىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان مۇسۇلماننىڭ قولى كېسىلىدۇ، دېگەن ھۆكۈممۇ ئەمەلى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ، زىممىنىڭ مېلىنىڭ مۇسۇلماننىڭ مېلى بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن بۇ ھۆكۈم ئۇ ئىككىسىنىڭ قېنىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، مالنى ئوغرىلاش مالنىڭ ئىگىسىگە ھۆرمەت قىلغانلىقتىن ھارام بولىدۇ.

سىنىڭ: الله تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاخىرىنى بېشى بىلەن باغلاپ بايان قىلغان دېگەن سۆزۈڭ بولسا، قايىل قىلىنارلىق ئەمەس. چۈنكى، ئايەتنىڭ بېشى ئاممىباب مەنىنى، ئاخىرى خاس مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاخىرىنىڭ خاس مەنە ئىپادىلىشى بېشىنىڭ ئاممىباب مەنە ئىپادىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. بەلكى ئاممىباب مەنە بولسۇن ياكى خاس مەنە بولسۇن ئۆز ھۆكمىنى جارى قىلدۇرىۋېرىدۇ.

سىنىڭ: ھۆر ئادەم قۇلنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك، مەن قايىل ئەمەس. بەلكى ئۇ قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سەن توغرا بولمىغان دەۋانى ئوتتۇرىغا قويدۇڭ.

ئەمما سىنىڭ: الله تائالا: ﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا﴾ دېدى دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك، مەنمۇ شۇ قاراشتا. لېكىن بۇ ھۆكۈم كەچۈرۈم ھەققىدىكى خاس ھۆكۈمدۇر. بۇ ھۆكۈم قىساسنىڭ ئاممىباب بولغان ھۆكمىنى مەنئى قىلمايدۇ...

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سورۇندا ناھايىتى چوڭ بىر مۇنازىرە بولدى. بىز بۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدىلارغا ئېرىشتۇق. بۇ پايدىلارنى «نۇزھەتۇننازىر» دېگەن كىتابتا بايان قىلدۇق.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئەگەر ئاتا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاتا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا بالىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ»[1] دېگەن.

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 61 ـــ 62 ـ بەتلەر.

www.munber.org

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم ھەققىدىكى خەۋەر ناھايىتى مەشھۇردۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلار ھازىر بولغان سورۇندا مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلغان. ئۇلاردىن ھېچ بىرى بۇ ھۆكۈمگە قارشىلىق بىلدۈرمىگەن. بۇ ھۆكۈم ھەققىدىكى خەۋەر مۇتەۋاتىر خەۋەرنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ.»[2]

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا بالىسىنى يېنىچە ياتقۇزۇپ بوغۇزلىغانغا ئوخشاش قەستەن ھالەتتە ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرۈلىدۇ.»[3]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدە ئەگەر ئاتا بالىسىنى يېنىچە ياتقۇزۇپ بوغۇزلىغانغا ياكى ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويغانغا ئوخشاش قەستەن ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئەگەر ئۇ بالىسىنى ئەدەپلەپ قويۇش ۋە غەزەپلىنىش يۈزىسىدىن قورال بىلەن ئاتقان بولسا، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن دىيەت ئېغىر قويۇلىدۇ.»[4]

## كۈچلۈك قاراش

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان دەلىللەرگە ئاساسەن كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، ئاتىنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقى ئۇنى بالىسىنى قەستەن ئۆلتۈرۈشكە قەدەم قويۇشتىن توسۇپ قالىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ دەل ئەكسىچە بولغاندا يەنى بالا ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

شاشى مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا بالىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۇنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولسۇن؟!»

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟

فىقھشۇناسلار ئەگەر كۆپ ئادەم بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇلار ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ۋە ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، شافىئىي، ئەھمەد قاتارلىق تۆت ئىماملار: بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 168 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 231 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 64 ـ بەت.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 168 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 168 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 231 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 65 ـ بەت.

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر ۋە ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەت بولسا: بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

## زاھىرى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ زاھىرىلەر: ﴿ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېگەن قىساس ئايىتىنى دەلىل قىلىپ، بۇ ئايەت قىساستا باراۋەرلىكنى ۋە ئوخشاشلىقنى شەرت قىلغان، بىر ئادەم بىلەن كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا باراۋەرلىك يوق، دەيدۇ.

2 ـ ئۇلار ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)﴾[①] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر جانغا بىر جان ئۇدۇل كېلىدۇ، بىر جان ئۈچۈن كۆپ جان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش بۇ ئايەتكە خىلاپتۇر.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەنئادا بىر ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن يەتتە ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ۋە: ئەگەر ئۇ بالىنى سەنئا خەلقى بىرلىشىپ ئۆلتۈرگەن بولسا، مەن ئەلۋەتتە پۈتۈن سەنئا خەلقىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتۇم، دېگەن.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىگە ھېچ بىر ساھابە قارشى چىقمىغان. بۇنىڭ ئۆزى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمگە ئوخشاش بولىدۇ.»[②]

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر پۈتۈن ئاسمان ئەھلى ۋە پۈتۈن زېمىن ئەھلى بىر مۆمىننىڭ قېنىنى تۆكۈشكە شېرىك بولسا، ئەلۋەتتە ﷲ ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ.»[③]

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاخىرەت ئازابىدا ئورتاق بولغان يەردە، دۇنيا ئازابىدىمۇ چوقۇم ئورتاق بولىدۇ.

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ: ﴿سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار﴾ دەپ، قىساسنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يولغا قويغان. ئەگەر كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلسە، دۈشمەنلىشىپ قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆپ ئادەم بىرلىشىپ ئۆلتۈرىدۇ.

---

① سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 210 ـ بەت.
③ بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 233 ـ بەت.

www.munber.org

ئاندىن ئۇلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ قىنىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. زېمىندا زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق تارايدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز ئىمام ئەھمەدنىڭ: بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، چۈنكى، الله قىساستا باراۋەرلىكنى شەرت قىلدى، بىر ئادەم بىلەن كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا باراۋەرلىك يوق دېگەن سۆزىگە ﴿قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ مۇنداق ئىككى خىل جاۋاب بېرىدۇ:

بىرى، سۆزنىڭ لەۋزىلىرىگە رىئايە قىلغاندىن قائىدە پرىنسىپقا رىئايە قىلغان ئەلا. ئەگەر كۆپچىلىك بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلسە، ئەلۋەتتە دۈشمەنلىشىپ قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە چېكىدىن ئېشىپ باشقىلارنى بەختسىزلىككە ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

يەنە بىرى، قىساستىن مەقسەت كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈشتۇر. مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت پەخىرلىنىش، يۈز ئابرۇيىنى ۋە كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ قىساسىنىڭ بەدىلىگە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ئەرەبلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا الله قىساستا باراۋەر ۋە ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغان. بۇ پەقەت ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.»[1]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

جىنايەتچى قىساس ئېلىنغاندا قايسى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلىدۇ؟

فىقھشۇناسلار جىنايەتچىنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

بىرى، ئىمام مالىك ۋە شافىئىينىڭ قارىشى ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر رىۋايەتتىكى قارىشى بولۇپ، ئۇلار: قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىنى قايسى شەكىلدە ئۆلتۈرگەن بولسا، قىساس شۇ شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن: كىمكى بىرىنى سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇمۇ سۇغا غەرق قىلىنىدۇ. كىمكى بىرىنىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭمۇ بېشى تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: ﴿قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، بۇ ئايەت قىساستا ئوخشاش بولۇشنى ۋاجىب قىلىدۇ، قاتىل قانداق ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ شۇ بويىچە قىساس ئېلىنىدۇ، دەيدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 65 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 170 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 232 ـ بەت.

ئۇلار يەنە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: «بىر يەھۇدىي بىر ئايالنىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.»[1]

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام ئەھمەد يەنە بىر رىۋايەتتە: قاتىل پەقەت قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، قىساسنىڭ تەلىپى بىر جان ئۈچۈن يەنە بىر جاننى يوق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر دەپ قارايدۇ.

ئۇلار: «قىساس پەقەت قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ»، «قولاق بۇرۇننى كەسمەڭلار» ۋە «ئەگەر قاتىلنى ئۆلتۈرسەڭلار ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار. ئەگەر بىرەر ھايۋاننى بوغۇزلىساڭلار ياخشى ئۇسۇل بىلەن بوغۇزلاڭلار» دېگەن ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ: ئەگەر ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى توغرا بولسا، ئۇ «قولاق بۇرۇننى كەسمەڭلار» دېگەن ھەدىس بىلەن مەنسۇخ بولىدۇ، دەيدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: قاتىلنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەستىن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، ئەزالىرىنى پارچىلاپ ئۆلتۈرۈش، تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈش، ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆلتۈرۈشلەر چېكىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا: ﴿شۇنىڭدىن كېيىن، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ دەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قاسىم ئىبنى مەئن بىلەن شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ مەلۇم بىر سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن. سۇلتان ئۇنىڭدىن: بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دەپ سورىغان. ئۇ: قاتىلمۇ ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. سۇلتان: ئەگەر بىر تال ئوق بىلەن ئۆلمىسىچۇ؟ دېگەن. ئۇ: ئىككىنچى ئوق ئېتىلىدۇ، دېگەن. سۇلتان: سىلەر ئۇنى نىشان قىلىۋالامسىلەر! ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جېنى بار نەرسىنى نىشان قىلىۋېلىشتىن توسقان ئەمەسمۇ؟[2] ھەنەفى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكتەك قىلىدۇ، توغرىسىنى اللّٰه بىلگۈچىدۇر، دېگەن.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### قىساس ئېلىش ئىشىغا كىم ئىگە بولىدۇ؟

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا بەرگۈچى ئىماملار ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ھاكىمسىز قىساس ئېلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن قىساس ئېلىش ھوقۇقى يوق. بۇ ھاكىمنىڭ ياكى ھاكىم مۇشۇ

---

[1] دەلىللەرنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 186 ـ بەتكە، ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 181 ـ بەتكە ۋە «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 286 ـ بەت.

www.munber.org

ئىشقا تەيىنلىگەن ئادەمنىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا الله ھاكىمنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن قوللىرىنى يىغىشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن.»[1]

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ الله مۆمىن بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قىساسنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن.

2 ـ قىساس جىنايەتلەرنى ئازلىتىپ، دۈشمەنلىشىشكە خاتىمە بېرىدۇ ۋە جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەيدۇ.

3 ـ قىساستا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغىلى، ئۇلارنىڭ يەككە ۋە توپلىشىپ ياشىشىنى ھىمايە قىلغىلى بولىدۇ.

4 ـ قاتىل ئەمەس كىشىگە چېقىلىش جاھىلىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ ئەسەبىيلىك بولۇپ، ئىسلام بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ.

5 ـ ھەددىدىن ئېشىش، زۇلۇم قىلىش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىساس ئېلىشتا ئوخشاش بولۇش ۋاجىپتۇر.

6 ـ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنى ئەپۇ قىلىپ قىساس ئېلىشنىڭ ئورنىغا دىيەت ئېلىشنى قوبۇل قىلسا، قاتىلنىڭ ئىگىلىرىنىڭ دىيەتنى ئارقىغا سوزماستىن ۋە كېچىكتۈرۈۋەتمەستىن بېرىشى ۋاجىپتۇر.

7 ـ جازانى يېنىكلىتىش الله نىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ اللە قا شۈكۈر قىلىشى ۋاجىپتۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى الله قىساسنى يولغا قويدى ۋە ئىنسانلارنىڭ قېنىنى قوغداش، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىنى ھىمايە قىلىش، پىتنىگە بۆشۈكىدىلا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قىساسنى ئىجرا قىلىشنى ھوقۇقدارلارغا ۋاجىپ قىلدى.

جىنايەتچىنى ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جازالاش ئۇنى ۋە باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن توسىدۇ، شۇنداقلا ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ۋە دۈشمەنلەشكۈچىلەرنى توسىدۇ. ئەگەر بىرى بىر قېرىندىشىنى ئۆلتۈرمەكچى ياكى سولاپ قويماقچى بولغاندا

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 237 ـ بەت.

قىساستىن قورقۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ. قىساس بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ھاياتىنى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر تاجاۋۇز قىلغۇچى جازاغا ياكى ھېسابقا تارتىلماي ئەركىن يۈرۈۋەرسە، بۇ پىتنە قوزغاشقا ۋە تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت قىساس ئېلىش ئۈچۈن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە دۇچ كېلىدۇ. تۆكۈلگەن قان ئۈچۈن غەزەپلىنىش ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن نەرسىدۇر. ئىسلام دىنى بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، دىللاردىن ئۆچمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلاش، زۇلۇم قىلىش، ماجىرالىشىش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ سەۋەبلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قىساس ئېلىش ھۆكمىنى بەلگىلىدى.

ئىسلام دىنى قىساس ئېلىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەپۇ قىلىشنى ياخشى قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ چېگرالىرىنى بەلگىلەپ بەردى. قىساس ئېلىشقا ئادىللىق بىلەن قارار قىلغاندىن كېيىن ئەپۇ قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. بۇ ئېسىل ئەخلاققا قىلىنغان چاقىرىق بولۇپ، ياخشىلىق قىلىش چەك ـ چېگرىسى، ئىچىدە بولىدۇ. ھەرگىز ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە بېسىم قىلىش ۋە ئۇنى تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىگە زورلاش ئۈچۈن ئەمەس. ﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم﴾.

ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، غالىب ۋە بۈيۈك الله ھېكمەت بىلەن بەلگىلىگەن بۇ جازا ھۆكمىنى ئىنتىقام ئېلىش دەرىجىسىدىن گۈزەل ئەخلاق دەرىجىسىگە يۆتكىدى. ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرىكى جازا ئىنتىقام ئېلىش بولۇپ، گۇناھكارلاردىن جەمئىيەت ئىگىلىرى ئىنتىقام ئالاتتى ياكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئىگىلىرىدىن ئىنتىقام ئالاتتى. ئۇلار بىر جاننىڭ ئورنىغا بىرقانچە بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ نۇرغۇن جاننىڭ قېنىنى تۆكمىگىچە رازى بولمايتتى. ئۇلار بەزىدە بىر ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن يۈز ئادەمنىڭ جېنىنى ئالاتتى.

الله قىساس ئېلىشتىن مەقسەت جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى: ﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ)﴾ الله ھەرگىزمۇ سىلەرگە قىساستا ئىنتىقام ئېلىش بار، دېگەن ئەمەس.

www.munber.org

دۆلەت قانۇن تۈزگۈچىلەردىن بىر قىسىملىرىنىڭ دىللىرى يۇمشاپ، قاتىلنى ئۆلتۈرۈشنى ۋەھشىيلىك، دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆلتۈرمەيدۇ. ئەسلىدە ئىچ ئاغرىتىشقا، ھېسداشلىق ۋە مېھرىبانلىق قىلىشقا تېگىشلىكى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئىدى. ئەگەر ئۇلار قاتىلغا ئىچ ئاغرىتسا، بۇزغۇنچى گۇناھكارلارنى جەمئىيەتكە زومىگەرلىك قىلىشتىن كىم توسۇپ قالالايدۇ! بۇگۈنكى كۈنلەردە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ۋە جەمئىيەتكە تەھدىت سېلىۋاتقان بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

ئۇلار بۇ مەسىلىگە ھەقىقەتەن توغرا بولمىغان پىكىر ۋە تار نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاقىلانە ۋە توغرا پىكىر بىلەن ئەتراپلىق كەڭ دائىرىدە قارىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بۇ ئۈممەتكە مېھرى شەپقەت قىلىپ، گۇناھكارلارنى قاتتىق جازالىغان بولاتتى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئىچ ئاغرىتىدىغان كىشى ئۇلار ئارىسىدا يامانلىقنى ئازايتىشقا ۋە چېكىدىن ئاشقۇچىلارنى قىلمىشىدىن توسۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

# مۇسۇلمانلارغا روزىنىڭ پەرز بولۇشى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ
لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٨٣ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَٰتٖۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ مِّنۡ أَيَّامٍ
أُخَرَۚ وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدۡيَةٞ طَعَامُ مِسۡكِينٖۖ فَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥۚ وَأَن
تَصُومُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ١٨٤ شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى
لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهۡرَ فَلۡيَصُمۡهُۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوۡ
عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ مِّنۡ أَيَّامٍ أُخَرَۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلۡيُسۡرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلۡعُسۡرَ وَلِتُكۡمِلُواْ
ٱلۡعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ١٨٥ وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي
فَإِنِّي قَرِيبٌۖ أُجِيبُ دَعۡوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِۖ فَلۡيَسۡتَجِيبُواْ لِي وَلۡيُؤۡمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمۡ يَرۡشُدُونَ
١٨٦ أُحِلَّ لَكُمۡ لَيۡلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمۡۚ هُنَّ لِبَاسٞ لَّكُمۡ وَأَنتُمۡ لِبَاسٞ لَّهُنَّۗ عَلِمَ
ٱللَّهُ أَنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَخۡتَانُونَ أَنفُسَكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡ وَعَفَا عَنكُمۡۖ فَٱلۡـَٰٔنَ بَٰشِرُوهُنَّ وَٱبۡتَغُواْ
مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلۡخَيۡطُ ٱلۡأَبۡيَضُ مِنَ ٱلۡخَيۡطِ ٱلۡأَسۡوَدِ مِنَ
ٱلۡفَجۡرِۖ ثُمَّ أَتِمُّواْ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيۡلِۚ وَلَا تُبَٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمۡ عَٰكِفُونَ فِي ٱلۡمَسَٰجِدِۗ تِلۡكَ
حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقۡرَبُوهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ١٨٧ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە

فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. اللّٰه سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا اللّٰه نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ. مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن). روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). اللّٰه ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. اللّٰه تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، اللّٰه سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ئەنە شۇلار اللّٰه بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، اللّٰه ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾.

ـ سۈرە بەقەرە 183 ــ، 184 ـ، 185 ــ، 186 ـ، 187 ــ ئايەتلەر.

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

اَلصِّيَام: (روزا)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەسسەۋم» بولۇپ، لۇغەتتە بىر ئىشنى قىلىشتىن توختاش ۋە ئۇنى قىلماسلىق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

www.munber.org

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مەيلى تاماق يېيىش بولسۇن، مەيلى سۆز قىلىش بولسۇن ياكى مېڭىش بولسۇن، شۇ ئىشنى قىلىشتىن توختاشنى بىلدۈرىدۇ.»[1]

ئەبۇ ئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز تاماق يېيىش ياكى سۆز قىلىش ۋە ياكى يۈرۈشتىن توختاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

ئۇنىڭ شەرئەتتىكى مەنىسى: تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە تاماق يېمەسلىكنى سۇ ئىچمەسلىكنى ۋە جىما قىلماسلىقنى نىيەت قىلغان ھالدا توختاشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە ھارام ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىق بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ.

فَعِدَّةٌ: (ساناقلىق)، راغىب مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ساناقلىق نەرسە، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق﴾[3]. يەنى مەزكۇر ئايەتتە رامىزاندا روزا تۇتالماي قالغان ساناقلىق كۈنلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[4]

يُطِيقُونَهُ: (ئاران تۇتىدىغان)، يەنى ئۇ سۆز، روزىنى قىيىن ۋە جاپادا تۇتىدىغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فِدْيَةٌ: (فىدىيە)، ئىنسان ئىبادەتلەردىن مەلۇم بىر ئىبادەتتە كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلى ئۆزىنى بۇ كەمچىلىكنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇل ـ مال ۋە باشقا نەرسە فىدىيە دېيىلىدۇ. بۇ مەلۇم تەرەپىنى كۆزدە تۇتقاندا كەففارەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ.

شَهْرُ: (ئېيىدا)، بۇ سۆز ئەرەب تىلى لۇغىتىدە مەشھۇر بولماق، ئاشكارا بولماق، (قىلىچتەك نەرسىلەر) يالىڭاچلانماق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئاتالغۇدا ئاي (يەنى 30 كۈن) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئاتىلىشى ئىبادەتلەرنىڭ ۋە مۇئامىلىلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەپ كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر[5].

---

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 291 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 128 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 253 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 184 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 128 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 253 ـ بەت.
[3] سۈرە مۇددەسسىر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 325 ـ بەت.
[5] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 60 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 270 ـ بەت.

رَمَضَان: (رامىزان)، بۇ سۆز ناھايىتى قىزىق، قۇياش ھارارىتى، كۈن نۇرىنىڭ قاتتىق چۈشىشى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھلار كۆيدۈرۈلۈپ يوقىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن رەمەزان دەپ ئاتالغان[①].

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى زاماندا ئەرەبلەر ئايلارغا ئىسىم قويغان ۋاقىتتا بۇ ئايغا ئىسىم قويۇش ۋاقتى قاتتىق ئىسسىق كۈنلەرگە توغرا كېلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئاينى «رامىزان» دەپ ئاتىغان.»[②]

اَلرَّفَث : (يېقىنچىلىق)، بۇ سۆز جىما قىلىش ۋە جىما قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز جىما قىلىش ۋە جىما قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان، سەتلىكىدىن تىلغا ئېلىشقا ئوڭايسىزلىنىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆز الله تائالانىڭ: ﴿روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى﴾ دېگەن سۆزىدە روزا تۇتقانلارنىڭ ئۆز ئاياللىرى بىلەن جىما قىلىشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆز كىنايە قىلىپ ئىشلىتىلگەن.»[③]

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز جىما قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن ناھايىتى كەرەملىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. شۇڭا ئۇ مۇنداق مەنىنى كىنايە سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.»[④]

تَخْتَانُون : (ئالدىغانلىقىڭلار)، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى خىيانەت قىلماقچى بولماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ خىيانەت قىلماقچى بولماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتتە: «سىلەر ئۆزەڭلارغا خىيانەت قىلدىڭلار» دېمىدى. چۈنكى، ئۇلاردىن خىيانەت سادىر بولمىغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ھەۋىسىنى باسالماي، رامىزاندا ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق ھۆكۈمگە خىيانەت قىلىپ قالغىلى تاس قالغان.»

عَاكِفُون: (ئېتىكاپتا ئولتۇرغان)، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى لۇغەتتە بىر ئىشنى قىلىشتا چىڭ تۇرماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز﴾[⑤].

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 271 ـ بەت.
[②] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 171 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 187 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 271 ـ بەت.
[③] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 199 ـ بەت.
[④] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 191 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 295 ـ بەت.
[⑤] سۈرە تاھا 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇ شەرئىي ئاتالغۇدا، اللہ تائالاغا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلىپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتە تۇرماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

حُدُودُ ٱللَّهِ: (اللہ نىڭ بەلگىلىگەن چېگرالىرى)، زۇجاج بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، اللہ چەكلىگەن، خىلاپلىق قىلىشقا ۋە بەلگىلىمىدىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىغان نەرسىلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە روزا تۇتۇشنىڭ خۇددى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك پەرز قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ ۋە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىغا روزا تۇتۇشنىڭ چوڭ پايدىلىرىنى ۋە يۈكسەك ھېكمىتىنى بايان قىلىش بىلەن سەۋەب كۆرسىتىدۇ. بۇ پايدا ۋە ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، روزا تۇتقۇچى ئۆزىنىڭ اللہ دىن قورقۇپ، اللہ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدىغان مۆمىن بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى اللہ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان لەززەتلىك نەرسىلەرنى تەرك ئېتىدىغان، اللہ بۇيرۇغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرىدىغان ۋە اللہ دىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان تەقۋادار كىشى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

اللہ تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە پەرز قىلغان بۇ روزا پەقەت رامىزان ئېيىدىن ئىبارەت مۇئەييەن ۋە ساناقلىقلا كۈنلەردۇر. اللہ تائالا مۆمىنلەرگە يىل بويى روزا تۇتۇشنى پەرز قىلمىدى. مانا بۇ اللہ تائالانىڭ مۆمىنلەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغانلىقىدىندۇر. اللہ تائالا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىشتا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق قىلغان تۇرۇقلۇق، كېسەلگە روزا تۇتۇشنىڭ زىيان قىلىپ قالماسلىقى، مۇساپىرنىڭ سەپەر ئۈستىدە جاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ كۈنلەردە روزا تۇتماي، روزا تۇتمىغان كۈنلىرى ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى بەلگىلىدى. مانا بۇ بەندىلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىك ۋە رەھمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە يەنە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان ئايدىن ئىبارەت ﴿رامىزان ئېيىدا﴾ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئىنئام قىلغان كاتتا كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، بۇ كىتابنى ئۇلارنىڭ دەستۇرى ۋە ھاياتلىق يولىدا چىڭ تۇتقا قىلىدىغان نىزامنامە قىلغانلىقىنى، بۇ كىتابنىڭ ئىنسانلارغا يېتەكچى نۇر، ھىدايەت ۋە توغرا يول ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەت يولىغا مېڭىشنى

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 193 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 316 ـ بەت.

خالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاي بەندىلەرگە ئىلاھىي رەھمەت چۈشىدىغان ئايدۇر. اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە پەقەت ﴿ئاسانلىقنى﴾ خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان كۈنلىرىدە كېسەللەرگە ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرگە روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلدى.

اللّٰه تائالا يەنە بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بەندىلەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى، تىلەكلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزى بىلەن بەندىلەردىن ھېچكىمنىڭ ئارىسىدا توساق يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ يالغۇز اللّٰه غىلا يۈزلىنىپ ئىخلاس بىلەن زارلىنىپ دۇئا قىلىشلىرىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەھرىمەن بولۇشنى رۇخسەت قىلغىنىدەك، ئاياللار بىلەنمۇ بەھرىمەن بولۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئىلگىرى بۇ ئۇلارغا ھارام ئىدى. لېكىن اللّٰه تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى ۋە مەرھەمىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەھرىمەن بولۇشنى، ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بەھرىمەن بولۇشنى رۇخسەت قىلدى. ئاياللارنى بەدەننى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىمگە ئوخشاتتى. ئايال ئەر كىشىگە يېپىنچىپ ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىردىن بىر سىردىشى بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى «ئاياللار سىلەرنىڭ سىرداشلىرىڭلاردۇر، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ سىرداشلىرىسىلەر» دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ.

اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە ئاياللىرى بىلەن تاڭ يورىغانغا قەدەر يېقىنچىلىق قىلىشنى رۇخسەت قىلدى. ئاندىن بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمدىن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق ھۆكمىنى ئايرىپ بايان قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئىبادەت ئۈچۈن ئايرىلغان ۋاقىتتۇر. ئاندىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەرنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىدىغان، ھارام ۋە گۇناھ ئىشلاردىن يانمايدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئەنە شۇلار اللّٰه تائالا بەلگىلىگەن چېگرىلار بولۇپ، بەندىلىرىنىڭ ئۇ چېگرىلاردىن يىراق تۇرۇپ ۋە اللّٰه نىڭ شەرىئىتىنى تۇتقا قىلىپ تەقۋادار كىشىلەردىن بولۇشلىرى ئۈچۈن اللّٰه تائالا ئۇنى ئۇلارغا ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

**1** ـ ئىبنى جەرىر، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئاشۇرا كۈنى ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقان ئىدى. كېيىن اللّٰه تائالا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى پەرز

www.munber.org

قىلىپ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خالىغان كىشى روزا تۇتاتتى، خالىغان كىشى روزا تۇتماي بىر مىسكىنگە تائام بېرەتتى. ئاندىن الله تائالا تېنى ساغلام ۋە سەپەرگە چىقمىغان كىشىگە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىپ، ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتالمايدىغان كىشىگە بىر مىسكىنگە تائام بېرىش ھۆكمىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بايان قىلىپ: ﴿كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[①]

2 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن خالىغان كىشى روزا تۇتاتتى، خالىغان كىشى روزا تۇتماي بىر مىسكىنگە تائام بېرەتتى.

كېيىن ﴿كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.»[②]

3 ـ ئەئرابىلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسىلە سوراپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىمىز يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا پىچىرلاپ گەپ قىلايلى. يىراق بولسا، توۋلاپ گەپ قىلايلى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[③]

4 ـ ئىمام بۇخارى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى روزا تۇتقان، ئاندىن

---

[①] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 132 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 176 ـ بەت.

[②] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 177 ـ بەت.

[③] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 158 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 288 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 194 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 189 ـ بەت.

ئىپتار ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئۇخلاپ قېلىپ ئىپتار ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، ئۇ شۇ كېچىدە ۋە ئەتىسى كەچ بولغىچە بىر نەرسە يېمەيتتى.

قەيس ئىبنى سىرمە ئەنسارى دېگەن كىشى روزا تۇتاتتى. كۈندۈزى خورمىلىق بېغىدا ئىشلەيتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىپتار ۋاقتى بولغاندا ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ: يېگىدەك نەرسە بارمۇ؟ دېدى. ئايالى: يوق، لېكىن مەن سىرتقا چىقىپ ساڭا يېگىدەك بىر نەرسە تېپىپ كېلەي، دېدى. ئۇ كۈندۈزى ئىشلەپ چارچىغان بولغاچقا ئۇخلاپ قالدى.

ئايالى كېلىپ ئۇنىڭ ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: ۋاي ساڭا! دېدى. ئەتىسى چۈش بولغاندا ئۇ ئاچلىقتىن ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشاللاندى. ئاندىن ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ مەزكۇر ئايەت كەرىم روزا تۇتۇشنىڭ قەدىمىي ئىبادەت ئىكەنلىكىگە، الله نىڭ ئۇنى بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگىمۇ پەرز قىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. لېكىن ئەھلى كىتاب بۇ پەرزنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئورنىدىن ئالماشتۇرىۋەتتى. قاتتىق ئىسسىقتا ياكى قاتتىق سوغۇقتا روزا تۇتۇش ۋاقتى كېلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ۋاقىتنى ئەتىياز ۋاقتىغا ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە بۇنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن روزىنىڭ كۈن سانىنى ئاشۇرۇپ 50 كۈن قىلىۋەتتى.

ئىمام تەبەرى بۇ ھەقتە سۇددىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خرىستىئانلارغا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇخلىغاندىن كېيىن يېمەسلىكى، ئىچمەسلىكى ۋە رامىزان ئېيىدا ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىقى پەرز قىلىندى. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش خرىستىئانلارغا ئېغىر كەلدى. چۈنكى، رامىزان ئۇلارغا قىشتىمۇ، يازدىمۇ ئايلىنىپ كېلەتتى.

ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن روزىنى قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدىن ئىبارەت ئەتىياز پەسلىدە تۇتۇشنى بەلگىلىدى ۋە: بۇ قىلمىشىمىزنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن 20 كۈن ئارتۇق روزا تۇتايلى دەپ، روزا تۇتۇشنى 50 كۈن قىلىپ بەلگىلىدى.»[2]

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 164 ـ بەتكە ۋە ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 294 ـ بەتكە قاراڭ.

[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 129 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 176 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىبنۇلئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزدە ناھايىتى ئىنچىكە پاساھەت ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى شەرتلىك جۈملە ۋە ئىبنقلانغۇچى قىسقارتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.»[①]

3 ـ اللہ تائالا: ﴿(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دەپ، روزىنىڭ تەقۋادارلىقنى مىراس قالدۇرىدىغانلىقنى بايان قىلغان ۋە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىغا روزا تۇتۇشنىڭ چوڭ پايدىلىرىنى ۋە يۈكسەك ھېكمىتىنى بايان قىلىش بىلەن سەۋەب كۆرسەتكەن. بۇ پايدا ۋە ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، روزا تۇتقۇچى اللہ يېپىشكە رۇخسەت قىلغان تەبئىي لەززەتلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزىنى اللہ بۇيرۇغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرىدىغان ۋە اللہ دىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان تەقۋادار كىشى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا كۆڭۈل تارتىدىغان، بىراق ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادارلىق ئىرادىسى يېتىلىدۇ.

روزا تۇتۇش ئىنساننىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە ۋە جىنسىي ھەۋسىنى قاندۇرۇشقا بولغان ئىشتىياقىنى باسىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار مۇشۇ ئىككى نەرسە ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ماقال بار: كىشى قورسىقى ۋە جىنسىي يولىدىن ئىبارەت ئىككى كامانى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.»[②]

4 ـ قەففال (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «اللہ نىڭ بۇ پەرزدىكى پەزلى ۋە مەرھەمىتىنىڭ كاتتىلىقىغا قاراڭ! اللہ بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئىشارەت قىلىدۇ:

بىرىنچى، بۇ ئۈممەتكىمۇ روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇشى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى ئۈلگە قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، روزا تۇتۇش تەقۋادارلىققا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر روزا پەرز بولمىغان بولسا ئىدى، كىشىلەر بۇ شەرەپلىك مەقسەتكە يېتىشتىن مەھرۇم قالغان بولاتتى.

ئۈچىنچى، روزا ساناقلىق كۈنلەردە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ھەممە ۋاقىتتا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان بولسا، كىشىلەرگە ناھايىتى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەت بولاتتى.

تۆتىنچى، روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئايلار ئىچىدىن قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيى تاللاندى. چۈنكى، ئۇ ئەڭ پەزىلەتلىك ئايدۇر.

---

① ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 77 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 77 ـ بەتكە قاراڭ، ئۇ بۇ ھەقتە ئاجايىپ نەپىس ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنى بايان قىلغان.

بەشىنچى، روزا تۇتقاندا دۇچ كېلىدىغان مۇشەققەتكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقتىن ۋە كېسەل سەۋەبىدىن روزا تۇتسا جاپا تارتىپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ روزىنى كېچىكتۈرۈپ تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىندى.»[1]

الله تائالا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇقتىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. الله بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز نازۇنېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن جىمى ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر.

5 ـ الله تائالا: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دەپ، ياشىنىپ قالغان ئەر ۋە ياشىنىپ قالغان ئايال روزا تۇتقاندا قېرىلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن ئاران تۇتىدىغان ئەھۋال بولسا، كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تويغۇدەك تاماق بېرىش بەدىلىگە روزا تۇتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەرەبلەر قاتتىق مۇشەققەت بىلەن ئاران قىلالايدىغان ئىشنى مۇشۇ سۆز ئىپادىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا يەنە مۇشۇ مەنىدە مۆمىنلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى قۇرئاندا زىكىر قىلىدۇ: ﴿كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن﴾[2] يەنى ئورۇندىشىمىز تەس بولغان ئىشنى بىزگە يۈكلىمىگىن[3].

6 ـ الله تائالا: ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ دېگەن. بۇ ئايەتتىن ئاينى كۆرۈش ئەمەس، ۋاقتىنىڭ كىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئاينى بىر ياكى ئىككى ئادەم كۆرسە، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت: سىلەردىن كىمكى سەپەر ئۈستىدە بولماي ۋە كېسەل بولۇپ قالماي رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، روزا تۇتسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[4].

7 ـ الله تائالا: ﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ دېگەن. بۇ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى ئاجايىپ گۈزەل ئۇسلۇبتا ئىپادىلىگەن بولۇپ، الله تائالا شەرىئەت بەلگىلەش بىلەن ئىنسانلارنى ھەرگىز چارچىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇ ئۇلارغا پەقەت ئاسانلىق، ياخشىلىق ۋە پايدا ـ مەنپەئەتنى خالايدۇ.

8 ـ ئەللامە زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿(ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ باش تەرىپى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولغان كىشىنى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇش، كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىش، ئۇلارنى روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 80 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 312 ـ بەت.
[4] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 154 ـ بەت.

www.munber.org

ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، اللە تائالانىڭ: ﴿(ئاغزىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى﴾ دېگەن سۆزى رامىزان روزىسىنىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ﴿سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا اللە نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى﴾ دېگەن سۆزى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قانداق تۇتۇشنى ۋە روزا تۇتمىغان كۈنلەرنى قانداق تۈگىتىشنى بىلدۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى، ﴿(ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى﴾ دېگەن سۆزى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدىكى كۈنلەردە روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ، ئەرەب تىلىنىڭ بالاغەت قىسمىدىكى ئاجايىپ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسلۇبنى بالاغەت ئىلمىنى پىششىق بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ.»①

9 ـ ئۇلۇغ ئىگىمىز اللە تائالا بىزگە ئاياللار بىلەن ئالاقىدار ئىشلاردا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئاجايىپ يۈكسەك ۋە نەپىس تەبىر بىلەن مۇنداق ئىپادىلىگەن: ﴿ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر)﴾. بۇ ئايەتنىڭ تەبىرىدە بالاغەتتىكى «ئىستىئارە» (يەنى ئوخشىتىش يولى بىلەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىش) ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ ياشايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىشى، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ بەدىنىنى جۈپتىنىڭ بەدىنىگە يېقىن چاپلاپ، ئۆز جۈپتىنىڭ ئۈچىسىغا كىيىدىغان كىيىمگە ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىرى كىيىم دەپ ئاتالغان.»②

10 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە شەرىف رىزا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە «ئىستىئارە» ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئاق يىپتىن تاڭنىڭ يورۇشى، قارا يىپتىن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. اللە تائالا تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئاق يىپ بىلەن قارا يىپقا ئوخشاتقان. چۈنكى، تاڭ دەسلەپتە يورۇشقا باشلىغاندا غۇۋا ئاقىرىشقا، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بولسا ئۆز كۈچىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ھەر ئىككىلىسى

---

① ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 611 ـ بەت. شەرىف رىزانىڭ «تەلخىيسۇل بەيان فىي مەجازاتىل قۇرئان» ناملىق كىتاۋى، 12 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ كۆچىنى كۆرستىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. چۈنكى، تاڭنىڭ ئاقىرىشى ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ.»[1]

ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندا مەن بىرى ئاق، يەنە بىرى قارا ئىككى تال يىپنى ئېلىپ ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدۇم. كېچىسى تۇرۇپ يىپقا قاراپ باقتىم. مەن ئاق يىپنى قارا يىپتىن ئايرىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «سەن شۇنىمۇ چۈشىنەلمەيسەن، ئۇ دېگەن تاڭنىڭ يورۇشى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىبارەتتۇر» دېدى[2].»

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

مۇسۇلمانلارغا رامىزاننىڭ روزىسى پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغانمۇ؟

اللە تائالانىڭ: ﴿(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان روزىنىڭ پەقەت رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپساندىكى تەپسىرشۇناسلار مۇشۇ قاراشتا. ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەننىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى جەرىر تەبەرىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

قەتادە ۋە ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمانلارغا دەسلەپ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى. كېيىن ئۇلارغا رامىزاننىڭ روزىسى پەرز قىلىندى.» ئۇلار اللە تائالانىڭ: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: بۇ ئايەت مەزكۇر ساناقلىق كۈنلەرنىڭ روزىنىڭ ئىختىيارىلاشتۇرۇپ پەرز قىلىنغانلىقىنى، رامىزان روزىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ پەرز قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەزكۇر ساناقلىق كۈنلەرنىڭ روزىسى رامىزان روزىسىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، دەيدۇ.

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەرگىمۇ روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى﴾ دېگەن سۆزى بۇ روزىنىڭ بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ۋە ياكى

---

[1] شەرىف رىزانىڭ «تەلخىيسۇل بەيان فىي مەجازاتىل قۇرئان» ناملىق كىتاۋى، 13 ـ بەت.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 175 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 120 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 192 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

www.munber.org

ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇش ئېھتىمالىنى بىلدۈرىدۇ. الله تائالا بۇنى كېيىنكى ئايەتتىكى: ﴿(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر﴾ دېگەن سۆزى بىلەن بىرئاز ئوچۇقلاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىمۇ روزىنىڭ بىر ھەپتە ياكى بىر ئاي بولۇش ئېھتىمالىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا الله تائالا بۇنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتىكى ﴿رامىزان ئېيىدا﴾ دېگەن سۆزى بىلەن تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇردى. مانا بۇ مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان روزىنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتتۇر.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن الله تائالانىڭ: ﴿(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر﴾ دېگەن سۆزى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلەرنىڭ قارىشىنى توغرا دەپ قارايمەن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدىن باشقا روزا پەرز قىلىنغان ئىدى، ئاندىن بۇ روزا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى پەرز قىلىنىش بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى دەپ دەلىل بولغۇدەك بىرەر ھەدىس رىۋايەت قىلىنمىغان. چۈنكى، الله تائالا: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى﴾ دېگەن سۆزى بىلەن بىزگە پەرز قىلغان ساناقلىق كۈنلەرنىڭ روزىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ، مەزكۇر ئايەتتە پەرز قىلغان روزىنىڭ باشقا روزا ئەمەس، دەل رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇڭا مەزكۇر ئايەتكە: ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ ساناقلىق كۈنلەردە روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى. بۇ پەرز قىلىنغان روزا رامىزان ئېيىدىن ئىبارەتتۇر دەپ مەنە بېرىشكە بولىدۇ.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى كېسەلگە ۋە قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا سەپەر قىلغۇچىغا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدۇ؟

الله تائالا بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ ۋە ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلغان. فىقھشۇناس ئالىملار قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى كېسەلگە ۋە قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا سەپەر قىلغۇچىغا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېگەن مەسىلىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

بىرىنچى، زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «كېسەل ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماسلىقى شەرتسىز رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھەتتا سەپەر قىسقا، كېسەل بارماق ۋە چىشنىڭ ئاغرىقىغا ئوخشاش يېنىك بولسىمۇ روزا تۇتمىسا بولىۋېرىدۇ.» بۇ قاراش ئەتا ۋە ئىبنى سىيرىيندىن رىۋايەت قىلىنغان[2].

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 112 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 81 ـ بەتتىن نەقىل قىلىندى.

ئىككىنچى، بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ رۇخسەت ئەگەر روزا تۇتسا جاپا - مۇشەققەتتە قالىدىغان كىشىلەرگە، شۇنداقلا سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتسا ئېغىر كېلىپ قالىدىغان مۇساپىرغا قارىتىلىدۇ.» بۇ قاراش ئەسەمنىڭ قارىشىدۇر.

ئۈچىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق قارايدۇ: «روزا تۇتسا سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدىغان ياكى كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ۋە ياكى كېسىلىنىڭ ساقىيىشى كېچىكىپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئېغىر كېسەلگە، سەپەر ئۇزۇن بولۇپ روزا تۇتسا مۇشەققەتكە قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان مۇساپىرغا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدۇ.» بۇ تۆت ئىمامنىڭ قارىشىدۇر.

## زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

زاھىرى مەزھەبىدىكىلەر ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئاممىباب مەنىسىنى دەلىل قىلىپ: ئايەتنىڭ لەۋزىدە ئېغىر كېسەل ۋە ئۇزۇن سەپەر شەرت قىلىنمىغان. شۇڭا قانداقلا كېسەل بولسۇن ۋە قانداقلا سەپەر بولسۇن روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار رامىزاندا ئىبنى سىيرىيننىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇ تاماق يەپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ روزا تۇتمىغانلىقىغا بارمىقىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەۋەب كۆرسەتكەن.

داۋۇد زاھىرى مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتماسلىق ھەرقانداق سەپەردە رۇخسەت قىلىنغان. ئەگەر سەپەر بىر پەرسەخ (6.24 كىلومېتىرغا تەڭ) مۇساپە بولسىمۇ، سەپەر قىلغۇچىغا "مۇساپىر" دېگەن نام بېرىلىدۇ. بۇنى قۇرئان ئايەتلىرى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

## كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىلى

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار الله تائالانىڭ روزا تۇتۇش بايان قىلىنغان ئايەتتە: ﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: روزا تۇتسا جاپا تارتىپ قالمايدىغان يېنىك كېسەلگە روزا تۇتماسلىق دۇرۇس ئەمەس. بۇ ئايەت كېسەلگە يېتىدىغان مۇشەققەت ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا روزا تۇتماسلىقنىڭ رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كېسەل يېنىك، سەپەر يېقىن بولسا، بۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقۇچىدىن مۇشەققەت كۆتۈرۈۋېتىلدى، دېيىش توغرا بولمايدۇ. بارماق ۋە چىشنىڭ ئاغرىقى قانداقمۇ مۇشەققەت بولسۇن؟ دەپ قارايدۇ.

## كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئەقىل ئۇنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىدۇ. كېسەلگە روزا تۇتماسلىقنىڭ رۇخسەت قىلىنىشىدىكى ھېكمەت الله نىڭ ئاسانلىقنى خالىغانلىقىدۇر. پەقەت مۇشەققەت مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن ئاسانلىق خالىنىدۇ. بارماق

ياكى باشنىڭ يېنىك ئاغرىشىدا مۇشەققەت مەۋجۇت بولمايدۇ. قىلىنىپ قالمايدىغان يېنىك كېسەل روزا تۇتسا، قانداقمۇ مۇشەققەتكە يولۇقسۇن؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەللەر ئىچىدە روزا تۇتسا، ساقىيىپ قالىدىغانلىرى بار. مۇشۇنداق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلارغا قانداقمۇ روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنسۇن؟ الله تائالا بىزنى ئىبادەت قىلىشقا پەقەت كۈچلۈك ئېھتىماللارغا يارىشا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇڭا كېسەلنىڭ كېسىلىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياكى ئېغىرلىشىپ كېتىشى روزا تۇتماسلىق ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەبتۇر. ئەمما ئۇنى شەرتسىز قىلىۋېتىش ياكى زىيادە تارلىتىۋېتىش ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن ئاسانلىقنى خالاش ئىشىغا زىت كېلىدىغان بىر مەسىلىدۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كېسەلگە ئىككى ھالەت بار. بىرىدە روزا تۇتسا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقى ۋاجىپتۇر. ئىككىنچى ھالەتتە روزا تۇتالايدۇ، بىراق مۇشەققەت تارتىپ قالىدۇ ۋە كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقى مۇستەھەبتۇر. بۇ ھالەتتە پەقەت جاھىل كىشىلا روزا تۇتىدۇ.»

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر روزا تۇتقاندا كېسىلى بىئارام قىلسا ۋە ئەزىيەت چەكتۈرسە، ياكى كېسىلىنىڭ يامانلىشىپ ۋە ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقسا، ئۇنىڭ روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدۇ.»

قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى كېسەلگە روزا تۇتماسلىقنىڭ رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام مالىكتىن ئىككى خىل رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىرىدە ئۇ: «روزا تۇتسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغان ئەھۋال بولسا روزا تۇتمايدۇ» دېگەن. يەنە بىرىدە: «روزا تۇتسا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋە يامانلىشىپ كېتىدىغان ھەم قاتتىق مۇشەققەت تارتىدىغان ئەھۋال بولسا روزا تۇتمايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىل قارىشى توغرىدۇر ۋە ئايەتنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.[1]

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى سەپەر قىلغۇچىغا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدۇ؟

فىقھشۇناسلار سەپەرنىڭ چوقۇم ئۇزۇن بولۇشىغا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى سەپەر قىلغۇچىغا روزا تۇتماسلىقنىڭ رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى قاراشلارغا بۆلۈنگەن:

بىرىنچى، ئىمام ئەۋزائىي مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنىدىغان سەپەرنىڭ مۇساپىسى بىر كۈنلۈك ئۇزۇنلۇقتۇر.»

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 204 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 256 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 80 ـ بەت.

ئىككىنچى، ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىككى كىچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىدۇر. تەخمىنەن 16 پەرسەخ (100 كىلو مېتىر) كېلىدۇ.»

ئۈچىنچى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىدۇر. تەخمىنەن 24 پەرسەخ (150 كىلو مېتىر) كېلىدۇ.»

## ئىمام ئەۋزائىينىڭ دەلىلى

بىر كۈنلۈك مۇساپىدىن ئاز سەپەر قىسقا بولۇپ قالىدۇ ۋە مۇقىم كىشىگە (يەنى سەپەر قىلمىغان كىشىگە) ئوخشاپ قالىدۇ. سەپەر قىلغۇچى شۇ كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئەھۋالدا بولۇش كېرەك. شۇڭا مۇساپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كۈنلۈك مۇساپە بولۇشى كېرەك.

## ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەدنىڭ دەلىللىرى

بىرىنچى، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن سەپەردە ناماز قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدىغان سەپەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر كۈنلۈك جاپاغا چىداش ئاسان بولىدۇ. ئەگەر بۇ جاپا ئىككىنچى كۈنىمۇ تەكرارلانسا، ئۇنىڭغا چىداش قىيىنلىشىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئەھۋالدا روزا تۇتماسلىق ھەققىدىكى رۇخسەتنى تۇتۇش تامامەن مۇناسىپتۇر.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئى مەككە ئەھلى! مەككىدىن ئەسفان دېگەن يەرگىچە تۆت بۇرد كېلىدىغان مۇساپىدىن ئاز سەپەر بولسا، نامازنى قەسىر قىلماڭلار.»[1]

ئەرەب تىلشۇناسلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر بۇرد تۆت پەرسەخ كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا تۆت بۇرد 16 پەرسەخ كېلىدۇ.»

ئۈچىنچى، ئەتادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئىبنى ئابباستىن: «ئەرەفاتقا بارساڭ، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇمسەن؟» دېگەن. ئىبنى ئابباس: «ياق» دېگەن. ئەتا: «مەررۇزەھرانغا بارساڭچۇ؟» دېگەن. ئۇ: «ياق، لېكىن جىددىگە، ئەسفانغا ۋە تائىفقا بارسام قەسىر قىلىپ ئوقۇيمەن» دېگەن[2].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «سەھىھ بۇخارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس تۆت بۇرد يىراقلىقتا سەپەر قىلسا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيتتى، روزا تۇتمايتتى. تۆت بۇرد 16 پەرسەخ كېلىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىنغان.»[3]

ئىمام مالىك (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىدىمۇ مۇشۇ قاراش كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ: «روزا تۇتماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كېچە ـ كۈندۈز

---

[1] ئىمام شافىئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 82 ـ بەت.

[2] ئىمام شافىئى ئەتادىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 82 ـ بەت.

[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 258 ـ بەت.

www.munber.org

ئۈزاقلىقتىكى سەپەر بولۇشى لازىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ بۇنىڭغا: «اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايال كىشىنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇزاقلىقتا مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى ھالال ئەمەس»[1] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان[2].

## ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرىنىڭ دەلىللىرى

بىرىنچى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە اﷲ تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت روزا تۇتۇشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. لېكىن بىز ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىغا (يەنى بىرلىككە) ئاساسەن ئۈچ كۈنلۈك سەپەردە روزا تۇتماسلىق ھۆكمىنى بىكىتتۇق. ئەمما ئۇنىڭدىن ئاز سەپەردە ئۆلىمالار ھەرخىل كۆز قاراشتا بولۇپ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەپەرگە چىقمىغان كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈزگىچە، مۇساپىر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە مەسھى قىلىدۇ»[3] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە مەسھى قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سەپەر قىلىپ بەلگىلىگەن. رۇخسەت پەقەت بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدىن مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرنى شەرئىي سەپەر دەپ ئېتىبارغا ئېلىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايال كىشىنىڭ ئۈچ كۈنلۈكتىن ئارتۇق سەپەرگە مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىغا بولمايدۇ»[4] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىستىن شەرىئەت ھۆكمى بۇ ئۈچ كۈنگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. شۇڭا روزا تۇتماسلىقتا ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى مۆلچەرلەپ بېكىتىش كېرەك.

ئىبنۇل ئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىستە: «اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايال كىشىنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇزاقلىقتا مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى ھالال ئەمەس» دېگەنلىكى، يەنە بىر ھەدىستە: «ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا ئەبۇ ھەنىفە: سەپەر ئۈچ كۈندە ئەمەلىيلىشىدۇ، بىرىنچى كۈنى ئائىلىسىدە تەييارلىغان ئوزۇقلۇقنى ئېلىۋالىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ، سەپەر ئەمەلىيلىشىدىغان كۈن ئوتتۇرىدىكى كۈندۇر، دەپ قارايدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئېھتىيات يولىنى

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 77 ـ بەت.
[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 204 ـ بەت.
[4] ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان.

تۇتۇپ، ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى ئېتىبارغا ئالغان، يەنە بەزىلەر رۇخسەت يولىنى تۇتقان ۋە بەزىلەر بىر كۈنلۈك سەپەرنى ئېتىبارغا ئالغان[1].

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىبادەت ئىشلىرىدا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال كىشىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشتىن توسقانلىقى، ھەمدە بىر كۈنلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ھەر ئىككىلى رىۋايەت سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇپ، ئۈچ كۈنگە ئەمەل قىلىش لازىم. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

تۆتىنچى ھۆكۈم: كېسەلنىڭ ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى قەتئىي ھۆكۈممۇ ياكى رۇخسەتمۇ؟

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: كېسەلنىڭ ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى، روزا تۇتمىغان كۈنلىرى ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە تۇتۇشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇلار شۇ ھالىتىدە روزا تۇتسا، ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسى ئادا بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا: ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەت ئۇنداق كىشىلەرنىڭ باشقا كۈنلەردە روزا تۇتۇشىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتۇش ياخشى ئەمەس» دېگەن. بۇ قاراش بەزى سەلەف ئۆلىمالىرىدىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ۋە فىقھشۇناسلار: كېسەلنىڭ ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى رۇخسەتتۇر، ئەگەر ئۇ خالىسا روزا تۇتىدۇ، خالىسا روزا تۇتمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ مەزكۇر ئايەتتە «روزا تۇتمىغان بولسا» دېگەن سۆز تەقدىر قىلىنىدۇ يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدىكى كىشى روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى﴾[2] دېگەن سۆزىدىمۇ «تاشنى ئۇرۇۋىدى» دېگەن سۆز، شۇنداقلا: ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرمىسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرسە)، فىديە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن﴾[3] دېگەن سۆزىدىمۇ «بېشىنى چۈشۈرسە» دېگەن سۆز تەقدىر قىلىنىدۇ. مۇنداق

[1] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 78 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

سۆز تەقدىر قىلىش ئۇسلۇبى قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپتۇر، بۇ ئۇسلۇبنى بىلمىسىز كىشىلەردىن باشقىلار ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[①].

3 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سەپەر قىلغان ئىدۇق. شۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقانلارمۇ، تۇتمىغانلارمۇ ئەيىبلەنمىگەن.»[②]

4 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، كېسەللىك بىلەن سەپەر شەرئىي جەھەتتىمۇ، ئەقلىي جەھەتتىمۇ ئاسانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى تەسلىككە سەۋەب بولۇپ قالسا توغرا بولمايدۇ.

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتۇش ياخشى ئەمەس» دېگەن دەپ دەلىل كەلتۈرۈشىگە كەلسەك، بۇ خاس سەۋەب ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈستىگە سايە تۇتۇلغان، كىشىلەر ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار: ئۇ روزا تۇتۇپتىكەن، ئۇسسۇزلۇق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويۇپتۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنۇل ئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەرنىڭ: رامىزاندا سەپەر قىلغان كىشى مەيلى روزا تۇتسۇن ياكى تۇتمىسۇن قازاسىنى قىلىدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. مۇنداق سۆزنى ئىلمى ئاز كىشىلەردىن باشقىلار قىلمايدۇ. مەزكۇر ئايەتتىكى سۆز رىتىمى ۋە ياساھەتنىڭ كۈچى (روزا تۇتمىغان بولسا) دېگەن سۆزنىڭ تەقدىر قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتقانلىقى سۆزى بىلەنمۇ، ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان. بىز بۇ ھەقتە باشقا كىتابلاردا توختالغان ئىدۇق.»[③]

## بەشىنچى ھۆكۈم

كېسەللىك ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتماسلىقى ئەۋزەلمۇ؟

كېسەللىك ۋە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى رۇخسەت دېگۈچى فىقھشۇناس ئالىملار: مۇنداق كىشىلەر روزا تۇتسا ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتمىسا ئەۋزەلمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

---

[①] بۇ ھەدىسنى بىر تۈركۈم ساھابىلار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئەنەس ئىبنى مالىك، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەبۇ دەردا ۋە باشقا كاتتا ساھابىلار بار.

[②] ئىمام مالىك ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 78 ـ بەت.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، شافىئىي ۋە مالىك مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئىغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى ئەۋزەلدۇر.

ئىمام ئەھمەد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: روزا تۇتماسلىق رۇخسەتكە ئەمەل قىلغانلىق ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى خۇددى پەرز قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: كىشىگە ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئاسان بولسا، شۇ ئەۋزەلدۇر.

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر.

### ئالتىنچى ھۆكۈم

قازا روزىنى كۈن ئاتلاتماي تۇتۇش ۋاجىپمۇ؟

ئەلى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە شەئبى قاتارلىقلار: كېسەل ياكى سەپەرگە ئوخشاش ئۆزرە سەۋەبىدىن روزا تۇتالمىغان كىشى ئۇنىڭ قازاسىنى كۈن ئاتلاتماي تۇتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: قازا روزىنى تۇتۇش ئەسلى روزىنى ئادا قىلغانغا ئوخشايدۇ، ئەسلى روزىنى ئادا قىلغاندا كۈن ئاتلاتماي تۇتقانغا ئوخشاش قازاسىنى تۇتقاندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، دەپ دەلىل كۆرسىتىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: قازا روزىنى تۇتۇشتا كۈن ئاتلىتىپ تۇتامدۇ ياكى كۈن ئاتلاتماي تۇتامدۇ، قانداق تۇتسا بولىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: بۇ ئايەت روزا تۇتمىغان كۈن قانچە بولسا، ئۇنىڭ قازاسى ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە شۇنچە كۈن روزا تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە قازا روزىنى ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇشنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق، شۇڭا قازا روزىنى قايسى كۈندە تۇتسا بولىۋېرىدۇ، دەيدۇ.

ئۇلار يەنە ئەبۇ ئۆبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشنى

www.munber.org

تەسلەشتۈرۈشنى خالاپ ئۆزرىلىك كۈنلەردە روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلغان ئەمەس. شۇڭا خالىساڭ ئۈزۈلدۈرمەي تۇتقىن، خالىساڭ كۈن ئاتلىتىپ تۇتقىن.»[1]

## كۆچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى ناھايىتى روشەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر.

## يەتتىنچى ھۆكۈم

اللە تائالانىڭ: ﴿روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن سۆزىدىن نېمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: روزا تۇتۇش دەسلەپتە ئىختىيارلىق ئاساسىدا يولغا قويۇلغان. خالىغانلار روزا تۇتاتتى، خالىغانلار روزا تۇتماي، كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرەتتى. ئاندىن بۇ ھۆكۈم اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

بۇ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلار ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ مۇنداق دەيدۇ: ﴿روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا بىزدىن خالىغانلار روزا تۇتاتتى، خالىغانلار روزا تۇتماي فىدىيە بېرەتتى. كېيىن ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، مۇئاز، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان[2].

قالغان ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس، ئۇ قېرى ئادەملەر، ئاجىز ئاياللار ۋە روزا تۇتسا قىيىنىلىپ قالىدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. بۇ قاراش ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: قېرى ئادەملەرنىڭ روزا تۇتماسلىقى ۋە كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تويغۇدەك تاماق بېرىشى رۇخسەت قىلىندى. ئۇلار قازاسىنى قىلمايدۇ[3].

ئىمام بۇخارى ئەتادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 85 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 86 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 58 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 186 ـ بەت.
[3] ئىمام دارۇقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس، بۇ ئايەت قېرى ئەر - ئاياللار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تويغۇدەك تاماق بېرىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[①].

بۇ قاراشقا ئاساسەن، بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس بولۇپ، اللە تائالانىڭ: ﴿روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر﴾ دېگەن بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى: روزىنى قىيىن ۋە جاپا - مۇشەققەت بىلەن تۇتۇشقا قادىر بولىدىغانلار دېگەنلىك بولىدۇ.

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ياكى بالىسىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكىدىن قورقسا، روزا تۇتمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

ھەسەن بەسرىدىن، ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ياكى بالىسىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكىدىن قورققاندا قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: قايسى كېسەل ھامىلدارلىقتىن ئېغىر؟ ئۇ روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. لېكىن ئۇلار ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللىڭ فىدىيە بېرىش بىلەن بىرلىكتە قازاسىنى قىلىشى ۋاجىپمۇ ياكى پەقەت قازاسىنىلا قىلسا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ پەقەت قازاسىنى قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد ئۇنىڭ فىدىيە بېرىش بىلەن بىرلىكتە قازاسىنى قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، دەپ قارىغان.

### ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەدنىڭ دەلىلى

ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال ﴿روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت قېرى ئەر - ئاياللارنى ۋە روزا تۇتسا قىيىلىپ قالىدىغان ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللىڭ فىدىيە بېرىشى خۇددى قېرى ئەر - ئايالغا ۋاجىپ بولغاندەك ۋاجىپ بولىدۇ.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى

① سەھىھ بۇخارى، تەپسىر بۆلۈمىگە قاراڭ.

www.munber.org

بىرىنچى، ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايالغا كېسەلنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ھەسەن بەسرىنىڭ: قايسى كېسەل ھامىلدارلىقتىن ئېغىر؟ دېگەن سۆزىگە قارىمامسەن؟ ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال روزا تۇتمايدۇ، كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قازاسىنى قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە ۋاجىب بولمايدۇ.

ئىككىنچى، بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بەك قېرىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭ روزا تۇتۇشى فىدىيە بېرىشكە چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭغا ئۇ روزا تۇتالايدىغان كۈن ھەرگىز قايتا كەلمەيدۇ. ئەمما ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال ۋاقىتلىق ئۆزرىگە گىرىپتار بولغانلاردىن بولۇپ، بۇ ئۆزرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا ئۇنىڭغا روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا فىدىيە بېرىشنىمۇ ۋاجىب قىلساق، ئىككى بەدەل بىرلىشىپ قالىدۇ. بۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، قازاسىنى قىلىش بىر بەدەلدۇر، فىدىيە بېرىش يەنە بىر بەدەلدۇر. ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىككى بەدەلنىڭ بىرىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ[①].

ئىمام ئەھمەد ۋە شافىئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئايال پەقەت بالىسىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكىدىن قورقسا، روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ ھەم فىدىيە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ياكى ئۆزىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن قورقسا، بۇ ھالدا ئۇ پەقەت قازاسىنى قىلىدۇ[②].

### توققۇزۇنچى ھۆكۈم

رامىزان ئېيى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟

رامىزان ئېيى يېڭى ئاينى، گەرچە ئادىل بىرلا ئادەم بولسىمۇ، كۆرۈش بىلەن ياكى شەئبان ئېيىنى تولۇق 30 كۈن تولدۇرۇش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئاي ھېسابىنى ياكى ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزىنى ئاياقلاشتۇرۇڭلار. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنىڭ كۈننى 30 كۈن قىلىپ تولدۇرۇڭلار.»[③]

يېڭى ئاينىڭ ۋاستىسى بىلەن روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش ۋاقىتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق

---

① تەپسىلى دەلىل ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 211 ـ بەتكە، ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 87 ـ بەتكە ۋە ئىمام قۇرتۇبىينىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 269 ـ بەتكە قاراڭ.

② سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسۇننە» ناملىق كىتابى، 3 ـ جىلد، 205 ـ بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتاب، روزا بۆلۈمىگىمۇ قاراڭ.

③ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر» ﴾[1].

رامىزان ئېيىنى ئىسپاتلاشتا چوقۇم يېڭى ئاينى كۆرۈشكە تايىنىش كېرەك. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا رامىزان ئېيىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئادىل بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىشىلەر يېڭى ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن قارىشىۋاتاتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزەمنىڭ يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزا تۇتتى ۋە كىشىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى.»[2]

ئەمما شەۋۋال ئېيىنى ئىسپاتلاشتا يېڭى ئاي كۆرۈنمىگەن تەقدىردە ئۇ رامىزان ئېيىنى تولۇق 30 كۈن تولدۇرۇش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. پۈتۈن فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدا شەۋۋال ئېيىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىنى ئىسپاتلاشتىمۇ چوقۇم ئادىل ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بولۇشى كېرەك، چۈنكى، بۇ گۇۋاھلىقمۇ شەۋۋال ئېيىنى ئىسپاتلاشتىكى گۇۋاھلىققا ئوخشايدۇ.»

ئىمام تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىنى ئىسپاتلاشتا ئادىل بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشقا كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ئەمەل قىلىپ كەلگەن.»

ئىمام دارۇقۇتنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئالدىدا رامىزان ئېيىنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزا تۇتتى ھەمدە كىشىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى ۋە: مېنىڭ شەئبان ئېيىدىن بىر كۈن روزا تۇتۇپ قالغىنىم مەن ئۈچۈن مېنىڭ رامىزان ئېيىدىن بىر كۈن روزا تۇتماي قالغىنىمدىن ياخشىدۇر، دېدى.»[3]

### ئۈنىنچى ھۆكۈم

روزا تۇتۇشتا ئاي كۆرۈنگەن ئورۇنلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟

ھەنەفىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئاي كۆرۈنگەن ئورۇنلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر بىر شەھەر ئاھالىسى رامىزان ئېيىنى كۆرسە، باشقا شەھەر ئاھالىسىنىڭمۇ روزا تۇتۇشى پەرز بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزىنى ئاياقلاشتۇرۇڭلار»

[1] سۈرە بەقەرە 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان. ھاكىم بۇ ھەدىسنى سەھىھلىگەن.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 274 ـ بەت.

www.munber.org

دېگەن. بۇ خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلغان. ئۇلاردىن كىم قايسى ئورۇندا ئاي كۆرسە، بۇ پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئاي كۆرگىنىگە تەڭ بولىدۇ.

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەر شەھەر ئاھالىسى ئۆچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاي كۆرۈشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىر شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن باشقا بىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاي كۆرۈشى يېتەرلىك ئەمەس.

بۇ ھەقتىكى دەلىللەر ئۈچۈن فىقھى ھۆكۈملەر تەپسىلى بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

### ئون بىرىنچى ھۆكۈم

سەۋەنلىكتىن يەپ ـ ئىچىپ قېلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئۆلىمالار كۈن ئولتۇرۇپ كەتتىغۇ دەپ ئويلاپ ياكى سۈبھى يورۇمىدىغۇ دەپ ئويلاپ يېگەن ۋە ئىچكەن ئادەملەرنىڭ ھۆكمى ھەققىدە، ئۇلار قازاسىنى قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟ دەپ مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن.

تۆت ئىمامدىن تەركىب تاپقان كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئادەمنىڭ روزىسى توغرا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى، روزا تۇتقۇچىدىن ۋاقتىنى ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا: ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار﴾ دېگەن. بۇ روزىنى كۈن ئولتۇرغاندا تاماملاشقا قىلىنغان بۇيرۇقتۇر، ئەگەر ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

زاھىرىي مەزھىبىدىكىلەر ۋە ھەسەن بەسرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئادەمنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ھاجەتسىز، چۈنكى، اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۇلارنىڭ سەۋەنلىك، ئۇنتۇلۇپ قېلىش ۋە مەجبۇرلىنىش تۈپەيلى قىلغان گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىندى.»

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئادەم ئۇنتۇلۇپ قالغۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى توغرىدۇر. چۈنكى، سەۋەنلىكتىن قىلغان ئىشنىڭ گۇناھ بولماسلىقى ھۆكۈمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يەپ ـ ئىچكەن كىشىنىڭ بۇنى قەستەن قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەففارەت كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. سەن شۇنىڭغا

---

[1] سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىغىنىكى، سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنىڭ ئۈستىگە، گەرچە ئۇنىڭدا قەستەنلىك بولمىسىمۇ، كەففارەت بېرىش ۋە دىيەت تۆلەش يۈكلىنىدۇ. سەۋەنلىكتىن يەپ - ئىچكەن كىشىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كىشىگە قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇنتۇلۇپ قېلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى ھەققىدە ئوچۇق دەلىل بايان قىلىنغان. شۇڭا ئۇنى بۇنىڭغا قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

## ئون ئىككىنچى ھۆكۈم

### جۇنۇب ھالەتتە روزا تۇتۇشقا بولامدۇ؟

﴿ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەت كەرىم جۇنۇبلۇقنىڭ روزا تۇتۇشقا زىيت كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كېچىنىڭ باش تەرىپىدىن ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەپ - ئىچىش ۋە ئاياللار بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ھەممىگە ئېنىقكى، كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچى ئىشىنى تۈگەتكەندە سۈبھىنىڭ يورۇشىغا توغرا كېلىپ قالسا، جۇنۇب ھالەتتە سۈبھىگە كىرىدۇ. الله تائالا ئۇنى ﴿ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾ دەپ، كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ئۇنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ روزا تۇتۇشى توغرا بولمىسا ئىدى، الله ئۇنى كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى[1].

سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇب ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزاتتى. ھالبۇكى، ئۇ روزا تۇتقۇچىدۇر. ئاندىن يۇيۇناتتى.»[2]

دېمەك، جۇنۇبلۇق روزا تۇتۇشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. جۇنۇبلۇقتىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى ھۆكۈم

### نەفلە روزىنى بۇزىۋاتسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولامدۇ؟

ئەگەر نەفلە روزا تۇتقۇچى ئۇنى بۇزىۋاتسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ دېگەن ھۆكۈمدە فىقھشۇناسلار مۇنداق بىرقانچە قاراشتا بولدى:

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر: ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى، بىرەر ئىبادەتنى باشلاش ئۇنى تاماملاشنى لازىم قىلىپ قويىدۇ دەپ قارايدۇ.

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 272 ـ بەت.
[2] «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتاب، روزا بۆلۈمىگە قاراڭ.

www.munber.org

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر: ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى، نەپلە ئىبادەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆز رىغبىتى بىلەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مالىكىي مەزھەبىدىكىلەر: ئەگەر ئۇ ئۇنى ئۆزى بۇزىۋاتسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا روزىنى بۇزىۋاتىدىغان بىرەر ئىش توغرا كېلىپ قالسا، قازاسىنى قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ الله تائالا: ﴿ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەت ھەممە روزىغا قارىتىلىدۇ. ھەرقانداق روزىنى باشلىسا، ئۇنى تولۇق تۇتۇش لازىم بولىدۇ.

2 ـ الله تائالا: ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[1] دەيدۇ. باشلانغان نەفلە ئىبادەت مۇشۇ ئەمەللەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى بۇزىۋاتسا، ۋاجىپ بولغان ئەمەلنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئۇ، ئۇنى قايتا ئادا قىلمىغۇچە ئۇنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولمايدۇ.

3 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ۋە ھەفسە ئىككىمىز بىر كۈنى نەفلە روزا تۇتتۇق. ئاندىن بىزگە بىز ياخشى كۆرىدىغان تاماق ھەدىيە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىز روزىمىزنى بۇزدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ھەفسە مەندىن چاققان چىقىپ، (ئۇ ئاتىسىنىڭ قىزى ئەمەسمۇ!) ئۇنىڭدىن بۇ ئىش ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كۈن روزا تۇتۇڭلار»[2] دېدى.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ الله تائالا: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر﴾[3] دەيدۇ. نەفلە روزا تۇتقۇچى ياخشى ئىش قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ روزىسىنى بۇزىۋاتسا، كېرەك يوق.

2 ـ مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «نەفلە روزا تۇتقۇچى ئۆز رىغبىتى بىلەن تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ خالىسا، روزىسىنى تامام قىلىدۇ، خالىسا بۇزىدۇ.»[4]

### كۈچلۈك قاراش

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە بىلەن ھەفسىنى بۇزىۋاتقان روزىلىرىنىڭ ئورنىغا باشقا

[1] سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 278 ـ بەت.
[3] سۈرە تەۋبە 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە: سەنەدى توغرىدۇر دېگەن.

بىر كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. بۇ نەفلە ئىبادەتنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

### ئون تۆتىنچى ھۆكۈم

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دېگەن نېمە؟ قايسى مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا بولىدۇ؟

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ قىلىشنىڭ لۇغەت مەنىسى: كىشىنىڭ مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن ياكى گۇناھ ئىش بولسۇن، ئۆزىنى شۇ ئىشنى قىلىشقا لازىم قىلىشنى ۋە ئۆزىنى شۇ ئىش ئۈچۈنلا ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇتلىرىغا ئېتىكاپ قىلغۇاتقان (يەنى چوقۇنۇۋاتقان)...﴾[1].

ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى: ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن الله نىڭ ئۆيىدە (مەسجىدتە) ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردىمۇ بار ئىبادەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ مەسجىدتە بولۇشى شەرت قىلىندۇ.

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇدىغان مەسجىد ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل قاراش بار[3]:

1 ـ بەزى ئۆلىمالار: «ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش مەسجىدى ھەرام، مەسجىدى نەبەۋى (پەيغەمبەر مەسجىدى) ۋە مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىدكە خاستۇر، بۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسجىدلىرىدۇر» دەيدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا: «سەپەر پەقەت ئۈچ مەسجىدكە قىلىنىدۇ...» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ بەزى ئۆلىمالار: «ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش پەقەت جامائەت يىغىلىدىغان مەسجىدتە بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام مالىكمۇ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتىكى ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

---

[1] سۈرە ئەئراف 138 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 124 ـ بەتتىن نەقىل قىلىندى.

www.munber.org

3 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار: «الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ» دەيدۇ[1].

بۇ قاراش توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت مەخسۇس بىر مەسجىدنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكمى ئاممىباب بولۇپ قىلىۋېرىدۇ.

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ مەسجىدتە بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن. بىراق ئۇلار ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ھەرقانداق مەسجىدتە دۇرۇس بولىدىغانلىقى ياكى خاس مەسجىدلەردە دۇرۇس بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زاھىرى مەنىسى ھەرقانداق مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى بەزى مەسجىدلەرگە قىسقارتقانلار بۇنىڭ ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈشى لازىم. ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى جامائەت يىغىلىدىغان مەسجىدلەرگە قارىتىشنىڭ ئەسلا دەلىلى يوق. شۇنداقلا ئۇنى پەيغەمبەرلەر مەسجىدلىرىگە خاسلاشتۇرغانلارنىڭمۇ بۇنىڭغا دەلىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىش ساقىت بولىدۇ.»[2]

ئاياللار مەزكۇر ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولۇۋېرىدۇ.

## ئون بەشىنچى ھۆكۈم

ئېتىكاپنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟ ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىنىڭ روزا تۇتۇشى شەرت قىلىنامدۇ؟

فىقھشۇناسلار ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش مۇددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر: ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كېچە ـ كۈندۈز بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

2 ـ ئىمام مالىك ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە: ئەڭ ئاز دېگەندە 10 كۈن بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 312 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 68 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 176 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 125 ـ بەت.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 285 ـ بەت.

3 ـ ئىمام شافىئىي: ئاز بولغاندا بىرقانچە مىنۇت بولۇشى لازىم، كۆپىنىڭ چېكى يوق دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە روزا تۇتماي ئېتىكاپتا ئولتۇرسىمۇ دۇرۇس، بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، مالىك ۋە ئەھمەد (ئۇنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ يەنە بىرى) تىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش پەقەت روزا تۇتۇش بىلەن بىللە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش پەقەت روزا تۇتۇش بىلەن بىللە بولىدۇ.»① يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئېتىكاپتا ئولتۇرغىن ۋە روزا تۇتقىن.»②

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى روزا تۇتۇش بىلەن بىللە بايان قىلىپ: ﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ دېدى. بۇ روزا تۇتماي تۇرۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتمايمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ. روزا تۇتۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرسا، تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.» بۇ ئىمام شافىئىينىڭمۇ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: «روزا تۇتماي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ» دەيدۇ.

ئىمام شافىئىيمۇ ئۇز قارىشىغا مۇشۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇ روزا تۇتماي ئېتىكاپتا ئولتۇرغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بۇ ئايەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىنى ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن چەكلىگەن.»③

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مەشھۇر بولغىنىدەك، ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن:

1 ـ مۇستەھەب بولۇپ، پەقەت ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش نىيىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە كېچىككىنە ئولتۇرسىمۇ يېتەرلىك بولىدۇ.

---

① ئىمام دارۇقۇتنى مۇنداق دەيدۇ: «سۇۋەيد ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ھەدىسنى زۆھرىدىن، ئۇ ئۇرۋىدىن، ئۇ ئائىشەدىن يالغۇز سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.»

② بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ۋەقەلىك مۇنداق: ئۆمەر جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كېچە ياكى بىر كۈندۈز كەبىنىڭ يېنىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان. كېيىن ئۇ بۇ نەزرىنى ئورۇنداشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ نەزرىنى قانداق قىلىش ھەققىدە سورىغان. ئۇ: «ئېتىكاپتا ئولتۇرغىن ۋە روزا تۇتقىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئاجىزدۇر. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 313 ـ بەتكە قاراڭ.

③ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 125 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ سۈننەت بولۇپ، رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدە ئولتۇرۇلىدۇ.

3 ـ ۋاجىپ بولۇپ، نەزىر قىلىنغان ئېتىكاپتۇر. ئۇنىڭدا چوقۇم روزا تۇتۇش لازىم.

بۇ ھەقتىكى تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن فىقھى ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

## ئايەتلەر كۆرسەتدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ الله تائالا روزا تۇتۇشنى پۈتۈن ئۇممەتلەرگە پەرز قىلغىنىدەك، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان.

2 ـ روزا تۇتۇش روھىي بىر مەكتەپ بولۇپ، ئىنسانىنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ ۋە ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ.

3 ـ الله تائالا روزا تۇتۇشقا رامىزان ئېيىنى تاللىغان. چۈنكى، ئۇ قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە قۇرئان كۆپ ئوقۇلىدىغان ئايدۇر.

4 ـ الله تائالا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزرىلىك كىشىلەرگە روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلدى.

5 ـ الله تائالا بەلگىلىگەن چېگرالاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ چېگرالار ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بېكىتىلگەن.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

شەك ـ شۈبھىسىزكى، روزا تۇتۇشتا ناھايىتى چوڭ پايدىلار بار. نادان كىشىلەر بۇ پايدىلاردىن غەپلەتتە قالغان بولۇپ، ئۇلار: روزا تۇتۇش دېمەك، قورساقنى ئاچ قويۇش، تەننى ئاجىزلىتىش، ئەركىنلىكنى بوغۇش دېمەكتۇر، روزا تۇتۇشنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى يوق، چۈنكى، بۇ، بەدەننى پايدىسىز ۋە بىھۇدە ھالدا ئازابلىغانلىقتۇر، دەپ قارايدۇ.

روزا تۇتۇشنىڭ سىرىنى ۋە ھېكمىتىنى پەقەت ئەقىللىق كىشىلەر ۋە ئۆلىمالار بىلىدۇ. ئۇلار روزا تۇتۇشنىڭ بەزى پايدىلىرىنى ۋە سىرلىرىنى تېپىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ ھەقتە دوختۇرلارمۇ قۇۋۋەتلىگەن. دوختۇرلار: روزا تۇتۇش قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشتىن ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنى بىر مەزگىل توختىتىشتىن باشقا نەرسە پايدا قىلمايدىغان نۇرغۇن

جىسمانىي كېسەللىكلەرگە ئەڭ چوڭ داۋالاش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ناھايىتى ئۈنۈملۈك دورا، ھەمدە شۇ كېسەللىكلەردىن ئەڭ ياخشى ساقلىنىش چارىسى، دەپ قارىماقتا.

بىز بۇ يەردە روزا تۇتۇشنىڭ تەن ـ سالامەتلىككە ئائىت پايدىلىرىنى تونۇشتۇرماقچى ئەمەسمىز. چۈنكى، بۇ دوختۇرلارنى تەشكىل قىلغان كەسپ ئىگىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. لېكىن بىز بۇ يەردە روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇشىدىكى ئاساسلىق بەزى روھىي ھېكمەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللّٰه تائالا ئىبادەتلەرنى پەقەت ئىنسانىيەتتىكى تەقۋادارلىق كۈچىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇنى اللّٰه قا باش ئېگىشكە، اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ھەممىدىن يۈكسەك، ھەممە نەرسىگە قادىر اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىگەن.

بىرىنچى، روزا تۇتۇش دېمەك اللّٰه قا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۇ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش دېمەكتۇر. شۇڭا بىر ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلى ئۆزى ئۈچۈندۇر، پەقەت روزا تۇتۇش ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن، ئۇ مېنى دەپ يېمىدى، ئىچمىدى ۋە جىنسىي ھېسسىياتىنى بېسىۋالدى.»[1]

ئىنساننىڭ اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە ھۆكمىگە بويسۇنغانلىقىنى ھېس قىلىشى ئىبادەت قىلىشتىكى ئەڭ يۈكسەك نىشان ۋە ئەڭ ئۇلۇغ غايىدۇر. بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى ۋە ئاساسىي ھېكمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ﴿بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق﴾[2].

ئىككىنچى، روزا تۇتۇش دېمەك ئىنساننى يېتىلدۈرۈش، ئۇنى سەۋر قىلىشقا ۋە اللّٰه يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىدامل‍ىق بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈش دېمەكتۇر. روزا تۇتۇش ئىنساننى يېغىلمەس غايىلىك ۋە قەتئىي ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيىلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ھاۋايى ھەۋىسىنى ئىدارە قىلالايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ روھىي ئۆز جىسمىغا قول، ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەسىر بولۇپ قالماستىن، شەرىئەتنىڭ توغرا يولى، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ روشەن نۇرى ئۈستىدە ماڭىدۇ.

ھاۋايى ھەۋىسىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئىنسان بىلەن ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگىشىدىغان ۋە كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ ھايۋاندەك قورسىقى ۋە شەھۋىتى ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئىنسان ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىندەك چوڭ پەرق بار. اللّٰه تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[3]. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش بولسا، پاك پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنئام 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇھەممەد 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۈچىنچى، روزا تۇتۇش ئىنساندا ياخشى كۆرۈش، كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەمدە ئۇنى دىلى يۇمشاق، كۆڭلى پاك ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىمانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

روزا تۇتۇش ئىنساننى پەقەت يېمەك ـ ئىچمەكتىنلا چەكلەپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىكى روھىي كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يادىروغا ئايلىنىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ سەزگۈلىرى بىلەن سېزىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرى بىلەن ھېس قىلىدىغان سەۋىيەگە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزا ئېيى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پاك كۆڭلىدىن مەرتلەرچە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزىدۇ. قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ ياشلىرىنى سۈرتىدۇ، پالاكەتكە يولۇققانلارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تۆگىتىدۇ.

راستچىللىق سۈپەت بىلەن نام ئالغان يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا: «سەن يەر يۈزىنىڭ خەزىنىلىرىگە مەسئۇل تۇرۇپمۇ، نېمىشقا ئاچ يۈرىسەن؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئەگەر مەن قورسىقىم توق يۈرسەم، ئاچلارنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشتىن قورقىمەن» دېگەن.

تۆتىنچى، روزا تۇتۇش ئىنسانلارنى اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن، ھەمدە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن قورقىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ ئىنساننى تەقۋادار، گۇناھلاردىن پاك، اللّٰه ھارام قىلغان ھەرقانداق ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

روزا تۇتۇشتىكى سىر تەقۋادارلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشتىن ئىبارەتتۇر. اللّٰه تائالا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلغاندا «ئازابلىنىشىڭلار ئۈچۈن» ياكى «ئاچ يۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن» ۋە ياكى «تەن ـ سالامەتلىكىڭلار ساغلام بولۇشى ئۈچۈن» دېمەستىن، ﴿تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن﴾ دېدى. تەقۋادارلىق روزا تۇتۇشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، روزا تۇتقۇچى بۇ ئىبادەت ئارقىلىق ئۇنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

روزا تۇتۇش روزا تۇتقۇچىنى اللّٰه بەلگىلىگەن چېگرالار ئۈستىدە توختايدىغان، اللّٰه نىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ۋە اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئىستىمال قىلىشقا بولىدىغان تەبىئىي لەززەتلەردىن ۋاز كېچىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. مانا بۇ روزا تۇتۇشنىڭ يەنە بىر سىرى، ئالىي روھى ۋە يۈكسەك غايىسى بولۇپ، اللّٰه تائالا ئەزىز كىتابى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇنى مۇشۇ ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈنلا پەرز قىلغان. ھەممە ئىشتا ئادىل، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان زات اللّٰه روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىشتا ئۇنى نېمىدېگەن يۈكسەك خىسلەت ۋە ئاجايىپ ھېكمەتكە ئىگە قىلدى ـ ھە!

# ئىسلام دىنىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز قىلىنىشى

﴿ وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ
١٩٠ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ
وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٩١ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٩٢ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ
لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا عُدۡوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ١٩٣ ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞۚ
فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱعۡتَدُواْ عَلَيۡهِ بِمِثۡلِ مَا ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ
ٱلۡمُتَّقِينَ ١٩٤ وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلۡقُواْ بِأَيۡدِيكُمۡ إِلَى ٱلتَّهۡلُكَةِ وَأَحۡسِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٩٥ ﴾

﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمەنلەر سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر تەڭ باراۋەردۇر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق). بىراۋ سىلەرگە

قانچىلىك چىقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چىقىلىڭلار؛ اللہ قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللہ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر. اللہ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى اللہ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾

ــ سۈرە بەقەرە 190 ــ، 191 ــ، 192 ـ، 193 ــ، 194 ــ، 195 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

ثَقِفْتُمُوهُمْ: (ئۇلارنى ئۇچراتقان يەردە). ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەسسەقف» بولۇپ، تۇتۇش، تېپىش ۋە زەپەر قازىنىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

بۇ سۆز ئايەتتە: كاپىرلارنى، مەيلى ئۇرۇش ھالال قىلىنغان جايدا بولسۇن ياكى ھارام قىلىنغان جايدا بولسۇن، قەيەردە تاپساڭلار ۋە ئۇلار ئۈستىدىن قەيەردە غەلىبە قىلساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَٱلْفِتْنَةَ (زىيان كەشلىك قىلىش)، ئۇ سىناپ كۆرۈش، چېكىپ بېقىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى ئالتۇننى، ئۇنىڭ ياخشىسىنى ناچىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ سىناپ كۆرۈش سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

بۇ سۆز ئايەتتە: مۆمىنلەرگە، ئۇلارنى دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش، اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ چوڭ گۇناھ بولغان كۇپرىغا قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئازابلاش ۋە سۈرگۈن قىلىش ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزۈش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «شېرىك كەلتۈرۈش ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر.»[1]

وَٱلْحُرُمَٰتُ قِصَاصٌ: (ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر تەڭ باراۋەردۇر)، ٱلْحُرُمَٰتُ دېگەن سۆز «ئەل ھۇرمە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، شەرىئەت چەكلىگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ سۆز بۇ ئايەتتە كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلدى. چۈنكى، تاجاۋۇزچى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى، ھەرەم شەھرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئېھرامنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزماقچى بولغان.

قِصَاصٌ: بۇ سۆز تەڭ ۋە ئوخشاش ئىش قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇلگەن.

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 142 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 178 ـ بەت.

www.munber.org

بۇ سۆزلەر ئايەتتە: ئەگەر كاپىرلار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى بۇزسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، گۇناھ بولارمىكىن دەپ قورقماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارغا خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، تەڭ باراۋەر بولۇش يولى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.»[1]

ٱلتَّهْلُكَةِ: (ھالاكەت)، ئۇ ھالاكەتكە تاشلاش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱلْمُحْسِنِينَ: (ئېھسان قىلغۇچىلار)، ئۇ سۆز ياخشى ئىش قىلغۇچىلار، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچى باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ياكى الله تائالا رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەمەللىرىنى ياخشىلايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە الله نىڭ دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كاپىرلاردىن: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار﴾ يەنى كىچىك باللار، ئاياللار ۋە ياشانغانلارغا ئوخشاش ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار. دۈشمەنلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ﴿الله ھەققەتەن﴾ ئۇنى يامان كۆرىدۇ.

مۇشرىكلارنى قەيەردە تاپساڭلار، نەدە ئۇچراتساڭلار، شۇ ﴿يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾ سىلەرنىڭ ھەرەم زېمىنىدا بولۇشۇڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى ھەرگىز توسۇپ قالمىسۇن. ﴿سىلەرنى﴾ ئەسلى يۇرتۇڭلار مەككىدىن زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن ﴿ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى﴾ مەككە ﴿دىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار﴾ مۆمىنلەرنى ئازابلاش، پالاش، ھەيدەپ چىقىرىش، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارغا ﴿زىيانكەشلىك قىلىش﴾ ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ﴿ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر﴾.

ئى مۆمىنلەر! ﴿تاكى ئۇلار ئۇلار ئۇرۇش ئاچمىغىچە﴾ يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇشنى شۇلار باشلىمىغىچە ﴿مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار﴾

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 147 ـ بەت. «تەفسىرۇلمەنار» ناملىق تەپسىر، 2 ـ جىلد، 312 ـ بەت.

ئۇلارغا تەسلىم بولماڭلار. ئۇرۇشنى دەسلەپتە باشلىغۇچى زالىم ھېسابلىنىدۇ، قوغدانغۇچى گۇناھكار بولمايدۇ. ﴿كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ئاندىن الله تائالا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەكىتلەپ ۋە ئۇرۇش قىلىشتىكى غايىنىڭ دىنغا زىيانكەشلىك قىلىشنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاكى﴾ سىلەر ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانغا، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇدەك ھالى قالمىغانغا ﴿ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا﴾ يەنى الله دىن باشقا ھېچ نەرسە ئىبادەت قىلىنمىغانغا، تائەت - ئىبادەت بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە ئەمەس، يالغۇز الله قىلا خالىس بولغانغا ﴿قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا﴾ يەنى ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇشنى توختىتىپ، دىنىڭلارغا كىرسە، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قول يىغىڭلار. چۈنكى، ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا﴾ تاجاۋۇز قىلىش توغرا ئەمەس.

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ئۇرۇشتىنمۇ يامان ئىشنى قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر﴾ يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى بۇزۇش ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى بۇزۇش بىلەن تەڭ بولىدۇ. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر دىنىڭلارنى قوغداش ۋە الله نىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلانساڭلار، پەرۋا قىلماستىن ئۇرۇش قىلىۋېرىڭلار.

﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾ يەنى بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك ئۇرۇش ئاچقان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىك قىلماستىن قايتارما زەربە بېرىڭلار. ﴿الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ تەڭ باراۋەر بولۇشتا ئاشۇرۇۋېتىپ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالماڭلار. الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ.

الله تائالا جان بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، مال بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار﴾ يەنى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە ھەقنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن الله نىڭ يولىدا پۇل - مال چىقىم قىلىڭلار. ﴿ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ يەنى بېخىللىق قىلماڭلار ۋە پۇل - مالنى چىڭ تۇتىۋالماڭلار، مۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن سىلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە دۈشمەنلەرنى سىلەردىن ئۈستۈن كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھالاك بولىسىلەر. ﴿ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾.

www.munber.org

# نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرىشتىن توسۇلۇپ، قۇربانلىقلارنى ھۇدەيبىيەدە بوغۇزلىغان ۋە بۇ يىل ئۆمرە قىلماي قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىل ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كېلىشكە مۇشرىكلار بىلەن سۈلھى تۈزگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر يىل توشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. لېكىن ساھابىلار قۇرەيشلەرنىڭ ئۇلارنى بۇ يىلمۇ مەككىگە كىرىشكە يول قويماي توسۇۋېلىشىدىن ھەمدە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشىدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ.»[①]

2 ـ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلەندىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۇرۇشنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايغا كېچىكتۈرۈپ، شۇ ئايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[②]

3 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھىجرىيەنىڭ ئالتىنچى يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا يەنى ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرىشتىن توسۇۋالدى. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەككىگە چوقۇم كىرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. ئۇ يەتتىنچى يىلى مەككىگە كىرىپ، بىر يىل ئىلگىرى نىيەت قىلغان ئۆمرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[③]

4 ـ ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئەسلەم ئەبۇ ئىمراننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز قۇستەنتىنىيەدە ئىدۇق. مىسىر قوشۇنىغا ئۇقبە ئىبنى ئامىر، شام

---

[①] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 206 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 197 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 326 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 140 ـ بەت.

[②] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 201 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 333 ـ بەت.

[③] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 196 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 206 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 333 ـ بەت.

قوشۇنىغا فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد قوماندان ئىدى. رۇم قوشۇنى ناھايىتى چوڭ سەپ تارتىپ چىقىپ كەلدى. بىزمۇ ئۇلارغا قارشى سەپ تۇزتۇق. مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىر ئادەم رۇملۇقلار سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كىشىلەر: سۇبھانەللاھ! بۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى! دەپ تولۇلىشىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى خالايىق! سىلەر بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈۋاتىسىلەر، بۇ ئايەت ھەققەتەن بىز ئەنسارىلار گۇرۇھى ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى. اللّٰه دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپەيگەن مەزگىلدە بەزىمىز بەزىمىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يوشۇرۇن ھالدا: بىزنىڭ نۇرغۇن پۇل - مېلىمىز تۈگەپ كەتتى، اللّٰه ھەققەتەن ئىسلام دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ئەمدى بىز پۇل - مېلىمىزنى چىقىم قىلماي، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋالغان بولساق بوپتىكەن، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزنىڭ نىيىتىمىزگە رەددىيە بېرىپ: ﴿اللّٰه نىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش پۇل - مېلىنى چىقىم قىلماسلىق، ئۇنى كۆپەيتىش ۋە بىزنىڭ جىهادنى تەرك ئېتىشىمىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر، دېدى[1]. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى اللّٰه يولىدا داۋاملىق جىهاد قىلدى، تاكى اللّٰه ئۇنى قۇستەنتىنىيەدە قەبرى - روھ قىلدى ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلىندى.»

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** - قۇرئان كەرىمدە «ئۇرۇش» ياكى «جىهاد» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇنىڭغا يانداپ «اللّٰه نىڭ يولىدا» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، ئىسلامدا ئۇرۇش قىلىشتىكى غايە باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، غەنىمەت ئېلىش، باتۇرلۇقنى ئىزهار قىلىش ۋە يەر - زېمىن ئىشغال قىلىش بولماستىن، پەقەت اللّٰه نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋە ئۇلۇغ غايىدىن ئىبارەتتۇر.

---

[1] بۇ قىسسىنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 204 - بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 - جىلد، 207 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 339 - بەت.

www.munber.org

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئۇلۇغ غايىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى تېخىمۇ ئوچۇق روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ: «كىمكى اللہ نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ كىشى اللہ نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ.»[1]

2 ـ ئىمام زەمەخشەرى اللہ تائالانىڭ: ﴿زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ يامانىدۇر﴾ دېگەن سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئۇنى ئازابلايدىغان مۇسىبەت ۋە كۈلپەتلەر ئۇنىڭغا ئۇرۇشتىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ. دانالاردىن بىرى: ئۆلۈمدىن نېمە قاتتىق؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلدۇرىدىغان نەرسە، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ۋەتەندىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلدۇرىدىغان مۇسىبەت ۋە كۈلپەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.»[2]

بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

بىلىنەر دىلغا يەڭگىل قىلىچ بىلەن چېپىلىش،
بىلىنەر ئۇندىن قاتتىق ئۆز يۇرتىدىن ھەيدىلىش.

3 ـ اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ﴾. ئىمام فەخرۇددىن رازى بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرى: مۇشرىكلارغا قارشى قىلىنغان ئۇرۇش ھەق ۋە توغرا تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش دۈشمەنلىك دېيىلدى؟ دېسە، بىز بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: چۈنكى، بۇ ئۇرۇش دۈشمەنلىكنىڭ جازاسىدۇر، شۇڭا بۇ ئۇرۇشنى ئايەتتە دۈشمەنلىك دەپ بايان قىلىش توغرا بولغان.»[3]

4 ـ اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾. ئىسلام دىنىدا جاننى قوغداش يوللۇق بولۇپ، چېقىلىش ھېسابلانمايدۇ. ئايەتتە: ﴿سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾ دەپ، چېقىلىش سۆزى ئىشلىتىلدى. بۇ «بىر خىل شەكىلدە بولۇش» ئۇسلۇبى بولۇپ، شەكىل لەۋزىدە بىرلىشىدۇ، مەنە ئىپادىلەشتە ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى: بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تاقابىل تۇرۇڭلار ۋە جازاسىنى شۇنچىلىك بېرىڭلار دېگەن ئىپادىنى بىلدۈرىدۇ.

5 ـ اللہ يولىدىكى جىھاد اللہ قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە جىھادقا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق ئىبادەت يوق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللہ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى، تاكى ئۇ جىھادتىن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ھەر كۈنى ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتىدىغان، ھەر

---

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن: ئۆز پالۋانلىقىنى ئىزھار قىلىش ياكى گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە ياكى رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەر بار، بۇلارنىڭ قايسىسى اللہ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ، دەپ سورىغان كىشىگە: «كىمكى اللہ نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ كىشى اللہ نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 178 ـ بەت.

[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 146 ـ بەت.

كېچىسى توختىماي ناماز ئوقۇيدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.»[1]

ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا تۆۋەندىكى بېيتلارنى يېزىپ ئەۋەتكەن:

ئىككى ھەرەم قويىندا تائەت قىلغان قېرىنداش،
بىزگە سالساڭ گەر نەزەر چۈشىنەرسەن ئىشىڭنى.
باشقىلارنىڭ نەمدەلسە يېشى بىلەن يۈزلىرى،
مۇجاھىدلار يۇيىشار قىنى بىلەن تېنىنى.
بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھارسا ئويۇن ـ بەيگىدە،
ئاتلىرىمىز ھالسىرار بۆسكەچ دۈشمەن سېپىنى.
گەر يۈرىشەر بەزىلەر پۇراپ مۇشكى ـ ئەنبەرنى،
بىزگە گويا ئىپاردۇر، ئات تورۇزتقان قۇم ـ چېڭى.
مۇجاھىدقا مۇنداق دەپ خەۋەر بەردى پەيغەمبەر:
”جەڭ توپىسى قونغاندىن يىراق دوزاخ ئۇچقۇنى“.
”شېھىت ئۆلۈك ئەمەس“ دەپ جاكارلىدى رەببىمىز،
كەلگىن جىھاد قويىنغا ئۆلمەس شېھىت بولغىلى!

فۇزەيل بۇ بېيتلارنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققان. ئۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك راست ئېيتىدۇ، ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپتۇ، دېگەن.»[2]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

#### جىھاد قىلىش مۇسۇلمانلارغا قاچان پەرز بولغان؟

ئۆلىمالار جىھاد قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى پەرز بولمىغانلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن دەلىللەر ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دەلىللەردىن بىرقانچىسىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلارنى كەچۈرگىن﴾[3] ﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن﴾[4] ﴿ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئىبنى ئەساكىر بۇ قىسسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تەرجىمھالىدا بايان قىلغان.
[3] سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇئمىنۇن 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھېچ زىيىنى يوق)، سىنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار﴾[1] ﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار اللە نىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى (يەنى اللە نىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان كۇففارلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىنى) كەچۈرسۇن﴾[2] ﴿نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾[3]. مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلىگەن بۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن توسقان يەنە بىر ئوچۇق دەلىل شۇكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا اللە (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ﴾[4].

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە ئۇنىڭ بىرقانچى ھەمراھلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز مۇشرىك چېغىمىزدا ئەزىز ياشايتتۇق، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن خار بولۇپ قالدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھازىر مەن ھەققەتەن ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار» دېدى.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن بىر تۈركۈم كىشىلەر جىھاد قىلىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[5]

دەۋەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە جىھاد قىلىشتىن توسۇشتىكى ھېكمەتنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەر تەرەپتىن قامالغان ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇشرىكلار ئۇلارنى دەسلەپتىلا تەلتۆكۈس يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى. شۇڭا اللە تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سان جەھەتتە كۆپىيىشىنى،

[1] سۈرە ئال ئىمران 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە جاسىيە 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فۇرقان 63 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا 77 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 549 - بەت.

ياردەمچىلىرىنىڭ بولۇشىنى ۋە دۆلەت قوغدايدىغان ئاسايىشلىق بىر يېتەكچى لىنىيىسىنىڭ ئاستىغا تويلىنىشىنى خالىدى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلغان، شان - شەۋكەتنى كۆچەيگەن ۋە سانى كۆپەيگەندىن كېيىن ئاندىن جىهاد قىلىش رۇخسەت قىلىندى.

ئىككىنچى، جىهادنى كېچىكتۈرۈشتىن مەقسەت، مۆمىنلەرنى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش، يېتەكچىلىككە بويسۇنۇش ۋە جىهاد قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىشىنى كۈتۈش جەھەتلەردە سەۋر قىلىشقا كۆندۈرۈش ئىدى. ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ناھايىتى قىزىققان بولۇپ، خورلۇققا سەۋر قىلمايتتى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەيدىغان تۈنجى سەۋەب تېپىلغاندىلا ئېتىلىپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان، قىزىققانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇرۇشقا يەڭگىل قارايدىغان ئادەتنى يوقىتىۋېتىلگان ئىدى.

شۇڭا ئۇلارنى چوقۇم ئەزىيەتلەرگە چىداشقا، ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىشقا ۋە باش شتاتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا كۆندۈرۈش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا الله ئۇز ئىرادىسى بىلەن ناھايىتى كاتتا ئىشقا تەييارلىغان جامائەت ئىچىدە ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىغىر بېسىقلىقنىڭ، قىزىققانلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغىلى بولاتتى.

ئۈچىنچى، ئەينى زاماندىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ۋە شان - شەرەپكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە بىرگە ئىككىنى قايتۇرالايدىغان باتۇر ۋە قەھرىمان كىشىلەر تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتىدىغان كىشىلەرگە بۇۋاستە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلام تەرەپكە مايىل بولۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن.

بۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، قۇرەيش قەبىلىسى ھاشىم جەمەتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈپ، بىر جىلغىغا پالىغان ۋە ئۇلارنى قاتتىق بوزەك قىلغان. نەتىجىدە بۇ ئىش ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتىدىغان ۋە شان - شەرەپكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنە شۇ كىشىلەرنى ئىمبارگو يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇشرىكلار بىلەن ھاشىم جەمەتى ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامنامىنى يىرتىپ تاشلاشقا ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن شۇملۇق تىلەنگەن بۇ ئىمبارگوغا خاتىمە بېرىلگەن.

تۆتىنچى، مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغدا ئاتا - ئانىلىرى ۋە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىر ئائىلىدە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى مۇشرىكلار ئۇلارنى دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، شېرىككە ۋە گۇمراھلىققا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ئازابلايتتى. ئەگەر مۇسۇلمانلارغا شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرىنى قوغداشقا رۇخسەت بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ھەر ئۆيدە جەڭ چىققان ۋە ھەر ئائىلىدە قان تۆكۈلگەن بولاتتى. ھەر ئۆيدە قانلىق جەڭ قوزغاش دەۋەت ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس. شۇڭا ھىجرەت قىلىنغان،

www.munber.org

مۇسۇلمانلار جامائىتى كاپىرلاردىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىندى.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

جىھادنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى تۇنجى ئايەت قايسى؟

سەلەف ئۆلىمالار جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىنىپ نازىل بولغان تۇنجى ئايەت ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە باشقىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىنىپ نازىل بولغان تۇنجى ئايەت اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇش ئاچمىغانلارغا چېقىلمىدى.»

ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىق ساھابىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىنىپ نازىل بولغان تۇنجى ئايەت اللە تائالانىڭ: ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر.»

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «توغرا قاراش شۇكى، جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىنىپ نازىل بولغان تۇنجى ئايەت سۈرە ھەجدىكى: ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتتۇر. ئاندىن: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. جىھاد قىلىش دەسلەپتە رۇخسەت ئىدى، كېيىن پەرز بولدى، چۈنكى، جىھاد قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ئايەت مەككىدە، بۇ ئايەت بولسا مەدىنىدە نازىل بولدى.»[2]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش توغرا بولامدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى، لېكىن ئۇرۇشنى ئالدى بىلەن مۇشرىكلار باشلىسا، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىمىزنىڭ دۇرۇس

---

[1] سۈرە ھەج 39 ـ ئايەت.

[2] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 102 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 198 ـ بەت.

بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت كەرىمنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بىزنىڭ ئۇرۇشنى ئالدى بىلەن باشلىشىمىز دۇرۇس ئەمەس. مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە ئېيتقاندا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مەنسۇخ ھېسابلانمايدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھەرەمدە ھېچكىمگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغىن. كىمكى ساڭا ھەرەمدە چېقىلسا ۋە ئۇرۇش ئاچسا، خۇددى ئۇ ساڭا ئۇرۇش ئاچقاندەك، سەنمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقىن.»[1]

قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بۇ ئايەت مەنسۇختۇر، ئۇنى سۈرە تەۋبىدىكى: ﴿(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان.»[3]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىككى خىل قارىشى بار، بىرى بۇ ئايەت مەنسۇختۇر، دېگەن قاراش. يەنە بىرى بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس، دېگەن قاراش.»

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس. ھەرەمدە ھېچكىمنىڭ ئۇرۇش قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، شۇڭا پەقەت ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، قارشىلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ.»

تاۋۇسمۇ مۇشۇنداق دېگەن. ئايەتنىڭ لەۋزىمۇ مۇشۇ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككى قاراشتىن توغرا بولغان قاراش بۇدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ مۇشۇ قاراشتا.

بۇ قاراشنى يەنە ئىبنى ئابباسنىڭ سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى بولغان كۈنى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! شۈبھىسىزكى، الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنىلا مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال بولۇپ باقمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە ھالال بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش ماڭا پەقەت كۈندۈزى ئازغىنا ۋاقىت ھالال قىلىندى، ئاندىن ئىلگىرىكىدەكلا قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلىنغان ھالىتىگە قايتتى.»[4]

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 192 ـ بەت.
[2] سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 330 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 193 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 199 ـ بەت.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 330 ـ بەت.

www.munber.org

# ياخشى بىر مۇنازىرە

ئىمام ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا بەيتۇلمۇقەددەسنى ئەبۇ ئۇقبە ھەنەفىنىڭ مەدرىسىسى بىلەن ئاۋاتلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. مەن بۇ مەدرىسكە كەلدىم. قازى زەنجانى ھەر جۈمە كۈنى بىزگە دەرس ئۆتەتتى. بىز دەرس تىڭشاۋاتقان بىر كۈنى جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئۈچىسىغا كونا كىيىم كىيىۋالغان بىر ئادەم قېشىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆلىمالارچە سالام بەرگەندىن كېيىن سورۇننىڭ تۆرىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. زەنجانى ئۇنىڭغا: ھەزرەتلىرى كىم بولىدىكىن؟ دېدى. ئۇ: تۈنۈگۈن قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن بىر ئادەممەن، مەن مۇشۇ مۇقەددەس ھەرەمنى (بەيتۇلمۇقەددەسنى دېمەكچى) كۆزلەپ كېلىۋاتقان ئىدىم، مەن ساغانلىق بولىمەن، ئۆزەم بىر ئوقۇغۇچى، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قازى زەنجانى ئالدىراپلا ئوقۇغۇچىلىرىغا: ئۇنىڭدىن سوئال سوراڭلار، دېۋەتتى. ئادەتتە ئۆلىمالاردىن ئالدىراپ سوئال سوراش ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق بولاتتى.

ئوقۇغۇچىلار سوئاللىرىنى ۋاراقچىلارغا يېزىپ سۇندى، بىر ۋاراقچىدا: «كاپىر ھەرەمگە كىرىپ پاناھلىنىۋالسا، ئۇ ھەرەمدە ئۆلتۈرۈلەمدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلمەمدۇ؟» دېگەن سوئال چىقتى. ساغانلىق ئادەم: «ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دەپ پەتىۋا بەردى. ئۇ بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ دەلىلىدىن سورالغاندا: اللہ تائالانىڭ: ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر، بۇ ئايەتتىكى: ﴿ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆز ئىككى خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ، بىرىدە: «ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن مەنە چىقىدۇ، بۇ يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر، يەنە بىرىدە: «ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار» دېگەن مەنە چىقىدۇ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى، ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئۇرۇش چەكلەنگەن ئىكەن، بۇ، ئۆلتۈرۈشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېدى.

قازى زەنجانى ئىمام شافىئىي بىلەن مالىكنىڭ قارىشىنى (ئىمام شافىئىي بىلەن مالىكنىڭ مەزھىبىمۇ ئادەتتە بۇ قاراشتا ئەمەس) كۈچلەندۈرگەن ئاساستا ساغانلىق ئادەمنىڭ پەتىۋاسىغا قارشى چىقىپ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دېدى. ساغانلىق ئادەم ئۇنىڭغا: بۇ گەپ قازىنىڭ مەنسىپىگە ۋە ئۇنىڭ ئىلمىغا لايىق بولماي قالدى، سەن ماڭا قارشى دەلىل كەلتۈرگەن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ھەممە ئورۇنلارغا ئامىباب قارىتىلىدۇ، مەن دەلىل كەلتۈرگەن ئايەت خاس ھۆكۈم بېرىدۇ، بىرىنىڭ: ئامىباب ھۆكۈم خاس ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، دېيىشى دۇرۇس ئەمەس، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قازى زەنجانى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. مانا بۇ سۆز ماھىرلىقىدۇر.»[1]

---

[1] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 107 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

ئىمام ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ئەگەر كاپىر ئۇنىڭغا پاناھلىنىپ كىرىۋالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھېچقانداق يول يوق. ئەمما زىنا قىلغۇچى ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى كىرىۋالسا، ئۇلارغا تېگىشلىك جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. پەقەت ھەرەمدە ئۇرۇشنى ئالدى بىلەن كاپىر باشلىسا، بۇ چاغدا ئۇ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلتۈرۈلىدۇ.»[①]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### ئايەت كەرىمدىكى «تاجاۋۇز» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

ياراتقۇچى الله تائالا: ﴿تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بىرىنچى، ھەسەنبەسرى ئېيتقاندەك، ﴿تاجاۋۇز قىلماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە قۇلاق - بۇرۇننى كېسىش، خىيانەت قىلىش، ئاياللارنى، كىچىك بالىلارنى، ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان قېرىلارنى، راھىبلارنى ئۆلتۈرۈش، ئورۇنسىز ھالدا دەل - دەرەخلەرگە ئوت قويۇش، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق چەكلەنگەن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ تاجاۋۇز ئىكەنلىكىنى ئىمام مۇسلىم بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار، الله نى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، غازاتقا چىقىڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئاسىيلىق قىلماڭلار، قۇلاق - بۇرۇننى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ۋە ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.»[②]

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر غازىتىدا بىر ئايال ئۆلتۈرۈلگەن ھالەتتە تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئەيىبلىدى.»[③]

ئىككىنچى، الله تائالانىڭ: ﴿تاجاۋۇز قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئۇرۇشنى ئالدى بىلەن باشلاشنى مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن. بۇ قاراش مۇقاتىلدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئۈچىنچى، بۇ ئايەت ئۇرۇش ئاچمىغان كىشىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى مەنئى قىلىشنى، كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن. بۇ، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئەبۇ ئالىيەنىڭ قارىشىدۇر.

[①] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 108 - بەت.
[②] ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 226 - بەت.
[③] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 327 - بەت.

www.munber.org

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار، كىچىك باللار ۋە شۇلارغا ئوخشايدىغان راھىبلار، مېيىپلار، قېرىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنمايدۇ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيانني شامغا ئەۋەتىدىغان چاغدا مۇشۇنداق تەۋسىيە قىلغان.

ئۆلىمالار مەزكۇر كىشىلەردىن زىيان كېلىدىغان ئېھتىمال بولغاندا ئۇلارنى مۇنداق ئالتە تۈرگە بۆلگەن:

بىرىنچى، ئەگەر ئاياللار ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئاممىباپتۇر.

ئىككىنچى، كىچىك باللارنى ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمىغان.

ئۈچىنچى، راھىبلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، مال - مۈلكى ئولجا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇلارغا ۋە ئۆزلىرىنى قامىۋالغان جايلارغا تەگمىگىن، دېگەن ئىدى.

تۆتىنچى، ئەگەر مېيىپلار زىيان يەتكۈزسە، ئۆلتۈرۈلىدۇ، زىيان يەتكۈزمىسە، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئۇلارغا كېپىللىك بېرىلمەيدۇ.

بەشىنچى، ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا قېرىلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا ۋە مۇداپىئە قىلىشقا پىكىر قاتناشتۇرمىسا، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

ئالتىنچى، مەدىكارلار ۋە دېھقانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىچىك باللارنى ۋە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمايدىغان دېھقانلارنى ئۆلتۈرۈشتە اللّٰه دىن قورقۇڭلار.»[1]

# ئايەتلەر كۆرستىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ جىھاد اللّٰه تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ۋە اللّٰه تائالانىڭ دىنىنى غەلىبىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلىنىشى كېرەك.

2 ـ مەنبەسى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر اللّٰه تائالا دۈشمەنلىكنى، زۇلۇمنى ۋە ھەددىدىن ئېشىشنى ياقتۇرمايدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 327 ـ بەت. ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 105 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 302 ـ بەت.

3 ـ مۆمىنلەرگە ئېزىش، ئازابلاش ۋە يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىش بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش گۇناھتۇر.

4 ـ ئاياللار، ئاجىز كىشىلەر ۋە كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ئۇرۇش قىلىشقا كۈچى يوق كىشىلەرگە چېقىلىشقا بولمايدۇ.

5 ـ جىهاد مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە زەربە بېرىش، زىيانكەشلىكنى توگىتىش ۋە دەۋەت يولىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئالتىنچى، اللە يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى ۋە مال بىلەن، جان بىلەن جىهاد قىلىشنى تەرك ئېتىش ھالاك بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى كۈرەش ھاياتلىق باشلانغاندىن تارتىپلا داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، اللە زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى كىشىلەرگە ئۆزى بىۋاستە ئىگە بولغانغا قەدەر بۇ كۈرەش ھەرگىز توختاپ قالماستىن داۋام قىلىدۇ. ھەممىنىڭ بارار جايى اللە نىڭ دەرگاھىدۇر.

زېمىن ئۈستىدىكى ھەر بىر مىللەت چوقۇم ئۈستۈنلۈككە ۋە بەختكە ئېرىشىپ ياشاشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل تەييارلىق قىلىدۇ ۋە غەلىبە قازىنىشنىڭ چارىلىرىنى تاپىدۇ. ياشلىرىنى كۈرەش قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا پەقەت كۈچلۈكلەرلا پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولىدۇ ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ سۆزى ئۆتىدۇ. خېلى بۇرۇنلا بىر ئەرەب شائىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

ئۆۋسى بۆزۆلۈر بىر كۈنى ھامان، ئۇنى قىلىچتا قوغدىمىسا گەر،
زۇلۇمغا ئۇچراپ زۇلۇم چېكىدۇ، باشقىغا زۇلۇم قىلمىسا گەر.

ئىسلام دىنى اللە تائالا ئىنسانىيەتكە بېكىتىپ بەرگەن دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەم ۋە ئاسايىشلىق ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشلىرى، اللە ئىرادە قىلغان بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشلىرى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا كىرىشكە ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشقا دەۋەت قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. اللە تائالا دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش، ۋەھيىلىرىنى تەبلىغ قىلىش، بۇ توغرا يولنى ۋە ئىسلام نۇرىنى يەر يۈزىدىكى باشقا ئۈممەتلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئۈچۈن پەقەت ئىسلام ئۈممىتىنى تاللىدى.

ئەگەر بىرى بۇ دەۋەت يولىدا تۇرىۋېلىپ، دەۋەت قىلىش يولىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا، اللە نىڭ توغرا يولىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ھەق دىنىنى ئۈستۈنلۈككە

www.munber.org

ئېرىشتۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ يېگانە ۋە غالىب اللە قا ئىمان ئېيتىشتىكى دىنىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم بۇ يولدىن دۇمۇلتۇۋېتىش، زېمىننى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن تازىلاش، كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا جىھاد قىلىش يولغا قويۇلدى. زالىملارنىڭ دۇشمەنلىكىنى تارمار قىلىش، دەۋەت يولىغا ۋە دەۋەتنى ئىنسانلارغا ئەركىن ئازادە يەتكۈزۈشكە قارشى چىققان ھەرقانداق كۈچنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش يولغان قويۇلدى. اللە تائالا: ﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اللە نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[1] دەپ تولىمۇ راست ئېيتقان.

جىھاد پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، كۈچ ۋە ھوقۇقتا تايىنىپ ئۆز ئىرادىسىنى ئۇممەتكە تاڭماقچى بولغان، قورال كۈچى ئىشلىتىپ كىشىلەرنى اللە نىڭ دىنىدىن توسقان، مۆمىنلەرگە ھەر تۈرلۈك ئازاب ئوقۇبەتلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان زالىملارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اللە يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى اللە ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾.

---

[1] سۈرە بەقەرە 193 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ھەج بىلەن ئۆمرىنى تولۇق ئورۇنلاش

﴿ وَأَتِمُّواْ ٱلۡحَجَّ وَٱلۡعُمۡرَةَ لِلَّهِۚ فَإِنۡ أُحۡصِرۡتُمۡ فَمَا ٱسۡتَيۡسَرَ مِنَ ٱلۡهَدۡيِۖ وَلَا تَحۡلِقُواْ رُءُوسَكُمۡ
حَتَّىٰ يَبۡلُغَ ٱلۡهَدۡيُ مَحِلَّهُۥۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ بِهِۦٓ أَذًى مِّن رَّأۡسِهِۦ فَفِدۡيَةٌ مِّن صِيَامٍ أَوۡ
صَدَقَةٍ أَوۡ نُسُكٍۚ فَإِذَآ أَمِنتُمۡ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلۡعُمۡرَةِ إِلَى ٱلۡحَجِّ فَمَا ٱسۡتَيۡسَرَ مِنَ ٱلۡهَدۡيِۚ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ
فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ فِي ٱلۡحَجِّ وَسَبۡعَةٍ إِذَا رَجَعۡتُمۡۗ تِلۡكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌۗ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمۡ يَكُنۡ أَهۡلُهُۥ
حَاضِرِي ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ١٩٦ ٱلۡحَجُّ أَشۡهُرٌ
مَّعۡلُومَٰتٌۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلۡحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي ٱلۡحَجِّۗ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ
خَيۡرٍ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۚ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩٧ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ
جُنَاحٌ أَن تَبۡتَغُواْ فَضۡلًا مِّن رَّبِّكُمۡۚ فَإِذَآ أَفَضۡتُم مِّنۡ عَرَفَٰتٍ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ عِندَ ٱلۡمَشۡعَرِ
ٱلۡحَرَامِۖ وَٱذۡكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمۡ وَإِن كُنتُم مِّن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ١٩٨ ثُمَّ أَفِيضُواْ مِنۡ
حَيۡثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ١٩٩ فَإِذَا قَضَيۡتُم مَّنَٰسِكَكُمۡ
فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَذِكۡرِكُمۡ ءَابَآءَكُمۡ أَوۡ أَشَدَّ ذِكۡرًاۗ فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي
ٱلدُّنۡيَا وَمَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٍ ٢٠٠ وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةً وَفِي
ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ٢٠١ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُواْۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ
٢٠٢ ۞ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ فِيٓ أَيَّامٍ مَّعۡدُودَٰتٍۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوۡمَيۡنِ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثۡمَ
عَلَيۡهِۚ لِمَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُمۡ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٢٠٣ ﴾

**﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار. ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار. قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ (شۇ سەۋەبتىن**

بېشىنى چۈشۈرسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن، ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن، ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. اللە قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ ھەج قىلىۋاتقاندا جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) اللە نى ياد ئېتىڭلار، اللە سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى اللە سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار). ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، اللە دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. اللە ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللە نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. اللە نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ). ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) اللە نى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)، (مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (يۇقىرىقى ئەھكاملار) تەقۋادارلىق قىلىپ (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم ئۈچۈندۇر. اللە دىن قورقۇڭلار؛ بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن اللە نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴾.

ــــ سۈرە بەقەرە 196 ــ، 197 ــ، 198 ــ، 199 ــ، 200 ــ، 201 ــ، 202 ــ، 203 ــ ئايەتلىرى

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

أُحْصِرْتُم: (توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەلئىھسار» بولۇپ، لۇغەتتە مەنئى قىلىش، توسۇش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

«لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇستا: كېسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئۇلگۈرۈپ بارالمىغان كىشى (يەنى تۇسۇلۇپ قالدى) دېيىلىدۇ، دېيىلگەن.

ئىمام فەررا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ھەجنى ياكى ئۆمرىنى ئادا قىلىشقا خىيىم - خەتەر ياكى كېسەل سەۋەبىدىن بارالماي، يول ئۈستىدە قالغان كىشىنى توسۇپ قالدى دەيدۇ.»

ٱلْهَدْى: (قۇربانلىق)، ئۇ، بەيتۇللاھقا ھەدىيە قىلىنغان تۆگە ياكى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش قۇربانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

[illegible]: (جايىغا)، ئۇ، قۇربانلىقلار قۇربانلىق قىلىنىدىغان جاي ھەرەمنى ياكى توسۇلۇپ قالغان جايىنى كۆرسىتىدۇ.

نُسُك: (قۇربانلىق قىلىش)، ئۇ، بەندە اللّٰه تائالا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدىغان قۇربانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. نۇسۇكنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى ئىبادەت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿بىزگە ھەججىمىزنىڭ ئىبادەتلىرىنى بىلدۈرگىن﴾[①].

رَفَث: (جىنسىي ئالاقە)، ئۇ، خوتۇن كىشىگە شەھۋانىي سۆزلەرنى قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئۇندەشكە ئالاقىدار ھەممە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فُسُوق: (گۇناھ قىلىش)، ئۇ، لۇغەتتە بىر نەرسىدىن چىقىپ كېتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەتتە اللّٰه تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كېتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. اللّٰه تائالا ئىبلىس ھەققىدە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾[②].

[①] سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ سۆز مەزكۇر ئايەتتە بولسا، ھەممە يامان گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ[1].

جِدَال: (جاڭجال قىلىش)، ئۇ، جاڭجاللىشىش، ماجرا تۇغدۇرۇش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ھەمراھلار ۋە خىزمەتچىلەر ئارىسىدا جېدەل ماجىرالار كۆپ تۇغۇلىدۇ.

ٱلزَّاد: (زاد ـ راھىلە)، ئۇ، ئىنساننىڭ سەپىرىگە يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئەئشى مۇنداق دەيدۇ:

مەگەر قىلمىساڭ سەپەر ئېلىپ تەقۋادارلىقتىن ئوزۇقلۇق،
ئۇچراشقىنىڭدا ئۆلگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئېلىۋالغان كىشىگە،
قىلىسەن پۇشايمان ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغىنىڭغا،
چۈنكى، سەن كۆزەتمىدىڭ خۇددى ئۇ كۆزەتكەندەك[2].

جُنَاح: (گۇناھ)، ئۇ، گۇناھ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَفَضْتُم: (قايتقان چېغىڭلاردا)، ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قايتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

عَرَفَت: (ئەرەفات)، ئۇ، ھاجىلار ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۇرىدىغان جاينىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ جاي ھەرقايسى جايدىن كەلگەنلەر ئۆزئارا تونۇشىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەفات دەپ ئاتالغان.

ٱلْمَشْعَرِ ٱلْحَرَامِ: (مۇزدەلىفەدە)، ئۇ، مۇزدەلىفە تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

مَّنَسِكَكُم: (ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەر)، ئۇ، ھەج قىلىش جەريانىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىبادەتلىرىڭلارنى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

خَلَق: (نېسىۋە)، ئۇ، نېسىۋە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە: ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە اللە نىڭ رەھمىتىدىن ھېچ نېسىۋە يوق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى ھەج بىلەن ئۆمرەنى تولۇق ئادا قىلىشقا، ئىبادەتلەرنى اللە نىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىشقا، ئەگەر ئېھرام باغلىغۇچى دۈشمەن ياكى كېسەل سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قېلىپ، ئېھرامدىن

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 364 ـ بەت. راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 491 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 389 ـ بەت.

www.munber.org

چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭغا تۆگە ياكى كالا ۋە ياكى قويدىن نىمە قولاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى قۇربانلىقلار قۇربانلىق قىلىنىدىغان جايغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇربانلىق قىلىنمىشتىن ئىلگىرى چاچ ئېلىش ۋە ئېھرامدىن چىقىشتىن توسىدۇ.

﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ﴾ شۇ سەۋەبتىن بېشىنى چۈشۈرسە، ﴿فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن﴾ ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى، ياكى بىر قوي قۇربانلىق قىلىشى، ياكى ھەر بىر مىسكىنگە بىر سادىن ئالتە مىسكىنگە ئالتە سا يېمەكلىك سەدىقە بېرىشى لازىم.

﴿كىمكى﴾ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىپ بولۇپ، ھەج كۈنلىرى كەلگىچە ئېھرام باغلىمىغان كىشى بەھرىمەن بولىدىغان پاك نەرسىلەردىن، ئاياللاردىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولسا، الله تائالاغا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ﴿نىمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم﴾ قۇربانلىق ﴿تاپالمىغان ئادەم﴾ ئون كۈن روزا تۇتۇشى، ﴿ئۈچ كۈننى﴾ ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا، ﴿يەتتە كۈننى﴾ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن تۇتۇشى لازىم. مۇنداق بەھرىمەن بولۇش ھەرەم ئەھلىدىن باشقىلارغا خاستۇر. ئەمما ھەرەم ئەھلى مۇنداق بەھرىمەن بولمايدۇ ۋە قۇربانلىق قىلمايدۇ.

ئاندىن الله تائالا ھەج ئايلىرىنىڭ شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۆزىنى ھەجگىلا ئاتىغان كىشىنى كونا ئادەتلىرىدىن ۋە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ الله تائالاغىلا يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەندۇر. شۇڭا ئۇ ئاياللارنى ۋە ئۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى تاشلىشى، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى، كىشىلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش ۋە جېدەل ـ ماجرا قىلىشنى تاشلىشى، الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ”ئوزۇقلۇق“ ئېلىۋېلىشى لازىم.

ئاندىن الله تائالا ھەج كۈنلىرىدە تىجارەت قىلىشنىڭ چەكلەنمىگەنلىكىنى، پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىجارەت قىلىشنىڭ دىنىي ئىبادەتلەرگە زىت كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. كىشىلەر ھەج كۈنلىرىدە پۇل ـ مال تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق ئىشنى گۇناھ دەپ قارايتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارغا پۇل ـ مالغا ئېرىشىشنىڭ الله نىڭ پەزلى ئىكەنلىكىنى، سەمىمى بولسىلا، ئۇقەت قىلىشنىڭ ھېچ گۇناھ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

ئاندىن الله تائالا كىشىلەرنى ﴿ئەرەفاتتىن﴾ قايتقاندىن كېيىن ﴿مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) الله نى﴾ دۇئا قىلىش، تەكبىر ئېيتىش، تەلبىيە ئېيتىش ئارقىلىق ياد ئېتىشكە، ئىمان نېمىتىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن الله قا شۈكۈر قىلىشقا، ھەج ئىبادەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن الله نى خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ۋە پەخىرلىنىدىغان نەرسىلىرىنى ياد ئەتكەندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر ھەج مەۋسۇمىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ پەخىرلىنەتتى. مەسىلەن ئۇلاردىن بىرى: مېنىڭ ئاتام ئاچلارغا تاماق بېرەتتى، باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى، دىيەت تۆلۈشۈپ بېرەتتى، دەيتتى. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلىگەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى ياد ئەتمەيتتى. شۇڭا الله تائالا: ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، الله نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[1]

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

ھەج ئەھكاملىرىنىڭ ئايەتلىرى روزا تۇتۇش ئەھكاملىرىنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن بايان قىلىنغان. چۈنكى، ھەج ئايلىرى روزا تۇتۇش ئېيىدىن كېيىنلا كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئايەتلەردىن ئىلگىرى بايان قىلىنغان جىھاد قىلىش ئەھكاملىرىنىڭ ئايەتلىرى بولسا، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ، ئېھرامنىڭ ۋە مەسجىدى ھەرامنىڭ ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ قاتارىدا نازىل قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلماقچى بولغان، مۇشرىكلار ئۇنى بىرىنچى قېتىمدا ھۇدەيبىيەدە توسۇۋالغان، كېيىنكى يىلى قازا ئۆمرە قىلماقچى بولغان، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۆزلىرىگە مۇشرىكلارنىڭ خىيانەت قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن چاغدا الله تائالا جىھاد ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان ئىدى. ئاندىن سۆز يەنە ھەج ئەھكاملىرىنى تولۇقلاشقا قايتتى. مانا بۇ مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پىتلار يۈزۈمدە ئۆمۈلۈشۈپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىشىنىڭ بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن، قوي تاپالامسەن؟» دېدى. مەن: ياق، دېدىم. ئۇ: «ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن ياكى ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سادىن ھېسابلاپ، ئالتە مىسكىنگە تاماق بەرگىن ۋە بېشىڭنى چۈشۈرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ

[1] ئىمام ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

www.munber.org

(شۇ سەۋەبتىن بېشىنى چۈشۈرسە)﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت ماڭا خاس نازىل بولدى، بىراق ھۆكمى سىلەرگىمۇ ئاممىباپتۇر.»[1]

2 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «يەمەنلىكلەر ھەجگە ئوزۇقلۇق ئېلىۋالماي كېلەتتى. ئۇلار: بىز تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز، دەيتتى. ئاندىن كىشىلەردىن يېمەك ـ ئىچمەك تىلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[2]

3 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرەيشلەر ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھەج قىلغاندا مۇزدەلىفەدە تۇراتتى. باشقا ئەرەبلەر ئەرەفاتتا تۇراتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن اللە تائالا پەيغەمبىرىنى ئەرەفاتقا كېلىشكە، شۇ يەردە تۇرۇشقا ۋە شۇ يەردىن قايتىشقا بۇيرۇدى. بۇ، اللە تائالانىڭ: ﴿ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ.»[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە: «قۇرەيشلەر: بىز اللە نىڭ ئادەملىرى ۋە اللە نىڭ ھەرىمىدە ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا بىز ھەرەم دائىرىسىدىن چىقمايمىز ۋە ھەرەمنىڭ ئۆزىدىنلا قايتىمىز، دېيىشەتتى» دېيىلگەن.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ھەج قىلغۇچى ياكى ئۆمرە قىلغۇچى، قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان بىرەر سەۋەب بولماستىن، ھەرەم ئەھلى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ بېرىشكە ئېلىپ بارغان ھايۋانلار قۇربانلىق دېيىلىدۇ. ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قۇربانلىق بۇ ئەمەس. ھەج قىلغۇچى ياكى ئۆمرە قىلغۇچى بىرەر ۋاجىپنى قىلمىغان ياكى چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ قالغانغا ئوخشاش ئىشلار تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك يولدا توسۇلۇپ قالغان، ھەج بىلەن ئۆمرە ئارىلىقىدا ئېھرامدىن چىقىپ ئېھرامدا چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولغانغا ئوخشاش ئىشلار تۈپەيلىدىن، قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قالغان قۇربانلىقمۇ قۇربانلىق دېيىلىدۇ. ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قۇربانلىق دەل مانا مۇشۇ قۇربانلىقتۇر.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 232 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىيرفي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 212 ـ بەت.
[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 226 ـ بەت.

2 ـ هەج بىلەن ئۆمرەنى تولۇق ئادا قىلىش ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ۋە شەرتلىرىنى سىرتقى جەھەتتە تەلەپكە لايىق رەۋىشتە تولۇق ئادا قىلىشنى، ئىچكى جەھەتتە رىيا قىلماستىن، كۆز ـ كۆز قىلماستىن الله تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

مەگەر قىلساڭ ھەجنى پۇل ـ مال بىلەن، ئەمەلىيەتتە قىلمىدىڭ ھەج،
ۋە لېكىن ھەج قىلدى كارۋان بولغاچقا ھارام ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى.
قوبۇل قىلىدۇ الله پەقەت خالىس ھەجنى،
ئەمەس ھاجى تاۋاپ قىلغانىنىڭ ھەممىسى الله نىڭ بەيتىنى.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿پاكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ﴾ دېگەن سۆزىدە قىسقارتىلما بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق شەكلى: «شۇ سەۋەبتىن بېشىنى چۈشۈرسە»، دېيىلىدۇ.

4 ـ ئەرەب تىلىدا سۆزنى تەكتىلەش ئۇسلۇبى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾ دېگەن سۆزىمۇ ئۇلارنىڭ شۇ ئۇسلۇبى بويىچە تەكىت قىلىنىپ بايان قىلىنغان. الله تائالا مۇشۇ ئۇسلۇبتا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ﴾[1] ﴿مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن﴾[2] ﴿بۇ پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾[3].

مۇنداق تەكتىلەش ئىككىلىنىشنى تۈگىتىدۇ. بەزى ئەرەبلەر «يەتتە» دېگەن سانىنى بىرلەر خانىلىق سانلارنىڭ كۆپلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار «70» دېگەن سانىنى ناھايىتى كۆپ سانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىككىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، الله تائالا: ﴿ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾ دەپ تەكتىلىگەن. بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك.

5 ـ قۇرەيشلەر ھەج قىلغاندا ھەرەمنىڭ دائىرىسى سىرتىغا چىقمايتتى. ئۇلار: «بىز باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمايمىز، بىز الله نىڭ ئادەملىرىمىز ۋە الله نىڭ ھەرىمىدە ئولتۇراقلاشقانلارمىز، شۇڭا ھەرەمنىڭ دائىرىسىدىن سىرتقا چىقمايمىز» دەيتتى. سىرتتىن كەلگەن ھاجىلار ھەرەمنىڭ سىرتىدا (يەنى ئەرەفاتتا) تۇراتتى ۋە شۇ جايدىن قايتاتتى. شۇڭا الله تائالا ھەرەم ئاھالىسىنى سىرتتىن كەلگەنلەر تۇرىدىغان جايدا تۇرۇشقا ۋە شۇلار قايتقان يەردىن قايتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار﴾ بۇنى ئىبنى قۇتەيبە بايان قىلغان[4].

---

[1] سۈرە ھەج 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىبنى قۇتەيبەنىڭ «غەرىيبۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 79 ـ بەت.

www.munber.org

6 ـ اللہ تائالا: ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈندۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ ھەج قىلىۋاتقاندا جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە «ھەج» دېگەن سۆز ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان بولۇپ، بىرىنچىسى ھەجنىڭ ۋاقتىنى، ئىككىنچىسى ھەجنىڭ ئۆزىنى، ئۈچىنچىسى ھەج ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى يەنى ھەرەمنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىرى: بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان يەنى ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ ھەج قىلىۋاتقاندا جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ دېسە، ئايەتتىكىدەك ئوچۇق مەنىنى ئىپادىلىيەلمەيتتى. ئايەتتە يەنە مەنپىي سۆز قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، ئۇ توسۇش سۆز قۇرۇلمىسىدىن كۈچلۈكرەك مەنە ئىپادىلەيدۇ.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئۆمرە قىلىش ھەجگە ئوخشاش پەرزمۇ؟

فىقھشۇناسلار ئۆمرىنىڭ ھۆكمىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن. شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر ئۆمرە قىلىشنى ھەجگە ئوخشاشلا پەرز دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئەلىي، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

مالىكى ۋە ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەر ئۆمرە قىلىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئىبنى مەسئۇد ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر ئۆز قاراشلىرىغا مۇنداق بىرقانچە دەلىلنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى اللہ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار﴾. بۇ ئايەت مۆمىنلەرنى ھەج بىلەن ئۆمرەنى تولۇق ئورۇنلاشقا بۇيرۇدى. تولۇق ئورۇنلاش بىر ئىشنى مۇكەممەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا تولۇق ئورۇنلاش ئۆمرەنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ھەج بىلەن ئۆمرەدە قۇربانلىق قىلسۇن.»[1]

---

[1] ئىمام شەۋكانىينىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 195 ـ بەت.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمرە قىيامەت كۈنىگىچىلىك ھەجگە كىرىشتۈرۈۋېتىلدى.»[1]

## مالىكىي ۋە ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

مالىكىي ۋە ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر ئۆمرە قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[2] دېگەن ۋە: ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن﴾[3] دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش ھەجنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەردە ئۆمرە تىلغا ئېلىنمىغان.

2 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردە ئۆمرە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ئۆمرەنىڭ پەرز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمدە ھەجدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەج قىلىش جىھادتۇر، ئۆمرە قىلىش نەپلە ئىبادەتتۇر.»[4]

4 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە قىلىش پەرزمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۆمرە قىلساڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن.[5]

5 ـ ئۇلار شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر دەلىل قىلغان ھەدىسلەر ھەققىدە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەدىسلەر ئۆمرەنى باشلاپ بولغان ۋاقىتتا قارىتىلىدۇ. ”تولۇق ئورۇنلاش“ دېگەن سۆز كىشىگە ئۇنىڭ باشلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىدا ھەممە بىردەكلىككە ئىگە.»

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە بۇ قاراش بىرئاز يىراق بولسىمۇ، دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىشنىڭ پەرز ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، بۇ قاراشقا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆمرەنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ.»[6]

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھەج 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 195 ـ بەت.
[6] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 195 ـ بەت.

www.munber.org

مەنچىمۇ: بۇ قاراشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئادا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەۋەب كېسەل بىلەن دۈشمەننى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

ئۆلىمالار ئېھرام باغلىغۇچىنىڭ ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئادا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئېھرامدىن چىقىشىغا يول ئېچىپ بېرىدىغان سەۋەب ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئادا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەۋەب پەقەت دۈشمەندۇر. چۈنكى، مەزكۇر ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە توسۇلۇپ قالغان، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككىگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنغان چاغدا نازىل بولغان. ئۇلار ئۆمرەگە ئېھرام باغلىغان ئىدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەننىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق بولمايدۇ.»

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: دۈشمەن، كېسەل، خىيىم ـ خەتەر، پۇل ـ مال قولدىن كېتىش، ئۇلاغنى يوقىتىپ قويۇش، خوتۇن كىشىنىڭ مەھرىمىنىڭ يولدا ئۆلۈپ كېتىشى قاتارلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەج قىلغۇچىنى بەيتۇللاھقا بېرىشتىن توسۇپ قويىدىغان ھەرقانداق سەۋەبلەر توسقۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ ھەنىفە: ﴿ئەگەر ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلغان.

ئۇ يەنە ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ پەتىۋانى دەلىل قىلغان: ئىبنى مەسئۇد زەھەرلىك جانىۋار چېقىۋالغان بىر ئادەمگە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ھۆكۈم بىلەن پەتىۋا بېرىپ، ئۇنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇغان[1].

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: الله تائالا ئايەتتە ﴿ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزنى بايان قىلدى، مانا بۇ دۈشمەننىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، كېسەلنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ توسقۇنلۇقى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، «ساقايغان چېغىڭلاردا» دېگەن بولاتتى. ئىبنى ئابباسنىڭ: «دۈشمەننىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق بولمايدۇ»

[1] ئىمام تەھاۋىي ئابدۇراھمان ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. كېيىن ئۇنى زەھەرلىك بىر جانىۋار چېقىۋالدى. ئۇ يول ئۈستىدە يىقىلىپ ياتقاندا ئۇلاغلىق بىر تۈپ ئادەملەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى مەسئۇد بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن بۇ ئادەم ھەققىدە پەتىۋا سورىدى. ئىبنى مەسئۇد: قۇربانلىقنى ھەرەمگە ئەۋەتىڭلار، قۇربانلىقنى ئۆزەڭلار بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئارىسىدا بەلگە قىلىڭلار. قۇربانلىق جايىغا يەتكەندە ئۇ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ دېدى.»

دېگەن سۆزى ئايەتنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ خاسلاشتۇرىدۇ. ئۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەمدۇر[1].

## كۆچلۈك قاراش

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى كۆچلۈكرەك بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن. چۈنكى، ئۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانچىلىق ۋە كەڭرىچىلىك يارىتىپ بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىگە ئۇيغۇندۇر. ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىمۇ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى ئۇندەيدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتسە، ھەج ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە قانداق ئىگە بولىدۇ؟ ئۇلۇغى يوتۇپ كەتكەن ياكى پۇلى يوقاپ كەتكەن ئادەم سەپەرنى قانداق داۋاملاشتۇرالايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ يول خىراجىتىگە ۋە ئوزۇقلۇققا ئىگە ئەمەس. ئىسلام دىنى ئۇنى كىشىلەردىن قەرز ئېلىشقا تەكلىپ قىلسۇنمۇ؟

بىز كۆچلەندۇرگەن بۇ قاراش تەپسىرشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىبنى جەرىر تەبەرى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تاللىغان قاراشنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ ﴿ئەگەر ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار﴾ دېگەن سۆزىگە: ئەگەر سىلەر دۈشمەندىن قورقۇش سەۋەبىدىن ياكى كېسەل ۋە ياكى بەيتۇللاھقا يېتىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىرەر ئىللەت سەۋەبىدىن ھەجگە بارالمىساڭلار دەپ مەنە بېرىش ئەڭ توغرىدۇر. يەنى بۇ ئايەت: سىلەر دۈشمەن قورقۇنچىسىغا دۇچ كېلىپ ياكى كېسەل بولۇپ قېلىپ ھەجگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالساڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

مەن يەنە مۇنداق دەيمەن: ئۇ قاراشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسى كۆچلەندۇرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى زۇبائەنىڭ قېشىغا كىردى. زۇبائە: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن، بىراق مەن كېسەل بولۇپ قالىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەج قىلىڭ، قەيەردە توسۇلۇپ قالسام شۇ يەردە ئېھرامدىن چىقىمەن دەپ شەرت قىلىڭ» دېدى. مانا بۇ ھەدىس كېسەلمۇ ئېھرامدىن چىقىشقا يول ئېچىپ بېرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراش ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىك يارىتىپ بېرىدىغانلىقى ۋە ئەھكاملىرىنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ھەجگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالغان كىشىگە نېمە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟ قۇربانلىق قەيەردە بوغۇزلىنىدۇ؟

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 160 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 315 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 80 ـ بەت.

[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

www.munber.org

مەزكۇر ئايەت ھەججگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالغان كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىشىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار﴾.

ئەڭ تۆۋىنى قوي قۇربانلىق قىلىش لازىم. كالا ياكى تۆگە قۇربانلىق قىلىش ئەۋزەلدۇر. الله تائالا: ﴿نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن قوي قۇربانلىق قىلىسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. بۇ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «تۆگە ياكى كالا قۇربانلىق قىلىش لازىم، قوي قۇربانلىق قىلسا ئادا بولمايدۇ.» لېكىن توغرا قاراش كۆپچىلىكنىڭ قارىشىدۇر.

توسۇلۇپ قالغۇچىنىڭ قۇربانلىقنى بوغۇزلىنىدىغان ئورنىغا كەلسەك، ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

ئىمام شافىئىي، مالىك ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق قارايدۇ: مەيلى ھەرەم بولسۇن، مەيلى ھەرەمنىڭ سىرتى بولسۇن، قۇربانلىق توسۇلۇپ قالغان يەرنىڭ ئۆزىدە بوغۇزلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ﴿ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللانىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر)﴾[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، قۇربانلىق پەقەت ھەرەمنىڭ ئۆزىدە قىلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قۇربانلىقنى ھەرەمگە ئەۋەتىشكە قادىر بولالىسا، ئۇنى ھەرەمگە ئەۋەتىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، توسۇلۇپ قالغان يېرىدە بوغۇزلايدۇ.»

## كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ئاساستا كۈچلەندۈرۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە توسۇلۇپ قالغاندا شۇ يەردە قۇربانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ يەر ھەرەمگە تەۋە ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى ھەرەمگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالغان كىشىنىڭ ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئېھرامدىن چىققان يېرىدە قۇربانلىق قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] سۈرە ھەج 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمما اللہ تائالانىڭ: ﴿كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر﴾[1] دېگەن سۆزىگە ۋە: ﴿ئاندىن ئۇنى بۇغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللانىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر)﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئايەتلەر ئىمام شەۋكانى ئېيتقاندەك، قۇربانلىقنى كەبىگە ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولىدىغان ئەمىنلىك بار ۋاقىتقا قارىتىلىدۇ[2].

## تۆتىنچى ھۆكۈم

بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلىپ، قۇربانلىق تاپالمىغان كىشىنىڭ (يەنى ئۆمرەنى قىلىپ بولۇپ، ھەجگىچە ئېھرامدا چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولغان، ئاندىن ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ) ھۆكمى نېمە؟

اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن﴾ دېگەن سۆزى بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچىغا قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پۇلى بولمىغانلىقى ياكى قۇربانلىق قىلىدىغان مال تاپالمىغانلىقى سەۋەبىدىن قۇربانلىق قىلالمىسا، ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتىپ بارغاندا يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ.

فىقھشۇناسلار اللہ تائالانىڭ: ﴿ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزىدە كۆرسىتىلگەن بۇ روزا ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئايەت بۇ روزىنى ھەج ئايلىرىدا تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئۆمرەنىڭ ئېھرامى بىلەن ھەجنىڭ ئېھرامىنىڭ ئارىلىقىدا تۇتسا بولىدۇ. بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچى ئۆمرەنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، تېخى ھەجگە ئېھرام باغلىمىغان بولسىمۇ، بۇ روزىنى تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما تەرۋىيە ۋە ئەرەفات كۈنلىرى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى كۈنلىرى تۇتۇش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ﴿ھەج جەريانىدا﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ روزىنى ھەجگە ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. ھەج جەريانى ئېھرام باشلىغاندىن باشلاپ، قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنگىچە بولىدۇ. تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا قۇربانلىق كۈنى ۋە تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا بۇ روزىنى ئەرەفات كۈنىدىن ئىلگىرى تۇتۇش مۇستەھەبتۇر.

---

[1] سۈرە مائىدە 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 196 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 321 ـ بەت.

www.munber.org

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ روزىنى ھېيت كۈنىدىن ئىلگىرى تۇتمىغان كىشى ئۇنى تەشرىق كۈنلىرىدە تۇتۇشى لازىم. چۈنكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەشرىق كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش پەقەت قۇربانلىق مال تاپالمىغان كىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان.»[1]

ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن شافىئىي مەزھىبىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇلارنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدىكى ئىختىلاپلىرىغا باغلىقتۇر. ھەنەفى مەھىبىدىكىلەر بۇ ئايەتنى "ھەج ئايلىرى جەريانىدا" دەپ تەپسىر قىلىدۇ. شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر "ھەجگە ئېھرام باغلىغان جەرياندا" دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ھەر ئىككى مەزھەبنىڭ قارىشى بەزى ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم قاراشلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

ئەمما يەتتە كۈن روزا تۇتۇشقا كەلسەك، فىقھىشۇناسلار بۇ روزىنىڭ ۋاقتى ھەققىدىمۇ مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: اللە تائالانىڭ ﴿(ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ روزىنى يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن تۇتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: بۇ روزىنى يولدا كېتىۋېتىپ تۇتسىمۇ بولىدۇ. يۇرتقا يېتىپ بېرىپ تۇتۇش شەرت قىلىنمايدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئايەتتىكى "قايتىش" دېگەن سۆز ھەج ئەمەللىرىنى تۈگىتىپ بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مۇشۇ قاراشتا.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەكتۇر، ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿(پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن﴾ دېگەن ئايەتنى "يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن" دەپ تەپسىر قىلغان.»[2]

[1] ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 197 ـ بەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىستە ﴿(ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ "يۇرتۇڭلارغا قايتقاندىن كېيىن" دەپ تەپسىر قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1].

## بەشىنچى ھۆكۈم

بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان شەرتلەر قايسىلار؟

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان شەرتلەر بەشتۇر:

بىرىنچى، ئۆمرىنى ھەجدىن بۇرۇن قىلىش كېرەك. ئەگەر ھەج قىلىپ ئاندىن ئۆمرە قىلسا، بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئۆمرەگە ھەج ئايلىرىدا ئېھرام باغلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئاراپاتلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم)﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يىلى ھەج قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، اللہ تائالانىڭ: ﴿مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن،بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچى مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق بولماسلىقى كېرەك.

بەشىنچى، ھەجگە مەككىدىن ئېھرام باغلىشى كېرەك. ئەگەر ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەنگەن جايغا قايتىپ بېرىپ، ھەجگە شۇ يەردىن ئېھرام باغلىسا، ئۇنىڭغا بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچى قىلىدىغان قۇربانلىقنى قىلىش لازىم بولمايدۇ[2].

مالىكى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان شەرتلەر سەككىزدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىر ۋاقىتتا قىلىش كېرەك. 2 ـ بىر قېتىملىق سەپەردە قىلىش كېرەك. 3 ـ بىر يىلدا بولۇش كېرەك. 4 ـ ھەج ئايلىرىدا بولۇش كېرەك. 5 ـ ئۆمرىنى ھەجدىن بۇرۇن قىلىش كېرەك. 6 ـ ھەجگە ئېھرام باغلاش ئۆمرەنى تۈگىتىپ بولغاندىن

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 346 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 252 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 170 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 378 ـ بەت.

[2] بۇ بەش شەرت ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 168 ـ بەتتىن خۇلاسىلەپ ئالدۇق. ئۇ شەرتلەر ئىمام شافىئى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىدۇر.

www.munber.org

كېيىن بولۇش كېرەك. 7 ـ ئۆمرە بىلەن ھەج بىر شەخس تەرىپىدىن ئادا قىلىنىشى كېرەك. 8 ـ مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق بولماسلىقى كېرەك[1].

### ئالتىنچى ھۆكۈم

مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر كىملەر؟

الله تائالانىڭ: ﴿مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن سۆزى ھەرەمدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ مۇشۇ قاراشتا.

ئىمام مالىك، شافئىي ۋە ئەھمەد: مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھەجنى توسالغۇسىز قىلالايدۇ، ئۇلار قۇربانلىقمۇ قىلمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئايەتتىكى «مانا بۇ» دېگەن ئىشارەت ئالمىشىنى دەلىل قىلىپ، بۇ ئالماشنى بەھرىمەن بولىدىغان ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشىنىڭ ياكى روزا تۇتۇشىنىڭ ۋاجىپلىقىغا قاراتقان.

ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئالماشنى بەھرىمەن بولىدىغان ھەجنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ، ئايەتنى: مانا بۇ بەھرىمەن بولىدىغان ھەجنى قىلىش ھەرەمدە ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر، دەپ چۈشەندۈرگەن.

فىقھشۇناسلار يەنە الله تائالانىڭ: ﴿مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق﴾ دېگەن سۆزىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك: ئۇلار مەككىنىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردۇر دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى ئىمام تەھاۋىمۇ قوبۇل قىلغان ۋە كۈچلەندۈرگەن.

ئىبنى ئابباس: ئۇلار ھەرەمدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردۇر، دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافئىي: ئۇلار ئاز دېگەندە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدىغان مۇساپىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىرمۇ قوبۇل قىلغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ئۇلار ھەرەمنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەنگەن جايلارغىچە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر، دەپ قارايدۇ.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مالىكى مەزھىبىنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇشى مۇمكىن.

---

[1] بۇ شەرتلەرنى ئىمام قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىنىڭ، 2 ـ جىلد، 369 ـ بېتىدە بايان قىلغان بولۇپ، بىز ئۇنى قىسقارتىپ نەقىل قىلدۇق.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

ھەج ئايلىرى قايسىلار؟

ئۇلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇ ئايلارنىڭ قايسى ئايلار ئىكەنلىكىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك: ھەج ئايلىرى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ھەممىسى دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد، ئەتائ ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ھەج ئايلىرى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس، سۇددى، شەئبى، نەخەئى قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەمما ئۆمرەنىڭ ۋاقتى بولسا، يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدۇر.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىختىلاپنىڭ پايدىسى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن كېيىن قىلىدىغان ھەج ئەمەللىرىدە ئاشكارا كۆرۈلىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ھەممىسى ھەج ئايلىرىغا تەۋە دېگۈچىلەر كېچىكتۈرۈپ قويغان ئىبادەتلەرنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان قىلىشنى لازىم قىلمايدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ھەج ئايلىرىغا تەۋە دېگۈچىلەر كېچىكتۈرۈپ قويغان (زۇلھەججىنىڭ 10 ـ كۈنىدىن كېيىن قىلىنغان) ئىبادەتلەرنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان قىلىشنى لازىم قىلىدۇ.»[1]

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

ھەجگە ھەج ئايلىرىدىن ئىلگىرى ئېھرام باغلاش دۇرۇسمۇ؟

ھەجگە ھەج ئايلىرىدىن ئىلگىرى ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئېھرامى توغرا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناسلار تۆۋەندىكى قاراشلارغا كەلگەن:

بىرىنچى، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھەجگە ھەج ئايلىرىدا ئېھرام باغلاش ھەجنىڭ سۈننىتىدۇر.»

ئىككىنچى، ئىمام شافىئىي: ھەجگە ھەج ئايلىرىدىن ئىلگىرى ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئېھرامى ھەج ئۈچۈن بولماي، ئۆمرە ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى پەرز نامازنى ئۇنىڭ ۋاقتىدىن ئىلگىرى ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى پەرزگە ھېساب بولماي، نەپلە ناماز بولۇپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: ھەجگە ھەج ئايلىرىدىن ئىلگىرى ئېھرام باغلاش ياخشى ئەمەس، لېكىن دۇرۇس بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

---

[1] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 200 ـ بەت.

www.munber.org

تۆتىنچى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ھەجگە يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا ئېھرام باغلاش دۇرۇس بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئىمام مالىكمۇ مۇشۇ قاراشتا. ئۇلار اللہ تائالانىڭ: ﴿ئى مۇھەممەد! سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر﴾[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ ۋە: ئۆمرىگە يىلنىڭ ھەممىسىدە ئېھرام باغلاش دۇرۇس بولغىنىدەك، ھەجگىمۇ يىلنىڭ ھەممىسىدە ئېھرام باغلاش دۇرۇس بولىدۇ، دەيدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىينىڭ قارىشى توغراراقتۇر، چۈنكى، بۇ ئايەت ئاممىباتۇر، مەزكۇر ئايەت خاس بولۇپ، خاس ھۆكۈم ئاممىباب ھۆكۈمنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ.»

بۇ قاراشقا ئىمام شەۋكانىمۇ قوشۇلغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرگەن. چۈنكى، بۇ قاراش مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى ھۆكمىگە ئۇيغۇندۇر[2].

### تۇققۇزۇنچى ھۆكۈم

ئېھراملىق ھالىتىدە قىلىش چەكلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

شەرىئەت ئېھرام باغلىغۇچىنى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشتىن مەنئى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى قۇرئاندا، بەزىلىرى ھەدىستە كۆرسىتىلگەن. بىز ئۇنى تۆۋەندە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز:

بىرىنچى، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان سۆيۈش، شەھۋەت بىلەن تۇتۇش، سەت گەپلەرنى قىلىش، خوتۇن كىشى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىشلارغا ئالاقىدار سۆزلەرنى قىلىش قاتارلىقلار چەكلىنىدۇ.

ئىككىنچى، كىشىنى اللہ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان يامان ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى قىلىش چەكلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەمراھلار، خىزمەتچىلەر ۋە باشقىلار بىلەن جېدەل قىلىش ھەمدە غەلۋە چىقىرىش چەكلىنىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ چەكلىنىشى اللہ تائالانىڭ: ﴿بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ ھەج قىلغۇاتقاندا جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ

---

[1] سۈرە بەقەرە 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 383 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 200 ـ بەت.

قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىندۇ﴾ دېگەن سۆزدە كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چەكلەنگەن.

ئىمام بۇخارى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىنسىي ئالاقە قىلماي ۋە گۇناھ قىلماي ھەج قىلغان كىشى گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش پاكلىنىپ قايتىدۇ.»

سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بەزى نەرسىلەر چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش، تىرناق ئېلىش، چاچ ئالدۇرۇش ياكى چۈشۈرۈش، خوتۇن كىشىنىڭ يۈزىنى ئېتىشى ۋە پەلەي كىيىشى... قاتارلىق نەرسىلەردۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان①.

## ئونىنچى ھۆكۈم

ئەرەفاتتا تۇرۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ئۇنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟

ئۆلىمالار ئەرەفاتتا تۇرۇش ھەجنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسىدۇر، دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ئەرەفاتقا تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. كىمكى ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنى كىرگەن كېچىسى كۈن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى كېلەلىسە، ھەجگە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ.»②

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەرەفاتتا تۇرۇش ۋاقتى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ، ئونىنچى كۈنى تاڭ يورۇغىچە ئارىلىقتا بولىدۇ، كۈندۈزى بولسۇن، كېچىسى بولسۇن، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ قايسى قىسمىدا تۇرسا، بولىۋېرىدۇ. پەقەت كۈندۈزى تۇرغان كىشىنىڭ تۇرۇشىنى كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە داۋام قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما، كېچىسى تۇرغان كىشىگە مۇئەييەن بىر ۋاقىتقىچە تۇرۇش ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قايتسا، ئۇنىڭ ھەججى ھەج بولمايدۇ، ئۇ كېلەر يىلى قايتا ھەج قىلىشى كېرەك.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئەرەفاتتىن كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى قايتقان، ئارقىغا قايتىپ چىقمىغان كىشىنىڭ نېمە قىلىشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان. ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ۋە ئەبۇ ھەنىفە: ئۇ بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن قان

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 384 ـ بەت. ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 134 ـ بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتاب.
② ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلىشى كېرەك دەيدۇ. ئىمام مالىك: ئۇ كېلەر يىلى ھەج قىلىشى، قۇربانلىق قىلىشى كېرەك، ئۇ ھەجگە ئۆلگۈرەلمىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ، دەيدۇ.»[①]

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 393 ـ بەت.

## ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش

﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ
أَن تُحِبُّوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢١٦﴾ يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ
قِتَالٍ فِيهِ ۖ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ ۖ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفْرٌۢ بِهِۦ وَٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ
أَهْلِهِۦ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَٱلْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ ٱلْقَتْلِ ۗ وَلَا يَزَالُونَ يُقَـٰتِلُونَكُمْ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمْ عَن
دِينِكُمْ إِنِ ٱسْتَطَـٰعُوا۟ ۚ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ حَبِطَتْ
أَعْمَـٰلُهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢١٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ وَجَـٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ ٱللَّهِ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ
رَّحِيمٌ ﴿٢١٨﴾﴾

﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللہ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) اللہ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ اللہ نىڭ يولىدىن توسۇش، اللہ قا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش اللہ نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر اللہ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ــ سۈرە بەقەرە 216 ـ، 217 ـ، 218 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

كُرْه: (ياقتۇرماسلىق)، بۇ سۆز يامان كۆرۈش، ياقتۇرماسلىق ۋە قىيىن، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە: جىھاد قىلىش جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ: (ھارام قىلىنغان ئايلار)، بۇ سۆز ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئاي، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە رەجەب ئېيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَصَد: (توسۇش)، بۇ سۆز توسۇش، مەنئى قىلىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

وَٱلْفِتْنَةُ: (پىتنە)، بۇ سۆز مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا دىنغا قارىتا گۇمان تۇغدۇرۇش ياكى ئۇلارنى ئازابلاش بىلەن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

يَرْتَدِدْ: (قايتىپ)، بۇ سۆز قايتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە ئىماندىن كۇپرىغا يېنىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دىندىن يېنىۋالغان ئادەم "مۇرتەد" دېيىلىدۇ.

حَبِطَت: (بىكار بولۇپ كېتىدۇ)، بۇ سۆز ئەمەلى بۇزۇلدى، بىكار بولدى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

هَاجَرُوا: (ھىجرەت قىلغانلار)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلھىجرە» بولۇپ، الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن الله يولىدا ئائىلىدىن ۋە ۋەتەندىن ئايرىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرەت كاپىر يۇرتىدىن چىقىپ ئىمان يۇرتىغا بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.»[①]

وَجَاهَدُوا: (جىھاد قىلغانلار)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «جوھد» بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. جىھاد قىلىش بولسا، كۈچ ۋە تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش جىھاد دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ئۇنىڭغا الله نىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ دىنىنى غەلىبىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جان ۋە پۇل ـ مال سەرپ قىلىنىدۇ[②].

يَرْجُون: (ئۈمىد قىلىدۇ)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەررەجائ» بولۇپ، پايدىلىق ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش، تەمە قىلىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «رەجائ خۇشال قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغان پەرەزدۇر.»

---

① راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 536 ـ بەت.
② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 41 ـ بەت.

www.munber.org

غَفُورٌ رَّحِيمٌ: (الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ناھايىتى مېھرىباندۇر)، يەنى گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچىلارغا الله نىڭ مەغپىرىتى ناھايىتى كەڭدۇر، مۆمىن بەندىلىرىگە رەھمىتى ناھايىتى چوڭدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿سىلەرگە﴾ كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش پەرز قىلىندى. ئۇنىڭدا پۇل - مالنى سەرپ قىلىش، جاننى سېلىپ بېرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سىلەرگە جاپالىق تۇيۇلىدۇ، تەبىئىيتىڭلار ئۇنى ياقتۇرماي قالىدۇ. بىراق، سىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىدە ھەممە مەنپەئەت ۋە ياخشىلىقلار تېپىلىشى، سىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدە ھەممە خېيىم خەتەر ۋە زىيانلار تېپىلىشى مۇمكىن. سىلەرگە نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ﴿الله بىلىدۇ﴾ شۇڭا دۈشمىنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت سىلەرگە پەرز قىلىنغان بۇ ئۇلۇغ ئىشنى يامان كۆرمەڭلار. جىھاد قىلىش سىلەر ئۈچۈن ھازىرمۇ، كېيىنمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ سەندىن ﴿ھارام قىلىنغان ئايدا﴾ ئۇرۇش قىلىش ھالال بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلارغا ﴿ئېيتقىنكى﴾ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئۆزى ناھايىتى ﴿چوڭ﴾ ئىشتۇر، لېكىن مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ﴿الله نىڭ يولىدىن﴾ توسۇشى، ﴿مەسجىدى ھەرامدا﴾ ئىبادەت قىلىشتىن توسۇشى، الله قا كۇفرىلىق قىلىشى، سىلەر مەسجىدى ھەرامنىڭ ئاھالىسى ۋە مەسجىدى ھەرامنىڭ ھىمايىچىلىرى تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ سىلەرنى ھەرەمدىن ھەيدەپ چىقىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ﴿الله نىڭ دەرگاھىدا﴾ سىلەرنىڭ مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگىنىڭلاردىنمۇ ﴿چوڭ﴾ گۇناھتۇر. ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلماقتا. بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا ئادەم ئۆلتۈرگەندىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر سىلەر ئۇلارنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ گۇناھ قىلدى. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. ﴿پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر﴾.

ئاندىن الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قولىدىن كەلسىلا ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ﴿داۋاملىق﴾ ئۇرۇشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار كۇفرىلىق قىلىشتىن ۋە جىنايى قىلمىشلىرىدىن يانغىنى يوق. ﴿سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ﴾ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلى بىكار قىلىنىپ، ساۋابى يوققا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازغۇنلۇققا چاقىرغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلدى.

ئاندىن اللە تائالا مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: ئىمان ئېيتقانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ﴿ھىجرەت قىلغانلار﴾ ۋە اللە نىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىبارەت كاپىرلارغا قارشى بارلىق تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر ﴿اللە نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ﴾. ئۇلار بۇ ئارتۇقچىلىق ۋە بۇ مۇكاپاتقا لايىق كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق سەرپ قىلغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىگە، نىجاتلىققا، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيىدا يەنى بەدىر ئۇرۇشى بولۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بىر ئەترەتكە باشلىق قىلىپ، قۇرەيشنىڭ ئەمرى ئىبنى ئابدۇللاھ ھەزرەمى ۋە يەنە ئۈنىڭ بىلەن ئۈچ كىشى بار تىجارەت كارۋىنىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئەمرى ئىبنى ئابدۇللاھ ھەزرەمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى كىشىنى ئەسىر ئالىدۇ ۋە تائىپلىقنىڭ مېلى بار تىجارەت كارۋىنىنى ھەيدەپ كېتىدۇ.

ۋەقە يۈز بەرگەن كۈن دەل رەجەب ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولۇپ، ئەترەتتىكىلەر ئۇنى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيى دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر: مۇھەممەد ئۇرۇش ھارام قىلىنغان، قورققان كىشى ئەمىن بولىدىغان، كىشىلەر تىرىكچىلىك يولىنى تۇتۇپ تاراپ كېتىدىغان ئاينى ھالال قىلدى، دەپ جار سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارۋاننى توختىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىش ئەترەتتىكى ساھابىلارغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۇلار: تەۋبىمىز ھەققىدە ئايەت نازىل بولغىچە ھېچ يەرگە تەۋرىمەيمىز، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنى قوبۇل قىلدى.»[1]

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 347 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 196 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 253 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 40 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 31 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «قاتتىقچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقنى يامان كۆرمەڭلار. بىرەر ئىشنى يامان كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، ئەمما ئۇ ساڭا نىجاتلىق بېرىدۇ. بىرەر ئىشنى ياخشى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، ئەمما ئۇ ساڭا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. ئەبۇ سەئىد زەرىر مۇنداق شېئىر ئوقۇيدۇ:

بىرەر ئىشتىن ھەزەر قىلىشىڭ مۇمكىن،
لېكىن ئۇ سېنى مەمنۇن قىلىدىغان ئىشنى تارتىپ كېلىدۇ.
مەخپىيدۇر ئۇنىڭدىكى ياخشى ئىش،
ۋەلېكىن يامان ئىش ئاشكارا بولىدۇ.»[1]

2 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر﴾ دېگەن سۆزى: ئۇ سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلارغا ئېغىر كېلىدۇ، چۈنكى، ئۇ جاپالىق ۋە جانغا ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تەبىئەت جەھەتتىن مۇنداق ياقتۇرماسلىق اللہ نىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشقا زىت كېلىپ قالمايدۇ. كېسەل ئادەممۇ شۇنداق ئاچچىق، جاننى بىئارام قىلىدىغان قاڭسىق دورىنى ئاخىرى شىپا قىلىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىچىدۇ.

3 ـ مۇشرىكلار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى شۇنداق چوڭ گۇناھ ھېسابلاشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزلىرى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە ئېغىر گۇناھنى ئىشلەپ، كىشىلەرنى اللہ نىڭ دىنىدىن توستى، مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى.

4 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئەنە شۇنداق كىشىلەر اللہ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە تايانماستىن، اللہ نىڭ پەزلىگە تايىنىشى لازىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەمەلى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلار: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ شۇنداق، لېكىن اللہ مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن ئورىغان» دېگەن.

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇ كىشىلەر بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىرى بولسىمۇ، اللہ ئۇلارنى، سىلەرنىڭ ئاڭلىغىنىڭلاردەك، اللہ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەر قىلغان. كىم بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ، كىم بىرەر نەرسىدىن قورقسا، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.»[2]

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 30 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 196 ـ بەت.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟

بۇ ئايەت ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ هاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ هاراملىقى ئەسلى هالىتىدە قېلىۋەردىمۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدىمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئەتائ: بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دەپ قارايدۇ. ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەتائ ماڭا اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ھەرەمدە ۋە ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشىنىڭ هالال ئەمەسلىكىنى، پەقەت مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.»[1]

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار بۇ ھۆكۈم سۈرە تەۋبىدىكى ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ ۋە ﴿مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان، دەپ قارايدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن: مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش ئاچسا توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەرگەن.

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلارنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيندىكى هاۋازىن قەبىلىسىگە، تائىپتىكى سەقىف قەبىلىسىگە غازات يۈرۈشى قىلغان. ئۇ يەنە ئەبۇ ئامىرنى ئەۋتاستىكى مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ۋەقەلەر ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش هارام بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتى.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «توغرىسى، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلدى دەپ، ئۆكتە قوپقان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە نىڭ يولىدىن توسۇش، اللە قا كۇفرىلىق قىلىش،

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 33 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 196 ـ بەت.
[2] سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش اللە نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر...﴾ ئەگەر سىلەر ئەنە شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا قىلىدىكەنسىلەر، ئۇ ئايلاردا سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش مۇقەررەرلىشىدۇ.»[①]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

دىندىن يېنىۋېلىش ئەمەلنى بىكار قىلىپ، ئىنساننىڭ ياخشىلىقلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرامدۇ؟

اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾ دېگەن سۆزى دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ ئەمەلنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنىڭ يوق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلىمالار مۇرتەد ھەققىدە: ئۇنىڭ پەقەت دىندىن يېنىۋېلىشى بىلەنلا ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتەمدۇ؟ ياكى ئۇ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئاندىن ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە: ئەمەل دىندىن يېنىۋېلىش بىلەنلا بىكار بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىي: ئەمەل پەقەت كاپىر پېتى ئۆلسە، ئاندىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىي اللە تائالانىڭ: ﴿كاپىر پېتى ئۆلسە﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئەمەلنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە كاپىر پېتى ئۆلۈشنى شەرت قىلغان. ئەگەر ئۇ دىندىن يېنىۋالغاندىن كېيىن ئىسلامغا قايتا كىرسە، ھېچقانداق ھۆكۈم كەلمەيدۇ يەنى ئەمەل بىكار قىلىنمايدۇ، دوزاختىمۇ مەڭگۈ قالىدىغانلاردىن بولمايدۇ.»

ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە اللە تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سەن اللە قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾[②] دېگەن سۆزىنى ۋە: ﴿كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ﴾[③] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى ئايەت كاپىر بولۇشنىڭ ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كاپىر پېتى ئۆلۈشكە شەرت قىلماستىنلا كۆرسەتكەن.»

---

[①] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 147 ـ بەت.
[②] سۈرە زۇمەر 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى مۇسۇلمان بولۇپ ھەج قىلغان، ئاندىن مۇرتەد بولغان، ئاندىن يەنە مۇسۇلمان بولغان ئادەم ھەققىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە: مۇنداق ئادەم قايتا ھەج قىلىشى لازىم، چۈنكى، ئۇنىڭ مۇرتەد بولۇشى ئىلگىرى قىلغان ھەججىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام شافىئىي: ئۇنىڭ ھەج قىلىشى لازىم ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى ھەج قىلىپ بولغان، مۇرتەدلىك ئۇنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، پەقەت كۇپرى ئۈستىدە ئۆلسە، ئاندىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالىرىمىز اللە تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سەن اللە قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: بۇ خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈممىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەزكۇر ئايەتتە كاپىر پېتى ئۆلۈشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىدە كاپىر پېتى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جازاسىمۇ بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. باشقا ئايەتتە بولسا، اللە قا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئەمەلى بىكار قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. بۇ ئىككى ئايەت ئايرىم - ئايرىم ئىككى مەنىنى، باشقا - باشقا ئىككى ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: دەلىللەرنىڭ زاھىرى مەنىلىرى دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ ئەمەلنى شەرتسىز بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراش مالىكى ۋە ھەنەفى مەزھەبلىرىنىڭ قاراشلىرىدۇر[2].

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 - جىھاد قىلىش ئېغىر كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ھەققە ياردەم بېرىش ۋە دىننى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدۇر.

2 - مۆمىن جىھاد قىلىشتىن ئىككىلەنمەسلىكى لازىم. چۈنكى، جىھاد ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشكىلى ياكى شېھىت بولغىلى بولىدۇ.

3 - ئىنسانلارنى اللە نىڭ دىنىدىن توسۇش ۋە اللە نىڭ ئايەتلىرىگە كاپىر بولۇش بولسا، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

---

[1] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 148 - بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

[2] ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 148 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 110 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 48 - بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 196 - بەت.

www.munber.org

4 ـ مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىكى نىشانى مۇسۇلمانلارنى ھەر تۈرلۈك يوللار ۋە ھەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن كۇپرىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

5 ـ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىش ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ ۋە ئىنسانىنى جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قېلىشقا گىرىپتار قىلىدۇ.

# هاراق بىلەن قىمارنىڭ هارام قىلىنغانلىقى

﴿ ۞ يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ ۖ قُلْ فِيهِمَآ إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَـٰفِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَآ أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ ٱلْعَفْوَ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْيَتَـٰمَىٰ ۖ قُلْ إِصْلَاحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ ۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَٰنُكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ ٱلْمُفْسِدَ مِنَ ٱلْمُصْلِحِ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٠﴾ ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن. ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى». الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

—— سۈرە بەقەرە 219 ـ، 220 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلْخَمْرَ: (هاراق)، بۇ سۆز هاراق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈزۈمدىن ۋە باشقا نەرسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ۋە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى هاراق دېيىلىدۇ.

وَٱلْمَيْسِرِ: (قىمار)، بۇ سۆز قىمار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ قىمارنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

إِثْمٌ: (گۇناھ)، بۇ سۆز گۇناھ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلْعَفْوَ: (ئارتۇقى)، بۇ سۆز ئېھتىياجدىن ئارتۇقى، ھاجەتتىن ئاشقىنى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قەففال مۇنداق دەيدۇ: «ھاجەتكە يېتەرلىك بولغان نەرسىدىن ئارتۇقى الْعَفْوَ دېيىلىدۇ.»[1] ئايەتتە: ئېھتىياجىڭلاردىن ئاشقىنىنى سەدىقە قىلىڭلار، ئۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلارسىز، دەپ ئۆزەڭلارنى بىئارام قىلماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

لَأَعْنَتَكُمْ: (سىلەرنى جاپاغا سالاتتى)، بۇ سۆز سىلەرنى چوقۇم جاپا مۇشەققەتكە سالاتتى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ﴿ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى﴾ دېگەن سۆزى ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى چوقۇم سىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلغان بولاتتى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

عَزِيزٌ حَكِيمٌ: (الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)، يەنى الله قا ھېچ نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. چۈنكى، الله غالىبتۇر، مەغلۇب قىلىنمايدۇ. ئىگىدارچىلىقىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزى خالىغان رەۋىشتە ھېكمەت ۋە مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىدارە قىلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ سەندىن ﴿ھاراق﴾ ئىچىشنىڭ ھۆكمى ﴿ۋە قىمار﴾ ئويناشنىڭ ھۆكمى ﴿توغرىسىدا﴾ سورىشىدۇ. ئۇلارغا ﴿ئېيتقىنكى﴾ ھاراق ۋە قىمار بىلەن شۇغۇللىنىش ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر، زىيىنىمۇ ناھايىتى چوڭدۇر. ھەر ئىككىسىدە ئازغىنە ماددى پايدا بار. لېكىن ئۇنىڭ زىيىنى ﴿پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ﴾ ۋە تېخىمۇ ئېغىردۇر.

ھاراق ئىچكەندە ئەقىل يۇلغىنىدۇ، پۇل ـ مال ئىسراپ بولىدۇ، جاننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. قىمارمۇ ئوخشاشلا ئۆيلەرنى ۋە ئائىلىلەرنى خانىۋەيرانچىلىققا سالىدۇ. الله قا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، قىمار ئوينىغۇچىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازغىنە ماددى مەنپەئەتكە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىككى نىجىس نەرسىدىكى زىياننىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ﴾ يەنى ماللىرىدىن نېمىنى ئېلىپ قېلىپ، نېمىنى چىقىم قىلىش ھەققىدە سورايدۇ. ئۇلارغا: ئۆزەڭلارنىڭ ۋە سىلەر ھاجىتىڭلاردىن چىقىدىغانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى سىلەرگە ئاسان بولغان مىقداردا

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 51 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 222 ـ بەت.

www.munber.org

چىقىم قىلىڭلار ﴿دېگىن﴾. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتكە ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ ھېكمىتى ﴿شۇنداق﴾ تەقەززا قىلغاچقا، الله سىلەرگە پايدا زىيانىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، سىلەرنى ئۆزەڭلارغا ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىگە يېتەكلەيدۇ. مەڭگۈ قالىدىغان نەرسىنى تۈگەيدىغان نەرسىدىن ئەلا بىلگەن كىشى ئەقىللىقتۇر.

ئى مۇھەممەد! ﴿ئۇلار سەندىن يېتىملەر﴾ گە قانداق مۇئامىلە قىلىش ﴿توغرۇلۇق سورىشىدۇ﴾ ئۇلار يېتىملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشامدۇ ياكى ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشامدۇ؟ ئۇلارغا ﴿ئېيتقىنكى﴾ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تۈزەشنى كۆزلەپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئايرىلىپ ياشىغاندىن ﴿ياخشىدۇر﴾. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ﴿ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾. قېرىنداش ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ﴿الله﴾ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇ سىلەردىن ﴿(يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ شۇڭا سىلەر يېتىملەر بىلەر ئارىلىشىپ ياشاشنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىش ئۈچۈن ۋاستە قىلماڭلار. ﴿ئەگەر الله خالىسا﴾ سىلەرنى ﴿چوقۇم﴾ جاپا مۇشەققەتكە سالاتتى. لېكىن الله سىلەرگە كۆيۈنۈپ ۋە رەھىم قىلىپ، دىنىڭلارنى ئاسان ۋە قولاي قىلدى. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، بەندىلىرىگە بەلگىلىگەن ھۆكۈملەرنى ھېكمەت بىلەن يولغا قويغۇچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 - ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «ئى الله! بىزگە ھاراقنى ئوچۇق ۋە يېتەرلىك رەۋىشتە بايان قىلىپ بەرگىن، چۈنكى، ئۇ پۇل - مالنى بۇزىدۇ، ئەقىلنى بۇلغايدۇ» دەپ دۇئا قىلغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەن. ئۇ يەنە: «ئى الله! بىزگە ھاراقنى ئوچۇق ۋە يېتەرلىك رەۋىشتە بايان قىلىپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. ئاندىن سۈرە نىسادىكى ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى نامازغا تەكبىر ئېيتقاندا: مەست ئادەم نامازغا ھەرگىز يېقىنلاشمىسۇن! دەپ جاكارلايدىغان بولغان. ئۆمەر چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەن. ئۇ يەنە: «ئى الله! بىزگە ھاراقنى

[1] سۈرە نىسا 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوچۇق ۋە يېتەرلىك رەۋىشتە بايان قىلىپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. ئاندىن سۈرە مائىدەدىكى ئايەت نازىل بولغان. ئۆمەر چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئايەتمۇ ئوقۇپ بېرىلىپ، ﴿سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾ دېگەن يەرگە يەتكەندە، ئۆمەر: «ياندۇق! ياندۇق!» دېگەن[1].

2 ـ ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت ۋە: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ئۆيىدە يېتىم بار ھەر بىر ئادەم يېتىمنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدىن ئايرىۋەتتى. ئەگەر يېتىمنىڭ تامىقى ئېشىپ قالسا، ئېشىپ قالغان تاماقنى شۇ يېتىم يېگەنگە ياكى تاماق بۇزۇلۇپ قالغانغا قەدەر ساقلايتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى ۋە ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار). ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يېتىملەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئارىلاشتۇردى.»[4]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللہ تائالا هاراق توغرىسىدا تۆت ئايەت نازىل قىلدى. اللہ تائالانىڭ: ﴿(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر﴾[5] دېگەن سۆزى مەككىدە نازىل بولدى. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە هاراق ئىچەتتى. بۇ ۋاقىتتا هاراق ئۇلارغا هالال ئىدى. ئاندىن اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ

---

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 252 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 239 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 255 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 10 ـ ئايەت.
[4] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 370 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 255 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 256 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 200 ـ بەت.
[5] سۈرە نەھل 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىسى بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگەن﴾ دېگەن سۆزى مەدىنىدە نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئادەملەر الله تائالانىڭ: ﴿بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ھاراق ئىچىشنى تاشلىدى. يەنە بەزى ئادەملەر الله تائالانىڭ: ﴿ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىسى بار﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ھاراقنى ئىچىۋەردى.

بىر كۈنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف تاماق تەييارلىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر بۆلۈك ساھابىلارنى تاماققا چاقىردى. ئۇلارنى تاماق بىلەن مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھاراق قويۇپ بەردى. ئاندىن ناماز شامنىڭ ۋاقتى كىردى. ئۇلار ئىچىدىن بىرىنى ئىمام قىلىپ ناماز ئوقۇدى. ئىمام: ﴿(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن﴾ دېگەن ئايەتنى، «ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەنمۇ چوقۇنىمەن» دەپ ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾① دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

الله تائالا بۇ ئايەت بىلەن ناماز ۋاقىتلىرىدا ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلدى. ھاراق ئىچىدىغانلار ئۇنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىچەتتى، تاڭ ئاتقۇچە مەستلىكى يېشىلىپ بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇتبان ئىبنى مالىك تاماق تەييارلىدى ۋە بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنى تاماققا چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسمۇ بار ئىدى. ساھىبخان مېھمانلارغا تۆگە كاللىسىنى كاۋاپ قىلىپ بەردى. ئۇلار تاماق يېدى، مەست بولغىچە ھاراق ئىچتى. مەست بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىپ بەس - بەس بىلەن شېئىرلارنى ئوقۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەۋمىنى ماختايدىغان، ئەنسارىلارنى كەمسىتىدىغان قەسىدە ئوقۇدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم بۇنىڭغا چىدىماي تۆگە كاللىسىنىڭ ئىڭەك سۆڭىكىنى ئېلىپ، سەئدنىڭ بېشىغا ئۇردى. سەئدنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتتى. سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھېلىقى ئەنسارىنى شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن)

① سۈرە نىسا 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يانامسىلەر؟﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ئۆمەر: ياندۇق، ئى پەرۋەردىگارىمىز! ياندۇق! دېدى[2].

2 ـ هاراقنى بۇ باسقۇچلارغا بۆلۈپ هارام قىلىشتا ئىنتايىن ئەهمىيەتلىك هېكمەت بار. ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەر هاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، هاراق ئۇلارنىڭ هاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ئەگەر ئۇ بىرلا قېتىمدا هارام قىلىنسا ئىدى، بۇ ئۇلارغا ئەلۋەتتە ئېغىر كەلگەن بولاتتى. ئۇلار بۇ چەكلىمىنى قوبۇل قىلماي قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندىن دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىلەر قۇرئاننىڭ قىسقا سۈرىلەر بۆلۈمىدىكى سۈرىلەر بولۇپ، ئۇلاردا جەننەت ۋە دوزاخ بايان قىلىنغان. كىشىلەر ئىسلامغا رەسمىي كىرگىلى باشلىغاندىن كېيىن هالال ۋە هارام هەققىدىكى هۆكۈملەر نازىل بولدى. ئەگەر دەسلەپتىلا: هاراق ئىچمەڭلار دەپ ئايەت نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە: هاراقنى مەڭگۈ تاشلىيالمايمىز، دېگەن بولاتتى».

مانا بۇ دانالىق بىلەن ئېلىنغان يول بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئەنە شۇ يولنى تۇتقا قىلغان. ئىنسانلارغا شەرىئەت ئەهكاملىرىنى تەدرىجى يولغا قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىنى ئاسانلا سىڭىپ كىرگەن. بىرىنچى ئايەتتىكىگە ئوخشاش، ئالدى بىلەن يىراقتىن نەپرەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئاندىن ئىككىنچى ئايەتتىكىگە ئوخشاش، ئازغىنا پايدىسى بار نەرسە بىلەن زىيىنى ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولغان نەرسىنى سېلىشتۇرۇش يولىنى تۇتۇپ ئۇدۇللا نەپرەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئاندىن ئۈچىنچى ئايەتتىكىگە ئوخشاش، ناماز ۋاقىتلىرىدىن ئىبارەت بىر قىسىم ۋاقىتلاردا هاراق ئىچىشنى هارام قىلغان. ئاندىن تۆتىنچى ئايەتتىكىگە ئوخشاش، هەممە ۋاقىتلاردا هاراق ئىچىشنى كەسكىن هالدا هارام قىلغان[3]. الله قا هەمدۇساناlar بولسۇنكى، ئۇ شەرىئەت ئەهكاملىرىنى نېمىدېگەن ئىنچىكىلىك، نېمىدېگەن پۇختىلىق بىلەن يولغا قويغان ــ هە!

3 ـ ئەگەر بىرى: هاراق پۇل ـ مالنى ۋە ئەقىلنى يوقىتىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ پايدا بولسۇن؟ دېسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پايدا ئۇلارنىڭ هاراق تىجارىتىدىن ئالىدىغان ماددىي پايدىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار هاراق تىجارىتىدىن پەۋقۇلئاددە پايدا ئالاتتى. شۇنداقلا ئۇلار قىماردىنمۇ ياخشى پايدا ئالاتتى. الله تائالانىڭ هاراقنى قىمار بىلەن بىرگە بايان قىلىشى بۇ پايدىنىڭ ماددى پايدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا ئايەتتە: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) سەندىن هاراق ۋە قىمار

---

[1] سۈرە مائىدە 90 ــ 91 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 361 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايا قۇرئان كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 167 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 42 ـ بەت.
[3] بۇ هەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن «ئەتتىبيان فىي ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق كىتابىمنىڭ 43 ـ بېتىدە يازغان «قۇرئاننى ۋاقىتلارغا بۆلۈپ نازىل قىلىشنىڭ هېكمىتى» ناملىق ماۋزۇغا قاراڭ.

www.munber.org

توغرىسىدا سورىشىدۇ﴾ دەيدۇ. قىماردىكى پايدىنىڭ ماددى پايدا ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. چۈنكى، قىماردا پايدا قىمار ئوينىغۇچىلارنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. ھاراقتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقتىكى پايدىغا كەلسەك، ئۇ ھاراق تىجارىتىدىكى پايدىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ھاراقنى شام دىيارىدىن ئەرزان ئەكېلىپ، ھىجاز دىيارىدا پايدا ئېلىپ ساتاتتى. ئۇلار ھاراقتا باھا تالاشمايتتى. شۇڭا ھاراق ئىچكۈچى ھاراقنى قىممەت پۇلغا ئالاتتى. ئايەتتىكى پايدا ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسى بۇدۇر.»[1]

ھاراقتىكى بۇ پايدىنىڭ ھاراقتىن كېلىدىغان مەستخۇشلۇقنى كۆرسىتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

4 ـ ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك نەرسىسى ئەقلىدۇر. ئەگەر ئۇ ئەقلىنى يوقاتسا، ھايۋانغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا اللە تائالا ھاراقنى ھارام قىلغان. ھاراق بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ھاراق ھەممە يامان ئىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئىمام نەسائى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار، ھاراق بارلىق يامانلىقنىڭ ئانىسىدۇر، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدىن ئابىد بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇنى بىر بۇزۇق ئايال ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، دېدىكىنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. دېدەك ئۇ ئادەمگە: بىز سېنىڭ ئالدىڭدا شاھادەت ئېيتىش ئۈچۈن سېنى ئۆيىمىزگە چاقىرىمىز، دەيدۇ. ئۇ ئۇنىڭ دېدىكى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئادەم ھەر ئىشىكتىن ئۆتۈشىگە دېدەك ئىشىكنى دەرھال تاقايدۇ. تاكى ئۇ چىرايلىق بىر ئايالنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. ئايالنىڭ يېنىدا بىر ئوغۇل بالا ۋە يوغان بىر قاچىدا ھاراق بار ئىكەن. ئايال: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ھەققەتەن شاھادەت ئېيتىشقا چاقىرمىدىم، مەن سېنى مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشۇڭغا ياكى بۇ بىر پىيالە ھاراقنى ئىچىشىڭگە ۋە ياكى بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشۈڭگە چاقىردىم، دەيدۇ. ئۇ: ئۇنداقتا ماڭا بۇ بىر پىيالە ھاراقنى بەرگىن، دەيدۇ. ئايال ئۇنىڭغا پىيالىدىكى ھاراقنى ئىچتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ: ماڭا يەنە ھاراق قۇيۇپ بېرىڭلار، دەيدۇ. ئايال ئۇنىڭغا يەنە ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ ئايال بىلەن بىللە بولىدۇ، بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ھاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىمان بىلەن ھاراقنا خۇمار بولۇش بىر يەردە جەم بولمايدۇ، ئەگەر ئىككىسى بىر يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ بىرى ئىگىسىنى چوقۇم يەنە بىرىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ.»[2]

5 ـ قەيس ئىبنى ئاسىم مىنقەرى ھاراقنى ئۆزىگە ھارام قىلغاندىن كېيىن ئۇنى سۆكۈپ مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 57 ـ بەت.
[2] ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 55 ـ بەت.

دەپتىمەن هاراقنى پايدىلىق، ئەمەسكەن ئېيتسام راستىنى،
باركەن ئۇنىڭدا يامان ئىللەتلەر بۇزىدىغان ياۋاش ئەرنى.
ساق ۋاقتىمدا ئىچمەيمەن هاراق دەپ قىلىمەن قەسىمىنى،
ۋە ئىچمەيمەن كېسەل بولۇپ قالغىنىمدا بىلسەممۇ دورىلىقنى.
بەرمەيمەن بىرىگە هەرگىز هاياتىمدا تاپقان پۇل - مېلىمنى،
دەۋەتمۇ قىلمايمەن هاراق ئىچىشكە، بىلدۈرۈپ پۇشايمانىمنى.
هاراق قىلىدىكەن هەقىقەتەن رەسۋا ئىچكۈچىلەرنى،
قىلىدىكەن هەم جىنايەتچى چوڭ - چوڭ ئىشلاردا ئۇلارنى[1].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «هاراق ئىچكۈچى ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. ئۇ سۈيدۈكىنى ۋە پۇقىنى ئوينىناپ سالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پوق - سۈيدىكى بىلەن يۈزىنى سۈرتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق ئادەممۇ كۆرۈلگەنكى، ئۇ سۈيدۈكى بىلەن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ: ئى الله! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلغىن، مېنى پاكلانغۇچىلاردىن قىلغىن، دېگەن. يەنە شۇنداق ئادەممۇ كۆرۈلگەنكى، ئىت ئۇنىڭ يۈزىنى يالاۋاتسا، ئۇ ئىتقا: الله سېنى سەن مېنى هۆرمەت قىلغاندەك هۆرمەت قىلسۇن، دېگەن.»[2]

6 - ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە جاهىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ قىمارنى قانداق ئوينايدىغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قىمارۋازلارنىڭ ئون تال ئوقى بولۇپ، ئۇلار: ئەلفەزز، ئەتتەۋئەم، ئەررەقىب، ئەلهىلس، ئەننافىس، ئەلمۇسبىل، ئەلمۇئەللا، ئەلمۇنىه، ئەسسەفىه ۋە ئەلۋەغد قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار سويىدىغان تۆگىنىڭ گۆشىدىن هەر بىر ئوققا تېگىشلىك مەلۇم ئۈلۈش بولاتتى. پەقەت ئۈچ ئوقنىڭ ئۈلۈشى يوق بولۇپ، ئۇلار: ئەلمۇنىه، ئەسسەفىه ۋە ئەلۋەغد قاتارلىقلار ئىدى. ئەلفەززىنىڭ بىر، ئەتتەۋئەمنىڭ ئىككى، ئەررەقىبنىڭ ئۈچ، ئەلهىلسنىڭ تۆت، ئەننافىسنىڭ بەش، ئەلمۇسبىلنىڭ ئالتە، ئەلمۇئەللانىڭ يەتتە هەسسە ئۈلۈشى بار ئىدى. ئۇلار ئۇ ئوقلارنى بىر تېرە خالتىنىڭ ئىچىگە سالاتتى، ئاندىن خالتىنى ئادىل بىر ئادەمگە تۇتقۇزاتتى. ئۇ ئادەم خالتىنى تاسقاپ ئوقلارنى ئارىلاشتۇراتتى. ئاندىن قولىنى خالتىغا تىقىپ هەر بىر ئادەمنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ بىر تال ئوق ئالاتتى. تېگىشلىك ئۈلۈش تەقسىم قىلىنغان ئوق كىمگە چىقسا، شۇ ئوققا تەۋە ئۈلۈشنىڭ هەممىنى ئالاتتى. تېگىشلىك ئۈلۈش تەقسىم قىلىنمىغان ئوق كىمگە چىقسا، هېچ نەرسە ئالمايتتى. تۆگىنىڭ پۇلىنىڭ هەممىسىدىن زىيان تارتقان بولاتتى. ئۇلار شۇ ئوقلارغا تەقسىم قىلغان ئۈلۈشلەرنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى، ئۆزلىرى ئۇنىڭدىن يېمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەخىرلىنەتتى. بۇ ئويۇنغا قاتناشمىغان كىشىنى ئەيىبلەيتتى.»[3]

---

[1] قەيس جاهىلىيەت دەۋرىدە هاراقكەش ئىدى. كېيىن ئۇ هاراقنى ئۆزىگە هارام قىلىۋالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ قىزىغا چاخچاق قىلىپ سالغان، ئاتا - ئانىسىنى تىللىغان، قولىدىكى پۇل - مېلىنىڭ هەممىنى هاراق ساتقۇچىغا بېرىۋەتكەن. ئۇ مەسلىكى شېشىلگەندە قىلغان ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، پۇشايمان قىلغانلىقتىن هاراقنى ئۆزىگە هارام قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەهكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 57 - بەت.
[3] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 198 - بەت.

www.munber.org

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

مەزكۇر ئايەت ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا ئۇ ئايەتتە: ﴿سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار» دېگىن﴾ دېدى. اللە تائالا گۇناھنى ھارام قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى... ھارام قىلدى﴾[1]. بۇ قاراشنى قازى ئەبۇ يەئلا تاللىغان.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «بۇ ئايەت ھاراقنى ھارام قىلىشنى ئەمەس، ئۇنى سۆكۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن شۇنى دەلىل قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ بەزى ساھابىلار ھاراق ئىچكەن. ئەگەر ئۇلار ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم ھاراق ئىچمىگەن بولاتتى. بۇ ئايەت سۈرە مائىدەدىكى ئايەت بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان.» بۇ مۇجاھىد، قەتادە ۋە مۇقاتىلنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ھاراقنى سۆكىدۇ، ئەمما ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى باشقا بىر ئايەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ سۈرە مائىدەنىڭ 90 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغان: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، ياسكىنا قىلىقلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتتۇر. كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار مۇشۇ قاراشتا.»[2]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ھاراق نېمە؟ ئۇ مەست قىلىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمىمۇ؟

ئۆلىمالار ھاراق ئۇقۇمىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئۈزۈمدىن سىقىلغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ھاراقتۇر. ئەمما ئۈزۈمدىن باشقا نەرسىدىن سىقىلغان خورما سۈيىگە ياكى ئارپا سۈيىگە ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ھاراق دەپ ئاتالماستىن، ئىچىتىلغان ئىچىملىك، دەپ ئاتىلىدۇ.» بۇ كۇفىلىكلەرنىڭ، نەخەئىنىڭ، سەۋرىنىڭ ۋە ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ قارىشىدۇر.

---

[1] سۈرە ئەئراف 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 61 ـ بەت.

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «هاراق مەس قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىسمىدۇر. مەيلى ئۇ ئۈزۈمدىن ياكى خورمىدىن سىقىلغان بولسۇن، مەيلى ئارپىدىن ياكى ئۈنىڭدىن باشقا نەرسىدىن سىقىلغان بولسۇن بەربىر ھەممىسى ئوخشاشتۇر.» بۇ كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلارنىڭ ۋە ھىجاز ئەھلىنىڭ قارىشىدۇر.

### كۇفىلىكلەرنىڭ ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىللىرى

كۇفىلىكلەر ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئىچىتىلغان ئىچىملىكلەرنىڭ هاراق دېيىلمەيدىغانلىقىغا، پەقەت ئۈزۈمدىن قاتتىق سىقىپ چىقىرىلغان ئىچىملىكنىڭلا هاراق دېيىلىدىغانلىقىغا مۇنداق بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا مەست بولۇپ قالغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «هاراق ئىچتىڭمۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى هاراقنى هارام قىلغان كۈندىن تارتىپ مەن هاراق ئىچمىدىم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا نېمە ئىچتىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ: سىقىپ چىقىرىلغان ئىككى تۈرلۈك ئارىلاشمىنى ئىچتىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىقىپ چىقىرىلغان ئىككى تۈرلۈك ئارىلاشمىنى هارام قىلىندۇ.»[①]

دېمەك، مەست بولۇپ قالغان كىشى سىقىپ چىقىرىلغان ئىككى تۈرلۈك ئارىلاشمىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا هاراق دەپ ئىسىم بېرىشكە ئۇنىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ، بۇنى رەت قىلمىغان ئىدى.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ھىجازلىقلار ۋە كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ هاراق ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە: «مەست قىلغۇچى ھەممە نەرسە هاراقتۇر، مەست قىلغۇچى ھەممە نەرسە هارامدۇر»[②] دېيىلگەن.

2 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هاراق بۇ ئىككى دەرەختىن چىقىدۇ» دەپ، تال بىلەن خورما دەرىخىگە ئىشارەت قىلغان[③].

3 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «هاراق هارام قىلىنغان چاغدا ئۈزۈمدىن ناھايىتى ئاز ساندا هاراق ياسىلاتتى، هاراقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خورما غورىسىدىن ۋە خورمىدىن ياسىلاتتى.»[④]

---

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 382 ـ بەت.
[②] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[③] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 112 ـ بەت.
[④] ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

4 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ھاراق ھارام قىلىنغان كۈنلەردە ھاراق ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، ئارپا ۋە قوناق قاتارلىق بەش نەرسىدىن ياسىلاتتى. ئەقىلنى پەردىلەيدىغان نەرسە ھاراق دېيىلىدۇ.»[1]

5 ـ ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەست قىلىدىغان ۋە مەستخۇش قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن توسقان[2].

ئۇلار ئۆز قاراشلىرىغا بىنائەن، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھاراق دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا، ئىچىتىلغان ئىچىملىكلەرنىڭمۇ ئەقىلگە تەسىر قىلىپ كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھاراق دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا دەلىل كۆرسىتىدۇ. قايسى تۈردىكى ئىچىملىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەست قىلسىلا ھاراق دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، مەستلىك ئەقىلنى پەردىلەيدۇ، ئەقىل نۇرىنىڭ باشقا ئەزالارغا يېتىپ بېرىشىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ھاراقنىڭ مەست قىلىدىغان نەرسىگە قويۇلغان ئىسىم ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا مۇشۇ ھەقتىكى نۇرغۇن ھەدىسلەر قوشۇلسا، بۇ ھۆكۈم قانداق كۈچىيىپ كېتەر؟!»[3]

## كۈچلۈك قاراش

بىز ئىككى تەرەپنىڭ بۇ ھەقتە بايان قىلغان ياكى بايان قىلمىغان دەلىللىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ ۋە ھىجاز ئەھلىنىڭ قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ھاراق ھارامدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك، مەست قىلغۇچى ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر. چۈنكى، ساھابىلار ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى ئاڭلىغان چاغدا ئىچىتىلگان ئىچىملىكنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇلار ئەرەب تىلىنىڭ مەنىسىنى ۋە شەرئىي ھۆكۈملەرنى بەلگىلىگۈچىنىڭ مەقسىتىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن كىشىلەردۇر. پاك سۈننەتتە مەست قىلىدىغان ۋە مەستخۇش قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى بايان قىلىندى.

ھاراق ھارام قىلىنغاندا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەرگە ھاراق قۇيۇپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھاراقلىرى غورىدىن ئىچىتىپ چىقىرىلغان ئىچىملىك ئىكەنلىكى، ئۇلار ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۇ ئىچىملىكلەرنى تۆكۈپ، قاچىلارنى چېقىپ تاشلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭلاشقا كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان توغرا قاراشتۇر. ھەنەفى مەزھىبىنىڭ كېيىنكى ئۆلىمالىرىمۇ مۇھەممەدنىڭ قارىشى بويىچە

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 43 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 43 ـ بەت.

ئىچىتىلغان ئىچىملىكلەرنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن. بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن چەتنەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەرگىز ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان بىر قاراشتىمەنكى، ئۈزۈمدىن باشقا نەرسىدىن ياسالغان ئىچىملىك قانداق بولۇشىدىن ۋە قايسى ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر قاچان مەست قىلىدىكەن ئۇ، هارامدۇر. ئاز ئىچىسمۇ كۆپ ئىچكەنگە ئوخشاشتۇر، ئۇنى ئىچكۈچى دەررە ئۇرۇلىدۇ، قىلغان تالىقى ھېساب بولىدۇ، ئۇنىڭ نىجاستى ئېغىر نىجاسەت ھېسابلىنىدۇ.»[①]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### هارام قىلىنغان قىمارلارنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

ئۆلىمالار قىمارنىڭ بارلىق تۈرلىرىنىڭ هاراملىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، الله تائالا: ﴿سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار» دېگىن﴾ دېدى. بىر تەرەپكە پايدا يەنە بىر تەرەپكە زىيان بولىدىغان ھەرقانداق ئويۇن قىمار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرد[②] ئويۇنى بولسۇن ياكى شاخمات ئويۇنى بولسۇن ۋە ياكى باشقا ئويۇنلار بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشتۇر. زامانىمىزدىكى لاتارىيە بېلەتلىرىمۇ هارامدۇر. مەيلى ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئوينالسۇن، مەيلى پەقەت پايدا كۆزلەپ ئوينالسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى نىجىس پايدىدۇر. «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.»

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «نەرد ئويۇنى شاخمات ۋە باشقا ئويۇنلار قىمارنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، ھەممىسى قىمارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇملۇق كېلىدىغان ئەنە شۇ ئىككى ئويۇندىن ساقلىنىڭلار، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ قىمار ئويۇنلىرىدۇر.»[③]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «نەرد ۋە شاخمات ئويۇنلىرى قىماردۇر.»

ئىبنى سىرىين مۇنداق دەيدۇ: «خەتەر چىقىرىدىغان ھەممە ئويۇن قىماردۇر.»[④]

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «نەرد ئويۇنى، شاخمات ۋە باشقا ئويۇنلار قىمارنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، ھەممىسى قىمارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ھەتتا ئۆلىمالار كىچىك بالىلارنىڭ ياڭاق ئويۇنى، ئوشۇق ئويۇنى، تەقسىماتسىز چەك ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلىرىنى، خەتەر

---

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 113 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 382 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 52 ـ بەت.
[②] ئەرەبلەرنىڭ بىر تۈرلۈك ئويۇنى بولۇپ، ئىككىگە بۆلۈنگەن تاختا ئۈستىدە تاش ئورۇقلارنى شەرتلىك بەلگىلەرگە يۆتكەپ ئوينايدۇ.
[③] ئىبنى مىردۇۋەيھى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلغان: «شۇملۇق كېلىدىغان ئەنە شۇ ئىككى ئويۇندىن ساقلىنىڭلاركى، ئۇ كىشىنى قاتتىق مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ قىمار ئويۇندۇر.»
[④] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 199 ـ بەت.

www.munber.org

ئېلىپ كېلىدىغان ۋە پۇل تىكىپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى قىمار دەپ سانىغان.»[1]

نەرد ئويۇنىغا كەلسەك، ئۇ ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارامدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى نەرد ئوينىسا، اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

ئەمما شاخمات ئويۇنىغا كەلسەك، ئىمام شافىئىي ئۇنى بىرقانچە شەرتلەر ئاستىدا ئويناشقا رۇخسەت قىلغان بولۇپ، ئىمام فەخرۇددىن رازى بۇ شەرتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېدى: ئەگەر شاخمات ئويۇنى پۇل تىكىشتىن، بۇزۇق تىل ـ ئاھانەتتىن ۋە نامازنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويۇشتىن خالىي بولسا ھارام ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا ئۇ قىمارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، قىمار پۇل ـ مال بېرىشنى ياكى ئېلىشنى لازىم قىلىپ قويىدۇ. شاخمات ئويۇنى بولسا ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا ئۇ قىمار ھېسابلانمايدۇ.»[2]

ئات ۋە باشقا ئۇلاغلار بىلەن ھەمدە ئوق ئېتىش بىلەن مۇسابىقە قىلىشقا كەلسەك، بۇ ئويۇنلار بىر قىسىم شەرتلەر ئاستىدا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ شەرتلەر فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان. بىز بۇ ھەقتە ئۇزۇن توختالمايمىز.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھاراق بىلەن قىماردىن ئىبارەت بۇ ئىككى رەزىل نەرسىدىن مەيلى جانغا ياكى تەنگە بولسۇن، مەيلى ئەقىلگە ياكى پۇل ـ مالغا بولسۇن ئېغىر زىيانلار، نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلار ۋە گۇناھلار كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇ ئىككىسىنى ھارام قىلغان.

ھاراقنىڭ زىيىنىغا كەلسەك، ئۇ ئەقىلنى بۇلغايدۇ، ھەتتا ئۇ ھاراق ئىچكۈچىنى سارافىغا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. ئىنسان سالامەتلىكىدىن زىيان تارتىدۇ. ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ۋەيران بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كاناىدا ياللۇغلىنىش، ئاشقازان ۋە ئىنچىكە ئۈچەيلەردە يېرىلىش، جىگەرنىڭ يوغۇناپ كېتىشى قاتارلىق كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. قاننىڭ راۋان ئايلىنىشىنى توختىتىپ قويىدۇ. ھاراق قاننى توختىتىپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن ھاراقكەش تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ.

يېقىنقى زامان تىببى ساھەسىدە ھاراقنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە قاتتىق زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ھەتتا گېرمانىيەنىڭ بەزى دوختۇرلىرى: قاۋاقخانىلارنىڭ

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 114 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 114 ـ بەت.

يېرىمنى تاقساۋاتلار، دوختۇرخانىلارنىڭ، نېرۋە كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىنىڭ ۋە تورمىلارنىڭ يېرىمىنىڭ ئازىيىشى ئۈچۈن بىز سىلەرگە كاپالەتلىك بېرىمىز، دېگەن.

هەدىس شەرىپتە «هاراق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسىدۇر» دېيىلگەنىدەك. ئۇنىڭ يامان ئىشلارغا سەۋەب بولۇشى يېتەرلىك. زىيانىدۇر.

قىمارنىڭ زىيىنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ هاراقنىڭ زىيىنىدىن كەم ئەمەس. ئۇ قىمار ئويۇنىغۇچىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى مىراس قالدۇرىدۇ، الله نى ياد ئېتىشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن توسۇپ قويىدۇ، كىشىلەرنى جاپا تارتماي ۋە تەر تۆكمەي كېلىدىغان پايدىنى كۈتۈش بىلەن هورۇنلۇق ۋە سۇسلۇققا ئادەتلەندۈرۈپ جەمئىيەتنى بۇزىدۇ، ئائىلىلەرنى ۋە ئۆيلەرنى خانىۋەيرانچىلىققا سالىدۇ.

قانچىلىغان ئائىلىلەر باياشات ۋە پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئائىلە باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ قىمار ئويناش سەۋەبى بىلەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، كەمبەغەللىشىپ بىچارە هالغا كېلىپ قالدى ــ هە! سورۇلۇپ كەتكەن ئەنە شۇ ئائىلىلەرنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە ۋە هالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشىغا قىمار سەۋەب بولمىدىمۇ؟ ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، نۇرغۇن قىمار ئويۇنىغۇچىلار ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ ياكى خارلىق ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشاشقا رازى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە هاراق بىلەن قىمارنىڭ ئىلگىرى بىلىنمىگەن زىيانلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە سۆيلەپ بەرگەنلىرى تېخىمۇ روشەن ئايدىڭلاشماقتا. ﴿شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟!﴾[1].

---

[1] سۈرە مائىدە 90 ــ 91 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

# مۇشرىك ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش

﴿ وَلَا تَنكِحُواْ ٱلْمُشْرِكَٰتِ حَتَّىٰ يُؤْمِنَّ ۚ وَلَأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ ۗ وَلَا تُنكِحُواْ ٱلْمُشْرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤْمِنُواْ ۚ وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ ۗ أُوْلَٰٓئِكَ يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَٱللَّهُ يَدْعُوٓاْ إِلَى ٱلْجَنَّةِ وَٱلْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِۦ ۖ وَيُبَيِّنُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾ ﴾

﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، ﷲ ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ﷲ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ﴾.

ــــ سۈرە بەقەرە 221 ـ ئايەت

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَلَا تَنكِحُواْ ٱلْمُشْرِكَٰتِ: (مۇشرىك ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار)، يەنى بۇتپەرەس ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئالماڭلار. مۇشرىك ئايال بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ساماۋىي دىنى يوق. مۇشرىك ئەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئەھلى كىتابلار مۇشرىكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ﷲ نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) ﷲ نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ﷲ نىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ﷲ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ﷲ نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ﷲ نىڭ بالىسى بار دەپ) ﷲ قا يالغان چاپلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى

مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

وَلأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ: (مۆمىن دېدەك)، بۇ سۆز مۆمىن دېدەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېدەك بىرىنىڭ قولىدىكى چۆرە بولۇپ، ھۆر ئايال بىلەن تەڭ ئەمەس.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿مۇشرىك ئاياللار﴾ الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ﴿ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى﴾ خوتۇنلۇققا ﴿ئالماڭلار﴾. ھۆر ﴿مۇشرىك ئايال﴾ ھۆسن ـ جامالى، پۇل ـ مېلى، نەسەبى، ئابرۇيى ۋە ھوقۇقى بىلەن ﴿سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ﴾ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ﴿مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن﴾ ئارتۇقتۇر. ﴿مۇشرىك ئەرلەر﴾ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ﴿ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار﴾. ھۆر ﴿مۇشرىك ئەر﴾ نەسەبى ۋە شان ـ شەرىپى بىلەن ﴿سىلەرنى﴾ قانچىلىك ﴿مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ﴾ مۆمىن ئاياللارنى مۆمىن قۇلغا ياتلىق قىلىشىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە، مۇشرىك ئەرگە ياتلىق قىلغىنىڭلاردىن مىڭ مەرتىۋە ﴿ئارتۇقتۇر﴾. نىكاھلىنىشىڭلار ۋە قۇدا ـ باجا بولۇشۇڭلار سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئەنە شۇ مۇشرىك ئەر ۋە مۇشرىك ئاياللار سىلەرنى ﴿دوزاخقا﴾ ئېلىپ بارىدىغان نەرسىگە ﴿چاقىرىدۇ، الله﴾ سىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ﴿چاقىرىدۇ، كىشىلەر﴾ پەند ـ نەسىھەت ئالسۇن، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، پاك نەرسە بىلەن نىجىس نەرسىنى ئايرىسۇن، دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى ۋە دەلىل ـ پاكىتلىرىنى روشەن بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت مەككىدىن ئەسىرلەرنى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىدىغان مۇرسەد ئىبنى ئەبۇ مۇرسەد غەنەۋىنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇنىڭ ئەناق ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ ئايال مۇرسەدنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن بىلەن بىللە بولامسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ئىسلام ئارىمىزنى توسۇپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. ئايال: ئۇنداقتا مېنى خوتۇنلۇققا ئالامسەن؟ دەيدۇ. ئۇ:

[1] سۈرە تەۋبە 30 ــ 31 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ھەئە، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورايمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

ئىمام سۇيۇتى بۇ رىۋايەتنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بۇ ۋەقەنىڭ بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ سۈرە نۇردىكى ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ...﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

2 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇنىڭ قارا بىر دېدەكى بار ئىدى. ئۇ دېدىكىگە ئاچچىقلاپ بىر كاچات سالدى. ئاندىن بۇ قىلغىنىدىن ئەنسىرەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئابدۇللاھ! ئۇ قانداق دېدەك؟» دېدى. ئابدۇللاھ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ دېدەك روزا تۇتىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، تاھارەتنى كامىل ئالىدۇ، بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، سېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئابدۇللاھ! ئۇ مۆمىن دېدەك ئىكەن» دېدى. ئابدۇللاھ: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ دېدەكنى چوقۇم ئازاد قىلىۋېتىمەن، ئاندىن نىكاھىمغا ئالىمەن، دېدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلدى. مۇسۇلمانلاردىن بەزىلەر ئۇنى ئەيىبلەپ: بىر دېدەكنى ئەمرىگە ئالدى، دېدى. ئۇلار مۇشرىك ئاياللارنىڭ نەسەبىگە قىزىقىپ ئۇلار بىلەن توي قىلماقچى بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[3]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بۇ ئايەتتىكى ”نىكاھ“ دېگەن سۆز پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا نىكاھلىنىشنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئايەت مۇشرىك ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

كەرخى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى ”نىكاھ“ دېگەن سۆز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئەمەس، نىكاھلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا: بۇ سۆز قۇرئاندا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە ئەسلا كەلمىگەن، دېيىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كىنايە

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 117 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 200 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 245 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 244 ـ بەت.
[2] سۈرە نۇر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 256 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 118 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىير فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 246 ـ بەت.

مەنىلەرنى ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ، قۇرئان لەۋزىلىرىنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر.»

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿(ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر﴾ دېگەن سۆزى خوتۇن ئالغاندا گۈزەللىك، نەسەب ۋە پۇل ـ مالغا ئەمەس، ئەخلاق ۋە دىنغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنى چىرايلىقلىقىغا قاراپ ئالماڭلار، ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى پۇل ـ مېلىغا قاراپ ئالماڭلار، ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلى ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى دىنىغا قاراپ ئېلىڭلار، دىندار، ئەمما لامزەللە قارا دېدەك دىنسىزدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر.»[①]

3 ـ شۈنىسى ئېنىقكى، مەغپىرەت جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. شۇڭا قۇرئاندا ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾[②] دېگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش مەغپىرەت جەننەتتىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئايەتتە ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ﴾ دېيىلىپ، جەننەت مەغپىرەتتىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىندى. بۇ ئەرەب تىلىدىكى بالاغەت ئىلمىنىڭ ''مۇقابىلە'' (يەنى قارىمۇقارشى كەلتۈرۈش) ئۇسلۇبىغا ئەھمىيەت بېرىپ جەننەتنى دوزاخقا قارشى كەلتۈرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ[③].

4 ـ بۇ ئايەتتە بالاغەت ئىلمىنىڭ ''مۇقابىلە'' ئۇسلۇبى بىرقانچە لەۋزىدە ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن دېدەك قۇلغا، مۆمىن ئايال مۇشرىك ئايالغا، جەننەت دوزاخقا قارىمۇقارشى كەلتۈرۈلگەن. بالاغەت ئىلمىدىكى ناھايىتى ئىنچىكە بولغان بۇ ئۇسلۇپ سۆزنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ياكى خرىستىئان) ئاياللارنى ئېلىش ھاراممۇ؟

[①] ئىمام ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[②] سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت.
[③] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايا قۇرئان كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 169 ـ بەت.

www.munber.org

اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئوتتېرەس ۋە بۇتپەرەس ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما ئەھلى كىتاب ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلارنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا سۈرە مائىدىنىڭ بەشىنچى ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئايالالارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئايالالارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئېپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾ يەنى ئەھلى كىتابتىن ئېپپەتلىك ئايالالارنى ئالساڭلار ھالال بولىدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. تۆت ئىمامىمۇ مۇشۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەھلى كىتاب ئايالالارنى ئېلىشنى ھارام دەپ قارايدۇ. ئۇ خرىستىئان ئايالنى ياكى يەھۇدىي ئايالنى ئالغان ئادەم ھەققىدە سورالسا، اللہ تائالا مۇسۇلمانلارغا مۇشرىك ئايالالارنى ھارام قىلدى، بىر ئايالنىڭ: پەرۋەردىگارىم ئىسادۇر دېيىشىدىن ياكى: پەرۋەردىگارىم اللہ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىدۇر دېيىشىدىن چوڭ شېرىكنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتى[1].

شىئە مەزھىبىنىڭ ئىمامىيە پىرقىسى ۋە زەيدىيە پىرقىسىنىڭ بەزىلىرى ھەم مۇشۇ قاراشتا بولغان. ئۇلار سۈرە مائىدىنىڭ ئايىتىنى مەزكۇر ئايەت بىلەن مەنسۇخ بولىدۇ، دەپ قارىغان.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئايەتتىكى ﴿مۇشرىك ئايالالار﴾ دېگەن سۆز ئەھلى كىتاب ئايالالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، چۈنكى، اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2] ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى﴾[3]. بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلار دېگەن سۆز گىراماتىكىلىق جەھەتتە ئەھلى كىتابقا باغلاندى. بۇ خىل باغلاش باغلىغۇچى بىلەن باغلىنىلغۇچىنىڭ مەنە جەھەتتە ئايرىم ـ ئايرىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ﴿مۇشرىك ئايالالار﴾ دېگەن سۆزنىڭ زاھىرى مەنىسى ئەھلى كىتاب ئايالالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە بەقەرە 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەييىنە 1 ـ ئايەت.

2 ـ ئۇلار سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئەھلى كىتاب ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «﴿مۇشرىك ئاياللار﴾ دېگەن سۆز ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىك ئاياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابى يوق.»[1]

ھەممادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئىبراھىمدىن يەھۇدىي ئايالنى ۋە خرىستىئان ئايالنى ئېلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: ھېچقىسى يوق، دېدى. مەن: الله تائالا ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾ دېمىدىمۇ؟ دېدىم. ئۇ: ئۇلار پەقەت ئوتپەرەس ۋە بۇتپەرەس ئاياللاردۇر، دەپ جاۋاب بەردى.»[2]

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «سۈرە بەقەرەدىكى بۇ ئايەتنىڭ سۈرە مائىدەدىكى ئايەتنى مەنسۇخ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، سۈرە بەقەرە مەدىنىدە دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىدۇر. سۈرە مائىدە كېيىن نازىل بولغان سۈرىدۇر. قائىدىگە ئاساسەن، كېيىن نازىل بولغان ئايەت بالدۇر نازىل بولغان ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسى توغرا ئەمەس.»

4 ـ ئۇلار ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر يەھۇدىي ئايالنى ئالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى دەلىل قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفىگە خوتۇنۇڭنى قويىۋەت! دەپ خەت يازىدۇ. ھۇزەيفە ئۆمەرگە: ئۇنى ئېلىشىمنى ھارام، دەپ ئويلامسەن، شۇڭا ئۇنى قويىۋېتەمدىم؟ دەپ جاۋاب يازىدۇ. ئۆمەر: ئۇنى ئېلىشىڭنى ھارام دەپ ئويلىمايمەن، لېكىن يەھۇدىي ئاياللىرىنىڭ بۇزۇقلىرىنى ئېلىشقا بېرىلىپ كېتىشىڭلاردىن قورقىمەن دەيدۇ[3]. مانا بۇ ئۆمەرنىڭ ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنى ئېلىشنى ھارام قىلىپ ئەمەس، ئېھتىيات قىلىش ۋە ھەزەر ئەيلەش يۈزىسىدىن قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5 ـ ئۇلار يەنە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفتىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتپەرەسلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئالماستىن، سويغان ماللىرىنى يېمەستىن، ئەھلى كىتابلارغا تۇتقان يولنى تۇتۇڭلار!»[4]

ئەگەر ئەھلى كىتابنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش دۇرۇس بولمىسا، بۇ ھەدىستە ئۇلارنى تىلغا ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 377 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 118 ـ بەت.
[3] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 378 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 61 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 68 ـ بەت.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 61 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام تەبەرى بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئىچىدە قەتادە ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ئەڭ توغرا قاراشتۇر. الله تائالا ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾ دېگەن سۆزنى ئەھلى كىتاب بولمىغان مۇشرىك ئاياللارغا قاراتقان. ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى ئاممىباپتۇر، ئىچكى مەنىسى خاستۇر. بۇ ئايەتتىن ھېچ نەرسە مەنسۇخ قىلىنمىغان. ئەھلى كىتابلارنىڭ ئاياللىرى بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى ھالال قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[1]. مۆمىن ئەرلەرنىڭ مۆمىن ئاياللارنى ئېلىشى ھالال بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى ئېلىشى ھالالدۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمان ئەر خرىستىئان ئايالنى ئالسا بولىدۇ، خرىستىئان ئەر مۇسۇلمان ئايالنى ئالسا بولمايدۇ.»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەلھە بىلەن ھۇزەيفەنىڭ يەھۇدىي ئايال بىلەن خرىستىئان ئايالنى ئېلىشىنى ياقتۇرماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ پەقەت بۇ مەسىلىدە كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ كېتىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا سەل قاراپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ئىككىسىنى غەيرى دىندىكى ئاياللىرىنى قويۇۋېتىشقا بۇيرۇغان.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئۆمەرگە الله رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارايتتى، ئۇلارغا پايدىلىق نەزەرىيە بىلەن سىياسەت يۈرگۈزەتتى. بىز ھازىر مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلىك سىياسەتچىگە نېمىدېگەن موھتاج ـ ھە!

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### قىز بېرىش ھارام قىلىنغان مۇشرىكلار كىملەر؟

الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى مۇشرىك ئەرگە مۇسۇلمان ئايالنى ياتلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتىكى مۇشرىك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەرقانداق كاپىرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت ئوتپەرەس ئەرنى، بۇتپەرەس ئەرنى، يەھۇدىي ئەرنى، خرىستىئان ئەرنى ۋە ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان مۇرتەدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇسۇلمان ئايالنى ياتلىق قىلىش ھارام بولىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىللەيدۇ، تۆۋەن ئورۇننى ئىگىللەپ قالسا بولمايدۇ. شۇڭا

---

[1] سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 177 ـــ 378 ـ بەتلەر.

مۇسۇلمان ئەر يەھۇدىي ئايالنى ياكى خرىستىئان ئايالنى ئالسا، بولىدۇ. يەھۇدىي ئەر ياكى خرىستىئان ئەر مۇسۇلمان ئايالنى ئالسا، بولمايدۇ.

ياراتقۇچى الله تائالا بۇنىڭدىكى سەۋەبنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ﴾ يەنى كاپىر ئەرلەر جەھەننەم ئوتىغا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان كۆپۈرلۈق يولىغا چاقىرىدۇ. ئەر ئايالنى باشقۇرۇش ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. شۇڭا كاپىر ئەر مۇسۇلمان ئايالنى ئالغاندا، ئايالنى دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىشى ۋە ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. پەرزەنتلەرمۇ ئاتىغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر ئاتا خرىستىئان ياكى يەھۇدىي بولسا، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدا تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنت دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ، تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىمانى ئۇنى يەھۇدىي ئايالغا ياكى خرىستىئان ئايالغا ئېتىقاد سەۋەبى بىلەن ئازار بېرىشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئايالنىڭ ئەقىدىسى بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرۈشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەتلەشتە بىرلىشىدۇ. شۇڭا دىنىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئازار بېرىش ياكى دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن سەۋەب بولمايدۇ.

ئەمما قۇرئانغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن مۇسۇلمان ئەمەس ئەر دەل ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنى مۇسۇلمان ئايالغا ئەزىيەت بېرىشكە، ئۇنىڭ دىنىنى كەمسىتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

مېنىڭ ھەلەب شەھىرىدە ئۆتكەن دىن دەرسىمگە مۇسۇلمان ئەمەس، بىر ئوقۇغۇچى قاتناشقان ئىدى. ئۇ مەندىن: نېمىشقا مۇسۇلمان ئەر خرىستىئان ئايالنى ئالىدۇ، خرىستىئان ئەر مۇسۇلمان ئايالنى ئالالمايدۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ بۇ سوئالى بىلەن مۇسۇلمانلارنى مۇتەئەسسىپ دەپ ئەيىبلەشنى ۋە كەمسىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: بىز مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە كىتابىڭلار ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەگەر سىلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزگە ۋە كىتابىمىزغا ئىمان كەلتۈرسەڭلار، قىزلىرىمىزنى سىلەرگە ياتلىق قىلىمىز، قايسىمىز مۇتەئەسسىپكەن؟ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن كاپىر پاكىتتا يېڭىلىپ قالدى.

www.munber.org

# ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ساماۋىي كىتابى بولمىغان بۇتپەرەس مۇشرىك ئايالنى ئېلىش ھارامدۇر.

2 ـ بۇتپەرەس ياكى ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارغا مۇسۇلمان ئاياللارنى ياتلىق قىلىش ھارامدۇر.

3 ـ ئەگەر پەرزەنتلەرگە زىيان يېتىپ قېلىش خەۋپى بولمىغان تەقدىردە، ئەھلى كىتابتىن بولغان يەھۇدىي ئايالنى ياكى خرىستىئان ئايالنى ئېلىش رۇخسەتتۇر.

4 ـ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق پەقەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ. مۆمىن دېدەك مۇشرىك ھۆر ئايالدىن ياخشىدۇر.

5 ـ مۇشرىك ئەر مۆمىن ئايالنى اللە قا كاپىر بولۇشقا ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مۆمىن ئايالغا يېقىنلىشىشى توغرا ئەمەس.

## ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن يىراق تۇرۇش

﴿ وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْمَحِيضِ ۖ قُلْ هُوَ أَذًى فَٱعْتَزِلُوا۟ ٱلنِّسَآءَ فِى ٱلْمَحِيضِ ۖ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ
حَتَّىٰ يَطْهُرْنَ ۖ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ
ٱلْمُتَطَهِّرِينَ ﴿٢٢٢﴾ نِسَآؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُوا۟ حَرْثَكُمْ أَنَّىٰ شِئْتُمْ ۖ وَقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُم مُّلَـٰقُوهُ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٢٣﴾ ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا اللە بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». اللە ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار، (گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن) اللە دىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر اللە قا مۇلاقات بولۇسىلەر، مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾.

ـــ سۈرە بەقەرە 222 ـــ، 223 ـــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلْمَحِيضِ: (ھەيز)، ئۇ «ئەلھەيز» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر سۆز تومۇرى شەكلى بولۇپ، كۆچمە مەنىدە ھەيزنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ھەيز كەلگەن ۋاقىت ۋە ھەيز كەلگەن ئورۇن مەنىلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھەيزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئېقىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

أَذًى: (زىيانلىقتۇر)، ئەتائ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز پاسكىنا نەرسە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.»

بۇ سۆز لۇغەتتە كىشىگە ئازار بېرىدىغان ۋە زىيانلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[1].

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەيز سېسىق پۇراق چىقىدىغانلىقى، مەينەت ۋە پاسكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەزىيەت بېرىدىغان زىيانلىق نەرسە دەپ ئاتالغان.»[2]

فَٱعۡتَزِلُوا: (نېرى تۇرۇڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەلئىئتىزال» بولۇپ، بىرەر نەرسىدىن نېرى تۇرۇش، يىراق تۇرۇش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەردىن ۋە سىلەر اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن﴾[3].

ئايەتتىكى مەنىسى ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشتىن ياكى ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن يىراق تۇرۇش ئەمەس، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن يىراق تۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاياللار بىلەن ھەزرار ۋاقتىدا ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە ئارىلىشىپ ئۆتۈش دۇرۇستۇر.

يَطۡهُرۡنَ: (پاك بولغۇچە)، بۇ ئايەت ئىككى خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان بولۇپ، بىرىدە، ھەيز قېنى توختاپ پاك بولغۇچە دېگەن مەنە، يەنە بىرىدە، قان توختىغاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ پاك بولغۇچە دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ.

حَرۡث: (ئېكىنزارلىق)، راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز يەرگە ئۇرۇق تېرىش، يەرنى تېرىش ئۈچۈن تەييارلاش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. تېرىلىدىغان يەرمۇ ھەرسۇن (يەنى ئېكىنزارلىق) دېيىلىدۇ.»[4]

جەۋھەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز زىرائەت تېرىش مەنىسىدە كېلىدۇ. ئايەتتە، نەسىل تېرىيدىغان يەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايال كىشى يەرگە، مەنىي ئۇرۇققا، بالا ئۈنۈپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىلغان. بۇ، قۇرئاننىڭ بالاغەت ئۇسلۇبىدۇر.»[5]

أَنَّىٰ شِئۡتُمۡ: (خالىغان رەۋىشتە)، يەنى كېلىدىغان جاي بالا تېرىيدىغان ئورۇنلا بولسا، ئۇنىڭغا ئالدى تەرەپتىن بولامدۇ، ئارقا تەرەپتىن بولامدۇ، ئۆرە تۇرۇپ بولامدۇ، يانچە يېتىپ تۇرۇپ بولامدۇ، قانداق خالىساڭلار شۇنداق كېلىڭلار.

ئىمام تەبەرى ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللىڭغا ئارقا

---

[1] سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 381 ـ بەت.
[3] سۈرە مەريەم 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 112 ـ بەت.
[5] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 75 ـ بەت.

www.munber.org

پېشاب يولىدىن ۋە ھەيزدار مەزگىلىدىلا كەلمىسەك، ئالدى تەرەپتىن بولامدۇ، ئارقا تەرەپتىن بولامدۇ، قانداق خالىساڭ شۇنداق كەلسەڭ بولىدۇ.»

ئۇ يەنە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلمىشىنىلا قىلمىساڭ، ئاياللىڭغا قانداق خالىساڭ شۇنداق كەلسەڭ بولىۋېرىدۇ.»[1]

وَقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُمۡ: (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئورۇن تەييارلاڭلار)، يەنى ئاخىرەتتە سىلەرگە مەنپەئەت قىلىسۇن ئۈچۈن، ئالدىنئالا خەيرلىك ئىشلارنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار.

وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ: (اللّٰه دىن قورقۇڭلار)، اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق قورقۇڭلار.

وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ: (مۆمىنلەرگە خۇشخەۋەر بەرگىن)، يەنى مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا ساۋاب، ئالىي ھۆرمەت ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەتتىكى يۈكسەك دەرىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزگىن.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئى مۇھەممەد! ساھابىلار ﴿سەندىن﴾ ئاياللىرى بىلەن ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە ﴿سورىشىدۇ﴾. ئۇلارغا ﴿ئېيتقىنكى﴾، ھەيز قېنى پاسكىنا قاندۇر، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ﴿زىيانلىقتۇر. ھەيز مەزگىلىدە﴾ ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن يىراق تۇرۇڭلار. ئۇلار ھەيز قېنى توختاپ ﴿پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.﴾ ئۇلار سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ ﴿پاك بولغاندا، ئۇلارغا اللّٰه بۇيرۇغان جايدىن﴾ يەنى اللّٰه سىلەرگە ھالال قىلغان نەسىل قالدۇرۇش ۋە بالا تېرىش ئورنىدىن ﴿يېقىنچىلىق قىلىڭلار﴾. ئۇلارغا ھارام قىلىنغان ئورۇن ئارقا پېشاب يولىدىن يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن﴾ گۇناھلاردىن ۋە پاسكىنا ئىشلاردىن پاكلىنىپ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنى ﴿دوست تۇتىدۇ﴾.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئەرلەرنى ئاياللىرىغا ھارام قىلىنغان ئورۇندىن يېقىنچىلىق قىلىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار! ﴿ئاياللىرىڭلار﴾ سىلەرنىڭ بالا تېرىيدىغان، نەسىل قالدۇرىدىغان ئېكىنزارلىقىڭلاردۇر، ئۇلارنىڭ بەچچىدانلىرىدا بالا تۆرىلىدۇ، ئاياللىرىڭلارغا قانداق كېلىشنى ﴿خالىساڭلار شۇنداق

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان»ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 392 ـ بەت.

كېلىڭلار﴾. كېلىدىغان جاي بالا تېرىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش ئورنىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قايسى رەۋىشتە كېلىشنى ياخشى كۆرسەڭلار، شۇ رەۋىشتە كېلىڭلار.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۆسۈملۈكنى ئۆسۈملۈك ئۈندىغان يەرگە تېرىغىن.»

ئى ئىمان ئېيتقان ئىنسانلار! ﴿ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار﴾. اللّٰه نىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەڭلار. قىلغان ئىشلىرىڭلاردا ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارغا ئۇچرىشىدىغان، ئاندىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدىغان، يامان ئىش قىلغۇچىلار قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار. ﴿مۆمىنلەرگە﴾ كاتتا زىياپەتكە، بۈيۈك ھۆرمەتكە، پۈتمەس ـ تۈگىمەس نازۇنېمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن[1].

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «يەھۇدىيلار ئاياللىرىدىن بىرى ھەيز كۆرۈپ قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىر داستىخاندا يەپ ـ ئىچمەيتتى، بىر ئۆيدە ئولتۇرمايتتى. ساھابىلار بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاياللىرى بىلەن بىر داستىخاندا يەپ ـ ئىچىشكە، بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشقا، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇدى.

يەھۇدىيلار بۇنى بىلگەندىن كېيىن: مۇھەممەد بىزنىڭ ئىشىمىزنى پەقەت بىزگە قارشى ئىش قىلىش ئۈچۈنلا تەرك ئېتىدۇ، دېيىشتى.

ئۇبباد ئىبنى بەشىر بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ يەھۇدىيلارنىڭ بۇ سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللىرىمىز بىلەن ھەيز مەزگىلىدىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەك بولمامدۇ؟ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى ئۆزگىرىپ كەتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە ئاچچىغلىدى، دەپ ئويلىدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە

[1] بۇ ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

www.munber.org

سۈت كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگىمۇ سۈت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە ئاچچىغلانمىغانلىقىنى بىلدى.»[1]

2 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «يەھۇدىيلار: كىمكى خوتۇنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، بالىسى ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدى.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ يەھۇدىيلار ئاياللاردىن ھەيز مەزگىلىدە يىراق تۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ ـ ئىچمەيتتى، بىر ئۆيدە ئولتۇرمايتتى. ئۇلار ھەيزدار ئايالنى كېسەل ياكى پاسكىنا ۋە نىجىس دەپ قارايتتى. خرىستىئانلار بولسا ھەيزگە سەل قاراپ ھەيزدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋېرەتتى، ھەيزگە پەرۋا قىلمايتتى. ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال بەلگىلىمىنى ئېلىپ كېلىپ: «جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىڭلار» دەپ كۆرسەتتى. مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇراھالىنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

2 ـ «ئەلمەھىيز» دېگەن سۆز ھەيزنىڭ ئۆزىگە ۋە ھەيز كېلىدىغان ئورۇنغا ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. لېكىن ئايەتتە ھەيزنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، سورالغان سوئال الله تائالانىڭ ﴿ئېيتقىنكى، ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)﴾ دېگەن سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ھەيز كېلىدىغان ئورۇننى ئەمەس، ھەيزنىڭ ئۆزىنى سۈپەتلەپ كېلىدۇ[3].

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿(ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئاياللارغا ھەيز مەزگىلىدە يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4 ـ ئىمام تەبەرى مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قۇرئاننى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدىدا سۈرە فاتىھەدىن باشلاپ ئاخىرىغىچىلىك ئۈچ قېتىم يادلاپ ئۆتكۈزدۈم، ھەر بىر ئايەتتە توختاپ ئۇنىڭ مەنىلىرىنى سورايتتىم. ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)﴾ دېگەن

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 396 ـ بەت.
[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 397 ـ بەت.

ئايەتنىڭ مەنىسىگە كەلگەندە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: بۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى مەككىدىكى چاغدا ئاياللىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئالدى تەرەپتىنمۇ، ئارقا تەرەپتىنمۇ كېلىپ ھۇزۇرلىناتتى. ئۇلار مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئەنسارى ئاياللار بىلەن ئۆيلەندى. ئۇلار بۇ ئاياللىرىغىمۇ خۇددى مەككىدىكى ئاياللىرىغا قىلغان مۇئامىلىنىڭ ئۆزىنى قىلماقچى بولغاندا بۇ ئاياللار بۇنى رەت قىلىپ: بۇ ئىش بىزنىڭ ئادىتىمىزدە، يوق دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تاراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە يېتىپ باردى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئىشنى بايان قىلىپ: ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئايالىڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە خالىساڭ ئالدى تەرەپتىن، خالىساڭ ئارقا تەرەپتىن، خالىساڭ تېزلاندۇرۇپ تۇرۇپ كەلسەڭ بولىۋېرىدۇ. بۇ ئايەت پەقەت بالا تېرىيدىغان جايغا كېلىشنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

5 ـ الله تائالا ئايال كىشىنى ئېكىنزارلىققا ئوخشاتتى. يەنى زېمىن زىرائەت تېرىيدىغان ئېكىنزارلىق بولغىنىدەك، ئايال كىشىمۇ بالا تېرىيدىغان ئېكىنزارلىقتۇر. بۇ ئوخشىتىش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ پەقەت بالا تاپىدىغان جاي ئالدى تەرەپكە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[2]

ئايەتتە خوتۇن كىشىنىڭ رەھمىسى زېمىنغا، مەنى ئۇرۇققا، بالا ئۈنۈپ چىقىدىغان زىرائەتكە ئوخشىتىلغان.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ھەيز مەزگىلىدە ئايالنىڭ تىنىنىڭ قانچىلىك مىقداردىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ؟

ھەيز مەزگىلىدە ئايالنىڭ تىنىنىڭ قانچىلىك مىقداردىن يىراق تۇرۇشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالار تۆۋەندىكى قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ۋە ئۇبەيدە سەلمانىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

---

① ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 395 ـ بەت.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 93 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 246 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ ئايالنىڭ كىندىكىدىن تىزىغىچە بولغان يېرىدىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىكنىڭ قارىشىدۇر.

3 ـ ئايالنىڭ پەقەت ھەيز كەلگەن جايىدىنلا يىراق تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدۇر.

بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، الله تائالا ئاياللاردىن ھەيز مەزگىلىدە ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ھېچ نەرسىنى خاس قىلىپ تىلغا ئالمىدى. ﴿ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ، بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدىن سىرتتا قالغان ئاجىز بىر قاراش بولۇپ، گەرچە ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاممىبابلىقنى تەقەززا قىلسىمۇ، ھەدىس ئۇنىڭغا خىلاپتۇر.»[1]

ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ، ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىككىلىمىز جۇنۇبلۇقتىن بىر داستا يۇيىناتتۇق. مەن ھەيز كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتا ئۇ مېنى ئىشتان كىيىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن مېنى قۇچاقلايتتى.»[2]

ئۇلار يەنە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ، مەيمۇنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەيز كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتا ئۇ ئۇلارنى ئىشتاننىڭ ئۈستىدىن قۇچاقلايتتى.»[3]

ئۈچىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام شافىئىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىڭلار»[4] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئۇ يەنە مەسرۇقتىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ، مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشەدىن ئايالى ھەيزدار بولسا ئېرىگە ئۇنىڭ قەيەرلىرى ھالال بولىدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە يېرى ھالال بولىدۇ»[5] دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەسرۇق سەپەر قىلىپ ئائىشەنىڭ ئۆيىگە باردۇ ۋە: پەيغەمبەرگە ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام بولسۇن! دەيدۇ. ئائىشە:

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 87 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 383 ـ بەت.

خۇش كەيپسەن مەسرۇق! دەيدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇ: مەن سىزدىن بىر مەسىلە سورىماقچى، بىراق خىجىل بولۇۋاتىمەن، دەيدۇ. ئائىشە: مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئاناڭ، سەن مېنىڭ ئوغلۇم، دەيدۇ. ئاندىن مەسرۇق: ئايالى ھەيزدار بولسا ئېرىگە ئۇنىڭ قەيەرلىرى ھالال بولىدۇ؟ دەيدۇ. ئائىشە: ئايالىنىڭ شۇ يېرىدىن باشقا ھەممە يېرى ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ، دەيدۇ.»[1]

## كۈچلۈك قاراش

بىز دەلىللەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئىككىنچى قاراشنى كۈچلەندۈرىمىز. ئىبنى جەرىر تەبەرىمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللاپ: «بۇ قاراشلار ئىچىدىكى توغرا قاراش ئايالى ھەيزدار بولغان ئەرگە ئايالىنىڭ ئىشتىنىنىڭ يۇقىرى (يەنى بېلىدىن يۇقىرى) تەرىپى ۋە تۆۋەن تەرىپى ھالالدۇر، دېگەن كىشىلەرنىڭ قارىشىدۇر»[2] دېگەن.

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئەر ئايالىنى قۇچاقلىغاندا كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىلىقىنى سىلاش چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ سېلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، چېگرىنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن كىشىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار. بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن چەكلەنگەن جايدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى قۇچاقلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ قايسىڭلار شەھۋىتىگە پەيغەمبەر شەھۋىتىگە ئىگە بولغاندەك ئىگە بولالايسىلەر؟»

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىردە رۇخسەت بار، يەنە بىردە چەكلىمە بار ئىككى ھەدىس بىر كېلىپ قالسا، چەكلىمە بار ھەدىس ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئۆلىمالار فىقھشۇناسلىق قائىدە پرىنسىپلىرىدا شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئايالى بىلەن ھەيزدار مەزگىلدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان كىشىنىڭ كەففارىتى نېمە؟

ئايالى بىلەن ھەيزدار مەزگىلدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن، ئەمما ئۇلار بۇ جىنايەتنى قىلغان كىشىنىڭ كەففارىتىگە نېمە ۋاجىپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشقا كەلگەن.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار (ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفەلەر) بۇ جىنايەتنى قىلغان كىشى الله دىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە كەففارەت كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ جىنايەتنى قىلغان كىشى بىر تىللا ياكى يېرىم تىللا سەدىقە بېرىدۇ، چۈنكى، ئىبنى ئابباس ئايالى بىلەن ھەيزدار مەزگىلدە جىنسىي

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 383 ـ بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 383 ـ بەت.

www.munber.org

مۇناسىۋەت قىلغان كىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇ بىر تىللا ياكى يېرىم تىللا سەدىقە بېرىدۇ.»[①]

ئەھلى ھەدىستىن بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ قان كىلىۋاتقاندا يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، بىر تىللا سەدىقە بېرىدۇ، قان توختىغاندا يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، يېرىم تىللا سەدىقە بېرىدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەش ۋە تەۋبە قىلىشتىن باشقا كەففارەت ۋاجىپ قىلمىغان كىشىلەرنىڭ دەلىلى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىستە مەسىلە بارلىقىنى، مۇنداق ھەدىسنىڭ دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى، گەردەندىكى گۇناھنىڭ پاكلىنىش بىلەن ساقىت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»[②]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ھەيزنىڭ مۇددىتى ئاز بولغاندا قانچىلىك، كۆپ بولغاندا قانچىلىك؟

فىقھشۇناسلار بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قانچە قاراشقا كەلدى:

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرى: ھەيزنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئۈچ كۈن، ئەڭ كۆپ مۇددىتى ئون كۈن، دەپ قارايدۇ.

2 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد: ئۇنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى بىر كېچە كۈندۈز، ئەڭ كۆپ مۇددىتى 15 كۈن دەپ قارايدۇ.

3 ـ ئىمام مالىك: ھەيزنىڭ مۇددىتىگە ئاز ياكى كۆپ ۋاقىت بولمايدۇ، ئاياللارنىڭ رەسمىي ئادىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئەبۇ ئۇمامەنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلغان: «ھەيزنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئۈچ كۈندۈز، ئەڭ كۆپ مۇددىتى ئون كۈندۈز.»

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بۇ ھەدىس سەھىھ بولسا، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى توغرا ئەمەس.»[③]

ئىمام شافىئىي مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «بەزى ئاياللار ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ناماز ئوقۇماي ئۆتكۈزىدۇ.» بۇ ھەدىس بەزى ئاياللارنىڭ 15 كۈن ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[④]

---

[①] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 88 ـ بەت.
[③] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 400 ـ بەت.
[④] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 68 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 401 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 83 ـ بەت.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مەزكۇر ئايەتتە ھەيزنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتىنى ۋە ئەڭ كۆپ مۇددىتىنى كۆرسەتتىدىغان دەلىل يوق. بۇ پەقەت ئىجتىھادىي مەسىلە بولۇپ، مەنبەسى فىقھى ھۆكۈملەر تەپسىلى بايان قىلىنغان كىتابلارغا قايتىدۇ. دەلىل قىلىنغان ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنى تولۇق بىلمەكچى بولساڭ، شۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلغىن. اللە ساڭا ياردەم بولسۇن!

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش قاچان ھالال بولىدۇ؟

اللە تائالانىڭ: ﴿(ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئايالى ھەيزدىن پاك بولمىغىچە ئەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشىنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پاكلىق ھەققىدە ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ پاكلىق ھەيزنىڭ توختىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھەيز قېنى ھەيزنىڭ ئەڭ كۆپ مۇددىتى بولغان ئون كۈن توشقاندا توختىسا، ئايالى يۇيۇنۇشتىن ئىلگىرى ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ھەيز قېنى ئون كۈندىن ئىلگىرى توختىسا، ئايالى يۇيۇنمىغىچە ياكى ئارىلىقتا ناماز ئوقۇغۇدەك ۋاقىت ئۆتمىگىچە، ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشى دۇرۇس ئەمەس.

2 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار (ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد) مۇنداق دەپ قارايدۇ: جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئۈچۈن ھالال بولىدىغان پاكلىق بولسا، ئايالنىڭ سۇ بىلەن جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنغاندەك يۇيۇنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئايالى ھەيز توختىغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇنمىغىچە، ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى ھالال ئەمەس.

3 ـ تاۋۇس ۋە مۇجاھىد مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئايالنىڭ شۇ يېرىنى سۇ بىلەن يۇيۇشى ۋە نامازغا تاھارەت ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئېلىشى ئېرىگە ھالال بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

بۇ ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى شۇكى، اللە تائالانىڭ: ﴿(ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا اللە بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە پاك بولۇش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن «يەتھۇرنە» ۋە «تەتەھھەرنە» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھەر ئىككىلى سۆزنى ھەيز قېنىنىڭ توختىشى مەنىسىدە چۈشەنگەن.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى «ئۇلار سۇ بىلەن يۇيۇنغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، سۇ بىلەن يۇيۇنغاندا، ئۇلارغا اللە بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن. ئۇلار بۇ چۈشەنچىگە قىرائەتتىكى ئوخشىماسلىقنى دەلىل قىلغان.

www.munber.org

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل شۇكى، اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈمنى ئالدى بىلەن ھەيز قېنىنىڭ توختىشىدىن، ئاندىن سۇ بىلەن يۇيۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرتكە باغلىغان. اللّٰه تائالانىڭ: ﴿پاك بولغۇچە﴾ دېگەن سۆزى ئاياللارنىڭ ھەيز قېنى توختىغىچە دېگەن مەنىنى، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿پاك بولغاندا﴾ دېگەن سۆزى ئاياللار سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ پاك بولغاندا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرلىشىشى ئاخىرقى غايىدۇر.

بۇ ئايەت اللّٰه تائالانىڭ: ﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىگە تامامەن ئوخشايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ سۆزىدىمۇ مال ـ مۈلكنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ھۆكۈمنى ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشىدىن ۋە ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنىڭ بايقىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرتكە باغلىغان. بۇ ئىككى شەرت چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا تولۇق بولۇشى لازىم.

## كۈچلۈك قاراش

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، اللّٰه تائالا: ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە پاك بولۇشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى سۇ بىلەن يۇيۇنۇشتىن ئىبارەت ماددى پاكلىقنى كۆرسىتىدۇ. بىز كۈچلەندۈرگەن بۇ قاراشنى تەپسىرشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىمام تەبەرى، ئەللامە ئىبنۇل ئەرەبى ۋە شەۋكانى[2] قاتارلىقلارمۇ تاللىغان.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### ھەيزدار ئايالغا نېمە ئىشلار ھارام بولىدۇ؟

ھەممە ئۆلىمالار ھەيزدار ئايالغا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش، مەسجىدكە كىرىش، قۇرئاننى تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۇ پاك بولغۇچە ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال ئەمەس. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى تولۇق بىلىش ئۈچۈن فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

---

[1] سۈرە نىسا 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 387 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 173 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 89 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 226 ـ بەت.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ھەيزدار ئايال ھەيزدىن پاك بولغانغا قەدەر ئەرنىڭ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ.

2 ـ ئايالنىڭ ھەيز قېنى توختىغان ۋە سۇ بىلەن يۇيۇنغاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

3 ـ ئايالنىڭ ئارقا يولىغا كېلىش ھارامدۇر، چۈنكى، ئۇ جاي بالا تاپىدىغان جاي ئەمەس.

4 ـ بالا تاپىدىغان جايغىلا كەلسە، ھەر تۈرلۈك كېلىش يوللىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىش دۇرۇستۇر.

5 ـ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتىن، ئۇ توسقان ۋە ئاگاھلاندۇرغان ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا ئاياللارنى ئەرلەرگە نەسىل قالدۇرىدىغان ئورۇن قىلىپ يارىتىپ بەردى ۋە ئەرلەرگە ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئىھرامغا كىرىش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، روزا تۇتۇشقا ئوخشاش ئىبادەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى ھەيز كۆرۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدىن باشقا ھەممە ۋاقىتلاردا ھالال قىلىپ بەردى.

ھەيز مەزگىلىدە ئايال كىشى كېسەلگە ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، ھەيز ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىدىكى ئۇرۇقلانمىغان چىشىلىق تۇخۇمچىلىرىنى تاشلاش ھالىتى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئايال كىشى ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسى ھۇزۇرلىنىش مەقسەت قىلىنغان بۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ھېسسىيات جەھەتتىن ھازىر ئەمەس ھالەتتە بولىدۇ.

ھەيز قېنىنىڭ ناھايىتى سېسىق پۇرىقى بولۇپ، باشقا قانلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاياللارنىڭ تېنىدىن چىقىرىپ تاشلانغان كېرەكسىز قاندۇر. ئۇ بۇزۇق قان بولۇپ، فىقھشۇناسلارنىڭ تەرىپ قىلىشىچە، قارامتۇل، قويۇق، كۆلرەڭ ۋە قېپقىزىل رەڭلەردە بولىدىكەن.

بۇ قان مۇشۇنداق ناچار سۈپەتلەر بىلەن بىرلەشسە، قانداق بولۇپ كېتەر؟ مۇنداق ھالەتتە ئايال كىشى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ئايال كىشىگە ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئەر كىشىگىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ. قۇرئان كەرىم: ﴿ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە

www.munber.org

زىيانلىنىقتۇر)﴾ دەپ، بۇ زىياننى ناھايىتى ئىنچىكە ئىبارە بىلەن ئىپادىلىدى. مۆجىزە خاراكتېرلىك بۇ ئىبارىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئىبارە بارمۇ؟

ھازىرقى دەۋرنىڭ تىببىي ئىلمى ئاياللار بىلەن ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاياللارغا ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئەر تەرەپتىن ئېتىلىپ چىققان مەنى بۇ قان بىلەن ئارىلىشىپ، بەچچىدانىنىڭ يۇقىرى ئېغىزىنى ياكى ئۇنىڭ ئىچىنى يالللۇغلاندۇرىدۇ ۋە ياكى بۇ مەنىدىن بالا تۆرۈلۈپ قالغان تەقدىردە، بۇ بالا ھەر خىل خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئەر كىشىمۇ جىسمانىي جەھەتتە بەزى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا دوختۇرلار ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ ئايلىق ھەيز مەزگىلىدە ھەيزدىن پاك بولغانغا قەدەر ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. مانا بۇ ھەممە نۇقساندىن پاك بولغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھېكمەتلىك شەرىئەت ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر.

## كۆپ قەسەم قىلىشتىن توسۇش

﴿ وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةٗ لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصۡلِحُواْ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٞ ٢٢٤ لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتۡ قُلُوبُكُمۡۗ
وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ٢٢٥ لِّلَّذِينَ يُؤۡلُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ تَرَبُّصُ أَرۡبَعَةِ أَشۡهُرٖۖ فَإِن فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ٢٢٦ وَإِنۡ عَزَمُواْ ٱلطَّلَٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ٢٢٧ ﴾

﴿ياخشىلىق قىلماسلىقتا، تەقۋادار بولماسلىقتا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) اللە نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى اللە بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)، اللە (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى) اللە ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، اللە ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

— سۈرە بەقەرە 224 ـ، 225 ـ، 226 ـ، 227 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

عُرۡضَةٗ: (توسالغۇ)، بۇ سۆز توسقۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئەرەب تىلىدا بىر ئىشنى قىلىشقا توسالغۇ بولۇپ، ئۇنى قىلدۇرمايدىغان ھەرقانداق نەرسە «ئۇرزە» دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇلۇتمۇ «ئارىزۇن» دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاسماننى ۋە كۈننى كۆرۈشنى توسۇۋالىدۇ[1].

بۇ سۆز ئايەتتە مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قىلغان مۇنداق قەسەمڭلارنى ياخشى ئىش قىلىشڭلارغا ۋە تەقۋادارلىق قىلىشڭلارغا توسالغۇ

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

قىلىۋالماڭلار. ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشى ئىش قىلىشقا ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە چاقىرىلسا، ئۇ: مەن ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئىدىم، دەپ قەسىمىنى ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا باھانە قىلىۋالمىسۇن.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت اﷲ نىڭ نامى بىلەن تولا قەسەم قىلىپ، اﷲ نىڭ ئىسمىنى ھەر نەرسىدە تىلغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى تولا تىلغا ئالغان ئادەم ئۇنى شۇ نەرسىنى قىلىشقا توسالغۇ قىلىۋالىدۇ.»①

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ھەر نەرسىگە، مەيلى ئۇ ھەق بولسۇن ياكى ناھەق بولسۇن، اﷲ نىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىپ، اﷲ نىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا تەڭلىمەڭلار. اﷲ سىلەرنى كۆپ قەسەم قىلىشتىن ۋە اﷲ تائالانىڭ ئىسمىنى ھەر نەرسىدە تىلغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشتىن توسىدۇ. شۇنداقلا سىلەر اﷲ نىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەمڭلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، تەقۋادار بولۇشقا ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە توسالغۇ قىلىۋالماڭلار دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.»②

لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ: (مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن اﷲ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ)، راغىب مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۆزلەر «ئەللەغۇ» يەنى بىھۇدە سۆز دېيىلىدۇ. مۇنداق سۆز ئېغىزدىن ئۆيلانماستىن ۋە پىكىر قىلماستىن چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ بىھۇدە سۆزلەر قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. مەقسەتسىز ئېيتىلغان سۆزلەر قۇشقاچلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغىلا ئوخشايدۇ، خالاس.»③

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى سۆز بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن، قەدرى يوق ئېتىبارسىز ھەرقانداق نەرسە «ئەللەغۇ» دېيىلىدۇ.»④

يُؤۡلُونَ: (قەسەم ئىچكەن كىشىلەر)، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلئىيلائ» بولۇپ، لۇغەتتە قەسەم ئىچىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇلار قەسەم ئىچىدۇ. شەرىئەتتە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىققا قەسەم ئىچىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

تَرَبُّص: (كۈتۈش)، بۇ سۆز لۇغەتتە كۈتۈپ تۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەن

① ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 80 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 98 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 230 ـ بەت.
② ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 418 ـ بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. ئىمام جەسساس (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ ھەر ئىككىلى مەننى ئىپادىلەش ئېھتىمالى بار، شۇڭا ئۇنى ھەر ئىككىلى مەنگە بىراقلا قارىتىش لازىم.» ئۇنىڭ بۇ قارىشى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە ئېيتقان ئەڭ ياخشى قاراشتۇر.
③ ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 451 ـ بەت.
④ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 81 ـ بەت.

www.munber.org

سىلەر بىلەن بىرگە كۆتكۈچىلەردىنمەن (يەنى سىلەر مېنىڭ ھالاك بولۇشۇمنى كۈتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى كۈتىمەن) »﴾[①].

فَآءُو: (قايتسا)، بۇ سۆز ئەگەر ئۇلار قايتسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر﴾[②].

ئايەتتە مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئەگەر ئۇلار ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىققا ئىچكەن قەسەمدىن قايتسا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن ئىچكەن قەسەمنىڭ گۇناھىنى الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. الله ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەملەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭلار ئۈچۈن پاكىت قىلىۋالماڭلار. ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەيدىغان، ياخشىلىق ۋە خەيرىلىك بار بىر ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلىنسا، ئۇ: مەن ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئىدىم، مەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىشنى خالايمەن، دەيدۇ. سىلەر ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا قەسەمنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، قەسەمڭلار ئۈچۈن كەففارەت بېرىڭلار، كۆپ قەسەم قىلماڭلار. مۇنداق قىلساڭلار دۇنيالىق ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ كاتتا ئىسمىنى ئىشلىتىپ، ﴿الله نى﴾ ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىققا قىلغان قەسەمڭلارغا باھانە قىلىۋالىسىلەر. قەسەمخور ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارى الله قا چوڭچىلىق قىلغان بولۇپ، ياخشى ئىش قىلغۇچى بولالمايدۇ، تەقۋادارمۇ بولالمايدۇ.

تىلىڭلارغا ئادەتلىنىپ قالغان بويىچە الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ﴿مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ﴾. لېكىن، قەسەم قىلىشنى دىلىڭلارغا پۈكۈپ قەستەن ئىچكەن قەسەمڭلار ﴿ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى الله نىڭ مەغپىرىتى ناھايىتى كەڭدۇر، ﴿ھەلىمدۇر﴾ يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

ئاراڭلاردىن ﴿ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا﴾ ئۇلارغا زىيان سېلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن ﴿كىشىلەر﴾ بار. ئەنە شۇ قەسەمخورلارنىڭ ئاياللىرى تولۇق ﴿تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر﴾ ئەرلەر بۇ مۇددەت ئىچىدە الله بۇيرۇغان رەۋىشتە چىرايلىقچە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا قايتسا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا

---

[①] سۈرە تۇر 31 ـ ئايەت.
[②] سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يامانلىق قىلغان گۇناھىنى الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايالىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قىلغان قەسىمىدە چىڭ تۇرسا، ئۇ تۆت ئاي مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئايالىرى تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ. الله ھەقىقەتەن سۆزلىرىڭلارنى ﴿ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر﴾ نىيەتلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى ﴿بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى بەشىر ئىبنى نوئماننىڭ ئارىسىدا بىر كۆڭۈل ئاغرىقى بار ئىدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىككە، ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىققا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا جېدەل بار كىشىنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويماسلىققا قەسەم قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈيئوغلى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش ھەققىدە سۆز ئېچىلسا: مەن ئۇنداق قىلماسلىققا الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەن ئىدىم، قەسىمىگە ئەمەل قىلماسلىق ماڭا ھالال بولمايدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) الله نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى الله بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا: ﴿ھەر بىر قەسەمخور، پەس ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن﴾[1] دەپ، كۆپ قەسەم قىلىدىغان ئادەمنى سۆكتى. ئەرەبلەر بىراۋنى ئاز قەسەم قىلىدىغانلىقى بىلەن ماختايتتى.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئاز قەسەم قىلىشقا بۇيرۇشتىكى ھېكمەت شۇكى، كىچىك ئىشتىمۇ، چوڭ ئىشتىمۇ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان كىشىنىڭ تىلى قەسەمگە كۆنۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ دىلىدا قەسەمنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يالغان قەسەم قىلىپ قېلىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. الله نىڭ ئىسمىنى دۇنيالىق غەرەزلەردە تىلغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا چوڭ ۋە ئۇلۇغ ئىشلاردا تىلغا ئېلىش الله نى مۇكەممەل ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ.»[2]

---

[1] سۈرە قەلەم 10 ـ ئايەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 80 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ اللہ تائالا: ﴿ياخشىلىق قىلماسلىقتا، تەقۋادار بولماسلىقتا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە﴾ دەپ، كۆپ قەسەم قىلىشتىن توسۇشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلدى. ئەگەر بىرى: قەسەم قىلىشنى تاشلىغان ئادەم قانداق قىلسا ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ئىلگىرىلىگەن بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: اللہ تائالا ئەڭ بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭ كاتتا ئىسمىنى دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن قوللىنىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس دېگەن ئېتىقادى بىلەن قەسەم قىلىشنى تاشلىسا، شۈبھىسىزكى، بۇ ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ئېرىششنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىلىرىدىن بىرىدۇر.

3 ـ ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا «ئەللەغۋ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. بۇ سۆز سۆزنىڭ چىقىش ئورۇنلىرىغا قارىتا ھەر خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ﴾[1]. بۇ سۆز بۇ ئايەتتە يامان ۋە قەبىھ سۆز مەنىسىدە كەلگەن. ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ﴾[2]. بۇ ئايەتتىمۇ ئوخشاش مەنىدە كەلگەن. ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ...﴾[3] بۇ ئايەتتە كۇفرى ۋە قەبىھ سۆز مەنىسىدە كەلگەن. ﴿ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار﴾[4]. بۇ ئايەتتە پايدىسى يوق سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرىۋېتىڭلار، دېگەن مەنىدە كەلگەن. ﴿يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[5]. بۇ ئايەتتە باتىل سۆز مەنىسىدە كەلگەن. ھېچ پايدىسى يوق سۆزلەرنى قىلغان ئادەمگە: بىھۇدە سۆزلىدى، دېيىلىدۇ[6].

4 ـ خوتۇنغا يېقىنچىلىق قىلماسلىقتا قىلغان قەسەمنىڭ مۇددىتىنى تۆت ئاي قىلىپ بەلگىلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئايالنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن تاشلاپ قويۇش مۇشۇ مۇددەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئېرى يېنىدا بولمىغان ئايال كىشىنىڭ سەۋرىسى مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە تۈگەيدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر قىلالمايدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر كېچىسى مەدىنىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقاتتى. بىر كېچىسى ئۇ بىر ئايالنىڭ مۇنۇ بېيىتلارنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

ئەجەپمۇ ئۇزۇن بولدى بۇ كېچە، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ،
ئەزدى مېنى مەن بىلەن ئوينايدىغان دوستنىڭ يوقلۇقى.
اللہ بىلەن قەسەمكى، بولمىسا اللہ، باشقىسى ئەمەس ھېچ نەرسە،
غىچىرلىغان بولاتتى ئەلۋەتتە بۇ كارۋاتنىڭ ھەر تەرەپلىرى.
توسىدۇ مېنى پەرۋەردىگارىم قورقىسى ۋە ھايا،

---

[1] سۈرە غاشىيە 11 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ۋاقىئە 25 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فۇسسىلەت 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە فۇرقان 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 418 ـ بەت.

ھەمدە ئېرىمنىڭ ھۆرمىتى، يولتىشتىن ئۇنىڭ جايىغا بېرىنى.

ئەتىسى ئۆمەر ئۇ ئايال ھەققىدە سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. كىشىلەر: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇنى ئىراققا خىزمەت بىلەن ئەۋەتتۇەتتىڭ، دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئاياللارنى يىغىپ، ئۇلاردىن بىر خوتۇننىڭ ئېرى يېنىدا بولمىسا قانچىلىك ۋاقىت سەۋر قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئاياللار: بىر ئاي سەۋر قىلىدۇ، ئىككى ئاي سەۋر قىلىدۇ، ئۈچىنچى ئېيىدا سەۋرىسى ئازلايدۇ، تۆتىنچى ئېيىدا سەۋرىسى تۈگەيدۇ دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر غازاتقا چىقىدىغان ئادەمنىڭ مۇددىتىنى تۆت ئاي قىلىپ بېكىتتى. بۇ تۆت ئاي مۇددەت توشۇپ كەتسە، غازىلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلارنى ئەۋەتەتتى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ ۋەقەلىك مەزكۇر قەسەمنىڭ مۇددىتىنىڭ تۆت ئاي قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ.»[①]

5 ـ جاھىلىيەت دەۋرىدە خوتۇنغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قىلغان قەسەمنىڭ تالاق بولىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم خوتۇنىنى خالىمىسا ۋە ئۇنى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئېلىشىنى ياخشى كۆرمىسە، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خوتۇنىنى تۇلمۇ ئەمەس، ئېرى بارمۇ ئەمەس ھالەتتە تاشلاپ قوياتتى. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت شۇ خوتۇنغا زىيان سېلىش ئىدى. الله تائالا بۇ زۇلۇمنى تۈگىتىپ، ئەرگە قاراپ بېقىش ۋە ئويلىنىش ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەتنى مۆھلەت قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەر خوتۇنىنى بۇ مۇددەت ئىچىدە تاشلاپ قويۇشنى پايدىلىق دەپ قارىسا تاشلاپ قوياتتى. ئەگەر خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا ئاجرىشىپ كېتەتتى.»[②]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭغا كەففارەت كېلەمدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمنىڭ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا كەففارەتمۇ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فىقھشۇناسلار بۇ قەسەمنى تەرىپ قىلىشتا مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 108 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 269 ـ بەت.

[②] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 85 ـ بەت.

www.munber.org

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەم بولسا، قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن تىلغا ئادەتلىنىپ قالغان بويىچە قىلىنغان قەسەمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەمنىڭ قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلماستىنلا، سۆزىدە: ياق، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم، شۇنداق، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم، دېگىنىگە ئوخشايدۇ.» بۇ قاراش ئائىشە، شەئبى ۋە ئىكرىمەگە ئوخشاش بەزى سەلەف ئۆلىمالىرىدىن نەقىل قىلىنغان.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەم دېگەن بىراۋنىڭ بىر نەرسىگە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇنداققۇ دەپ ئويلاپ قەسەم قىلىشىنى، بىراق ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ھەسەن، مۇجاھىد قاتارلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان.

ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتە مېنىڭ ئاڭلىغىنىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەم بولسا، بىر ئىنساننىڭ بىر نەرسىنى مۇنداققۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن قەسەم قىلىشىدىن، ئاندىن ئۇ ئىشنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىشىدىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق قەسەمگە كەففارەت كەلمەيدۇ.»[1]

سەھىھ بۇخارىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «اللە تائالا ﴿مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى بىرەر ئادەمنىڭ: ياق، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم، شۇنداق، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم، دېگەن سۆزى ھەققىدە نازىل قىلغان.»[2]

توغرا قاراش شۇكى، مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر ئىككى تۈرلۈك قەسەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر تەبەرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تاللىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدا بىھۇدە سۆز ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولغان ھەرقانداق سۆزنى، پايدىسىز بولغان ھەرقانداق ئىشنى كۆرسىتىدۇ. بىھۇدە سۆز مېنىڭ يۇقىرىدا سۆيەتلىگىنىمدەك بولىدىكەن، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغۇچى تىلىنىڭ ئادەتلىنىپ قالغىنى بويىچە: «مەن مۇنداق ئىشنى قىلمىدىم» دەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئۇ ئىشنى قىلغان. ئۇ يەنە: «مەن مۇنداق ئىشنى قىلدىم» دەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئۇ ئىشنى قىلمىغان. بىرى: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ چوقۇم پالانىدۇر» دەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئۇنىڭغا ئىپتىقىنىدەك قارايدۇ. ياكى ئۇ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ پالانى ئەمەس» دەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئۇنى شۇ پالانى ئەمەس دەپ قارايدۇ. مەسىلەن بىرى: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ مۇنداق قىلمايدۇ» دەيدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 100 ـ بېتىدىن نەقىل قىلىندى.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 406 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 99 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يۇقىرىدا سۆپەتلىگىنىمىزدەك، سۆزدە ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقتىن ۋە تىلنىڭ شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھەرگىز خاتا نەرسىگە قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلىش ئەمەس. ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى دىللىرىدا گۇناھ بولىدىغان قەسەمنى قەست قىلماستىن، تىللىرىنىڭ ئۆچىدىلا قەسەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئۇلار مەقسەتسىز قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قەسىمىگە كەففارەت كەلمەيدۇ.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

«ئەلئىيلائ» دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمىچۇ؟

بىز يۇقىرىدا بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئەمما ئۇنىڭ شەرئى مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆز خوتۇنىنى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماي تۆت ئايدىن ئارتۇق تاشلاپ قويۇشقا قىلغان قەسىمىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىز بىلەن يېقىنچىلىق قىلمايمەن دەيدۇ. ياكى: مەن سىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن دەيدۇ ۋە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇ خىل قەسەم بىر يىل، ئىككى يىل ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت ئۆچۈنمۇ قىلىناتتى. ئايال يامانلىق قىلغاندا ئۇلار بۇ قەسەم بىلەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلاتتى. الله ئۇلارغا تۆت ئاي ۋاقىت بەلگىلەپ بەردى. كىمكى بۇ ۋاقىتتىن ئاز قەسەم قىلسا، بۇ ھۆكۈمگە چۈشىدىغان قەسەم بولمايدۇ.»[2]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى تۆت ئايدىن ئارتۇق تاشلىۋەتكەن بولسا، الله تائالانىڭ ﴿ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر﴾ دېگەنلىكى ئۆچۈن ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشى بولمايدىغانلىقىغا ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇنىڭ خوتۇنىنى تاشلىۋەتكەنلىكى قەسەم ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا كەففارەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئالاقىسىزدۇر. ئۇنىڭ خوتۇنىنى تاشلىۋەتكەنلىكى بىلەن خوتۇنى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئالىملار ئىبرى يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغان مۇددىتى ھەققىدە بىرقانچە پىكىرگە كەلگەن:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، خوتۇنى بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.» ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇ قاراشتا.

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 413 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 103 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تۆت ئاي مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن خوتۇن تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئەر قەسەمدىن يېنىشقا ياكى خوتۇننى تالاق قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئەر ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا ئۇنىمىسا، قازى ئۇنىڭ خوتۇننى ئېرىنىڭ نامىدا تالاق قىلىۋېتىدۇ.

## ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى

الله تائالا قەسەمدىن يېنىش مۇددىتىنى تۆت ئاي قىلىپ بەلگىلىدى. ئەگەر ئەر بۇ مۇددەت ئىچىدە قەسىمىدىن يانمىسا، بۇ ئۇنىڭ خوتۇننى تالاق قىلماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا نىيەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نىيەت قىلىش ئەمەلىيەتتە بولسا بىر ئىشنى قىلىشنى دىلغا پۈكۈشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: پالانى ئىشقا نىيەت قىلدىم، دېسەڭ، بۇنىڭ ئۆزى شۇ ئىشنى قىلىشنى دىلىمغا پۈكتۈم، دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە﴾، دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىنى يەنى تالاق قىلىشنى دىللىرىغا پۈكسە دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت ئەمەلىيەتتە تالاق قىلىشنى شەرت قىلمىغان.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى

الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە﴾ دېگەن سۆزى تالاقنىڭ بولۇشى پەقەت ئەرنىڭ تالاق قىلىشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ مۇددەتنىڭ تۈگەپ كېتىشى تالاق بولۇشقا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى بۇ مۇددەت تۈگىگەندىن كېيىن قەسەمدىن يېنىش ياكى تالاق قىلىشى لازىم.

ئىمام شەۋكانى «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىش لازىمكى، ھەر بىر مەزھەب ئىگىلىرى بۇ ئايەتنى ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە ئۇيغۇن ھالدا تەپسىر قىلغان ۋە ئايەتنىڭ لەۋزى كۆرسەتمەيدىغان مەنىنى چىقىرىشقا تىرىشقان. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان كىشىگە الله تائالا تۆت ئاي مۇددەت بىلەن قەسەم قىلىشنى بەلگىلەپ بەردى. ئاندىن قەسەم قىلغۇچىنىڭ بۇ تۆت ئاي مۇددەتتىن كېيىن قىلىدىغان ھۆكمىنى بەندىلىرىگە خەۋەر قىلىپ: ﴿ئەگەر ئۇلار قايتسا﴾ يەنى نىكاھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەر - خوتۇنلۇقنى ساقلاپ قېلىشقا قايتسا، ﴿الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. الله ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى الله ئۇلارنى ئەنە شۇ قەسىمى تۈپەيلى جازالىماستىن، ئەكسىچە ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ. ﴿ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە﴾ يەنى تالاق قىلىشنى رەسمىي كۆڭلىگە پۈكسە ۋە مەقسەت قىلسا، ﴿الله ھەقىقەتەن﴾ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ﴿ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دېدى. مانا بۇ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ شەك - شۈبھە يوق.»[1]

[1] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 233 - بەت.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قەسەمدە زىيان سېلىش شەرت قىلىنامدۇ؟

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قىلغان قەسەم خۇشال چاغدىمۇ، ئاچچىقلانغان چاغدىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.» ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «قەسەم قىلغۇچى پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە خوتۇنىغا زىيان سېلىش يۈزىسىدىن قەسەم قىلسا قەسەم بولىدۇ.»

### ئىمام مالىكنىڭ دەلىلى

ئەلى (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، خوتۇنىغا زىيان سېلىشنى كۆزلەپ ئەمەس، پەقەت بالىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ: خوتۇنۇم بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىمىغىچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بىر ئادەمنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورىغاندا، ئۇنىڭغا: «سەن ھەققەتەن ياخشىلىقنى كۆزلەپسەن، بۇ خىل قەسەم دېگەن پەقەت ئاچچىق كەلگەندە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەزكۇر قەسەم پەقەت ئاچچىق كەلگەندە بولىدۇ.»

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى

﴿ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئاممىباب مەنىگە ئىگە بولۇپ، زىيان سېلىش مەقسىتى بىلەن قەسەم قىلغان ياكى بالىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قەسەم قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك ھەممىنى ”قەسەم“ دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەئبىي مۇنداق دەيدۇ: «جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلىدىغان ھەرقانداق قەسەم، ھەتتا تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قەسەم دەپ ھېسابلىنىدۇ.»

ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «توغرىسى الله تائالا قەسەم قىلغۇچىغا بەلگىلەپ بەرگەن كۈتۈش مۇددىتىدىن كۆپ ۋاقىت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلىدىغان ھەرقانداق قەسەم، مەيلى ئۇنى ئاچچىق كەلگەندە قىلسۇن، مەيلى خۇشال چاغدا قىلسۇن، قەسەمدۇر دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدۇر.»[2]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

---

[1] بۇ ۋەقە ئەبۇ ئەتىييە بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئارىسىدا يۈز بەرگەن. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 418 ـ بەت.

[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 421 ـ بەت.

www.munber.org

مەزكۇر ئايەتتىكى ”قايتىش“ دېگەن سۆز نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

الله تائالا: ﴿ئەگەر ئۇلار قايتسا، الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى ”قايتىش“ دېگەن سۆز ھەققىدە فىقھىشۇناسلار مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئۇلاردىن بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئۇ سۆز جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا قايتىشتىن باشقا مەنە بىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا ئەر خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماي بۇ مۇددەت تۈگەپ كەتسە، خوتۇنى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.» بۇ سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە شەئبىنىڭ قارىشىدۇر.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئۆزرىسى يوق ئادەمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا قايتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كېسەل بولۇپ قالغان ياكى سەپەر ئۈستىدە ۋە ياكى تۈرمىدە بولۇپ قالغان بولسا، تىلى بىلەن ياكى دىلى بىلەن قەسەمدىن قايتقانلىقىنى ئىپادىلەش كۇپايە قىلىدۇ.» بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ھەرقانداق ۋاقىتتا قەسەمدىن تىل بىلەن قايتىشنى بىلدۈرىدۇ، ئەرنىڭ: خوتۇنۇم بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقا قايتتىم، دېيىشى كۇپايە.» بۇ ئىبراھىم نەخەئىنىڭ قارىشىدۇر[1].

ئەڭ توغرا بولغان قاراش ئىككىنچى قاراش بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 - ياخشى ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان قەسەمنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

2 - كىمكى بىر قەسەمنى قىلسا، ئاندىن قەسىمىگە خىلاپ ئىشنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسە، شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن ۋە قەسىمى ئۈچۈن كەففارەت بەرسۇن!

3 - قەسەمنى مەقسەت قىلماستىن، مەقسەتسىز ئېيتقان قەسەم ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەففارەتمۇ كەلمەيدۇ.

4 - خوتۇنىغا زىيان سېلىش مەقسىتىدە قىلىنغان قەسەم، ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا زىت كېلىدۇ.

5 - ئەر تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە قەسىمىدىن يانمىسا، خوتۇنى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 420 - بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 423 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 109 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 130 - بەت.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام شەرىئىتى خوتۇنغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق تىرىكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەر تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىشنى ھەم زىيان سېلىشنى ھارام قىلىدۇ. ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا اللە كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[1].

پەقەت خوتۇنغا يامانلىق قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت تاشلاپ قويۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق قىلغاندا خوتۇننى يا ئېرى بار ئەمەس، يا تالاق ئەمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا تامامەن زىت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا تەلىم تەربىيىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا ياراتقۇچى اللە تائالا خوتۇنى بىلەن مەلۇم مۇددەت يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلماقچى بولغان بۇ ئەرنى مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت ئاي مۆھلەت بەلگىلەشكە بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇ بۇ مۇددەت ئىچىدە توغرا يولغا قايتىپ، قەسىمىگە كەففارەت بەرسە، خوتۇنىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق تىرىكچىلىك قىلسا، ئۇنىڭغا يامانلىق ۋە زۇلۇم قىلىشنى توختاتسا، خوتۇن ئۇنىڭدۇر. ئۇنداق قىلماي قەسىمىدە چىڭ تۇرۇۋەرسە، بەلگىلەنگەن مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن خوتۇنى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ياخشى كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، ئاياللار ئۇستىدىن زۇلۇمنى كۆتۈرۈپ تاشلاپ، ئەلەرنى ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى بەختلىك ھاياتتا ئەرلەرنىڭ ھەمراھى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# ئىسلام دىنىدا تالاق قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى

﴿ وَٱلْمُطَلَّقَٰتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٍ ۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِىٓ
أَرْحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤْمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فِى ذَٰلِكَ إِنْ أَرَادُوٓا۟ إِصْلَٰحًا ۚ
وَلَهُنَّ مِثْلُ ٱلَّذِى عَلَيْهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾ ٱلطَّلَٰقُ
مَرَّتَانِ ۖ فَإِمْسَاكٌۢ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌۢ بِإِحْسَٰنٍ ۗ وَلَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَأْخُذُوا۟ مِمَّآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ
شَيْـًٔا إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا
فِيمَا ٱفْتَدَتْ بِهِۦ ۗ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا ۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ
﴿٢٢٩﴾ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ بَعْدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُۥ ۗ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَآ
أَن يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ ۗ وَتِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٢٣٠﴾ وَإِذَا
طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ ۚ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ
ضِرَارًا لِّتَعْتَدُوا۟ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۥ ۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓا۟ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًا ۚ وَٱذْكُرُوا۟
نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَآ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْحِكْمَةِ يَعِظُكُم بِهِۦ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ
ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٣١﴾ وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ
أَزْوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوْا۟ بَيْنَهُم بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ مِنكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ
ٱلْءَاخِرِ ۗ ذَٰلِكُمْ أَزْكَىٰ لَكُمْ وَأَطْهَرُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾ ﴾

**﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتىدۇ. ئەگەر ئۇلار اللّٰه قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى اللّٰه ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى**

كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. الله قالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر. ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇننى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ. سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار، ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. الله نىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (يەنى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى، ھېكمىتىنى (يەنى كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار، الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ. بۇ (يەنى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش، الله نىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇش)، سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر، (شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾.

www.munber.org

ـ سۈرە بەقەرە 228 ـ، 229 ـ، 230 ـ، 231 ـ، 232 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

قُرُوٓءٍ: (ھەيز)، بۇ سۆز «قەرئ» ياكى «قۇرئ» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئەرەب تىلىدا قارىمۇقارشى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ھەيزنى ۋە ھەيزدىن كېيىنكى پاكلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «قەرئ» نىڭ ئەسلى مەنىسى يىغىلماق بولۇپ، بالا ياتقۇدا قان يىغىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەيز دەپ ئاتالغان.

وَبُعُولَتُهُنَّ: (ئۇلارنىڭ ئەرلىرى)، بۇ سۆز «بەئل» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئېرى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەتتە تالاق قىلىۋېتىلگەن ئاياللار ئىددەتلىرىنىڭ توشۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۇلار بىلەن يېنىشىۋېلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

دَرَجَةٌ: (بىر دەرىجە)، بۇ سۆز لۇغەتتە يۇكسەك مەرتىۋە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اللە تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿اللە نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ﴾[1].

عَزِيزٌ حَكِيمٌ: (غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)، بۇ سۆز، يېڭىلمەس، كۈچلۈك ۋە غالىب پادىشاھتۇر، ھۆكۈملىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلطَّلَٰقُ: (تالاق)، بۇ سۆز نىكاھنىڭ ئاجراپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئەسلىدە يولغا راۋان بولۇش، يولغا سېلىپ قويۇش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. شۇڭا يولغا سېلىپ قويۇلغان خوتۇن مۇشۇ مەنىدە «تالاق بولغۇچى» دەپ ئاتالغان[2].

تَسۡرِيحٌ: (قويۇۋېتىش)، بۇ سۆز بىر نەرسىنى قويۇۋەتمەك، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھايۋانلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان سۆز بولۇپ، تالاق ئۈچۈن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

فَبَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ: (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا)، بۇ سۆز، ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشۇشقا يېقىنلاشقاندا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىددەت توشۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەرنىڭ خوتۇننى ياشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 163 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 111 ـ بەت.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىر نەرسىگە يېتىشتۇر. ئۇ يېقىنلاشقان مەنىدە ئىشلىتىلمەيدۇ، پەقەت بۇ ئايەتتىكىگە ئوخشاش يېقىنلىشىشقا ئالاقىسى بار يەردىلا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، خوتۇن كىشى ئىددەتتىن چىقىپ كەتسە، ئەرنىڭ ئۇنى باشقۇرۇشىغا يول قالمايدۇ.»[1]

ضِرَارًا: (زىيان يەتكۈزۈش)، بۇ سۆز زىيان سېلىش مەقسىتى بىلەن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى﴾[2].

ئايەتتە خوتۇنغا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە ئارىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنى يوقىتىش مەقسىتىدە يېنىشىشنى كۆرسىتىدۇ[3].

تَعْضُلُوهُنَّ: (ئۇلارنى توسماڭلار)، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەزل» بولۇپ، مەنئى قىلىش ۋە قىستاش مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئايەتتە، سىلەر قويۇۋەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇلار ئەرگە تەگمەكچى بولسا، ئۇلارنى ئەرگە تېگىشتىن توسماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَزْكَى: (ئەڭ پايدىلىق)، بۇ سۆز، سىلەرگە ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

وَأَطْهَرُ: (ئەڭ پاكتۇر)، بۇ سۆز «تەھارە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىرلەردىن، گۇناھلاردىن ۋە يامانلىقلاردىن پاك بولۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەرلىرى تەرىپىدىن ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار﴾ نەسەبنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بەچچىدانلىرىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ﴿ئۈچ﴾ پاكلىق مۇددىتى ياكى ئۈچ ھەيزلىك مۇددىتى كۈتۈشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۇلار بىلەن يېنىشىۋېلىشقا يات ئەرلەرگە قارىغاندا ﴿ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾. مۇنداق يېنىشىۋېلىشتىكى مەقسەت ئاياللارغا زىيان سېلىش ئەمەس، يارىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك﴾ يەنى ئەرلەرگە الله تائالا بۇيرۇغان رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش ئاياللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگىنىدەك، ﴿ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار﴾ يەنى ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلار بىلەن

[1] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 242 - بەت.
[2] سۈرە تەۋبە 107 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 117 - بەت.

www.munber.org

ياخشى ئۆتۈش قاتارلىق ھەقلەر ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾ يەنى ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، تۇرمۇشىنى قامداش، باشقۇرۇش ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش مەرتىۋىسىگە ئىگە.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە اللہ تائالا يېنىشىۋېلىشقا بولىدىغان تالاقنىڭ ﴿ئىككى قېتىم﴾ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر ئەر خوتۇنىنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تالاق قىلسا، ئۇ خوتۇن ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە، ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئەمما ئۈچ تالاق قىلمىغان بولسا، ئەرنىڭ نىكاھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خوتۇنى بىلەن يېنىشىۋېلىش ھەققى بار. ئەر خوتۇنى بىلەن يا چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشى لازىم، يا ئۇنىڭ ئۆزى خالىغان ئەرگە تېگىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن خېتىنى بېرىشى لازىم. ئۇ ئىككىنچى ئېرى بىلەن بەختلىك ئۆتۈشى مۇمكىن. ﴿ئەگەر ئىككىسى ئۈزۈلۈشۈپ كەتسە، اللہ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ﴾[1].

ئى ئەرلەر! ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا مەھرى ئۈچۈن بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ﴿ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش﴾ نى اللہ ﴿سىلەرگە ھالال قىلمايدۇ﴾ چۈنكى، سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن ھۇزۇرلاندىڭلار. ئەگەر سىلەر ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىمۇ مەھرى ھەققىدىن كېچىپ ياكى ئۆزىنى ئېرىگە تالاق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مال بېرىپ خېتىنى ئالماقچى بولسا، خوتۇنى بەرگەن بۇ مالنى ئالسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە اللہ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەگەر ئەر خوتۇنى بىلەن ئىككى قېتىم يېنىشقاندىن كېيىن ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە ﴿تالاق قىلسا﴾، ئۇ خوتۇن ئىددىتىنى توشقۇزغاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە، ﴿ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ﴾. ئىككىنچى ئەر ئۇ خوتۇننىڭ تەمىنى تېتىغان، خوتۇنمۇ ئۇ ئەرنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن ئىككىسى كېلىشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىككىنچى ئەر ئۇنى تالاق قىلسا، بىرىنچى ئېرى بىلەن كېلىشەلەيدىغان ۋە چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلگەن تەقدىردە، ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە اللہ تائالا ئەرلەرنى ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارغا زىيان سالماسلىققا بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا ئايال ئېرى بىلەن يېنىشىشقا ئىنتىلگەن تەقدىردە، بولۇپمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇرۇنقى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، يېڭى بىر ھايات يولىغا قەدەم قويغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن، ئەھۋالى ياخشىلانغان تەقدىردە، ئايال ئىگىلىرىنى ئايالنىڭ ئېرى بىلەن يېنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تالاق قىلىش سانى يوق بولۇپ، ئەر خوتۇنىنى ئۆزى خالىغانچە تالاق قىلاتتى، ئاندىن ئىددىتى توشاي دېگەندە يېنىشىۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئادەم خوتۇنىنى تالاق قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا: مەن سىز بىلەن بىر تۆشەكتە بولماسلىققا قەسەم قىلىمەن، ئىددىتىڭىزنىڭ توشۇشىغىمۇ يول قويمايمەن، دېگەن. خوتۇنى: قانداق قىلىپ؟ دەپ سورىغان. ئەر: سىزنى تالاق قىلىمەن، ئىددىتىڭىز توشاي دېگەندە سىز بىلەن يېنىشىۋالىمەن، دېگەن. ئاندىن بۇ ئايال ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ ئېرىدىن شىكايەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[①].

2 ـ ئىبنى جەرىر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەر خوتۇنىنى تالاق قىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگەشتىن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشاتتى، ئاندىن ئۇنى يەنە تالاق قىلاتتى. ئۇ خوتۇنغا زىيان سېلىش ۋە بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا اللە تائالا: ﴿سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[②]

3 ـ ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلىدۇكى، مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمگە ھەمشىرىسىنى ياتلىق قىلىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ئۆي تۇتىدۇ. ئاندىن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ خوتۇنىنى ياخشى كۆرەتتى، خوتۇنىمۇ ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى. كېيىن ئۇ خوتۇنغا قايتىدىن تەلەپ قويىدۇ. مەئقەل ئىبنى يەسار ئۇنىڭغا: ئى بىغەرەز! مەن سېنىڭ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ ھەمشىرەمنى ساڭا بەردىم. سەن ئۇنى تالاق قىلىۋەتتىڭ. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سەن بىلەن ھەرگىز يېنىشمايدۇ، دەيدۇ. اللە ئەرنىڭ خوتۇنغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، خوتۇنىنىڭمۇ ئېرىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. مەئقەل بۇ ئايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ئى پەرۋەردىگارىم!

---

① بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، شافىئى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 126 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 239 ـ بەت.

② ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 480 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 242 ـ بەت.

www.munber.org

بۇيرۇقۇڭنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن، دەيدۇ. ئاندىن ھەمشىرىسىنىڭ ئېرىنى چاقىرىپ: سېنىڭ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ ھەمشىرەمنى ساڭا بېرىمەن دەيدۇ[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتىدۇ﴾ دېگەن سۆزى خەۋەر ئۇسلۇبىدا بولغان بولسىمۇ، بۇيرۇق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ يەنى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتسۇن! دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شۇنداق ئىپادىلەشنىڭ پايدىسى شۇكى، بۇ خىل ئۇسلۇب كىشىگە بۇ بۇيرۇقنى تېز قوبۇل قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇيرۇق سۆز قۇرۇلمىسىنى خەۋەر سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن ئىپادىلەش شۇ بۇيرۇقنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەرھال ئەمەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇڭا ئايەتتە گويا ئۇ ئاياللار بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ بولغاندەك، خەۋەر سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن بايان قىلىنغان.»[2]

2 ـ الله تائالا: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە "ئۆزلىرى" دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش بىلەن بۇ ئايەتتىكى كۈتۈشنى ئالاھىدە قەيت قىلغان. ئىلگىرىكى باپتىكى ﴿تۆت ئاي كۈتىدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتتە بولسا، "ئۆزلىرى" دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىغان. ئۇنداقتا بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: بۇ ئايەتتە "ئۆزلىرى" دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش ئاياللارنى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى نەپسى خاھىشلىرىدىن توسۇپ، ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتۈشكە زورلاشقا تېخىمۇ كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاياللارنىڭ كۆڭۈللىرى ئەرلەرگە ئىنتىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتۈشكە زورلىشىنى، الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق نەپسى خاھىشلىرىنى يېڭىشىنى ئىرادە قىلغان. ئىلگىرىكى باپتىكى ئايەتتە خىتاب قىلىنغۇچى ئەرلەر بولغاچقا، ئالاھىدە قەيت قىلىشقا ئۇندەيدىغان سەۋەب مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك سىرنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ[4].

---

[1] «ئەتتاجۇل جامىئ لىلئۇسۇل» ناملىق كىتاب، 4 ـ جىلد، 63 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 298 ـ بەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 226 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇ نۇقتىغا ئىمام فەخرۇددىن رازى ئىشارەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىمام ئەبۇ سەئۇدمۇ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرىنىڭ، 1 ـ جىلد، 172 ـ بېتىدە بۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلغان.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن﴾ دېگەن سۆزى شەرتلىك جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابى قىسقارتىۋېتىلگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىلگىرىكى جۈملە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ شەرتلىك جۈملىنىڭ كېلىشىدىن مەقسەت ئىمانىنى شەرت قىلىپ ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنى سىرتتا قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى، ئاياللارنى شۇ ئىشقا ئىنتىلدۇرۇش ۋە شۇ ئىشنى ئۇلارغا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ، نۇتۇق سۆزلەشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇسلۇبتۇر. مەسىلەن سۆزلەۋېتىپ: ئەگەر مۆمىن بولساڭ، ئاتاڭغا ئازار بەرمىگىن، ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ، كىشىلەرنى ئالدىمىغىن دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوللىنىسەن. بۇ ئۇسلۇب سۆزنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

4 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ يەنى ئاياللىرى بىلەن يېنىشۋېلىشقا ئەرلىرى ئەڭ ھەقلىقتۇر.

ئىمام فەخرۇددىن رازى بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلىرىنىڭ يېنىشۋېلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئىنسان رەپىقىسى بىلەن ھەمىشە بىللە بولغاندا ئايرىلىش ئۆزىگە ئېغىر تۇيۇلامدۇ ياكى ئېغىر تۇيۇلمامدۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ رەپىقىسىدىن ئايرىلسا، شۇ چاغدا بۇ ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر الله تائالا بىر قېتىملىق تالاقنى يېنىششقا بولمايدىغان قىلىپ بەلگىلەپ قويغان بولسا ئىدى، ئىنسانغا ئەلۋەتتە ناھايىتى چوڭ مۇشەققەت ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، ياخشى كۆرۈش ئايرىلغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىملىق تالاق بىلەن تولۇق تەجرىبىگە ئىگە بولغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئىككى قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن يېنىشۋېلىشنى ھەقلىق قىلىپ بەلگىلىگەن. مانا بۇ تەدرىجى ھۆكۈم الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان، ناھايىتى كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»①

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار﴾ دېگەن سۆزى ناھايىتى ئىخچام ۋە گۈزەل بىر شەكىلدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى بار.

بۇ ھەقلەرنىڭ بىر قىسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، ئاياللىرىڭلار ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەقلىرىڭلار بولغىنىدەك، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەقلىرى بار. ئۇلارنىڭ سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئادەمنى سىلەرنىڭ كۆرپەڭلارغا دەسسەتمەسلىكى، ئۆيۈڭلارغا سىلەر

① ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 105 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

ياقتۇرمايدىغان ئادەمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەرمەسلىكى سىلەرنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىڭلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى چىرايلىق رەۋىشتە تەل قىلىپ بېرىشىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىدۇر.»[①]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇنۇم مەن ئۈچۈن ياسانغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياسىنىشنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى، الله تائالا: ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار﴾ دېگەن.»[②]

6 ـ ﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾ دېگەن ئايەت كۆرسەتكەن دەرىجە شەرەپ دەرىجىسى ئەمەس، پەقەت مەجبۇرىيەت دەرىجىسىدۇر. بۇ دەرىجىنى سۈرە نىسادىكى يەنە بىر ئايەت ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾[③]. بۇ دەرىجە ئۇلارنى قوغداش، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا ئارتۇقچىلىق ئۈچۈن تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ناھايىتى ئىنچىكە ئۆلچەمنى بېكىتكەن. ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾[④]. ئايال كىشى الله نىڭ دەرگاھىدا مىڭ ئەردىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ئادالەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

7 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىدا خىتىنى ئىلىشنى تەلەپ قىلغان تۇنجى ئايال سابىت ئىبنى قەيس[⑤]نىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بېشىم بىلەن ئېرىمنىڭ بېشىنى ھېچ نەرسە مەڭگۈ بىرلەشتۈرەلمەيدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئېرىمنى ئەخلاق ۋە دىن جەھەتتە ئەيىبلىمەيمەن. لېكىن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىشنى يامان كۆرىمەن. مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. بىر كۈنى چېدىرنىڭ پەردىسىنى قايرىپ قارىسام، ئۇ بىرقانچە ئادەم ئىچىدە كېلىۋېتىپتىكەن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قارا، ئەڭ پاكار ۋە يۈزى ئەڭ سەت ئادەم ئىكەن، دېدى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل مېلىمنى، بېغىمنى مەھرى ھەققى ئۈچۈن بەرگەن ئىدىم، ئەگەر ئۇ بېغىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ خىتىنى بېرىۋېتىمەن، دېدى.

[①] ئىمام نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 101 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 135 ـ بەت.
[③] سۈرە نىسا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[④] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[⑤] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى جەمىلە بىنتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىكەن. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 140 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟» دېدى. ئۇ: قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئەگەر ئۇ خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بېرىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋەتتى.»

8 ـ ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «سۈرلۈك كۆرسىتىش، دىللارغا قورقۇنچ سېلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشنىڭ ئارقىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش مەقسىتىدە: ﴿الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقسائىلار﴾، ﴿ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر﴾، ﴿الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار﴾ دېگەن ئۈچ ئورۇندا ئالماش كەلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا الله نىڭ كاتتا ئىسمىنى ئاشكارا كەلتۈرگەن.»[1]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ، ھامىلدار ئايالنىڭ ۋە ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى قانچىلىك؟

الله تائالا تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇشنى ۋاجىب قىلىپ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتىدۇ﴾ دېدى. بۇ ئايەتتىكى تالاق قىلىنغان ئاياللار بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەرلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان، ھامىلدار بولۇپ قالمىغان ياكى ھەيز كۆرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەرلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان ئاياللار ئىددەت تۇتمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك﴾[2].

ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەن تۈگەيدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[3].

بالاغەت يېشىغا يەتمىگەنلىكتىن ھەيز كۆرمەيدىغان، شۇنداقلا ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئاياللار ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 173 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر...﴾[1].

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولدۇكى، مەزكۇر ئايەت خاسلىقتا ئىگە بولۇپ، ئايەتتىكى ئىددەت ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنغان، كىچىك ياكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋە ياكى ھامىلدار بولمىغان ئايال ئۈچۈن خاس ھۆكۈمدۇر.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

مەزكۇر ئايەتتىكى ﴿قُرُوءٍ﴾ دېگەن سۆز نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

بىز يۇقىرىدا بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتە ھەيزگىمۇ، ھەيزدىن كېيىنكى پاكلىققىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. فىقھشۇناسلار بۇ سۆزنىڭ ئايەتتىكى مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام مالىك ۋە شافىئىي: بۇ سۆز ئايەتتە پاكلىقنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە ۋە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ، ئىمام ئەھمەدنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدۇر.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد (يەنە بىر رىۋايىتىدە): بۇ سۆز ھەيزنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە باشقىلارنىڭ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

## ئىمام مالىك ۋە شافىئىينىڭ دەلىللىرى

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ﴿ثَلاثَةَ قُرُوءٍ﴾ دېگەن سۆزدىكى تا ھەرپى ئەرەب تىلىدىكى ساناق سان قائىدىسىگە ئاساسەن مۇزەككەرلىكنى بىلدۈرىدۇ. پاكلىق مەنىسىدە ئېلىنغان الطهر دېگەن سۆزمۇ مۇزەككەرلىكنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ پاكلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ھەيز مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «ثلاث قروء» دېگەن لەۋزى بىلەن كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، ھەيز مۇئەننەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الأقراء» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ «الأطهار» يەنى پاكلىق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار بۇ نەرسىنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ نەرسە بىلەن سىنالغان.»[1]

---

[1] سۇرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3 ـ اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾[2].

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئايالالارنى ئىددەت ۋاقتىدا تالاق قىلىڭلار، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. ھەيز ۋاقتىدا تالاق قىلىش چەكلەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەت ئۇلارنى پاكلىق ۋاقتىدا تالاق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا القروء دېگەن سۆز پاكلىقنى بىلدۈرىدۇ.»

**ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەدنىڭ دەلىللىرى**

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ ئىددەت تۇتۇش بەچچىدانىدا بالا يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. بەچچىدانىدا بالىنىڭ يوقلۇقىنى پاكلىق ئەمەس، ھەيز ئىسپاتلايدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «مەن القروء دېگەن سۆز پاكلىق دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايتتىم. بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئۇنى ھەيز دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايمەن.»[3]

2 ـ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇبەيشنىڭ قىزى فاتىمىگە دېگەن مۇنۇ سۆزنى دەلىل قىلىدۇ: «ھەيز كۈنلىرى نامازنى ئۆتىمەڭ»[4] (بۇ يەردە ھەيز سۆزى القروء لەفزى بىلەن كەلگەن) چۈنكى، ھەيز ۋاقتىدا ناماز ئوقۇش ھارامدۇر.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھامىلدار ئايال بوشانمىغىچە، ھامىلدار بولمايدىغان ئايال ھەيز كۆرۈش بىلەن بەچچىدانىدا بالا يوقلۇقىنى ئىسپاتلىمىغىچە ئەرگە تەگمەيدۇ.»[5] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامىلدار بولمايدىغان ئايالنى ھەيز كۆرۈش بىلەن بەچچىدانىدا بالىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا بۇيرۇغان.

دېمەكلەرنى سىتۇبىلىشتا ئۇلارنىڭ بەچچىدانلىرىدا بالا يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسىنىڭ ھەيز ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. شۇنىڭدەك ئىددەت تۇتۇشمۇ ھەيز بىلەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مەقسەت بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ بەچچىدانىدا بالا يوقلۇقنى ئىسپاتلاشتۇر.

4 ـ اللہ تائالا: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 94 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 185 ـ بەت.
[2] سۈرە تەلاق، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 259 ـ بەت.
[4] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 205 ـ بەت.
[5] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 435 ـ بەت.

www.munber.org

بولىدىغانلىقىدىن) شۇبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾[1] دېگەن سۆزىدە ئىددەت ئۈچۈن ھەيزنىڭ ئورنىغا ئاينى كەلتۈرگەن. مانا بۇ، ئىددەت ئۈچۈن پاكلىق ئەمەس، ھەيزنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

بۇ، ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر.

5 ـ ئەگەر ئىددەتنى ھەيز بىلەن ھېسابلىساق، ئۈچ قېتىملىق ھەيزنىڭ تولۇق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. چۈنكى، تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچىنچى قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن ئىددەتتىن چىقىدۇ. ئەكسىچە، ئىددەتنى پاكلىق بىلەن ھېسابلىساق، بىر ئادەم خوتۇننى پاكلىقنى ئۇ ئاخىرقى كۈنلىرىدە تالاق قىلسا، ئۇ خوتۇن ئىككى پاكلىقنى ۋە ئۈچىنچى پاكلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىز ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ[2].

## كۈچلۈك قاراش

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، سەھىھ ھەدىسلەر ئۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىددەت تۈگۈشتىن مەقسەت بەچچىداندا بالا يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ، پاكلىق بىلەن ئەمەس، ھەيز بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىدا بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا دەلىل كۆرستىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، «قەرئ» دېگەن سۆز شەرئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ سۆزىدە پەقەت ھەيز ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ سۆزىدە بىرمۇ يەردە پاكلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئەمەس. شۇڭا ئايەتتىمۇ ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق ۋە تونۇشلۇق بولغان مەنىدە ئېلىش ئەڭ ياخشىدۇر، بەلكى ئۇنىڭدىن شۇ مەنە مۇقەررەرلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇبەيشنىڭ قىزى فاتىمەگە: «ھەيز كۈنلىرى نامازا ئۆتىمەڭ» دېگەن. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نىڭ نامىدىن سۆزلەيدۇ. قۇرئان كەرىممۇ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن نازىل بولغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ سۆزىدىن ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق سۆز كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇنى ئۇنىڭ باشقا سۆزلىرىدىمۇ شۇنداق مەنىدە ئېلىش ۋاجىپ بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ھېچ بىر سۆزىدە باشقا مەنىنى ئىرادە قىلغانلىقى ئىسپاتلانمىغان. گەرچە ئۇ سۆز باشقىلارنىڭ سۆزىدە باشقا مەنىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، بىز خىتاب قىلىنغان قۇرئاننىڭ تىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدۇر. شەرئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ القرء دېگەن سۆزنى ھەيز مەنىسىدە ئىشلەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ تىلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇ سۆزنى ئۇنىڭ سۆزىدە ھەيز مەنىسىدە ئېلىش مۇئەييەنلىشىدۇ. بۇ مەنىنى الله تائالانىڭ: ﴿بەچچىدانلىرىدىكى الله

[1] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 185 ـ بەتتىگە، ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 434 ـ بەتتىگە، ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 96 ـ بەتتىگە ۋە ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 206 ـ بەتتىگە قاراڭ.

ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىدا الله ياراتقان ئۇ نەرسە بالا ۋە ھەيزدىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالا يەنە: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾[1] دەپ، ھەر ئاينى بىر ھەيزنىڭ باراۋىرىگە قىلدى ۋە ھۆكۈمنى پاكلىقنىڭ بولماسلىقىغا ئەمەس، ھەيزنىڭ كەلمەسلىكىگە باغلىق قىلدى.

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾[2]. بۇ ئايەت ئۇلارنى ئىددىتىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، كەلمەكچى بولغان ئىددىتىگە لايىق تالاق قىلىڭلار دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئاياللار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتنىڭ ۋاقتى تالاقتىن كېيىن كېلىدىكەن، تالاقتىن كېيىن كېلىدىغان ۋاقىت پەقەت ھەيزدىنلا ئىبارەتتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پاك ئايال پاكلىقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ پاكلىقنى كۈتمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزى تۇرىۋاتقان پاكلىق ھالىتىدىن كېيىن كېلىدىغان ھەيز ۋاقتىنى كۈتىدۇ.»[3]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

الله تائالانىڭ: ﴿بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنە بېرىدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسە﴾ بالىدۇر. ئۇ ئۆمەر، ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدنىڭ سۆزىدۇر.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەيزدۇر.» ئۇ ئىكرىمە، نەخەئى ۋە زۆھرىنىڭ سۆزىدۇر.

قالغانلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بالا ۋە ھەيزدۇر.» ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنۇل ئەرەبىمۇ مۇشۇ سۆزنى تاللىغان.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ سۆزى ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، الله تائالا خوتۇن كىشىنى ئۆزىنىڭ بەچچىدانىغا ئامانەتدار قىلدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ بەچچىدانىدا نېمە بارلىقىنى ئۇنىڭ خەۋىرىسىز بىلىشنىڭ ھېچ يولى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكى ئاشكارا

[1] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەلاق، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئىبنى قەييۇمنىڭ «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابى، 3 ـ جىلد، 96 ـ بەت.

www.munber.org

بولۇپلا قالمىسا، ئۇنىڭ بەچچىدانىدا بالا بارلىقى ياكى بالا يوقلۇقى ھەققىدىكى سۆزىگە پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ئەمەل قىلىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق.»[①]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئاياللارنىڭ بەچچىدانلىرىدا بار نەرسىنى يوشۇرۇشنى ھارام قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئەرنىڭ يېنىشىۋېلىش ھەققىگە ۋە نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. خوتۇن كىشى بەچچىدانىدا ئېرىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، ئىددىتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىشى، ئاندىن ئەرگە تېگىشى، نەتىجىدە بۇ نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئېرىنى يېنىشىۋېلىش ھەققىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا الله تائالا ئاياللارنىڭ بەچچىدانلىرىدىكى بالا ۋە ھەيزنى يوشۇرۇشنى ھارام قىلدى.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

مەزكۇر ئايەت تالاق قىلىنغان ھەممە ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزلىرى ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە كۈتىدۇ﴾ دېگەن ئايەت يېنىشقىلى بولىدىغان ۋە يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ دېگەن سۆزى يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئاياللارغىلا خاستۇر. چۈنكى، يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىۋېتىلگەن ئايال ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ بولغان بولىدۇ.

ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئاياللارغا خاستۇر. ئەمما يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئاياللارغا كەلسەك، بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىش دېگەن گەپ يوق ئىدى. بۇ ئىش پەقەت تالاقنى ئۈچكە قىسقارتقاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا ئەر كىشى خوتۇنىنى يۈز قېتىم تالاق قىلىۋەتسىمۇ، يېنىشىۋېلىش ھەققىگە ئىگە ئىدى. تالاق قىلىش ئۈچ قېتىمغا قىسقارتىلغاندىن كېيىن كىشىلەر يېڭى نىكاھ بىلەن يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايال، ھەرگىز يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايال دەپ ئايرىيدىغان بولدى.»[②]

## بەشىنچى ھۆكۈم

يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقنىڭ ھۆكمى نېمە؟

---

[①] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 186 ـ بەت.
[②] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 271 ـ بەت.

يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق شۇكى، ئايال كىشى ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىكەن، ئەرنىڭ يېڭىدىن نىكاھ قىلماستىن، يېڭىدىن مەھرى ھەققى بەرمەستىن ۋە خوتۇنىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن يېنىشىۋېلىش ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئەر خوتۇنى بىلەن ئىددەت ئىچىدە يېنىشماي، ئىددەت تۈگەپ كەتسە، خوتۇنى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئاجراپ كېتىدۇ. شەرىئەت بەلگىلىگۈچى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئەرنىڭ يېنىشىۋېلىش ھەققىنى بېكىتكەن. يەنى ئاياللىرى ئىددەتتىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە ئەرلىرى ئۇلار بىلەن يېنىشىۋېلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر.

يېنىشىۋېلىش ئەرنىڭ ھەققى بولغان ئىكەن، ئايالنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش شەرت قىلىنمايدۇ. ئۇ ئايال ۋەلىيگىمۇ موھتاج بولمايدۇ. شۇنداقلا يېنىشىشقا گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىشمۇ شەرت قىلىنمايدۇ. پەقەت ئەر خوتۇنى بىلەن يېنىشىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يېنىشقانلىقىنى رەت قىلىش خەۋپى بولغانلىقتىنلا يېنىشقانلىققا گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىش ياخشى دەپ قارىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىكنىڭ قارىشىدا سۆز بىلەن يېنىشىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن ئەر: خوتۇنۇمنى نىكاھىمدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياندىم، دەيدۇ. سۆيۈۋېلىش، ھېسسىيات بىلەن قۇچاقلاش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەنمۇ يېنىشىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «يېنىشقانلىقنى ئوچۇق سۆزلىمەي تۇرۇپ يېنىشقىلى بولمايدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلدۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، تالاق ئاردىكى نىكاھنى يوق قىلىدۇ.»

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنچى قاراشتىكىلەر ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئىددەت ئىچى ئىختىيارلىق مۇددەتتۇر. ئىختىيارلىق سۆز بىلەنمۇ، ھەرىكەت بىلەنمۇ دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بۇيرۇغىن» دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىلىرى ھەرىكەت بىلەنمۇ يېنىشىۋېلىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا سۆز خاس قىلىنمىغان. كىمكى خاسلىقنى داۋا قىلىدىكەن، دەلىل كەلتۈرۈشى لازىم.»[1]

### ئالتىنچى ھۆكۈم

بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا، ئۈچ تالاق بولامدۇ ياكى بىر تالاق بولامدۇ؟

[1] ئىمام شەۋكانىنىڭ «نىيلۇل ئەۋتار» ناملىق كىتابى، 6 ـ جىلد، 214 ـ بەت.

www.munber.org

الله تائالانىڭ: ﴿تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېگەن سۆزى تالاقنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى بولۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا، ئۈچ تالاق بولامدۇ ياكى بىر تالاق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار ھەرخىل قاراشتا كەلدى:

كۆپچىلىك ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە تۆت مەزھەب ئىماملىرى ئۈچ تالاق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتنى چۈشىنىشتىكى ئىختىلاپلىرىغا ئاساسەن بىر سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق يا ھارام دەرىجىسىدە، يا مەكروھ دەرىجىسىدە ئۈچ تالاق بولىدۇ.

زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا، بىر تالاق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تاۋۇس ۋە ئىبنى تەيمىيە، شۇنداقلا شىئە ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ئىمامىيە مەزھەبىدىكىلەرمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغان. كېيىنكى دەۋردە ئۆتكەن فىقھشۇناسلارمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇستىدىن قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈش، تالاق ۋەقەلىرىنى ئازايتىش ۋە ھالاللاش بۇزۇقچىلىقىدىن قېچىش ئۈچۈن مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلغان.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا تالاق قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن چەك بەلگىلەپ بەردى، بىر قېتىم تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تالاق قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىشىغا ۋە ھەققىنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا مەلۇم ئارىلىق بەلگىلەپ بەردى. ئەگەر ئىنسان بۇ رۇخسەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۈچ تالاق قىلسا، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىككى قېتىم تالاق قىلىش ھەققى بار. ئۈچىنچى تالاق بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ خوتۇنىنى بىرلا سۆزگە يىغىپ تالاق قىلسۇن ياكى ئايرىم ـ ئايرىم تالاق قىلسۇن ئوخشاشتۇر. ئىسلام دىنى ئۇنى ھەققىدىن ئەۋزەل ۋە پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىشنى ئۆزىگە تەسلەشتۇرۇۋالسا، ئۆزىنىڭ ئۆۋالى ئۆزىگە بولىدۇ.

2 ـ مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغۇەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى. ھەتتا مەن، ئۇ ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشۇۋېلىشقا بۇيرۇيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاندىن ئۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاماقەتلىك قىلىپ خوتۇنىنى تالاق قىلىدۇ، ئاندىن: ئى ئىبنى ئابباس! ئى ئىبنى ئابباس! دەيدۇ، الله

تائالا: ﴿كىمكى اللّٰه دىن قورقىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾[1] دېگەن، سەن اللّٰه دىن قورقماپسەن، مەن ساڭا چىقىش يولى تاپالمىدىم، سەن پەرۋەردىگارىڭ اللّٰه تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپسەن، خوتۇنىڭ سەندىن پۈتۈنلەي ئاجراپ كېتىپتۇ، دېدى.»[2]

3 ـ ئۇلار يەنە ساھابىلارنىڭ بىردەك قارىشىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئەينى زاماندا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندا ساھابىلار ئۇ ھۆكۈمنى ئېتىراپ قىلغان، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھۆكمىگە ساھابىلاردىن ھېچكىم قارشى چىقمىغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام بۇخارىمۇ بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق بولىدۇ، دەپ قارىغان ۋە اللّٰه تائالانىڭ: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾ دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە بىر باب ئاجرىتىپ: «ئۈچ تالاق قىلغان كىشى ھەققىدە» دەپ ئىسىم قويغان. ئىمام بۇخارى بۇ سانىنىڭ پەقەت ئەرلەرگە كەڭچىلىك قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەنلىكىگە، كىمكى ئۆزىگە تارلاشتۇرىۋالسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلغان.[3]

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

بىر سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق ھېسابتا بىر تالاق بولىدۇ، دېگۈچىلەر شۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇكى، ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم تاۋۇستىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا بىر سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق ھېسابتا بىر تالاق بولاتتى. كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ئادەملەر تەمكىنلىك تەلەپ قىلىدىغان ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئەگەر بىز تالاقنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققىنىغا ھۆكۈم قىلساق قانداق؟ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققىنىغا ھۆكۈم قىلدى.»[4]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللّٰه تائالا: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق تالاقنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم

---

[1] سۈرە تەلاق، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 452 ـ بەت. رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە بايان قىلىنىشىچە سورىغۇچى ئىبنى ئابباسقا: «مەن خوتۇنۇمنى يۈز تالاق قىلىۋەتتىم» دېگەن. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ئۈچ تالاق خوتۇنۇڭنى ساڭا ھارام قىلىپتۇ، قالغان 97 تالاقتا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىپسەن» دېگەن.
[3] سەھىھ بۇخارىغا قاراڭ. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 128 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 189 ـ بەت.
[4] سەھىھ مۇسلىمغا قاراڭ. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 132 ـ بەت. ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 238 ـ بەت.

www.munber.org

بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. يەنى تالاق بېرىدىن كېيىن يەنە بىرى بولىدۇ. ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان كىشى بىرىدىن كېيىن بىرى بولىدىغان نەرسىنى بىرلا قېتىمدا ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا قادىر بولالمايدۇ. مەسىلەن: لەنەت ئېيتىششىنى ئالساق، ئۇ چوقۇم ئايرىم - ئايرىم بولۇشى كېرەك. ئەگەر لەنەت ئېيتقۇچى: سۆزۈمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېسە، بىر قېتىم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغۇچى: زىنا قىلغانلىقىمنى تۆت قېتىم ئىقرار قىلىمەن، دېسە، بىر قېتىم ھېساب بولىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەت بەلگىلىگۈچى مۇسۇلماندىن ھەر نامازنىڭ ئارقىدىن پەرۋەردىگارى الله قا 33 قېتىمدىن تەسبىھ ئېيتىشنى، ھەمدى ئېيتىشنى ۋە تەكبىر ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بىرلا سۆز بىلەن: «33 سۇبھانەللاھ ئېيتىمەن» دېيىشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئىشنى ئادا قىلغان بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئايرىم - ئايرىم تەسبىھ ئېيتىشى كېرەك.»

ئىمام ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئەئلامۇل مۇۋەققىئىين» ناملىق كىتابىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن توختىلىدۇ ۋە ئىبنى تەيمىيەنىڭ قارشىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام شەۋكانىمۇ «نەيلۇل ئەۋتار» ناملىق كىتابىدا شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس يازغان بىر كىتابچىسى بار.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىككىنچى قاراشتىكىلەر كۆرسەتكەن ھەممە دەلىللەر كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىنى ۋە ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىنى رەت قىلىشقا تەڭ تۇرالمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى دەلىل - پاكىت بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. بىز الله تائالانىڭ، دىنىغا مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەمەل قىلىمىز ۋە بۇنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. چۈنكى، ساھابىلار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىگە ۋە فىقھشۇناسلار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىگە قارشى چىقىش ئاددىي ئىش ئەمەس.

بۇ مەسىلە ھەققىدە بىز ئەللامە قۇرتۇبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە يازغان مۇنۇ قۇرلارنى نەقىل قىلساق ياخشى بولىدۇ: «پەتىۋا ئىماملىرى بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇ كۆپچىلىك سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر. تاۋۇس ۋە زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ئىبارەت ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بىر سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق بولىدۇ دەيدۇ. داۋۇد زاھىرىنىڭ: ئۈچ تالاق بولمايدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كۆپچىلىك سەلەف ئۆلىمالىرى ۋە ئىماملار ئۈچ تالاق بولىدۇ، ئۈچ تالاقنى بىراقلا بىر سۆز بىلەن قىلسۇن ياكى ئايرىم - ئايرىم قىلسۇن ئارىدا ھېچ پەرق يوق دەپ قارايدۇ. بىر سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا، بىر تالاق بولىدۇ، دېگەنلەر تۆۋەندىكى ئۈچ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ:

بىرىنچى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇنى تاۋۇس، ئەبۇ سەھبائ ۋە ئىكرىمە رىۋايەت قىلغان.

ئىككىنچى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغۇەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بۇيرۇغان. ئۇ تالاق بولسا بىر قېتىم ھېسابلانغان.

ئۈچىنچى، رۇكانە دېگەن ئادەم خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغۇەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بۇيرۇغان. بۇ يېنىشىۋېلىش تالاقنىڭ بىر قېتىم ھېسابلانغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ ھەدىسلەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئىمام تاھاۋى بايان قىلىدۇكى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد ۋە ئەتائ قاتارلىقلار خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغۇەتكەن ئادەم ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىپتۇ، خوتۇنى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئاجراپ كېتىپتۇ، خوتۇنى باشقا ئەرگە تېگىپ ئاجراشمىغىچە ئۇ ئۇنى نىكاھىغا ئالالمايدۇ.»

بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن قىلغان رىۋايىتى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئۇيغۇن بولۇپ، تاۋۇس[①] ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتىدە سەۋەنلىك بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزىنىڭ قارىشىنى ياقلاپ، ساھابىلارنىڭ قارىشىغا قارشى چىقىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى.

ئىبنى ئابدۇل بەر مۇنداق دەيدۇ: «تاۋۇسنىڭ رىۋايىتىدە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق بار. ھىجاز، شام، ئىراق شەھەرلىرىنىڭ، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى شەھەرلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن ھېچ بىرى ئۇ ھەدىسنى دەلىل سۈپىتىدە قوللانمىغان.»

ئەلباجى مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىنى سۆزى ئېتىبارىغا ئېلىنمايدىغان كىشىلەر باشقىچە قىلىپ چۈشەندۈرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بولسا كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا قايتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىدە "بىرلىككە كېلىش" بارلىققا كەلگەن. بۇ مەسىلىدە قايسى دەلىلمىزگە كەلسەك، بۇ تالاقنى ئۇنىڭغا ئىگە بولالايدىغان ئادەم سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىگە كەلسەك، ئۇ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلغۇەتكەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خوتۇنى ھەيزلىك ھالىتىدە ئىدى... ئىمام دارۇقۇتنى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىئە

[①] تاۋۇسنىڭ رىۋايىتى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ: ئەبۇ سەھبائ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا: بىلەمسەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا بىر سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق بولاتتى، ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىدە ئۈچ تالاق بولامدۇ؟ دېدى. ئابدۇللاھۇ ئىبنى ئابباس: شۇنداق، بىلىمەن دېدى.

www.munber.org

مەزھىبىدىكىلەردۇر. ئەسلى ساغلام ساقلانغان رىۋايەت شۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر خوتۇنىنى ھەيزلىك ھالىتىدە بىر تالاق قىلىۋەتكەن.»[1]

رۇكانەنىڭ ھەدىسىگە كەلسەك، ئىبتىلىشچە بۇ ھەدىسنىڭ لەۋزىدە ئوخشىماسلىق، سەنەدىدە ئۈزۈكلۈك يۈز بەرگەن بولۇپ، دەلىل قىلىشقا شەرتى توشمايدىكەن. ئۇنى ئىكرىمە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: رۇكانە ئايالىنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خوتۇنىڭنى قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالغىن» دېدى، دەپ بايان قىلىنغان.

بۇ ھەدىس ئەسلىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: رۇكانە خوتۇنىنى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نىمىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ پەقەت بىر تالاقنى ئىرادە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشتۇرۇپ قويدى[2].

دېمەك، بۇ ھەدىسنىڭ ئىسمىدا ۋە لەۋزىدە ئەنە شۇنداق ئوخشىماسلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنى دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ»[3].

قىسقىسى، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى دەلىل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بولۇپمۇ ساھابىلارنىڭ ۋە ئىجتىھادچى ئىماملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىل بولىدۇ.

## يەتتىنچى ھۆكۈم

اللہ تائالانىڭ ﴿تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېگەن سۆزى نىمە مەنىنى كۆرستىدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار اللہ تائالانىڭ ﴿تالاق ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىرقانچە قاراشلارغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز:

---

[1] بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق بولۇپ، نافىئ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا خوتۇنىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇغىن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام دارۇقۇتنى ئۆزىنىڭ سۈنەنىدە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: رۇكانە خوتۇنى سۇھەيمەنى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىپ: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت بىر تالاقنى ئىرادە قىلغان ئىدىم دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن پەقەت بىر تالاقنى ئىرادە قىلدىڭمۇ؟ دەيدۇ. رۇكانە: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت بىر تالاقنى ئىرادە قىلغان ئىدىم دەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشتۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ خوتۇنىنى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئىككىنچى قېتىم، ئوسماننىڭ زامانىدا ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىدۇ.

[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 131 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 136 ـ بەت.

1 ـ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەن دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتلەردىن مۇستەقىل مەنىگە ئىگە. بۇ، ھەججاج ئىبنى ئەرتەئەنىڭ ۋە رافىزىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ سۈننەتكە ئۇيغۇن تالاق ئىككى قېتىمدۇر دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbباس ۋە مۇجاھىدنىڭ، ھەمدە ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدۇر.

3 ـ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، قەتادە، ئۇرۋە ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام شەۋكانى «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر تالاق ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ دەلىلى بىلەن يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئەرلەر ئۈچۈن يېنىشىش ھەققى بار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تالاقتىن ئىبارەت ئىككى قېتىمدۇر. ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن يېنىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، اللە تائالا «ئىككى تالاقتۇر» دېمەستىن، ﴿ئىككى قېتىمدۇر﴾ دېدى. مانا بۇ، ئىككى تالاقنىڭ بىرلا قېتىمدا ئەمەس، بىردىن كېيىن بىرى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.»[①]

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

ئەرنىڭ خوتۇنىنى تالاق قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن مال ئېلىشى دۇرۇس بولامدۇ؟

اللە تائالا ئەرنى خوتۇنىنى قويۇپ بەرگەندە چىرايلىقچە قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى ۋە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولمىسىلا، ئەرنى خوتۇنىغا بەرگەن مەھرىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىشۋېلىشتىن توستى. ﴿اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، اللە بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ﴾.

اللە ئەر خوتۇن ئىككىسىگە بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش بولسا، ئۆزئارا ياخشى ئۆتۈش، ئائىلە قىلىش، ئەر ـ خوتۇن ھەر بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر چىقىشالماسلىق ۋە قارشىلىشىش ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈش ۋە نەپرەتلىنىش سەۋەبلىرى ھاكىمىيەت ئورنىغا ئۆتسە، خوتۇنىنىڭ بەدەل تۆلەپ خېتىنى ئېلىشى، ئەرنىڭمۇ خوتۇنى بەرگەن مالنى قوبۇل قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

خوتۇنىنى بۇ خىل شەكىلدە تالاق قىلىش "خۇلئ" دەپ تونۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، فىقھشۇناسلار ئۇنى «ئەرنىڭ خوتۇنىدىن بەدەل ئېلىپ ئاجرىشىپ كېتىشى» دەپ تەرىپ قىلغان. ئەرنىڭ بەدەل ئېلىشى ئادىللىق ۋە ئىنساپپەرۋەرلىكتۇر. چۈنكى، خوتۇنغا

[①] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 238 ـ بەت.

مەھرى بەرگەن، توي چىقىملىرىنى قىلغان ۋە خوتۇنىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى بەرگەن ئەردۇر. بىراق خوتۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تۈزكورلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، خىتىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنساپ قىلىپ، ئەردىن ئالغان مالنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. بۇ ھەقتىكى ئەسلى دەلىل شۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىمام بۇخارى سابىت ئىبنى قەيسنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋەقەلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خوتۇنغا: «ئۇنىڭ بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟» دەيدۇ. ئۇ: ھەئە دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتقا: «بېغىڭنى ئېلىپ ئۇنى بىر تالاق قىلغىن» دەيدۇ[1].

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: اللہ تائالانىڭ: ﴿خوتۇنىنىڭ (تالاق خىتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئەر خوتۇنىدىن مەھرىگە بەرگەن مالدىن ئارتۇق مال ئالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئاممىباب بولۇپ، ئازنىمۇ، كۆپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەئبى، زۆھرى ۋە ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرنىڭ مەھرى ئۈچۈن خوتۇنغا بەرگەن نەرسىدىن ئارتۇق نەرسە ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مالنى ناھەق ئېلىۋالغان قاتارغا كىرىپ قالىدۇ. مەزكۇر ئايەت ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بەرگەن نەرسىسىدىن ئېلىش ھەققىدە بولغان بولغاچقا، ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ».

كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. بىراق ئۇ ياخشى ئەمەس.

فىقھشۇناسلار ”خۇلئ“ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھېسابلىنامدۇ ياكى تالاق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلدى. كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ئۇ تالاق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىي بۇرۇن بەرگەن پەتىۋاسىدا ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ، دېگەن. خوتۇنى خىتىنى تەلەپ قىلىپ ئاجراشقانلىقى ئۈچۈن بۇ تالاق ئەرگە ھېساب بولامدۇ ياكى ئەرگە ھېساب بولمامدۇ، دېگەن مەسىلىدە بۇ ئىختىلاپنىڭ پايدىسى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى دەلىللەرنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن فىقھى ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم[2].

### توققۇزىنچى ھۆكۈم

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ئۇ بىرىنچى ئېرى ئۈچۈن قانداق ھالال بولىدۇ؟

[1] بۇ ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 143 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 195 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 276 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 109 ـ بەت.

الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇننى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ باشقا ئەرگە تەگمىگىچە بىرىنچى ئېرىگە هارام بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا تالاق هۆكمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى قېتىم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، ئاندىن "خۇلئ" هۆكمىنى بايان قىلدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن: ﴿ئەگەر ئۇنى تالاق قىلسا﴾ دېدى. مانا بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇنى تالاق قىلسا﴾ دېگەن سۆزى ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلغان ئېرىگە هالال بولمايدۇ. بۇ بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا هېچقانداق ئىختىلاپ يوق.»[1]

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ۋە ئىجتىهادچى تۆت ئىمام مۇنداق دەپ قارايدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿(خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە﴾ دېگەن سۆزىدىكى ئەرگە تېگىش پەقەت نىكاهلىنىشنىلا ئەمەس، ئىككىنچى ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ئەر ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىغىچە ئۇ ئايال بىرىنچى ئەرگە دۇرۇس بولمايدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايال ئىككىنچى ئەرگە نىكاهلىنىش بىلەنلا بىرىنچى ئەرگە دۇرۇس بولىدۇ.»[2] بۇ قاراش تۆۋەندىكى سەهىھ هەدىسكە قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزدۇر.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىبنى جەرىرنىڭ ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ هەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ، ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: رۇفائەنىڭ خوتۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن رۇفائەنىڭ خوتۇنى ئىدىم. ئۇ مېنى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىۋەتتى. كېيىن مەن ئابدۇررەهمان ئىبنى زۇبەيرگە تەگدىم. بىراق ئۇنىڭ ئۇ نەرسىسى كىيىمنىڭ پېشىغا ئوخشاشكەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ خوتۇنغا: «سىز رۇفائە بىلەن يېنىشماقچىمۇ؟ ياق، سىز ئابدۇررەهماننىڭ هەسىلىنى تېتىمىغىچە، ئۇمۇ سىزنىڭ هەسىلىڭىزنى تېتىمىغىچە رۇفائە بىلەن يېنىشالمايسىز» دېدى.[3] بۇ هەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، پاك سۈننەت مەزكۇر ئايەتتىكى ئەرگە تېگىش سۆزىنىڭ پەقەت نىكاهلىنىشنىلا ئەمەس، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ناهايىتى ئوچۇق

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەهكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 147 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ قاراشنىڭ ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ناهايىتى مەشهۇردۇر، بىراق ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنىڭ توغرىلىقىدا شۈبهە بار. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 277 ـ بەت.
[3] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 476 ـ بەت.

www.munber.org

ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار: «ئايەتنىڭ ئۆزىلا شۇ مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ.

### ئونىنچى ھۆكۈم

#### ھالاللىغۇچىنىڭ نىكاھى توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟

ھاللىلغۇچى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالنى بىرىنچى ئېرىگە ھالال قىلىپ بېرىش مەقسىتىدە نىكاھىغا ئالىدىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىپتە ئۇنى "ئارىيەتكە ئېلىنغان تېكە" دەپ ئاتاپ: «مەن سىلەرگە ئارىيەتكە ئېلىنغان تېكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەيدۇ. ساھابىلار: شۇنداق قىلغىن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھالاللىغۇچىدۇر. الله ھالاللىغۇچىغا ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت قىلسۇن!» دەيدۇ①.

ئۆلىمالار ھالاللىغۇچىنىڭ نىكاھى ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك، ئەھمەد، شافىئىي ۋە سەۋرى قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالار: مۇنداق نىكاھ باتىلدۇر، ئۇ خوتۇن مۇنداق نىكاھ بىلەن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر ۋە شافىئىي مەزھەبىنىڭ بەزى فىقھشۇناسلىرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: مۇنداق نىكاھ ياخشى ئەمەس، لېكىن باتىلمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نىكاھنى ھالاللىغۇچى دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىدىن ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل چىقىدۇ. نىمىشقا دېگەندە ئۇ ھالاللاشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىمام ئەۋزائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇنداق ئىشنى قىلغۇچى نىمىدېگەن سەت ئىشنى قىلدى ھە! بىراق نىكاھ دۇرۇستۇر.»

#### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھالاللىغۇچىنىڭ نىكاھىنىڭ نىكاھ بولمايدىغانلىقىغا تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالاللىغۇچىغا ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت ئېيتتى② دېگەن ھەدىس.

① ئىمام ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 141 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 279 ـ بەت.

② بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسائى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خال چەككۈچىگە ۋە خال چەكتۈرگۈچىگە، يالغان چاچ سالغۇچىغا ۋە يالغان چاچ سالدۇرغۇچىغا، ھالاللىغۇچىغا ۋە ھالاللانغۇچىغا لەنەت ئېيتتى.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن سىلەرگە ئارىيەتكە ئېلىنغان تېكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەيدۇ. ساھابىلار: شۇنداق قىلغىن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇ ھالاللىغۇچىدۇر...» دەيدۇ، دېگەن ھەدىس.

3 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھالاللىغۇچىنىڭ نىكاھى ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «ياق» يەنى ھالال بولمايدۇ، «پەقەت ئۇ ھىيلە ئىشلەتمەستىن، الله نىڭ كىتابىنى مەسخىرە قىلماستىن، ئۆزىنىڭ رىغبىتى بىلەن نىكاھلانسا ۋە ئايالىنىڭ ھەسىلىنى تېتىسا ئاندىن ھالال بولىدۇ.»[1]

4 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئالدىمغا ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللاتقۇچى كەلتۈرۈلسە، ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىمەن.»

5 ـ نافىئ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: بىراۋ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى، ئاندىن ئۇ ئەرنىڭ قېرىندىشى ئۇ ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇش نىيىتىدە ئەمەس، ئۇنى قېرىندىشىغا ھالاللاپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى. مۇشۇنداق قىلسا ئۇ خوتۇن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: ياق، پەقەت ئۆي تۇتۇش نىيىتىدە ئالسا، (ئاندىن كېلىشەلمەي قويىۋەتسە، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە) ھالال بولىدۇ. بىز بۇنى (يەنى ھالاللاش ئىشىنى) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا زىنا دەپ ھېسابلايتتۇق.»[2]

### كۈچلۈك قاراش

ھەقىقەت بولسا كۆپچىلىكنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى، نىكاھتىن داۋاملىق ئۆي تۇتۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش بۇ مەقسەتنى بىكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ھالاللاش مەقسىتىدە ئالسا ياكى ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئىككىنچى ئېرىگە ئۇ خوتۇن بىلەن بىر تۈشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى شەرت قىلسا، نىكاھ بۇزۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ چاغدا ۋاقىتلىق نىكاھقا ئوخشاپ قالىدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھ پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشى بىلەن باتىلدۇر.

ئەللامە ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئىككىنچى ئەر ئۇ خوتۇننى ئۆز رىغبىتى بىلەن ئېلىشى ۋە داۋاملىق ئۆي تۇتۇشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. خوتۇن ئېلىش مۇشۇنداق مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. ئىمام مالىك ئىككىنچى ئەرنىڭ بۇ مەقسەتتە بولۇشىدىن سىرت، ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش دۇرۇس چاغدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئەر ئۇ خوتۇن بىلەن ئېھرامدىكى ھالەتتە ياكى روزىدار ھالەتتە ۋە ياكى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا، بۇ جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ خوتۇن بىرىنچى

[1] ئەبۇ ئىسھاق جەۋزجانى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 280 ـ بەت.
[2] ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئېرىگە ھالال بولمايدۇ. ھەسەن بەسرى بولسا بۇ مۇناسىۋەتتە مەنىنىڭ تۆكۈلۈشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇ بۇ شەرتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىز ئۇنىڭ ھەسىلىنى تېتىمىغىچە، ئۇمۇ سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغىچە» دېگەن سۆزىدىن چۈشەنگەندەك قىلىدۇ.

ئىبنى كەسىر سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىككىنچى ئەر ئۇ خوتۇننى بىرىنچى ئېرىگە ھالاللاپ بېرىشنىلا مەقسەت قىلسا، مانا بۇ ئادەم ھالاللىغۇچى بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلىگەن ۋە لەنەتلىگەن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ نىكاھلىنىشتىكى بۇ مەقسىتىنى قاچان ئاشكارىلىسا، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇ نىكاھ باتىلدۇر». ئاندىن ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى بايان قىلغان، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بىز يۇقىرىدا خاتىرلىتىپ ئۆتتۇق[1].

## رەشىد رىزانىڭ بۇ ھەقتە «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرىدە توختالغان سۆزى

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر مۇسۇلمان شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، مەزكۇر ئايەت ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ئىككىنچى ئەر ئۆز رىغبىتى بىلەن ئۆيلەپ تۇتۇش مەقسىتىدە ئالغان ۋە نىكاھلىنىشتىكى مەقسەتلەر ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بىرەر سەۋەب تۈپەيلى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىمكى ئۇ ئايالنى ھالاللاپ بېرىش مەقسىتىدە ئالسا، ئۇنىڭ نىكاھلىنىشى شەكىل جەھەتتىن بولغانلىقى، توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايال بۇ نىكاھ بىلەن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ. بەلكى ئۇ گۇناھ بولۇپ، ئۇ ئىشنى قىلغۇچىغا شەرىئەت بەلگىلىگۈچى لەنەت ئېيتقان. ئەگەر ئۇ ئايال بىرىنچى ئېرى بىلەن يېنىشسا، ھارام بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى قانىنى سۈيىدۈك بىلەن يۇغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. دېمەك ئۇ پاسكىنىلىقنىڭ ئۈستىگە پاسكىنىلىقتۇر. ھالاللاش نىكاھىنىڭ ئاقىۋىتى ۋاقىتلىق نىكاھنىڭ ئاقىۋىتىدىنمۇ يامان بولۇپ، ئېغىر بۇزۇقچىلىق كەلتۈرىدۇ ۋە كىشىنىڭ ئار - نومۇسىنى بۇلغايدۇ.»

ئاندىن رەشىد رىزا بۇ تەپسىرىدە ئىبنى ھەجەر مەككى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان، ھالاللاشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى نەقىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «سەن شۇنى ئېنىق كۆرىسەنكى، ھالاللاش رەزىللىكى تالاق قىلىش رۇخسىتىنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغان يامان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق ئادەملەر تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئۇلاردىن باشقىلار ئەيىبلىمەيدۇ. مەن لىۋاندا خرىستىئان دىنىدىكى بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى سېتىۋېلىشقا قىزىقىدىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، ئىسلام دىنىغا سۆيۈملۈك تەرەپكە مايىل بولۇپىراق كىرىپتۇ. ئۇ ماڭا: مەن ئىسلام دىنىدا ئۈچ ئەيىبتىن باشقا

[1] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 278 — 279 - بەتلەر.

ئەيىبنى كۆرمىدىم، بۇ ئەيىبلەرنىڭ الله تەرىپىدىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ قەبىھراقى ھالاللاش مەسىلىسىدۇر، دېدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەققەتنى بايان قىلىپ بەردىم. ئۇ قانائەتلەندى.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ھالاللاش مەسىلىسىدە نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلار بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇ بۇزۇقچىلىقلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. ئەللامە ئىبنى قەييۇم «ئەئلامۇل مۇۋەققىئىين» ناملىق كىتابىدا مەخسۇس توختىلىپ بۇ مەسىلىنى بىرقانچە بۆلۈمگە ئايرىپ بايان قىلغان. يامان غەرەزلىك ئىنسانلار ئىسلام شەرىئىتى ھالاللاش مەسىلىسىگە ئىجازەت بەرگەن، دەپ قامچىلايدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى توغرا قاراش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلار ۋە تابىئىنلار تەرىپىدىن ھەققەتەن ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىگە ھالاللاش ئىشى نىسبەت بېرىلمەسلىكى كېرەك.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ، مەيلى يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنسۇن، مەيلى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنسۇن، بەچچىداندا بالا يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپتۇر.

2 ـ بەچچىداندىكى بالىنى يوشۇرۇش ھارامدۇر، ئىددەت مەسىلىسى ئامانەت بولۇپ، ئۇنى توغرا يەتكۈزۈش ۋاجىپتۇر.

3 ـ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى تېخى تۈگىمىگەنلا بولىدىكەن، ئېرى ئۇنىڭ بىلەن يېنىششقا ئەڭ ھەقلىقتۇر.

4 ـ ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشتا ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتە تەڭ باراۋەردۇر. ئەرنىڭ خوتۇننى باشقۇرۇش ۋە ھىمايە قىلىش ئارتۇقچىلىقى بار.

5 ـ ئەرنىڭ يېنىشىش ھەققى قولىدا بولىدىغان تالاق يەقەت ئىككى قېتىمدۇر. ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن خوتۇنى باشقا ئەرگە شەرىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن، مەڭگۈ ئۆي تۇتۇش مەقسىتى بىلەن توغرا رەۋىشتە تەككەندىن كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاجرىشىپ كەتمىگىچە بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ.

6 ـ ئاجرىشىپ كېتىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان، شەرىئەتكە ئۇيغۇن سەۋەب تېپىلسا، خوتۇنىنىڭ ئېرىگە مال بېرىش بەدىلىگە خېتىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى دۇرۇستۇر.

www.munber.org

[1] رەشىد رىزانىڭ «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 394 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

7 ـ ئەرنىڭ خوتۇنىنى مال بېرىش بەدىلىگە تالاق خېتىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلىشى ھارامدۇر.

8 ـ ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايال ئىككىنچى ئەرگە تېگىپ بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئېرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمەي تالاق قىلىۋەتسە، بىرىنچى ئېرى بىلەن يېنىشىشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى تالاق قىلىشنى رۇخسەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى الله تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ھالال ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ پەقەت زۆرۈرىيەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھۆكۈم بولۇپ، ئەگەر ئەر ـ ئايال ئۆزئارا كېلىشەلمىگەن، بىر ـ بىرىنى يامان كۆرگەن، ئۇلار ئارىسىدا قاباھەت ھۆكۈم سۈرگەن، بۇ قاباھەت ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىلا پاراكەندە قىلىپ قالماستىن، پۈتۈن ئائىلىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى چىدىغۇسىز جەھەننەم ھاياتىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئايرىم ئەھۋاللار ئاستىدا تالاقنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ۋە چىقىش يولى قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى تالاقنى ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان، ئۇنىڭ پۈتۈنلىكىنى بۇزىدىغان ۋە ئەزالىرىنىڭ ئۇملىكىنى پارچىلايدىغان ئامىل ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى پەرزەنتلەرگە بولىدۇ.

پەرزەنتلەر ھەقىقەتەن ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئانىلارنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن مەھرۇم قالسا، پارچىلىنىشقا ۋە چېچىلاڭغۇ ياشاشقا دۇچ كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىسلام دىنى ئۇنىڭدىن چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ پايدىغا ئېرىششنى كۆزدە تۇتۇپ تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بىر ـ بىرىنى يامان كۆرىدىغان ئەر ـ ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قارشىلىشىش ۋە جېدەللىشىش ھۆكۈم سۈرگەن. ئەر ـ ئاياللىق ھاياتى جېدەللىشىش، نەپرەتلىنىش ۋە ئۆچمەنلىشىش ئاساسىغا ئەمەس، مېھرى ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئېغىر بېسىقلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان پۈتۈن ۋاستىلەر نەتىجە بەرمىسە، تالاق قىلىش يوللۇقلا ئەمەس، زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ.

تالاق قىلىشقا بولىدىغان زۆرۈرىيەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، ئەر خوتۇنىنىڭ ئەخلاقىدىن شەكلىنىپ، ئۇنىڭ زىنا قىلىش جىنايىتىنى ئىشلەش بىلەن ئەر ـ ئاياللىق ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇ ھالدا ئۇ خوتۇنغا نەسەبىنى بولغاشقا، ھاياتىغا داغ تەككۈزۈشكە يول قويىسۇنمۇ ياكى ئۇنى تالاق قىلسۇنمۇ؟

ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. مەسىلەن: تۇغماس چىقىپ قېلىش، تەنىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ياكى باشقىلارغا يۇقۇپ قېلىش خەۋپى بولغان كېسەللىكلەر... قاتارلىقلارغا ئوخشاش سەۋەبلەر بار.

ﷲ تائالا شەرىئەتتە ئىككى قېتىم، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، پاكلىقنىڭ ئۈستىگە تالاق قىلىشنى بەلگىلىدى. پاك سۈننەتمۇ مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن ئەگەر ئەر خالىسا خوتۇنى بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتىدۇ، خالىسا ئاجرىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەر نېمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نېمىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. ئاجرىشىپ كېتىدىغانلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بولغاچقا، ئۇلار ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پەقەت جەم بولالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن ئاجرىشىشى كېرەك.

ئۇستاز ئەھمەد مۇھەممەد جەمال «مۇھازىراتۇن فىسسەقافەتىل ئىسلامىييە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىدىكى تالاق مەسىلىسىدە توختالغان بۇ قىسقىغىنە سۆزىمىزدە شۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام شەرىئىتى تالاقتا يېنىشىش نىزامنامىسىنى يولغا قويغان بىردىن بىر شەرىئەت بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنىڭ يېشىدىن ئەسلىگە كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پەرزەنتلەرنى ھەر تۈرلۈك زىيانغا ئۇچراشتىن، چېچىلىپ كېتىشتىن قوغدايدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بۇزۇلغان مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىكنى ياخشىلايدۇ. يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق ئىسلام دىنىدا ئەر ـ خوتۇن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سىناش مەزگىلى، ئويلىنىش، خاتالىقلارنى ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلىش، ئاندىن ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇش يولىغا، مېھرى ـ شەپقەت، خاتىرجەملىك ۋە پەرزەنت ئاتا قىلىدىغان ئائىلە ھاياتىغا قايتىپ كېلىش پۇرستى ھېسابلىنىدۇ.

بىز شۇنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى خاتا قانۇنىيەتنى توغرىلاش ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە دەپسەندە قىلىنغان ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ دەۋردە ئەرەبلەر خوتۇنلىرىنى سانسىز قېتىملاپ تالاق قىلاتتى. مەسىلەن: ئەر خوتۇنىنى خالىغان ۋاقىتتا تالاق قىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگەشتىن ئىلگىرى يېنىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خوتۇن تالاق قىلىنىپ، ئاندىن ئىددىتى تۈگەي دېگەندە يېنىشىپ، يېنىشىپ بولۇپلا يەنە تالاق قىلىنىپ، ئېرى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا ئاسقىغا ئېسىپ قويۇلاتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى

www.munber.org

ئۈنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، بۇ خۇسۇمەتكە چەك قويدى، ئاياللارغا قىلىنغان بۇ زۇلۇمغا شەرت بەلگىلىدى.»[1]

[1] ئۇستاز ئەھمەد مۇھەممەد جەمالنىڭ «مۇھازىراتۇن فىسسەقافەتىل ئىسلامىييە» ناملىق كىتابى، 288 ـ بەت.

# ئېمىلداشلىقنىڭ ھۆكۈملىرى

﴿ ۞ وَٱلْوَٰلِدَٰتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَٰدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ ۖ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَ ۚ وَعَلَى ٱلْمَوْلُودِ لَهُۥ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةٌۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦ ۚ وَعَلَى ٱلْوَارِثِ مِثْلُ ذَٰلِكَ ۗ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٍ مِّنْهُمَا وَتَشَاوُرٍ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا ۗ وَإِنْ أَرَدتُّمْ أَن تَسْتَرْضِعُوٓا۟ أَوْلَٰدَكُمْ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِذَا سَلَّمْتُم مَّآ ءَاتَيْتُم بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٣﴾ ﴾

﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا - ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اﷲ دىن (يەنى اﷲ نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، اﷲ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

ــــ سۈرە بەقەرە 233 - ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَٱلْوَٰلِدَٰتُ: (ئانىلار) بۇ سۆز «ۋالىدە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئانا دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

حَوْلَيْنِ: (ئىككى يىل)، بۇ سۆز ئىككى يىل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلھەۋل» بولۇپ، بىرىنچى ۋاقىتتىن ئىككىنچى ۋاقىتقا ئۆرۈلۈش مەنىسىدە كېلىدۇ.

ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ: (ئاتىلار)، بۇ سۆز ئاتا بولغۇچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فِصَالاً: (ئايرىۋەتمەكچى بولسا)، بۇ سۆز ئەمچەكتىن ئايرىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. چۈنكى، بالا ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن ئايرىلىپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ.

وَتَشَاوُر: (كېڭىشىپ)، بۇ سۆز لۇغەتتە مەسلىھەت ئارقىلىق بىر پىكىرگە كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز بەزىلەرنىڭ بەزىلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بىر پىكىرگە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

تَسۡتَرۡضِعُوٓاْ: (ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار)، بۇ سۆز، بالىلىرىڭلارغا ئىنىكئانىلارنى تېپىپ بەرسەڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەتتە، ئى ئاتىلار! ئەگەر سىلەر بالىلىرىڭلارغا ئىنىكئانىلارنى تېپىپ بەرمەكچى بولساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ: (قائىدە بويىچە)، بۇ سۆز، دىن سىلەرنى بۇيرۇغان، شەرىئەتكە ئۇيغۇن رەۋىشتە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بَصِيرٌ: (كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر)، بۇ سۆز، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي بولمايدۇ، ئەگەر ئەمەللىرىڭلار ياخشى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ، ئەگەر يامان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى جازالايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا تالاق قىلىنغان ئانىلارنى، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تولۇق ئېمىتىشنى خالىسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشكە، بالىنى ئېمىتكۈچىنىڭ خىراجىتىنى ئاتىنىڭ ئۈز ئۈستىگە ئېلىشىغا بۇيرۇيدۇ. بالىنى ئېمىتكۈچىنىڭ بالىنىڭ خىزمىتىنى ھەقلىق رەۋىشتە قىلىشى، ئۇنى كۈندىلىك پىشكەللىكلەردىن قوغدىشى ئۈچۈن ئاتا ئۇنىڭ چىقىمىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بۇ چىقىم چىرايلىق رەۋىشتە، قۇدرىتىنىڭ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، الله تائالا كىشىنى ﴿پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا﴾ تەكلىپ قىلىدۇ.

ئاندىن الله تائالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر بىرىنى بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر ـ بىرىگە زىيان سېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئانىنىڭ ئاتىغا زىيان سېلىش مەقسىتىدە: بالىغا

---

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 270 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

مەندىن باشقا ئېمىتىدىغان ئادەم تېپىپ بەرگىن، دەپ بالىنى ئېمىتمەي تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشكە رىغبىتى بار تۇرسىمۇ، بالا سەۋەبلىك بىر - بىرىنى يامان كۆرۈش ئۈچۈن، ئاتىنىڭ بالىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىشىمۇ، دۇرۇس ئەمەس.

ئاندىن اﷲ تائالا ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەن، بىر - بىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن بالىنىڭ ئانا سۈتىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى ئىككى يىل تولۇق توشۇشتىن ئىلگىرى ئەمچەكتىن ﴿ئايرىۋەتمەكچى بولسا﴾، ئۇلارغا ﴿ھېچبىر﴾ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى يىللىق بەلگىلىمە پەقەت بالىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭغا زىيان يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئاتا - ئانا بالىغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئەڭ كۆيۈنىدىغان كىشىلەردۇر.

ئى ئاتىلار! ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشكە ئۇنىمىغانلىقى ياكى ئۇنى ئېمىتىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ياكى ئەرگە تېگىشنى خالايدىغانلىقى سەۋەبلىك بالىلىرىڭلارغا ئانىدىن باشقا ئىنىكئانا تاپماقچى بولساڭلار، ﴿سىلەرگە﴾ بۇ ئىشىڭلاردا ﴿ھېچ﴾ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئىنىكئانىغا كېلىشكىنىڭلار بويىچە ئەجىر بېرىشىڭلار، ئۇنىڭ ھەققىنى قىسىۋالماسلىقىڭلار كېرەك. ئىنىكئانا ھۆرمەت قىلىنمىسا، بالىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بالىنى ئېمىتىشكە ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بالىلىرىڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار.

ئى مۇمىنلەر! ﴿اﷲ دىن (يەنى اﷲ نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، اﷲ﴾ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە مەخپىي بولمايدۇ. ئۇ سىلەرگە قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ﴿ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اﷲ قا خاستۇر﴾①.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، اﷲ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە نىكاھ، تالاق، ئىددەت، يېنىشىش ۋە بېسىم ئىشلىتىشكە ئالاقىدار بىر يۈرۈش ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە بالا ئېمىتىش ھۆكمىنى بايان قىلدى. چۈنكى، تالاق بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاجرىشىپ كېتىدۇ. ئەر خوتۇننى ئېمىتىۋاتقان بالىسى بار ھالەتتە تالاق قىلىپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئانا بالىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ياكى ئېرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش

① سۈرە ئىنفىتار، 19 - ئايەت.

www.munber.org

ئۈچۈن بالىنى ئېمىتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئايەتلەر تالاق قىلىنغان ئايالىلارنى بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىش ئۈچۈن بايان قىلىنغان.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئايەتتە تالاق قىلىنغانلار ياكى تالاق قىلىنغان ئاياللار دېيىلمەستىن، ئانىلار دېيىلىشى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ تالاق قىلىنىشى پەرزەنتلەر ئانىلىق مېھرى ـ شەپقەتتىن مەھرۇم قويماسلىقى لازىم.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ﴾ (ئاتا بولغۇچى ياكى بالىسى تۇغۇلغۇچى) دېگەن سۆزىدە ئىنتايىن ئىنچىكە مەنە بولۇپ، بالىلارنىڭ ئاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئانىغا ئەمەس ئاتىغا مەنسۇپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بالىلار ئاتىلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىلارنىڭ ۋە ئىنىكئانىلارنىڭ تېگىشلىك خىراجىتىنى قىلىش ئاتىلارغا ۋاجىپ بولىدۇ.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە ﴿الْمَوْلُودِ لَهُ﴾ دەپ كېلىشى ئانىلارنىڭ ئاتىلار ئۈچۈن بالا تۇغقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بالىلار ئاتىلارنىڭدۇر. شۇڭا ئۇلار ئانىلارغا ئەمەس، ئاتىلارغا نىسبەت بېرىلىدۇ.»[①]

3 ـ ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئىككى يىل تولۇق تۇشمىسىمۇ ئىككى يىلغا ھېساب بولۇپ قالىدىغان ئېھتىماللىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يىلنى ﴿تولۇق ئىككى يىل﴾ دەپ سۈپەتلىدى. بۇ، تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن سۈپەتتۇر. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭ ھەممىسى تولۇق ئون كۈن بولىدۇ﴾[②] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە ئېلىنغان.»[③]

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم﴾ دېگەن سۆزىدە بالا ﴿ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك﴾ ۋە ﴿ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك﴾ دەپ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە نىسبەت بېرىلدى. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرى ـ شەپقىتىنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. بالا ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن يات ئەمەس. بۇ ئانىدۇر، ئۇ ئاتىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بالىغا مېھرى ـ شەپقەت كۆرسىتىشى ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەت بالىنى زىيان تارتقۇزۇشقا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك.

ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە نىسبەت بېرىلىشى ئۇلارنىڭ بالىغا بولغان مېھرى ـ شەپقىتىنى قوزغاش ۋە ئۇلارنىڭ

---

[①] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 212 ـ بەت.
[②] سۈرە بەقەرە، 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 212 ـ بەت.

بالىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتە ئىتتىپاق بولۇشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ بالىنى زىيان تارتقۇزۇشى ياكى بالا سەۋەبلىك زىيان تارتىشى ھەرگىز توغرا ئەمەس.»[①]

5 ـ اﷲ تائالانىڭ: ﴿بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىلتىپات ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئالماش ئۈچىنچى شەخستىن ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلغان ۋە سۆز تەبىرىگە ئۆزگىچە رەڭ بېرىلگەن. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتە ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا﴾ دەپ، ئۈچىنچى شەخس ئىككىلىكنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بىلەن كەلگەن. بۇ يەردە بولسا ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بىلەن كەلگەن. بۇ ئىلتىپات ئۇسلۇبىنىڭ پايدىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىنى اﷲ نىڭ بالىلار ھەققىدە بەرگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشقا قوزغاشتىن ئىبارەتتۇر.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى ”ئانىلار“ دېگەن سۆز نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

1 ـ بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ”ئانىلار“ دېگەن سۆز تالاق قىلىنغان ئاياللارغىلا خاستۇر.» بۇ مۇجاھىد، زەھھاك ۋە سۇددىلارنىڭ سۆزىدۇر. ئۇلار بۇ سۆزىگە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: ئىلگىرىكى ئايەتلەر تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئايەتلەر بولسا، ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئارقىدىن تولۇقلىغۇچى سۈپىتىدە كەلگەن بولۇپ، اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى، كىيىم ـ كېچىكىنى ئاتىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلدى. ئەگەر ئۇلار ئەرلىرى بار ئاياللار بولسا ئىدى: ئەلۋەتتە بۇ نەرسىلەرنى ۋاجىپ قىلىشنىڭ ئېھتىياجى قالمىغان بولاتتى. چۈنكى، خوتۇننىڭ خىراجىتىنى قىلىش ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. ئاندىن بۇ ھۆكۈمنى بالىغا زىيان يەتكۈزۈشتىن چەكلەش بىلەن بىللە چۈشەندۈرۈش ئۇ ئانىلارنىڭ تالاق قىلىنغان ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشى داۋام قىلىۋاتقان ئەر ـ ئايال بالىغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرمەيدۇ.

2 ـ بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز نىكاھى داۋام قىلىۋاتقان ئەرلىك ئاياللارغىلا خاستۇر.» بۇ ۋاھىدىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇنى فەخرۇددىن رازى ۋە قۇرتۇبى ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، تالاق قىلىنغان ئايال كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشكە ھەقلىق ئەمەس، ئۇ پەقەت ھەق ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. اﷲ تائالانىڭ: ﴿يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ سۆز ئەرلىك ئانىلارنى كۆرسىتىدۇ.

---

[①] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 176 ـ بەت.

3 ـ يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز مەيلى ئەرلىك ئانىلار بولسۇن، مەيلى تالاق قىلىنغان ئانىلار بولسۇن، ھەممە ئانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆزنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلساق، ئۇ ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ خاسلىقنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق. بۇ قازى ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ سۇلايمان دەمەشقى ۋە باشقىلارنىڭ قارىشى بولۇپ، مۇشۇ قاراش كۈچلۈك بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن. ئەبۇ ھەييانمۇ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە مۇشۇ قاراشقا كەلگەن.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى ۋاجىپمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار اللە تائالانىڭ: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىگە تايىنىپ: ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى ۋاجىپ، چۈنكى، بۇ جۈملە بۇيرۇق شەكلىدە كەلگەن خەۋەردۇر يەنى ئۇلار بالىلىرىنى ئېمىتسۇن دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ئىمام مالىكنىڭمۇ قارىشىدۇر: ئەر ـ خوتۇنلۇق ۋاقتىدا ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئانا ئەرنىڭ ئەمرىدە بولغان ياكى بالا باشقا بىر ئايالنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگىلى ئۇنىمىغان ۋە ياكى ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋاللار ئاستىدا، بالىنى ئېمىتىش ئانىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقتۇر. ئېسىلزادە خېنىملار بولسا، بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئەمەل قىلسا بولىدۇ. ئەمما يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايالغا كەلسەك، بالىنى ئېمىتىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ئىنىكئانا تېپىشى لازىم. پەقەت ئانىسى ئۆز رازىلىقى بىلەن بالىنى ئېمىتىپ بېرىشنى خالىسا، ئۇ ئۇنى ئېمىتىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر. ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن ھەر جەھەتتە تەڭتۇش ئايالغا بېرىلگەندەك ھەق بېرىلىشى لازىم[1].

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇق ئەۋزەللىكنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇقتۇر. شۇڭا ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى ۋاجىپ ئەمەس. پەقەت بالا باشقا ئايالنىڭ ئەمچىكىنى ئەممەي تۇرىۋالغان ياكى ئاتا بالىنى ئېمىتىپ بېرىدىغان ئىنىكئانا كىرالاشقا ئاجىزلىق قىلغان ياكى ئىنىكئانا كىرالاشقا قادىر، لېكىن ئىنىكئانا تاپالمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى مۇئەييەنلىشىپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا ئانا بالىنى ئېمىتىشى لازىم.

ئۇلار اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿ئەگەر پىكىرde كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن﴾[2]. ئەگەر ئېمىتىش ئانىغا ۋاجىپ بولسا،

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 204 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 161 ـ بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.
[2] سۈرە تەلاق، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەرىئەت ھۆكمى ئانىنى بالىنى ئېمىتىشكە ئەلۋەتتە تەكلىپ قىلغان بولاتتى. بۇ يەردە پەقەت بالىنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتىشىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلدۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئانىنىڭ سۈتى بالىغا ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئانا ئۆز بالىسىغا باشقىلارغا قارىغاندا بەكراق مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىدۇ.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ھەنبەلىدىن ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نەسەب بىلەن ھارام بولغان نەرسە ئېمىلداشلىقتىنمۇ ھارام بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ھارام قىلىش ھۆكمىگە ئالاقىدار ۋە نەسەبنىڭ ئورنىدا بولىدىغان ئېمىلداشلىق ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ.

ئۇلار اللہ تائالانىڭ: ﴿ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېمىلداشلىق پەقەت ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ»[1] دېگەن.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل دەپ قارايدۇ[3].

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ: ﴿تولۇق ئىككى يىل﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى قاراش توغرىدۇر. بۇ ئايەت ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمگەن بالا ئۈچۈن ھۆكۈم يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئېمىلداشلىق پەقەت ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ بۇ ئايەت بىلەن بىرلىشىپ ئىككى يىللىقتىن چوڭ بالىنىڭ ئېمىلداش بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئېمىلداشلىق سەۋەبىدىن ھارام بولىدىغان ئىشنىڭ ھارام بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشەنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. لەيس ئىبنى سەئدمۇ مۇشۇ قاراشنى تەكىتلىگەن. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ: چوڭ بالىمۇ[4] ئېمىلداش بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ قاراشتىن يېنىۋالغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

---

[1] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 488 ـ بەت.

[4] رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر ئادەم خوتۇنى بىلەن بىللە مەدىنىدىن كەلگەن. كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى يەڭگىگەن ۋە ئەمچىكى ئىششىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئېرى خوتۇنىنىڭ ئەمچىكىنى شوراپ تۈكۈرۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە بىر يۇتۇم سۈت گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئاندىن ئۇ بۇ مەسىلىنى ئەبۇ مۇسادىن سورىغان. ئەبۇ مۇسا: خوتۇنۇڭ سەندىن ئاجراپ كېتىپتۇ دېگەن. ئاندىن ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ئەئرابىنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ: چېچىغا ئاق سانجىغان مۇشۇ ئادەمنى ئېمىلداش بولىدۇ دەپ قارامسەن؟ ئېمىلداشلىق پەقەت گۆش ۋە سۆڭەك يېتىلىدىغان ۋاقىتتا بولىدۇ دېگەن. ئەبۇ

www.munber.org

### تۆتىنچى ھۆكۈم

بالىنى ئېمىتكۈچىنىڭ خىراجىتى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك﴾ دېگەن سۆزى بالىنى ئېمىتكۈچىنىڭ خىراجىتى ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن خىراجەت ئاتىنىڭ باي ياكى كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە يارىشا بەلگىلىنىدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم الله نىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن)﴾[1].

فىقھشۇناسلار ﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك﴾ دېگەن بۇ ئايەتتىن بالىنىڭ خىراجىتىمۇ ئاتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. چۈنكى، الله تائالا تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ بالىنى ئېمىتىش مۇددىتى ئىچىدىكى خىراجىتىنى بالىنى دەپلا ئاتىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلغان. شۇڭا بالا كىچىكلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى چىقىمى ئاتىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىمام جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتنى كەرىم ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى شۇكى، ئانا ئىككى يىل ئىچىدە بالىسىنى ئېمىتىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر. ئەگەر ئانا بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىشكە رازى بولسا، ئاتىنىڭ ئىنىكئانا تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس. يەنە بىرى شۇكى، ئاتا ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بالا ئېمىتىش خىراجىتى پەقەت ئىككى يىلدۇر. ئايەت ئاتىنىڭ بالا ئېمىتىش خىراجىتىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلماي ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئانىغا بېرىدىغان بۇ خىراجەتنى ئاتىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بالىغا ئاتا ـ ئانا ھەر ئىككىلىسى ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئورتاق بولسىمۇ، الله تائالا بالىنى ئېمىتىش خىراجىتىنى يالغۇز ئاتىنىڭ ئۈستىگە بېكىتتى. شۇڭا ئاتىنىڭ بۇ خىراجەتنى بېرىشى ئەسلى ھۆكۈمگە ئايلاندى. شۇنداقلا بۇ ھۆكۈمگە ئەگىشىپ كىچىك پەرزەنتلەرنىڭ ۋە ياشىنىپ قالغانلارنىڭ چىقىمىنى قىلىشمۇ ئاتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا باشقىلارنى ئورتاق قىلماستىن ئۆزى ئادا قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئايەت بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[2]

---

مۇسا ئەشئەرى: ئاراڭلاردا بۇ ئالىم بولىدىكەن مەندىن مەسىلە سورىماڭلار دېگەن. ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى قارىشىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قارىشىغا يانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 486 ـ بەت.

[1] سۈرە تەلاق، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 478 ـ بەت.

### بەشىنچى ھۆكۈم

ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار ئايەتى كەرىمدىكى ﴿ۋارىسى﴾ دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ ۋارىسىنى يەنى بالا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ ئەتائ، مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ قارىشىدۇر. بۇ قاراشنى قوبۇل قىلغانلار يەنە مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن. بەزىلەر: «بالىنىڭ خۇسۇسەن ئەرلەردىن بولغان ۋارىسىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ خىراجەتنى شۇ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر: «ئۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ۋارىسىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام ئەھمەد ۋە ئىسھاقنىڭ قارىشىدۇر. يەنە بەزىلەر: «بالىنىڭ مەھرەم بولغان پۈتۈن تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئاتىنىڭ ۋارىسىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ قاراش ھەسەن ۋە سۇددىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

3 ـ بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «بالىنىڭ بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلىرىدىن ھايات بارلىرىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ سۇفيان سەۋرىنىڭ قارىشىدۇر.

4 ـ يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «تۇغۇلغان شۇ بالىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مېلى بولسا، ئانىسىنىڭ خىراجىتىنى بېرىش ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئىمام تەبەرى بۇ ئاخىرقى قاراشنى كۈچلەندۈرگەن ۋە باشقا قاراشلار ئىچىدىن شۇنى تاللىغان[①].

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئانىلار بالىلارنى ئېمىتىشى لازىم. چۈنكى، ئانىنىڭ سۈتى بالىغا ئەڭ پايدىلىق ۋە ئانا ئۆز بالىسىغا ئەڭ ياخشى كۆيۈنىدۇ.

2 ـ بالىلار ئاتىلارغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئاتىلار ئۇلارنى قوغداش، تەربىيىلەش ۋە چىقىمىنى قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر.

[①] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 504 ـــ 505 ـ بەتلەر.

www.munber.org

3 ـ ئانىنىڭ ۋە بالىنىڭ چىقىمىنى ئاتا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە يەنى باي بولسا بايچە، كەمبەغەل بولسا كەمبەغەلچە قىلىدۇ. اللّٰه ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

4 ـ كىچىك بالىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ بالىنىڭ چىقىمى شۇ بالىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ.

5 ـ بالىنى ئىككى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئەمچەكتىن ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئاتا ـ ئانا بىرلىكتە مەسلىھەتلەشكەن ۋە رازى بولغاندىن كېيىن ئايرىش لازىم.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

اللّٰه تائالا ئانىلارنى بالىلارنى ئېمىتىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە ئېمىتىش مۇددىتىنى تولۇق ئىككى يىل قىلىپ بېكىتىدۇ. چۈنكى، بۇ مۇددەت ئىچىدە بالا ئانا سۈتى بىلەن يېتىلىدۇ. بۇ مۇددەتتىن كېيىن بالا تاماق يېيىش ۋە سۇ ئىچىش بىلەن غىزالىنىشقا باشلايدۇ. ھېچقانداق سۈت ئانىنىڭ سۈتىگە تەڭ بولالمايدۇ. بالا ئۈچۈن ئانا سۈتى دوختۇرلارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئەڭ ياخشى ئوزۇقتۇر.

بالا ئانىنىڭ رەھمىدە ئانىنىڭ قېنىدىن تۆرۈلىدۇ. بالىغا جان كىرگەن ھامان قان سۈتكە ئايلىنىپ بالىغا ئوزۇقلۇق بولىدۇ. ئۇ بالىغا ماسلىشىدىغان ۋە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر سۈتتۇر. چۈنكى، بالا ئانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئىلاھىي ھېكمەت ئانا سۈتىنىڭ بالىغا، ئۇنىڭ ياش دەرىجىسىگە قارىتا ماس كېلىدىغان ئوزۇقلۇق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر بالىنى بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىنىكئانا ئېمىتسە، ئىنىكئانىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ۋە مىجەز خاراكتېرىنى تولۇق بىلىش لازىم. چۈنكى، ئۇنىڭ سۈتى بالىنىڭ جىسمىغا، ئەخلاقىغا ۋە ئەدەبىلىك يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، سۈت ئۇنىڭ قېنىدىن چىقىدۇ. بالا سۈتنى ئېمىدۇ. نەتىجىدە سۈت بالىغا قان بولىدۇ، شۇ قاندىن گۆش ۋە سۆڭەك يېتىلىدۇ. شۇڭا سۈت بالىغا جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىمۇ ياخشى مۇلاھىزە قىلىش كېرەككى، ئىنىكئانىنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي ھېسسىياتلىرى بالىغا جىسمانىي سۈپەتلىرىدىن بەكراق تەسىر قىلىدۇ. ئىش شۇنداق ئىكەن، ئىنىكئانىنىڭ ئەقلى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە ئىچكى قابىلىيەتلىرىنىڭ بالىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟!

ئانا بالىنى ئېمىتىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا سۈتىلا ئېمىتىپ قالماستىن، بەلكى كۆيۈمچانلىق، رەھىمدىللىق ۋە مېھرى ـ شەپقەتنى بىللە ئېمىتىدۇ. نەتىجىدە بالا ئۆز تەبىئىتىگە رەھىمدىللىق سىڭگەن، ياخشى ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئانىلىرىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن ۋە ھېسداشلىقىدىن

مەھرۇم قالغان بالىلار يارامسىز يېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەمىشە يامانلىق، ئۆچمەنلىك ۋە قاتتىق يۈرەكلىك ئورۇن ئالىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بالا تەربىيىلەش ۋە يېتىلدۈرۈش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارمۇ بۇ ئىشنى تونۇپ يەتكەن. ھەتتا باش پادىشاھلارنىڭ ئاياللىرىمۇ بالىلىرىنى ئۆزلىرى ئېمىتىدۇ، ئۇلارنى ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە رازى بولمايدۇ.

بۈگۈنكى دەۋردە بىز بالىلارنى ئېمىتىش ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە نېمىدېگەن سەل قارايدىغان بولۇپ قالدۇق ـ ھە! ھەتتا الله تائالا بالىلىرىنى ئېمىتىش ئارقىلىق لەززەتلىنىدىغان ۋە خۇشاللىنىدىغان خۇسۇسىيەت بىلەن ياراتقان ئاياللار، بولۇپمۇ بۇ زاماندىكى بايلارنىڭ ئاياللىرى ئۆزلىرىنى خورۇتىۋەتمەي، گۈزەللىكىنى ساقلاپ قېلىش تەمەسىدە بالىلىرىنى ئېمىتىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى يارىتىلىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولۇپ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئىشىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. بالا تەربىيىلەش ئىشىغا ئىسلام دىنىدەك ئەھمىيەت بەرگەن ھېچ بىر دىنىنى كۆرگىنىمىز يوق. ئى الله! بىزنى ئۆز ھىدايىتىڭ بىلەن توغرا ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلىگىن! سەن ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن ۋە ئۇنى ئىجابەت قىلغۇچىسەن.

www.munber.org

# ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى

﴿ وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَٰجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا ۖ فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِىٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٣٤﴾ ﴾

﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اﷲ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾.

ــ سۈرە بەقەرە 234 ـ ئايەت.

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يُتَوَفَّوْنَ: (ئۆزى ۋاپات بولۇپ)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «تەۋەففى» بولۇپ، بىر نەرسىنى تولۇق ۋە كامىل ئېلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. ئۆلگەن كىشى ئۆمرىنى ۋە رىزقىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ. ئايەتتە بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن، قەبزروھ قىلىنغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، اﷲ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ﴾[1].

وَيَذَرُونَ: (قېلىپ قالغان)، بۇ سۆز، قويۇپ قويغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت﴾[2].

أَزْوَٰجًا: (ئاياللار)، بۇ سۆز ئايەتتە ئاياللار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

يَتَرَبَّصْنَ: (ئىددەت تۇتۇشى لازىم)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەتتەرەببۇس» بولۇپ، كۈتۈش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اﷲ نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار﴾[3].

بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ: (ئىددىتى توشقاندىن كېيىن)، «ئەجەل» دېگەن بۇ سۆز بىر نەرسە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە: ئىددەت تۇتىدىغان ۋاقىت

---

[1] سۈرە زۇمەر، 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇددەسسىر، 11 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

توشقاندا، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنساننىڭ ھايات ياشايدىغان مۇددىتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقتمۇ ”ئەجەل“ دېيىلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿(ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە﴾[1].

خَبِير: (خەۋەرداردۇر)، بۇ سۆز: اللّٰه يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەرداردۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئۇمۇمىي مەنىسى

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىچىڭلاردىكى ئەرلەردىن ئۆزى ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان ﴿كىشىلەر﴾ بولسا، ئەنە شۇ ئاياللار ﴿تۆت ئاي ئون كۈن﴾ كۈتۈپ تۇرۇشى، ئەرلىرى ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ ئىددەت تۇتۇشى، ئۆزلىرىنى تەلەپ قويغۇچى ئەرلەرگە كۆرسەتمەسلىكى، ياسانماسلىقى، خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىكى، ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىكەن ئەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى لازىم.

شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئى ئەرلەر! ئەگەر ئۇ ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەرگە تېگىشكە، شەرىئەت رۇخسەت قىلغان رەۋىشتە ياسىنىپ ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىپ يۈرۈشكە قويۇۋەتسەڭلار، ﴿سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللّٰه سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق ﴿خەۋەرداردۇر﴾. اللّٰه قا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. اللّٰه دىن قورقۇڭلار، سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. بۇ بۇيرۇقنىڭ بىرى بولسا، ئەرلىرى ئۈچۈن ھازا تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئۆلدى دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ۋاپات بولدى دەپ ئىشلىتىش سۆز تەبىرىدىكى پاساھەتنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا: سۈرمە تارتسام بولامدۇ؟ دەپ پەتىۋا سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىلگىرى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئەڭ سەت كىيىمنى كىيىپ، ئۆيدە بىر يىل ھازا تۇتاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىن بىرەر ئىت

[1] سۈرە ئەئراف، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۆتسە، ئۇنىڭغا تېزەك ئاتاتتى. ھازىر بولسا تۆت ئاي ئون كۈن سىلەر ئۈچۈن كۆپمۇ؟» دېدى.[1]

3 ـ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتىنى تۆت ئاي ئون كۈن قىلىپ بەلگىلەشتىكى ھېكمەتنىڭ ئەسلى غايىسى بەچچىداندا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بالا ئانىنىڭ قورسىقىدا مۇنداق شەكىللىنىدۇ: «40 كۈن مەنى ھالىتىدە، ئاندىن 40 كۈن ئۇيۇل قان ھالىتىدە، ئاندىن 40 كۈن بىر پارچە گۆش ھالىتىدە بولىدۇ.» ئۈچۈۋ بايان قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىسمۇ ئۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ 120 كۈن تولۇق ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بالىغا جان كىرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا بۇ 120 كۈنگە 10 كۈن زىيادە قىلىندى. ئەبۇ ئالىيە: نېمىشقا تۆت ئايغا ئون كۈن قوشۇلدى؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «چۈنكى، شۇ ئون كۈن ئىچىدە بالىغا جان كىرگۈزۈلىدۇ.»

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

بۇ ئايەت بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ئايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرامدۇ؟

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۆلەرنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن﴾[2] دېگەن سۆزىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

ئىلگىرى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تولۇق بىر يىل ئىددەت تۇتاتتى. ئاندىن بۇ ھۆكۈم تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇش ھۆكمى بىلەن مەنسۇخ قىلىندى. گەرچە بۇ ئايەت ئوقۇلۇشتا بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ھەققىدىكى ئايەتتىن ئىلگىرى بولغان بولسىمۇ، نازىل بولۇش تەرتىۋىدە ئۇنىڭدىن كېيىندۇر. قۇرئاننىڭ ھازىرقى تەرتىۋى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش تەرتىۋىگە ئاساسەن ئەمەس، الله نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۈزۈلگەن. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ئايىتىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەت بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ھۆكمىنى مەنسۇخ قىلماستىن، ئۇنى تۆت ئاي ئون كۈنگە قىسقارتىش ھۆكمىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن سەپەر ئۈستىدىكى كىشىنىڭ نامىزىنىڭ تۆت رەكئەتتىن ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىلىشى تۆت رەكئەت نامازنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقىنى ئەمەس، يېنىكلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 512 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 240 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش ئوچۇقتىن ئوچۇق خاتادۇر. چۈنكى، ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالنىڭ بىر يىل ئىددەت تۇتۇش ھۆكمى بولغان، ئاندىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى بەلگىلەنگەن ئىكەن، مانا بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. مۇساپىرنىڭ نامىزى بۇ ھۆكۈمگە ھېچ ئوخشىمايدۇ.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى قانچىلىك؟

ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغقىچىلىك بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[2]. مانا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى الله تائالانىڭ: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾ دېگەن سۆزىدىكى ئاممىباب ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرىدۇ. بۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھامىلدار ئايال بۇ ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسى ئۇزۇن بولسا شۇ مۇددەت ئىچىدە ئىددەت تۇتىدۇ يەنى ھامىلدار ئايال تۆت ئاي ئون كۈن تۈگىمەستىنلا بالىنى تۇغسا، بۇ تۆت ئاي ئون كۈن مۇددەت تۈگىگىچە ئىددەت تۇتۇشنى داۋام قىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۇددەت تۈگەپ كېتىپ، بالىنى تېخى تۇغمىغان بولسا، بالىنى تۇغقىچە ئىددەت تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ ئىككى مۇددەتنىڭ ئۇزۇن بولغىنىغا ئىددەت تۇتسا، ھەر ئىككىلى ئايەتكە ئەمەل قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنى تۇغقىچە ئىددەت تۇتسا، ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇش ھۆكمى بايان قىلىنغان ئايەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ. ھەر ئىككىلى ئايەتكە بىرلىكتە ئەمەل قىلىش بىرىنى كۈچلەندۈرۈپ ئەمەل قىلغاندىن ياخشىدۇر.»

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراشقا سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا بايان قىلىنغان سۇبەيئە ئەسلەمىنىڭ ھەدىسى دەخلە قىلمىسا ئىدى، ئۇ ھەققەتەن ياخشى قاراش بوپتىكەن.»

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھامىلدار ئايالنىڭ بوشانغىچە ئىددەت تۇتىدىغانلىقىغا قۇرئاندىن ۋە سۈننەتتىن مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ:

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 174 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 224 ـ بەت.
[2] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

1 ـ قۇرئاندىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[1]. بۇ ئايەت تالاق قىلىنغان ۋە ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاياللارغا ئاممىباب ھۆكۈمدۇر. الله تائالا مۇنداق ئايالنىڭ ئىددىتىنى بالىنى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدىغان قىلىپ بېكىتتى.

2 ـ سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سۇبەيئە ئەسلەمى دېگەن ئايال سەئد ئىبنى خەۋلەنىڭ ئەمرىدە ئىدى. سەئد ئىبنى خەۋلە بەدىر غازىتىغا قاتناشقان ئادەم بولۇپ، ۋىدالىشىش ھەججىدە ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار بولۇپ، ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بوشىنىدۇ. ئۇ نىفاس قېنى توختىغاندىن كېيىن تەلەپ قويغۇچىلار ئۈچۈن ياسىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا ئەبۇ سەنابىل ئىبنى بەئكەك كىرىپ ئۇنىڭغا: مەن سىزنىڭ ياسىنىۋالغىنىڭىزنى كۆرىۋاتىمەنغۇ، سىز توي قىلىشنى ئۈمىد قىلامسىز نېمە؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز تۆت ئاي ئون كۈن ئۆتمىگىچە توي قىلالمايسىز، دەيدۇ.

سۇبەيئە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ سەنابىل ماڭا شۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن مەن ئۇچامغا ياسانغانلىقىمنى بىلىندۇرمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، كەچ كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە پەتىۋا سورىدىم. ئۇ مېنىڭ بوشانغان ۋاقتىمدىلا ئىددەتتىن چىققانلىقىمغا پەتىۋا بەردى ۋە مېنى ئەگەر لايىق چىقىپ قالسا توي قىلىشقا بۇيرۇدى.»[2]

ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا سۇبەيئەنىڭ ھەدىسى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە يانغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ سۇبەيئەنىڭ ھەدىسى بويىچە پەتىۋا بەرگەنلىكمۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قارىشىدىن يانغانلىقىنى توغرىلايدۇ. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇشۇ ھەدىس بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ.»[3]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس الله تائالانىڭ: ﴿ھامىلدار ئايالالارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[4] دېگەن سۆزىنىڭ تالاق قىلىنغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالالارغا ئاممىباب ئىكەنلىكىنى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالالارنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلغان ئايەت بۇ ئىككى خىل ئايالالاردىن ھامىلدار بولمىغان ئايالالارغا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ

[1] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 284 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 285 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 175 ـ بەت.
[4] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىدۇ. بۇ قاراشنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنۇ قارىشىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: شۇنى كەسكىن قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئاياللار ھەققىدىكى بۇ ئايەت ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالالرنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلغان ئايەتتىن كېيىن نازىل بولغان.»[1]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ھازا تۇتۇش دېگەن نېمە؟ ئايال كىشى ئېرىگە قانچىلىك مۇددەت ھازا تۇتىدۇ؟

ئىسلام شەرىئىتى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى تۆت ئاي ئون كۈنلۈك ئىددەت تۇتۇش مۇددىتى ئىچىدە ھازا تۇتۇشنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ يەنە ۋاپات بولۇپ كەتكەن يېقىن تۇغقىنىغا ئۈچ كۈن ھازا تۇتۇشى دۇرۇس بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇش ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ.

سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئۇممۇ سەلىمەنىڭ قىزى زەينەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سۇفيان ۋاپات بولۇپ كەتكەندە زىيارەت قىلىپ كىردىم. ئۇممۇ ھەبىبە زەپىران ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلغان خۇشپۇراقنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دېدەكنىڭ چېچىنى بوياپ قويدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۈرتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ خۇشپۇراق ئىشلىتىشىمگە ھېچ ھاجىتىم يوق، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: «الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بىر ئايالنىڭ ۋاپات بولغان بىرەر كىشىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس، پەقەت ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈنلا خۇشپۇراق ئىشلىتىپ قويدۇم[2].

ھازا تۇتۇشنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، ياسىنىش، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، چېچىنى بوياش، تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ نەزەرىگە چېلىقىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ھازا تۇتۇش پەقەت خوتۇننىڭ ئېرىگە بولغان ۋاپادارلىقىنى ۋە ئېرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەققىگە رىئايە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان. ئەر - خوتۇنلۇق ئالاقە ھەققەتەن ئەڭ ئۇلۇغ ئالاقىدۇر. ئەنە شۇ گۈزەل ئالاقىنى ئۇنتۇپ قېلىش شەرىئەت جەھەتتىمۇ، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتىمۇ توغرا ئەمەس. ئىلگىرى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئېرىگە قايغۇرۇپ ۋە ھەسرەت چېكىپ، تولۇق بىر يىل ھازا تۇتاتتى. كېيىن الله تائالا بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇش ھۆكمىنى بېكىتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇممۇ سەلىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، قىزىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭغا سۈرمە تارتىپ قويساق بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام:

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 175 - بەت.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 285 - بەت.

www.munber.org

«ياق» دېدى. بۇ سۆز ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى، ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئاندىن: «ھازا تۇتقۇش پەقەت تۆت ئاي ئون كۈندۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر يىل ھازا تۇتاتتى» دېدى.

ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەب مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال ئەڭ سەت كىيىملىرىنى كىيىپ قازىناق ئۆيگە كىرىپ ئولتۇراتتى. ھېچقانداق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ھالەتتە ساق بىر يىلنى ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن ئۆيدىن چىقاتتى. ئۇنىڭغا بىر تال تېزەك بېرىلەتتى. ئۇ بۇ تېزەكنى ئاتاتتى[1]. ئاندىن ئېشەكنىڭ ياكى قوينىڭ بالىسى كەلتۈرۈلەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال شۇ ھايۋان بالىسىغا ئالدىنى سۈرتەتتى. ئۇ ئالدىنى سۈرتكەن ھايۋان بالىسى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆلۈپ قالاتتى.»[2]

بەزى ئۆلىمالار ھازا تۇتۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى الله تائالانىڭ: ﴿ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىدىن چىقارغان. بۇ ئايەت ئىددەت ئىچىدە ياسىنىش ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھۆكۈمنى بۇ ئايەتتىن چىقىرىش ھەقىقەتەن ياخشى بولغان.

يەنە بەزى ئۆلىمالار: ياتلىق بولماي، ئەرگە تەگمەي تۆت ئاي ئون كۈن كۈتۈشنىڭ ئۆزىلا ھازا تۇتقانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئاجىزدۇر.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ھازا تۇتۇش خۇشپۇراق ئىشلىتىپ ياسانماسلىقنى، ئەرلەرنى جەلپ قىلىدىغان كىيىملەرنى كىيمەسلىكنى، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىماسلىقنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدە بۇ ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە بىرلا قاراش بار. يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدە بۇ ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىدىمۇ بىرلا قاراش بار. يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدە بۇ ئىشلارنى قىلماسلىقى ۋاجىپ بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىككى قاراش بار. مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار مەيلى كىچىكلىكىدىن ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال بولسۇن ياكى قېرىلىقىدىن ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايال بولسۇن، مەيلى ھۆر ئايال بولسۇن ياكى دېدەك بولسۇن، مەيلى

---

[1] تېزەك ئېتىش رەسمىيىتى بولسا، ئېرىنىڭ ھەققىنى ناھايىتى چوڭ بىلگەنلىكتىن ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ھازا تۇتۇشمۇ ئۇ ئايالغا ئاشۇ تېزەكچىلىك ئەزىيەتكە ئۇچراتمىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلىنىدىكەن.

[2] ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھىجازلىقلاردىن ھازا تۇتقان ئايالنىڭ ئالدىنى سۈرتۈشى ھەققىدە سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق چۈشەندۈرۈپ قويدى: ھازا تۇتقان ئايال سۇ ئىشلەتمەيدىكەن، تىرناقلىرىنى ئالمايدىكەن، بىر تال تۈكىنىمۇ يۇلمايدىكەن. بىر يىل توشقاندىن كېيىن ئەڭ سەت چىراي بىلەن چىقىدىكەن، ئاندىن بىر قۇشقا ئالدىنى سۈرتىدىكەن. سۈرتۈلگەن نەرسىنىڭ سېسىقلىقىدىن سۈرتۈلگەن قۇش ئۇزاق ياشىماي ئۆلۈپ قالىدىكەن.»

مۇسۇلمان ئايال بولسۇن ياكى كاپىر ئايال بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ھازا تۇتۇشى ۋاجىپتۇر.»[①]

## تۇتىنچى ھۆكۈم

شەرىئەتتە ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى نېمە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن؟

ئۆلىمالار ئىددەت تۇتۇشنىڭ بەلگىلىنىشىدىكى ھېكمىتى ھەققىدە بىرقانچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز:

1 ـ نەسەبنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەچچىداندا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش.

2 ـ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ئىبادەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش. چۈنكى، الله تائالا مۆمىن ئاياللارنى ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

3 ـ ئەر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغانلىقىنى ۋە ھەسرەت چەككەنلىكىنى بىلدۈرۈش.

4 ـ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە تالاق جەريانىدا يارىشىپ قېلىش يولى ئارقىلىق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش.

5 ـ نىكاھ ئىشىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى جاكارلاش. چۈنكى، ئۇ ئۇزۇن كۈتكەندىلا ئاندىن تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە كىچىك بالىنىڭ ئۇيۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، ھېلى نىكاھلىنىپ، ھېلى ئاجرىشىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللىنەتتى.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئائىلىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇنى نىكاھ تۈگىگەندىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ، پارچىلىنىشى ۋە نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى قاتارلىق يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن قوغداش، ئەر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەسرەت چەككەنلىكىنى ۋە قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھازا تۇتۇش، ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئالاقىغا ئېھتىرام قىلىش، ھايات ھەمراھى بولغان كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن الله تائالا مۇسۇلمان ئايالغا ئىددەت تۇتۇشنى پەرز قىلدى.

---

[①] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 286 ـ بەت.

www.munber.org

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىددەت تۇتۇش مۇددىتى تولۇق بىر يىل ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئەڭ يامان ۋە ئەڭ قەبىھ رەۋىشتە ھازا تۇتاتتى، ئەڭ سەت كىيىمنى كىيەتتى، ئەڭ ناچار قازناق ئۆيدە تۇراتتى، ياسانمايتتى، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيتتى، تازىلىق قىلمايتتى، سۇ ئىشلەتمەيتتى، تىرناقلىرىنى ئالمايتتى، بىر تالمۇ چېچىنى چۈشۈرمەيتتى، كىشىلەرنىڭ يىغىلىش سورۇنلىرىغا بارالمايتتى. بىر يىل توشقاندىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن سەتلىشىپ كەتكەن ۋە ناھايىتى سېسىق پۇراق چىقىدىغان ھالەتتە چىقاتتى. ئاندىن بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن چاپا ـ مۇشەققىتىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزى ئۆستىدىكى ئېرىنىڭ ھەققىنى ناھايىتى چوڭ بىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئىتقا تېزەك ئېتىش ئۈچۈن بىر ئىتنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئىسلام دىنى كېلىپ، بۇ ھالەتنى تۈزىدى، ھازا تۇتۇشنى مەينەتچىلىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس، پاكىزلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ بېكىتتى، ئىددەت تۇتۇش مۇددىتىنى ئىلگىرىكى مۇددەتنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىگە قىسقارتتى، ئىددەت تۇتقۇچى ئايالغا ياسىنىش، خۇشپۇراق ئىشلىتىش ۋە توي قىلىشنى خالايدىغانلاردىن تەلەپ قويىغۇچىلارنىڭ نەزەرىگە چېلىقىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقا ئىشنى ھارام قىلمىدى، ئۇنى تازىلىق قىلىش ۋە پاكىزلىنىشتىن چەكلىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى مۇسۇلماننىڭ شۇئارىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ قەيېرىدە ئولتۇرۇشنى خالىسا شۇ يېرىدە ئولتۇرۇشقا، شۇنداقلا ئاياللار بىلەن ۋە مەھرەملىرى بولغان ئەرلەر بىلەن بىرگە ياشىشىغا رۇخسەت قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى ھازا تۇتۇش ھەققىدە ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭمايدۇ. ئۇلاردىن بەزىلەر ھازا تۇتۇشتا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىدۇ، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا ۋە ياخشىلىقلىرىنى ساناشقا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. كىيىم ـ كېچەكتە، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئادەتتىن چەتنەپ كېتىدۇ. شەرىئەت خاسلاشتۇرغان بويىچە ئەرگە خاس ھازا تۇتماستىن، بەلكى ئاتىلىرىغا ياكى پەرزەنتلىرىگە بىر يىل، ئىككى يىل ھازا تۇتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، ئېرىگىمۇ 40 كۈندىن كېيىن ھازا تۇتمايدۇ.

ھازا تۇتۇشتىكى بۇ يامان ئادەتلەرنى تۈزەش ئەڭ ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى، ئۇ يامان ئادەتلەرنىڭ ھېچ پايدىسى يوق بولۇپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۇلنى بىھۇدە بۇزۇپ چاچقانلىق، ھەمدە تۈرمۇش يولىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى بۇزغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى تۈزەش ئۈچۈن تۇغقانغا ئۈچ كۈن، ئەرگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتۇش ۋە بۇ ھازا تۇتۇشنى ياسانماسلىق، خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىك، ئۆيدىن سىرتقا چىقماسلىق قاتارلىق ئىشلارغىلا قىسقارتىشتىن ئىبارەت شەرىئەت ھۆكمىگە قايتىشتىن باشقا يول يوق.

# خوتۇن كىشىگە تويغا تەلەپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ مەھرى ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى

﴿ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا عَرَّضۡتُم بِهِۦ مِنۡ خِطۡبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوۡ أَكۡنَنتُمۡ فِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ عَلِمَ
ٱللَّهُ أَنَّكُمۡ سَتَذۡكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُواْ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗاۚ وَلَا تَعۡزِمُواْ عُقۡدَةَ
ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ ٱلۡكِتَٰبُ أَجَلَهُۥۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ
ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿٢٣٥﴾ لَّا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ لَهُنَّ
فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى ٱلۡمُقۡتِرِ قَدَرُهُۥ مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٢٣٦﴾ وَإِن طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدۡ فَرَضۡتُمۡ لَهُنَّ فَرِيضَةٗ فَنِصۡفُ مَا
فَرَضۡتُمۡ إِلَّآ أَن يَعۡفُونَ أَوۡ يَعۡفُوَاْ ٱلَّذِي بِيَدِهِۦ عُقۡدَةُ ٱلنِّكَاحِۚ وَأَن تَعۡفُوٓاْ أَقۡرَبُ لِلتَّقۡوَىٰۚ وَلَا
تَنسَوُاْ ٱلۡفَضۡلَ بَيۡنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٧﴾ ﴾

﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار اللہ قا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، اللہ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى اللہ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (اللہ دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى

تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە)، شۇ بويىچە ئىش تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. الله ھەققەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

ـــ سۈرە بەقەرە 235 ـــ، 236 ـــ، 237 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

عَرَّضْتُم: (بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەتتەئرىيز» بولۇپ، ئاشكارا قىلماستىن، ئوچۇقلاشتۇرماستىن ئىشارەت قىلىش، بۇرىتىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ ئىشارەتنى ئوچۇقلاشتۇرمىسىمۇ، قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن نىمە مەقسەت قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. خوتۇن كىشىگە ئۇنى ئالىدىغانلىقىنى بۇرىتىپ ئۆتۈش بولسا، ئۇنىڭغا ئوچۇق تەلەپ قويماستىن، تەلەپ قويغانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئالىدىغانلىقىنى بۇرىتىپ ئۆتكۈچى: سىز بەك چىرايلىق، سىز ھەققەتەن مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئايالسىز دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ.

خِطۡبَةِ ٱلنِّسَآءِ: (ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى)، بۇ سۆز، ئاياللارغا ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەلەپ قويۇش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

أَكۡنَنتُم: (يوشۇرۇن تۇتساڭلار)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئىكنان» بولۇپ، يوشۇرۇش، مەخپىي تۇتۇش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا: (ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار)، بۇ سۆز ئايەتتە: ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئاياللار بىلەن ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

عُقۡدَةَ ٱلنِّكَاحِ: (نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا)، «ئوقدە» چىگىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. راغىب مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز نىكاھ، قەسەم ۋە باشقا ئارىسى چىگىلىدىغان نەرسىگە ئىسىم بولۇپ، چىگىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز ئايەتتە، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَجَلَهُۥ: (تۈشمىغىچە)، بۇ سۆز ئاخىرى، تۈگىشى، نىهايىتى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

www.munber.org

ٱلۡكِتَـٰبُ: (ئىددەتتى)، بۇ سۆز، الله تائالا ئىددەت تۈگىگۈچە ئايالغا ئىددەت ئىچىدە تۇرۇشنى پەرز قىلغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿حَتَّىٰ يَبۡلُغَ ٱلۡكِتَٰبُ أَجَلَهُۥ﴾ دېگەن سۆزى ئىددەتتى توشمىغىچە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فَٱحۡذَرُوهُ: (ھەزەر قىلىڭلار)، يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماڭلار. بۇ سۆز تەھدىت سېلىش ۋە قاتتىق قورقىتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

حَلِيمٌ: (ھەلىمدۇر)، الله تائالا جازانى كېچىكتۈرىدۇ، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. الله تائالانىڭ تۈزگەن يولى شۇكى، ئۇ مۆھلەت بېرىدۇ، ئەمما بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

ٱلۡمُوسِعِ: (باي)، بۇ سۆز، قول ئىلكىدە بار، پۇل ـ مېلى كۆپ، باي بولغانلىقتىن كەڭ ـ كۇشادە ياشايدىغان ئادەم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلۡمُقۡتِرِ: (كەمبەغەل)، بۇ سۆز، قول ئىلكىدە يوق، كەمبەغەل بولغانلىقتىن تۇرمۇشى قىيىن ئادەم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تَمَسُّوهُنَّ: (ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىش)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلمەسس» بولۇپ، بىر نەرسىنى قول بىلەن تۇتۇش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. راغىب مۇنداق دەيدۇ: ئۇ سۆز سىلاش بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ سۆز يەنە كۆچمە مەنە سۈپىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[①].

فَرِيضَةً: (مەھرى)، بۇ سۆز ئەسلىدە الله تائالا بەندىلىرىگە پەرز قىلغان نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە بولسا، مەھرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، مەھرى بېرىش الله نىڭ ئەمرى بىلەن پەرز قىلىنغان.

يَعۡفُوَا: (ئاياللار ئۆتۈنسە)، بۇ سۆز ۋاز كېچىش، ئەپۇ قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە خوتۇن كىشىنىڭ مەھرى ھەققىدىن ۋاز كېچىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەرلەرنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللارغا تەلەپ قويۇشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئەرلەر جامائەسى! ئىددەت تۇتۇۋاتقان ﴿ئاياللارغا﴾ ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى ئوچۇق بىلدۈرمەستىن، بۇرۇتىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئېلىشنى خالايدىغانلىقىڭلارنى ئىزھار قىلساڭلار ﴿سىلەرگە﴾ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا دىلىڭلاردا ئۇلارغا بولغان مايىللىقىڭلارنى ۋە ئۇلارنى ئېلىشنى خالايدىغانلىقىڭلارنى يوشۇرغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. الله تائالا بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ. ﴿لېكىن﴾ ئۇلار ئىددەت

[①] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 467 ـ بەت.

ئىچىدىلا بولىدىكەن، ئۇلارنى ئىلىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا ئېيتىشلار توغرا بولمايدۇ. پەقەت ئۇلارنى ئالىدىغانلىقلىرىنى قەبىھ ۋە يامان سۆز قىلماسلىق شەرتى بىلەن مۇۋاپىق سۆزنى قىلىش ئارقىلىق بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار بولىدۇ. ﴿ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئىلىشقا بەل باغلىماڭلار. بىلىڭلاركى، الله﴾ دىلىڭلاردا يوشۇرغان سىرلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا سىلەرگە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

ئاندىن الله تائالا بىراۋنىڭ نىكاھلانغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋېتىش چەكلەنگەن ئىشتۇر، دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ، مۇنداق شارائىتتا تالاق قىلىشنىڭ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تالاق قىلىنغان بۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئۇلارغا باي ئادەم بايچە، كەمبەغەل ئادەم كەمبەغەلچە مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مال بېرىشنى بۇيرۇيدۇ ۋە بۇنى تالاقنىڭ زەربىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر تۈرلۈك ياخشىلىق قىلىپ بېكىتىدۇ.

مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالغا بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. پەقەت بۇ ھالەتتە تالاق قىلىنغان ئايال مەھرى ھەققىدىن ۋاز كەچسە، ياكى ئەر ئايالغا بەلگىلەنگەن مەھرىنى تولۇق بەرسە ۋە ياكى قىز كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ توي ئىشىغا ۋەكىللىك قىلغان ۋەلى قىزنىڭ مەھرى ھەققىنى ئۆتۈنسە، مەسىلىنى شۇ بويىچە ھەل قىلساڭلار بولىدۇ.

ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى ئۆزئارا دوستلۇق، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى چىرايلىق مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى بىردىنلا ئۇنتۇپ كەتمەسلىككە ئەسكەرتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ مەجبۇرلىشى تۈپەيلى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاجرىشىشى مەيدانغا كەلگەن بولسا، بۇ، تۇغقانلار ئارىسىدىكى قۇيۇق داۋام قىلىۋاتقان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاشقا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

خازىن مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم بەنى ھەنىفە قەبىلىسىدىن بىر ئايالنى ئۇنىڭ مەھرى ھەققىنى تەيىن قىلماستىن نىكاھىغا ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ...﴾

www.munber.org

دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «ئۇ ئايالغا بېشىڭغا كىيگەن بۆكۈڭنى بولسىمۇ بەرگىن» دەيدۇ.[①]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ قۇرئان كەرىم ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئېرى ئۈچۈن ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالنى ئالدىغانلىقنى ئوچۇق بىلدۈرمەستىن، بۇرىتىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇرىتىپ قويۇشنىڭ شەكلى: سىز ھەقىقەتەن چىرايلىق، سىز ياخشى ئايال دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇراھمان ئىبنى سۇلايماندىن ھەنزەلەنىڭ قىزى سۇكەينەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىددەت تۇتىۋاتقان مەزگىلدە يېنىمغا ئەبۇ جەفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى كىرىپ: سىز مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان ئىكەنلىكىمنى، بوۋام ئەلىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى ۋە مېنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىمنى بىلىسىز، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇ جەفەر! الله ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن! مەن ئىددەت تۇتىۋاتقان تۇرسام، سەن ماڭا تەلەپ قويىۋاتامسەن، بۇ قانداق قىلغىنىڭ؟ دېدىم. ئۇ: مەن شۇنداق قىلدىممۇ؟ مەن پەقەت سىزگە ئۆزەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان ئىكەنلىكىمنى ۋە دىندىكى ئورنىمنى خەۋەر قىلدىم. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئېرى ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولۇپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئەبۇ سەلەمەنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىنى ئۇزاق سۆزلىگەن، ئۇ قولىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولغاچقا قولىغا بورىنىڭ ئىزى چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇمۇ تەلەپ قويغانلىق بولمىغان، دېدى.»[②]

2 ـ ﴿ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىكى بەل باغلاش ئىددەت ئىچىدىكى ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بەل باغلاش مەنئى قىلىنغان ئىكەن، نىكاھلىنىش تېخىمۇ كۈچلۈك مەنئى قىلىنىدۇ.

3 ـ الله تائالا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى يېقىنچىلىق قىلىش دېگەن سۆز ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ قۇرئان كەرىم ئىشلەتكەن ناھايىتى ئىنچىكە كىنايە مەنىلەرنىڭ بىرىدۇر.

[①] شەيخ خازىننىڭ «تەپسىرۇلخازىن» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد،. جامالىددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 619 ـ بەت.

[②] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 519 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 214 ـ بەت.

ئەبۇ مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە ئۇلار ئۆزئارا سۆزلەشكەندە ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ﴿سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي﴾ دېگەن سۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

4 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى ۋە: ﴿ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتاب ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5 ـ تالاق قىلىنغان ئايالغا مال بېرىشتىكى ھېكمەت شۇكى، تالاق كەلتۈرۈپ چىقارغان روھى بېسىمنى تۈگىتىش ۋە مال بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر باي بولسا، ئايالغا بىر خىزمەتچى بېرىشى، ئەگەر كەمبەغەل بولسا، ئۈچ ياقلىق كىيىم بېرىشى لازىم.»

6 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەسەن ئىبنى ئەلى خوتۇنىنى تالاق قىلغۇچىكەندە ئون مىڭ تەڭگە پۇل بېرىدۇ. ئاندىن خوتۇنى مۇنداق بېيت ئوقۇيدۇ:

كەلدى ئازغىنا مال، ئايرىلىپ كەتكەن سۆيۈملۈكتىن.

ھەسەننىڭ خوتۇنىنى تالاق قىلىش سەۋەبى مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە خەسئەمى دېگەن ئايال ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ھەسەنگە ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشى ئۈچۈن بەيئەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئايالى: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! خەلىپىلىكىڭگە مۇبارەك بولسۇن! دەيدۇ. ھەسەن: ئەلى ئۆلتۈرۈلسە، سىز، خۇشاللىق ئىزھار قىلىۋاتامسىز؟ كېتىڭ، سىز ئۈچ تالاق دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى چۈمپەردىسىگە ئورىنىپ ئىددىتى تۈگىگىچە ئولتۇرىدۇ. ھەسەن ئۇنىڭغا ئون مىڭ تەڭگە پۇل ۋە ئۇنىڭ قالغان مەھرى ھەققىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. خوتۇنى بۇ پۇل ـ مالنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئەنە شۇ بېيتنى ئوقۇيدۇ:

كەلدى ئازغىنا مال، ئايرىلىپ كەتكەن سۆيۈملۈكتىن.

ئارىدىكى ئەلچى بۇ ئەھۋالنى ھەسەنگە يەتكۈزگەندە، ھەسەن: كاشكى مەن ئۇنى يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلغۇچىمىغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشۇۋالاتتىم، دەيدۇ[2].

---

[1] جامالىددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 620 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 147 ـ بەت.

[2] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 202 ـ بەت. مەن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، بۇ ۋەقەلىك كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ: بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بولىدۇ دېگەن قارىشىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چىدىسۇن دېگەن ھەدىسىمۇ بار. (ئاپتوردىن)

www.munber.org

# شەرئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

ئايالLARغا تەلەپ قويۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئايالLAR تەلەپ قويۇش ھۆكمىدە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ بۇرۇتتىش ئارقىلىقمۇ، ئوچۇق سۆزلەش ئارقىلىقمۇ تەلەپ قويغىلى بولىدىغان ئايال بولۇپ، مۇنداق ئايال بىرىنىڭ ئەمرىدە ئەمەس ۋە ئىددەت ئىچىدىمۇ ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنىش دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپ قويۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ[1].

2 ـ بۇرۇتتىش ئارقىلىقمۇ، ئوچۇق سۆزلەش ئارقىلىقمۇ تەلەپ قويغىلى بولمايدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ بىرىنىڭ نىكاھىدىكى ئايالدۇر. ئۇ باشقا بىرىنىڭ ئەمرىدىلا بولىدىكەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇش ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنى بۇزىدۇ. شۇڭا بۇ ھارامدۇر. شۇنداقلا يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايالمۇ نىكاھى بار ئايالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

3 ـ بۇرۇتتىش ئارقىلىق تەلەپ قويغىلى بولىدىغان، ئوچۇق سۆزلەش ئارقىلىق تەلەپ قويغىلى بولمايدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالدۇر. ﴿ئىددەتتە تۇرغان ئاياللارغا ئۆزلىرىنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرۇتتۇپ ئۇقتۇرۇشۇڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتۇشۇڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم مۇشۇنداق ئايالنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ تالاق قىلىنىپ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوچۇق سۆزلەش بىلەن ئەمەس، بۇرۇتتىش ئارقىلىق تەلەپ قويۇش دۇرۇس بولىدۇ.

ئوچۇق سۆزلەش بىلەن تەلەپ قويۇشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ئىمام شافىئىينىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنۇ سۆزىدۇر: «بۇرۇتۇپ تەلەپ قويۇشنىڭ گۇناھ بولمايدىغانلىق بىلەن خاسلاشتۇرۇلۇشى ئوچۇق سۆزلەش بىلەن تەلەپ قويۇشنىڭ ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ دەلىل بىر ھۆكۈمنىڭ ئەكسىنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئىددەت ئىچىدىكى ئايالنى نىكاھلاش توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟

الله تائالا ئىددەت ئىچىدىكى ئايالنى نىكاھ قىلىشنى ھارام قىلدى ۋە ئۇ ئايالغا، مەيلى ئۇ تالاق قىلىنغان ئايال بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال بولسۇن، ئىددىتى توشقىچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ۋاجىپ قىلدى. الله تائالانىڭ: ﴿ئىددىتى توشمىغىچە

[1] بۇ ھۆكۈمدىن باشقا بىرى تەلەپ قويغان ئايالغا تەلەپ قويۇش مۇستەسنا قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى تەلەپ قويغان ئايالغا تەلەپ قويمىسۇن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام شافىئى رىۋايەت قىلغان.

ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئىددەت ئىچىدىكى ئايالنى نىكاھلاشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق نىكاھنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنى بۇزۇۋېتىشنىڭ لازىملىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، الله تائالا ئۇ نىكاھنى مەنئى قىلغان. ئەگەر بىرى ئىددەت ئىچىدىكى ئايالغا نىكاھ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولسا، نىكاھ بۇزۇلىدۇ. ئىمام مالىك ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشىدا بۇ ئايال ئۇ ئادەمگە مەڭگۈلۈك ھارام بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشى ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق ھۆكۈم قىلغان. ئۇ ئەر ھالال ئەمەس نەرسىنى ھالال سانىغانلىقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالىنىدۇ. ئۇ قاتىلغا ئوخشاش بولۇپ، قاتىلمۇ مىراستىن مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نىكاھ بىكار قىلىنىدۇ. ئاندىن ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندا نىكاھلانغۇچى ئەر تەلەپ قويغۇچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ ئايالنى ئېلىشى مەڭگۈ ھارام بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدىن ياكى سۈننەتتىن ۋە ياكى ئۆلىمالارنىڭ بىرلىك قارىشىدىن دەلىل بولمىسا، ئۇ ئايال ئۇ ئەرگە ھارام بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە مۇنداق دەلىلدىن ھېچ نەرسە يوق.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، زىنا قىلىش ئىددەت ئىچىدىكى ئايالنى نىكاھلاپ بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئېغىر گۇناھتۇر. زىنا قىلىش ئۇ ئايالنى ئۇ ئەرگە مەڭگۈلۈك ھارام قىلمىغان ئىكەن، شۈبھىلىك يول بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇش تېخىمۇ ھارام قىلالمايدۇ. ئۆمەردىن نەقىل قىلىنغان ۋەقەلىككە كەلسەك، ئۆمەرنىڭ ئۇ ھۆكمىدىن يېنىۋالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.»

### ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇ ۋەقەلىكتىكى ھۆكمى

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەرگە سەقىف قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر ئايالنى ئىددەت ئىچىدە خوتۇنلۇققا ئالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇ ئىككىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاجراشتۇرىۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى جازالاپ: ئۇ ئەر ئۇ ئايالنى ئەمرىگە مەڭگۈ ئالمىسۇن، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ مەھرى ھەققىنى دۆلەت خەزىنىسىگە قېتىۋېتىدۇ. بۇ ھۆكۈم كىشىلەر ئارىسىغا تارايدۇ. ئاخىرى ئەلىنىڭ (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) قولىقىغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. ئۇ: الله ئەمىرۇلمۇئمىنىنگە رەھىم قىلسۇن! مەھرى ھەققىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇ ئىككىسى بىلمەسلىكتىن شۇنداق قىلغان. ئۇ ئىككىسىنى سۈننەتكە قايتۇرۇش كېرەك ئىدى دەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: سەن ئۇ ئىككىسى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئەر ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولغانلىقى ئۈچۈن مەھرى ھەققى ئايالغا بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئاجراشتۇرۇۋېتىلىدۇ، ئۇلارغا دەررە ئۇرۇلمايدۇ. ئايال بىرىنچى ئېرىدىن تولۇق ئىددەت

www.munber.org

تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئېرىدىن تولۇق ئىددەت تۇتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئەر خالىسا، ئۇ ئايالغا تەلەپ قويىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆمەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن ئۆمەر: ئى ئىنسانلار! نادانلارنى سۈننەتكە قايتۇرۇڭلار، دەيدۇ.»①

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى نېمە؟

مەزكۇر ئايەتلەر تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 - مەھرى ھەققىنى تەيىنلەپ بولغان ۋە بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايال.

2 - مەھرى ھەققىنى تەيىنلىمەستىن ۋە بىر تۆشەكتىمۇ بولماستىن تالاق قىلىنغان ئايال.

3 - مەھرى ھەققىنى تەيىنلىگەن، بىراق بىر تۆشەكتە بولماستىن تالاق قىلىنغان ئايال.

4 - مەھرى ھەققىنى تەيىنلىمىگەن، بىراق بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايال.

بىرىنچى تۈردىكى ئايالغا كەلسەك، اﷲ تائالا ئۇنىڭ ھۆكمىنى بۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتتە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن مەھرى ھەققى قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ. ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾② ﴿ئۇزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ﴾③.

ئىككىنچى تۈردىكى ئايالغا كەلسەك، اﷲ تائالا ئۇنىڭ ھۆكمىنى بۇ ئايەتتە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەھرى بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل - مال بېرىش لازىم. چۈنكى، اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال) بېرىشىڭلار كېرەك...﴾ شۇنداقلا ئۇ ئايال ئۇلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئىددەت تۇتمايدۇ. چۈنكى، اﷲ تائالا

① ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 504 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 194 - بەت.

② سۈرە بەقەرە، 228 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە بەقەرە، 229 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك﴾[1].

ئۈچىنچى تۈردىكى ئايالغا كەلسەك، الله تائالا ئۇنىڭ ھۆكمىنى بۇ ئايەتتىن كېيىنكى ئايەتتە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەھرى ھەققىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئىددەت تۇتمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار﴾.

تۆتىنچى تۈردىكى ئايالغا كەلسەك، الله تائالا ئۇنىڭ ھۆكمىنى سۈرە نىسادا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار﴾[2]. مۇنداق ئايالغا ھەر جەھەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ تۇش ئايالنىڭ مەھرى بېرىلىشى لازىم.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈمنى مۇنداق بىر قىياسمۇ ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ئىسلام ئۈممىتى شۈبھىلىك نىكاھ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىنغان ئايالغا ھەر جەھەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ ئايالنىڭ مەھرى بېرىلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، توغرا نىكاھ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىنغان ئايالغا ھەر جەھەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ ئايالنىڭ مەھرى بېرىلىشى بۇ ھۆكۈمگە قىياس قىلغاندا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر.»[3]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

تالاق قىلىنغان ھەممە ئايالغا مۇتئە يەنى مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مال بېرىش ۋاجىپمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن﴾ دېگەن سۆزى بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ۋە مەھرى تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغا ئايالغا مۇتئە بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فىقھشۇناسلار تالاق قىلىنغان ھەرقانداق ئايالغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە بىر نەچچە خىل پىكىرگە كەلگەن:

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[4] دېگەن سۆزى ئاممىباب مەنىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تالاق قىلىنغان ھەرقانداق ئايالغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپتۇر.

---

① سۈرە ئەھزاب، 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە نىسا، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 145 ـ بەت.
④ سۈرە بەقەرە، 241 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «تالاق قىلىنغان ھەرقانداق ئايالغا مۇتئە بېرىش مۇستەھەبتۇر، ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[1]. ﴿(بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾ ئەگەر ئۇ ۋاجىپ بولسا ئىدى، اللە تائالا ئۇنى تەقۋادارلارغا ۋە ياخشى ئادەملەرگە قاراتماستىن، ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانلارغا قاراتقان بولاتتى.

ھەنەفىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپتۇر. ئەمما مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇتئە بېرىش مۇستەھەبتۇر. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەلى ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ قاراشنىڭ ھەممە دەلىللەرنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن باشقا قاراشلاردىن كۈچلۈك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

### بەشىنچى ھۆكۈم

مۇتئە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

مۇتئە ئەرنىڭ تالاق قىلىۋاتقان خوتۇنىغا تالاقنىڭ بېسىمىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە پۇل ـ مال ياكى كىيىم ۋە ياكى نەرسە ـ كېرەك بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى بولسا ئىجتىھادقا باغلىق ئىشتۇر.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا مۇتئەنىڭ ئاز بولغاندا قانچىلىك، كۆپ بولغاندا قانچىلىك بولۇشىغا مۇئەييەن بەلگىلىمە يوق.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «باي ئادەم بىر خىزمەتچى، ئوتتۇراھال تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى ئادەم 30 كۈمۈش تەڭگە، كەمبەغەل ئادەم بىر رومال بېرىشى مۇستەھەبتۇر.»[2]

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كۆينەك، بىر لېچەك ۋە بىر پەلتۇ بېرىشى، كۆپ بولغاندا مەھرىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.»

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇغىلى بولىدىغان ئۆلچەمدە بىر كۆينەك ۋە بىر لېچەك بېرىشى لازىم.» ئۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەر ئۆزىنىڭ باي ياكى كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە قارىتا بەرسە بولىدۇ. ﴿باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن﴾ ئۇ ھاكىمنىڭ ئىجتىھادى بويىچە ئۆلچىنىدۇ.» ئاخىرقى بۇ قاراش كۈچلۈكرەك بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىندۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 241 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 149 ـ بەت.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالغا ۋە يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنىپ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالغا بۇرۇتتىپ تەلەپ قويۇش دۇرۇستۇر.

2 ـ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالغا ئىددەت ئىچىدە نىكاھ قىلىش ھارامدۇر ۋە مۇنداق نىكاھ پۈتۈنلەي خاتادۇر.

3 ـ مەھرى ھەققى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ھەرقانداق ئايالغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپتۇر، باشقا تۈرلۈك تالاق قىلىنغان ئاياللارغا مۇتئە بېرىش مۇستەھەبتۇر.

4 ـ ئەگەر خوتۇننى بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىش زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، دۇرۇستۇر.

5 ـ بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ مەھرى ھەققى تەيىنلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭغا مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش لازىم.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممىنى ياراتقۇچى الله تائالا تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇتئە بېرىشنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنى ئەرنىڭ باي ياكى كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە يارىشا بېرىدىغان قىلىپ بېكىتتى. مەھرى تەيىنلىنىشتىن ۋە بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالغا بۇ مۇتئەنى بېرىش ۋاجىپتۇر. قالغان تۈردىكى تالاق قىلىنغان ئايالغا بۇ مۇتئەنى بېرىش مۇستەھەبتۇر.

مۇتئەنىڭ بەلگىلىنىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، خوتۇننى بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىش ئۇنىڭغا ئاھانەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىغا يامان تەسىر بېرىدۇ. بۇ تالاق كىشىلەر ئىچىدە: ئەر ئۇنى بىكارغىلا تالاق قىلمايدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن ياكى ئىستىلىدىن بىرەر ئىشتا گۇمانلىنىپ قالغان گەپ، دېگەنگە ئوخشاش شۈبھىلەرنى تۇغدۇرىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالغا چىرايلىق رەۋىشتە مۇتئە بەرسە، بۇ ئىغۋاگەرلىك يوققا چىقىدۇ. بۇ مۇتئە تالاقنىڭ سەۋەبى ئايال تەرىپىدىن ئەمەس، ئەر تەرىپىدىن ئىكەن دېگەنلىككە ۋە ئۇ ئايالدا ئەيىب يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايال ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغداپ قالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: پالانى ئادەم پۇستانى خېنىمغا مۇنداق، مۇنداق نەرسىلەرنى مۇتئە قىلىپ بېرىپتۇ، ئۇ، ئۇ خېنىمنى بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن تالاق قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇ، ئۇ خېنىمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە گۈزەللىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئايالغا بېرىلگەن ئازغىنا پۇل ـ مال ئۇنىڭ پاك ئايال

www.munber.org

ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە ۋە تالاقتىن ئۇچرىغان زەربىسىگە مەلھەم بولىدۇ.

ئىسلام دىنى بىزنى كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى كۆچمىزنىڭ يېتىشىچە قوغداشقا، ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدىغان مىش ـ مىش گەپلەردىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جېدەل ـ ماجرا ۋە دۈشمەنلىككە سەۋەب بولىدىغان تالاق ھالىتىدىمۇ مېھرى ـ مۇھەببەتنى، ياخشىلىق قىلىشنى ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ﴿ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار﴾[1].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، نىكاھ ۋە قۇدا ـ باجىلىق ئالاقىسى مۇقەددەس ئالاقىدۇر. بىر ئائىلىدىن قىز ئالغان، ئاندىن ئۇنى تالاق قىلغان كىشى شۇ ئائىلە كىشىلىرىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ۋە قويۇق ئالاقىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىز مۇسۇلمانلار بۇ روشەن كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىدىن قانچىلىك ئۇزاقلاپ كەتتۇق ـ ھە! ئۇنىڭ ھېكمەتلىك يول ـ يورۇقلىرىدىن، پەزىلەتلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتتۇق ـ ھە!

[1] سۈرە بەقەرە، 237 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# جازانه ۋە ئۆسۈمنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىجتىمائىي جىنايەت ئىكەنلىكى

﴿ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيْطَٰنُ مِنَ
ٱلْمَسِّۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْبَيْعُ مِثْلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلْبَيْعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ فَمَن جَآءَهُۥ
مَوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَنْ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ
هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧٥﴾ يَمْحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرْبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ
رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ
مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ فَأْذَنُواْ بِحَرْبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبْتُمْ
فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَٰلِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾ وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ
مَيْسَرَةٍۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيْرٌ لَّكُمْۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾ وَٱتَّقُواْ يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى
ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٢٨١﴾ ﴾

﴿جازانه، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله قا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۈچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. الله ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ

زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾.

— سۈرە بەقەرە 275 ـ، 276 ـ، 277 ـ، 278 ـ، 279 ـ، 280 ـ، 281 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

ٱلرِّبَوٰا: (جازانە ـ ئۆسۈم)، بۇ سۆز لۇغەتتە، كۆپەيمەك، ئاۋۇماق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ﴾①. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنىڭ ئاستىدىن ئاۋۇپ چىقاتتى.»② يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان تاماق ئاۋۇپ تۇراتتى.

ئۇ سۆز شەرىئەتتە، قەرز بەرگۈچى قەرز بەرگەن ۋاقىت بەدىلىگە قەرز ئالغۇچىدىن ئالىدىغان ئۆسۈمنى كۆرسىتىدۇ.

يَتَخَبَّطُه: (چېپىلىپ قالغان)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەخەببۇت» بولۇپ، قالايمىقانلاشماق، توغرا ئىش قىلالماسلىق، نېرۋىسىدىن كەتمەك، جىن چېپىلىپ قويماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ٱلْمَس: (ساراڭ)، بۇ سۆز، ساراڭ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە قول بىلەن تۇتۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، جىن ئىنساننى تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ.

مَوْعِظَة: (ۋەز ـ نەسىھەت)، بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئېرىتىدىغان ياخشى سۆزلەر بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

① سۈرە ھەج، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② ئۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ ئۇزۇن ھەدىستۇر. ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇ تاماقتىن بىر پارچە ئالساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىن ئاۋۇپ چىقاتتى.»

www.munber.org

سَلَفَ: (بۇرۇن ئالغىنى)، بۇ سۆز ئۆتۈپ بولغان، ئىلگىرى قىلىپ بولغان دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە، كىمكى جازانە بىلەن شۇغۇللىنىشتىن يانسا، الله تائالا ئۇنىڭ جازانە هارام قىلىنىپ نازىل بولغان بۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە كەچۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

يَمۡحَقُ: (ئۆچۈرۈۋېتىدۇ)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «مەھق» بولۇپ، كېمەيتىۋېتىش، ئۆچۈرۈۋېتىش، يوق قىلىۋېتىش، بەرىكەتسىز قىلىۋېتىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە الله تائالا جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقى ۋە هالاك قىلىۋېتىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ. بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، جازانە پۇل ـ مالنى ئاۋۇتقاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئۇنى ئازايتىۋېتىدۇ.»①

وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ: (سەدىقىنىڭ بەرىكىتىنى زىيادە قىلىدۇ)، يەنى الله سەدىقىنىڭ بەرىكىتىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىدۇ②.

أَثِيمٍ: (گۇناھكار)، بۇ سۆز، كۆپ گۇناھ ئىشلىگۈچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ يامان ئىشلارنى قىلىشتا ھەددىدىن ئاشىدۇ، گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ.

فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٍ: (ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ)، بۇ سۆز، الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەرگە ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، جازانىدىن قول ئۈزمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ذُوعُسۡرَةٍ: (قولى قىسقا بولسا)، بۇ سۆز، كەمبەغەللىك، قىيىنچىلىق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

فَنَظِرَةٌ: (كۈتۈڭلار)، بۇ سۆز، كۈتۈپ تۇرماق، مۆھلەت بەرمەك، كېچىكتۈرمەك، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. شۇڭا قەرزدار كەمبەغەل بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزنى مەلۇم ۋاقىت كېچىكتۈرۈشى ۋە كۈتۈپ تۇرۇشى ۋاجىپتۇر.

مَيۡسَرَةٖۚ: (هالى ياخشىلانغۇچە)، بۇ سۆز، باي، قولى كەڭ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە، قەرزدار كەمبەغەل بولسا، قەرزنى سۈيلەشنى ئۇ باي بولغانغا ۋە قولىغا پۇل

---

① ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. كىمكى پاك نەرسىدىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، **الله** تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تېيىنى پەرۋىش قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلغاندەك پەرۋىش قىلىپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە شۇ بىر تال خورما چاغلىق نەرسە تاغدەك چوڭىيىپ كېتىدۇ.»

كىرگەنگە قەدەر كىچىكتۈرۈڭلار، ئۇنىڭدىن پەقەت ئەسلى سەرمايە پۇلنى ئېلىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە جازانە ۋە ئۆسۈم بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان جازانىخورلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن جىن چېپىلىپ قويغان ساراڭلاردەك دەلدۈش ھالەتتە قوپىدۇ. تېيىلىپ، پۈتلىشىپ ۋە يىقىلىپ قوپۇپ ماڭىدۇ، تۈز ماڭالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا جىن چېپىلىپ قويغان. ئۇلارغا جىن چېپىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار اللّٰه تائالا ھارام قىلغان جازانىنى ھالال ھېسابلىدى. ئاندىن ئۇلار: جازانە سودا ـ سېتىققا ئوخشاش تۇرسا، نېمىشقا ھارام بولىدىكەن؟ دېيىشتى. اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ بۇ يامان گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ، سودا ـ سېتىقنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى، اللّٰه تائالانىڭ ئۇنى ھالال قىلغانلىقىنى، جازانە بولسا قەرزدارنىڭ تاپقىنىنى ئارتۇقلا يۇلۇۋېلىش، تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ قېنىنى شوراش بولۇپ، اللّٰه تائالانىڭ ئۇنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداق تۇرسا جازانە بىلەن سودا ـ سېتىق قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟!

ئاندىن اللّٰه تائالا شۇنى خەۋەر قىلىدۇكى، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن جازانە ئېلىشنى مەنئى قىلغان ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن جازانە ئېلىش ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغان ئادەمنى اللّٰه تائالا ئەپۇ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇنى ئىلگىرى جازانە ئالغانلىقى ئۈچۈن جازالىمايدۇ. ئەمما اللّٰه تائالا جازانە ئېلىشنى ھارام قىلغاندىن كېيىنمۇ جازانە بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنى، اللّٰه تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال سانىغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ جازالايدۇ.

اللّٰه تائالا جازانە ئالغۇچىنى ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى يا پۈتۈنلەي تۈگىتىۋېتىش بىلەن يا پۇل ـ مېلىنىڭ بەرىكىتىنى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن يوق قىلىپ جازالايدىغانلىقىنى قاتتىق تەكىتلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جازانە پۇل ـ مالنى ئاۋۇتقاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئۇنى ئازايتىۋېتىدۇ.» شۇڭا اللّٰه تائالا جازانە ئالغۇچىنىڭ پۇل ـ مېلىنى چوقۇم يوق قىلىۋېتىدۇ، بەرىكىتىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. چۈنكى، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭشىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾[1]. لېكىن اللّٰه تائالا سەدىقە قىلغۇچىنىڭ پۇل ـ مېلىنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ ۋە

[1] سۈرە مائىدە، 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ﴿الله﴾ دىلى ناشۈكۈرلۈك بىلەن قاپلانغان، سۆزى ۋە ھەرىكىتى گۇناھ بىلەن تولغان ھەر بىر ﴿گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ﴾.

ئاندىن الله تائالا جازانە بىلەن شۇغۇللانغان كىشىگە، بولۇپمۇ بۇ ئادەم مۆمىنلەردىن بولۇپ قالسا، تېخىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ ۋە دەرتلىك ئازاب بىلەن قورقىتىدۇ. جازانە بىلەن ئىمان ئىككىسى ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ: ﴿ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر﴾.

قايسى بىر مۇسۇلمان مۇشۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاندىن يەنە جازانە بىلەن شۇغۇللانسۇن؟! ئى الله! بىزنى بۇ قەبىھ جىنايەتتىن ساقلىغىن، ھارام يېيىشتىن ۋە جازانە بىلەن شۇغۇللىنىشتىن پاكلىغىن، سەن ھەققەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن ۋە ئىجابەت قىلغۇچىسەن. ئى الله! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن!

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاباس بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىككىسى ئورتاقلىشىپ، سەقىف قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۆسۈمگە قەرز بېرەتتى. ئاندىن ئىسلام دىنى كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆسۈمگە بەرگەن نۇرغۇن پۇل - مېلى بار ئىدى. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى پۈتۈن جازانە ۋە ئۆسۈم ئەلۋەتتە بىكار قىلىنىدۇ. مەن تۇنجى قىلىپ ئاباسنىڭ جازانىسىنى بىكار قىلىمەن. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى پۈتۈن قان قىساسلار بىكار قىلىنىدۇ. مەن تۇنجى قىلىپ رەبىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىساسىنى بىكار قىلىمەن.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بۇ ئايەت كەرىمدىكى جازانە يېيىش ئۇنى ئېلىشنى ۋە ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر﴾ دەپ يېيىش تىلغا ئېلىندى. چۈنكى، پۇل ـ مال

[1] ئىمام ۋاھىدى سۇددىدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 332 ـ بەت.

تېپىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يېيىشتىن ئىبارەتتۇر. قالغان مەقسەتلەر ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىدۇر. شۇڭا باشقا بىرىنىڭ مېلىنى ناھەق ئىشلىتىۋالغان كىشىگە: ئۇنىڭ مېلىنى يەۋالدى، دېيىلىدۇ.

2 ـ ئايەتتە جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار جىن چېپىلىپ قويۇپ ئېلىشىپ قالغان كىشىلەرگە ئوخشىتىلدى. بۇنىڭدا ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، اللە تائالا ئۇلار يېگەن جازانىنى ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدا ئاۋۇتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورساقلىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ ۋە يىقىلىپ قوپۇپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇ ئالامەتلەر بىلەن تونۇلىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇ، جازانە يېگۈچىنىڭ قىيامەت كۈندىكى بەلگىسىدۇر.»①

3 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش﴾ دېگەن سۆزىدە سودا ـ سېتىق جازانىگە ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھالاللىقى ئىتتىپاق بولغان سودا ـ سېتىقنى جازانىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىدا جازانىنىڭ ھالاللىقىنى ئەسلى قانۇن قىلىۋالماقچى بولغان. سەن بۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلساڭ، ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتا ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

4 ـ ﴿اللە جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمدە ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا بولۇپ، ئەسلىدە جازانە ئالغۇچى جازانە بىلەن پۇل ـ مېلىنىڭ كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، سەدىقە بەرمىگۈچىمۇ پۇل ـ مېلىنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن بەرمەيدۇ. اللە سۇبھانەھۇ ۋەتائالا جازانە ئېلىش پۇل ـ مالنىڭ كۆپىيىشىگە ئەمەس، ئەكسىچە كېمىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى، سەدىقە بېرىش پۇل ـ مالنىڭ كېمىيىشىگە ئەمەس، ئەكسىچە كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. كۆپىيىش ۋە كېمىيىش پەقەت ئاخىرقى نەتىجە ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى پايدا ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ.

5 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿بىلىڭلاركى، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە تىلغان ئېلىنغان بۇ ئۇرۇش اللە نىڭ كاتتا ئىسمىغا ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى قاتتىق ۋە ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىلىڭلاركى، ئۇ ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ، اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن بولىدىغان ئۇرۇشتۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇرۇش قىلغان كىشى ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئايەت جازانە يېيىش داۋام قىلغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قاتتىق يامان بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

① ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 202 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 330 ـ بەت.

www.munber.org

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «جازانە يىگۈچىگە قىيامەت كۈنى: ئۇرۇش ئۈچۈن قورالىڭنى ئالغىن دېيىلىدۇ.»

6 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى جازانە ئېلىش جىنايىتىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، كاپىرلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

7 ـ الله تائالا قەرز ئىگىلىرىنى قولى قىسقا قەرزدارلارغا مۆھلەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ: ﴿ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار﴾ دەيدۇ. پاك ھەدىس شەرىپىمۇ مۇشۇنداق قىلىش تەكىتلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆتمۈشتە كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئوغلىغا: ئەگەر قولى قىسقا ئادەمنىڭ يېنىغا بارساڭ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىن، الله مۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن دەيتتى. كېيىن ئۇ ئادەم الله نىڭ دەرگاھىغا باردى. نەتىجىدە الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى.»

مۇھايىمى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى قىستاپ تۇرۇپ ھەققىنى تولۇق ئالسا، الله مۇ ئۇنى قىستاپ تۇرۇپ ھەقلىرىنى تولۇق ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلسا، الله ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر.»[1]

8 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇ ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان جازانە يېگۈچىلەرنىڭ ھەمدە ئۇنى ھالال سانىغۇچىلارنىڭ جازاسى ئۈستىدە ئويلانسا، ئۇنىڭ ھەققەتەن چوڭ جىنايەت ۋە ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ جىنايەتنى ئىشلىگۈچىلەر قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن ئېلىشىپ قالغان ئادەملەردەك قوپىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، كۆپۈرلۈقتا تاشلىنىپ قالىدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن جەڭ ئېلان قىلىنىدۇ، مەڭگۈلۈك لەنەتكە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا غەزەپكە ۋە ئەيىبلەشكە مۇپتىلا بولىدۇ. جازانە يېيىش ئادالەتنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئامانەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، تاش يۈرەكلىك ۋە قوپاللىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىلەر جازانە ئالغۇچىغا بەت دۇئا قىلىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ۋە بەرىكەتنىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن قەبىھ گۇناھ، نېمىدېگەن چوڭ جىنايەت، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمىدېگەن يامان؟!»

9 ـ جازانە ۋە ئۆسۈم ھەققىدىكى ئايەتلەر: ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى

[1] شەيخ جامالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 716 ـ بەت.

كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم بىلەن ئاخىرلاشتى. ھالبۇكى، بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتتۇر[1]. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توققۇز كۈن ياشىدى، ئاندىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. بۇ ئايەت ئىنسانلارغا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى اللہ نىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە تۇرىدىغانلىقنى ئەسلىتىدۇ. ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (اللہ نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[2]. ئۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ۋەھيى توختىدى. ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالاقىسى بولۇپ قالدى.

## جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىشنىڭ ھارام قىلىنىشى بىسىپ ئۆتكەن باسقۇچلار

بىز بۇ يەردە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى سىرىنى بىلىش ئۈچۈن جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىشنىڭ ھارام قىلىنىشى بىسىپ ئۆتكەن باسقۇچلارنى بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىزنى ياخشى، دەپ قارىدۇق. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام شەرىئىتى ھۆكۈملەرنى بەلگىلەشتە تەدرىجى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى تۇتىدۇ.

جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىشنىڭ ھارام قىلىنىشى تەدرىجى يولغا قويۇش قائىدىسىگە ئاساسەن، خۇددى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدا يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش مۇنداق تۆت باسقۇچنى بىسىپ ئۆتىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچتا اللہ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولىدۇ: ﴿سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرەر پۇل _ مال بەرسەڭلار، اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوغىنىڭ اللہ نىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)، اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار) غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[3].

بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان. بۇ ئايەتتىن شۇ ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭدا جازانىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر نەرسە يوق. ئۇ پەقەت جازانە ئېلىش اللہ نىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغانلىقىنى، جازانە ئۈچۈن اللہ نىڭ دەرگاھىدا ساۋاب يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ سەلبىي تەسىر بېرىدىغان ۋەز - نەسىھەتتۇر.

ئىككىنچى باسقۇچتا اللہ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولىدۇ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى اللہ نىڭ يولىدىن (يەنى اللہ نىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە

---

[1] ئىمام ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەت ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر اللہ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتۇر.» ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن توققۇز كۈن ياشىدى. بۇ ئايەت شەنبە كۈنى نازىل بولغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولىدى.»

[2] سۈرە شۇئەرا، 88 ــ 89 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە رۇم، 39 - ئايەت.

www.munber.org

كىشىلەرنىڭ پۇلى ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق﴾[1].

بۇ ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان. ئۇ بىر ساۋاق بولۇپ، اللّٰه سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىنى قىسسە قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. جازانە يېيىش ئۇلارغا ھارام قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى يېگەن. نەتىجىدە ئۇلار بۇ جىنايەتلىرى ئۈچۈن اللّٰه نىڭ لەنىتىگە ۋە غەزىپىگە تېگىشلىك بولغان. بۇ ئوچۇق بايان قىلىش بىلەن ئەمەس، بۇرىتىپ بايان قىلىش ئارقىلىق ھارام قىلىش تۈرىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ قىسسە يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا جازانە يېيىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىل يوق. بۇ باسقۇچ ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ئىككىنچى باسقۇچقا ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا مادىدى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾[2]. چۈنكى، بۇ ئايەتتىمۇ ھاراق ئوچۇق بايان قىلىش بىلەن ئەمەس، بۇرىتىپ بايان قىلىش ئارقىلىق ھارام قىلىنغان.

ئۈچىنچى باسقۇچتا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار﴾[3]. بۇ ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جازانىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا ئوچۇق دەلىل بار. لېكىن بۇ دەلىل جازانىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، مەلۇم بىر قىسمىنى ھارام قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ جازانىنىڭ «ئۈچىغا چىققان جازانە» دەپ ئاتالغان قىسمىنى ھارام قىلىدۇ. بۇ خىل جازانە يامانلىق ۋە رەھىمسىزلىك جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان، جىنايەت جەھەتتە ئەڭ چېكىگە يەتكەن بولۇپ، قەرز ھەسسىلەپ ئېشىپ قاتمۇقات ئاۋۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى ۋە زۆرۈر بولغان ئىشلىرىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن قەرز ئالغان قەرزدار بۇ قەرزنى ئۆتەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. جازانىنىڭ بۇ باسقۇچى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچقا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھاراق ئۈچىنچى باسقۇچتا ھەممە ۋاقىتلاردا ئەمەس، ناماز ۋاقىتلىرىدىن ئىبارەت مەلۇم ۋاقىتلاردا ھارام قىلىنغان: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[4].

تۆتىنچى باسقۇچ ئاخىرقى باسقۇچ بولۇپ، جازانە ئېلىشنىڭ پۈتۈنلەي ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. قۇرئان كەرىم بۇ قېتىم جازانىنىڭ ئاز ياكى

[1] سۈرە نىسا، 160 ـــ 161 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆپلىكىنى پەرقلەندۈرمەي ھارام قىلدى. بۇ ئايەتلەر جازانە ۋە ئۆسۈم ھەققىدىكى ھۆكۈمگە نىسبەتەن ساماۋىي بەلگىلىمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلىدۇ: ﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، اللّٰه (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر...﴾

بۇ ئايەتلەر جازانە ۋە ئۆسۈم ئېلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئاخىرقى باسقۇچ بولۇپ، ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ئاخىرقى باسقۇچقا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھاراق تۆتىنچى باسقۇچتا كەسكىن ۋە قەتئىي ھارام قىلىندى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾[1].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار بىزگە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر مۇپتىلا بولغان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملارنى تەدرىجى يولغا قويۇش يولى بىلەن ھەل قىلىشىنىڭ سىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام قىلىنغان جازانە ۋە ئۆسۈملەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئىسلام دىنى ھارام قىلغان جازانە كېچىكتۈرۈپ ئۆسۈم بىلەن ئېلىش جازانىسى ۋە ئارتۇقى بىلەن ئېلىش جازانىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ كېچىكتۈرۈپ ئۆسۈم بىلەن ئېلىش جازانىسى بولۇپ، بۇ خىل جازانە جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، بىر ئادەم پۇلى بار ئادەمدىن مەلۇم مىقداردا پۇلنى ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش بەدىلىگە ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن ئايغا ياكى يىلغا ۋاقىت توختىتىپ قەرەللىك قەرز ئالىدۇ.

ئىبنى جەرىر تەبەرى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ۋاقىت توختىتىپ پۇل بېرەتتى. ۋاقىت توشقاندا

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ ئايەت.

www.munber.org

قەرزدار قەرز ئېگىسىدىن: ئۆستۈمدىكى قەرزنى كېچىكتۈرۈپ ئالغىن، مەن ساڭا ئۆسۈم بىلەن قايتۇراي، دەپ ئىلتىماس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى بۇنىڭغا كېلىشەتتى. ئەنە شۇ قاتمۇقات جازانە بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن الله تائالا ئۇلارنى ئۇ جازانىنى ئېلىشتىن توستى.»[1]

ھازىر بانكىلاردا ۋە مالىيە ئورۇنلىرىدا قوللىنىۋاتقان ئۆسۈم مانا مۇشۇ خىل جازانىگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يۈزدە بەش ياكى يۈزدە ئون پىرسەنت ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇلۇش شەرتى بىلەن شىرىكەتلەرگە ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ ئارتۇقچى بىلەن ئېلىش جازانىسى بولۇپ، بۇ خىل جازانىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ناھايىتى روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن. بۇ خىل جازانە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر ئادەم بىر نەرسىنى شۇنىڭغا ئوخشاش تىپتىكى نەرسىگە، ئىككىسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىسىگە ئارتۇق بېرىش شەرتى بىلەن ساتىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى شۇكى، بىر چارەك بۇغداينى ئىككى چارەك بۇغدايغا، بىر يەرنىڭ بىر كىلو ھەسىلىنى يەنە بىر يەرنىڭ بىر يېرىم كىلو ھەسىلىگە ساتىدۇ. ئۆلچەپ ياكى كەملەپ ساتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

فىقھى قائىدىسىگە ئاساسەن، بۇ خىل ئېلىش - بېرىش ئىشىدا ئىككى نەرسىنىڭ تۈرى بىرلەشسە، ئارتۇق ئېلىش ۋە كېچىكتۈرۈپ ئېلىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئىككى نەرسىنىڭ تۈرى پەرقلىق بولسا، كېچىكتۈرمەستىن ئارتۇق ئېلىش ھالال بولىدۇ.

بۇ فىقھى قائىدىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق بايان قىلىپ بېرىمىز: ئەگەر ياغنى ياغقا، بۇغداينى بۇغدايغا، ئۈزۈمنى ئۈزۈمگە، خورمىنى خورمىغا ئالماشتۇرغاندەك تۈرى ئوخشاش نەرسىنى ئالماشتۇرماقچى بولساق، ئارتۇق ئېلىش شەرتسىز ھارام قىلىنىدۇ. مالنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر بۇغداينى ئارپىغا، ياغنى خورمىغا ئالماشتۇرغاندەك تۈرى پەرقلىق نەرسىنى ئالماشتۇرماقچى بولساق، نەق ئېلىش شەرتى بىلەن ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاشمۇئوخشاش قىلىپ نەق تېگىشىشكە بولىدۇ. كىمكى ئارتۇق ئالسا ياكى ئارتۇق ئېلىشنى تەلەپ قىلسا، ھەقىقەتەن جازانە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئالغۇچىمۇ، بەرگۈچىمۇ ئوخشاشتۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مالنىڭ تۈرى پەرقلىق بولسا، نەق ئېلىش شەرتى بىلەن قانداق خالىساڭلار شۇنداق ئېلىپ ساتساڭلار بولىدۇ.»

## ئىككىنچى ھۆكۈم

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 4 - جىلد، 90 - بەت.

جازانە ئاز بولسا دۇرۇس بولامدۇ؟ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿جازاننى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار﴾[1] دېگەن سۆزى نېمە مەننى ئىپادىلەيدۇ؟

ھازىرقى ئەسىر مۇسۇلمانلىرىدىن ئىمانى ئاجىز بەزى كىشىلەر ھارام قىلىنغان جازانە پەقەت ئۆسۈم نىسبىتى يۇقىرى بولغان، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى غەنىمەت بىلىشنى كۆزلەيدىغان جازاندۇر، ئەمما ئۆسۈمى ئاز بولۇپ، نىسبىتى يۈزدە ئىككىدىن ياكى ئۈچتىن ئېشىپ كەتمەيدىغان جازانە ھارام ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ باتىل دەۋاسىغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: اللّٰه تائالا پەقەت ئۆسۈمى يۇقىرى بولغان جازاننى ھارام قىلدى، چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿جازاننى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار﴾ بۇ جەكلىمە جازاننىڭ قاتمۇقات ئېشىپ كۆپىيىپ كېتىشىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەنە شۇنداق كۆپ بولماي، ئۆسۈم نىسبىتى ئاز بولسا ئۇنى ھارام قىلىشقا يول يوق.

بىز بۇنىڭغا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن جاۋاب بېرىمىز

1 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿قاتمۇقات ئاشۇرۇپ﴾ دېگەن سۆزىدە ھېچقانداق شەرت يوق. ئۇ پەقەت جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەمەلىيەتتە قىلىنىۋاتقان جازانە ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ خالاس. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىمۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ جازانە مۇئامىلىسى بىلەن ئىنسانلارغا زۇلۇم، زومىگەرلىك ۋە ئوچۇق ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار جازاننى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ ھەسسىلەپ ئالاتتى.

2 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار جازاننىڭ ئېزىمۇ، جىقىمۇ ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. شۇڭا ئاز بولسا ھارام ئەمەس دېيىش بۇ بىرلىككە قارشى چىققانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ شەرىئەت ئاساسىي قائىدىلىرىنى بىلمىگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاز جازانە چوقۇم كۆپ جازانىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام دىنى بىر نەرسىنى ھارام قىلسا، كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش قائىدىسىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى پۈتۈنلەي ھارام قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئاز نەرسىنى ھالال قىلسا، شۇ ئاز نەرسە كۆپ نەرسىنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. جازانە ھاراملىقتا ھاراقا ئوخشايدۇ. ئەقىللىق بىر مۇسۇلمان: ھاراقتىن ئازراق ئىچىش ھالالدۇر، دەپ ئېيتالامدۇ؟

3 ـ بىز ئەنە شۇ نادانلارغا مۇنداق جاكارلايمىز: سىلەر قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە كاپىر بولامسىلەر؟ نېمشقا بۇ ئايەتنى ئۆزەڭلارنىڭ باتىل داۋايىڭلارغا دەلىل قىلىسىلەر؟ سىلەر اللّٰه تائالانىڭ: ﴿اللّٰه سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازاننى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى﴾ دېگەن سۆزىنى، ﴿اللّٰه (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازاننى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە: ﴿اللّٰه جازاننىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زىيادە قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزنى ئوقۇمامسىلەر؟ بۇ ئايەتلەردە جازانىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشى شەرت قىلىنامدۇ ياكى بولمىسا ئايەتلەرنىڭ لەۋزى شەرتسىزمۇ؟

جابىرنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانە يېگۈچىگە، يېدۈرگۈچىگە، يېزىپ بەرگۈچىگە ۋە ئىككى گۇۋاھچىسىغا لەنەت ئېيتىپ: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر» دېدى. جازانىنىڭ ھەممە تۈرى كەسكىن دەلىل بىلەن ھارام قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭ ئېزىمۇ، جىقىمۇ ھاراملىقتا ئوخشاشتۇر. الله تائالا راست ئېيتىدۇ: ﴿الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. الله ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ﴾.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ جازانە ئىنتايىن خەتەرلىك ئىجتىمائىي ۋە دىنىي جىنايەتتۇر.

2 ـ جازانە چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇنى ئىشلىگۈچى دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ.

3 ـ جازانىنىڭ ئېزىمۇ، جىقىمۇ ھاراملىقتا ئوخشاشتۇر.

4 ـ مۆمىن الله ھارام قىلغان نەرسىدىن يىراق تۇرۇپ، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ئۈستىدە توختىشى لازىم.

5 ـ مۇسۇلماننى الله تائالاغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلايدىغان بىردىن ـ بىر قورال الله قا تەقۋادارلىق قىلىشتۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام شەرىئىتى جازانە ۋە ئۆسۈمنى ئىجتىمائىي ھەمدە دىنىي جەھەتتە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ، ھەرگىز سەل قارىمايدۇ. قۇرئان كەرىم جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ جازانە ئالغۇچىلارنى جىن چېپىلىپ قويغان، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە مۇسىبەتكە يولۇقۇپ ساراڭغا ئوخشاش يىقىلىپ قوپۇپ ماڭىدىغان ئادەمنىڭ سۈرىتىگە ئوخشىتىپ، ئەڭ سەت شەكىلدە تەسۋىرلىشى بىزنىڭ بۇ جىنايەتنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزگە ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىسلام دىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ھېچ بىر ئىشنىڭ ئېغىرلىقى جازانىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن، يامان ئىشلاردىن ھېچ بىر ئىش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشمۇ جازانە ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشتەك قاتتىق بولمىغان ئىدى. جازانە ئىسلام دىنى نەزەرىدە ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر، بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئاساسىدۇر، يامانلىق ۋە گۇناھلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىدۇر. ئۇ سەدىقە بېرىشكە، ياخشىلىق ۋە خەيرى ساخاۋەت قىلىشقا دەل قارشى كېلىدىغان ئامىلدۇر.

سەدىقە بولسا بېرىش ۋە كەڭ قول بولۇشنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ كىشىنى گۇناھلاردىن پاكلايدۇ، پۇل ـ مالنىڭ بەرىكىتىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى ۋە تەڭ باراۋەرلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. جازانە بولسا بېخىللىق، مەينەتچىلىك ۋە پاسىكىنىلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ ئاچكۆزلۈكنى، شەخسىيەتچىلىكنى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەدىقە بولسا پۇل ـ مالنى بەدەل تەلەپ قىلماستىن ۋە قايتۇرۇپ ئالماستىن بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. جازانە بولسا قەرزنى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھارام بولۇپ، قەرزدارنىڭ تاپاۋىتىنى يۇلۇۋالغانلىق ياكى ئۇنىڭ قېنىنى شورىغانلىق بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئالغان پۇل ـ مالنى ئىشلىتىپ قىلغان ئىشى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن پايدا ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ تاپاۋىتىنى يۇلۇۋالغان بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار پايدىمۇ ئالمىغان، زىيانمۇ تارتمىغان بولسا ياكى قەرز ئالغان پۇل ـ مالنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ قېنىنى شورىغان بولىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنى ئىجتىمائىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئەڭ چوڭ جىنايەت ۋە قاتتىق يامان ئىش ھېسابلىشى، ھەمدە جازانە ئالغۇچىلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ﴿ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ﴾. جازانىنىڭ چەكلىنىشى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى ۋە قاتتىق بۇزغۇنچىلىق سالىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ زىياننىڭ بەزىسىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ جازانىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى.

2 ـ جازانىنىڭ ئىجتىمائىي زىيىنى.

3 ـ جازانىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى.

جازانىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىغا كەلسەك، ئۇ ئىنساندا شەخسىيەتچىلىكنى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئىللەت پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىدىن باشقىنى تونىمايدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قۇربان بېرىش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش روھى يوقىلىدۇ. يەككە كىشىلەرنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى ياخشى كۆرۈش ئېڭى بەربات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش، شەخسىيەتچىلىك ۋە

www.munber.org

مەنپەئەتپەرەسلىك ئېغى ئورنايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق ئالاقىسى يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جازانىخور ئىنسان ۋەھشىي يىرتقۇچقا ئايلىنىدۇ، پۈتۈن ھاياتىدا پەقەت پۇل - مال توپلاشتىن، ئىنسانلارنىڭ قېنىنى شوراشتىن ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بايلىقنى يۇتۇۋېلىشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ. مۇلايىم ئىنسان سۈرىتىگە كىرىۋالغان گۆشخور بۆرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى ياخشىلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئېغى مانا مۇشۇنداق يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاچكۆزلۈك ۋە تاماگەرلىك ئېغى ئورنايدۇ.

جازانىنىڭ ئىجتىمائىي زىيىنىغا كەلسەك، ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تۇغدۇرىدۇ. ئىنسانلار تەبىقىلىرى ئارىسىدىكى ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھرى - شەپقەت قىلىش، ياردەملىشىش ۋە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق پۈتۈن ئالىجانابلىق خىسلەتلەرگە خاتىمە بېرىدۇ. بەلكى، ئۇ دىللارغا ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇق ئورۇقىنى چاچىدۇ. دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق پرىنسىپلىرىنى بۇزىدۇ.

شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، دىلىغا مېھرى - شەپقەت ۋە رەھىمدىللىق ئورنىمىغان، ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى ئوغلانلىرى تەرىپىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن قۇرۇق قالىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا كەمسىتىش ۋە ھاقارەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ. جازانىخورنىڭ ئۆز جەمئىيىتى ۋە ۋەتىنى ئوغلانلىرى ئۈچۈن دۈشمەن بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭغا يېتەرلىك جازا ۋە خارلىقتۇر. بەلكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن دۈشمەندۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ موھتاج بولۇپ قېلىشىنى ۋە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى غەنىمەت بىلىش يولى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ.

جازانىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ زىيىنى ھەممىگە كۆندەك ئايدىڭدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنى ئىككى تەبىقىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ. بىرى باياشات تەبىقە بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ قان تەرى بەدىلىگە راھەت پاراغەت تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. يەنە بىرى يوقسۇل تەبىقە بولۇپ، كەمبەغەللىك، موھتاجلىق قىيىنچىلىق ۋە غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ ئىككى تەبىقە ئارىسىدا كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كېلىدۇ. بايلىقنى كۆپەيتىشكە ۋە ئۇنى ئاز بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ قولىدا مونوپول قىلىۋېلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللاردىن ئەڭ چوڭ ئامىل جازانە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۇرۇش - جېدەل ۋە پىتنە - پاساتلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىچكى توپىلاڭلارنىڭ نىسبىتى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

# كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنى مەنئى قىلىش

﴿ لَّا يَتَّخِذِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَلَيۡسَ مِنَ
ٱللَّهِ فِي شَيۡءٍ إِلَّآ أَن تَتَّقُواْ مِنۡهُمۡ تُقَىٰةٗۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨﴾ قُلۡ إِن
تُخۡفُواْ مَا فِي صُدُورِكُمۡ أَوۡ تُبۡدُوهُ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٩﴾ ﴾

﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ اﷲ نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. اﷲ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اﷲ نىڭ دەرگاھىدۇر. ئېيتقىنكى «(دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، اﷲ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. اﷲ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. اﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»﴾.

— سۈرە ئال ئىمران 28 —، 29 — ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

أَوۡلِيَآءِ: (دوست)، بۇ سۆز «ۋەلىي» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە ياردەم بەرگۈچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ھەمكارلاشقۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەممە ئادەم ۋەلىيدۇر. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اﷲ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر﴾[1].»[2]

تُقَىٰةً: (قورقۇپ)، ئۇ «تەقىييەھ» مەنىسىدىكى سۆز تومۇرى بولۇپ، ئىنسانغا، ئۇنىڭ يامانلىق قىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىزھار قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىزھار قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان كاپىرلار بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 257 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 533 ـ بەت.

ئارىسىدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغدا ئۇلارنى دىلىدا ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، تىلىنىڭ ئۇچىدا ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىپادىلەش بىلەن ئۇلارنىڭ يامانلىق يەتكۈزۈشىدىن ساقلانسا بولىدۇ.»[1]

ئايەت، ئەگەر كاپىرلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەزىيەتلىرىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۇچۇن ئۇلارنى چىن دىلىڭلاردىن ئېتىقاد قىلىپ ئەمەس، تىلىڭلارنىڭ ئۇچىدا ياخشى كۆرگەنلىكىڭلارنى ئىزهار قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلْمَصِيرُ: (ئاخىرى قايتىدىغان جاي)، بۇ سۆز ئاخىرى قايتىدىغان جاي، قارارگاھ، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، سىلەرنىڭ ئاخىرى قايتىدىغان جايىڭلار، قارارگاھىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن الله سىلەرگە ئەمەللىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگەمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىنى ﴿كاپىرلارنى﴾ دوست تۇتۇشتىن ياكى ئۇلارغا دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىزهار قىلىپ يېقىنلىشىشتىن ۋە ياكى تۇغقانلىق يا تونۇش بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارغا ساداقەت بىلدۈرۈشتىن توسىدۇ. چۈنكى، مۆمىنلەرنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشى لايىق ئەمەس. بىر ئىنساننىڭ الله تائالاغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى بىرلەشتۈرۈشى ئەقىلغا سىغىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۇ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشتۇر. كىمكى الله نى دوست تۇتسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتمايدۇ.

بىر مۇسۇلماننىڭ مۆمىنلەردىن باشقا كىشىلەرگە مۇھەببەت ئىزهار قىلىشى، مۆمىنلەرگە يامانلىق يېتىشىنى توت كۆزى بىلەن كۈتىدىغان كاپىرلارنى ﴿دوست﴾ تۇتۇپ، ئۇلارغا ساداقەت بىلدۈرۈشى، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشى، مۆمىن قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئىمان بىلەن كۇپرى ئارىسىدا نەسەب ۋە قويۇق ئالاقە بولمايدۇ. بۇ ئايەتنى كەرىم مۆمىنلەرنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن قورقىتىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش، زىيان سېلىشىدىن يىراق تۇرۇش ياكى ئۇلاردىن زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇش قاتارلىق زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكنى ۋە يامان كۆرۈشنى ئىچىدە يوشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۇلارنى دوست تۇتىدىغانلىقنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئىزهار قىلسا دۇرۇس بولىدۇ.

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 423 ـ بەت.

www.munber.org

كېيىنكى ئايەت الله نىڭ ئەمىر پەرمانلىرىغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقان كىشىنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

الله تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى، خالىغان كىشىنى ئەزىز، خالىغان كىشىنى خار قىلىدىغانلىقىنى، بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى، پادىشاھلىقنى كىمگە بېرىشنى خالىسا شۇنىڭغا بېرىشكە، خالىغان كىشىدىن ئۇنى تارتىۋېلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئەزىز قىلىش ۋە خار قىلىش ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى، الله نىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى تەمە قىلماستىن، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەنسۇن ئۈچۈن، الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

**1** ـ بۇ ئايىتى كەرىم بىر قىسىم مۆمىنلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلاردىن دوستلىرى بار ئىدى. مۆمىنلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. بەزى ساھابىلار ئۇلارغا: يەھۇدىيلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن دىنىڭلاردا پىتنە چىقىرىپ سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار دەپ نەسىھەت قىلىشتى. لېكىن ئۇلار بۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، ئۇلارغا دوستلۇق بىلدۈرۈپ ۋە ئۇلارنى سىرداش تۇتۇپ قېلىۋەردى. ئاندىن: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن...﴾ دېگەن بۇ ئايىتى كەرىم نازىل بولدى[①].

**2** ـ ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ ئايەت ئۇبادە ئىبنى سامىت ئەنسارى بەدرىنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەھۇدىيلاردىن ئىتتىپاقدىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىغا چىققان چاغدا ئۇبادە ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىلەن ئىتتىپاقداش بەش يۈز يەھۇدىي بار، مەن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىشىنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، مەن ئۇلاردىن دۈشمەنگە قارشى ياردەم ئېلىشنى ئۈمىد

[①] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 228 ـ بەت.

قىلىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1 ـ** الله تائالانىڭ: كىمكى مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتىدىكەن، دېگەن سۆزىنىڭ ئورنىغا ﴿كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن﴾ دەپ قىسقا ئىبارەت قوللىنىشى جۈملىنى ئىخچام قىلىشنى، كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنى تىلغا ئېلىشنىڭ يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى ۋە بۇ قىلمىشنى سەت كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. كاپىرلارنى دوست تۇتۇش الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قەبىھ ئىشلاردىن بىرىدۇر.

**2 ـ** الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن سۆزىدە خىتابنى ئۈچىنچى شەخستىن ئىككىنچى شەخسكە قارىتىش ئۇسلۇبى بار. ئەگەر جۈملە ئالدىنقى ئۇسلۇبتا بايان قىلىنسا، ئەلۋەتتە: ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلسا، دېيىلگەن بولاتتى.

### كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر:

كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە بىز بايان قىلغان بۇ ئايەتكە مەنىداش يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەھلى كىتابقا خاس، يەنە بەزىلىرى مۇشرىكلارغىمۇ ئامىمباپتۇر. بىز تۆۋەندە بۇ ئايەتلەردىن بىرقانچىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

**1 ـ** الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

**2 ـ** الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر﴾[2].

**3 ـ** الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله دىن قورقۇڭلار﴾[3].

---

[1] سۈرە مائىدە، 51 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇمتەھىنە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە، 57 ـ ئايەت.

www.munber.org

4 ـ اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق﴾[1].

5 ـ اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ اﷲ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)﴾[2].

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم سوراشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم سوراشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدە فىقھشۇناسلار مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

1 ـ مالىكى مەزھىبىدىكىلەر: بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا ئوبادە ئىبنى سامىتنىڭ ۋەقەلىكىنى دەلىل قىلىدۇ. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىمۇ ئۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: مۇشرىكلاردىن باتۇر ۋە يۈرەكلىك بىر ئادەم بەدىر ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن قايتىپ كەتكىن، مەن مۇشرىكتىن ھەرگىز ياردەم سورىمايمەن» دەيدۇ.

2 ـ شافىئىي، ھەنبەلى ۋە ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «موھتاج بولۇپ قېلىش، ئىشەنچلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئاستىدا كاپىرلاردىن ياردەم ئېلىشقا بولىدۇ.» ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى دەلىل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىدىن ياردەم ئالغان ۋە ئۇلارغا غەنىمەتتىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 118 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇجادەلە، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەۋازىن ئۇرۇشىدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن ياردەم ئالغان. مانا بۇ كاپىرلاردىن ياردەم ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار مالىكى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىگە رەددىيە بېرىشتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دەلىلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.»

ئۇلاردىن بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «مالىكى مەزھەبىدىكىلەر بايان قىلغان دەلىللەر كاپىرلارغا موھتاج بولۇپ قالمىغان ياكى ئۇلار ئىشەنچلىك بولمىغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.»

بۇ ئاخىرقى قاراش ئارقىلىق كاپىرلاردىن ياردەم سوراشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بىلەن ياردەم سوراشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

قورقۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمىچۇ؟

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان قورقۇش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىنسان ئۆلۈم تەھدىتى ئاستىدا كۇپۇرلۇقنى تىلىنىڭ ئۇچىدا ئىزھار قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەمدۇر. شۇنداق قىلسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە گۇناھكار بولمايدۇ.»

بەزى ئۆلىمالار بۇ قورقۇشنى مۇنداق تەرىپ قىلىدۇ: بۇ، جاننى ۋە پۇل ـ مالنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قورقۇپ، چىن دىلىدىن ئەمەس، تىلىنىڭ ئۇچىدا دوستلۇق ئىزھار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا كۇپۇرلۇقنى ئىزھار قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئايەت اللە تائالانىڭ: ﴿كىمكى اللە قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ اللە نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇشنى ئىپادىلەش اللە تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رۇخسەتتۇر، لېكىن ۋاجىپ ئەمەس. بەلكى مۇنداق قورقۇشنى تەرك ئېتىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. بىزنىڭ مەزھەبىمىزدىكىلەر كۇفرىغا مەجبۇرلانغان، لېكىن كۇفرى سۆزنى قىلىشنى رەت قىلغان،

[1] سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت.

نەتىجىدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەققىدە: «ئۇنىڭ كۇفرىنى ئىزھار قىلماي ئۆلۈپ كەتكىنى تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر» دەيدۇ.

مۇشرىكلار خۇبەيب ئىبنى ئەدىينى تۇتىۋالغاندا ئۇ مۇنداق قورقۇش يولىنى تۇتمىدى. نەتىجىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا ئەممار ئىبنى ياسىردىن ئەۋزەل دەپ قارالدى. چۈنكى، ئەممار ئۆلۈمدىن قورقۇپ كۇفرىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمماردىن بۇ ھەقتە سوراپ: «قەلبىڭدە قانداق تۇيغۇ ھېس قىلدىڭ؟» دېگەندە، ئۇ: ئىمان بىلەن مۇستەھكەم ھېس قىلدىم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار يەنە شۇنداق قىلسا، سەنمۇ يەنە شۇنداق قىلغىن» دەيدۇ. بۇ ھۆكۈم رۇخسەت يولى ئاساسىدا يولغا قويۇلدى.»[①]

## مۇسەيلىمە كەززابنىڭ بەزى ساھابىلەر بىلەن بولغان ۋەقەلىكى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسەيلىمە كەززاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى تۇتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە: مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. مۇسەيلىمە كەززاب: مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسەيلىمە كەززاب ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن يەنە بىر ئادەمنى چاقىرىپ: مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. مۇسەيلىمە كەززاب: مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇ ئۈچ قېتىم: مەن سېنىڭ سۆزىڭنى تىڭشىمايمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسەيلىمە كەززاب ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلتۈرۈلگۈچى بۇ ئادەم راستچىللىقى ۋە ئىشەنچىسى ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇ ئەۋزەل يولنى تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن! يەنە بىر ئادەم بولسا الله نىڭ رۇخسىتىنى قوبۇل قىلىپتۇ، ئۇ جازاغا تارتىلمايدۇ» دەيدۇ.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

كاپىرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە قىلىپ ئىشلىتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى كەرىمنى كاپىرلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ بىر ئىشقا ئىگە قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىشچىلىققا ۋە خىزمەتچىلىككە سېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى ئۈچۈن دەلىل قىلىدۇ. ھەمدە ئۇلارغا سورۇنلاردا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ئۇلار كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ئورنىدىن تۇرۇش ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. بىز ئۇلارنى كەمسىتىشكە بۇيرۇلدۇق.

---

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 11 ـ بەت.

﴿مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر﴾[1].

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى يەمەندە بىر زىممىنى كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى زىممىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشتىن توسۇپ، ئۇنى ئۇ زىممىنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىشكە بۇيرۇدى.»

جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر كاپىرنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشتا مۇسۇلمانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كاپىرنىڭ كىچىك مۇسۇلمان ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئانىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇ كاپىر ئۇ بالىنىڭ ھېچقانداق ئىشىنى ئىدارە قىلىشتا، نە ئۆيلەش، نە باشقا ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. بۇ، مۇسۇلماننىڭ جىنايىتى ئۈچۈن تۆلەيدىغان دىيەتنى زىممىنىڭ تۆلىشىپ بەرمەيدىغانلىقىنى، زىممىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن تۆلەيدىغان دىيەتنى مۇسۇلمانىنىڭمۇ تۆلىشىپ بەرمەيمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىگىدارچىلىق قىلىش، ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىشقا ئالاقىدار ئىشتۇر.»

بۇ قاراشنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ: ﴿الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾[2].

## تۆتىنچى ھۆكۈم

ئېھتىيات يۈزىسىدىن يامان ۋە بۇزۇق كىشىلەرنى تىلنىڭ ئۈچىدا ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىپادىلەشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ئېھتىيات يۈزىسىدىن يامان ۋە بۇزۇق كىشىلەرنى تىلنىڭ ئۈچىدا ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىپادىلەش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھارام قىلىنغان دوستلۇققا كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاسىق ۋە بۇزۇق كىشىلەرنى ياخشى كۆرگەندەك قىلىپ قوياتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «بىز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە چىراي ئېچىپ باقىمىز، لېكىن دىللىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ.»

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىيات يۈزىسىدىن يامان ۋە بۇزۇق كىشىلەرنى تىلنىڭ ئۈچىدا ياخشى كۆرگەنلىكنى ئىپادىلەش باشقىلارغا زىيان ئېلىپ كەلمىسە، شۇنداقلا دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا خىلاپ بولمىسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش، باشقىلارغا زىيان

[1] سۈرە تەۋبە، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا، 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئېلىپ كەلسە، ھەرگىز دۇرۇس بولمايدۇ. ﴿الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴾[1].»

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ كاپىرلارنى دوست تۇتۇش، ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش الله نىڭ شەرىئىتىدە ھارامدۇر.

2 ـ جانغا ياكى مالغا خەۋپ يېتىدىغان ۋە ياكى ئابرۇيغا قاتتىق تەسىر يېتىدىغان ئەھۋال ئاستىدا كاپىرلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقنى تىلدا ئىپادىلەش دۇرۇستۇر.

3 ـ ئىنسان مەجبۇرلانغان ئەھۋال ئاستىدا كۇفرىغا ياتىدىغان سۆزنى قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن قەلبىنىڭ ئىماندا مۇستەھكەم بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

4 ـ مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىدا ئىگىدارچىلىق قىلىش ياكى ياردەم بېرىش ۋە ياكى مىراسخورلۇق قىلىش ئالاقىسى يوق. چۈنكى، ئىمان كۇفرىغا زىت كېلىدۇ.

5 ـ الله تائالا دىللارغا يوشۇرغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 213 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىسلامدا ھەج قىلىشنىڭ پەرز بولۇشى

﴿ إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ ﴿٩٦﴾ فِيهِ ءَايَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ ۖ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ ءَامِنًا ۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلْعَالَمِينَ ﴿٩٧﴾ ﴾

﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللہ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اللہ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾.

— سۈرە ئال ئىمران 96 —، 97 — ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ: (تۇنجى سېلىنغان ئۆي)، بۇ سۆز ئىبادەت ئۈچۈن بىنا قىلىنغان تۇنجى ئۆينى كۆرسىتىدۇ. بەيتۇللاھ يەر يۈزىدىكى تۇنجى مەسجىدتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى مەسجىد ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «تۇنجى مەسجىد ھەرەم مەسجىدىدۇر، ئاندىن قالسا بەيتۇلمۇقەددەستۇر.»①

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ: «كەبە ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆيدۇر.»

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلار ئۈچۈن تۇنجى ئىبادەتخانا قىلىنغان دېگەن بولىدۇ. يەنى ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا تۇنجى ئىبادەتخانا قىلىنغان ئۆي كەبىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ②.

---

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ زەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان مەسجىد ھەققىدە سورىدىم، ئۇ: «ھەرەم مەسجىدى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىن قايسىسى؟ دېدىم. ئۇ: «بەيتۇلمۇقەددەس» دېدى. مەن: ئۇ ئىككى مەسجىدنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت بار دېدىم. ئۇ: «قىرىق يىل» دېدى.
② ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 296 ـ بەت.

بِبَكَّةَ: (مەككىدىدۇر)، بۇ مەككىنىڭ ئىسمىدۇر. مەككە "بەككە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەككە بەيتۇللاھنىڭ ئورنى، مەككە ھەرەمنىڭ ھەممىسى دېگەن قاراشمۇ بار.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «مەككە "بەككە" دەپ ئاتالغان. چۈنكى، بەككە دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى سۇندۇرماق بولۇپ، مەككە زالىملارنى تېز پۈكتۈرىدۇ. مەككىگە يامان نىيەت بىلەن ئاتلانغان ھەرقانداق زالىمنى اللە تائالا تارمار قىلىپ تاشلايدۇ.»

مُبَارَكًا: (مۇبارەكتۇر)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «بەرەكە» بولۇپ، بەرىكەتلىك بولۇش، ئارتۇق بولۇش ۋە ياخشىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ بەرىكەت ماددىي ۋە مەنىۋىيدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ماددىي بەرىكەتكە كەلسەك، اللە تائالا زېمىننىڭ ياخشى ۋە بەرىكەتلىك نەرسىلىرىنى بۇ شەھەر مەككە ئاھالىسىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. اللە تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرمەگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ، (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر﴾[1].

مەنىۋىي بەرىكەتكە كەلسەك، مەككە يەر شارىنىڭ شەرق ۋە غەربلىرىدىكى ئىنسانلارنى بۇ مۇقەددەس شەھەرگە جەلب قىلىدۇ. ئۇلار اللە نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن﴾[2] دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.

وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ: (جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر)، يەنى اللە نىڭ بەيتى بولغان بۇ قەدىمىي ئۆي پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نۇرنىڭ مەنبەسىدۇر. بەزىلەر بۇ جۈملىنى: بۇ قەدىمىي ئۆي ئىنسانلارنىڭ نامازلىرىدا يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىگاھىدۇر، دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ: (مەقامى ئىبراھىم)، بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇۋاتقاندا دەسسەپ تۇرغان تاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تاشتا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى بار ئىدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ﴿مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوتەش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرغان جايىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: بۇ ئۇنىڭ ئورنىدۇر دېيىلسە، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاللىغان يېرىنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ مۇجاھىدنىڭ سۆزىدۇر.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىد ماقامى ئىبراھىمنى ھەرەمنىڭ ھەممىسى دەپ تەپسىر قىلىدۇ ۋە سەفا، مەرۋە، رۈكنى، ماقامى ئىبراھىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ

[1] سۈرە قەسەس، 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىبراھىم، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئالامەتلەردىن دەپ قارايدۇ.»[1] شۇنداق بولغاندا مەسجىدى ھەرامنىڭ ھەممىسى ماقامى ئىبراھىم بولىدۇ.

ءَامِنًا : (ئەمىن بولىدۇ)، بۇ سۆز جىنىدىن ۋە مېلىدىن خاتىرجەم بولغان دېگەن، مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قازى ئەبۇ يەئلا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز خەۋەر مەنىسىدە كەلگەن بولسىمۇ بۇيرۇق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ يەنى مەسجىدى ھەرامغا كىرگەن كىشىگە ئامانلىق بېرىڭلار، دېگەن بولىدۇ.»[2]

بەزى ئۆلىمالار بۇ سۆزنى: بۇ ئامانلىق ئاخىرەتتىكى ئازابتىن ئامان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەر بار. بۇ سۆزنى دۇنيادا ئامان بولۇش ۋە الله نىڭ ئازابىدىن ئامان بولۇشتىن ئىبارەت ئامىمباب مەنىدە ئېلىشنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسى يوق.

سَبِيلاً : (قادىر بولالىغان)، بىر ئىشقا قادىر بولۇش شۇ نەرسىگە يېتىشنىڭ مۇمكىن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەجگە بېرىشقا قادىر بولۇش بولسا ئوزۇقلۇق ۋە يول خىراجىتىگە ئىگە بولۇش، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. سەھىھ ھەدىستىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بەيتۇللاھنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە پەزىلەتلىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ. ئۇ ﴿ئۆي﴾ ﴿ئىنسانلارغا﴾ ئىبادەت ئۈچۈن ﴿سېلىنغان﴾ ئىبادەتخانىلار ئىچىدىكى تۇنجى ئىبادەتخانىدۇر. ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ئۇلار جەم بولىدىغان ۋە ئامان بولىدىغان جاي قىلىش ئۈچۈن سالغان. بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن مەسجىدى ئەقسا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سالغان.

قەدىمىي ئۆي بەيتۇللاھ بولسا تۇنجى قىبلىگاھتۇر ۋە تۇنجى ئىبادەتخانىدۇر. يەر يۈزىدە پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىنا قىلغان ھېچقانداق ئورۇن يوق. الله تائالا بۇ ئۆينى پۈتۈن مەسجىدلەردىن ۋە پۈتۈن ئىبادەت ئورۇنلىرىدىن ئارتۇق قىلدىغان ئارتۇقچىلىقلارنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساناپ ئۆتتى. ئۇ تۇنجى مەسجىدتۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىگاھىدۇر. ئۇ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان شەھەردۇر. ﴿ئۇنىڭدا﴾ سەفا، مەرۋە، زەمزەم، ھەتىم، ھەجەر ئەسۋەد، ﴿ماقامى ئىبراھىم﴾ قاتارلىق ئوچۇق ئالامەتلەر بار.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 139 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 427 ـ بەت.

بۇ قەدىمىي ئۆي بەيتۇللاھنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇسۇسىيەتلىرى شۇكى، اللە تائالا ئۇنى ھىدايەت ۋە نۇرنىڭ مەركىزى قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلىشىنى پەرز قىلدى. ﴿كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) اللە ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللە نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللە نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن﴾[1]. بۇ قەدىمىي ئۆي بەيتۇللاھنىڭ شان شەرىپى ۋە ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولۇشى يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟!

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

سۈرە ئال ئىمراننىڭ بېشىدىن باشلاپ بۇ يەرگىچە بولغان ئايەتلەر اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەھلى كىتاب بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىدۇ، ئۇلار دىنىدا پەيدا قىلغان، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا اللە ھېچ بىر دەلىل چۈشۈرمىگەن بىدئەتلەرنى، ھاۋايى ھەۋەسلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمما اللە تائالانىڭ: ﴿تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»﴾[2] دېگەن سۆزىدىن باشلانغان ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن قوزغىغان شۈبھىلىرىدىن مۇنداق ئىككى شۈبھىگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ.

بىرىنچى شۈبھە شۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن ئۆزەڭنى ئىبراھىمنىڭ دىنى ئۈستىدىمەن دەپ دەۋا قىلىۋاتىسەن، تۆگە گۆشىنى يېيىش ۋە سۈتىنى ئىچىش ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ھارام تۇرسا، سەن قانداق قىلىپ تۆگە گۆشىنى يەيسەن ۋە ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىسەن؟ سەن ھەققەتەن ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ھارام بولغان نەرسىنى ھالال ساندىڭ، دېمەك، سەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىغۇچى ئەمەسسەن، ئۇنىڭ بىلەن دىندىمۇ بىر ئەمەسسەن، سېنىڭ ئۆزەڭنى: مەن ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن كىشىمەن

---

[1] سۈرە ھەج، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 93 ـ ئايەت.

www.munber.org

دېيىش ھەققىڭ يوق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اﷲ تائالا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھەممە يېمەكلىكلەرنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ: ﴿تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»﴾.

ئىككىنچى شۈبھە شۇكى، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبە شەرىپكە ئۆزگەرتىلگەن چاغدا يەھۇدىيلار قۇتراتقۇلۇق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تىل تەككۈزىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆزگەرتىشنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا ئەقىدىسىگە شەك تۇغدۇرۇش ئۈچۈن باھانە قىلىۋالىدۇ. ئۇلار: «بەيتۇلمۇقەددەس كەبىدىن ئەۋزەلدۇر، قىبلە قىلىنىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، ئۇ كەبىدىن بۇرۇن سېلىنغان، ئۇ مەھشەرگاھ مەيداندۇر، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ دىنى ئۈستىدە بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇلۇغلىغان نەرسىنى ئۇلۇغلايتتىڭ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

قۇرتۇبى تەپسىرىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ پەخىرلىنىشتى. يەھۇدىيلار: بەيتۇلمۇقەددەس كەبىدىن ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغدۇر، چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىجرەت قىلغان جايىدۇر، مۇقەددەس زېمىندۇر دېيىشتى. مۇسۇلمانلار: ئەكسىچە كەبە ئەۋزەلدۇر دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ قەدىمىي ئۆي بەيتۇللاھنى پەرز ھەج زىيارىتى ئۈچۈن تاللاشتىكى ھىكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، اﷲ تائالا ئۇنى تەۋھىد ئەھلىنىڭ قىبلىگاھى قىلدى. ئۇنىڭ

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 134 ـ بەت.

بىناسىنى قوپارغان، تۆۋرۈكلىرىنى ئورناتقان كىشى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى، الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ يەر يۈزىدىكى تۇنجى مەسجىدتۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېلىنغان ھېچ بىر ئىبادەتگاھ يوق. ئۇ ئاسماندىكى بەيتۇلمەئمۇرغا ئۇدۇل كېلىدۇ. بۇ قەدىمي ئۆي زېمىن ئەھلىنىڭ تاۋاپگاھىدۇر، بەيتۇلمەئمۇر ئاسمان ئەھلىنىڭ تاۋاپگاھىدۇر.

2 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئۆينى سېلىشقا بۇيرۇدى. بۇيرۇغۇچى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالادۇر. يەتكۈزگۈچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: دۇنيادا كەبىدىن شەرەپلىك ھېچ بىنا يوق. ئۇنى سېلىشقا بۇيرۇغۇچى بۈيۈك پادىشاھ الله تائالادۇر. لايىھىلىگۈچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. سالغۇچى الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ياردەملەشكۈچى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر.»[1]

3 ـ كەبىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، الله تائالا ئۇنىڭغا تىنچ ئامانلىقنى ئاتا قىلدى. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: ﴿پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن﴾[2]. ئەتراپتىكى كىشىلەر پات ـ پات بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئەسىر ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى، مەككە ئەھلى تىنچ ـ ئامان ۋە خاتىرجەم ياشايدۇ. الله تائالا بۇ نېمەتنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ﴾[3]. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن ھەرەمدە ئاتام خەتتابنىڭ قاتىلىنى كۆرۈپ قالسام، ئۇ ھەرەمدىن چىقىپ كەتمىگىچە مەن ئۇنىڭغا قول تەككۈزمەيمەن.»

4 ـ ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھەج قىلمايدىكەن، دېگەن جۈملىنىڭ ئورنىغا ﴿كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن﴾ دېگەن جۈملىنى كەلتۈرۈش ھەج قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە ئۇنى قىلمىغان كىشىگە قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەج قىلماي ئۆلىدىكەن، ئۇ خالىسا يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ھالەتتە ئۆلسۇن.» دېمەك، الله تائالا ئۈچۈن ھەج قىلىش ئىنسانلارنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن پەرز بولۇپ، ئۇلار ھەجنى ئادا قىلمىغىچە ئۇلارنىڭ گەردىنىدىن ھەرگىز ساقىت بولمايدۇ.»[4]

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 155 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 225 ـ بەت.

www.munber.org

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### ھەرەم ئىچىدە جىنايەت قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

فىقھشۇناسلار ھەرەمدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىدىن، مەيلى ئۇ جىنايەت ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك جىنايەت بولسۇن، قىساس ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىدۇ: جىنايەتچى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزدى. شۇڭا ھەرەم ئۇنى جازادىن ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ھەرەمدە يامان ئىش قىلغان ئۇدۇر. شۇڭا جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇلار يەنە اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ﴾[1].

ئۇلار ھەرەمدىن[2] باشقا يەردە جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلانغان كىشى جازاغا تارتىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ھەنەفى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام ئەھمەد (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: جازاغا تارتىلىدىغان جىنايەت ئىشلىگەن، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلانغان ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾ دېدى. دېمەك، اللە تائالا ھەرەمگە كىرگەن ئادەمگە ئەمىنلىكنى ۋاجىپ قىلدى. بۇ ئايەتى كەرىم خەۋەر مەنىسىدە كەلگەن بۇيرۇقتۇر. شۇڭا ئۇ: ھەرەمگە كىرگەن كىشىگە ئامانلىق بېرىڭلار! دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، ئۇسلۇب جەھەتتە اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴾[3] يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسۇن، گۇناھ قىلمىسۇن ۋە ئۇرۇش ـ تالاش قىلمىسۇن!

بۇ قاراش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالىمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرەمنىڭ سىرتىدا جىنايەت قىلىپ، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلانغان ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا، ئېلىم ـ سېتىم قىلىشقا ۋە گەپلىششكە بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇ ھەرەمدىن چىقىشقا مەجبۇر، بولىدۇ. ئاندىن جازاغا تارتىلىدۇ.»

---

[1] سۈرە بەقەرە، 191 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ھەرەم ”ھەرام مەسجىدىنىلا“ كۆرسەتمەستىن بەلكى پۈتۈن مەككە دائىرىسىنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىدۇ.
[3] سۈرە بەقەرە، 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مانا بۇ، ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلىنىۋالغان ئادەمگە جاي بېرىشكە، بىللە ئولتۇرۇشقا ۋە ئېلىم - سېتىم قىلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇرلاش كېرەك. ئاندىن ئۇ جازاغا تارتىلىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ھەرەمنىڭ خاس ھۆرمىتى بار، كىمكى ئۇنىڭغا پاناھ تىلەپ كىرىۋالسا، ئۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾ (ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق﴾[1].

2 - مالىكىي ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەرەمنىڭ سىرتىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلىنىۋالغان ئادەم جازاغا تارتىلىدۇ. جىنايەت ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا جىنايەت بولسۇن، ئوخشاشتۇر. ئۇلار بۇ قارىشىغا بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن. ئۇ دەلىللەردىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەمدە بەزى مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە ئىبنى خەتەل ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنى كەبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋالغان ھالەتتە كۆرسەڭلەرمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.» ئۇ دەلىللەردىن يەنە بىرى شۇكى، «ھەرەم گۇناھكارغا، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قاچقان ئادەمگە ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاچقان ئادەمگە پاناھلىق بەرمەيدۇ.»

ئۇلار اللە تائالانىڭ: ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾ دېگەن سۆزىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدە شۇنداق ئىدى. ئەگەر ئىنسان ھەرقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلىنىۋالسا، ئۇ ھەرەمدىن چىققىچە ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمايتتى. بۇ اللە تائالانىڭ بۇ شەھەر ئەھلىگە ئاتا قىلغان نېمىتى بولۇپ، اللە تائالا ئۇنى ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىقنىڭ مەركىزى قىلىپ بەردى. ئەمما ئىسلام دىنى بۇ خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كىمكى جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھەرەمگە كىرىپ پاناھلىنىۋالسا، ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىسلام كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ دىنى تۇرسا، جىنايەتچىگە نېمىشقا جازا ئىجرا قىلىنمىسۇن؟!

## كۈچلۈك قاراش

ئىككىنچى قاراش گەۋدىلىك ۋە كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، بىز بىرىنچى قاراشنىڭ ئورۇنلۇق تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى تۇتقۇ قىلساق، ئەلۋەتتە ھەرەم جىنايەتچىلەر ۋە گۇناھكارلار يىغىلىۋالىدىغان مەركەزگە ئايلىنىپ قالغان، ئامانلىق ئەلۋەتتە دەخلە - تەرۇزگە ئۇچرىغان بولاتتى. چۈنكى، قاتىل ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىدىن قاچىدۇ ۋە ھەرەمگە

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 67 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كېلىۋالىدۇ. ئۇ ھەرەمنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتلەردە جىنايەت نىسبىتى ئېشىپ كېتىدۇ، بۇزغۇنچىلىقلار كۆپىيىپ كېتىدۇ.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

كەمبەغەل ۋە قۇلنىڭ ھەج قىلىش ھۆكمى نېمە؟

كەمبەغەلگە ھەج قىلىش پەرز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يول خىراجىتىگە قادىر بولالمايدۇ. لېكىن ئۇ بىر ئامالالار قىلىپ ھەجنى ئادا قىلسا، ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇنىڭ گەردىنىدىن ھەج پەرزى ساقىت بولىدۇ. ئەمما قۇل ھەج قىلسا، ئۇنىڭ گەردىنىدىن ھەج پەرزى ساقىت بولامدۇ؟

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قىلغان ھەججى نەپلە ھەج بولىدۇ. ئۇ قاچان ئازاد بولسا، شۇ چاغدا ھەج قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. كىچىك بالا ھەج قىلسا، ئاندىن بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭغا قايتىدىن پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭدەكلا قۇلمۇ ھەج قىلسا، ئاندىن ئازاد بولسا، ئۇنىڭغا پەرز ھەجنى قايتا ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ھەججى كەمبەغەلگە قىياس قىلغان ھالەتتە ئادا بولىدۇ.» ئۇ مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: جۈمە نامىزى قۇلغا ۋاجىپ ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۇنى ئۆتىسە، پېشىن گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. شۇنىڭدەكلا ئۇ ھەجنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭ گەردىنىدىن پەرز ھەج ساقىت بولىدۇ.

بۇ قاراش ئاجىزدۇر. شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىنىڭ بۇنىڭغا خىلاپ قاراشتا ئىكەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشى شۇكى، قۇل ھەجگە ئېھرام باغلىسا، ئاندىن ئەرەفاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئازاد بولسا، ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ھەججى ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىكنىڭ قارىشىغا خىلاپ ھالدا ئادا تاپىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئازاد بولۇشى ھەج ئىبادەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ پەرز ھەججى ئادا تاپمايدۇ.»

مانا بۇ شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ توغرا قارىشى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئىككى مەزھەبنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ نېگىزلىك ئەمەس، شەكلىي جەھەتتە بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىلى مەزھەبنىڭ قارىشى: ئەگەر قۇلنىڭ ئازاد بولۇشى ھەجنىڭ ئەرەفاتتا تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي قىسمى ئادا بولۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ ھەججى ئادا تاپمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى نەپلە ھەج بولىدۇ، دېگەن يەردە بىرلىشىدۇ.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

ئايال كىشىگە نىسبەتەن ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بولۇشى شەرتمۇ؟

بەزى فىقھشۇناسلار ئايال كىشىگە ھەجنىڭ ۋاجىب بولۇشىدا مەھرەمنىڭ بولۇشى شەرتتۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللہ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ مەھرەمسىز ياكى ئېرى بولماستىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق سەپەرگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.» بۇ سەپەر ئامىباب بولۇپ، ھەجگە چىققان سەپەر بولسۇن ياكى باشقا سەپەر بولسۇن ھەممە سەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە سۆزلەپ: «ئايال كىشى پەقەت مەھرەم بىلەنلا سەپەر قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن بىر ئادەم: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن پالانى غازاتقا چىقىشقا تىزىملاتقان ئىدىم، بىراق خوتۇنۇم ھەج قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە ھەج قىلغىن» دېدى.

مانا بۇ ھەدىس ئايال كىشىنىڭ ھەج قىلماقچى بولغاندا پەقەت ئېرى بىلەن ياكى بىرەر مەھرىمى بىلەن ھەج قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى جىھادنى قويۇپ خوتۇنى بىلەن ھەج قىلىشقا بۇيرۇدى، ھالبۇكى، جىھادقا چىقىشمۇ پەرزدۇر. ئەگەر مەھرەمنىڭ بولۇشى ۋاجىب بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جىھادقا چىقماي، ئايالى بىلەن سەپەر قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى.

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: خوتۇن كىشىنىڭ پەرز ھەجنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بولۇشى ۋاجىب ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ بىرقانچە ئاياللار بىلەن بىللە بولۇپ ئۆزىگە ئامانلىق ھازىرلىشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ نەپلە ھەج قىلىشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بولۇشى ۋاجىپتۇر.

ئۇلارغا بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان، ئايال كىشىگە ھەجنىڭ مەھرەم تېپىلماستىن ۋاجىب بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى، مەھرەمنىڭ تېپىلىشى ئايال كىشىگە ھەجنىڭ ۋاجىب بولۇشىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. مانا بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

### ناھايىتى مۇھىم ئەسكەرتىش

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بىز ھەجنىڭ ئەر ـ ئاياللارغا پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىسلام دىنى ئايال كىشىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان پەرز ھەجنى مەھرەمسىز ئادا قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئىش شۇنداق ئىكەن، قىزلىرىنى يىراق شەھەرلەرگە ياكى چەتئەللەرگە ئوقۇش ۋە بىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ قىزلار بىلەن نە مەھرەم يوق، نە تۇغقانلىرىدىن ئۇلارغا ھەمراھ بولىدىغان كىشى يوق ئەمەسمۇ؟

www.munber.org

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا ۋە توغرا تەلىم ـ تەربىيىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، بەلكى، ئەرلىك غورۇرىنى ۋە ۋىجدانىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاياللارنىڭ سەپەر قىلىشىنى، ئۇچۇق يۈرۈشىنى، ئەرلەرگە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى تەبىئىي ۋە ئادەتلىنىپ قالغان ئىش دەپ قارايدۇ. بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز. چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى شەرتلەر قايسىلار؟

ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى شەرتلەر بەش بولۇپ، بىرىنچى مۇسۇلمان بولۇشى، ئىككىنچى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى، ئۈچىنچى بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، تۆتىنچى ھەجگە بېرىپ كېلىشكە ھەر جەھەتتىن قادىر بولۇشى، بەشىنچى ئەگەر ئايال كىشى بولسا، مەھرىمىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بەزى ئۆلىمالار بۇ شەرتلەرگە يەنە يولنىڭ ئەمىن بولۇشىنى قوشقان. لېكىن ئۇ ھەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتى ئەمەس، ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرىدىندۇر.

مۇسۇلمان بولۇش، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇش ۋە بالاغەتكە يېتىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى ئۈچ شەرتكە كەلسەك، ئۇ شەرتلەر ھەجگىلا خاس ئەمەس. بەلكى ئۇ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشقا ئوخشاش شەرئەت تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرتلىرىدۇر.

تۆتىنچى شەرتكە كەلسەك، ئۇ ھەجگە بېرىپ كېلىشكە ھەر جەھەتتىن قادىر بولۇش بولۇپ، ئۇنى الله تائالانىڭ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ﴾ دېگەن سۆزى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ قادىر بولۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتى: «يەتكىدەك ئوزۇقلۇققا ۋە بېرىپ كەلگىچە مىنىدىغان ئۇلاغقا ئىگە بولۇش» دەپ بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى بەيتۇللاھقا بارغىچە يەتكىدەك ئوزۇقلۇققا ۋە مىنىدىغان ئۇلاغقا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ ھەج قىلمىسا، ئۇنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ھالەتتە ئۆلۈگىنىنىڭ ھېچ پەرقى يوق. بۇ، الله تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمدە: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا، «ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئۇلاغقا قادىر بولۇش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «قادىر بولۇش ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ۋە ئۇلاغنىڭ تەل بولۇشىغىلا قىسقارتىلمايدۇ. چۈنكى، كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىشتىن قورقىدىغان كېسەل،

ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان قېرى ئادەم، مېيىپ ۋە ئۆزرىسى بار ھەممە ئادەم، گەرچە ئۇلار ئوزۇق ـ تۈلۈككە ۋە ئۇلاغقا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ھەجگە بېرىشقا قادىر بولالمىغان بولىدۇ. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يەتكىدەك ئوزۇقلۇققا ۋە بېرىپ كەلگىچە مىنىدىغان ئۇلاغقا ئىگە بولۇش» دېگەن سۆزى بىلەن، ئەنە شۇلار قادىر بولۇشنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىدۇر دېيىشنى ئىرادە قىلمىغانلىقىنى، پەقەت ھەجگە پىيادە بېرىش ئىمكانى بولغان ئادەمگە، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئۇلاغ تاپالمىسىمۇ، ھەج پەرز بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ پىيادە بېرىش بىلەن ئەمەس، ئۇلاغ بىلەن بېرىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.»

بەشىنچى شەرتكە كەلسەك، ئۇ ئايال كىشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بولۇشى بولۇپ، بىز ئۇنى يۇقىرىدا يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### ھەج قىلىش بىر قېتىمدىن كۆپ پەرز بولامدۇ؟

اللە تائالانىڭ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللە ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى ھەجنىڭ ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم پەرز بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى، ئايەتتە تەكرار ھەج قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستىكى سۆزىمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: «ئى ئىنسانلار! اللە سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار» دېدى. بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلامدۇق؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لام ـ جىم دېمىدى. تاكى ئۇ ئادەم سوئالىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن ھەئە، دېگەن بولسام، ھەر يىلى ھەج قىلىش پەرز بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمايتتىڭلار» دېدى. ئاندىن: «مەن سىلەرگە ئېيتىپ بەرمىگەن نەرسىلەرنى مەندىن كوچىلاپ سورىماڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر كۆپ سوئال سورىغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى سەۋەبىدىن ھەققەتەن ھالاك بولۇپ كەتكەن. ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، سىلەر ئۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىجرا قىلىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسسام، سىلەر ئۇنىڭدىن يېنىڭلار» دېدى.

www.munber.org

# ئىسلامدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا
رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَآءً ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِى تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلْأَرْحَامَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا ﴿١﴾
وَءَاتُوا۟ ٱلْيَتَٰمَىٰٓ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَتَبَدَّلُوا۟ ٱلْخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِ ۖ وَلَا تَأْكُلُوٓا۟ أَمْوَٰلَهُمْ إِلَىٰٓ أَمْوَٰلِكُمْ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ
حُوبًا كَبِيرًا ﴿٢﴾ وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا۟ فِى ٱلْيَتَٰمَىٰ فَٱنكِحُوا۟ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثْنَىٰ
وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ فَوَٰحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُوا۟ ﴿٣﴾
وَءَاتُوا۟ ٱلنِّسَآءَ صَدُقَٰتِهِنَّ نِحْلَةً ۚ فَإِن طِبْنَ لَكُمْ عَن شَىْءٍ مِّنْهُ نَفْسًا فَكُلُوهُ هَنِيٓـًٔا مَّرِيٓـًٔا ﴿٤﴾ ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللە دىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. اللە ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزەڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال - مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ. ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاك - ھالال بىلىپ) يەڭلار﴾.

— سۈرە نىسا 1 -، 2 -، 3 -، 4 - ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَبَثَّ مِنْهُمَا: (ئۇلاردىن ياراتقان)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «بەسس» بولۇپ، بىر نەرسىنى ئايرىماق، چاچماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ[1]. ئايەتتە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزدىن نەسىل قالدۇرۇش ۋە تۇغدۇرۇش يولى ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۆپەيتكەن، يەر يۈزىگە تاراتقان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تَسَآءَلُونَ بِهِۦ: (نامى بىلەن سورايدىغان)، بۇ سۆز، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن پالانى نەرسىنى سورايمەن، الله ھەققى، پالانى نەرسەڭنى بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، دېيىلىدۇ.

وَٱلۡأَرۡحَامَ: (سىلە ـ رەھىمنى)، بۇ سۆز «رەھىم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئەسلىدە ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالا تۇرىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنچە ئۇ سۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

رَقِيبًا: (كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر)، بۇ سۆز ئەمەللەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ۋە تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، الله تائالانىڭ ئەمەللىرىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، قىلمىشلىرىمىزدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ مەخپىي ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت ئىنسانلارنى يامان ئىشلاردىن يېنىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە الله تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئەيمىنىپ، گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ.

ٱلۡيَتَٰمَىٰٓ: (يېتىملەر)، بۇ سۆز «يەتىم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىنى كۆرسىتىدۇ. يېتىم بالا بالاغەتكە يەتكىچىلىك يېتىم ھېسابلىنىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېتىملىكى تۈگەيدۇ.

حُوبًا: (گۇناھتۇر)، بۇ سۆز گۇناھ، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بىر ھەدىستە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى الله! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن!»

تُقۡسِطُواْ: (ئادىل بولۇش)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىقسات» بولۇپ، ئادىللىق قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئادىللىق قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى مەرۋايىت مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.»

أَلَّا تَعُولُواْ: (زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەۋل» بولۇپ، مايىل بولماق، زۇلۇم قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 37 ـ بەت.

www.munber.org

قىلىسۇن!) ﴿ أَلَّا تَعُولُوا ﴾ دېگەن بۇ سۆزنى زۇلۇم قىلىشقا كۆپىيىپ كەتمەسلىككە دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان[1].

صَدُقَٰتِهِنَّ: (مەھرىلىرىنى). بۇ سۆز « سەدۇقە » دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، مەھرى ھەققى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

نِحۡلَةٗ: (خۇشاللىق بىلەن). بۇ سۆز چىن كۆڭۈلدىن چىقىرىپ بەرگەن سوغا، ھەدىيە دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. يەنى سىلەر ئاياللارنىڭ مەھرىلىرىنى ياقتۇرماسلىق بىلەن ئەمەس، خۇشاللىق بىلەن بېرىڭلار. بەزىلەر ئۇ سۆزنى پەرز مەنىسىدە ئېلىپ، ئايەتنى: ئاياللارغا ئۇلارنىڭ الله پەرز قىلغان، چوقۇم بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەھرىلىرىنى بېرىڭلار، دەپ تەپسىر قىلغان.

هَنِيٓـٔٗا مَّرِيٓـٔٗا: (مەززىلىك، سىڭىشلىق). بۇ ئىككى سۆز تاماقنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاشقازانغا زىيان قىلماستىن سىڭىپ كەتكەن مەززىلىك تاماقنى كۆرسىتىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا سۈرە نىسانى پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىش ۋە ئۇلارنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش بىلەن باشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ﴿بىر ئىنساندىن﴾ ياراتقانلىقى، ﴿شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى﴾ يەنى ھەۋۋانى ياراتقانلىقى ۋە ئەنە شۇ ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋادىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقانلىقى قاتارلىق كامالى قۇدرىتىنى ئۇلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

پۈتۈن ئىنسانلار بىر ئاتىدىن يارىتىلغاندۇر. ئۇلار ئىنسانىي ۋە نەسەب جەھەتتە قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا كۈچلۈك ئاجىزغا كۆيۈنىشى، باي كەمبەغەلگە ياردەم قىلىشى، بۇ ئارقىلىق تولۇق ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى ئايەتنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا الله دىن قورقۇش سۆزىنى ئىككى يەردە تىلغا ئېلىپ، الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا سىلە ـ رەھىم قىلىش ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئالاقە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەقۋادارلىق بىلەن سىلە ـ رەھىمنى يانمۇ ـ يان بايان قىلىدۇ: ﴿بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار﴾.

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 10 ـ بەت.

شۇڭا ئىنسان الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئالاقىسى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ئالاقىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاقىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئەگەر ئىنسانلار بۇنى ھېس قىلالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە خۇشال ـ خۇرام ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتى، ھۆل ـ قۇرۇق ھەممىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان، قىرى ـ ياش ھەممىنى ئۆلتۈرىدىغان ۋەيران قىلغۇچ ئۇرۇشلار بولمىغان بولاتتى.

الله تائالا ئىككىنچى ئايەتتە يېتىملەرنىڭ ھەققىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا چېقىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ بېقىشىغا، ھىمايە قىلىشىغا، ياردەم قىلىشىغا ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاجدۇر. يېتىم بالا ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. ئاجىزغا زۇلۇم قىلىش الله نىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا ئەرلەرنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىم قىز بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئېلىشقا قىزىقسا، لېكىن ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىدىن قورقسا، ئۇ قىزدىن باشقا ئاياللارنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىش يولىنى تار قىلماي، ئۇنىڭ ئىككى، ئۈچ ياكى تۆتكىچە خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەگەر ئۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىدىن قورقسا، بىر خوتۇن ئېلىشى لازىم.

الله تائالا ئەرلەرنى ئاياللىرىغا ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى چىن كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىپ، سېخىلىق بىلەن سوغا ۋە ھەدىيە قىلىپ بېرىشكە، مىننەت قىلماسلىققا ۋە ئۇستۈنلۈك تەلەپ قىلماسلىققا، ئەگەر ئاياللىرى ﴿ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى﴾ خۇشاللىق بىلەن ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئەرلەرنىڭ ئۇنى پاك ۋە ھالال بىلىپ يېيىشكە بۇيرۇش بىلەن بۇ ئايەتلەرنى ئاخىرلاشتۇردى[1].

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، غەتفان قەبىلىسىدىن بىر ئادەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ يېتىم قالغان بىر ئوغلىنىڭ نۇرغۇن پۇل ـ مېلى بار ئىدى. ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكەندە پۇل ـ مېلىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئادەم ئۇنى بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا بۇ داۋانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاندىن ﴿يېتىملەرنىڭ مال ـ

[1] بۇ ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىلىرىدە ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرىگە، تەپسىر جەلالەينگە ۋە ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرگە تاياندۇق.

www.munber.org

مۇلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير شۇنداق دېگەن[1].

2 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ تەربىيىسىدە بىر يېتىم قىز بار ئىدى. كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ قىزنىڭ خورمىلىق بېغى بار ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇ قىزنى شۇ بېغىنى دەپلا نىكاھىدا تۇتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇ قىزغا چىن كۆڭلىدىن رىغبىتى يوق ئىدى. بۇ ھەقتە: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[2]

3 ـ ئىمام بۇخارى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورايدۇ. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! بۇ، بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قىز بولۇپ، ئۇ قىز ئۇنىڭ مېلىغا ئورتاقتۇر. ئۇ ئادەم قىزنىڭ چىرايىنى ۋە ئۇنىڭ مېلىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ قىزغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بۇ ئادەم ئۇنى ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتە تەڭتۇش كېلىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرى ھەققىنى ئادىللىق بىلەن بەرمەستىن نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىگىدارچىلىقىدا يېتىم قىزلار بار كىشىلەر ئۇلارغا ئۇلار بىلەن ھەر جەھەتتە تەڭتۇش كېلىدىغان قىزلارغا بېرىلىدىغان مەھرى ھەققىنى ئەڭ يۇقىرىسىغا يەتكۈزۈپ ئادىللىق بىلەن بەرمەي تۇرۇپ ئۇلارنى نىكاھىغا ئېلىشى مەنئى قىلىندى. ئۇنداق قىلالمىسا، يېتىم قىزلاردىن باشقا ئاياللاردىن كۆڭلى تارتقانلىرى بىلەن توي قىلىشقا بۇيرۇلدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سوراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورىشىدۇ...﴾[3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[4]

---

[1] ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 117 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 4 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 449 ـ بەت.
[3] سۈرە نىسا، 127 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 450 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بۇ سۈرە «سۈرە نىسا» (ئاياللار سۈرىسى) دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئاياللارغا ئائىت ھۆكۈملەر بۇ سۈرىدە باشقا سۈرىلەرگە قارىغاندا كۆپ نازىل بولدى. بۇ سۈرىنى ئىنسانلارغا، ئۇلارنىڭ بىر ئىنساندىن يارىتىلغانلىقىنى ئەسلىتىش بىلەن باشلاش بۇ سۈرىدىكى نىكاھ ۋە مىراس ھۆكۈملىرى، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ھەقلىرى، نەسەبكە، قۇدا ـ باجىلىققا ئالاقىدار ھۆكۈملەر، ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا شەرىئەت ھۆكۈملىرى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىدىغان گۈزەل باشلىنىشتۇر.

2 ـ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر نەسەب بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئەسلىگە قايتىدۇ. دارۋىن دېگەن يەھۇدىي ئويدۇرۇپ چىققان ”تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى“ قۇرئاننىڭ ﴿سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان﴾ دېگەن ئوچۇق باياناتىغا قارشى كېلىدۇ.

دارۋىن مۇنداق بىلجىرلايدۇ: ئىنسان ھاياتىنى سۇ يۈزىگە پەيدا بولغان كىچىككىنە مىكروپتىن باشلىغان بولۇپ، بۇ مىكروپ ناھايىتى كىچىك بىر جانلىققا ئۆزگىرىدۇ، ئاندىن بۇ جانلىق ”تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ“ پاقىغا، ئاندىن بېلىققا، ئاندىن مايمۇنغا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن بۇ مايمۇن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئىنسانغا ئايلىنىدۇ... بۇ نەزەرىيە قۇرۇق پەرەز ۋە خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنىڭغا كەسكىن دەلىللەر بىلەن رەددىيە بەرگەن①.

3 ـ الله تائالا: ﴿شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان﴾ دېگەندەك، ھەۋۋا تىرىك جاندىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ھەۋۋا دەپ ئاتالغان. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەبۇ مۇسلىم ھەۋۋانىڭ ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىشقا قادىر تۇرسا، قوۋۇرغىدىن يارىتىشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟» ئۇ الله تائالانىڭ: ﴿شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان﴾ دېگەن سۆزىنى شۇ ئىنساننىڭ تىپىدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرگەن. شەيخ مۇھەممەد ئابدۇمۇ مۇشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن②.

بۇ قاراش خاتادۇر. ئەگەر بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندە ئىنسانلار بىر ئىنساندىن ئەمەس، ئىككى ئىنساندىن يارىتىلغان بولىدۇ. بۇ، قۇرئاننىڭ روھىغا ۋە

① «پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەرلەر» ناملىق كىتابىمىزنىڭ 115 ــ 126 ـ بېتىگىچە بولغان «قۇرئان تەسۋىرلىگەن ئادەم» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى ۋە دوكتۇر ھەلىم ئەتىيىەنىڭ «دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىنى بىتچىت قىلىش ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىش ئەقىدىسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلاش» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغىن.

② رەشىد رىزانىڭ «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرى،42 ـ جىلد، 324 ـ بەت. مۇھەممەد ئابدۇ بۇ بىدئەت قارىشى بىلەن كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىغا قارشى چىققان.

سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ: «ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان» دېگەن سۆزىگە خىلاپتۇر.

ئەنە شۇنداق يارىتىشنىڭ پايدىسىغا كەلسەك، ئۇ بىزگە اللّٰه تائالانىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. اللّٰه تائالا تىرىك جاننى توغۇلۇش يولى بىلەن ئەمەس، تىرىك جاندىن يارىتىشقا قادىردۇر، شۇنداقلا ئۇ تىرىك جاننى جانسىز جىسىمدىن يارىتىشقىمۇ قادىردۇر. مەسىلەن: ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئايالدىن ئەرنىڭ ۋاستىسىسىز يارىتىلدى. ھەۋۋا ئەردىن ئايالنىڭ ۋاستىسىسىز يارىتىلدى. اللّٰه تائالا ھەر نەرسىنى يارىتىشقا قادىردۇر.

4 ـ يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، گەرچە ئۇنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشماي يەۋالغان تەقدىردىمۇ ھارامدۇر. ئايەتتە ﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار﴾ دەپ، ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇپ يېيىشنى تىلغا ئېلىش بۇنىڭ ناھايىتى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، يېتىمنىڭ مېلىدىن بىھاجەت تۇرۇپ ئۇنى يېيىش قەبىھ ۋە يامان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆز مېلىغا قوشۇپ يېيىشنى مەنئى قىلىش ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

5 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچىنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە يېتىملەر بىلەن ئاياللارنى ئېلىشنى تىلغا ئېلىشتىكى مۇناسىۋەت شۇكى، ئاياللارمۇ ئاجىزلىقتا يېتىملەرگە ئوخشايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يېتىم قىز ئادەتتە بىر قارىغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بۇ ئادەم ئۇنىڭ چىرايىغا ۋە مېلىغا قىزىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەھرى ھەققىنى ئادىللىق بىلەن بەرمەستىن نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەت يېتىم قىزلانى ئېلىشنى توسۇش تۇرۇقلۇق، يېتىم قىزلارنى ئالماڭلار دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا باشقا ئاياللارنى ئېلىشقا بۇيرۇش سۆز تەبىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ يېتىم قىزلارنى ئېلىش نىيىتىدىن يېنىشىنى يۇمشاقلىق بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى مەنئى قىلىنغان ئىشنى قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ.»[1]

---

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 314 ـ بەت.

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن نەرسە سوراشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

اللە تائالانىڭ: ﴿ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِى تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَ ﴾ دېگەن سۆزى تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن نەرسە سوراشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ھەمزىنىڭ قىرائىتىدە ﴿ وَٱلۡأَرۡحَامَ ﴾ (ۋەلئەرھامە) دېگەن سۆز « وَٱلۡأَرۡحَامَ » (ۋەلئەرھامى) دەپ ئوقۇلغان بولۇپ، بۇ قىرائەت[1] ئۇنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ قەسەم بولماستىن، ھېسداشلىقنى قوزغايدىغان بىر سۆزدۇر. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە: «مەن سەندىن تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن پالانى ئىشنى قىلىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن» دېگەن سۆزى چەكلەنگەن قەسەمنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت اللە ئۈزۈپ قويماسلىقنى بۇيرۇغان تۇغقاندارچىلىق ھۆرمىتى بىلەن نەرسە سورىغان بولىدۇ. بۇ قاراشتىكىلەر يەنە مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «ئى اللە! مەن سەندىن نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ۋە ماڭغان مۇشۇ قەدەملىرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن تىلىكىمنى سورايمەن.»[2]

يەنە بەزى ئۆلىمالار بۇ قاراشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قەسەم قىلسا، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى قەسەم قىلماي شۈك تۇرسۇن!» دېگەن سەھىھ ھەدىس بۇ قاراشنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئۆلىمالار تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن نەرسە سوراشنى قەسەم قىلىشنىڭ بىر تۈرى دەپ ھېسابلىغان. بۇ ئىبنى ئەتىييەنىڭ سۆزىدۇر.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: ھەمزىنىڭ قىرائىتى ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئاجىز ۋە بىمەنىلىك بولۇشقا قارىماي، دىن ئاساسلىرىدىمۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار» دېگەن. اللە نىڭ نامىدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولمىغان ئىكەن، قانداق قىلىپ تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولسۇن؟

---

[1] مۇشۇ قىرائەت بويىچە بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: نامى بىلەن نەرسە سورايدىغان تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ.

[2] بۇ ھەدىس مەسجىدلەرگە ئالغان قەدەملەرنىڭ پەزىلىتى توغرۇسىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى مۇنداق: «مەن ھەددىمدىن ئاشقان، مۇتەكەببىرلىك قىلغان ھالەتتە چىقمىدىم، رىيا قىلغان، كۆز ـ كۆز قىلغان ھالەتتىمۇ چىقمىدىم. مەن پەقەت سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ چىقتىم...» بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھدۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇبەررەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئەگەر مەن بىر ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇسام، ئۇ « وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِى تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَ » دەپ ئوقۇسا، مەن كەشمنى ئالغانچە كېتىپ قالىمەن.»[1]

قۇشەيرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەر دىن ئىماملىرىنىڭ قارىشىدا قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، قىرائەت ئىماملىرى ئوقۇغان قىرائەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇتەۋاتىر شەكىلدە ئىسپاتلانغان بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرى بۇنى ياخشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سابىت بولغان ئىكەن، كىمكى ئۇنى رەت قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەت قىلغان ۋە ئۇ ئوقۇغان نەرسىنى يامان كۆرگەن بولىدۇ. بۇ قاتتىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ، تىل ۋە گىراماتىكا ئۆلىمالىرىغا ئەگەشىدىغان ئىش ئەمەس. ئەرەب تىلىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغانلىقىدا ھېچكىم شەك قىلمايدۇ. الله نىڭ نامىدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىش ھەقىقەتەن مەنئى قىلىنغان. تۇغقاندارچىلىقنىڭ نامى بىلەن نەرسە سورىغان ئادەم باشقا بىرىگە ئۇنى ۋەسىلە قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ چەكلەنمەيدۇ.»[2]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

يېتىمنىڭ مېلىنى ئۇ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن بەرسە بولامدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزى يېتىمغا ئۇنىڭ مېلىنى بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭ مېلىنى ئۇ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن بەرمەسلىككە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار﴾[3]. بۇ ئايەت ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنى ۋە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتكە كېلىشىنى بايقاشنى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، كىچىك بالا پۇل ـ مېلىنى ياخشى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇ ئۇنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىشلىتىپ قويۇۋېتىشى مۇمكىن.

ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىككى خىل تەپسىر قىلىدۇ: بىرىنچى، ﴿يېتىملەر﴾ دېگەن سۆز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلالايدىغان ياشقا يەتكەن يېتىملەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ «يېتىملەر» دەپ ئاتىلىشى بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا بولىدۇ. يەنى ئىلگىرى يېتىملىكتە ياشىغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى، ﴿يېتىملەر﴾ دېگەن سۆز بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 3 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 4 ـ بەت.
[3] سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىچىك بالىلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بېرىش ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ۋە كىيىم كېچىكىنى بېرىشنى ياكى ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلىغا چېقىلماي، ئۇنى ئۇلار ئۈچۈن ساقلاپ بېرىشنى، يامان نىيەتتە ئىشلەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قاراش خېلى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، يېتىملەرگە قارايدىغان بەزى كىشىلەر يېتىمنىڭ مېلىنى خەجلەشكە ۋە ئۇنى ئىسراپ قىلىشقا ئالدىرايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ساقلاشقا، يېتىمگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا سەرمايە قىلىپ ئىشلىتىشكە، يېتىم ئۇنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان ياشقا يەتكەندە ئۇنى ئۇنىڭغا تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئالدىنقى قاراشمۇ بۇ قاراشتىن كۈچلۈكتۇر.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

الله تائالانىڭ: ﴿ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللارنى ئېلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇق ئۆيلىنىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلدۈرەمدۇ ياكى رۇخسەتنى بىلدۈرەمدۇ؟

كۆپچىلىك ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿ئېلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇق رۇخسەت ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. بۇ بۇيرۇق الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىكى بۇيرۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار﴾[1]. ﴿بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ ـ ئىچىڭلار﴾[2].

زاھىرى مەزھەبىدىكىلەر بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى تۇتۇپ: ئۆيلىنىش ۋاجىپتۇر، چۈنكى، بۇ بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ: ﴿سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. الله ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى الله قا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار. لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەككەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر. سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[3].

[1] سۈرە بەقەرە، 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا مۇشۇنداق ھالەتتە ئۆيلىنىشتىن ئۆيلەنمەسلىكنى ياخشى دەپ ھۆكۈم قىلدى. مانا بۇ ئۆيلىنىشنىڭ ۋاجىپ تۇگۇل ئەۋزەلمۇ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

اللە تائالانىڭ: ﴿مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئەرەب تىلى ئالىملىرى بۇ سۆزلەرنىڭ ساناقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى تىلغا ئېلىنغان شۇ سانىنىڭ تۈرىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿مَثْنَى﴾ (مەسنا) دېگەن سۆز ئىككىدىن ـ ئىككىدىن دېگەن مەنىنى، ﴿وَثُلَاثَ﴾ (ۋەسۇلاسە) دېگەن سۆز ئۈچتىن ئۈچتىن دېگەن مەنىنى، ﴿وَرُبَاعَ﴾ (ۋەرۇبائە) دېگەن سۆز تۆتتىن ـ تۆتتىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، ئۇزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللارنى ئىختىيارىڭلار بويىچە ئىككىدىن ـ ئىككىدىن، ئۈچتىن ـ ئۈچتىن، تۆتتىن ـ تۆتتىن ئېلىڭلار دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن، سەن بىر جامائەت ئادەمنىڭ ئالدىغا مىڭ تەڭگە پۇلنى قويۇپ: ئىككىدىن ـ ئىككىدىن ئېلىۋېلىڭلار دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ ھەر بىر ئادەم تۆت تەڭگىدىن ئەمەس، ئىككى تەڭگىدىن ئالسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئايەت نىكاھتا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ساقلاشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار ۋە فەقىھشۇناسلار نىكاھتا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ساقلاشنىڭ ھاراملىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇ بىرلىك قاراشقا بەزى بىدئەتچىلەرنىڭ توققۇز خوتۇن ساقلاش دۇرۇس دېگەن قارىشى تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇلار ئايەتنىڭ لەۋزىدىكى باغلىغۇچى رولىنى ئوينايدىغان «ۋاۋ» ھەرپىنى: بۇ ھەرپ قوشۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئىنسان ئىككى خوتۇنغا ئۈچنى قوشۇپ بەش قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە تۆتنى قوشۇپ توققۇز خوتۇننى نىكاھىدا ساقلىيالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى ئېنىق بىلىشىڭ كېرەككى، ﴿مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ﴾ دېگەن سۆزلەردىكى بۇ ساناق، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتىن يىراقلاپ كەتكەن كىشىلەر ئېيتقاندەك، توققۇز خوتۇننى نىكاھتا ساقلاشقا بولىدىغانلىقنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇممەتنىڭ سەلەف ئۆلىمالىرى ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىشتىن يۈز ئۆرۈپ، «ۋاۋ» ھەرپى قوشۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ بىلجىرلاشقان. ئۇلار بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا توققۇز خوتۇن ساقلىغانلىقىنى دەلىل قىلغان.

نادانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ قاراشنى رافىزىلەر ۋە زاھىرى مەزھىپىدىن بەزىلەر كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇلاردىن بەزىلەر تېخىمۇ يامان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 9 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

نىكاھتا 18 خوتۇننى ساقلاشقا بولىدۇ، دەپ جۆيلۈشكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىنى ۋە سۈننەتنى ياخشى بىلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىك قارىشىغا خىلاپتۇر. چۈنكى، ساھابىلاردىن ۋە تابىئىنلاردىن ھېچكىمنىڭ نىكاھىدا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ساقلىغانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. غەيلان ئىسىملىك ئادەم ئىسلامغا كىرگەندە ئۇنىڭ نىكاھىدا 10 خوتۇن بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنلىرىدىن تۆتنى تاللىۋېلىپ قالغانلىرىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغان.

الله تائالا ئەرەبلەرگە ئەڭ پاساھەتلىك تىل بىلەن خىتاب قىلغان. ئەرەبلەر سېنىڭ توققۇز دېگەن سانىنى: ئىككى ـ ئىككى، ئۈچ ـ ئۈچ، تۆت ـ تۆت دەپ ئىپادىلىشكە يول قويمايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار بىرىنىڭ 18 نى بەر دېگەن سۆزىنى: تۆتنى، ئالتىنى ۋە سەككىزنى بەر دەپ ئىپادىلىشىنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ.»[①]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: نىكاھتا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ساقلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولۇپ، ئەنە شۇ ئاز بىر قىسىم مۇخالىپچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بىرلىك زامانى ئۆتۈپ بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزى ئېتىبارسىز. ئۇ ھەقىقەتەن نادانلىق ۋە دۆتلۈكتىن ئىبارەتتۇر. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

كىمكى ئالسا ئىلمىنى ئۇستازسىز،
ئازىدۇ توغرا يولدىن شەكسىز.
سۆكىدۇ توغرىنى بەزىلەر ھەتتا،
قالغاچقا خاتادا ئۇ كىشى شەكسىز.

الله بىزگە ئەخمەقلەرنىڭ ھاماقەتلىكىدىن ۋە نادانلارچە مۇنازىرە قىلىشتىن پاناھ بەرسۇن!

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىنساننىڭ ئەۋلادىدۇر. ئۇلار بىر ئاتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئاتا ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر.

2 ـ ئىنسانلارنىڭ: سەندىن بۇنى الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەن، سەندىن بۇنى الله نىڭ نامى بىلەن تىلەيمەن دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش، الله تائالانىڭ نامى بىلەن نەرسە سوراش دۇرۇستۇر.

3 ـ تۇغقاندارچىلىقنىڭ ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، ئۇنى ئۈزۈپ قويماسلىققا بۇيرۇغان.

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 17 ـ بەت.

www.munber.org

4 ـ يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى ياخشى ساقلاش ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە بېرىش ۋاجىپتۇر.

5 ـ ھۆر ئايالدىن تۆتكىچە ئېلىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەقسىماتتا ئادىل بولۇش شەرتى بىلەن دۇرۇستۇر.

6 ـ ئەگەر ئىنسان خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىدىن قورقسا، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىشى لازىمدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

«كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش» مەسىلىسى تۇرمۇش شارائىتى تەقەززا قىلىدىغان زۆرۈرىيەتتۇر. ئۇ، يالغۇز ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى بەلگىلىمە ئەمەس. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ نە شەرتى، نە بەلگىلىمىسى يوق بولۇپ، ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇنى سىستېمىلاشتۇردى، تەرتىپكە سالدى، ئۇنى جەمئىيەت دۇچ كېلىدىغان بەزى قىيىن ئەھۋاللار ئۈچۈن شىپالىق داۋا قىلىپ بېكىتتى.

ئەرلەر ئوندىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئاز خوتۇن ئالىدىغان بىر ۋاقىتتا ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلدى. غەيلاننىڭ ھەدىسىدە ئۆتكىنىدەك، ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەندە نىكاھىدا ئون خوتۇن بار ئىدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق شەرتسىز ۋە چەكلىمىسىز خوتۇن ئالاتتى. ئىسلام دىنى ئەرلەرگە: كۆپ خوتۇن ئېلىشنىڭ چەكلىمىسى بار، بۇ چەكلىمە «تۆت» بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىش ھالال ئەمەس، شۇنداقلا بۇ ئېھتىياجىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن «خوتۇنلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش» تىن ئىبارەت شەرتلىرى بار. ئەگەر بۇ شەرت ئەمەلىيلەشمىسە، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلىش لازىمدۇر. شۇڭا بۇ شەرتنى ئادا قىلالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ﴿بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ﴾ دەپ جاكارلىدى.

دېمەك، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنىيىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، لېكىن تەرتىپسىز ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇنى ئىنتىزاملاشتۇردى. ئۆتمۈشتىكىلەر ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ، شەھۋەتنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كوپ خوتۇنلۇق بولاتتى. ئىسلام دىنى ئۇنى پەزىلەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ھايات يولى قىلىپ بەلگىلىدى. ھەر بىر ئىنسان بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ھەقىقەت شۇكى، «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ دۇرۇس بولۇشى» ئىسلام دىنىنىڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك قانۇنلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا قادىر بولغان. بۇ قىيىنچىلىقنى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمىگە قايتماي ۋە ئىسلام دىنىنىڭ نىزامنامىسىغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ھەل قىلالمايسەن.

بۇ يەردە يەنە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. مەسىلەن: خوتۇننىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى، ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇپ، بىز ئۇنى بۇ يەردە تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن كىشى ئاسانلا چۈشىنىۋالىدىغان مۇھىم بىر نۇقتىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەمئىيەت ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىدە ئىككى تەرىپى تەڭ بولۇشى ۋاجىپ بولغان تارازىغا ئوخشايدۇ. بۇ تارازىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭ سانى بىلەن تەڭ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتسە ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇ قىيىنچىلىقنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ بۇ تەڭپۇڭلۇققا دەخلى تەرۈز يەتكەن، ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ ساندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا قانداق قىلىمىز؟ مۇنداق شارائىتلاردا ئاياللارنى ئەر ـ خوتۇنلۇق نېمىتىدىن ۋە ئانا بولۇش نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئېشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن جەمئىيەتنى پاھىشە قاپلاپ كەتكىنىدەك، يامان يولغا كىرىپ كېتىشكە يول قويامدۇق؟ ياكى بۇ مەسىلىنى ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى، ئائىلىنىڭ پاكلىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان شان ـ شەرەپكە ئىگە پەزىلەتلىك يوللار بىلەن ھەل قىلىمىزمۇ؟ ئەقىللىق ئىنسانىنىڭ قارىشىدا بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى ياخشى ۋە ئەۋزەل؟ خوتۇن كىشى ئۆزىنى يەنە بىر خوتۇن بىلەن بىرگە ياشىتىدىغان مۇقەددەس ئالاقىگە باغلىنىپ، شەرىئەت بەلگىلىمىسى ئاساسىدا بىر ئەرنىڭ ھىمايىسىدە ياشىسۇنمۇ؟ ياكى ئۇ خوتۇننى شۇ ئەرنىڭ ئاشنىسى ۋە سۆيگىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى چوڭ گۇناھقا پاتۇرىدىغان شەكىلدە ئالاقە قىلىشىغا يول قويىمىزمۇ؟

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەيدىغان، خرىستىئان دىنى نۇپۇسىنىڭ كۆپ ـ سانىنى ئىگەللەيدىغان گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ئاياللىرىنى پاھىشە يولى بىلەن جان بېقىشتىن ۋە پاھىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھارامدىن تۇغۇلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدەك چوڭ زىيانلاردىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ياخشى بىر چارە تاپالماي، ئىسلام دىنى تاللىغان يولنى تاللاپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنىنى قىزغىنلىق بىلەن ماقۇللىغان.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان گېرمانىيىلىك بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى يولغا قويۇش گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىدۇر. مەن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئېتىبارسىز بىر ئەرنىڭ يالغۇز خوتۇنى بولۇشتىن، قىلغان ئىشىدا ئۇتۇق قازىنالايدىغان بىر ئەرنىڭ ئون خوتۇنى بىلەن بىللە خوتۇن بولۇشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. بۇ يالغۇز مېنىڭلا قارىشىم ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ قارىشىدۇر.»[1]

---

[1] بۇ ئابزاس ھۆرمەتلىك ئەھمەد مۇھەممەد جەمالنىڭ «مۇھازىراتۇن فىسسەقافەتىل ئىسلامىييە» ناملىق كىتابىدىن نەقىل قىلىندى. ئۇ بۇنى مىسىر خەۋەرلىرى گېزىتىنىڭ 723 ـ سانىدىن نەقىل قىلغان.

1948 - يىلى گېرمانىيەنىڭ مىيونخ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلىرى يىغىنىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ مەسىلىگە خرىستىئان دىنى قولنىڭ ئارقىنى قىلىپ قالاق بىر ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا ئىسلام دىنى ئۇنى ناھايىتى ياخشى ۋە ئەۋزەل يول بىلەن ھەل قىلىپ بولغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرمۇ دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىسلام دىنىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئارتۇقچىلىقى بار ئەمەسمۇ؟

مەن بۇ يەردە ئىسلام شېھىدى سەييىد قۇتۇبنىڭ «دۇنيا تىنچلىقى ئىسلام دىنىدا» ناملىق كىتابىدىن مۇشۇ مەسىلىگە ئائىت بەزى ئابزاسلارنى نەقىل قىلىشنى لايىق دەپ قارايمەن.

ئۇ (الله ئۇنىڭغا رەھمەتنى ياغدۇرۇۋەتسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىدىكى "كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش" قانۇنى ئەتراپىدا ھەققەتەن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ۋالاقلاشلار ۋە تىل تەككۈزۈشلەر كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇ راستلا جەمئىيەت ھاياتىدىكى خەتەرلىك ئاپەتمۇ؟ مەن ئەتراپلىق نەزەر سالغاندىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەت بەلگىلىمىسىنىڭ قول تىقىشىغا موھتاج ئىكەن، پەقەت كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى ئۆزىنى ئۆزى ھەل قىلىپ كېتەلەيدىكەن... ئۇ ئەمەلىي سان ھۆكۈم قىلىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭغا نەزەرىيەلەر ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەر ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ھەر بىر مىللەت ئىچىدە ئەرلەر ۋە ئاياللار بار بولۇپ، قاچان ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭ سانى بىلەن تەڭ بولۇپ قالسا، بىر ئەرنىڭ بىردىن كۆپ خوتۇن ئېلىشى ئۆزلىكىدىن ئەمەلىي ھالدا قىيىنلىشىدۇ.

ئەمما مىللەتلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر يەتكەن، ئۇرۇشلار ۋە ھەر تۈرلۈك قازالار سەۋەبىدىن ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭ سانىدىن ئازلاپ كەتكەن ۋاقىتتا، بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قادىر بولۇش شارائىتى ئۆزلىكىدىن ھازىرلىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا، بىز مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بىر ھالەتكە نەزەر سالايلى! ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن مىساللاردىن بىرى شۇكى، ھازىر گېرمانىيەدە ھەر بىر يىگىتكە ئۈچ قىز توغرا كېلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر يەتكەن بىر ھالەت بولۇپ، قانۇن بەلگىلىگۈچى ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ خىل چارە بار:

بىرىنچى چارە شۇكى، ھەر بىر ئەر بىر خوتۇن ئېلىشى، قالغان ئىككى ئايال ھاياتى بويىچە ئەرنىڭ، ئۆينىڭ، پەرزەنتنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. ئىككىنچى چارە شۇكى، ھەر بىر ئەر بىر خوتۇن ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي خوتۇنى سۈپىتىدە ئۆتۈشى، قالغان ئىككى ئايالغا ياكى ئۇنىڭ بىرىگە باشقىچە مۇئامىلە

قىلىشى، بۇ ئاياللارنىڭمۇ ئۆي ۋە پەرزەنتنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىپ شۇ ئەرنىلا بىلىپ ئۆتۈشى، ئەگەر پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بولسا قانۇنسىز يول بىلەن پەرزەنت كۆرۈپ، كىشىلەر ئالدىدا ئار نومۇسقا قېلىشى ۋە ئابرۇيىنى يوقىتىشى كېرەك.

ئۈچىنچى چارە شۇكى، ھەر بىر ئەر بىردىن كۆپ خوتۇن ئېلىشى، بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنى ئەر ـ خوتۇنلۇق شەرىپىگە، ئۆي خاتىرجەملىكىگە ۋە ئائىلە كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى، ئۆزىنىڭ قەلبىنىمۇ پاھىشىنىڭ كىرلىرىدىن، گۇناھلاردىن ۋە كۆڭۈل ئازابىدىن تازىلىشى، جەمئىيەتنى پىتنە ـ پاساتچىلىقتىن ۋە نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

قايسى چارە ئىنسانلىققا ئەڭ لايىق، ئەرلىك ۋىجداننى ساقلاشقا ئەڭ ھەقلىق ئىكەن؟! قايسى چارە ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئەڭ پايدىلىق ئىكەن؟! »[1]

[1] سەييىد قۇتۇبنىڭ «دۇنيا تىنچلىقى ئىسلام دىنىدا» ناملىق كىتابى، 73 ـ بەت. يەنە شەلتۇتنىڭ «ئىسلام دىنى ئەقىدە ۋە شەرىئەتتۇر» ناملىق كىتابى، 197 ـ بەتنى، ئەفىف تەببارەنىڭ «روھۇددىن ئىسلام» ناملىق كىتابى، 32 ـ بەتنى كۆرۈڭ.

www.munber.org

# ئىسلام دىنىنىڭ يېتىملەرنىڭ پۇل - مېلىغا ئەھمىيەت بېرىشى

﴿ وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ قِيَـٰمًا وَٱرْزُقُوهُمْ فِيهَا وَٱكْسُوهُمْ وَقُولُوا۟
لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٥﴾ وَٱبْتَلُوا۟ ٱلْيَتَـٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُوا۟ ٱلنِّكَاحَ فَإِنْ ءَانَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَٱدْفَعُوٓا۟
إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَأْكُلُوهَآ إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا۟ ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا
فَلْيَأْكُلْ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ فَأَشْهِدُوا۟ عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٦﴾ لِّلرِّجَالِ
نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ
مِنْهُ أَوْ كَثُرَ ۚ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ﴿٧﴾ وَإِذَا حَضَرَ ٱلْقِسْمَةَ أُو۟لُوا۟ ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينُ
فَٱرْزُقُوهُم مِّنْهُ وَقُولُوا۟ لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٨﴾ وَلْيَخْشَ ٱلَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا۟ مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً
ضِعَـٰفًا خَافُوا۟ عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَلْيَقُولُوا۟ قَوْلًا سَدِيدًا ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلْيَتَـٰمَىٰ
ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِى بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا ﴿١٠﴾ ﴾

﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسىي قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار. يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، الله ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (الله نىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ. تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار (يەنى بۇ كىچىكلەرنىڭ مېلى، بىزنىڭ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش ئۆزرىنى ئېيتىڭلار). (كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) الله دىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن. زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾.

— سۈرە نىسا 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 - ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

ٱلسُّفَهَآءِ: (ئەخمەقلەر)، بۇ سۆز «سەفىيھ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بىر نەرسىنى ئويلىيالمايدىغان، ئەقلى كام ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەسسەفەھ» بولۇپ، لۇغەتتە يەڭگىللىك، ھەرىكەتچان دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە، پۇل - مېلىنى ياخشى باشقۇرالمايدىغان ياكى ئۇنى يولسىز يەرلەرگە بۇزۇپ - چېچىۋېتىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿السُّفَهَاء﴾ دېگەن بۇ سۆز تېجەپ خەجلەشكە تېگىشلىك پۇل - مېلىنى بۇزۇپ چاچىدىغان، ئۇنى سەرمايە قىلىپ پايدا ئېلىشقا ۋە ياخشى باشقۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ[1].

قِيَمًا: (ئاساسى)، بۇ سۆز تۇرمۇشۇڭلارنى قامدايدىغان، تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى بولغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَٱبْتَلُوا: (سىناپ تۇرۇڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىبتىلائ» بولۇپ، سىنىماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ۋە پۇل - مېلىنى باشقۇرۇشىنى سىناپ تۇرۇڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ءَانَسْتُم: (بايقىساڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىيناس» بولۇپ، كۆرمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى﴾[2]. ئايەتتە، بىلسەڭلار، كۆرسەڭلار، بايقىساڭلار دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 363 - بەت.
[2] سۈرە قەسەس، 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رُشۡدًا: (باشقۇرالايدىغان ھالەتنى)، بۇ سۆز، ياخشى ئىشلارنى ئۆزى تېپىپ قىلالىماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، مال ـ مۈلكنى جايىدا ساقلىيالايدىغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

إِسۡرَافًا: (بۇزۇپ ـ چېچىپ)، بۇ سۆز چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەك، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك، ئىسراپ قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

وَبِدَارًا: (قورقۇپ)، بۇ سۆز تېزلەتمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە، يېتىمنىڭ چوڭ بولۇپ مېلىنى تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ مېلىنى يېيىشكە ئالدىراشنى كۆرسىتىدۇ.

فَلۡيَسۡتَعۡفِفۡ: (ئۆزىنى ساقلىسۇن)، بۇ سۆز بىر ئىشتىن قول يىغىش، ئۇنى قىلماسلىق، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

حَسِيبًا: (ھېساب ئالغۇچى)، بۇ سۆز، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئېلىشقا ۋە قىلمىشلىرىڭلارغا قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىشكە يېتەرلىكتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەزھەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ھېساب ئالغۇچى دېگەن مەنىنىمۇ، كۇپايە قىلغۇچى، دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەش ئېھتىمالى بار.» ئىككىنچى مەنىدە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) الله ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ٱلۡقِسۡمَةَ: (تەقسىمات)، بۇ سۆز تەقسىمات دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئايەتتە مىراس ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەر ئارىسىدىكى مىراس تەقسىماتىنى كۆرسىتىدۇ.

أُوْلُواْ ٱلۡقُرۡبَىٰ: (تۇغقانلار)، بۇ سۆز مىراس ئېلىشتىن چەكلەنگەنلىكى ياكى ئانا تەرەپ تۇغقانلار بولغانلىقى ئۈچۈن مىراس ئالالمايدىغان تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

قَوۡلًا مَّعۡرُوفًا: (چىرايلىق سۆز)، بۇ سۆزلەر، ئۆزۈرنى بىلدۈرىدىغان، كۆڭۈلنى ياسايدىغان چىرايلىق ۋە يۇمشاق سۆزلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «ۋەسىي بولغان كىشى تۇغقانغا: بۇنى ئالغىن، الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، مەن بۇ پۇل ـ مالغا ئىگە ئەمەسمەن، چۈنكى، ئۇ كىچىك باللارنىڭ پۇل ـ مېلىدۇر، دەيدۇ.»[2]

وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرًا: (يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ)، بۇ جۈملە، ئۇلار قاتتىق ھارارىتى ۋە يالقۇنى بىلەن ئىنسانىنى كاۋاپ قىلىپ تاشلايدىغان دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قاتتىق ھارارىتىنى تېتىيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنفال، 64 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 20 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 50 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 368 ـ بەت.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللّٰه تائالا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ ۋە تۇرمۇشىنىڭ ﴿ئاساسى قىلغان﴾ ماللىرىنى ئەخمەقلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن مەنئى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى يېتەرلىك مىقداردا تەمىنلەپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارنى (يەنى ۋەسىلەرنى) يېتىملەرنى سىناپ تۇرۇشقا، ئەگەر ئۇلاردا دىنىي سالاھىيىتىنىڭ تولۇقلانغانلىقىنى، مال - مۈلكىنى ئۆزلىرى ساقلىيالايدىغان ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسە، ﴿ئۇلارغا﴾ ئۇلارنىڭ ﴿مال - مۈلكىنى﴾ كېچىكتۈرمەستىن تاپشۇرۇپ بېرىشكە؛ ئۇلار چوڭ بولۇپ قولىمىزدىكى پۇل - ماللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ئىلگىرى بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بويىچە سەرپ قىلىمىز دەپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ھەددىدىن زىيادە بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىككە بۇيرۇيدۇ.

يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن ﴿كىمكى باي ئىكەن﴾، ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، ﴿كىمكى يوقسۇل ئىكەن﴾، ئۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مۇۋاپىق رەۋىشتە ﴿يېسۇن﴾. بالاغەتكە يەتكەن ﴿يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا﴾ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىدىن تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن ﴿باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، اللّٰه﴾ ھېساب ئېلىشقا ۋە كۆزىتىپ تۇرۇشقا ﴿يېتەرلىكتۇر﴾.

ئاندىن اللّٰه تائالا تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ اللّٰه تائالا ئۇلار ئۈچۈن ئادىل شەرىئىتى ۋە روشەن بايان قىلىنغان كىتابى قۇرئان كەرىمدە بەلگىلىگەن ھەسسىسى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھەمدە بۇ مىراستىن ھېچ نەرسە ئالالمايدىغان تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ياساش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە ئاز - تولا نەرسە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئاندىن اللّٰه تائالا يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ۋە قول ئاستىدىكى يېتىملەرگە زۇلۇم قىلىشتىن قورقىتىدۇ، ئۇلارنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن كىچىك پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلاردىن قانداق ئەنسىرىسە، ئەنە شۇ يېتىملەر ھەققىدىمۇ شۇنداق ئەنسىرەپ اللّٰه دىن قورقىشى كېرەك. گويا اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە: سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى ياخشى كۆرسەڭلار، سىلەرمۇ ئەنە شۇ يېتىملەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار، دېمەكچى بولىدۇ.

ئاندىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەرنى دۇشمەنلىك قىلىپ ۋە ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغان﴾ زالىملارنىڭ جازاسىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى قورساقلىرىدا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغان ﴿ئوتنى يەۋالغان﴾

بولىدىغانلىقىنى، قاتتىق گۇرۇلدەپ يېنىپ تۇرىدىغان دوزاخ ئوتىغا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. اﷲ بىزگە ئۇ دوزاختىن پاناھ بەرسۇن!

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر ئاياللارغا ۋە كىچىك بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى. ئۇلار مىراسنى چوڭ ئادەملەرنىڭ نېسىۋىسى قىلىشقان ئىدى. شۇڭا اﷲ تائالا: ﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[①].

2 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر قىزلارغا، بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى. ئەنسارىلاردىن ئەۋس ئىبنى سابىت ئىسىملىك بىر ئادەم ئىككى قىز ۋە بىر كىچىك ئوغۇلنى قالدۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئوغۇلنىڭ تاغىسىنىڭ ئىككى ئوغلى كېلىپ ئۇنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئۇ ئىككى ئوغۇلغا: بۇ ئىككى قىزىمنى ئەمرىڭلارغا ئېلىڭلار، دېدى. بۇ قىزلار چىرايلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇلارنى ئېلىشقا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى ئادەمگە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا: «مىراستىن ھېچ نەرسىنى مىدىرلاتماڭلار، ماڭا ھەققەتەن مىراستىن ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ ھەسسىسى بارلىقى خەۋەر قىلىندى» دېدى. ئاندىن اﷲ تائالانىڭ: ﴿اﷲ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى...﴾[②] دېگەن سۆزى نازىل بولدى.»[③]

---

[①] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇز» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 123 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 454 ـ بەت.

[②] سۈرە نىسا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇز» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 122 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 45 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكى ئەمەلىيەتتە يېتىملەرگە ئائىت تۇرۇقلۇق يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلارغا نىسبەت بېرىلدى. مانا بۇ، ئىسلام ئۈممىتى ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىشىغا ئەسكەرتىش بەرگەنلىكى، مال ـ مۈلكنى ياخشى ساقلاشقا، بۇزۇپ ـ چېچىۋەتمەسلىككە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەخمەق ئادەمنىڭ پۇل ـ مالنى بۇزۇپ ـ چېچىشى جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇ، اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. اللہ تائالا بۇ ئايەتتىمۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش دېگەن سۆز ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىدى.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «پۇل ـ مال ئىنسانىيەت پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر. شۇڭا بۇ نۇقتا كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەخمەقلەرنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلارغا نىسبەت بېرىلدى.»[2]

2 ـ پۇل ـ مال ئىنساننىڭ ھايات قېلىشىغا، ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ ئاساسىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن اللہ تائالا ئۇنى «تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى» دەپ ئاتىدى. شۇڭا سەلەفلەر مۇنداق دەيتتى: «مال ـ مۈلك مۆمىننىڭ قورالىدۇر. اللہ تائالا مېنىڭدىن ھېساب ئالىدىغان مال ـ مۈلكنى قالدۇرغىنىم كىشىلەرگە موھتاج بولۇپ قالغىنىمدىن ياخشىدۇر.»[3]

3 ـ زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەت ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتەلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىشنى بىلگىدەك بولغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.»[4]

4 ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن» دېگەن سۆز بىلەن «مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن» دېگەن سۆزلەر يېتىمنىڭ مېلىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرغانلىق ئۈچۈن يېتىمنىڭ مېلىدا ۋەسىنىڭ ھەققى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: مېنىڭ تەربىيەمدە بىر يېتىم بار، ئۇنىڭ مېلىدىن يېسەم بولامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەرمايە قىلىپ ئىشلىتىۋالماستىن، ئۆزەڭنىڭ مېلىنى ئاياپ ئۇنىڭ مېلىنى يېمەستىن، مۇۋاپىق رەۋىشتە يېگىن» دېگەن. ئۇ: ئۇنى ئۇرسام بولامدۇ؟

[1] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 9 ـ جىلد، 184 ـ بەت.
[3] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 363 ـ بەت.
[4] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 365 ـ بەت.

دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزەڭنىڭ بالىسىنى ئۇرغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇرساڭ بولىدۇ» دېگەن[1].

5 ـ اللہ تائالا: «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ ھەسسىسى بار...» دېسە، ئەلۋەتتە كۇپايە قىلاتتى. لېكىن ئاياللارنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا مىراس ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ۋە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى تەپسىلى بايان قىلىش ئۇسلۇبى تاللاندى. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە: ئاتقا مىنالمايدىغان، قورال تۇتالمايدىغان، ئۇرۇش قىلالمايدىغان كىشىلەرگە قانداقمۇ مىراس بېرىمىز؟ دېيىشىپ، ئاياللارغا ۋە كىچىك باللارغا مىراس بەرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا بۇ ھۆكۈمنى تەپسىلى بايان قىلدى. ئۇلۇغ قۇرئاننى ياخشى مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلەلەيسەن.

6 ـ يېپىلىدىغان نەرسىلەر قورساقتا يېپىلىدىغان تۇرۇقلۇق يەنە قورساقنى تىلغا ئېلىش بۇ مەنىنى تېخىمۇ تەكىتلەش ۋە مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ بىراۋنىڭ: كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇ يەنە اللہ تائالانىڭ: ﴿لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ﴾[2] ﴿بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾[3] ﴿مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن﴾[4] دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەقسەت شۇ مەنىنى تەكىتلەش ۋە مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈندۇر. ئايەتتە يەنە يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىشنىڭ ناھايىتى يامان ئىش ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

7 ـ ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «يېيىلگەن نەرسە كەلگۈسى ئېتىبارى بىلەن ئوت دەپ ئاتالدى. بۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا اللہ تائالانىڭ: ﴿مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن﴾[5] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. يەنى ئۈزۈم كەلگۈسىدە ھاراققا ئايلىنىدۇ. ئايەتتىكى ئوت ھارام نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ھارام نەرسە ئوتتا كۆيۈشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىغان.»[6]

8 ـ فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ﴾ دېگەن بۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش اللہ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ، ئەپۇسى ۋە پەزلىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يېتىملەر يېتىم ـ يېسىرلىكتە ئىنتايىن بىچارە ھالەتلەرگە يېتىپ قالىدىغان

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 122 ـ بەت. ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 366 ـ بەت.
[2] سۈرە ھەج، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنئام، 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە يۇسۇف، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 53 ـ بەت.

www.munber.org

بولغاچقا، الله تائالامۇ ئۇلارغا ئىنتايىن بەك كۆڭۈل بۆلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ يېتىملەرگە بولغان رەھمىتىدۇر[1].

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتى كەرىمدىكى ﴿السُّفَهَاءِ﴾ دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار ئايەتتى كەرىمدىكى ﴿السُّفَهَاءِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئەقىل - ئىدراكى تولۇقلانمىغان كىچىك بالىلارنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ قاراش زۆھرى ۋە ئىبنى زەيدتىن نەقىل قىلىنغان.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئىسراپخور ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئېرى بار ئاياللار بولسۇن، مەيلى ئانا بولغان ئاياللار بولسۇن، مەيلى قىزلار بولسۇن ئوخشاشتۇر.» بۇ قاراش مۇجاھىد ۋە زەھھاكتىن نەقىل قىلىنغان.

ھەسەن، قەتادە ۋە ئىبنى ئابباس قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى كۆرسىتىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز پۇل - مېلىنى جايىدا باشقۇرالىغىدەك ئەقىل - ئىدراككا ئىگە ئەمەس ھەممە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا كىچىك بالىلار، ئاياللار، يېتىملەر ۋە بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدىغان ھەممە ئادەم كىرىدۇ.» بۇ قاراش مەزكۇر قاراشلارنىڭ ئەڭ توغرىسى بولۇپ، تەبەرىمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان. چۈنكى، ئۇ سۆز ئاممىباب مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى دەلىلسىز خاسلاشتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس.

تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ سۆزنى ئەخمەقلىق قىلىدىغان كىشىلەردىن ھېچ بىرىنى خاسلاشتۇرماستىن، ئاممىباب مەنىگە ئىگە ھالدا تىلغا ئالدى. شۇڭا ھېچكىمنىڭ مەيلى كىچىك بالا بولسۇن ياكى چوڭ ئادەم بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلمەيدىغان ئادەمگە ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. پۇل - مېلىنى ئىشلىتىشتە ئەخمەقلىق قىلىدىغان ئادەمگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى قولىغا بەرمەي، ئېھتىياجىنى ئۆتتۈرلۇق تەمىنلەپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى، ئۇ پۇل - مېلىنى ئۆزى باشقۇرسا، ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ، بۇزۇپ - چېچىۋېتىدۇ، يامان يوللارغا ئىشلىتىدۇ.»[2]

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 9 - جىلد، 200 - بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 4 - جىلد، 247 - بەت.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ئەخمەقلىق قىلىدىغان ئادەم پۇل - مېلىنى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنامدۇ؟

فىقھشۇناسلار بۇ ئايەتنى كەرىمنى ئەخمەقلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا پۇل - مېلىنى بەرمەسلىكنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى، الله تائالا بىزنى ئەخمەقلەرنىڭ پۇل - مېلىنى ئۇلارنىڭ ئۇنى باشقۇرالايدىغان بولغانلىقىنى ۋە بالاغەت يېشىغا يەتكەنلىكىنى بايقىغانغا قەدەر ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن توستى.

ئۇلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىدە ئۇ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، كىچىك بالا يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، سۆزنى جايىدا قىلالمايدۇ. بەزىدە ئۇ ساراڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، ساراڭ ئادەم ئەقلىدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم - بىرىم ئىشلىرىنى قىلىش سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. بەزىدە ئۇ ئەخمەق بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئەخمەق ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە دىنى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل - مېلىنى بۇزۇپ - چېچىۋېتىدۇ ياكى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىپ قويىدۇ. بەزىدە ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىپلاس بولغان ئادەم ھەر تەرەپتىن قەرزگە بۆغۇلۇپ كەتكەنلىكى، قولىدا بار پۇل - مالنىڭ قەرزنى تۆلەشكە يەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قەرز ئىگىلىرى ھاكىمدىن ئۇنى قولىدا بار پۇل - مېلىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ مەنئى قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىز ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆز مال - مۈلكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

فىقھشۇناسلار كىچىك بالىنىڭ مېلىنى ئۇ بالاغەت يېشىغا يەتكەنگە ۋە ئۇنىڭ ئۆز مېلىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان بولغانلىقىنى بايقىغانغا قەدەر ئۇنىڭ قولىغا بەرمەسلىككە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار﴾. بۇ ئايەت كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۆزىنىڭ مېلىنى ئۆزى توغرا دۇرۇس ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرتنى شەرت قىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «پۇل - مېلىنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى بىلەن بىرگە يەنە دىندا ياخشى بولۇش شەرتى چوقۇم قوشۇلۇشى كېرەك.» ئىمام شافىئىي پاسىقنى ئۆز مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇنىڭ ئەكسىچە قارايدۇ.

بۇ ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى «ئۆز مېلىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان ھالەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە قايتىدۇ. ئىبنى جەرىر تەبەرى بۇ سۆزنىڭ تەپسىرىدە سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قاراشلىرىنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: مۇجاھىد ئۇنى: «ئەقلىنى قولىغا ئالغان ھالەت» دەپ تەپسىر قىلسا، قەتادە: «ئەقلى ۋە دىنىي جەھەتتە ياخشى - ياماننى پەرق ئەتكەن

www.munber.org

ھالەت» دەپ تەپسىر قىلدى. ئىبنى ئابباس: «پۇل ـ مېلىنى ياخشى باشقۇرغىدەك ھالەت» دەپ تەپسىر قىلدى. ئاندىن ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئەقلىنى قولىغا ئالغان ۋە پۇل ـ مېلىنى ياخشى باشقۇرغىدەك بولغان ھالەت دېگەن سۆزلەرنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئەقلى جايىدا ۋە پۇل ـ مېلىنى ياخشى ئىدارە قىلىدىغان ئادەمنىڭ، گەرچە ئۇ دىنىي جەھەتتە پاسىق بولسىمۇ، پۇل ـ مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىشقا ۋە قولىدىكى مال ـ مۈلكى ئېلىنىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ئادەملەردىن بولمايدىغانلىقىغا ھەممە بىرلىككە كەلگەن.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ھەممە پاسىق پۇل ـ مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنماسلىقى لازىم. چۈنكى، مەنئى قىلىش ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مۇنداق دېيىلىشى كېرەك: ئەگەر پاسىقنىڭ ئىشلىگەن گۇناھى پۇل ـ مالنى ھاراق ئىچىش ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغانغا ئوخشاش ئىقتىسادىي زىياننى ئۆز ئىچىگە ئالسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆز مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھى رامىزاندا روزا تۇتمىغانغا ئوخشاش دىنىي ئىشلارغا ئالاقىدار بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى ئۆز مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

مانا بۇ، تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئۇستازى ئىبنى جەرىر تەبەرى كۈچلەندۈرگەن قاراشنىڭ ئۆزىدۇر. ئايىتى كەرىمۇ ئىشارەت يولى بىلەن مۇشۇ قاراشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ﴿ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە «باشقۇرالايدىغان ھالەت» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن «رۇشدا» دېگەن سۆز ئېنىقسىز دەرىجىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، باشقۇرالايدىغان ھالەتنىڭ بىر قىسمىنى يەنى پۇل ـ ماللىرىنى جايىدا ئىشلىتەلەيدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ سۆز ئېنىق دەرىجىدە كەلتۈرۈلمىگەن. بۇ ھەقتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت شۇكى، پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي، جايىدا ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبنى جەرىر تەبەرى تاللىغان قاراش مۇشۇ جەھەتتىن كۈچلۈكتۇر[2].

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

چوڭ ئادەم ئۆزىنىڭ مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنامدۇ؟

**كۆپچىلىك ئۆلىمالار:** ئەگەر چوڭ ئادەم ئەخمەق بولسا، خوددى كىچىك بالا ئۆز مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنغاندەك مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ئىمام ئەبۇ ھەنىفە:** كىمكى 25 ياشقا كىرسە، مەيلى ئۇ مېلىنى باشقۇرالايدىغان بولسۇن ياكى باشقۇرالمايدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ مېلى ئۆزىگە تاپشۇرۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 253 ـ بەت.
[2] بۇ مەسىلىنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 9 ـ جىلد، 188 ـ بېتىگە قاراڭ.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار چوڭ ئادەمنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلدى. ئىمام مالىك ۋە كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ئۇنى مەنئى قىلىش كېرەك، دەيدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق ئادەم پۇل - مېلىنى بۇزۇپ چاچىمىسىلا مەنئى قىلىنمايدۇ. ئەگەر پۇل - مېلىنى بۇزۇپ چاچسا، 25 ياشقا كىرگىچە پۇل - مېلىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ، 25 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ھالى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۇل - مېلىنى بۇزۇپ چاچسۇن ياكى بۇزۇپ چاچمىسۇن بەرىبىردۇر، چۈنكى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى توختاتقان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مەن ئۆزىنى توختاتقان ئادەم دېيىلىدىغان كىشىنى پۇل - مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىشتىن خىجىل بولىمەن دەيدۇ.»①

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى توغرىدۇر، ئۇ ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭمۇ قارىشىدۇر. بۇ مەسىلىدە ياش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنداق ئادەممۇ باركى، 50 ياشقا كىرسىمۇ يەنىلا ئەخمەقلىق قىلىدۇ، پۇل - مېلىنى ئىسراپ قىلىدۇ ۋە بۇزۇپ چاچىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەمنى مەنئى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، كىچىك بالىمۇ پۇل - مېلىنى ساقلاشقا ۋە ئۇنىڭدىن قانداق مەنپەئەتلىنىشكە يېتەكلەيدىغان ئەقلى توشمىغانلىقى ئۈچۈنلا پۇل - مېلىنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇقۇم ياشنىپ قالغان ئادەم بىلەن ياش ئادەمدە تېپىلسا، ئۇلار كىچىك بالىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرالايدىغان ھالەت بايقالمىغان ئىكەن، ئۇلارغا پۇل - مېلىنى بېرىشنى مەنئى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەرنىڭ ساقلى چىقىپ، چېچىغا ئاق سانچىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزلىرىگە نېمىنى ئېلىپ، باشقىلارغا نېمىنى بېرىشتە ئەقلى ئاجىزلىق قىلىدۇ.»②

## تۆتىنچى ھۆكۈم

يېتىمنىڭ مېلىدىن ۋەسىنىڭ يېيىشى دۇرۇس بولامدۇ؟

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾ دېگەن سۆزى، ئەگەر ۋەسى كەمبەغەل بولغان تەقدىردە يېتىمنىڭ مېلىدىن ئىسراپ قىلماستىن ھاجەت مىقدارى يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى، باي بولغان تەقدىردە يېتىمنىڭ

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 30 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 323 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 206 ـ بەت.

www.munber.org

مېلىدىن يېيىشتىن ساقلىنىشىنىڭ ۋاجىپلىقىنى ۋە الله ئۆزىگە رىزىق قىلىپ بەرگەن بايلىق بىلەن قانائەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلىمالار يېتىمنىڭ مېلىغا موھتاج بولۇپ قالغان ۋەسىينىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقداردا ئىنساپ بىلەن ئېلىپ يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. باي بولغاندا ئۇنى تۆلەپ بېرەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە بىر قانچە خىل قاراشقا كەلگەن.

بەزىلەر: ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق رەۋىشتە يېيىشكە رۇخسەت قىلغان. بۇ يېتىمگە قارىغان ئەمگەك ھەققىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە بەزىلەر: ئۇنى تۆلەپ بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ: «مەن ئۆزەمنى الله نىڭ مېلىدىن يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن يېيىشتە يېتىمنىڭ مېلىدىن يەيدىغان ۋەسىينىڭ ئورنىدا قويىمەن، ئەگەر باي بولسام، ئۇنىڭدىن يېيىشتىن ساقلىنىمەن، ئەگەر موھتاج بولۇپ قالسام مۇۋاپىق رەۋىشتە يەيمەن، باي بولغاندىن كېيىن تۆلەپ بېرىمەن.»

ئىمام جەسساسنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك، ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەر: «ۋەسى مەيلى باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، يېتىمنىڭ مېلىنى قەرز ھېسابىدا ئالسىمۇ، شۇنداقلا ھېچ سەۋەبسىز ئالسىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇلار مۇنۇ ئايەتلەرنىڭ ئاممىباب مەنىدە ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار﴾[1] ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ﴾ ﴿يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشۇڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ﴾[2] ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار﴾[3].

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتلەر ۋەسىگە يېتىمنىڭ مېلى ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ بېرىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾ دېگەن سۆزى ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتنى ھۆكمى كەسكىن بولغان ئەنە شۇ ئايەتلەرگە قايتۇرۇش كېرەك.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار،

---

[1] سۈرە نىسا، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا، 127 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ[1].

### كۈچلۈك قاراش

ئىمام تەبەرى يېتىمنىڭ مېلىنى قەرز ھېسابىدا ئىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىدىن ئىبارەت ئالدىنقى قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغىنى الله تائالانىڭ: ﴿مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾ دېگەن سۆزى، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىشكە موھتاج بولۇپ قالغان ۋە ئۇنى يېيىش زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا قەرز ھېسابىدا يېيىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋال ئاستىدا ۋەسىنىڭ يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىشى دۇرۇس ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدۇر.»[2]

بۇ قاراش كۈچلۈك بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىندۇر. چۈنكى، ئۇ بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى بىرلەشتۈرىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئەخمەقلەردە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرالايدىغان ۋە پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتەلەيدىغان ھالەت بايقالغىچە ئۇلارنى ماللىرىنى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىش ۋاجىپتۇر.

2 ـ پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنغانلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى بىلەن تەمىنلەش لازىم.

3 ـ يېتىملەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرالايدىغان ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى سىناپ بېقىش لازىم.

4 ـ يېتىملەرگە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە ئۇلارنىڭ تېنىۋېلىشىنىڭ ۋە ئىنكار قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىش زۆرۈردۇر.

5 ـ ئىسلام دىنى مىراس ھۆكمىنى بېكىتىپ، تۇغقانلاردىن قالغان پۇل ـماللاردا ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ مىراس ئېلىش ھەققى بارلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

6 ـ يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن خۇددى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ئەنسىرىگەندەك ئەنسىرەش ۋاجىپتۇر.

www.munber.org

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 42 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 208 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 9 ـ جىلد، 191 ـ بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 260 ـ بەت.

7 - يېتىملـــەرنىڭ مېلىغــا چېــقىلىش دوزاخ ئـــازابىنى ۋاجـــىپ قىلىدىغـــان چـــوڭ گۇناھلاردىندۇر.

## نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَرِثُواْ ٱلنِّسَآءَ كَرۡهٗاۖ وَلَا تَعۡضُلُوهُنَّ لِتَذۡهَبُواْ بِبَعۡضِ
مَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ فَإِن كَرِهۡتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰٓ أَن
تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا وَيَجۡعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيۡرٗا كَثِيرٗا ١٩ وَإِنۡ أَرَدتُّمُ ٱسۡتِبۡدَالَ زَوۡجٖ مَّكَانَ زَوۡجٖ
وَءَاتَيۡتُمۡ إِحۡدَىٰهُنَّ قِنطَارٗا فَلَا تَأۡخُذُواْ مِنۡهُ شَيۡـًٔاۚ أَتَأۡخُذُونَهُۥ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ٢٠ وَكَيۡفَ
تَأۡخُذُونَهُۥ وَقَدۡ أَفۡضَىٰ بَعۡضُكُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ وَأَخَذۡنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ٢١ وَلَا تَنكِحُواْ
مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَۚ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَمَقۡتٗا وَسَآءَ سَبِيلًا ٢٢
حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمۡ أُمَّهَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُمۡ وَعَمَّٰتُكُمۡ وَخَٰلَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُ ٱلۡأَخِ وَبَنَاتُ
ٱلۡأُخۡتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ أَرۡضَعۡنَكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُم مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمۡ
وَرَبَٰٓئِبُكُمُ ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم مِّن نِّسَآئِكُمُ ٱلَّٰتِي دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَإِن لَّمۡ تَكُونُواْ دَخَلۡتُم بِهِنَّ
فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ وَحَلَٰٓئِلُ أَبۡنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنۡ أَصۡلَٰبِكُمۡ وَأَن تَجۡمَعُواْ بَيۡنَ ٱلۡأُخۡتَيۡنِ
إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٢٣ ۞ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ
أَيۡمَٰنُكُمۡۖ كِتَٰبَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا وَرَآءَ ذَٰلِكُمۡ أَن تَبۡتَغُواْ بِأَمۡوَٰلِكُم مُّحۡصِنِينَ غَيۡرَ
مُسَٰفِحِينَۚ فَمَا ٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهِۦ مِنۡهُنَّ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا
تَرَٰضَيۡتُم بِهِۦ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡفَرِيضَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمٗا ٢٤ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا

قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟ ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ). بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت! سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. اللہ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى، پەقەت سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلار ئاستىدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ اللہ نىڭ سىلەرگە پەرز قىلغان ھۆكملىرىدۇر، بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى. قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرلىرىنى بېرىڭلار، مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللہ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

سۈرە نىسا 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

كَرْهًا: (زورلۇق قىلىپ)، بۇ سۆز مەجبۇر قىلماق، زورلۇق قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

www.munber.org

تَعْضُلُوهُنَّ: (بېسىم ئىشلىتىش)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەزل» بولۇپ، مەنئى قىلماق، بېسىمغا ئالماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىلىرى يۇقىرىدىمۇ تەپسىلى بايان قىلىنغان.

قِنطَارًا: (كۆپ مال)، بۇ سۆز ناھايىتى كۆپ پۇل ـ مالنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ نەرسىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن تەمسىل قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

بُهْتَنًا: (بوھتان چاپلاپ)، ئەسلىدە ئۇ ئىگىسى خىجىل بولىدىغان يالغان سۆزنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنچە ناھەق ئىشقىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

أَفْضَى: (خىلۋەتتە بولۇشقان)، جەۋھەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، ئەر خوتۇنى بىلەن خىلۋەتتە بولدى، ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.»①

فەرراﺋ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، خوتۇنى بىلەن، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسىمۇ، خىلۋەتتە بولۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئايەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن الله تائالا ئېسىل زات بولغاچقا ئۇنى سىلىق سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن.»

مِّيثَقًا غَلِيظًا: (مۇستەھكەم ئەھدە)، بۇ سۆز، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى مۇقەددەس شەرئىئەت بەلگىلىمىسى بىلەن چىگىدىغان نىكاھ ئەقدىسىدىن ئىبارەت قاتتىق تەكىتلەنگەن ئەھدە، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

سَلَفَ: (بۇنىڭدىن ئىلگىرى)، بۇ سۆز، ئىلگىرى ئۆتكەن، ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلارنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

فَحِشَةً: (يامان ئىشتۇر)، بۇ سۆز لۇغەتتە ئەڭ يامان ئىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَمَقْتًا: (ئۆچ كۆرۈلىدىغان)، بۇ سۆز لۇغەتتە ئۆچ كۆرمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، يامان ئىشنى قىلغان ئادەمنى قاتتىق يامان كۆرمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراۋنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ خوتۇنىنى ئېلىشى ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش دەپ ئاتالغان.»②

وَرَبَٓئِبُكُمُ: (تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى)، بۇ سۆز «رەبىيبە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، خوتۇننىڭ باشقا ئېرىدىن بولغان قىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆگەي ئاتىنىڭ تەربىيىسىدە تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

---

① ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 15 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 103 ـ بەت.

② ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 470 ـ بەت.

فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «رەبىيبە خوتۇننىڭ باشقا ئېرىدىن بولغان قىزىدۇر. ئۇنى ئۇگەي ئاتا ئۆز تەربىيىسىدە چوڭ قىلىدۇ.»[1]

حُجُورِكُم: (ئۆيۈڭلاردا)، بۇ سۆز «ھجر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، قۇچاق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن پالانى پالانىنىڭ قۇچىقىدا دېيىلسە، پالانى پالانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدە ۋە تەربىيىسى ئاستىدا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

دَخَلْتُم بِهِنَّ: (بىر يەردە بولغان)، بۇ سۆز، ئاياللىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماق، بىر تۆشەكتە بولماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَحَلَٰٓئِلُ: (ئاياللىرى)، بۇ سۆز «ھەلىيلە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، خوتۇنى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَٱلْمُحْصَنَٰتُ: (ئەرلىك ئاياللار)، بۇ سۆز ئېرى بار ئاياللار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله خالىسا، ئۇنىڭ مەنىلىرى ئۈستىدە سۈرە نۇردا توختىلىمىز.

مُّحْصِنِينَ: (ئىپپەتلىك بولغۇنىڭلار ھالدا)، بۇ سۆز، زىنادىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ ئىپپەتلىك بولغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ: (زىنادىن ساقلىنىپ)، بۇ سۆز، زىنا قىلغان، پاھىشە قىلغان دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «سەفەھ» بولۇپ، لۇغەتتە تۆكمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. قان تۆكۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى﴾ مۆمىنلەر! ئاياللار ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇلارغا زورلۇق قىلىپ، ﴿ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ﴾. ئۇلارنى تالاق قىلغىنىڭلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشقا ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشىنى مەنئى قىلماڭلار. ﴿سىلەر ئۇلارغا بەرگەن﴾ مەھرىدىن ياكى مىراستىن ﴿بىر قىسمىنى﴾ يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار. پەقەت ئۇلار بۇزۇق سۆزلەرنى قىلىش، ئېرىنى كۆزگە ئىلماسلىق، زىنا ۋە شۇنىڭدەك يامان ئىشلارغا ئوخشاش ئوپئوچۇق ﴿بىر پاھىشە ئىشنى قىلسا﴾، شۇ چاغدا سىلەر ئۇلارنى فىدىيە بېرىپ قۇتۇلۇشقا مەجبۇرلىساڭلار بولىدۇ. چۈنكى، الله زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بولغان ھېچقانداق نەرسىنى دوست تۇتمايدۇ.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 32 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 112 ـ بەت.

www.munber.org

ئاندىن ﷲ تائالا ئاياللار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە ۋە ﴿چىرايلىقچە﴾ تىرىكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئەر خوتۇنىنى ياقتۇرمىسا، سەۋر قىلىپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى داۋام قىلىشى لازىم. نەتىجىدە ﷲ ئۇنىڭغا ئۇ خوتۇنىدىن كۆڭلى خۇرسەن بولغىدەك بىر بالا رىزىق قىلىپ بېرىشى ۋە ئۇ ياقتۇرمايدىغان بۇ ئىشتا ﷲ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى ﴿مۇمكىن﴾. ﴿(سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ﷲ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1].

ئى مۆمىنلەر! ﴿ئەگەر﴾ سىلەر قويۇۋەتكەن خوتۇنىڭ ﴿ئورنىغا﴾ يەنە بىر خوتۇننى ﴿ئالماقچى بولساڭلار﴾، قويۇۋەتكەن خوتۇنۇڭلارغا مەھرى قىلىپ كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ﴿ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار﴾ ئۇنى قايتۇرۇۋالساڭلار ئۇلارغا زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك قىلغان بولمامسىلەر؟ سىلەر ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ ئەر ـ خوتۇنلۇق پەيزىنى سۈرگەن، ﷲ نىڭ نىكاھ ئەقدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىدىن ھوزۇر ئالغان تۇرساڭلار ئۇلاردىن مەھرى ھەققىنى ئېلىۋېلىش سىلەرگە قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟ ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم ئەھدە قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى ئېلىۋېلىشقا قانداقمۇ يۈزۈڭلار چىدايدۇ؟

ئاندىن كېيىنكى ئايەتلەردە ﷲ تائالا ئەرلەرگە توي قىلىش ھارام بولغان مەھرەم ئاياللارنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئالدى بىلەن ئاتىلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن باشلاپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئاتا ئۆلگەندىن كېيىن بالا ئاتىنىڭ خوتۇنىنى ئېلىشتەك يامان قىلىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ سەت ۋە قەبىھلىكتە ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئىنتايىن يامان ئىش بولۇپ، ئىنسانغا ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىش، ئانىسىنىڭ ئورنىدىكى خوتۇن بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇش قانداقمۇ لايىق بولسۇن؟!

ئاندىن ﷲ تائالا نەسەبتىن بولغان ئاياللارنى ساناپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئانىلار، قىزلار، ھەمشىرىلەر، ئاتا تەرەپ مەھرەملەر، ئانا تەرەپ هاماچىلار، قېرىنداشنىڭ قىزلىرى ۋە ھەمشىرىنىڭ قىزلىرىدۇر. ئاندىن ﷲ تائالا ئېمىلداشلىقتىن ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن ئانىلارنى ۋە ھەمشىرىلەرنى، قۇدا ـ باجىلىقتىن ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن خوتۇننىڭ ئانىسىنى، خوتۇننىڭ قىزىنى، ئوغۇلنىڭ خوتۇنىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ﴿ئىككى ھەمشىرىنى﴾ بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى نىكاھلاپ ﴿ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى﴾ دەيدۇ. ﷲ تائالا خالىسا بىز ئۇنى ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندا تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

[1] سۈرە بەقەرە، 216 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

ئىلگىرىكى ئايەتلەردە اللە تائالا مۆمىنلەرنى سۈرە نىسانىڭ بېشىدىن باشلاپ يېتىملەرگە يامان مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش، يېتىم قىزلارنى مەھرىسىز ئېلىش، مىراس ھەققىدە ئۆزئارا قىلىشۋاتقان زۇلۇم قاتارلىق جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ نۇرغۇن يامان ئادەتلىرىدىن توستى. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللارغا ۋە كىچىك بالىلارغا، ئۇلار قورال تۇتۇشقا ۋە تۇغقانلارنى قوغداشقا قادىر بولالمايدۇ، دەپ باھانە قىلىپ مىراس بەرمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىجتىمائىي زۇلۇملار بار ئىدى.

بۇ ئايەتلەر بولسا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار دۇچ كېلىشۋاتقان يەنە بىر تۈرلۈك زۇلۇمنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەرلەر ئاياللارنى مىراس ئارقىلىق بىر ئىنساندىن يەنە بىر ئىنسانغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان مال - مۈلك ئورنىدا قىلىشۋالغان ئىدى. ئۇلار ئۆلۈپ قالغان بىرىنىڭ خوتۇنىغا خۇددى ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلغاندەك مىراسخورلۇق قىلاتتى. اللە تائالا بۇنى ھارام قىلدى، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلار بىلەن ياخشى تىرىكچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى، ئۇلارنى ئاياللارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئەنە شۇ زۇلۇمدىن ۋە ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەنلىكتىن ۋاز كېچىشكە چاقىردى.

# نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۇلاردىن بىرى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالاتتى، خالىسا باشقىلارغا ياتلىق قىلاتتى، خالىسا ھېچكىمگە ياتلىق قىلمايتتى. دېمەك، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىنمۇ ھەقلىق ئىدى. شۇڭا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[1]

2 - رىۋايەت قىلىنىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ باشقا ئايالىدىن بولغان ئوغلى ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئۇنىڭ خوتۇنىغا خۇددى ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە مىراسخور بولغاندەك مىراسخور بولۇپ، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە بىر كىيىم قىلىپ بېرەتتى. ئەگەر خالىسا ئۇنى ئاتىسىنىڭ بەرگەن مەھرى بىلەن خوتۇنلۇققا ئالاتتى، خالىسا

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 4 - جىلد، 305 - بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 465 - بەت.

www.munber.org

ئۇنى باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىپ، مەھرى ھەققىنى ئۆزى ئالاتتى. ئۇلار مۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىنىپ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى①.

3 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ قەيس ئىبنى ئەسلەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى قەيس ئۇنىڭ خوتۇنىغا تەلەپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ خوتۇن: مەن سېنى ھەقىقەتەن بالام ھېسابلايمەن، سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەردىنسەن، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي دەيدۇ. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا رۇخسەت سورىغىلى كېلىپ: مەن ئۇنى ھەقىقەتەن بالام ھېسابلايتتىم، سەن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ» دەيدۇ. ئاندىن: ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار...﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ②.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿چۇنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ دېگەن سۆزى ئەرلەردە ئاياللىرىنى ياخشى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ سەۋر قىلىپ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش تەمەسىنى قوزغايدۇ. ئىنسان يامان كۆرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بولۇپ، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئايەت مەخسۇس ئاياللارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىشلاردىكى ئاممىۋى قائىدىگە ئىشارەت قىلىدۇ. گەرچە ئايەتتىكى تەۋسىيە ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە بولسىمۇ، الله تائالانىڭ: «چۇنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئايالدا» دېمەستىن، ﴿چۇنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا﴾ دېيىشىنىڭ سىرى دەل مانا مۇشۇدۇر. سەن ئۇنى مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالىسەن.

2 ـ الله تائالا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى سىلىق ئىپادە بىلەن ئىپادىلەپ: ﴿ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار﴾ دېدى. بۇ سۆز يېقىنچىلىق قىلىش، بىر يەردە بولۇش، بىر تۆشەكتە بولۇش دېگەنگە ئوخشاش سىلىق ئىپادىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىپادە ئىسلام ئۈممىتىگە قۇرئاننىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە تەلىم بېرىدۇ.

---

① ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 39 ـ بەت.

② ئىمام ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 134 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 468 ـ بەت.

ئىبنى ئاباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئايەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن الله تائالا ئېسىل زات بولغاچقا ئۇنى سىلىق سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن.»[①]

3 - ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە ئوقۇپ: ئى ئىنسانلار! ئاياللارغا مەھرى بېرىشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلىش دۇنيادا ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدىغان ياكى الله قا تەقۋادارلىق قىلغان بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىلىشقا سىلەردىن ھەقلىق ئىدى، ئۇ ھېچ بىر ئايالىغا ۋە ھېچ بىر قىزىغا 12 ئۇقىيەدىن ئارتۇق مەھرى بەرمىدى ۋە ئالمىدى، دەيدۇ. ئارىدىن بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئۆمەر! الله بىزگە بېرىۋاتسا، سەن بىزنى مەھرۇم قىلامسەن؟ الله تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار﴾ دېگەن تۇرسا، دەيدۇ. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئايال توغرا سۆزلىدى، ئۆمەر خاتالىشىپتۇ، ئى ئۆمەر! ھەممە ئادەم سەندىن ئالىم ئىكەن، دەيدۇ ۋە كۆپ مەھرى بېرىشنى رەت قىلىشنى تاشلايدۇ.»[②]

4 - فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «يامانلىقنىڭ مەرتىۋىلىرى ئۈچ بولۇپ، ئەقلى جەھەتتىكى يامانلىق، شەرىئەت جەھەتتىكى يامانلىق ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر جەھەتتىكى يامانلىقتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالانىڭ: ﴿يامان ئىشتۇر﴾ دېگەن سۆزى ئەقلى جەھەتتىكى يامانلىققا، ﴿ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر﴾ دېگەن سۆزى شەرىئەت جەھەتتىكى يامانلىققا، ﴿بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!﴾ دېگەن سۆزى ئۆرپ ئادەتتىكى يامانلىققا ئىشارەت قىلىدۇ. قاچانكى يامان ئىشلار بۇ ئۈچ جەھەتتە بىرلەشسە، ئەڭ چېكىگە يەتكەن يامانلىق ھېسابلىنىدۇ.»[③]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن مەھرىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

ئىسلام دىنىدىكى مەھرى ئاياللارغا بېرىلگەن سوغات ۋە ھەدىيە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىك مىقدارى يوق. شۇڭا مەھرى كىشىلەرنىڭ باي ۋە كەمبەغەل بولۇشىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قولى كەڭ ۋە تارلىقىغا قاراپ مەھرى بېرىشتىكى ئىگىز - پەسلىك

www.munber.org

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 99 - بەت.
[③] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 - جىلد، 24 - بەت.

مەيدانغا كېلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە مەھرى بېرىش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىمىدى.

الله تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن فىقھشۇناسلار مەھرىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇش بەلگىلىمىسىنىڭ يوقلىقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مەھرىنى قانچىلىك كۆپ بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا پەقەت يوللۇق ئىشلارغىلا مىسال قىلىدۇ.» قۇرتۇبى يەنە ئۆمەرنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆمەرنىڭ: «ئايال توغرا سۆزلىدى، ئۆمەر خاتالىشىپتۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

قۇرتۇبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر: ئايەت مەھرىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى، ئايەتتىكى «كۆپ مال» دېگەن سۆز پەقەت مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەمسىل قىلىنغان يەنى ئەنە شۇنداق كۆپ پۇل - مال بەرسەڭلارمۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: «كىمكى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەسجىد سالسا، گەرچە ئۇ قىرغاۋۇلنىڭ ئۇۋۇسىچىلىك بولسىمۇ، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» دېگەن. قۇرتۇبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناسلار مەھرىنىڭ كۆپ مىقدارىنىڭ چېكى يوقلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.»①

ئەمما مەھرىنىڭ ئەڭ ئاز بەلگىلىمىسى ھەققىدە فىقھشۇناسلار مۇنداق ئۈچ خىل قاراشقا كەلگەن:

1 - ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ تەڭگە (يەنى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىنى) بېرىش كېرەك. بۇ ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

2 - ئەڭ ئاز بولغاندا ئون تەڭگە (يەنى بىر تىللا) بېرىشى كېرەك. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

3 - ئاز مىقدارىنىڭمۇ چېكى يوق. قىممىتى بار ھەرقانداق نەرسىنى مەھرى قىلىپ بەرسە، دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

ھافىز مۇنداق دەيدۇ: «مەھرىنىڭ ئېزى ھەققىدە ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ھېچ بىرى سەھىھ ئەمەس.»

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي مەھرىنىڭ ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى الله تائالانىڭ: ﴿ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى

---

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 99 — 100 - بەتلەر.

مەھرىنى بېرىپ)﴾ دېگەن سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە باغلاپ چۈشەنگەن. بۇ قاراش توغرىدۇر. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر بىر ئادەم ئىككى ئالقىنى توشقىچە يېمەكنى مەھرى قىلىپ بەرسىمۇ، ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قىزىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەدائەگە ئىككى تەڭگە مەھرىگە ياتلىق قىلغان. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: پۇلغا يارايدىغان ياكى ئىش ھەققىگە يارايدىغان ھەرقانداق نەرسە مەھرى بولۇشقا يارايدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئالىملار ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەھرىنىڭ ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.»[2]

### مالىكى ۋە ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئەرزىمەس نەرسە مەھرى بولۇشقا لايىق ئەمەس. مەھرى چوقۇم مۇئەييەن مىقداردا پۇل ـ مال بولۇشى كېرەك. ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ قارىشىدا بىر تىللادىن ئاز نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئاز نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا مەھرىنىڭ مىقدارى ئوغرىلانغان مالنىڭ مىقدارىغا قىياس قىلىپ بېكىتىلگەن.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئون تەڭگىدىن ئاز پۇل مەھرى ئەمەس.»[3]

### كۈچلۈك قاراش

مەن شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىنى كۈچلۈك، دەپ قارايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن بىرىنى ئالماقچى بولغان ئايالغا ئۆزى قۇرئاندىن ياد بىلىدىغانلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن ئۆيلەپ: «مەن ساڭا ئۇ ئايالنى سېنىڭ قۇرئاندىن ياد بىلىدىغانلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن ئېلىپ بېرىمەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە: «تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تېپىپ كەلگىن»[4] دېگەن. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قىزىنى ئىككى تەڭگە مەھرىگە ياتلىق قىلغان. ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىگە قارشى چىقمىغان. ئەسلىدە مەھرىنىڭ مىقدارىنى شەرىئەت يولى بىلەن ئىسپاتلاش لازىم. ھافىز ئېيتقاندەك، مەھرىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارىنى ئىسپاتلاشقا دەلىل بولىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر يوق.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى كەرىمەدىكى «مۇستەھكەم ئەھدە» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

---

[1] ئىمام دارۇقۇتنى ئۆزىنىڭ سۈنەنىدە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 128 ـ بەت.
[3] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

زەھھاك ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھدە الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾[1] دېگەن سۆزىدە ئىپادىلەنگەندەك، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن ئېلىنغان ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ.»

مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھدە نىكاھ ئەقدىسىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ئاياللار ھەققىدە الله دىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى الله نىڭ ئامانىتى بىلەن ئالدىڭلار، ئۇلارنى خوتۇن قىلىشنى الله نىڭ سۆزى بىلەن دۇرۇس قىلدىڭلار.»

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ئايىتى كەرىمە كۆرسەتكەن مەھرەم ئاياللار قايسىلار؟

ئېلىش ھارام قىلىنغان مەھرەم ئاياللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ نەسەبتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار. 2 ـ ئېمىلداشلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار. 3 ـ قۇدا ـ باجىلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار.

نەسەبتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار:

ئايىتى كەرىمە نەسەبتىن كېلىپ چىققان يەتتە تۈرلۈك ئايالنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار: ئانىلار، قىزلار، ھەمشىرىلەر، ئاتا تەرەپ ھاماچىلار، ئانا تەرەپ ھاماچىلار، قېرىنداشنىڭ قىزلىرى ۋە ھەمشىرىنىڭ قىزلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنى ئېلىش مەڭگۈ ھارامدۇر يەنى ئۇلارنى ئېلىش ھېچقانداق بىر ئەھۋالدا ھالال ئەمەس. ئانىلارنىڭ ئىچىگە چوڭ ئانىلارمۇ كىرىدۇ. قىزلارنىڭ ئىچىگە قىزلارنىڭ قىزلىرىمۇ كىرىدۇ. شۇنداقلا ھەمشىرىلەرنىڭ ئىچىگە مەيلى ئاتا بىر ئانا بىر ھەمشىرىلەر بولسۇن، ياكى ئاتا بىر ئانا باشقا ھەمشىرىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئانا بىر ئاتا باشقا ھەمشىرىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش كىرىدۇ.

ئېمىلداشلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار:

ئېمىلداشلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللارمۇ نەسەبتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللارغا ئوخشاشلا يەتتە تۈرلۈكتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېلىش نەسەبتىن ھارام بولغان ئايال ئېمىلداشلىقتىنمۇ ھارام بولىدۇ.»[2]

ئايىتى كەرىمە ئېمىلداشلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللاردىن پەقەت ئانىلارنى ۋە ھەمشىرىلەرنى تىلغا ئالدى. ئانا بولسا ئەسلى مەنبەدۇر، ھەمشىرە بولسا شاخلاپ چىققان

---

[1] سۈرە بەقەرە، 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

نەسىلدۇر. بۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئەسلى مەنبە بولغان پۈتۈن ئېمىلداش ئانىلارنى، ئېمىلداش ئاتا تەرەپ ھاماچىلارنى، ئېمىلداش ئانا تەرەپ ھاماچىلارنى، شاخلاپ چىققان نەسىللەردىن ئېمىلداش ھەمشىرىلەرنى، ئېمىلداش قىزلارنى، ئېمىلداش قېرىنداشنىڭ قىزلىرىنى، ئېمىلداش ھەمشىرىنىڭ قىزلىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ھەدىس شەرىپتىمۇ بۇنى ئوچۇق سۆز ئىبارىلىرى بىلەن رۇشەن ۋە تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن. يۇقىرىدىكى ھەدىستىمۇ ئەنە شۇنداق بايان قىلىندى.

بىر سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزىنىڭ قىزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئېمىلداش قېرىندىشىمنىڭ قىزىدۇر.»

قۇدا ـ باجىلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللار:

قۇدا ـ باجىلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەم ئاياللارغا كەلسەك، ئايىتى كەرىم تۆت تۈرلۈك ئاياللنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

1 ـ ئاتىنىڭ خوتۇنى بولۇپ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار﴾.

2 ـ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى بولۇپ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار﴾ ھارام قىلىندى.

3 ـ خوتۇننىڭ ئانىسى بولۇپ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قېيىن ئاناڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾.

4 ـ بىر تۆشەكتە بولغان خوتۇننىڭ قىزى بولۇپ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر﴾.

بۇنىڭدىكى ئەسلى قائىدە شۇكى، خوتۇنغا نىكاھلىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئانىسى ھارام بولۇپ كېتىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى بىلەن نىكاھلىنىپ بىر تۆشەكتە بولمىغىچە قىز ھارام بولمايدۇ. چۈنكى، ئايىتى كەرىم: ﴿سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى﴾ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن: «قىزلارغا نىكاھلىنىش قىزلارنىڭ ئانىلىرىنى ھارام قىلىدۇ، ئانىلار بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇش قىزلارنى ھارام قىلىدۇ» دەيدۇ، دېگەن ئاساسىي قائىدىنى چىقارغان.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بىر تۆشەكتە بولغان خوتۇننىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى مەيلى ئۆگەي ئاتىسىنىڭ ئۆيدە تەربىيىلەنگەن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسۇن، ئۆگەي ئاتىسىغا ھارام بولىدۇ. اللە تائالانىڭ: ﴿ئۆيۈڭلاردا

www.munber.org

تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى﴾ دېگەن سۆزى شەرتنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كۆپ ھاللاردا يۈز بېرىدىغان ئەھۋالنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قىز ئانىسى بىلەن بىللە بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆگەي ئاتىسى تەربىيىلەيدۇ. بۇ، فىقھىشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. ئۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ!

## ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئاياللار

ئايىتى كەرىم ئېلىش ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئاياللارنى تىلغا ئالىدۇ:

1 - ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھتا ساقلاش ھارامدۇر. چۈنكى، اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾.

پاك سۈننەت ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشقا يەنە، بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنى ياكى ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاماچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھتا ساقلاشنى قوشۇپ ھارام قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنى ياكى ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاماچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشتىن توستى.»

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئەگەر بىر ئادەم خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنى ياكى ئانا تەرەپ ھاماچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلىسا، سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئىبنى ئابباسنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر كىشىنىڭ بىر خوتۇنىنى ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنىڭ ياكى ئانا تەرەپ ھاماچىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى مەنئى قىلىپ: «ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويىسىلەر» دېگەن.

2 - باشقا بىرىنىڭ خوتۇنىنى ياكى ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇۋاتقان خوتۇنىنى ئېلىش ھارامدۇر. چۈنكى، ئەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش لازىم. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىكەن ئەرلىك ئايالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى يۇقىرىدا اللہ تائالانىڭ سۈرە بەقەرەدىكى: ﴿ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىدە بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇنى بىلەي دېسىڭىز، شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

---

[1] سۈرە بەقەرە، 235 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قېيىن ئانا بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئەر ـ خوتۇنلۇقنى ھارام قىلامدۇ؟

فىقھشۇناسلار قېيىن ئانا بىلەن ياكى ئۆگەي قىزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئەر ـ خوتۇنلۇقنى ھارام قىلامدۇ ياكى ھارام قىلمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشقا كەلدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى: ھارام قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ سەۋرى، ئەۋزائى ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي: ھارام قىلمايدۇ، چۈنكى، ھارام نەرسە ھالال نەرسىنى ھارام قىلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ لەيسى ۋە زۆھرىنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مۇشۇ قاراشتا بولۇپ، «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام شافىئىي «ئەلئۇم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىراۋ ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلسا، الله مەنئى قىلغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. ئاتىسىنىڭ خوتۇنىمۇ ئاتىسىغا ھارام بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ياكى ئۆزىنىڭ قېيىن ئانىسىنى ئېلىشنى پەقەت ھالال نەرسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ۋە ھالال قىلىپ بەلگىلىگەن نەرسىسىنى قەدىرلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا رۇخسەت قىلغان نەرسىسى بىلەن نېمەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈن ھارام قىلدى، شۇ ھالال بىلەن ئىلگىرى ھارام بولمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ بېكىتتى ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەق ـ ھوقۇقلارنى بېكىتتى. ھارام نەرسە ھالال نەرسىنىڭ ئەكسىدۇر.»

## كۈچلۈك قاراش

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. ئىكرىمە ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن قېيىن ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان ئادەم ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ ئىككى چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ. لېكىن خوتۇنى ئۇنىڭغا ھارام بولمايدۇ.»

ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھارام نەرسە ھالال نەرسىنى ھارام قىلالمايدۇ.»[1]

## بەشىنچى ھۆكۈم

ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھۆكمى ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى

ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ تەرىپى شۇكى، بىر ئەر بىر ئايالنى مۇئەييەن مىقداردا پۇل بېرىش بەدىلىگە مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ئىجارىگە ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەرلەر ئىلگىرى بىر

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 137 ـ بەت.

www.munber.org

كۆنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك، بىر ئايلىق ياكى ئىككى ئايلىق خوتۇن ئالاتتى. بۇ ۋاقىت تۈگىگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تاشلىۋېتەتتى. ئىسلام شەرىئىتى بۇنى ھارام قىلىپ، پەقەت ئۆمۈرلۈك ئۆي تۇتۇش مەقسىتىدە خوتۇن ئېلىشنى ھالال قىلىپ بەلگىلىدى. شۇڭا ۋاقىتلىق قىلىنغان نىكاھ باتىلدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا تۆي قىلىشنىڭ ھەقىقى مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئۆلىمالار ۋە شەھەر ـ شەھەرلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھۆكۈمگە پەقەت شىئەلەر ۋە رافىزىلەر خىلاپلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ سۆزى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۆزى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان شەرىئەت دەلىللىرىگە زىت كېلىدۇ، ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۆلىمالىرىنىڭ ۋە ئىجتىھادچى ئىماملارنىڭ بىرلىك قارىشىغا خىلاپلىق قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش دۇرۇس ئىدى. كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەتئىي مەنئى قىلىندى ۋە ھاراملىقى بەلگىلەندى. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ھالال دېگەن قاراشقا كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن يانغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش بار ئىدى. بىرەر ئادەم تونۇشى يوق بىرەر شەھەرگە بارسا، ئۇ بۇ شەھەردە قانچىلىك مۇددەت تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ خوتۇن ئالاتتى. بۇ خوتۇن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ بېرەتتى، ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەتتى.»[①] كېيىن ﴿پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[②] دېگەن ئايىتى كەرىم نازىل بولدى. شۇڭا بۇ ئىككى تۈرلۈك خوتۇندىن باشقا خوتۇنلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ھارامدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئىلگىرىكى قارىشىدىن يانغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. مانا بۇ توغرا قاراشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت سەپەرلەردىكى قىيىنچىلىق ئەھۋاللىرى ئاستىدا ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ئابباسقا ئۇنىڭ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەنلىكى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ: «سۇبھانەللاھ! مەن مۇشۇنداق پەتىۋا بېرىپتىمەنمۇ! ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش، قان ئىچىش ۋە چوشقا گۆشىنى يېيىشكە ئوخشاش ھارامدۇر، پەقەت مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ» دېگەن.

ھازىمى مۇشۇنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى ئۇلار ئۆيلىرىدە ۋە يۇرتلىرىدا تۇرغان چاغدا رۇخسەت قىلغان

① ئىمام تىرمىزى، بەيھەقى ۋە تەبەرى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 6 ـ بەت.
② سۈرە مەئارىج، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولماستىن، پەقەت زۆرۈر بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا رۇخسەت قىلغان. كېيىن ئۇنى ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھارام قىلغان.»

## ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا كەلتۈرۈلگەن نەقلىي ۋە ئەقلىي دەلىللەر

سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ پەقەت ئۆمۈرلۈك نىيەتتە ئالغان خوتۇنى ياكى قول ئاستىدىكى چۆرىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش دۇرۇستتۇر. چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾[1].

ۋاقىتلىق ئالغان خوتۇن بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن خوتۇن ئەمەس، چۆرىمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ خوتۇن بولسا، ئەلۋەتتە مىراسخورلۇق قىلىش بەلگىلەنگەن، نەسەب ئىسپاتلانغان ۋە ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپ بولغان بولاتتى. ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قاراشىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ بىرى ئۇ خوتۇننىڭ گەردىنىگە چۈشمەيدۇ. شۇڭا ئۇ باتىلدۇر.

2 ـ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىنى ئىمام مالىك زۆھرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەلى (اللّٰه ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرغاي!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى ۋە يەرلىك ئېشەكلەرنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشنى مەنئى قىلدى.»[2]

3 ـ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى ھارام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلغان ئىدىم. بىلىڭلاركى، اللّٰه تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچىلىك ھارام قىلدى.»[3]

4 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلغۇاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى جاكارلىغان. ساھابىلار (اللّٰه ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىغان. ئەگەر ئۆمەر خاتالاشقان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىنكاس قايتۇرماي قالمىغان بولاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5 ـ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشتىن مەقسەت شەھۋەتنى قاندۇرۇشنى كۆزلىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدا ئەمەلىيەتتە خوتۇن ئېلىشنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 51 ـ بەت.
[3] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 51 ـ بەت.

www.munber.org

نەسىل قالدۇرۇش ۋە ئەۋلادلارنى قوغداش نىشانى مەقسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ شەھۋەتنى قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسىنى كۆزلىمىگەنلىكتىن زىناغا ئوخشايدۇ. اللہ تائالا: ﴿زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا﴾ دەيدۇ. ۋاقىتلىق خوتۇن ئالغۇچىنىڭ مەقسىتى پەقەت شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇ ئايالدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش باتىلدۇر.

خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن، پەقەت بەزى شىئەلەر ئۇنى ھالال دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىلاپلىق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقى توغرا رىۋايەت بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام بەيھەقىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، جەئپەر ئىبنى مۇھەممەد ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ھەققىدە سورالغاندا: ئۇ زىنانىڭ ئۆزىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇلار شىئەلەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[1]

## ئەللامە شەۋكانىنىڭ باھاسى

شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: نېمىلا بولمىسۇن بىز شەرىئەت بەلگىلىگۈچى تەرىپىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن نەرسىگە ئاساسەن ئىبادەت قىلىمىز. ئۇنىڭ تەرىپىدىن بىزگە ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ھارام قىلىنغانلىقى يېتىپ كەلدى. ئاز بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ بۇ ھۆكۈمگە قارشى چىققانلىقى ئۇنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىزغا يېتەرلىك ئاساس بولالمايدۇ. كۆپچىلىك ساھابىلار ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان، ئۇنىڭ ھاراملىقىغا ئەمەل قىلغان ۋە ئۇنى بىزگە رىۋايەت قىلىپ يەتكۈزگەن تۇرسا، قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟ ھەتتا ئىبنى ئۆمەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى بىزگە ئۈچ قېتىم رۇخسەت قىلغان، ئاندىن ئۇنى ھارام قىلغان. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆمۈرلۈك خوتۇن ئېلىپ تۇرۇپ يەنە ۋاقىتلىق خوتۇن ئالغان بىرىنى بىلىپ قالسام، ئۇنى تاش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن» دېگەن.

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىرشۇناسلاردىن بەزىلەر ئۆزلىرىنى ئارتۇق ئاۋارە قىلىپ: بۇ ئايەت (يەنى ﴿قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار﴾ دېگەن ئايەت) ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ، كېيىن بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنى مەنئى قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان دېيىشىدۇ. بۇ ئېھتىياجى بولمىغان ئاۋارىگەرچىلىكتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان، ئاندىن

---

[1] ئىمام مۇسلىم ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلىنغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان پۈتۈن سەھەم ھەدىسلەرنى سەھىھ مۇسلىمدا توپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى خالىغان كىشى سەھىھ مۇسلىمغا، ئىمام نەۋەۋىينىڭ سەھىھ مۇسلىمغا قىلغان شەرھىسىگە، ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ سەھىھ بۇخارىغا قىلغان شەرھىسىگە ۋە ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

كېيىن ئۇنى مەنئى قىلغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى سۆزى كېيىنكى سۆزى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان. ئەمما بۇ ئايەت ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆمۈرلۈك نىكاھلاپ ئالغان خوتۇندىن پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.»

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئاياللارغا زۇلۇم سېلىش ۋە زومىگەرلىك قىلىش بىلەن تاجاۋۇز قىلىش هارامدۇر. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش ۋاجىپتۇر.

2 ـ ئايالنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغاندا سەۋر قىلىش كېرەك، شۇنداقلا ئۇنى پۇل ـ مال بېرىپ خېتىنى ئېلىشقا قىستىماسلىق لازىم.

3 ـ خوتۇنىنى تالاق قىلغاندا ئۇنىڭ مەهرىدىن بىرەر نەرسىنى ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلمىغان ئاساستا ئېلىۋېلىش هارامدۇر.

4 ـ جاهىلىيەت دەۋرىنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن بىرى ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئىدى.

5 ـ بىر ئەرنىڭ ئېلىشى هارام قىلىنغان ئاياللار نەسەب ياكى ئېمىلداشلىق ۋە ياكى قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ هېكمىتى

ھەممىنى ياراتقۇچى الله تائالا نەسەب يولى بىلەن، ياكى ئېمىلداشلىق يولى بىلەن ۋە ياكى قۇدا ـ باجىلىق يولى بىلەن يېقىن تۇغقان بولغان مەهرەم ئاياللارنى ئېلىشنى مەڭگۈلۈك هارام قىلىپ بېكىتتى. شۇڭا هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا ئۇلارنى ئېلىش هارامدۇر. بۇ ناهايىتى كاتتا، ناهايىتى چوڭ هېكمەتلەر سەۋەبىدىن بېكىتىلگەن هۆكۈم بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

نەسەبتىن كېلىپ چىققان يېقىن تۇغقان ئاياللارنى ئېلىشنىڭ هارام قىلىنغانلىقىغا كەلسەك، شەك ـ شۈبهىسىزكى، الله تائالا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزئارا مېهرى ـ شەپقەت قىلىدىغان، پايدا مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان هەر تۈرلۈك ئالاقىنى ئورناتتى. بۇ ئالاقىلار ئىچىدە تۇغقاندارچىلىق ئالاقىسى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش تەبىئى هالدا ئائىلە قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەسەبتىن كېلىپ چىققان بۇ كۈچلۈك ئالاقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مەهرەم ئاياللارنى ئېلىش

روخسەت قىلىنغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەرلەر ئۇلارغا ئىنتىلگەن ۋە ئۇلارغا قارىتا مەلۇم دەرىجىدە تەمە پەيدا بولغان بولاتتى. ئىنسانلار تەبىئىتى كۆندەشلىك خاراكتېرىگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان بولغاچقا، ئەر ئوغلىنى ئانىسىدىن ۋە ھەمشىرىسىدىن كۆنلەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلەتتى. نەتىجىدە بۇ كۆندەشلىك ئۆزئارا جېدەللىشىشكە، غەۋغا چىقىرىشقا ۋە ئائىلىنى پارچىلاشقا، ئۇرۇش ـ تالاش چىقىرىپ ئائىلىنى ۋە جەمئىيەتنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىشقا ئېلىپ بارغان بولاتتى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بالا ئانىنىڭ قېنىدىن شەكىللىنىدۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىنىڭ سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بالا ئانىنىڭ ئەمچىكىنى ھەر بىر شوراش بىلەن ئانىنىڭ قەلبىدىن يېڭى ـ يېڭى مېھرى شەپقەتنى سۈمۈرۈپ ئالىدۇ. بالا دۇنيادا ھېچكىمنى ئانىسىدەك ياخشى كۆرمەيدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ئەڭ ياخشى نېمەت بولغان ئاتا ـ ئانا بىلەن ئەۋلادلار ئارىسىدىكى بۇ كاتتا مېھرى ـ مۇھەببەتنى شەھۋانىي مەنپەئەتلىنىدىغان مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئىنسان تەبىئىتىگە قارشى جىنايەت ئەمەسمۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتتە ئانىلارنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى قاتتىق ئەسكەرتىلىپ ئەڭ باشتا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئانىسىنىڭ ھەمشىرىلىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى تىلغا ئېلىنىدۇ...

اللّٰه تائالا ئىنساندا ناھايىتى پاك بىر خىسلەتنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ خىسلەت ئۇلارنى مەھرەم ئاياللار بىلەن شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇل، ئۇلار ھەققىدە ئويلاشتىنمۇ توسۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنساندا ساغلام تەبىئەتكە سەل قارايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئاز ساندا جىنايەت ئىشلىنىدىغان ئەھۋال بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئانىلارنى ۋە قىزلارنى ئېلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى كىشىگە ئەجەپلىنەرلىك تۇيۇلغان بولاتتى. چۈنكى، ئانىلارنى ۋە قىزلارنى ئېلىش ئەقىللىق، ساغلام تەبىئەتلىك ۋە ساغلام پىكىرلىك ئىنساننىڭ قارىشىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى قەتئىي بولمىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ يەردە يەنە جىسمانىي سالامەتلىك كۆزدە تۇتۇلغان ناھايىتى چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ھېكمەت بولۇپ، يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا قىلغاندا نەسىل قالدۇرۇشنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا تويى قىلىش ئىشى داۋام قىلىۋەرسە، بۇ ئاجىزلىقمۇ داۋام قىلىۋېرىدۇ. نەتىجىدە نەسىل قالدۇرۇش مۇنقەرز بولىدۇ.

ئىمام غەززالى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىدا مۇشۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇن ئېلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى شۇكى، ئۇ يېقىن تۇغقان بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بالا ئورۇق بولۇپ قالىدۇ.» ئۇ بۇنىڭ ئىللىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: شەھۋەت ھەقىقەتەن قاراش ياكى تۇتۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن قوزغىلىدۇ. ھېسسىيات يېڭى ۋە جەلپ قىلارلىق ئىش بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمما

زېھنىدا ساقلانغان كونا نەرسە ھېسسىياتنى ئاجىزلىتىدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا شەھۋەت قوزغالمايدۇ[1]. مانا بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە مەسىلە بولۇپ، يېڭى زامان ئىلمى كەشپىياتىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلغان.

قۇدا ـ باجىلىقتىن كېلىپ چىققان يېقىن تۇغقان ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا كەلسەك، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ ئىنسانىي ئالاقە بىلەن ئىنسانلارنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى، ئۇلارنى قۇدا ـ باجىلىقتىن كېلىدىغان تۇغقاندارچىلىق نېمىتىگە ئىگە قىلىپ، بىر ـ بىرىدىن قاچىدىغان، بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىدىغان ئىنسانلارنى بۇ مېھرى ـ مۇھەببەت ئالاقىسى بىلەن بىرلەشتۈردى. ﴿الله ئىنساننى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر﴾[2]. ئەگەر بىر ئادەم يات بىر جەمەتتىن خوتۇن ئالسا، ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قېيىن ئانىسى ھۆرمەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئانىسى بىلەن، خوتۇنىنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى ئۆز پۇشتىدىن بولغان قىزى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئوغلىنىڭ خوتۇنى ئۆز قىزى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك... ۋاھاكازالار.

قىزنىڭ ئۆز ئانىسىغا كۈندەش بولۇپ قېلىشى، ئوغۇلنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ خوتۇنىغا تاما تارتىشى ئىنتايىن سەت ئىشتۇر. بۇ ھەقىقەتەن قۇدا ـ باجىلىق ھېكمىتىگە زىت ئىش بولۇپ، تۇغقانلار ئارىسىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئېمىلداشلىقتىن كېلىپ چىققان يېقىن تۇغقان ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭدىكى ھېكمەت ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، بىر ئايالنى ئەمگەن ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ بىر پارچىسى ئۇ ئايالنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ سۈتىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۇنى تۇغقان ئانىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ باللىرى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئەسلى بىر بولغان سۈتتىن شەكىللەنگەن بولىدۇ.

[1] ئىمام غەززالىنىڭ «ئىھياۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.
[2] سۈرە فۇرقان، 54 ـ ئايەت.

# ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاسىتىلىرى

﴿ ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ وَبِمَآ أَنفَقُواْ مِنۡ
أَمۡوَٰلِهِمۡۚ فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٞ لِّلۡغَيۡبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُۚ وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ
فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ فَإِنۡ أَطَعۡنَكُمۡ فَلَا تَبۡغُواْ عَلَيۡهِنَّ سَبِيلًاۗ إِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ عَلِيّٗا كَبِيرٗا ٣٤ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ شِقَاقَ بَيۡنِهِمَا فَٱبۡعَثُواْ حَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهِۦ وَحَكَمٗا مِّنۡ
أَهۡلِهَآ إِن يُرِيدَآ إِصۡلَٰحٗا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيۡنَهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرٗا ٣٥ ۞ وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا
تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ
وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن
كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا ٣٦ ﴾

﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ اللّٰه نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـــ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا اللّٰه نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر. سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (اللّٰه ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ). ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، اللّٰه ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى

سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللە مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾.

— سۈرە نىسا 34 ـ، 35 ـ، 36 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

قَوَّٰمُونَ: (ھامىيلىرىدۇر)، بۇ سۆز «قەۋۋام» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بىر نەرسىنى قوغدىماق، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. خۇددى بىر ۋالى ئۆز پۇقرالىرىنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇش، ھەمدە ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش بىلەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگىنىدەك، ئەر كىشىمۇ خوتۇنىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

قَٰنِتَٰتٌ: (ئىتائەت قىلغۇچىلار)، بۇ سۆز ئىتائەتمەنلىكنى داۋام قىلدۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. ئايەتتە اللە قا ۋە ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

نُشُوزَهُنَّ: (سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن)، بۇ سۆز «نەشز» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئېگىز ئورۇن، تۆپىلىك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ۋە چوڭچىلىق قىلغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز «ئەننەشز» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قېلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. لۇغەتتە ئېگىز يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار﴾[1].»

فَعِظُوهُنَّ: (ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭلار)، بۇ سۆز، ئىتائەت قىلىش ۋە ئەرلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت اللە تائالا ئۇ ئاياللارغا ۋاجىپ قىلغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ ئۆتۈڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلْمَضَاجِعِ: (تۆشەك)، بۇ سۆز «ئەلمەزجەئ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ياتىدىغان جاي، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە ھېلىقىدەك ئاياللار بىلەن بىر تۆشەكتە يانمۇيان ياتماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] سۈرە مۇجادىلە، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بىر تۇشەكتە بىللە ياتماسلىق دېگەن بۇ سۆز ئايالىغا ئارقىنى قىلىپ يېتىشنى، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.»[1] بۇ سۆز ئەرنىڭ ياتىدىغان يېرىنى خوتۇنىنىڭ ياتىدىغان يېرىدىن ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپمۇ قارىلىدۇ.

شِقَاق: (ئىناقسىز)، بۇ سۆز ئىناقسىزلىق، چىقىشماسلىق، ئاداۋەت تۇتۇش، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

وَحَكَمًا: (ھەققانى)، بۇ سۆز ھۆكۈم قىلىش، تالاش - تارتىش قىلىپ قالغان ئىككى داۋاگەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قويۇش ھەققىگە ئىگە كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

وَٱلْجَارِ ٱلْجُنُبِ: (يىراق قوشنا)، بۇ سۆز يىراق قوشنىنى ياكى قوشنىسى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

وَٱلصَّاحِبِ بِٱلْجَنْبِ: (ياندىكى ھەمراھ)، بۇ سۆز سەپەردىكى ھەمراھنى ياكى ساۋاقداشنى ۋە ياكى شېرىكنى كۆرسىتىدۇ. خوتۇننى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار[2].

مُخْتَالاً فَخُورًا: (ماختانچاق مۇتەكەببىر)، ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز مېنىش - تۇرۇشىدا مۇتەكەببىرلىك قىلغۇچى، چوڭچىلىق بىلەن كىشىلەرگە ماختىنىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.»[3]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللار﴾ غا رىياسەتچىلىك قىلىش مەرتىۋىسىگە ئىگە. چۈنكى، اللّٰه ئۇلارغا ئەقىل - ئىدراك ۋە ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى بېرىپ، پۇل تېپىش ۋە ئاياللىرىنى بېقىشنى ئۇلارغا خاس قىلىپ بېكىتتى. شۇڭا خۇددى ۋالىلار پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى قوغداش ۋە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئېھتىياجلىرىنى ئورۇندىغاندەك، ئەرلەرمۇ ئاياللىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا ئەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى قىسىم بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ياخشى ۋە ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللاردۇر، يەنە بىر قىسمى سەركەش ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى ئاياللاردۇر. ﴿ياخشى ئاياللار﴾ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ﴿ساقلىغۇچىلاردۇر﴾، ئەرلىرى يانلىرىدا بولمىغان چاغلاردا ئۆزلىرىنى پاھىشىدىن ساقلاپ، ئەرلىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئىسراپ قىلىشتىن

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 171 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 97 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 36 ـ بەت.

www.munber.org

ساقلىنىپ ئۇستىدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار ئىپپەتلىك، ئىشەنچلىك ۋە پەزىلەتلىك ئاياللاردۇر.

ئەمما ئىككىنچى قىسىم ئاياللار بولسا، ئەرلىرىگە چوڭچىلىق قىلىدىغان، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان، ھەددىدىن ئاشقۇچى سەركەش ئاياللاردۇر. ئى ئەرلەر! شۇڭا سىلەر ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، توغرا يولنى كۆرسىتىش يولىنى تۇتۇڭلار، ئەگەر ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەت ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، ئۇلارغا گەپ قىلماڭلار، يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ئەگەر ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەتمۇ، بىر تۆشەكتە بولماسلىقمۇ كار قىلمىسا، سىلەرنىڭ ئۇلارنى يېنىكرەك ئۇرۇش ھەققىڭلار بار. شۇڭا ئۇلارنى ئاغرىتمىغىدەك، ئەمما جاراھەتلەنمىگىدەك رەۋىشتە ئۇرۇڭلار. ﴿ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا﴾، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش يولىنى ئىزدىمەڭلار. الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۇستۇندۇر، بۈيۈكتۇر، ئاياللارنىڭ ئىگىسىدۇر. الله تائالا ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى بوزەك قىلغانلارنى جازالايدۇ.

الله تائالا كىيىنكى ئايەتتە يەنە بىر ھالەتنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەگەر ياقتۇرماسلىق خوتۇن تەرەپتىنلا ئەمەس، بەلكى ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىلى تەرەپتىن يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر كىشى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر كىشىدىن ئىبارەت ئادىل ۋە ھەققانى ئىككى كىشىنى ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىككى كىشى بىر يەرگە كېلىپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىشىغا قارايدۇ ۋە ئۇلارغا پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلىدۇ. ﴿ئەگەر﴾ ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرسە، ياراشتۇرۇپ قويىدۇ، ئەگەر ئاجرىتىۋېتىشنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئاجرىتىۋېتىدۇ. ئەگەر نىيەتلەر توغرا، دىللار ياخشى بولسا، ئۇ ئىككى ياراشتۇرغۇچىنىڭ ۋاستىسىدە بەرىكەت بولىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يارىشىپ قېلىش ۋە ئىناقلىق پەيدا قىلىدۇ. الله بەلگىلىگەن نەرسە ھەقىقەتەن ھېكمەت ۋە پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇندۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار زات الله تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر.

ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق، ئاتا ـ ئانىلارغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، ﴿يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە﴾، ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك يېقىن ۋە يىراق قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بۇ ئايىتى كەرىم سەئد ئىبنى رەبىيئ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ھەببە بىنتى زەيد ھەققىدە نازىل بولغان. سەئد قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئەنسارىلاردىن ئىدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا چوڭچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى بىر كاچات ئۇرىدۇ. خوتۇنىنىڭ ئاتىسى قىزى بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: مەن بۇ ئەتىۋارلىق قىزىمنى ئۇنىڭغا بەرگەن تۇرسام، ئۇ ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپتۇ دەپ ئەرز قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىزىڭ ئېرىدىن قىساسىنى ئېلىۋالسۇن» دەيدۇ. ئۇ ئايال ئېرىدىن قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە يۈرۈپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار، شۇ ئاندا يېنىمغا جىبرىئىل كەلدى» دەيدۇ. الله تائالا: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز بىر ئىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق، الله باشقا ئىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. الله ئىرادە قىلغان ئىش ئەلۋەتتە ياخشىدۇر» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىساس ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ھامىي بولۇشىغا بىرى ئۇلارغا بېرىلگەن، يەنە بىرى ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئىككى سەۋەبنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. خۇددى ۋالىيلار ئۆز پۇقرالىرىنى باشقۇرغىنىدەك، ئەرلەرمۇ ئاياللارغا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسىدۇ، ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدۇ. ئاياللارنى قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھمايە قىلىش مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن.

2 ـ ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار ئەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەقىل، ئەستە قالدۇرۇش، ئىرادە ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە ئاياللاردىن ئۈستۈندۇر. پەيغەمبەرلەر ئەرلەردىن كەلگەن. چوڭ ـ كىچىك باشلىقلارمۇ ئەرلەردىن بولىدۇ. جىھاد قىلىش، ئەزان ئوقۇش، خۇتبە سۆزلەش، جازا ئىشلىرىدا گۇۋاھلىق بېرىش، قىساس ئېلىش، مىراستا ئارتۇق ئېلىش، نىكاھ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئەرلەر قىلىدۇ. باللار ئەرلەرگە نىسبەت بېرىلىدۇ... ۋاھاكازالار.»[2]

[1] ئۇنى مۇقاتىل رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 58 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 290 ـ بەت.

www.munber.org

3 ـ ئايىتى كەرىم ﴿بۇ اللە نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر﴾ سۆز تەرتىۋىدە كەلدى. ئەگەر اللە تائالا: «چۈنكى، اللە ئۇلارنى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلدى» دېگەن بولسا، ياكى: «بۇ اللە نىڭ ئۇلارنى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر» دېگەن بولسا، بۇ جۈملە ئەلۋەتتە قىسقاراق ۋە ئىخچامراق چىققان بولاتتى. لېكىن ئۇنى ئەنە شۇنداق سۆز تەرتىۋى بويىچە كەلتۈرۈشتىكى كاتتا ھېكمەت شۇكى، ئايال ئەرگە نىسبەتەن، ئەر ئايالغا نىسبەتەن ئىنساننىڭ جىسمىدىكى ئەزالارنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتۇر. ئەر باشنىڭ ئورنىدا، ئايال بەدەننىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بىر ئەزانىڭ يەنە بىر ئەزادىن ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەر بىر ئەزا دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ئۆز خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. قۇلاق كۆزنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايدۇ. قول پۇتنىڭ خىزمىتىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. بىر شەخسنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاشقازىنىدىن ئارتۇق بولۇشى، بېشىنىڭ قولىدىن ئەۋزەل بولۇشى ئەيىب ئەمەس. لېكىن ھەر بىر ئەزا ئىنتىزاملىق ھالدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. بىرى يەنە بىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ.

ئايەتنى ئەنە شۇنداق سۆز تەرتىۋى بويىچە كەلتۈرۈشتىكى يەنە بىر ھېكمەت شۇكى، پۈتۈن ئەرلەرنىڭ پۈتۈن ئاياللاردىن ئارتۇق ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىشتۇر. نۇرغۇن ئاياللار باركى، ئۇلار ئىلىم، دىنىي ئېتىقاد ۋە ياخشى ئەمەل جەھەتلەردە ئەرلەردىن ئارتۇقتۇر.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان بۇ ئىككى مەنە بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ئىنتايىن ئىخچام ۋە مۆجىزە خاراكتېرلىق بايان قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

4 ـ اللە تائالا ئايەتتە پەقەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى تىلغا ئالدى، ئۇنىڭ قارشىسى بولغان ئاجرىتىۋېتىشنى تىلغا ئالمىدى. بۇنىڭدا ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتا بولۇپ، اللە تائالانىڭ بۇ ھەققانىي ئىككى كىشىگە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئاجرىتىۋېتىش ئۆيىنى بۇزۇش دېمەكتۇر. ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش بىرلەشتۈرۈشنى، دوستلۇق ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئىسلام دىنى دىللارنى مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئىناقلىق ئۈستىدە بىرلەشتۈرىدۇ.

5 ـ ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەققانىي ئىككى كىشى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تۇغقانلىرىدىن تەيىنلىنىدۇ. چۈنكى، تۇغقانلار ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىمۇ ئۇلارغا قانائەت قىلىدۇ. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت ياكى نەپرەت بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يارىشىپ قېلىشنى ياكى ئاجرىشىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشنىڭ لازىم ۋە كېرەكلىكىنى، يات كىشىلەردىن نېمىلەرنى

يوشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ئىشلارنى بىلەلەيدۇ.»[①]

6 ـ شەئبىي مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ: شۇرەيھ بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن زەينەب ئىسىملىك بىر ئايالنى ئالىدۇ. ئۇ ئۇنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا خېتىنى ئەۋەتىپ بەرمەكچىمۇ بولىدۇ. ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە: ئالدىراپ كەتمەي، ئاۋۋال ئۇ كەلسۇن دەيدۇ. ئايالى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىدۇ، ئاندىن ئېرىگە: بىز ھەقىقەتەن بىر ئۆيگە چۈشتۇق، ئۇنىڭدىن قاچان كېتىپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز، قاراپ باققىنكى، سەن ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ مېنىڭ تۇغقانلىرىمنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى يامان كۆرەمسەن؟ دەيدۇ. شۇرەيھ: مەن قېرىپ قالغان ئادەممەن، ئادەملەرنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى يامان كۆرمەيمەن، مەن خوتۇنۇمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ مېنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرمايمەن، دەيدۇ. ئايالى ئۇ قويغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئايالى بىر يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. بىر كۈنى شۇرەيھ سىرتتىن كىرىپ، ھوجرىسىدىكى كارۋاتتا ئايالى بىلەن بىر ئىنسانىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئىسترجا ئوقۇيدۇ (يەنى بىز الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، دەيدۇ). ئايالى: ئى شۇرەيھ! ئۇ مېنىڭ ئانام دەيدۇ. شۇرەيھ قېيىن ئانىسىغا سالام بېرىدۇ. قېيىن ئانىسى ئۇنىڭغا: ئەگەر قىزىمدىن شەكلىنىدىغان بىرەر نەرسىنى بايقىساڭ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكىن، دەيدۇ. شۇرەيھ: زەينەب مېنىڭ رەپىقەم تۇرسا، ئۇ مەندىن ئىلگىرى ھالاك بولسۇنمۇ؟ مەن ئۆمرۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە ئۆلۈپ قېلىشنى ياخشى كۆرىمەن، دەيدۇ. ئاندىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيدۇ:

> كۆردۈممەن ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان شۇنچە كۆپ ئەرلەرنى،
> قۇرۇپ كەتسۇن قولۇم ئەگەر ئۇرۇپ قالغاندا زەينەبنى[②].

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئىسلام دىنى سەركەشلىك قىلغان ئايالنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تەۋسىيىلەر قايسىلار؟

ئايىتى كەرىم سەركەشلىك قىلغان ئايالنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىشنىڭ ھېكمەتلىك يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى ئورۇنداشقا چاقىرىدۇ:

---

[①] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 392 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 340 ـ بەت.

[②] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 417 ـ بەت.

www.munber.org

1 ـ ئۇنىڭغا ھېكمەتلىك ئۇسۇل بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە نەسىھەت قىلىش ۋە تەربىيە بېرىش لازىم. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار﴾ دېگەن.

2 ـ ئەر ياتىدىغان يېرىنى ئايالىنىڭ ياتىدىغان يېرىدىن ئايرىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار﴾ دېگەن.

3 ـ ئۇنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن مىسۋاك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسە بىلەن يېنىك ئۇرۇش لازىم. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن.

4 ـ ئەگەر بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىسە، ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەققانىي ئادەم بەلگىلەش لازىم. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار﴾ دېگەن.

ئۇرۇشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنۇ سۆزى بىلەن ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ: «ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ئۇلارنى يېنىك ئۇرۇڭلار.» ئىبنى ئابباس ۋە ئەتائ: «يېنىك ئۇرۇش مىسۋاك بىلەن ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. قەتادە: «جاراھەتلەندۈرۈپ قويماي ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بىر يەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرماسلىق ۋە يۈزگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى، يۈز گۈزەللىكنى ئۆزىگە جەم قىلغان يەردۇر. قامچا ۋە ھاسا بىلەن ئۇرماسلىق لازىم. شۇنداقلا بۇ ئەدەپلەش چارىسىدە ئىمكان قەدەر ئەڭ يېنىك بولغان ئىشنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خوتۇن كىشىنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەققى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «سەن تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېدۈرۈشۈڭ، سەن كىيىم كىيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كىيدۈرۈشۈڭ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرماسلىقىڭ، تىللىماسلىقىڭ، تاشلاپ قويۇشقا توغرا كەلسە، پەقەت ئۆيىڭدىلا تاشلاپ قويۇشۇڭ لازىم»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

گەرچە ئۇرۇش دۇرۇس بولسىمۇ، ئۆلىمالار ئۇرماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئادەم ئۇرمايدۇ.»[2]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

بۇ جازالار تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنامدۇ؟

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 492 ـ بەت.

[2] ئىمام بەيھەقى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 25 ـ بەت.

ئۆلىمالار بۇ ئايىتى كەرىمدە كۆرسىتىلگەن جازالار تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنامدۇ ياكى تەرتىپ شەرت ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق پىكىرلەرگە كەلگەن:

بىر تۈركۇم ئۆلىمالار: «ئۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، خوتۇنىنىڭ سەركەشلىك قىلىشىدىن قورققان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سەركەشلىك قىلىشى مەلۇم بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە ياتمايدۇ. ئەگەر بۇ ئۈنۈم بەرمىسە ئۇرىدۇ. سەركەشلىك قىلىشنى باشلىغان ۋاقىتتىلا ئۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام شافئىي: «سەركەشلىك قىلىشنى باشلىغان ۋاقىتتا ئۇرۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ» دەيدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۇلارنىڭ ئايەتنى چۈشىنىشتىكى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. تەرتىپ شەرت ئەمەس دېگەن قاراشتىكىلەر ئايەتتىكى جازالار تەرتىپىنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئەر بۇ جازالارنىڭ قايسىسىنى خالىسا شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلەنسىمۇ، ياكى ھەممىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. تەرتىپ شەرت دېگەنلەر ئايەتنىڭ زاھىرى لەۋزى تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ، ئايەت تەدرىجىي ھالدا ئالدى بىلەن يېنىك جازانى، ئاندىن ئۇنىڭدىن قاتتىقراقىنى، ئاندىن تېخىمۇ قاتتىقنى بايان قىلىپ كېلىدۇ. الله تائالا بۇ جازالارنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش بىلەن باشلاپ، ئاندىن ئۇنى بىر تۆشەكتە ياتماسلىققا، ئاندىن ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلدۇرغان. مانا بۇ چوقۇم تەرتىپنىڭ بولۇشىغا ئوچۇق ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر مەقسەت ئەڭ يېنىك چارە بىلەن ھاسىل بولسا، شۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېغىر جازانى ئىشلىتىشكە قەدەم قويۇش دۇرۇس ئەمەس، قارايدۇ.

مەن ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئاساسەن بۇ قاراشنى كۈچلۈك دەپ قارايمەن.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ سۆزىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەر ئالدى بىلەن ئايالىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇنى قوبۇل قىلسا ياخشى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە ياتمايدۇ. ئەگەر بۇ ئۈنۈم بەرسە ياخشى، ئەگەر ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇنى ئۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئادەم بولسا ياخشى، ئەگەر ئادەم بولمىسا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىككى كىشى زىددىيەتنىڭ كىم تەرەپتىن كېلىپ چىققانلىقىغا قاراپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئايال خېتىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.»[1]

بۇ قاراشنى ئەلى (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) نىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ئەر ئايالىغا دەسلەپ تىلى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سەركەشلىك قىلىشتىن يانسا، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا يەنە جازا قوللىنىشىغا يول يوق. ئەگەر ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتمايدۇ. ئۇ بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 420 ـ بەت.

ئۈزىدۇ. ئەگەر ئۈزۈشمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىككى ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىدۇ.»

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى تۇغقان ئەمەس كىشىلەردىن تەيىنلەنسىمۇ بولامدۇ؟

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى بۇ ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ تۇغقانلاردىن بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەت چوقۇم شۇنداق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى شۇنداق قىلىشنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قازى يات ئادەملەردىن ئىككى ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتسە، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى كىشىنى ئەۋەتىشنىڭ پايدىسى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەھۋالنى ئېنىقلاش، ئۇلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش، ئۇلارنىڭ قايسىسى زۇلۇم قىلغان بولسا ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ۋەزىپىنى تۇغقان ئادەم ئادا قىلالىغىنىدەك، يات ئادەممۇ ئادا قىلالايدۇ. لېكىن تۇغقانلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئەھۋالنى ياتلارغا قارىغاندا ياخشىراق بىلىدۇ، ئۇلارغا پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلىشقا بەكرەك تىرىشىدۇ ۋە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرىگە يان باستى دېگەن تۆھمەتكە قېلىشتىن بەكرەك يىراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ بىرى ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن، يەنە بىرى ئايالنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولۇشى بەكرەك ياخشى ۋە ئۈنۈملۈكتۇر.»

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشقا تۇغقانلارنىڭ خاس قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا بەكرەك تىرىشىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ تۇغقانلاردىن بەلگىلىنىشى پەقەت ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ياتلاردىن تەيىنلەنسە، بۇمۇ دۇرۇس بولىدۇ.»[1]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

ئايىتى كەرىمدىكى ﴿ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار﴾ دېگەن خىتاب كىمگە قارىتىلىدۇ؟

ئىلگىرىكى ئايەتتىكى خىتاب ئەرلەرگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار﴾ دەيدۇ. بۇ ئەرنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما بۇ يەردىكى خىتاب بولسا، ھاكىملارغا قارىتىلىدۇ. اللہ تائالا خوتۇن كىشىنىڭ سەركەشلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى، بىر تۆشەكتە ياتماسلىقى ۋە ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئۇرۇشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇرغاندىن كېيىن باشقا چارە قالمىسا، كىمنىڭ

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 26 ـ بەت.

زۇلۇم قىلغۇچى، كىمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلدى. بۇنى قىلىدا ھوقۇق بار ۋە ئۇنى ئىجرا قىلالايدىغان باشلىق قىلىدۇ. سۈددىنىڭ: «بۇ خىتاب ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە قارىتىلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1]. لېكىن بۇ قاراش ئاجىزدۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿ئەۋەتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ شۇنداق دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئارىدىكى زۇلۇمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. ئۇ مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاممۇۋى پەرزلەردىن بىرىدۇر.

بەشىنچى ھۆكۈم

بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز ئاجراشتۇرالامدۇ؟

فىقھشۇناسلار بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز ياراشتۇرۇش ۋە ئاجراشتۇرۇش ھەققىدە ئىگىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز ھېچ ئىشنى قىلىشقا ھەققى يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق كۆزقاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلار ھۆكۈم قىلغان ئىشتا چوقۇم ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ رازىلىقى بولۇشى كېرەك. بۇ قاراش ھەسەن بەسرى، قەتادە ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەملەردىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام مالىك مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىزنىسىز پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشنى ئۇلارغا تېڭىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر ئۇلار ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىسا، ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار خوتۇننىڭ ئېرىگە مال بېرىش بەدىلىگە خېتىنى تەلەپ قىلىشىنى مۇۋاپىق دەپ قارىسا، ئۇنى شۇنىڭغا مەجبۇرلايدۇ. ئۇ ئىككىسى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھۆكۈم قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇش ياكى ئاجراشتۇرۇۋېتىش ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ قاراش ئەلى، ئىبنى ئابباس ۋە شەئبىدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام شافىئىينىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىككى خىل قارىشى بار. ئايەتتە بولسا يۇقىرىدىكى ئىككى قاراشنىڭ ھېچ بىرىنى يەنە بىرىدىن كۈچلەندۈرىدىغان دەلىل يوق، بەلكى ئۇنىڭدا ھەر ئىككىلىسىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار:

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 231 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 77 - بەت.

www.munber.org

بىرىنچى قاراشنى كۆرسىتىدىغان دەلىل شۇكى، اللّٰه تائالا: ﴿ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا﴾ دەپ، بۇ ئىككى ھەققانىي كىشىگە پەقەت ئەپلەشتۈرۈشنى نىسبەت بەردى. مانا بۇ ئەپلەشتۈرۈشتىن باشقا ئىشنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرۇلمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ۋەكىلدۇر. ئۇلارنىڭ ھۆكمى ۋەكىل قىلىنغۇچىنىڭ رازىلىقىسىز ئىجرا قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى قاراشنى كۆرسىتىدىغان دەلىل شۇكى، اللّٰه تائالا: ﴿ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ھەققانىي كىشى دەپ ئاتىدى. ھۆكۈم ھاكىمنىڭ ئۆزىدۇر. ھۆكۈم قىلىنغۇچى مەيلى رازى بولسۇن ياكى غەزەپلەنسۇن، ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن ھۆكۈم قىلىشتۇر.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مەزھەبىمىزدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر رازى بولماي تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئاجرىتىۋېتىش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى، ئەر ئايالىغا يامانلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاجراشتۇرۇلمايدىغانلىقى ۋە بۇ ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ھاكىمنىڭ ئەرنى ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىشكە مەجبۇرلىيالمايدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. شۇنداقلا خوتۇن سەركەشلىك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ ھاكىم ئۇنى ئېرىگە بەدەل بېرىپ خېتىنى ئېلىشقا ياكى مەھرى ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىيالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىككى ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ.»[1]

ئىمام تەبەرىمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ ياكى ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ۋە بىرىدىن يەنە بىرىگە مال ئېلىپ بېرىش ھەققى يوق. پەقەت ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ رازىلىقى بىلەنلا شۇنداق قىلالايدۇ.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بىرىنچى قاراش كۈچلۈكتۇر، چۈنكى، ئۇنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. ئىمام تەبەرى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئەرنىڭ ئايالىنى ئەدەپلەش ھەققى بار. ئۇ ئۇنى رۇخسەتسىز ئۆيدىن چىقىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 232 ـ بەت.

2 ـ ئايال ئېرىگە الله بۇيرۇغان بەلگىلىمىلەر ئىچىدە ئىتائەت قىلىشى لازىم. گۇناھقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىلمايدۇ.

3 ـ ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئەرنىڭ قوللانغان چارىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىسە، ھەققانىي كىشىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش زۆرۈردۇر.

4 ـ تەيىنلەنگەن ئىككى ھەققانىي كىشى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشى لازىم.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ قانۇنىيتى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئېھتىياجى ئائىلىدە بىر باشقۇرغۇچىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئائىلىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىشى ۋە ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغان ئىنسانپەرۋەر جەمئىيەتنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى ئائىلىگە سەرپ قىلىدۇ. ئائىلە ياخشى بولسا، ياخشى جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئائىلە بۇزۇق ۋە ۋەيرانە بولسا، جەمئىيەتمۇ ۋەيران بولىدۇ.

ئەر الله بەرگەن ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىرادە ئارتۇقچىلىقى بىلەن، شۇنداقلا ئايالنى ۋە پەرزەنتلەرنى تەمىنلەش يولىدا تىرىشچانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى بىلەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا ئايالغا قارىغاندا چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىنى باشقۇرۇشقا ھەقلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئارتۇقچىلىق ۋە شەرەپ قازىنىش ئەمەس، مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقتۇر. دېمەك، ئۇ باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمەس، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشكە يېتەكچىلىك قىلىشتۇر. ھەرقانداق مۇھىم ئىشنىڭ چوقۇم ئۇنى ئىدارە قىلىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان يولباشچىسى بولىدۇ. الله تائالا ئەرلەرنى ئاياللارنى باشقۇرۇش ھەققىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئاياللارغا تەربىيە بېرىدۇ، ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ، يامانلىقلاردىن قوغدايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرى الله نىڭ دىنىغا تىل تەككۈزۈش ئۈچۈن دەستەك قىلىۋالغان ئەڭ پەسكەش نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئىسلام دىنى ئەرلەرگە ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ ئاياللارغا ئاھانەت قىلىدۇ دەپ، بىلجىرلىشىدۇ ۋە: قانداقمۇ الله ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلسۇن؟ قانداقمۇ الله نىڭ مۇقەددەس كىتابى ﴿ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ بۇ ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ دېيىشىدۇ.

www.munber.org

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، شۇنداق، قۇرئان كەرىم ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن قاچان ئۇرۇلىدۇ؟ كىم ئۇچۇن ئۇرۇلىدۇ؟

شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇرۇشمۇ بىرخىل داۋادۇر. ئىنسان زۆرۈر تېپىلغاندا داۋالاشقا موھتاج بولىدۇ. خوتۇن كىشى ئېرىگە يامان مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلسا ۋە شەيتانىنىڭ ئارقىغا كىرىپ ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماڭسا، بۇ ئازغۇنلۇقىدىن ۋە گۇمراھلىقىدىن قايتمىسا، مۇشۇنداق ھالەتتە ئەر قانداق قىلسۇن؟ ئۇنى تاشلاپ قويسۇنمۇ؟ ياكى تالاق قىلسۇنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇنى قانداق قىلساڭ قىل دەپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتسۇنمۇ؟

قۇرئان كەرىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئەرنى ئۇنىڭ دورىسىنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ، بۇ سەركەشلىك ۋە باشباشتاقلىقنى داۋالاش ئۈچۈن ھېكمەتلىك چارىلەرنى قوللىنىشقا تەۋسىيە قىلىپ، دەسلەپ سەۋر قىلىشقا ۋە چىداملىق بولۇشقا، ئاندىن ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىشكە، ئاندىن بىر تۆشەكتە ياتماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىسە، كىشىلەرنىڭ ماقال - تەمسىلدە: «ئەڭ ئاخىرقى داۋا داغلاشتۇر» دېگىنىگە ئوخشاش، چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز لازىم. مىسۋاك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇشنىڭ زىيىنى ئۇنى قويۇۋېتىكەنىنىڭ زىيىنىدىن يېنىك بولىدۇ. چۈنكى، تالاق ئائىلە پۈتۈنلىكىنى بۇزىدۇ، ئۇنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدۇ. يېنىك زىيان بىلەن ئېغىر زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، يېنىك زىياننى ئىشلەش ياخشى ۋە گۈزەل ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرى گۇمان قىلغاندەك، ئۇرۇش ھەرگىزمۇ ئاياللارغا ئىھانەت قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەمەس، ئۇ پەقەت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، چىرايلىق مۇئامىلە ياراشمايدىغان ئاز بىر قىسىم سەركەش ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى ئىنسانلارغا بەزى ۋاقىتلاردا پايدىلىق بولغان چارىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئاياللاردىن شۇنداقلا ئەرلەردىنمۇ بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلارنى ئەدەپلەپ تۇرمىسا، توغرا يولنى تېپىپ ماڭالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جازالار بەلگىلەنگەن ۋە زىندانلار ئېچىلغان.

سەييىد رەشىد رىزا «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشنىڭ ئاستىراق بولۇشى شەرت قىلىندى. قاتتىق ئۇرۇش ئەزىيەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن تەپسىرىدە مىسۋاك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يەنى قول ياكى كىچىك تاياق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسە بىلەن ئۇرۇشنىڭ لازىملىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.»

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئادەتلىرىنى يۇقتۇرىۋالغان بەزى كىشىلەر شەرىئەتتە سەركەش ئايالنى ئۇرۇشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى ناھايىتى ئېغىر ھېسابلايدىيۇ، ئايالنىڭ سەركەشلىك قىلىشىنى، ئېرىگە چوڭچىلىق

قىلىشنى، ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنى باشقۇرۇلغۇچى ھالغا، بەلكى كەمسىتىلىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقنى، ئايالنىڭ سەركەشلىك قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى، ئېرىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىقنى، ئېرىنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىكىگە ۋە بىر تۆشەكتە بولمىغانلىقىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېغىر ھېسابلىمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق سەركەش ئاياللارنى نېمە بىلەن داۋالايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە ئاياللىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا نېمىلەرنى قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

شەك - شۈبھىسىزكى، شەرىئەتتە ئاياللارنى ئۇرۇشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى ئەقلىي جەھەتتىمۇ، تەبىئىي مىجەز جەھەتتىمۇ بۇرمىلاشقا تېگىشلىك يامان ئىش ئەمەس. ئۇ تىنچلىق مۇھىت بۇزۇلغان، بۇزۇق ئەخلاقلار غالىب ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغان ھالەتلەردە موھتاج بولىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر ئەر ئايالنى ئۇرۇش بىلەن ئۇنى سەركەشلىك قىلىشتىن ياندۇرالايدىغانلىقىنى بايقىسا، ئۇرۇشى دۇرۇستۇر. ئەگەر مۇھىتنىڭ تىنچلىقى ياخشىلانسا، ئاياللار ياخشى گەپنى چۈشىنىدىغان، ۋەز - نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، ياكى ئەرلەرنىڭ ئۇلار بىلەن بىر تۆشەكتە بىللە بولماسلىقى ئۇلارنى ئەنە شۇ يامان قىلىقلىرىدىن ياندۇرالايدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلسە، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شەرىئەتتە ھەربىر ئەھۋالغا مۇناسىپ ھۆكۈم بار. بىز ھەر ۋاقىت ئاياللارغا يۇمشاق بولۇشقا بۇيرۇلدۇق.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شەك - شۈبھىسىزكى، الله نىڭ شەرىئىتىدە ئاياللارنى ئۇرۇش پەقەت ياخشىلاشنىڭ چارىلىرىدىن بىر چارىسى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەتائنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئەر خوتۇنىنى بىر ئىشقا بۇيرۇغان ياكى بىر ئىشتىن توسقان چاغدا خوتۇنى ئېرىگە ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنى ئۇرمىسۇن، لېكىن ئۇنىڭغا ئاچچىغلانسۇن!» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ھەرگىز ئادەم ئۇرمايدۇ.» شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاز بىر قىسىم ھالەتلەردە تۈزەشنىڭ چارىسىدۇر. ﴿بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[2].

[1] رەشىد رىزانىڭ «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 74 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] سۈرە نىسا، 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# مەست ۋە جۇنۇب بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇشىنىڭ ھاراملىقى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡرَبُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمۡ سُكَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعۡلَمُواْ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغۡتَسِلُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوۡ جَآءَ أَحَدٞ مِّنكُم مِّنَ ٱلۡغَآئِطِ أَوۡ لَٰمَسۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمۡ تَجِدُواْ مَآءٗ فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدٗا طَيِّبٗا فَٱمۡسَحُواْ بِوُجُوهِكُمۡ وَأَيۡدِيكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)﴾.

— سۈرە نىسا 43 ـ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

سُكَٰرَىٰ: (مەست)، بۇ سۆز «سۇكر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، مەست بولماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ سەگەكلىكنىڭ زىتى بولۇپ، ھاراقنىڭ مەست قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز كىشى بىلەن ئەقلى ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ھاراقنىڭ مەست قىلىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە ئاچچىقلانغانلىقتىن ۋە ئاشىقلىق سەۋداسىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىققىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ مەستلىكىم ھاۋايى ھەۋەسنىڭ مەستلىكىدۇر ۋە ھاراقنىڭ مەستلىكىدۇر.»[1]

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 236 ـ بەت.

جُنُبًا: (جۇنۇب)، بۇ سۆز ئەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ، ئايالنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ، بىرلىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ، كۆپلۈكنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاش لەۋزىدە ئىشلىتىلىدۇ. جۇنۇب ئەرلەر، جۇنۇب ئاياللار، دېيىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە يىراق دېگەن، مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇيىنى يۇيۇش ۋاجىپ بولۇپ قالغان ئادەم جۇنۇب دېيىلىدۇ. چۈنكى جۇنۇبلۇق ئۇنى تاكى ئۇ يۇيۇنۇپ پاك بولغىچە ناماز ئوقۇشتىن، مەسجىدكە كىرىشتىن ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

عَابِرِى سَبِيلٍ: (يول ئۈستىدە بولغانلار)، «ئابىر» دېگەن بۇ سۆز يول ۋە ئۆستەڭگە ئوخشاش يەرلەرنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە كېسىپ ئۆتۈشنى بىلدۈرىدۇ. «سەبىل» دېگەن بۇ سۆز يول، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى سۆز قوشۇلۇپ، مۇساپىرنى ياكى مەسجىدكە بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

ٱلْغَآئِطِ: (هاجەت قىلىش)، بۇ سۆز ئازگال يەر دېگەن، مەنىدە كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم هاجەت قىلماقچى بولسا، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولۇش ئۈچۈن ئازگال جاينى ئىزدەيتتى. ئەرەبلەر بۇ سۆزنى كۆپ ئىشلىتىۋېرىپ، كېيىنچە هاجەت قىلىشقىمۇ ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغان[1].

لَمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ: (ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار)، «لەمس» دېگەن سۆز ئەسلىدە قول بىلەن تۇتۇشنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاياللارغا نىسبەت بېرىلسە، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە كېلىدۇ. ئەرەب تىلىدا مۇشۇنداق ئىشلىتىش ناهايىتى كۆپ بولغان. قۇرئان كەرىممۇ بىرقانچە ئايەتلەردە بۇ سۆز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى﴾[2].

فَتَيَمَّمُوا: (تەيەممۇم قىلىڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەيەممۇم» بولۇپ، لۇغەتتە: كۆزلىمەك، نىشان قىلماق، مەقسەت قىلماق، كۆزلەپ ماڭماق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

شەرىئەتتە: سۇ تېپىلمىغاندا تاهارەت ئېلىش نىيىتىدە يۈزگە ۋە ئىككى قولغا توپا سۈرتۈشنى بىلدۈرىدۇ.

صَعِيدًا طَيِّبًا: (پاك تۇپراقنى)، زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد» دېگەن بۇ سۆز توپا بولسۇن ياكى باشقا نەرسە بولسۇن، يەر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ.[3] الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل ـ دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق)

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 112 ـ بەت.
[2] سۈرە مۇجادىلە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 113 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەهكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 236 ـ بەت.

www.munber.org

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز﴾[1]. ﴿بىغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي﴾[2] يەنى بىغىڭ پۈتلار تېيىلىپ تۇرىدىغان غىلتاڭ يەرگە ئايلىنىپ قالغاي.

«ئەلقامۇسۇل مۇھىيت» ناملىق لۇغەتنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز توپا ۋە يەر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ.»

ئىبنى قۇتەيبىيە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز پاكىز توپا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

فَٱمۡسَحُوا: (سۈرتۈڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەلمەسھ» بولۇپ، بىر نەرسىنى ئېرىتىۋېتىش ئۈچۈن قولۇڭنى شۇ نەرسىگە سۈرتۈشۈڭنى كۆرسىتىدۇ. سۇ بىلەن بېشىڭغا مەسھى قىلىشىڭمۇ مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان.

عَفُوًّا غَفُورًا: (ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)، يەنى الله بەندىلىرىگە كەڭچىلىك قىلغۇچىدۇر، ئۇلاردىن ئۆتكەن خاتالىقلارنى ۋە كەمچىلىكلەرنى كەچۈرگۈچىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى مەستلىك ھالەتتە ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەت الله تائالادىن قورقۇپ تۇرۇشقا، ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇش، ئۇنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىپ باش ئېگىشكە ماس كەلمەيدۇ.

بۇ ھۆكۈم ھاراق ھارام بولۇشتىن ئىلگىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھاراقنىڭ كەسكىن ھارام بولۇشىغا بېسىلغان ھازىرلىق قەدەم ئىدى. ئۇ چاغدا كۆنىدۈزى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ نامازغا مەست ھالەتتە كېلىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپ ھاراق ئىچىدىغان بولغان. شۇنداق قىلغاندا تاڭ ئاتقىچە ئۇلارنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ بولاتتى.

ئايەتلەر مۇنداق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نامازدا نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى، نېمە ئوقۇۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە ناماز ئوقۇماڭلار، جۇنۇب بولساڭلار، — يول ئۈستىدە بولساڭلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، — غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر سۇ زىيان قىلىدىغان كېسەل بولساڭلار، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، سۇ تاپالمىساڭلار، ياكى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىپ تاھارەت ئالدىغان، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ يۇيۇنىدىغان بولۇپ قالساڭلار، مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا پاكىزلىنىدىغان سۇ تاپالمىساڭلار، يەر يۈزىدىكى پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، ئاندىن ناماز ئوقۇڭلار. ئەنە شۇلار

---

[1] سۈرە كەھف، 8 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بولغان رەھمىتىدۇر ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشىدۇر. چۈنكى الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ. الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىگە كەڭچىلىك قىلغۇچىدۇر، ئۇلاردىن ئۆتكەن خاتالىقلارنى ۋە كەمچىلىكلەرنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىمام تىرمىزى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىزگە تاماق ئېتىپ چاقىردى ۋە بىزگە ھاراق قويۇپ بەردى. ھاراق بىزنى مەست قىلىپ قويدى. شۇ ئارىدا ناماز ۋاقتى كىرىپ قالدى. ئادەملەر مېنى ئىماملىققا ئۆتكۈزۈپ قويدى. مەن سۈرە كافىرۇننى: «(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەنمۇ چوقۇنىمەن، بىز سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنىمىز» دەپ ئۆزگەرتىپ ئوقۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ناماز ۋاقتىلىرىدا ھاراق ئىچمەيتتى. ھاراق ئىچىشكە توغرا كەلسە، ناماز خۇپتەندىن يېنىپ ئىچەتتى. تاڭ ئاتقىچە ئۇلارنىڭ مەستلىكى ئاللىبۇرۇن يېشىلىپ بولاتتى. كېيىن ھاراقنىڭ كەسكىن ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە سۈرە مائىدىدە ئايەت نازىل بولدى.»

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** ـ مەستلىك ھالەتتە نامازغا يېقىنلىشىشنى مەنئى قىلىشتا ﴿سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دېگەن سۆز ئىبارىسى ئىشلىتىلدى. بۇ سۆز قۇرۇلمىسى «سىلەر مەست بولساڭلار ناماز ئوقۇماڭلار» دېگەن سۆز قۇرۇلمىسىدىن كۈچلۈك مەنىگە ئىگىدۇر. چۈنكى نامازغا يېقىنلىشىش ھارام قىلىنغان ئىكەن، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئادا قىلىش تېخىمۇ ھارام قىلىنىدۇ. ئۇ، مەنە جەھەتتە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾[①].

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلىدە مەسلىك ھالەتتە ناماز ئوقۇشنى مەنئى قىلىش مەقسەت قىلىنغان تۇرۇقلۇق، جەكلىمنى نامازغا يېقىنلىشىشنى مەنئى قىلىشقا قارىتىش ئۇنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ جەكلىمە مەسجىدلەرگە يېقىنلىشىشنى مەنئى

---

[①] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قىلىشنى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار. لېكىن بۇ قاراشقا الله تائالانىڭ: ﴿نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە﴾ دېگەن سۆزى مۇۋاپىق ئەمەس.»[①]

2 ـ ھاراقنىڭ قۇرئان كەرىم تۈزتقا قىلغان مۇشۇ ھېكمەتلىك يول بىلەن تەدرىجىي ھالدا ھارام قىلىنىشى بۇ پاك شەرىئەتنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان پارلاق دەلىلدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەر ھاراقنى خۇددى بىزنىڭ بىرىمىز سۇزۇك سۇنى ئىچكەندەك ئىچەتتى. ئەگەر ھاراق ئۇلارغا بىر قېتىمدىلا ھارام قىلىنغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشى تەسكە توختىغان ۋە ھاراقنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمدىن دەسلەپ قىسقا ئايەت ۋە سۈرىلەر بۆلۈمى نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەننەت ۋە دوزاخ بايان قىلىندى. ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەر كۆپەيگەندىن كېيىن ھالال ۋە ھارام ئەھكاملىرى نازىل بولۇشقا باشلىدى. ئەگەر دەسلەپتە: ھاراق ئىچمەڭلار دەپ ئايەت نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە: ھاراقنى مەڭگۈ تاشلىيالمايمىز دېگەن بولاتتى.»

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە﴾ دېگەن سۆزى مەستىكىشىنىڭ نامازغا يېقىنلاشماسلىقىنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە شۇنداق ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتا باركى، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامازدا ئېيتىدىغان ھالدا تۇرۇشىنىڭ، تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىش، الله نى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلاردىن نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا مەستنى نامازنى ئوقۇشتىن توستى. چۈنكى ئۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يوقاتقان بولۇپ، نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر دۇنيانىڭ غەم ـ غۇسسىلىرىگە غەرق بولغان ھالدا ناماز ئوقۇغۇچىمۇ قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى ۋە نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ قالسا، مەستكە ئوخشاپ قالغان بولىدۇ. شۇڭا بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى مەستلىكنى ئۇيقا ۋە مۈگدەك تۇتۇش دەپ تەپسىر قىلغان. ئۇ، مەنە جەھەتتە توغرا بولغان بولسىمۇ، ئايەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن يىراق بولۇپ، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ[②].

4 ـ قۇرئان كەرىم ئوچۇق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش ياخشى بولمايدىغان مەنىلەرنى سىلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش يولىنى تۇتقان. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام ئۇممىتىگە خىتاب قىلغاندا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ئۈزلەشتۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە ھاجەت قىلىش ئىپادىسىنى «ئەلغائىت» يەگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئىنسان ھاجەت قىلماقچى

---

[①] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 342 ـ بەت.
[②] كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى مەستلىكنى ھاراقنىڭ مەستلىكى دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئەمما زەھھاك ئۇنى: «ئۇيقا تۇتۇش» دەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئاجىزدۇر.

بولغاندا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بىرىپ ئولتۇرىدىغان ئازگال يەر، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ سۆز كېيىنچە كۆپ ئىشلىتىلىۋېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئېغىدا ھاجەت قىلىشنى بىلدۈرىدىغان ھەقىقىي مەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت دېگەن سۆزنى ئوچۇق ئېيتىدىلەش تازا ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇنى سىلىقلاشتۇرۇپ: ﴿ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار﴾ دەپ ئىپادىلەندى.

دېمەك، بۇ ئايەتتە كەرىمدە ئىككى سۆز سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى سۆز ئىبارىلەرنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىكەنلىكىنى، بايان قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ناھايىتى گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەلۇم بىر سەپەردە بىللە ئىدى. بۇ سەپەردە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بوٍلايكىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىزدەپ تۇرۇپ قالىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلاردا سۇ يوق ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئائىشەگە قاتتىق تېگىدۇ ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە كىشىلەرنى توختىتىپ قويدىڭىز، ئۇلاردا سۇ يوق دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سەپەرگە يۈرۈش ئۈچۈن تۆگىنى قوزغايدۇ ۋە يۈتۈپ كەتكەن بوٍلايكىنى تۆگىنىڭ ئاستىدىن تاپىدۇ. ئاندىن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەبۇ بەكرى ئائىلىسىدىكىلەر! بۇ سىلەرنىڭ تۇنجى بەرىكىتىڭلار ئەمەس. ئى ئائىشە! الله سىزگە رەھمەت قىلسۇن، الله سىز نامى بىلەن قەسەمكى، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ھەر بىر ئوڭۇشسىزلىقتا الله تائالا سىزگە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا كۆپ ياخشىلىق ھەمدە چىقىش يولى قىلىپ بەردى.»[1]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر مەست بولساڭلار، نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

ئۆلىمالار بۇ ئايەتتە كەرىمدىكى نامازنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان. كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ ھەقىقىي نامازنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىمۇ مۇشۇنداق. ئۇ قاراش ئەلى، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ مەسجىدلەرگە ئوخشاش نامازنىڭ

[1] مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن، بۇ ۋەقە مۇرەيسىئ غازىتىدا يۈز بەرگەن. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 214 ـ بەت.

www.munber.org

ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىمۇ مۇشۇنداق. ئۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان.

بىرىنچى قاراشتىكىلەر مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: اللہ تائالا: ﴿نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە﴾ دېدى، مانا بۇ، نامازنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاشماڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى مەسجىدتە سۆزلەش بەلگىلەنگەن. لېكىن ئۇنىڭغا مەستلىك توسالغۇ بولىدىغان مۇئەييەن سۆز يوق. ئەمما نامازدا قىرائەت قىلىش، دۇئا قىلىش، زىكرى ئېيتىشقا ئوخشاش سۆزلەش بەلگىلەنگەن. لېكىن مەستلىك توسالغۇ بولىدىغان سۆزلەر بار. شۇڭا ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى ئېلىش ئەۋزەلدۇر.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: يېقىنلىشىش ۋە يىراقلىشىش ماددىي نەرسىلەردە بولغىنى ياخشى. شۇڭا ئۇنى مەسجىدكە قارىتىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بىز ئۇنى نامازغا قاراتساق، اللہ تائالانىڭ: ﴿يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا﴾ دېگەن سۆزىدىكى ئىستىسنا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر بىز: ئۇ مەسجىدنى كۆرسىتىدۇ دېسەك، ئىستىسنا توغرا بولىدۇ. بۇ ئايەتتىن مەقسەت جۇنۇبنى مەسجىدكە كىرىشتىن مەنئى قىلىشتۇر، پەقەت مەسجىدنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتسە، مەنئى قىلىنمايدۇ.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر «يول ئۈستىدە بولغانلار» دېگەن سۆزنى: بۇ سۆز سەپەر ئۈستىدە بولغان، سۇ تاپالمىغان مۇساپىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ ھالەتتە تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئىمام تەبەرىمۇ بىرىنچى قاراشنى تاللىغان. ئۇ، ئايەتنىڭ ئەقىلگە تېز كېلىدىغان زاھىرى مەنىسىدۇر. چۈنكى سۆز ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسى ئارىسىدا قالسا، ئۇنى ھەقىقىي مەنىسىدە ئېلىش ئەۋزەلدۇر[1]. بۇ قاراشنى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىكى رىۋايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

رەشىد رىزا «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ناماز ئىمام شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ئورنى بولغان مەسجىدنى ئەمەس، ھەقىقىي نامازنى كۆرسىتىدۇ. نامازغا كېلىشنى شەرت قىلماستىن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى مەنئى قىلىش ھەرگىزمۇ مەسجىدنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدا بىر ئىشقا يېقىنلىششنى مەنئى قىلىش ناھايىتى ئۇقۇمۇشلۇقتۇر. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2]. بىر ئىشنى بۇ سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن مەنئى قىلىش ئۇنىڭ ئالدىنقى قەدەملىرىنى مەنئى قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[3]

بۇ ئىككى قاراشتىكىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ مېۋىسى، جۇنۇبنىڭ مەسجىدكە كىرىشى دۇرۇس بولامدۇ؟ دېگەن شەرىئەت ھۆكمىدە ئايدىڭلىشىدۇ.

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 95 ـ بەت.
[2] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] رەشىد رىزانىڭ «ئەلمەنار» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 113 ـ بەت.

بىرىنچى قاراشقا ئاساسەن، ئايەتتە جۇنۇب ھالەتتە مەسجىدكە كىرىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق. ئۇنىڭ ھاراملىقى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن جۇنۇبنىڭ ۋە ھەيزدار ئايالنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنى ھالال سانىمايمەن» دېگەن سۆزىگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دەلىللەرگە ئوخشاش پاك سۈننەت بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن، مۇشۇ ئايەت جۇنۇبنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. پەقەت مەسجىدتە تۇرماستىن، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ بۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتسە دۇرۇس بولىدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

تەيەممۇم قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئايەتى كەرىم تەيەممۇم قىلىشنىڭ كېسەللىك، سەپەر ئۈستىدە بولۇش، ھاجەت قىلىش ۋە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت تۆت سەۋەبىنى تىلغا ئالدى. سەپەر ئۈستىدىكى كىشى سۇ تاپالمىسا، تەيەممۇم قىلىدۇ. كېسەلمۇ، قايسى تۈرلۈك كېسەل بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىدۇ. شۇنداقلا ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋە تەرەت قىلغان كىشىلەرمۇ سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا: ﴿(مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾ دەيدۇ.

بۇ شەرت يۇقىرىدىكى ھەممە سەۋەبكە قايتىدۇ. مۇساپىر كۆپىنچە ئەھۋالدا سۇ تاپالمايدۇ. كېسەلگە كېسەللىكنىڭ ئاينىپ، جېنىغا خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن قورقسا، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سۇ تاپقان بولسىمۇ، ئۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىغانلىقتىن، سۇ تاپالمىغان كىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ بۇ ھالدا قۇدۇقنىڭ تېگىدە سۇ كۆرگەن، لېكىن ئۇنى تارتىپ ئىشلىتەلمىگەن، شۇ سەۋەبتىن سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ ھۆكمى بېرىلگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇنى پاك سۈننەتتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مەلۇم بىر سەپەرگە چىقتۇق. ئىچىمىزدىن بىر ئادەمنىڭ بېشىغا تاش تېگىپ، بېشى يېرىلىپ كەتتى. كېيىن ئېھتىلام بولۇپ قالدى. ئۇ ھەمراھلىرىدىن: مېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىمغا رۇخسەت بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: سېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىڭغا رۇخسەت بار، دەپ قارىمايمىز. چۈنكى بۇ يەردە سۇ بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇيۇندى. نەتىجىدە سۇ زىيان قىلىپ ئۆلۈپ قالدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇنى ئۇلار ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!

ئەگەر ئۇلار بىلمىسە، بىلىدىغانلاردىن سوراپ يەتۇۋا بەرسە بولمامدۇ؟ نادانلىقنىڭ شىپاسى ھەقىقەتەن سوئال سوراشتۇر » دېدى[1].

ئۇنى يەنە مۇنۇ ھەدىسمۇ ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: « مەن زاتى سەلاسىل غازىتىدا سوغۇق بىر كېچىسى ئىھتىلام بولۇپ قالدىم. يۇيۇناي، دېسەم ھالاك بولۇشتىن قورقتۇم. شۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم قىلىپ، سەبداشلىرىم بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. ھەمراھلىرىم بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇڭا ئۇ: « ئى ئەمرى! سەن جۇنۇپ تۇرۇپ سەپداشلىرىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ » دېدى. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ يۇيۇنۇشۇمغا توسالغۇ بولغان نەرسىنى ئېيتىپ بەردىم ۋە: مەن اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، اللە ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ، ھېچ نەرسە دېمىدى[3].

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: « ئەمرىنىڭ بۇ ھەدىسى ئاممىباب مەنىلەرنى تۇتقا قىلىش توغرا پاكىتتۇر، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. »[4]

مۇساپىر، كېسەل، مۇقىم ۋە ساق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا تەيەممۇم قىلىش پەقەت سۇ تاپالمىغاندا دۇرۇس بولسا، ئۇنداقتا سەپەر ئۈستىدە بولۇشنى ۋە كېسەلنى تەيەممۇم قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ئىچىدە بايان قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

تەپسىرشۇناسلار بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: مۇساپىر كۆپىنچە ئەھۋالدا سۇ تاپالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سۇ تاپالمىغان كىشىگە ئوخشاش قارىلىپ بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە بايان قىلىندى. ئەمما كېسەلگە كەلسەك، كېسەل دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

## ئۇچىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى كەرىمدىكى "مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش" دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

سەلەف ئۆلىمالىرى (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) اللە تائالانىڭ: ﴿ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئەلى، ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەن قاتارلىقلار: ئۇ سۆز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە شەئبى قاتارلىقلار: ئۇ سۆز

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[4] جامالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 1255 ـ بەت.

قول بىلەن تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شافئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق.

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى قاراشنىڭ توغرىغا بەكرەك يېقىن بولغىنى الله تائالا: ﴿ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار﴾ دېگەن سۆزى بىلەن، ئۇ سۆزنىڭ باشقا مەنىلىرىنى ئەمەس، پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى ئىپادىلىمەكچى، دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: ئۇ ئايالىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇدى دېيىلگەن.

ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالاتتى، ئاندىن ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇيتتى.»

ئائىشەنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن تاھارەت ئالماستىن نامازغا چىقىپ كەتتى.» ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشەگە: سىز بولغىيتتىڭىز؟ دېسەم، ئۇ كۈلۈپ قويدى.»[1]

فىقھشۇناسلار ئايال كىشىنى تۇتۇش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ ياكى سۇندۇرمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل قاراشتا بولغان:

1 - ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: خوتۇن كىشىنى مەيلى شەھۋەت بىلەن، مەيلى شەھۋەتسىز تۇتۇش تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

2 - ئىمام شافئىي: خوتۇن كىشىنى مەيلى شەھۋەت بىلەن، مەيلى شەھۋەتسىز تۇتۇش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3 - ئىمام مالىك: خوتۇن كىشىنى تۇتۇش شەھۋەت بىلەن بولسا، تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، شەھۋەتسىز بولسا، تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

### ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە خوتۇن كىشىنى تۇتۇشنىڭ تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىل ئەمەسلىكىگە ئائىشەنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى، ئاندىن تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇيتتى، دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: بىر كېچىسى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياتقان يېرىدىن ئىزدىۋىدىم، قولۇم ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىغا تېگىپ كەتتى، ئۇ سەجدىدە تۇرۇپ: «سېنىڭ رىزالىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن» دەۋاتقان ئىكەن...

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 105 - بەت.

www.munber.org

ئايەتكە كەلسەك، ئۇ سۆز، خۇددى ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغىنىدەك، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئۇ سۆز لۇغەتتە قول بىلەن تۇتۇش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، قۇرئان كەرىم ئۇنى مەنىنى سىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. مەسىلەن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار﴾[1]، ﴿(ئەر - ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى﴾[2].

## شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي بۇ ئايىتى كەرىمىنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ئۇ سۆز لۇغەتتە قول بىلەن تۇتۇش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆچمە مەنىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە سۆزنى لۇغەت مەنىسىدە ئىشلىتىش كېرەك. پەقەت ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئىشلىتىش قىيىن بولغاندىلا، ئاندىن كۆچمە مەنىگە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئايەتنىڭ «ياكى ئاياللارنى تۇتساڭلار» دەپ ئوقۇلىدىغان ئىككىنچى قىرائىتىمۇ مۇشۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنى بىزنىڭ قارىشىمىزغا ئۇيغۇن مەنىدە چۈشىنىشىمىز ئەۋزەلدۇر.»

ئىمام ئىبنى رۇشدى «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىش سەۋەبى «ئەللەمس» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدا ئورتاق مەنىگە ئىگە بىر ئىسىم بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئەرەبلەر ئۇ سۆزنى بىردە قول بىلەن تۇتۇش مەنىسىدە ئىشلەتسە، يەنە بىردە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر الله تائالانىڭ: ﴿ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار﴾ دېگەن سۆزنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۇيۇنۇشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان مەنىسىدە ئالغان. يەنە بەزىلەر ئۇنى قول بىلەن تۇتۇش مەنىسىدە ئالغان.

ئاياللارنى قول بىلەن تۇتۇش تاھارەت ئېلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ، دېگۈچىلەر: بۇ سۆز قول بىلەن تۇتۇش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندە ھەقىقىي لۇغەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندە كۆچمە مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بىر سۆز لۇغەت مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسى ئارىسىدا قالغاندا، ئۇنى ھەقىقىي لۇغەت مەنىسىدە ئىشلىتىش ئەۋزەلدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىنىڭ كۆچمە مەنىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ، دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر سۆز كۆچمە مەنىدە كۆپ ئىشلىتىلسە، شۇ كۆچمە مەنە ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن كۈچلۈكرەك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن ئايەتتە ئىشلىتىلگەن يەنە بىر ئىسىم «ئەلغائىت» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي

[1] سۈرە بەقەرە، 237 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇجادىلە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەنىسى بولغان ”ئازگال يەر“ دېگەن مەنىسگە قارىغاندا كۆچمە مەنىسى بولغان ”هاجەت“ دېگەن مەنىنى بەكرەك ئىپادىلەيدىغان بولۇپ كەتكەن.»

ئىمام ئىبنى رۇشدى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق ئېتىقاد قىلىمەنكى، اللمس دېگەن سۆز گەرچە ئىككى مەنىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەيدىغان كۆچمە مەنىسى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى الله تائالا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش دېگەن مەنىنى سىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇشۇ سۆزنى ئىشلەتكەن.»[1]

## كۈچلۈك قاراش

مانا بۇ قاراش كۈچلۈكتۇر. چۈنكى بۇ قاراش ئايىتى كەرىم بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ. «ئەللەمس» دېگەن سۆز ئاياللارغا نىسبەت بېرىلگەندە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەتتا بۇ مەنە ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالغىلى تاس قالغان. مەسىلەن «ئەلۋەتئى» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى پۇت بىلەن مېڭىش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز ئاياللارغا نىسبەت بېرىلسە، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا مەنىنى چۈشەندۈرمەيدۇ.

## تۆتىنچى هۆكۈم

ئايىتى كەرىمدىكى ”پاك تۇپراق“ دېگەن سۆز نىمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

تىلشۇناسلار «ئەسسەئىد» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: ئۇ ”تۇپا“ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، دېسە. يەنە بەزىلەر: ئۇ مەيلى تۇپا بولسۇن ياكى باشقا نەرسە بولسۇن، يەر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇ ئۆسۈملۈكمۇ يوق، دەل ـ دەرەخمۇ يوق تۈز يەرنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ لۇغەت ئىختىلاپىغا ئاساسەن، فىقهشۇناسلارمۇ تەيەممۇم قىلسا توغرا بولىدىغان نەرسىلەر هەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراشقا كەلگەن.

1 ـ ئىمام ئەبۇ هەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «تەيەممۇم قىلىش تۇپا بىلەنمۇ، تاش بىلەنمۇ، يەردىن چىقىدىغان هەرقانداق نەرسە بىلەنمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇپا بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.»

2 ـ ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن چوقۇم قولغا چاپلاشقىدەك تۇپا بولۇشى لازىم. ئەگەر تۇپا بولمىسا، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.»

## ئىمام ئەبۇ هەنىفەنىڭ دەلىلى

[1] ئىمام ئىبنى رۇشدىنىڭ «بىدايەتۇل مۇجتەهىد» ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 29 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەيەممۇم قىلىش بولسا، مەقسەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، تۇپراق بولسا، يەردىن ئۆرلىگەن نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه تائالا: ﴿پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾ يەنى مەقسىتىڭلار پاكىز يەر بولسۇن دېدى. شۇڭا تەيەممۇم قىلىشتا مۇشۇ مىقدار بىلەن كۇپايە قىلىش كېرەك.»

ئۇنىڭ شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇف تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن تۇپا ياكى قۇم بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

### ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن دەلىل كەلتۈرىدۇ: بىرى شۇكى، اللّٰه تائالا ھەقىقەتەن تۇپراقنىڭ پاك بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى. ئۆسۈملۈك ئۈنىدىغان تۇپراق پاك ھېسابلىنىدۇ. بۇنى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ئۆسۈملۈك ئۈندۈرمەيدىغان تۇپراق پاك بولماسلىقى لازىم. يەنە بىرى شۇكى، بۇ يەردىكى ئايەتتە پاك تۇپراق شەرتسىز بايان قىلىنغان، ئەمما اللّٰه تائالانىڭ سۈرە مائىدەدىكى ﴿ئۇنىڭدىن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە بۇ پاك تۇپراق ﴿ئۇنىڭدىن﴾ دېگەن سۆز بىلەن شەرت قىلىنغان. «دىن» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا بەزىسىدىن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنە، ئۈستىدە تۇپا يوق تاشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا تۇپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

### كۆچلۈك قاراش

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇپا مۇسۇلماننىڭ سۇ تاپالمىغاندا پاكلىنىدىغان نەرسىسىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغان نەرسىنى خاسلاشتۇرغان.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مەستنىڭ ئېسىگە كەلگەن ۋە ھوشيارلىق ھالىتىگە قايتقانغا قەدەر ناماز ئوقۇشى ھارام قىلىنىدۇ.

2 ـ جۇنۇب ئادەم يۇيۇنغانغا قەدەر ئۇنىڭ ناماز ئۆتىشى، قۇرئان ئوقۇشى ۋە مەسجىدكە كىرىشى ھارام قىلىنىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف، 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3 ـ كىسەلگە، مۇساپىرغا ۋە مەيلى كىچىك تەرەت قىلغان ياكى چوڭ تەرەت قىلغان كىشىگە سۇ تاپالمىغان چاغدا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

4 ـ تويىا مۇسۇلماننىڭ سۇ تاپالمىغاندا، گەرچە سۇ تاپالماسلىق يىللارچە داۋام قىلسىمۇ، پاكىزلىنىدىغان نەرسىسىدۇر.

5 ـ تەيەممۇم قىلىش پاك تۇپراقنى يۈزگە ۋە ئىككى قولغا جەينەككىچە سۈرتۈش بىلەن بولىدۇ.

www.munber.org

## ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى جازاسى

﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ أَن يَقْتُلَ مُؤْمِنًا إِلَّا خَطَـًٔا ۚ وَمَن قَتَلَ مُؤْمِنًا خَطَـًٔا فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ وَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَصَّدَّقُوا۟ ۚ فَإِن كَانَ مِن قَوْمٍ عَدُوٍّ لَّكُمْ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ وَإِن كَانَ مِن قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَٰقٌ فَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ وَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ تَوْبَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٩٢﴾ وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمًا ﴿٩٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا ضَرَبْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُوا۟ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَنْ أَلْقَىٰٓ إِلَيْكُمُ ٱلسَّلَٰمَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ ۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبْلُ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿٩٤﴾ ﴾

﴿مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈۋەتسە، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك، ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ. ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ

ئىش قىلىشقىلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ــ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ ــ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۇلۇشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). ﷲ نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ﷲ سىلەرگە (ئىمانىنى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. ﷲ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾.

ــ سۈرە نىسا 92 ــ، 93 ــ، 94 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

فَتَحْرِير: (ئازاد قىلىشى)، بۇ سۆز ھۆرلۈك دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، راغىب ئىپتىقاندەك، ئىنسانىنى ھۆر قىلىش، قۇلنى قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقىرىش "ئازاد قىلىش" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆز "خالاس بولۇش" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئىنسان ھۆر دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ئىنسانىيلىقىغا داغ تەككۈزىدىغان ئامىللاردىن خالاس بولغان. ﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ تىلىدا مۇنداق دېگەن: ﴿مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم﴾[1] يەنى خالىس ئىبادەت ئۈچۈن ئاتىدىم.

وَدِيَة: (دىيەت)، بۇ سۆز ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېنىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە بېرىدىغان تۆلەم، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بۇ سۆزنى ھالاكەتكە ئۇچرىغان نەرسىلەرگە تۆلەيدىغان بەدەل ئۈچۈن ئەمەس، جان بەدىلى ئۈچۈن تۆلەيدىغان نەرسىنى بىلدۈرۈدىغان سۆز قىلىپ خاسلاشتۇرغان.

مُسَلَّمَة: (تۆلىشى)، بۇ سۆز ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە دىيەت تۆلەپ بېرىش، دىيەتنى ئادا قىلىش، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

يَصَّدَّقُوا: (ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا)، ئۇنىڭ سۆز تۆمۈرى «سەدەقە» بولۇپ، ئايەتتە: ئۇلار دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، دىيەت ئېلىش ھەققىدىن ۋاز كەچسە، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. كەچۈرۈم قىلىش ياخشى ئىش بولغاچقا سەدىقە دەپ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاتالغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ياخشى ئىش سەدىقىدۇر.»[1]

مِّيثَٰق: (مۇئاھىدە) يەنى ئەھدە ۋە كاپالەت. راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز قەسەم ۋە ۋەدە بىلەن تەكىتلىنىپ تۈزۈلگەن ئەھدە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

ضَرَبْتُمْ: (ئاتلانساڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «زەرب» بولۇپ، كۆپ مەنىلەردە كېلىدۇ. شۇ مەنىلەردىن بىرى قول بىلەن، ھاسا بىلەن ئۇرۇش، قىلىچ بىلەن چېپىشتۇر. ئۇ يەنە، سەپەرگە چىقىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەت: دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن الله يولىدا غازاتقا ئاتلانساڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فَتَبَيَّنُوا۟: (ئېنىقلاڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەبەييۇن» بولۇپ، بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەقسەت، بىر ئىشقا تەمكىنلىك بىلەن قاراش ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر. يەنى ئۇ سۆز: ئىسپاتلاڭلار، مۇھەققەقلەشتۈرۈڭلار، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[3].

ٱلسَّلَٰم: (سالام بەرگەن)، بۇ سۆز ئەسلىدە قورال تاشلاپ تەسلىم بولماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەت: سىلەرگە بويسۇنۇپ، مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە، ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى غەنىمەت ئېلىشنى كۆزلەپ: سەن مۆمىن ئەمەس دېگىنىڭلارچە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

عَرَض: (مال - مۈلك)، بۇ سۆز دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ پۇل - ماللىرىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل - مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ﴾[4] دۇنيانىڭ پۇل - مېلى دېگىنىمىز، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، پۈتۈن مال - مۈلكنى كۆرسىتىدۇ.

مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ: (نۇرغۇن غەنىمەتلەر)، «مەغانىمە» دېگەن بۇ سۆز «مەغنەم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئىنسان دۈشمەندىن ئولجا ئالىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە: كەڭ ۋە مول رىزىق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 512 ـ بەت.
[3] سۈرە ھۇجۇرات، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف، 169 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلماي، تەسلىم بولغان كىشىگە: سەن مۆمىن ئەمەس دەپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ پۇل - مېلىنى كۆزلىگەن ئاساستا ئۇنى ئۆلتۈرۈدىغان ئىشنى قىلماڭلار. الله نىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن الله سىلەرگە تەييارلىغان نۇرغۇن رىزىق ۋە كاتتا نېمەتلەر بار.»①

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە قەدەم بېسىشى ﴿ھېچ دۇرۇس ئەمەس﴾، ھەمدە ئۇنىڭغا ھەرگىز ياراشمايدۇ. لېكىن ﴿سەۋەنلىك﴾ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشى يۈز بەرسە، يەنى خاتالىق سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈش سادىر بولسا، قاتىل ﴿بىر مۆمىن قۇلنى﴾ ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا ئۆلگۈچىنىڭ قان بەدىلى ئۈچۈن ﴿دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتىلنىڭ گەردىنىدىكى دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، شۇ چاغدا قاتىلنىڭ بۇ دىيەتنى تۆلىشى زۆرۈر ئەمەس. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم، ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە دىيەت تۆلەش كېرەك ئەمەس. چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردىمى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكى ئۇلارغا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەھدە تۈزۈشكەن كۇففار قەۋمدىن بولسا ياكى زىممىي بولسا، مۆمىننى ئۆلتۈرۈپ قويغاندا ۋاجىب بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇلارغا ﴿دىيەت تۆلەش﴾. الله تائالانىڭ ھەققىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ﴿بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى﴾ ئازاد قىلىش كېرەك. ئازاد قىلىدىغان قۇل ﴿تاپالمىغان ئادەم﴾ گۇناھكار بەندىلىرىنىڭ ﴿تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن﴾ قەمەرىيە ھېسابىدا ﴿ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي﴾ روزا تۇتۇشى لازىم. ﴿الله﴾ ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ﴿ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى﴾، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەشتە ﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان جازانىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جىنايىتى ناھايىتى چوڭدۇر. الله تائالا مۇنداق قاتىلغا كەففارەتنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى تەييارلىغان قاتتىق ئازابتىن سىرت، دوزاختا مەڭگۇ قېلىش، الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ۋە رەھمىتىدىن قوغلىنىشتىن ئىبارەت كاپىرلارنى قورقىتقان قاتتىق ئازابنى تەييارلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

① ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 221 - بەت.

www.munber.org

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەرنى مۆمىنلەرنى ﴿ﷲ يولىغا﴾ جىھاد قىلىش ئۈچۈن چىققاندا مۇسۇلمان ياكى كاپىرلىقنى بىلەلمەي قېلىپ، ئىشى ئېنىق بولمىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشتە ئىسپاتقا تايىنىشقا، ئۇنىڭ كاپىرلىقنى ئىسپاتلىماي تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەدەم قويماسلىققا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ تەسلىم بولۇپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلسا، ﴿دۇنيانىڭ﴾ ئەرزىمەس ۋە قولدىن ئاسانلا چىقىپ كېتىدىغان مال - مۈلكىنىڭ تەمەسىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش دۇرۇس ئەمەس. ﷲ تائالا مۆمىنلەرگە ئىلگىرى ئۇلارنىڭمۇ ئەنە شۇنداق مۇشرىك كاپىرلاردىن ئىكەنلىكىنى، ﴿كېيىن ﷲ﴾ ئۇلارغا ھىدايەت يولىنى ﴿ئىلتىپات قىلىپ﴾، ئىسلامغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ﷲ تائالا نېمەت ئاتا قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 - رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە ئەبۇ جەھلنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولىدۇ، قەۋمىدىن قورقۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر تاماق يېمەسلىككە، سۇ ئىچمەسلىككە ۋە سايىدە ئولتۇرماسلىققا قەسەم ئىچىدۇ. ئەبۇ جەھل ۋە ھارىس ئىبنى يەزىد مەككىدىن چىقىپ ئەيياشنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا: مۇھەممەد سېنى سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇمىدىمۇ؟ سەن قايتىپ بېرىپ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، سەن ئۆزەڭ ئۆز دىنىڭدا قېلىۋەرسەڭمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار مەككىگە يېقىن كەلگەندە ئەيياشنىڭ قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى باغلايدۇ. ئەبۇ جەھل ئۇنى يۈز قامچا ئۇرىدۇ، ھارىسمۇ ئۇنى يۈز قامچا ئۇرىدۇ. ئەيياش ھارىسقا: بۇغۇ مېنىڭ قېرىندىشىم! سەن كىمسەن؟ ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى يالغۇز يەردە تېپىۋالسام، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەيدۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئانىسى: سەن ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دىنىڭغا يانمىغىچە ئۈستىڭدىكى كويزا - كىشەنلەرنى ئالمايمەن، دەپ قەسەم ئىچىدۇ. ئەيياش ئىسلام دىنىدىن يانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ھىجرەت قىلىدۇ. كېيىن ھارىس ئىبنى يەزىد ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئەيياش بىلمەي قالىدۇ. بىر كۈنى ئەيياش ئۇنى يالغۇز ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھارىسنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئەيياشقا يەتكۈزۈلگەندە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن ئۇنى ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى بىلمەي ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك

بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى[1].

2 ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم قويلىرىنى ھەيدەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە نەپەر ساھابىلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. ئۇلار: بۇ ئادەم بىزگە پەقەت جېنىنى بىزدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سالام قىلدى دەپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ۋە قويلىرىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)...﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بىر مۆمىننىڭ مۆمىنلىك سۈپىتى بىلەن ئىمان ئەھلىدىن بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىشنىڭ سادىر بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ئىرادىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ قالىدۇ. لېكىن مۇنداق ئىش ئۇنىڭدىن سەۋەنلىك تۈپەيلى يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

2 ـ ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا﴾ دېگەن ئايەتتىكى كەچۈرۈم قىلىشنى "سەدىقە" دېگەن سۆز تەبىرى بىلەن ئىپادىلەش ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىنى قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ، ئۇلارغا قاتىلنى كەچۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن دىيەت ئالماسلىقنىڭ ئۆزىنىڭ سەدىقە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ، ئىسلام دىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

3 ـ ﴿ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ دېگەن ئايەت مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت قاتىلغا مۇنداق ئۈچ ھۆكۈمنى قىلدى: بىرىنچى، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئىككىنچى، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئۈچىنچى، الله تائالا ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ.

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 425 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 313 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

[2] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 538 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 119 ـ بەت.

www.munber.org

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «اﷲ قا نىسبەتەن دۇنيانىڭ يوقىلىپ كېتىشى، بىر مۆمىننىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن يەڭگىلدۇر»[①]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى بىر مۆمىننى ئۆلتۈرۈشكە بىر ئېغىز سۆزنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ ياردەم قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى پېشانىسىگە: اﷲ نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزگۈچىدۇر، دەپ يېزىلغان ھالەتتە كېلىدۇ.»[②]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس: مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈمنى كۆرىدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ھەدىسلەرنى ۋە قاتىلنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن مۆمىننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبىسىز ئەپۇ قىلىنىشىنى تەمە قىلىشىدۇ. ﴿ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)﴾[③].»

4 ـ مۆمىننى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ھالال سانىغان كىشىگە قارىتىلىدۇ ياكى مەڭگۈ قېلىش، دېگەن بۇ سۆز ئۇزۇن مۇددەت قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تىلشۇناسلار مەڭگۈ، دېگەن بۇ سۆزنى ئۇزۇن مۇددەت قېلىشقا ئىشلىتىدۇ.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟ ئۇنىڭ قايسى تۈرىدە كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

اﷲ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ: ﴿ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾[④] دېگەن ئايىتىدە، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى پەرز قىلغان ئىدى. بىز ھازىر ئۇستىدە توختىلىۋاتقان ئايەتتە بولسا، سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن دىيەت تۆلەشنى ۋە كەففارەت بېرىشنى پەرز قىلدى. بۇنىڭدىن شۇ

[①] ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى ۋە نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە «بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشتىن يېنىكتۇر» دېيىلگەن.
[②] ئىمام تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ئاجىزدۇر.
[③] سۈرە مۇھەممەد، 24 ـ ئايەت.
[④] سۈرە بەقەرە، 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەلۇم بولىدۇكى، قىساس ئېلىش سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر.

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئادەم ئۆلتۈرۈش يا قەستەنلىكتىن بولىدۇ، يا سەۋەنلىكتىن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرى يوق. چۈنكى قاتىل ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى بىلەن ئۆلتۈرسە، قەستەنلىك بولىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلمىغان بولسا، سەۋەنلىك بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ كىتابى قۇرئاندا ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ پەقەت قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بار.»

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئادەم ئۆلتۈرۈش قەستەنلىك، سەۋەنلىك ۋە قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

قەستەنلىككە كەلسەك، قاتىل ئۆلگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلىپ، قىلىچ، پىچاق ياكى قورالغا ئوخشاش ئۆلتۈرەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ قەستەنلىك بولۇپ، قاتىلدىن قىساس ئېلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلتۈرەلەيدىغان نەرسىنى ئىشلىتىپ ئۆلگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قەستلىگەن.

سەۋەنلىككە كەلسەك، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىرەر مۇشرىكنى ياكى بىرەر قۇشنى ئېتىشنى كۆزلەپ ئوق ئاتىدۇ، لېكىن ئوق مۇسۇلمانغا تېگىپ كېتىدۇ. يەنە بىرى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدە كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى مۇشرىك، دەپ ئويلاپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بىرىنچى تۈرى ئەمەلىيەتتىكى سەۋەنلىك، ئىككىنچى تۈرى نىيەتتىكى سەۋەنلىك بولىدۇ.

قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىشكە كەلسەك، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى ئۆلگۈچىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلتۈرۈپ قويمايدىغان يېنىك ھاسىدەك نەرسە بىلەن ئۇرىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ ياكى ئۇنى قولى بىلەن بىر كاچات سالىدۇ ياكى ئۇنى كىچىك تاش بىلەن ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇش گەرچە قەستەنلىك بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈپ قويۇش سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «شەئبى، سەۋرى، ئىراق ئۆلىمالىرى ۋە شافىئىي قاتارلىقلار قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىق جىنايىتى مەۋجۇتتۇر، دەپ قارايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدۇق. مانا بۇ قاراش توغرىدۇر. ئەسلى مەقسەت قان تۆكۈشتىن ساقلىنىش بولغاچقا، قان تۆكۈلۈشتىن ئېھتىيات قىلىش ئەڭ ھەقلىقتۇر. قاتىلنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئوچۇق پاكىت بىلەن، ھېچقانداق توسالغۇسىز ئىسپاتلانسا، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىق جىنايىتىدە توسالغۇ بار. چۈنكى قاتىلنىڭ قەستەنلىك بىلەن سەۋەنلىك ئارىسىدا قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش ھۆكمى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇرۇش مەقسەت قىلىنغان، بىراق ئۆلتۈرۈش

www.munber.org

مەقسەت قىلىنمىغان بولغاچقا، قىساس ساقىت بولىدۇ. لېكىن دىيەت ئېغىرلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلە سۈننەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلىڭلاركى، قامچا ۋە ھاسىغا ئوخشاش نەرسە بىلەن ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان، بىراق سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتى چوقۇم يۈز تۆگىدۇر. ئۇنىڭدىن قىرىق تۆگە بوغاز بولۇشى كېرەك.»[①]

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىق جىنايىتىنى ئىسپاتلاشتا شۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇكى، نىيەت بىزدىن يوشۇرۇن بىر ئىش بولۇپ، ئۇنى بىز بىلەلمەيمىز، ھۆكۈم پەقەت تاشقى ئەھۋالغا قاراپ چىقىرىلىدۇ. كىمكى بىرەر ئادەمنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان نەرسە بىلەن ئۇرسا، بىز ئۇنىڭغا قەستەنلىك ھۆكمىنى بېرىمىز. چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان نەرسە بىلەن ئادەم ئۇرۇش ئۇرغۇچىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىمكى بىرەر ئادەمنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلتۈرۈپ قويمايدىغان نەرسە بىلەن ئۇرسا، بۇ ھالدا ئۇ قەستەنلىك بىلەن سەۋەنلىك ئارىسىدا قالغان بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىق جىنايىتى ھۆكمىنى بېرىمىز. بۇ ھۆكۈم ئەمەلىيەتكە ۋە شۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئەمەس، پەقەت بىزگە نىسبەتەن شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە يا قەستەنلىك، يا سەۋەنلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ جىنايەت ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىق جەھەتتىن قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدىغان نەرسە بىلەن ئۇرغانلىق جەھەتتىن سەۋەنلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جىنايەتتە ئوچۇقتىن ئوچۇق قەستەنلىك بولمىغانلىقتىن قىساس ساقىت بولىدۇ. ئوچۇقتىن ئوچۇق سەۋەنلىك بولمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە دىيەت تۆلەش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۆلتۈرۈش مەقسەت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئەمەلىيەتتە مەقسەت قىلىنغان.

ئۇلار يۇقىرىدىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى بولغان كۈنى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، قامچا، ھاسا ۋە تاشقا ئوخشاش نەرسە بىلەن ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان، بىراق سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن ئېغىر دىيەت ئېلىنىدۇ...»[②]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

قەستەن ئۆلتۈرۈش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ جازاسىچۇ؟

---

① ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 329 - بەت.
② ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 279 - بەت.

قەستەن ئۆلتۈرۈش قىساس ئېلىشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ، مىراسخورلۇق قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ ۋە قاتىلنى ئېغىر گۇناھكار قىلىدۇ. بۇنىڭغا فىقھشۇناسلار بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن. ئەمما كەففارەتكە كەلسەك، ئىمام شافىئىي ۋە مالىك: قاتىلنىڭ كەففارەت بېرىشى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بولسا، قاتىلغا كەففارەت كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام سەۋرىنىڭمۇ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن قاتىلغا كەففارەت كەلگەن يەردە قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن قاتىلغا كەففارەت كېلىشى تېخىمۇ ھەقلىقتۇر.»

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «قاتىللىق جىنايىتىدە الله تائالا پەرز قىلغان كەففارەتتىن باشقا كەففارەت كەلمەيدۇ. قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن كەففارەت بېرىش تىلغا ئېلىنمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا كەففارەت يوق.»

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «بىزمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفىدەك قارايمىز. چۈنكى كەففارەت بېرىش ئىبادەتتۇر. ھېچكىمنىڭ الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن ياكى سۈننەتتىن ۋە ياكى پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدىن دەلىل ئالماي تۇرۇپ، الله نىڭ بەندىلىرىگە بىرەر پەرزنى پەرز قىلىپ بەلگىلەپ بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان قاتىلغا كەففارەت بېرىشنى پەرز دېگۈچىلەرنىڭ مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەنبەلەردىن تايانغان ھېچقانداق دەلىلى يوق.»[1]

فىقھشۇناسلار قەستەنلىك بىلەن قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىشنىڭ مەنىسى ھەققىدە خېلى كۆپ قاراشلارغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى ئۈچتۇر.

1 ـ قاتىل ئۆلگۈچىنى قورال ياكى قورالنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا، قەستەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: بۆغۈزلاپ ياكى بىسى بار ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىپ ۋە ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش قەستەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش بولىدۇ. مەسىلەن: ھاسا بىلەن، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ قاتىل ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، تۆمۈر، تاش، ھاسا ۋە باشقا ئەسۋابلاردەك، ئادەتتە ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان نەرسىلەردە ئۆلتۈرگەن ھەرقانداق ئادەم قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئادەتتە ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويمايدىغان نەرسىلەردە ئۆلتۈرۈپ قويغان ھەرقانداق ئادەم قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ، ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇھەممەد (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 331 ـ بەتتىن نەقىل قىلىندى.

www.munber.org

3 - ئۇرۇشنى ۋە ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ ئۇرغاندا ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ھەممىسى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىك بولىدۇ. ئۆلتۈرۈشنى قەستلىمەستىن، ئۇرۇشنى قەستلەپ ئۇرغاندا ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ھەممىسى قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش بولىدۇ. بۇ، ئىمام شافىئىينىڭ (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر.

### كۈچلۈك قاراش

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ تۆمۈردىن باشقا نەرسە بىلەن ئۆلتۈرگەن ھەرقانداق قاتىللىق جىنايىتىنى قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش دەپ قارىغانلىقى ئاجىز قاراشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم تۆگمەن تېشىغا ئوخشاش نەرسە بىلەن بىرەر ئادەمنى بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن قەستەن ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ھەدددىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ھالەتتە قىساس ئېلىش پايدىلىقتۇر. چۈنكى اﷲ تائالا ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى بەلگىلىگەن. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد ۋە شافىئىيلارنىڭ قارىشى ناھايىتى توغرا قاراشتۇر[1].

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قۇل ئازاد قىلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟ قۇل ئازاد قىلىش كىمگە پەرز بولىدۇ؟

اﷲ تائالا سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن قاتىلنىڭ گەردىنىگە بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە دىيەت تۆلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى پەرز قىلدى.

مۆمىن قۇلغا كەلسەك، ئىبنى ئاببا س ۋە ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ۋە روزا تۇتىدىغان قۇلنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلغان بولىدۇ.»

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا - ئانا ئىككىسىنىڭ بىرى مۇسۇلمان بولسا، كىچىك بالا قۇلنى ئازاد قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىككى خىل قارىشىنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىرى، ئاتا - ئانا ئىككىسىنىڭ بىرى مۇسۇلمان بولسا، كىچىك بالا قۇلنى ئازاد قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. يەنە بىرى، پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ۋە روزا تۇتىدىغان قۇلنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلغان بولىدۇ[2].

---

[1] تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 278 - بېتىگە، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 - جىلد، 331 - بېتىگە ۋە ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 - جىلد، 226 - بېتىگە قاراڭ.

[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد، 163 - بەت.

ئالدىنقى ئىككى كىشىنىڭ دەلىلى شۇكى، اللہ تائالا قۇل ئازاد قىلىشتا ئىماننى شەرت قىلدى. شۇڭا ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇلدا ئىماننىڭ بار ياكى يوقلىقىنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك. كىچىك بالىدا بۇنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى شۇكى، اللہ تائالا: ﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن﴾ دېدى. بۇنىڭغا كىچىك بالىمۇ كىرىدۇ. شۇنىڭدەك كىچىك بالا، اللہ تائالانىڭ: ﴿بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى كېرەك﴾ دېگەن سۆزىگىمۇ كىرىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى شۇكى، قۇل قاچان مۇسۇلمان بولسا، مەيلى ئۇ كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، ئۇنى كەففارەت ئۈچۈن ئازاد قىلىش توغرا بولىدۇ.»[1]

فىقھشۇناسلار قۇل ئازاد قىلىشنىڭ قاتىلنىڭ ئۈستىگە، دىيەت تۆلەشنىڭ قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى ئۈستىگە چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم ئۈچۈن تۆلەيدىغان دىيەت كىمنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ؟

فىقھشۇناسلار دىيەتنى تۆلەش قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقى، ئۇلار قاتىلغا ياردەم قىلغان ئاساستا بۇ دىيەتنى ئۇنىڭ نامىدىن ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى، ئۇلار ھەر يىلى دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆتەپ، ئۈچ يىلدا تولۇق ئۆتەپ بولۇشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن.

ئىبنى قۇدامە «ئەلمۇغنى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەت قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئەھلى ئىلىم ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمەن.»[2]

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دىيەتنى قاتىلنىڭ مېلىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ مېلىدىن بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دىيەتنى قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلغانلىقى ھەققىدە بىرىنىڭ ئىختىلاپ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن.»

ئىمام شافىئىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ سۆزى بىلەن بىرقانچە ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغان ھۆكۈمنى كۆرسەتمەكچى بولغان. شۇ ھەدىسلەردىن بىرى سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

[1] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 534 ـ بەت. ئىبنى كەسىر مەلۇم بىر دېدەكنىڭ سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان: «ئۇ دېدەكنى ئازاد قىلىۋەتكىن، چۈنكى ئۇ مۆمىن ئىكەن» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان.
[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «ئەلمۇغنى» ناملىق كىتابى، 9 ـ جىلد، 535 ـ بەت.

www.munber.org

دەيدۇ: «ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىگە قارىتىپ تاش ئېتىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا داۋا قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگۈچى ئايالنىڭ بالىسىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ياخشى بىر قۇل ياكى ياخشى بىر دېدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى، ئۆلگۈچى ئايالنىڭ دىيىتىنى قاتىل ئايالنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلدى.»[①]

## ئەسكەرتىش

ئەگەر بىرى: جىنايەتنى قىلغۇچى باشقا ئادەم تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن بېرىدىغان دىيەت ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىدىن ئېلىنىدۇ؟ الله تائالا: ﴿ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾[②] دېگەن ئەمەسمۇ؟ دېسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ:

بۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ جىنايىتىنى باشقا بىر ئادەمگە ئارتىپ قويغانلىق ئەمەس. چۈنكى دىيەت قاتىلنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇنى قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەش بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىنى ۋە ھەمكارلىشىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئەرەبلەردە ياخشى ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۇنى گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش، قەرزدارلارنىڭ قەرزلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىناقلىقنى كۈچەيتىدۇ، ئۆزئارا مېھرى ـ مۇھەببەتنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بۇ ئادەتنى مۇقىملاشتۇرغان.

## بەشىنچى ھۆكۈم

قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەتنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

ئۆلىمالار سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەتنىڭ، قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇ دىيەت يۈز تۆگىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈچ يىلغا بۆلۈپ ئېلىنىدۇ. ئۇنى بەش تۈرگە ئايرىپ ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەتنى مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ئىككىنچى يىلغا قەدەم قويغان 20 تۇياق چىشى بوتىلاق، 20 تۇياق ئەركەك بوتىلاق، ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويغان 20 تۇياق چىشى تۆگە، تۆتىنچى

---

① ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 535 ـ بەت.
② سۈرە ئەنئام، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يىلىغا قەدەم قويغان 20 تۆگە، بەشىنچى يىلىغا قەدەم قويغان 20 تۆگە بېرىلىدۇ.»[1]

قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىپ ئېلىنىدۇ: 40 بوغاز تۆگە، تۆتىنچى يىلىغا قەدەم قويغان 30 تۆگە، بەشىنچى يىلىغا قەدەم قويغان 30 تۆگە بېرىلىدۇ. بۇنىمۇ ھەم قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەش ۋاجىپ بولىدۇ.

قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەتكە كەلسەك، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك (ئۇنىڭ قارىشىدىن مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا) بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالمىغان. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا ئۇ قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەتكە ئوخشايدۇ. بۇ دىيەتنى قاتىلنىڭ مېلىدىن بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ، قاتىلنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى ئۈستىگە يۈكلەنمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ جىنايەتچىنىڭ مېلىدىن بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن.»[2]

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «قىساس ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەت مۇنداق ئالتە تۈرنىڭ بىرى بىلەن ئادا قىلىنسا بولىدۇ: ئالتۇندىن مىڭ تىللا ياكى كۈمۈشتىن 12 مىڭ تەڭگە ياكى تۆگىدىن يۈز تۇياق ياكى كالىدىن 200 تۇياق ياكى قويدىن 2000 تۇياق ياكى يېڭى ۋە قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكتىن 200 قۇر بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. بۇ، ھەر مۇسۇلمان ئەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەتتۇر. ھەر مۇسۇلمان ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت يۇقىرىدىكى ئالتە تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ قايسىسىدىن ئادا قىلىنسا، مەزكۇر مىقدارنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ.»[3]

مانا بۇ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ بۇ ھەقتە ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ يەنە: «كۈمۈشتىن 10 مىڭ تەڭگە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ» دەيدۇ.[4]

### ئالتىنچى ھۆكۈم

قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 535 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 331 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 164 ـ بەت.
[4] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 286 ـ بەت.

www.munber.org

بەزى ئۆلىمالار بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبە قىلىشىغا يول يوق دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۇفە ئۆلىمالىرى بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا سەپەرگە ئاتلاندىم. ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ: ﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەردىندۇر، ئۇنى مەنسۇخ قىلىدىغان ھېچ ئايەت يوق دەپ جاۋاب بەردى.»①

ئىمام نەسائى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىبنى ئابباستىن: بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبە قىلىشىغا يول بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: ياق دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا سۈرە فۇرقاندىكى: ﴿ئۇلار اللە قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ﴾② دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ: بۇ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتتۇر، ئۇنى مەدىنىدە نازىل بولغان: ﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەت مەنسۇخ قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.»③

ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز سەنەدى بىلەن سالىم ئىبنى جەئدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس كۆرمەس بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس! بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ دېدى. ئىبنى ئابباس: ئۇنىڭ جازاسى ﴿جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. اللە ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ دېدى. ئۇ ئادەم: ئېيتىپ باققىنچۇ؟ ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلسا، ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئاندىن توغرا يولدا ماڭسا قانداق بولىدۇ؟ دېدى. ئىبنى ئابباس: ئۇنىڭ ئانىسى يىغلاپ قالسۇن! ئۇنىڭغا نەدىنمۇ تەۋبە ۋە توغرا يول نېسىپ بولسۇن؟ مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ھەققەتەن پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچى قىيامەت كۈنى بىر قولىغا بېشى ئېسىلغان» يا ئوڭ قولىغا يا سول قولىغا، «يەنە بىر قولى بىلەن قاتىلىنى تۇتقان، تومۇرلىرى اللە تائالانىڭ ئەرشى تەرەپكە قان ئېقىتقان ھالدا كېلىدۇ. ئۇ: پەرۋەردىگارىم! بۇ بەندەڭدىن سوراپ باققىن، ئۇ مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈپتۇ؟ دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

---

① ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 332 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 535 ـ بەت.

② سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 332 ـ بەت.

سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، كىتابىڭلار قۇرئان كەرىمدىن كېيىن كىتابمۇ نازىل بولمايدۇ، دېدى.[1]

كۆپچىلىك ئۆلىمالار بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويغان قاتىلنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا بىرقانچە دەلىللەرنى بايان قىلغان بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ كاپىرلىق جىنايىتى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىدىنمۇ چوڭدۇر. كاپىرنىڭ كاپىرلىقتىن يانغانلىق تەۋبىسى قوبۇل بولغان ئىكەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى ئەلۋەتتە قوبۇل بولىدۇ.

2 ـ الله تائالا: ﴿الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[2] دېدى. بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھىمۇ، باشقا گۇناھلارمۇ كىرىدۇ.

3 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ﴾[3]. بۇ ئايەت مۇشۇ بابقا تازا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

4 ـ سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، زىنا قىلماسلىققا، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئاساستا ماڭا بەيئەت قىلىڭلار.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بىرەرسىنى قىلسا، ئاندىن الله ئۇنى ياپسا، ئۇ الله قا باغلىقتۇر. الله خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ.»

5 ـ ئۇلار يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى شەخسنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئەللامە شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «ھەق گەپ شۇكى، ھەرقانداق گۇناھكارغا تەۋبىنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ ئىشىك ئۇنى كۆزلەپ ماڭغان ۋە ئۇنىڭدىن كىرىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئوچۇقتۇر. گەرچە الله قا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر گۇناھ بولسىمۇ، الله قا ھەقىقىي تەۋبە قىلىش ئۇنى ئۆچۈرۈپ

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 218 ـ بەت. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 536 ـ بەت.
[2] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فۇرقان، 68 — 70 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

تاشلايدۇ. شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكتىن چىقىپ تەۋبە ئېشىكىدىن كىرىشى قوبۇل قىلىنىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش قانداقمۇ قوبۇل قىلىنمىسۇن؟ الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ بەندىلىرى ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلەر ئۈستىدە پەقەت الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»[①]

## ئايەتلەر كۆرسەتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مۆمىنىڭ قېنىنى تۆكۈش دوزاخقا مەڭگۈ مەھكۇم قىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر.

2 ـ سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان قاتىلغا كەففارەت بېرىش ۋە دىيەت تۆلەش جازاسى بېرىلىدۇ. جانغا جان قىساس كەلمەيدۇ.

3 ـ ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنى ئەپۇ قىلسا، دىيەت ساقىت بولىدۇ، ئەمما كەففارەت ساقىت بولمايدۇ.

4 ـ كەففارەت بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئازاد قىلىش ئۈچۈن مۆمىن قۇل تاپالمىسا، ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتىدۇ.

5 ـ پەقەت گۇمانغا تايىنىپلا بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراش دۇرۇس ئەمەس.

[①] ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 499 ـ بەت.

# خەۋپ نامىزى

﴿ وَإِذَا ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَقۡصُرُواْ مِنَ ٱلصَّلَوٰةِ إِنۡ خِفۡتُمۡ أَن يَفۡتِنَكُمُ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْۚ إِنَّ ٱلۡكَٰفِرِينَ كَانُواْ لَكُمۡ عَدُوّٗا مُّبِينٗا ١٠١ وَإِذَا كُنتَ فِيهِمۡ فَأَقَمۡتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ
فَلۡتَقُمۡ طَآئِفَةٞ مِّنۡهُم مَّعَكَ وَلۡيَأۡخُذُوٓاْ أَسۡلِحَتَهُمۡ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلۡيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمۡ وَلۡتَأۡتِ
طَآئِفَةٌ أُخۡرَىٰ لَمۡ يُصَلُّواْ فَلۡيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلۡيَأۡخُذُواْ حِذۡرَهُمۡ وَأَسۡلِحَتَهُمۡۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ
تَغۡفُلُونَ عَنۡ أَسۡلِحَتِكُمۡ وَأَمۡتِعَتِكُمۡ فَيَمِيلُونَ عَلَيۡكُم مَّيۡلَةٗ وَٰحِدَةٗۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن
كَانَ بِكُمۡ أَذٗى مِّن مَّطَرٍ أَوۡ كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓاْ أَسۡلِحَتَكُمۡۖ وَخُذُواْ حِذۡرَكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ
لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ١٠٢ فَإِذَا قَضَيۡتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمۡۚ
فَإِذَا ٱطۡمَأۡنَنتُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ كَانَتۡ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ كِتَٰبٗا مَّوۡقُوتٗا ١٠٣ وَلَا تَهِنُواْ
فِي ٱبۡتِغَآءِ ٱلۡقَوۡمِۖ إِن تَكُونُواْ تَأۡلَمُونَ فَإِنَّهُمۡ يَأۡلَمُونَ كَمَا تَأۡلَمُونَۖ وَتَرۡجُونَ مِنَ ٱللَّهِ مَا
لَا يَرۡجُونَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ١٠٤ إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِتَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ
بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُۚ وَلَا تَكُن لِّلۡخَآئِنِينَ خَصِيمٗا ١٠٥ وَٱسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١٠٦
وَلَا تُجَٰدِلۡ عَنِ ٱلَّذِينَ يَخۡتَانُونَ أَنفُسَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمٗا ١٠٧ ﴾

**﴿سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ). (ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن)**

ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى. نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن). خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى. دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) الله دىن ئۈمىد قىلىسىلەر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا الله نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾.

ـ سۈرە نىسا 101 ـ، 102 ـ، 103 ـ، 104 ـ، 105 ـ، 106 ـ، 107 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ضَرَبْتُم: (سەپەرگە چىققىنىڭلاردا) يەنى يەر يۈزىدە سەپەرگە چىققان چېغىڭلاردا. الله تائالا يەنە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزىلەر الله نىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ﴾[1].

تَقْصُرُوا: (قەسرى قىلىپ ئوقۇساڭلار). قەسرى قىلىش دېگەن بۇ سۆز كېمەيتىش دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ، نامازنىڭ رەكئەت سانىنى كېمەيتىشكىمۇ، سۈپىتى ۋە شەكلىنى كېمەيتىشكىمۇ ئېھتىمالى بار.

[1] سۈرە مۇززەممىل، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى قەسرى قىلىش بولسا، رۇخسەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ بەزى ئەركانلىرىنى تاشلاپ قىسقا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

يَفْتِنَكُم: (ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «فتنە» بولۇپ، سىنىماق، مۇپتىلا قىلماق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق سىناقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بىرىش ئارقىلىق سىنايمىز﴾[2].

عَدُوًّا مُّبِينًا: (ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر) يەنى ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلغۇچى دۈشمەنلەردۇر.

حِذْرَهُمْ: (ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن)، بۇ سۆز خەۋپلىك نەرسىدىن پەخەس بولۇش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز قورقۇش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. كىمكى بىرەر نەرسىدىن قورقسا، ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ساقلىنىدۇ.»[3]

فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «سەگەكلىك بىلەن تۇرۇپ، كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپتىن ساقلانسا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرغان بولىدۇ. ئايەتتە: دۈشمەندىن پەخەس بولۇڭلار، ھوشيار تۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا سىلەرگە چېقىلىش پۇرسىتى بەرمەڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[4]

تَغْفُلُونَ: (غەپلەتتە قېلىشىڭلار)، غەپلەت بولسا، ئەستە تۇتۇشنىڭ ۋە سەگەكلىكنىڭ ئازلىقىدىن ئىنساندا يۈز بېرىدىغان سەۋەنلىكتۇر.

جُنَاحَ: (گۇناھ)، بۇ سۆز گۇناھ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

قَضَيْتُمُ: (فارىغ بولغىنىڭلاردا) يەنى نامازنى ئوقۇپ بولساڭلار. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن)﴾[5].

اَطْمَأْنَنتُمْ: (خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا) يەنى ئەمىن بولغان ۋاقتىڭلاردا. بۇ سۆز ئەسلىدە خاتىرجەم بولماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە: سىلەر ئەنسىرىگەن قورقۇنچ تۈگىگەندە نامازنى ئۆزەڭلار بىلىدىغان شەكىلدە تولۇق ئادا قىلىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 405 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، حذر بۆلۈمى.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 176 ـ بەت.
[5] سۈرە جۇمۇئە، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كِتَـٰبًا مَّوۡقُوتًا: (ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز) يەنى ئالدىغا سۈرۈشكىمۇ، ئارقىغا سۈرۈشكىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان ۋاقىتلار بىلەن بەلگىلەنگەن پەرز.

وَلَا تَهِنُوا۟: (سۇسلۇق قىلماڭلار) يەنى سەل قارىماڭلار ۋە بوشاپ قالماڭلار. ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «ۋەھن» بولۇپ، ئاجىزلاپ قالماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱبۡتِغَآءِ ٱلۡقَوۡمِ: (دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا) يەنى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈشتە. بۇ يەردىكى دۈشمەنلەر، كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ.

تَأۡلَمُونَ: (قىينالساڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «ئەلەم» بولۇپ، ئىنسانغا يېتىدىغان دەرت ـ ئەلەم، ئاغرىق، قىينىلىش، جاپا ـ مۇشەققەت، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: سىلەر يارىدار بولۇش، ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن چېكىنۋاتقان دەرت ـ ئەلەم سىلەرگىلا خاس ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا ئورتاق يۈز بېرىدىغان ئىش بولۇپ، سىلەرگە يەتكەندەك ئۇلارغىمۇ يېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ دەرت ـ ئەلەملەرگە چىداپ كېتىدۇ. سىلەر بۇ ئىشتا ئۇلارغا قارىغاندا بەكراق چىدامىلىق بولۇشقا ھەقلىق تۇرساڭلار، نېمىدەپ ئۇلارغا ئوخشاش چىدامىلىق بولالمىغىدەكسىلەر؟!»[1]

وَتَرۡجُونَ: (ئۈمىد قىلىسىلەر)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «رەجائ» بولۇپ، ئۈمىد قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

راغىب مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز خۇرسەن بولىدىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى تەقەززا قىلىدىغان ئارزۇنى ئۈمىد قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.»

خَصِيمًا: (تەرىپىنى)، بۇ سۆز تەرىپىنى ئالغۇچى، يان باسقۇچى، داۋاگەر بولغۇچى، جېدەللەشكۈچى، مۇداپىئە قىلغۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: خائىنلارنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ گۇناھسىز كىشىلەر بىلەن جېدەل قىلمىغىن.»

تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانغا ياكى مۇسۇلمان بىلەن سۈلھى تۈزگەن كىشىگە خىيانەت قىلغان ئادەمگە يان بېسىپ، ئۇنىڭدىن ئۇ خىيانەت قىلغان ھەققىنى تەلەپ قىلغان كىشىدىن ئۇنى مۇداپىئە قىلمىغىن.»[2]

غَفُورًا رَّحِيمًا: (ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر) يەنى الله كۆپ مەغپىرەت قىلىدۇ، كۆپ رەھمەت قىلىدۇ.

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 435 ـ بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 264 ـ بەت.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئى مۆمىنلەر! سىلەر جىھاد ياكى تىجارەت ياكى ساياھەت ئۈچۈن ۋە ياكى باشقا مەقسەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا پەرز ﴿نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾. تۆت رەكئەت پەرز نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇڭلار. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاسانلىقنىڭ دىنىدۇر. اللہ تائالا ﴿سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[1]. بولۇپمۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلار دۈشمەن بولۇپ، ھەمىشە دۈشمەنلىك قىلىش كويىدا بولىدۇ. اللہ نىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئەيمەنمەيدۇ، سىلەرگە چىقىلىشتا اللہ دىن قورقمايدۇ. سىلەرنىڭ اللہ بىلەن مۇناجات قىلىۋاتقىنىڭلارمۇ ئۇلارنى سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سىلەرگە ھەر ۋاقىت ۋە ھەر زامان دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

ئى مۇھەممەد! سەن ساھابىلىرىڭ بىلەن جىھادتا بىللە بولساڭ، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنى ئىككى پىرقىگە بۆلگىن، ﴿بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن﴾، ﴿ئىككىنچى پىرقە﴾ قوراللىرىنى يېنىدا تۇتۇپ سېنى قوغدىسۇن. ئالدىنقى پىرقە سەجدىگە بېرىپ بولغان ۋە بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىككىنچى پىرقە كېلىپ، خۇددى ئالدىنقى پىرقە قىلغاندەك، ﴿سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن﴾، ئاندىن ئۇلار نامىزىنى تولۇقلىۋالسۇن.

كېيىنكى ئايەتتە اللہ تائالا كاپىرلارنىڭ، مۆمىنلەرنىڭ غەپلەتتە قېلىشىنى، ئۇلارنىڭ نامازغا تۇرۇپ قوراللىرىنى قويغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز بىراقلا ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۆمىنلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سەگەك تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە مۆمىنلەرگە يامغۇر ياكى كېسەل بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن قورال تۇتۇش قىيىن بولۇپ قالسا، ئۇلار دۈشمەنلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان ئاساستا قوراللىرىنى قويسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

مۆمىنلەر ﴿ناماز﴾ نى ئوقۇپ تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىدە اللہ نى كۆپ ياد ئېيتىشى، دۈشمەن خەۋپى تۈگىگەن، ئۇلار خاتىرجەم بولغان چاغلىرىدا ﴿نامازنى﴾ اللہ نىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن مۇكەممەل ئادا قىلىشى لازىم. چۈنكى ﴿ناماز مۆمىنلەرگە﴾ ۋاقىتلىرى بەلگىلەنگەن، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىپ قويۇلغان پەرزدۇر.

[1] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ﴿كىشىلەر ئارىسىدا الله ئۆگەتكەن ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا، مۇناپىقلارنىڭ ﴿تەرىپىنى﴾ قىلىپ گۇناھسىز كىشىلەرگە ئۇۋال قىلماسلىققا، مۇناپىقلىق قىلىۋېتىپ تۇرۇپ تەقۋادار ۋە دىندار بولىۋالغان بەزى كىشىلەرگە قارىتا ياخشى ئويدا بولۇپ، الله دىن مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىلگىرىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرىنى، ئاندىن الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئانا ۋەتەننى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ناماز ھەرقانداق ھالەتتە ئادا قىلىش لازىم بولغان پەرز بولغاچقا، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىمۇ، ھىجرەت قىلىش جەريانىدىمۇ ۋە باشقا سەپەر كۈنلىرىدىمۇ ساقىت بولمايدۇ. لېكىن ئۇرۇش ھالەتلىرىدە ۋە سەپەر جەريانىدا ئۇنى ئادا قىلىش قىيىنغا توختايدۇ ۋە تەسلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتلەر قورقۇنچ ھالەتلىرىدە ناماز ئوقۇش يولىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، دۈشمەنگە ئۇچرىغان ھالەتتىمۇ نامازنى قەتئىي تاشلىماسلىققا بۇيرۇيدۇ. الله تائالا بەندىلىرىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قورقۇنچ ھالەتلىرىدە ۋە سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. شۇڭا بۇ ھۆكۈملەرنى بايان قىلىشقا توغرا كەلدى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

**1** ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە، ئەبۇ ئەيياش زەرقىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئەسفان دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى مۇشرىكلار قوشۇنى ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى. ئۇلار قىبلىمىز تەرەپتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىلەن بىرلىكتە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇلار: مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلساق بولىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار: ئۇلارغا ئاز ئۆتمەي بىر ناماز كېلىدۇ. ئۇلار بۇ نامازنى ئوغۇللىرىدىنمۇ، ئۆزلىرىدىنمۇ ياخشى كۆرىدۇ، دېيىشتى. نەتىجىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پېشىن بىلەن دىگەر نامىزىنىڭ ئارىلىقىدا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا...﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشتى.»[1]

---

[1] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 548 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 181 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، تونئمە ئىبنى ئۇبەيرەق قەتادە ئىبنى نوئماننىڭ ساۋۇتىنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. بۇ ساۋۇت ئۇن بار تولۇم ئىچىدە ئىدى. ئۇن تولۇمنىڭ تۆشۈكىدىن چېچىلىپ مېڭىپ بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. تونئمە بۇ ساۋۇتنى بىر يەھۇدىينىڭ قېشىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. ساۋۇت تونئمەنىڭ يېنىدىن ئاختۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىن تېپىلمايدۇ. تونئمە: بۇ ئىشتىن مېنىڭ پەقەت خەۋىرىم يوق، دەپ قەسەم ئىچىدۇ. ساۋۇتنىڭ ئىگىلىرى: ئۇنداق ئەمەس، اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كىرىپ ساۋۇتنى ئوغرىلاپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ چىقىپ، ئۇن ئىزىنىڭ بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق دېيىشتى. تونئمە قەسەم قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئۇننىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەھۇدىينى تۇتتى. يەھۇدىي: ئۇنى ماڭا تونئمە بەردى، دېدى. ئاندىن تونئمەنىڭ ئادەملىرى: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئادىمىمىز تەرىپىدە تۇرسۇن، ئۇ گۇناھسىزدۇر، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشتى. نەتىجىدە: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللّٰه نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾ دېگەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ﴾ دېگەن سۆزى شەرتنى ئەمەس، كۆپ ھاللاردا يۈز بېرىدىغان ئەھۋالنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار سەپەرلەردە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خېيىم ـ خەتەرلەرگە دۇچ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەئلا ئىبنى ئۇمەييە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: بىز ھازىر خاتىرجەملىكتە ئىرىشكەن تۇرساق، نېمىشقا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيمىز؟ دېگەندە، ئۆمەر: مەنمۇ سەن ھەيران قالغان ئىشتىن ھەيران قېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سورىغان ئىدىم، ئۇ: «بۇ، اللّٰه تائالانىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقىسىدۇر، ئۇنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، دېگەن.

2 ـ اللّٰه تائالا مۇجاھىدلارنى نامازغا تۇرغاندىمۇ قوراللىرىنى تاشلىماسلىققا بۇيرۇپ: ﴿(دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن﴾ دېدى. مانا بۇ ئايەت كاپىرلاردىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەمىشە سەگەك تۇرۇشنىڭ ۋە خېيىم ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارىماسلىقنىڭ كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 190 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 267 ـ بەت.

3 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەلۇم بىر غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلار بىرمۇ دۈشمەن يوق بىر جىلغىغا چۈشكۈن قىلىدۇ. ئادەملەر قوراللىرىنى قويۇپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەت قىلغىلى چىقىپ، جىلغىنىڭ بىر تەرىپىنى كېسىپ ئۆتۈپ بولغاندا غەۋرەس ئىبنى ھارىس ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى پەقەت بېشىغا كېلىپ ئۆرە تۇرغان ھالدا: ئەگەر مەن سېنى ئۆلتۈرەلمىسەم، اللہ ماڭا لەنەت قىلسۇن! دېگەن چاغدىلا ئاندىن سېزىدۇ. ئۇ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ: ئى مۇھەممەد! ھازىر سېنى مەندىن كىم ساقلاپ قالالايدۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ تائالا» دەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاپماقچى بولۇپ، قىلىچنى ئۇنىڭغا كۆتۈرىدۇ. بىراق بىر پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاققانلىق بىلەن قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ: «ئى غەۋرەس! ھازىر سېنى مەندىن كىم توسۇپ قالالايدۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، ئەسىر ئالغۇچىنىڭ ياخشىسى بولغىن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈرىدۇ. ئۇ قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر قىسىم ئادەملەر ئىمان كەلتۈرۈپ ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ[1].

4 ـ اللہ تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللہ نىڭ كۆرسەتكىنى﴾ يەنى اللہ نىڭ ساڭا تونۇتقىنى، بىلدۈرگىنى ۋە ۋەھيى قىلغىنى ﴿بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾ دېدى. بۇ ئىلىم ئايەتتە "كۆرسىتىش" دەپ ئاتالدى. چۈنكى شەك قىلىشقا ھەرگىز ئىمكان بەرمەيدىغان ھەقىقىي ئىلىم كۆچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە كۆز بىلەن كۆرۈشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: سىلەردىن ھېچكىم: اللہ ماڭا كۆرسەتكەن بويىچە ھۆكۈم قىلدىم، دېمىسۇن. چۈنكى اللہ تائالا بۇنى پەقەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس قىلىپ بەردى. لېكىن ئۇ ئۆز قارىشىدا ئىجتىھاد قىلسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشى توغرا بولاتتى. چۈنكى اللہ ئۇنىڭغا توغرىنى كۆرسەتتەتتى. بىزنىڭ قارىشىمىز بولسا، گۇمانغا ۋە تىرىشچانلىققا تايىنىدۇ.»[2]

5 ـ فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ ئايەت قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇئمە تەرەپكە ئازراق مايىل بولغان. لېكىن اللہ نىڭ ئىلمى ئەزەلىسىدە تۇئمە پاسىق ئادەم ئىدى. شۇڭا اللہ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بىر گۇناھكارغا ياردەم قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئېغىر دەرىجىدە تاپا قىلدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن،

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 379 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 436 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 33 ـ بەت.

www.munber.org

زالىمغا ئۇنىڭ زالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم قىلغان، بەلكى ئۇنى زۇلۇم قىلىشقا ئۈندىگەن ۋە قاتتىق كۈشكۈرتكەن كىشىنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟ »[1]

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇش ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى زىيادە قىلىش ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

قازى ئەياز «ئەششىفا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) نىڭ مەنئى قىلىنمىغان ياكى بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئاندىن شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاپا ـ تەنىگە ئۇچرىشى بولسا، پەقەت ئۇلارنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىرىگە ۋە كامالى ئىتائەتمەنلىكىگە نىسبەتەن گۇناھتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا ۋە يامان ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ.»

قازى ئەياز بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن توختالغان ۋە ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تىلەشتە بولسا بىر قىسىم ئۇلىمالار كۆرسەتكەن ناھايىتى ئىنچىكە مەنىلەر بار. ئۇ بولسىمۇ الله نىڭ مۇھەببىتىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[2] دېدى.»[3]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

سەپەردە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش.

الله تائالانىڭ: ﴿نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى سەپەردە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ: ﴿سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزى يەرلەرنى كېزىپ سەپەر قىلساڭلار، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بۇ سەپەرنىڭ پەقەت جىھاد ئۈچۈنلا بولۇشىنى شەرت قىلماستىن، ھەممە سەپەرنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق دېگەن.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 35 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] قازى ئەيازنىڭ «ئەششىفا» ناملىق كىتابىغا ۋە جامالۇددىن قاسىمىنىڭ «مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلدكە قاراڭ.

ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مۇساپىرنىڭ نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشىغا دەلىل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار قەسرى قىلىش پەرزمۇ ياكى رۇخسەتمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن.

1 ـ قاراشتىكىلەر نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش رۇخسەتتۇر، ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى خالىسا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ، خالىسا تولۇق ئوقۇيدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد (اللہ ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ قاراشتىكىلەر نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش پەرزدۇر، ئىككى رەكئەت ناماز مۇساپىرنىڭ تولۇق ئوقۇيدىغان نامىزىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم نامازنى تولۇق ئوقۇغان بولسا، ۋاقىت بولسىلا ئۇنى قايتا ئوقۇيدۇ.» ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش سۈننەتتۇر، پەرز ئەمەس.

### بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەر نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنىڭ پەرز ئەمەسلىكىگە بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى كىشىگە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنىڭ پەرز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى گۇناھنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەس، دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش پەرز بولغان بولسا ئىدى، ئايەتنىڭ سۆزى: «نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشۇڭلار لازىم» دېيىلەتتى ياكى: «نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇڭلار» دېيىلەتتى.

2 ـ ئۇلار مۇنۇ رىۋايەتنى دەلىل قىلىدۇ: ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە ئۆمرە قىلغىلى باردۇ. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن نامازنى قەسرى قىلىپمۇ ئوقۇدۇم، تولۇقمۇ ئوقۇدۇم، مەلۇم كۈنلەر روزا تۇتتۇم، مەلۇم كۈنلەر روزا تۇتمىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! ياخشى قىپسىز» دېدى. ئۇ مېنى بۇ ھەقتە ئەيىبلىمىدى.[1]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەردە نامازنى بەزىدە تولۇق بەزىدە قەسرى قىلىپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ساھابىلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم ئەيىبلىمىگەن. شۇڭا بۇ نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنىڭ رۇخسەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 18 ـ بەت.

www.munber.org

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز يۇقىرىدا ئۇتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، مۇساپىرغا سەپەردە روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.»

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر سەپەردە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىگە بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەپەر نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا ئاساسەن قەسرى ئەمەس، تولۇق ئادا بولغان بولىدۇ.»

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقسا، قايتىپ كەلگەنگە قەدەر نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيتتى.»

3 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلدىم. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كەلگىچە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇغان ئىدى. ئۇ مەككىدە 18 كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا نامازنى پەقەت ئىككى رەكئەتلا ئوقۇيتتى. ئۇ مەككە ئەھلىگە: «سىلەر نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇڭلار، بىز سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرمىز» دېگەن ئىدى.

4 ـ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەپەردە ھەمراھ بولدۇم. ئۇ نامازنى ئىككى رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇمىدى. مەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغىمۇ سەپەردە ھەمراھ بولدۇم. تاكى اللّٰه تائالا ئۇلارنى قەبزى روھ قىلغانغا قەدەر ئۇلارمۇ سەپەر ئۈستىدە نامازنى ئىككى رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇمىغان ئىدى. اللّٰه تائالا ھەققەتەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[1].»

5 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ناماز ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەت پەرز بولدى. سەپەرگە چىقمىغاندا ئوقۇلىدىغان نامازغا ئىككى رەكئەت قوشۇلدى، سەپەردە ئوقۇلىدىغان ناماز ئىككى رەكئەت بولۇپ مۇقىملاشتى.»[2]

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 310 ـ بەتكە قاراڭ.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگەندەك ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر ئۈستىدە نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇشى ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

## ئىككىنچى ھۆكۈم

نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا دۇرۇس بولىدىغان سەپەر.

فىقھشۇناسلار نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا دۇرۇس بولىدىغان سەپەر ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئۇلاردىن بەزىلەر: بۇ سەپەرنىڭ جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش، ئۆمرە قىلىش، ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەرگە ئوخشاش چوقۇم الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت بولىدىغان سەپەر بولۇشى، ياكى تىجارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەرگە ئوخشاش قىلىسا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلارغا سەپەر قىلغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ، شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «قىلسا دۇرۇس بولىدىغان پۈتۈن سەپەردە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.»

مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر تىجارەتچى ئادەم، بەھرەيندە ئايلىنىپ يۈرىمەن دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا بۇيرۇغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، سەۋرى ۋە داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «سەپەرلا بولىدىكەن، مەيلى ئۇ دۇرۇس بولغان سەپەر بولسۇن، مەيلى چەكلەنگەن سەپەر بولسۇن، ھەتتا سەپەر قىلغۇچى مۇساپىرلارنى قورقىتىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا چىققان بولسىمۇ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا يېتەرلىكتۇر.»

ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى شۇكى، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش سەپەر ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پەرزدۇر. چۈنكى ئائىشەنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىدە: «ناماز ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەت پەرز بولدى. سەپەرگە چىقمىغاندا ئوقۇلىدىغان نامازغا ئىككى رەكئەت قوشۇلدى، سەپەردە ئوقۇلىدىغان ناماز ئىككى رەكئەت بولۇپ مۇقىملاشتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. قۇرئان كەرىممۇ مەلۇم سەپەرنى خاسلاشتۇرمىدى. شۇڭا سەپەرلا بولىدىكەن، ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر بولغان تەقدىردىمۇ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر بولغان تەقدىردىمۇ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ، چۈنكى نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش سەپەر ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پەرزدۇر،

www.munber.org

دىگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى «ئەتتەلخىيس» ناملىق كىتابتا بايان قىلدۇق. اللہ تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمدە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشنى يېنىكلىتىش، تولۇق ئوقۇشنى ئەسلى قىلىپ بېكىتتى. ئۆتۈككە مەسھى قىلىش مەسىلىسىگە ئوخشاش، گۇناھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەردە رۇخسەتنى تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس.»[①]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن، كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ: نامازنى دۇرۇس بولىدىغان سەپەردە قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ، دېگەن قارىشى كۈچلۈكتۇر. شۇنداق بولغاندا گۇناھقا ياردەم قىلىشتىن ساقلىنالايمىز. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾[②].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغان سەپەرنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

1 ـ زاھىرى مەزھەبىدىكىلەر: سەپەرلا بولىدىكەن، مەيلى ئۇ قىسقا بولسۇن ياكى ئۇزۇن بولسۇن، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش دۇرۇس، دەپ قارايدۇ.

2 ـ شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەبىدىكىلەر: نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى كۈنلۈك سەپەر قىلىش يەنى 16 پەرسەخ[③] مۇساپىنى بېسىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

3 ـ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر: ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ كۈنلۈك سەپەر قىلىش يەنى 24 پەرسەخ مۇساپىنى بېسىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

4 ـ ئىمام ئەۋزائى مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كۈنلۈك سەپەر قىلىش يەنى سەككىز پەرسەخ مۇساپىنى بېسىش كېرەك.»[④]

بۇ ھەقتىكى قاراشلار روزا تۇتۇش ھۆكمى بار ئايەت ھەققىدە توختالغاندا تەپسىلى بايان قىلىنغان ئىدى. شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئىبنۇل ئەرەبى زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر دىن بىلەن ئوينىشىپ: كىمكى يۇرتىدىن سىرتقا چىقسىلا، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنى قىلغۇچى ئادەم ئەرەب ئەمەس بولۇپ، ئەرەبلەردىكى سەپەرنى بىلمەيدۇ ياكى دىنغا سەل قارايدۇ. ئەگەر ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ قارىشىنى تىلغا ئالمىغان بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنى سېلىشقىمۇ، ئۇ ھەقتە دىلىمنى ئارتۇقچە ئاۋارە قىلىپ ئويلاشقىمۇ رازى بولمىغان بولاتتىم. ئىلگىرى ئۆتكەن

---

[①] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 488 ـ بەت.
[②] سۈرە مائىدە، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ
[④] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 185 ـ بەت.

ساھابىلار نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا تېگىشلىك سەپەرنىڭ مىقدارىنى بېكىتىشتە ھەر خىل قاراشتا بولغان. ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا سلارنىڭ ئۇنى بىر كۈنلۈك سەپەر دەپ بېكىتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۇنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەر دەپ بېكىتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر ئۇلارغا بۇ سەپەرنىڭ تەييارلىق بىلەن چىققان ۋە جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدىغان سەپەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.»[1]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### خەۋپ نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا بۇ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان خەۋپ نامىزىغا دائىر ھۆكەملەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىغا خاستۇر دەپ قارايمىز.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: خەۋپ نامىزى رەسمىي بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان خىتاب ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قىلىنغان خىتابتۇر. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى ئىجرا قىلغانلار ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى بولغان ئىماملاردۇر. بۇ ھۆكۈمنى ئۇنىڭغا خاس ئىدى، دېيىش ئورۇنلۇق ئەمەس.

فىقھشۇناسلار بۇ نامازنى قانداق ئوقۇش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، بىرقانچە قاراشلارغا كەلگەن.

ئىبنى قۇدامە «ئەلمۇغنى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «خەۋق نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ھەرقانداق شەكىلدە ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «خەۋق نامىزى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەرقانداق ھەدىسكە ئەمەل قىلىش دۇرۇستۇر.»[2]

ئىمام ئەھمەد سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمەنىڭ ھەدىسىنى تاللىغان بولۇپ، ئۇنى ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەممىسى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن خەۋق نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ ئۇلارنى ئارقى تەرەپكە ئىككى سەپ قىلىپ تىزدى. ئاندىن بىرىنچى سەپ بىلەن بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىدىكى كىشىلەر يەنە بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغىچە ئۆرە تۇردى. ئاندىن ئارقىدىكى سەپتىكىلەر ئالدىغا، ئالدىدىكى

---

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 488 ـ بەت.
[2] ئىبنى قۇدامەنىڭ «ئەلمۇغنى» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 268 ـ بەت.

www.munber.org

سەپتىكىلەر ئارقىغا ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن قالغان بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇدى. ئاندىن تەشەھھۇدتا ئارقىدىكى كىشىلەر يەنە بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغىچە ئولتۇردى. ئاندىن سالام بەردى.»[1]

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ سەپەردە ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا نامازنى ئىمام بىلەن ۋە باشقا بىرى بىلەن قەسرى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

2 ـ ئۇرۇشقا ھەمىشە تەييار تۇرۇش، ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ۋە دۈشمەنلەردىن قاتتىق ھوشيار تۇرۇش ۋاجىپتۇر.

3 ـ نامازنىڭ مۇئەييەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش دۇرۇس ئەمەس.

4 ـ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا چىداملىق بولۇش، ئاجىزلىق قىلماسلىق ۋە قورقماسلىق زۆرۈردۇر.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# يېمەكلىكلەرنىڭ ھالال بولغان ۋە ھارام بولغان تۈرلىرى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ
غَيۡرَ مُحِلِّي ٱلصَّيۡدِ وَأَنتُمۡ حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ مَا يُرِيدُ ۝١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحِلُّواْ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ
وَلَا ٱلشَّهۡرَ ٱلۡحَرَامَ وَلَا ٱلۡهَدۡيَ وَلَا ٱلۡقَلَٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ ٱلۡبَيۡتَ ٱلۡحَرَامَ يَبۡتَغُونَ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّهِمۡ
وَرِضۡوَٰنٗاۚ وَإِذَا حَلَلۡتُمۡ فَٱصۡطَادُواْۚ وَلَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شَنَـَٔانُ قَوۡمٍ أَن صَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ
ٱلۡحَرَامِ أَن تَعۡتَدُواْۘ وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ
إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ۝٢ حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦ
وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ وَٱلۡمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيۡتُمۡ وَمَا ذُبِحَ عَلَى
ٱلنُّصُبِ وَأَن تَسۡتَقۡسِمُواْ بِٱلۡأَزۡلَٰمِۚ ذَٰلِكُمۡ فِسۡقٌۗ ٱلۡيَوۡمَ يَئِسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمۡ فَلَا
تَخۡشَوۡهُمۡ وَٱخۡشَوۡنِۚ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ
دِينٗاۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ فِي مَخۡمَصَةٍ غَيۡرَ مُتَجَانِفٖ لِّإِثۡمٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ۝٣ يَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَآ
أُحِلَّ لَهُمۡۖ قُلۡ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمۡتُم مِّنَ ٱلۡجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ
فَكُلُواْ مِمَّآ أَمۡسَكۡنَ عَلَيۡكُمۡ وَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ۝٤ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، ھايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلار) نىڭ ھەممىسنى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (ھالال ـ ھارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دا ئۇرۇش قىلىش) نى، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى)، پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى

ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (هەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) هالال سانىماڭلار. ئېهرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ. بىر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى هەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى هەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناهقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله نىڭ ئازابى هەقىقەتەن قاتتىق. سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان هايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، هايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) هارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالال بولىدۇ هەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان هايۋانلار هارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاهىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار هارام قىلىندى، بۇ گۇناهتۇر. كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناهنى مەقسەت قىلماستىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناه بولمايدۇ)، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناهايىتى مېهرىباندۇر. (ئى مۇهەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك - ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ هالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى هالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن ساقلىنىڭلار، الله هەقىقەتەن تېز هېساب ئالغۇچىدۇر»﴾.

ـ سۈرە مائىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەهلىللىرى

أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ : (ئەهدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار)، ۋاپا قىلىش مەنىسىدە قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئەهدىلىرىگە ۋاپا قىلغۇچىلار﴾[1]. «ئەلئۇقۇد» دېگەن سۆز «ئەقد» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە ”چەگمەك“ دېگەن مەنىدە

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېلەتتى. مەسىلەن ئىككى ئارغامچىنى بىر ـ بىرى بىلەن چېگىشنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلەيتتى. كېيىن سودىدا پۈتۈشۈش، سۈلھى تۈزەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەنىلەرگە كۆچمە مەنە قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ئايەتتە شەرىئەت تەكلىپلىرىگە ئوخشاش الله بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئەھدىلەرنى، ئامانەت، ئېلىم ـ سېتىم ۋە باشقا تۈردىكى كېلىشىملەرگە ئوخشاش ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەھدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ: (تۆگە، كالا ۋە قويدىن ئىبارەت ھايۋانلار)، «بەھىيمە» دېگەن سۆز يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ۋە قۇشلاردىن باشقا ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئەلئەنئام» دېگەن سۆز «نەئەم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، تۆگە، كالا ۋە قويلارنى كۆرسىتىدۇ.

حُرُمٌ: (ئېھرامدا بولۇش)، بۇ سۆز «ھەرام» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئېھرام باغلىغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە: سىلەر ئېھرامدا بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ: (الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى)، بۇ سۆز «شەئىيرە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، الله قا ئىتائەت قىلغاننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بېكىتىلگەن بەلگىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ھەج پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئابباستىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ سۆز الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ قاراش ئىكرىمە ۋە ئەتادىن نەقىل قىلىنغان.

ٱلۡقَلَٰٓئِدَ: (قەلادە)، بۇ سۆز «قەلادە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ھايۋانلارغا ئېسىپ قويىلىدىغان بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھەجگە ماڭغان ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان تۆگىسىگە ھەرەم دەرىخىنىڭ قوۋۇزىقىنى ئېسىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن يول بويى خاتىرجەم ماڭاتتى.

وَلَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ: (سىلەرگە سەۋەبچى بولمىسۇن) يەنى سىلەرگە ھەيدەكچى ۋە ئۈندەكچى بولمىسۇن.

شَنَـَٔانُ: (دۈشمەنلىكى) يەنى ئۆچمەنلىك. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ﴾[1]. ئايەتتە: بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى ھەرەم مەسجىدىنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانلىقىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا ئۈندەكچى بولمىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] سۈرە كەۋسەر، 3 ـ ئايەت.

أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ: (الله دىن باشقا نەرسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان) يەنى بوغۇزلىغاندا الله دىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان.

وَٱلْمَوْقُوذَةُ: (ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان) يەنى ئۇرۇپ ئۆلگىدەك قىلىپ تاشلاپ قويغان، ئاندىن بوغۇزلانماستىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋان.

وَٱلْمُتَرَدِّيَةُ: (يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان) يەنى تاغدىن ئېغىناپ كېتىپ ياكى تامدىن چۈشۈپ كېتىپ ۋە ياكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ھايۋان.

وَٱلنَّطِيحَةُ: (ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان) يەنى باشقا ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان.

ذَكَّيْتُمْ: (بوغۇزلىغانلىرىڭلار)، بوغۇزلىغان چېغىڭلاردا شەرىئەت كۆرسەتكەن بوغۇزلاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلىغان.

ٱلنُّصُبِ: (بۇت)، ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز بۇتنى ياكى تاشنى كۆرسىتىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇتلار قويۇلاتتى، ئاندىن ھايۋانلار شۇ بۇتلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىناتتى.»[1]

بِٱلْأَزْلَـٰمِ: (ئەزلام)، ئۇ سۆز «زەلەم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، پال سېلىنىدىغان ياغاچنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ياغاچلار بىلەن پال سېلىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ياغاچلارغا «بۇيرۇق قىلىش، مەنئى قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى يېزىپ، ئاندىن ئۇنى چوڭ بىر تال نەرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن قولىنى تىقىپ بىرنى ئالاتتى ۋە شۇ ياغاچتا چىققان سۆز بويىچە ئىش قىلاتتى.

مَخْمَصَةٍ: (ئاچلىق) يەنى بۇ سۆز ئاچلىقنى بىلدۈرىدۇ.

غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِّإِثْمٍ: (گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن) يەنى گۇناھقا مايىل بولماستىن. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «جەنەف» بولۇپ، مايىل بولماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱلْجَوَارِحِ: (ئوۋچى جانىۋارلار)، بۇ سۆز «جارىھە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قۇشلاردىن شىكارغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارلارنى كۆرسىتىدۇ. شىكارغا ئۆگىتىلگەن ئىتنى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار.

مُكَلِّبِينَ: (شىكارغا ئۆگىتىلگەن)، ئۇ سۆز «مۇكەللىب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئىتنى ئوۋ ئوۋلاشقا كوندۇرغۇچى ۋە ئۇنى ئىگىلىرى ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتكۈچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ئوۋ ئوۋلاش ئۆگىتىلگەن ئىت، قارچىغا ۋە باشقا جانىۋارلارنى كۆرسىتىدۇ.

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، نصب بۆلۈمى.

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بىرىنچى ئايەتتە مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى الله بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەھدىلەرگە ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا تۆگە، كالا ۋە قويلارنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن گۆشلىرىنى ھالال قىلغانلىقىنى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى ۋە كېيىنكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھارام نەرسىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا الله تائالا بەندىلىرىگە ئېھرام ھالىتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

الله تائالا ئىككىنچى ئايەتتە مۆمىنلەرنى ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاش، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىش، بويۇنلىرىغا قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرنى ئېسىپ الله نىڭ بەيتى ئۇچۇن ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ ماڭغان قۇربانلىق ھايۋانلارنى توسۇۋېلىش، الله نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ ھەرەم مەسجىدىگە قاراپ ماڭغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ياكى ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن ئۇلارنى توسۇۋېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش دىنىي ئالامەتلەرنى ھالال ساناشنى مەنئى قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئوۋ ئوۋلاشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلارنى باشقىلارغا، ئۇلارنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىن چېقىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. زۇلۇم قىلىش ھەقىقەتەن يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. الله تائالا زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىنى ۋە ھەممە تۈرلىرىنى ھارام قىلدى. ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا﴾ ياردەملىشىشكە، ﴿گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا﴾ ياردەملەشمەسلىككە بۇيرۇدى. بۇ ئايەتنى الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىغا قاتتىق ئازابىنىڭ بارلىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

الله تائالا ئۈچىنچى ئايەتتە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا يىغىنچاقلاپ: ﴿سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا﴾ دەپ بايان قىلغان ھارام نەرسىلەرنى ساناپ ئۆتتى، بۇ يەردە ئۇ ھارام نەرسىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدى. جەمئى 11 نەرسە ھارام قىلىنغان بولۇپ، پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ بىلەن پال سېلىشتىن باشقا ھەممىسى يېمەكلىككە ئائىت نەرسىلەردۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر بۇ ھارام نەرسىلەرنى ھالال سانايتتى. ئىسلام شەرىئىتى ئۇنى ھارام قىلدى. ئۇ: ﴿ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان﴾ ﴿ئاخىرقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا بايقىلىپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا بوغۇزلانغان ھايۋان بۇنىڭدىن مۇستاسنا﴾ ۋە بۇتلارغا بوغۇزلانغان ھايۋانلاردىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا الله تائالا

www.munber.org

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز گۇمانىچە ئىشلىرىدا ئىلاھلاردىن مەسلىھەت سورىغانلىق دەپ بىلىپ، ئۈچ پارچە ياغاچ بىلەن پال سېلىشلىرىنى ھارام قىلدى، چۈنكى ئۇلار پال سالغاندا بۇيرۇق يېزىلغان ياغاچ چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلاتتى، چەكلىمە يېزىلغان ياغاچ چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلمايتتى. الله تائالا بۇ قىلمىشنىڭ شەيتان ئەمەلىدىن ئىبارەت ﴿گۇناھ﴾ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن قىلغانلىقى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تاماملىغانلىقى، پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلغانلىقى، پاسكىنا نەرسىلەرنى ھارام قىلغانلىقى، پەقەت قاتتىق ئاچلىقتىن مەجبۇرى بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا الله ئىنسانغا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن جېنىنى ساقلىغىدەك مىقداردا يېيىشنى دۇرۇس قىلغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇشرىكلار بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلاتتى، قۇربانلىقلارنى ئاتاپ ئېلىپ كېلەتتى، ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئالامەتلەرنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە قۇربانلىقلارنى قۇربانلىق قىلاتتى. مۇسۇلمانلار بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دا ئۇرۇش قىلىش) نى، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى)، پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»①

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا ئايەتتە قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ھايۋانلارغا چېقىلىشنى مەنئى قىلدى. ئاندىن قۇربانلىقنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر ئېسىلغان ھايۋانلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. مۇنداق قىلىش ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدە قەدرى ـ قىممىتىكە ۋە ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەتتىن قۇربانلىقنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرگە

① ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 128 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 54 ـ بەت.

چېقىلىشنى مەنئى قىلىش كۆزدە تۇتۇلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ھايۋانلارغا چېقىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇ ھايۋانلارغا ئېسىلغان بەلگىلەرگە چېقىلىشمۇ مەنئى قىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇ ھايۋانلارغا چېقىلىشنى ھالال ساناش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇ ھايۋانلارغا ئېسىلغان بەلگىلەرگە چېقىلىشنىمۇ ھالال سانىماڭلار دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادىتى «قېرىندىشىڭغا زالىم بولسىمۇ ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسىمۇ ياردەم قىلغىن» دېگەن قارىغۇلارچە تۇغقانبازلىق قىلىش پرىنسىپى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئىسلام دىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾. بۇ ئىككى پرىنسىپنىڭ ئارىسى تولىمۇ يىراق ـ ھە!

3 ـ ئۈچ پارچە ياغاچ بىلەن پال سېلىش ئىشىغا كەلسەك، جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر سەپەرگە، ئۇرۇشقا ۋە تىجارەتكە چىقماقچى بولسا، ياكى خوتۇن ئالماقچى بولسا، ياكى نەسەب ئىشىدا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قاتىلىنى تېپىش ئىشىدا، دىيەت تۆلۈشۈپ بېرىش ئىشىدا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مەككىدىكى ئەڭ چوڭ بۇتى «ھۇبەل» نىڭ قېشىغا كېلەتتى. ئۇلار يۈز تەڭگە پۇل ئېلىپ كېلىپ، پال سېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئۈچ تال ياغاچنىڭ ئىگىسىگە بېرەتتى. ئۇ ئادەم ئۇ ياغاچلارنى ئۇلار ئۈچۈن ئارىلاشتۇرۇپ بېرەتتى. ئۇلار ئىلاھلىرى بولغان بۇتلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئەگەر «پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇدى» دېگەن خەت يېزىلغان ياغاچ چىقسا، قىلماقچى بولغان شۇ ئىشنى قىلاتتى. ئەگەر «پەرۋەردىگارىم مېنى مەنئى قىلدى» دېگەن خەت يېزىلغان ياغاچ چىقسا، ئۇ ئىشنى قىلمايتتى. ئەگەر «مەلۇم ئەمەس» دېگەن خەت يېزىلغان ياغاچ چىقسا، بۇيرۇق يېزىلغان ياكى مەنئى قىلىش يېزىلغان ياغاچ چىققانغا قەدەر ياغاچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن يەنە ئالاتتى. الله تائالا ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە ئۇنى گۇناھ دەپ ئاتىدى[1].

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى﴾ دېگەن سۆزى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىنىلا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولماستىن، شۇ زامانىنى ۋە شۇ زاماندىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى زامانلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: «تۈنۈگۈن ياش ئىدىم، بۈگۈن ياشىنىپ قالدىم» دېسە، ئۇ ھەرگىزمۇ "تۈنۈگۈن" دېگەن سۆزى بىلەن بۈگۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىنى، "بۈگۈن" دېگەن سۆزى بىلەن شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىنى كۆزدە تۇتماستىن بەلكى ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى زامانىنى كۆزدە تۇتقان بولىدۇ.

5 ـ ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ دېگەن بۇ ئايەت پەيغەمبەر

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 469 ـ بەت.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامغا ۋىدالىشىش ھەججىدە نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا ئىدى. كۈن جۈمە كۈنى ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈن ھېيتنىڭ ئۈستىگە ھېيت بولغان ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلاردىن بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! سىلەرنىڭ كىتابىڭلار قۇرئان كەرىمدە سىلەر ئوقۇيدىغان بىر ئايەت بار. ئەگەر ئۇ ئايەت بىز يەھۇدىيلار جامائىتىگە نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىز شۇ كۈننى ھېيت قىلىۋالغان بولاتتۇق، دەيدۇ. ئۆمەر: «قايسى ئايەتنى دەيسەن؟» دەيدۇ. يەھۇدىي: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم...﴾ دېگەن ئايەتنى دەيمەن، دەيدۇ. ئۆمەر: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ۋاقتىنى ۋە كۈننى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرەفاتتا جۈمە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى نازىل بولغان» دەيدۇ[1].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت نازىل بولغاندا ئۆمەر يىغلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئى ئۆمەر! سېنى نېمە يىغلاتتى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: مېنى شۇ نەرسە يىغلاتتىكى، بىز دىنىمىزدىن يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ تۇراتتۇق. مانا ئەمدى ئۇ پۈتۈن بولماستىن كەملەپ كېتىدىغان بولدى، دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ئېيتتىڭ» دېگەن. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىنى خەۋەر قىلىپ تۇراتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇ پەقەت **81** كۈن ھايات ياشىغان[2].

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتنى كەرىمدىكى «ئەھدىلەر» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھدىلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى قەرز ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان كىشىلەر بىلەن ئېلىم ـ سېتىم، ئىجارە ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ.» بۇ ھەسەننىڭ قارىشىدۇر.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەج قىلىش، روزا تۇتۇش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ئاتاپ نەزىر قىلىش قاتارلىقلاردىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تائەت ـ ئىبادەتلەردىن ئىبارەت شەرئەت ئەھدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام تەبەرىمۇ مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى.

ئىمام قۇرتۇبى ۋە كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار ئېيتقاندەك، توغرا قاراش شۇكى، بۇ ئەھدىلەر مۇئامىلە ئەھدىلىرىنى ۋە شەرىئەت ئەھدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرىئەت ئەھدىلىرى بولسا، الله تائالا بەندىلىرىگە پەرز قىلغان، ھالال ۋە ھارام قىلغان شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «زۇججاج بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ: بۇ ئايەت، «الله نىڭ سىلەر ئۇستۇڭلاردىكى ئەھدىسىگە ۋە ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار» دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ، دېدى.»

بۇنىڭ ھەممىسى ئايەتنىڭ ئاممىبابلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مەسىلىدە مۇشۇ قاراش توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### بۇ ئايىتى كەرىمە كۆرسەتكەن ھارام ھايۋانلار قايسىلار؟

بۇ ئايىتى كەرىمە ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنى تەپسىلى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، بۇتلارغا ئاتاپ ياكى الله دىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، بۆرە ۋە شىرغا ئوخشاش ئۆتكۈر تىرناقلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان قاتارلىقلاردۇر.

ياراتقۇچى ئىگىمىز الله تائالا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان قاتارلىقلاردىن ئىنسان تىرىكلىكىنى بايقاپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا بوغۇزلىغانلىرىنى يۇقىرىدىكى ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلدى.

فىقھشۇناسلار: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھۆكمى بېرىلگەن ھايۋانلار بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

شافىئىي ۋە ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا بۇ تۈرلۈك ھايۋاننىڭ تىرىك ئىكەنلىكى بايقالسا يەنى ئۇنىڭ قۇيرۇقى مىدىرلىغان ياكى پۇت تەپكەن ئەھۋال كۆرۈلسە، ئاندىن بوغۇزلانسا، ئۇ ھايۋان ھالالدۇر.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق ھايۋاننىڭ تىرىك بولۇشىدا ئۇنىڭ مىدىراپ تۇرۇشى، ئۆلۈپ قالاي، دېگەن بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىدىراشنىڭ

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 33 ـ بەت.

www.munber.org

ئالامىتى بولسا، ئۇ ھايۋان بوغۇزلىغان ۋاقىتتا ئەمەس، بوغۇزلانغاندىن كېيىن پۇت تېپىشى لازىم.»[1]

ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر ئۇ ھايۋاننىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى گۇمان كۈچلۈك بولسا، ھالال بولمايدۇ، ئۇنى بوغۇزلىغاننىڭمۇ پايدىسى يوق.

ئۇنىڭدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قارىشى شافىئىي ۋە ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ھايۋان بوغۇزلاشقا ئۆلگۈرگەنلا بولسا، ھالال بولىدۇ، دېيىلگەن.

فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى بولسا، ﴿لېكىن بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمدە مۇستەسنا قىلىنغان ھايۋانلار يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىندىمۇ ياكى ئۇ ھايۋانلاردىن سىرتقى ھايۋانلارغا قارىتىلامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھايۋانلار يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىنغان، دېگۈچىلەر مۇستەسنا قىلىنغان ھايۋانلارنى يۇقىرىدىكى ھارام ھۆكۈمدىن ئايرىپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت: لېكىن يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن تېخى جېنى چىقىپ كەتمىگەنلىرىنى بايقىساڭلار ۋە ئۇنى بوغۇزلىساڭلار، ئۇنى يېيىش سىلەرگە ھالال بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ھايۋانلار يۇقىرىدىكى ھايۋانلاردىن سىرتقى ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ، دېگۈچىلەر: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولمايدۇ، چۈنكى مۇستەسنا قىلىنغان ھايۋانلار ھارام قىلىنغان ھايۋانلاردىن ئەمەس، بەلكى ھارام قىلىنغان ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار سىلەرگە ھارام قىلىندى، لېكىن اللہ تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن ھايۋانلاردىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەنلىرىڭلار سىلەرگە ھالال بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۈچلۈك قاراش بولسا، بۇ ھايۋانلار يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىنغان دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى ئېگىزدىن يىقىلىپ كەتكەن ھايۋان ئۆلۈپ قالمىغان بولۇپ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن بوغۇزلانسا، ئۇنى يېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقىدا ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن. شۇڭا باشقا قاراش تازا ئورۇنلۇق ئەمەس. بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ھايۋانلار يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىنغان بولۇپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاندىن باشلانغان بەش تۈرلۈك ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەلى، ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر. مۇستەسنا قىلىنغان ھايۋان يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋانغىلا قارىتىلىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار. لېكىن ئالدىنقى قاراش بەكراق كۈچكە ئىگىدۇر.

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 58 ـ بەت.

ئۈچىنچى ھۆكۈم

شەرىئەتكە ئۇيغۇن بوغۇزلاش قانداق بولىدۇ؟

1 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «بوغۇزلىنىدىغان ھايۋان پەقەت كانايىنى ۋە ئىككى جان تومۇرنى كېسىش بىلەن بوغۇزلىنىدۇ.»

2 ـ ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «كاناي ۋە قىزىلۆڭگەلچەكنى كېسىش بىلەن بوغۇزلىنىدۇ. ئىككى جان تومۇرنى كېسىشنىڭ ئېھتىياجى يوق. چۈنكى كاناي بىلەن قىزىلۆڭگەلچەك تاماق ۋە سۇنىڭ ئۆتىدىغان جايىدۇر.»

3 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «كانايىنى، قىزىلۆڭگەلچەكنى ۋە ئىككى جان تومۇرنىڭ بىرىنى كېسىش كۇپايە قىلىدۇ.»

ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە گۆشنىڭ پاكىز بولۇشىغا، ھالال بولغان گۆشنىڭ ھارام بولغان قانىدىن پاكىز ئايرىلىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن رەۋىشتە مال بوغۇزلاشقا كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ قان چىقىپ كېتىدىغان تومۇرلارنى كېسىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېنى ئېقىتىلغان ۋە اللە نىڭ ئىسمى ئاتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يەڭلار.»[①] تەپسىلى مەلۇماتلار فىقھى كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

مالنى بوغۇزلايدىغان ئەسۋابقا كەلسەك، چىش ۋە تىرناقتىن باشقا قان چىقىرالايدىغان ۋە تومۇرنى كېسىۋېتەلەيدىغان ھەرقانداق نەرسە بىلەن بوغۇزلاشقا بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ئەگەر چىقىرىۋېتىلگەن چىش ۋە تىرناق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مال بوغۇزلانغان تەقدىردە يېيىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تۆگىگە كەلسەك، ئەگەر تۆگە ياۋايىلىشىپ قېچىپ كەتسە ياكى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ئۇۋنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۇنى يارىلاندۇرۇش بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئىمام بۇخارى، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد رافىئ ئىبنى خەدىجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەلۇم بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. ئادەملەردىن بىرەيلەننىڭ تۆگىسى قېچىپ كەتتى. ئۇلاردا ئۇنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن ئات يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ توختاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ھايۋانلارمۇ ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش ياۋايىلىشىپ كېتىدۇ. قايسى ھايۋان شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ جاجىسىنى مۇشۇنداق بېرىڭلار» دېدى.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداق تۆگىمۇ باغلاق تۆگىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىنىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىك رافىئ ئىبنى خەدىجنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلىماي قالغان بولۇشى مۇمكىن.»

---

[①] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىبنۇل ئەرەبىي «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ھەدىسنى مۇنداق تەئۋىل قىلىپ چۈشەندۈرگەن: بۇ ھەدىس قېچىپ كەتكەن ھايۋاننى ئېتىش ياكى باشقا نەرسە بىلەن توختىتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بۇ ئۇ ھايۋاننى بوغۇزلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. تۆگە، كالا ۋە قوي ـ ئۆچكىلەرنى چوقۇم بوغۇزلاش لازىم.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ئۇۋچى جانىۋارلار ئوۋلىغان ھايۋاننىڭ ھۆكمى نېمە؟

الله تائالانىڭ: ﴿ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى﴾ دېگەن سۆزى ئىت، تايغان، قارچىغا ۋە بۈركۈتكە ئوخشاش يىرتقۇچ جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنى، بۇ جانىۋارلارنىڭ شىكارغا ئۆگىتىلگەن بولۇش شەرتى بىلەن يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

فىقھشۇناسلار شىكارغا ئۆگىتىلگەن ھەرقانداق ئىتنىڭ ئوۋلىغان نەرسىسىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىي ئىبنى ھاتەمگە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شىكارغا ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ (يەنى بىسمىللاھ دەپ) قويۇۋەتكەن بولساڭ، ئۇ سەن ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىنى يېگىن. ئەگەر ئىتىڭ ئۇنى يەپ قويغان بولسا، سەن يېمىگىن.»[①]

بەزى فىقھشۇناسلار شىكارغا ئۆگىتىلگەن ئىتنىڭ ئوۋلىغان نەرسىسىنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئىتتا تولۇق بولۇشقا تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە شەرتنى شەرت قىلغان:

1 ـ ئۆگىتىلگەن ئىت چاقىرغاندا كېلىدىغان، توسقاندا يانىدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى الله تائالا: ﴿سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلار﴾ دېدى.

2 ـ ئىت ئوۋلىغان نەرسىنى يېمىگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار﴾ دېدى.

3 ـ ئىتنى شىكارغا قويۇۋەرگەندە الله نىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىش يەنى بىسمىللاھ دېيىش لازىم. چۈنكى الله تائالا: ﴿(ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇۋەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ (يەنى بىسمىللاھ دەپ) قويۇۋەرگەن بولساڭ» دېدى.

4 ـ بۇ جانىۋار بىلەن شىكار قىلغۇچى مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك.

---

[①] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن رىۋايەت قىلغان.

5 ـ بەزى فىقھىشۇناسلار ئۇۋچى ئىتنىڭ قارا بولماسلىقىنى شەرت قىلغان.

بۇ شەرتلەرنىڭ بەزىسى ھەققىدە فىقھىشۇناسلار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ئۇنى تەپسىلى بىلىش ئۈچۈن فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

www.munber.org

## تاھارەت ۋە تەيەممۇمنىڭ ھۆكۈملىرى

﴿ ٱلْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ ۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ حِلٌّ لَّكُمْ وَطَعَامُكُمْ
حِلٌّ لَّهُمْ ۖ وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلْمُؤْمِنَٰتِ وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن
قَبْلِكُمْ إِذَآ ءَاتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِىٓ أَخْدَانٍ ۗ وَمَن
يَكْفُرْ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓا۟ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغْسِلُوا۟ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى ٱلْمَرَافِقِ وَٱمْسَحُوا۟
بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى ٱلْكَعْبَيْنِ ۚ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَٱطَّهَّرُوا۟ ۚ وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ
عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ ٱلْغَآئِطِ أَوْ لَٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُوا۟ مَآءً
فَتَيَمَّمُوا۟ صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُوا۟ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ ۚ مَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيَجْعَلَ
عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ
﴿٦﴾ ﴾

﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تاماقلىرىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئېيپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار). ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر. كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ. ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار). ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ

تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن الله شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾.

ــ سۈرە مائىدە 5 ــ، 6 ــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَطَعَامُ: (تامىقى)، بۇ سۆز يېگىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ ئايەتتە بوغۇزلانغان ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارا بوغۇزلىغان مال بىزگە ھالالدۇر. شۇنداقلا بىز بوغۇزلىغان مال ئۇلارغىمۇ ھالالدۇر.

وَٱلْمُحْصَنَٰتُ: (ئەففە ئاياللار) يەنى ئىپپىتىنى ساقلىغان ئاياللار. شەئبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئىپپىتىنى قوغداپ زىنادىن ساقلانغان ئايالنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ سۆز ھەققىدە يۇقىرىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

وَلَا مُتَّخِذِىٓ أَخْدَانٍ: (يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا)، «ئەخدان» دېگەن سۆز «خىدن» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، دوست دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەر بىرەر ئايالنى ئاشنا تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلاتتى. ئايالمۇ بىرەر ئەرنى ئاشنا تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلاتتى. ئىسلام دىنى بۇ پاھىشىنى ھارام قىلدى.

يَكْفُرْ بِٱلْإِيمَٰنِ: (ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن) يەنى ھالال ۋە ھارامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام شەرىئىتىدىن تانىدىكەن.

حَبِطَ عَمَلُهُۥ: (ئۇنىڭ ئەمەلى يوققا چىقىرىلىدۇ) يەنى ئەمەلىنىڭ ساۋابى بىكار قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىماندىن يېنىش ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ. ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1].

إِذَا قُمْتُمْ: (تۇرغىنىڭلاردا)، زەجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز نامازغا تۇرماقچى بولغىنىڭلاردا، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿سەن قۇرئان

[1] سۈرە فۇرقان، 23 ـ ئايەت.

ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾ دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.»[1]

فَٱغۡسِلُواْ: (يۇيۇڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «غەسل» بولۇپ، بىر نەرسە ئۈستىدىكى كىر ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە سۇ ئاقتۇرۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وُجُوهَكُمۡ: (يۈزۈڭلارنى)، ئۇ سۆز «ۋەجھ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، يۈز دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يۈزنىڭ چېگرىسى ئۇزۇنىسىغا پېشانىدىن باشلاپ ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە، توغرىسىغا قۇلاقنىڭ يۇمشىقىدىن باشلاپ يەنە بىر قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە بولىدۇ.

إِلَى ٱلۡكَعۡبَيۡنِ: (ئىككى ئوشۇققىچە)، ئوشۇق قەدەمنىڭ پاچاق بىلەن تۇتاشقان قىسمىدىن ئىككى تەرەپكە تومپىيىپ چىقىپ قالغان سۆڭەكنى كۆرسىتىدۇ.

مِّنۡ حَرَجٍ: (مۇشەققەتنى) يەنى دىندا تارلىقنى. اللە تائالا مۆمىنلەرگە تەيەممۇم قىلىشنى رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارغا ھەقىقەتەن كەڭچىلىك قىلدى.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿سىلەرگە﴾ ئىلگىرى ھالال بولۇپ كەلگەن پاك يېمەكلىكلەر ﴿ھالال قىلىندى﴾، كىتاب بېرىلگەنلەر يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرى ﴿سىلەرگە ھالالدۇر﴾ ۋە سىلەرنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىڭلار ﴿ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ﴾، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن بولغان ئەففە ھۆر ئاياللارنىڭ مەھرىلىرىنى بەرسەڭلار، خوتۇن ئېلىش بىلەن ئۆزەڭلارنى ﴿ئىپپەتلىك بولۇشنى﴾ كۆزلىگىنىڭلار، ئاشكارا زىنا قىلمىغىنىڭلار، يوشۇرۇن زىنا قىلىش ئۈچۈن ئاياللاردىن ئاشنا ۋە دوست تۇتىۋالمىغىنىڭلار ھالدا ئۇلارنى ئالساڭلار، ئۇلارنى ئېلىش سىلەرگە ھالالدۇر. ﴿كىمكى﴾ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ساۋابى بىكار قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

اللە تائالا كېيىنكى ئايەتتە تاھارەت ئېلىش ۋە تەيەممۇم قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ، ﴿ناماز﴾ ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا، پاكىز سۇ بىلەن ﴿يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىينىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 473 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىينىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 298 ـ بەت.

www.munber.org

يۇيۇۋالار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار﴾ سۇ بىلەن غۇسلى قىلىڭلار. ئەگەر سۇ زىيان قىلىدىغان كېسەل ﴿بولساڭلار﴾ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى تاھارەت سۇندۇرغان بولساڭلار، ياكى ﴿ئاياللىرىڭلار﴾ بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولساڭلار، مۇشۇنداق ھالەتلەردە تاھارەت ئالىدىغان ياكى غۇسلى قىلىدىغان ﴿سۇ تاپالمىساڭلار﴾، پاكىز تۇپراق بىلەن ﴿تەيەممۇم قىلىڭلار﴾. شۇ تۇپراق بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلارغا قوشۇپ ﴿مەسھى قىلىڭلار. الله﴾ دىنىي ئەھكاملاردا سىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشنى ﴿خالىمايدۇ﴾، لېكىن الله تائالا سىلەرنى گۇناھلاردىن، يامانلىقلاردىن، مەينەتچىلىكلەر ۋە پاسكىنىچىلىقلاردىن پاكلاشنى، ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن ﴿نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنى ئەھلى كىتابتىن بولغان ئەففە ئاياللاردىن بالدۇر تىلغا ئېلىش مۆمىن ئايال بىلەن توي قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گەرچە ئەھلى كىتاب ئايال بىلەن توي قىلىش ھالال بولسىمۇ، لېكىن مۆمىن ئايال ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. شۇڭا مۆمىن ئايال بىلەن توي قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە كىشى ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى بايلىقتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ بايلىق ياخشى ئايالدۇر...» ياخشىلىق ھەققەتەن پەزىلەتلىك مۆمىن ئايالدىلا بولىدۇ. سۈرە ئەھزابتىمۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار﴾[1] دەپ، مۆمىن ئاياللارنى ئېلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەشتىكى سىر دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

2 ـ ئاياللارنىڭ ھالال بولۇشىغا مەھرى بېرىشنى شەرت قىلىش مەھرى بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. كىمكى خوتۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ مەھرىنى بەرمەسلىكنى ئىرادە قىلسا، زىناخور بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەھرىنىڭ مۇئەييەن مىقدارى يوق. شۇڭا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قانچىلىك مەھرىگە پۈتۈشكەن بولسا، شۇ بويىچە بولۇۋېرىدۇ.

3 ـ تاھارەت ئېلىش بايان قىلىنغان ئايەتتە باشقا مەسھى قىلىشنىڭ يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالار ئىچىدە كېلىشى، تاھارەت ئالغاندا تەرتىپكە رىئايە قىلىشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن يۈزنى يۇيۇش، ئاندىن ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، ئاندىن باشقا مەسھى قىلىش، ئاندىن ئىككى پۇتنى يۇيۇش كېرەك. بۇ تەرتىپ بەزى قاراشلارغا ئاساسەن پەرز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ۋاقىتتا تەلەپ قىلىنىدىغان ۋە ياخشى دەپ قارىلىدىغان ئىشتۇر. شۇنداق

[1] سۈرە ئەھزاب، 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يولغا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەۋزەل رەۋىشتە ئەگەشكەنلىك بولىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئەھلى كىتابنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر﴾ دېگەن سۆزى ئەھلى كىتابنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا قاراش بولۇپ، بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئاش - نان، مېۋە - چېۋە ۋە بارلىق يېمەكلىكلەر بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بوغۇزلىغان ماللار ئۇلارنىڭ الله نىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغانلىقلىرى ئۈچۈنلا ھالال بولىدۇ. ئەمما ئاش - نان ۋە مېۋە - چېۋىگە كەلسەك، ئۇ ئەھلى كىتابلارنىڭ بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ، ئۇلارنىڭ بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ مۆمىنلەر ئۈچۈن ھالالدۇر. شۇڭا ئۇنى ئەھلى كىتابلارغا خاسلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ ھۆكۈم ئەھلى كىتابقا خاسلاشتۇرۇلدى. چۈنكى بۇتپەرەسلەرنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش ھالال بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللاھ دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار﴾[1]، ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[2].

ئەھلى كىتابلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىش ۋە ئاياللىرىنى ئېلىش جەھەتتە خاس ھۆكۈم بار. مەجۇسىيلارغا كەلسەك، جىزيە ئېلىش جەھەتتە ئەھلى كىتابقا قوللانغان تۈزۈم ئۇلارغىمۇ قوللىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىشكە، ئاياللىرىنى ئېلىشقا بولمايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى تەغلىب قەبىلىسىنىڭ ناسارالىرىنى ئايرىپ قاراپ: «ئۇلار ناسارا دىنىدا ئەمەس، ئۇلار ناسارا دىنىدىن پەقەت ھاراق ئىچىشنىلا قوبۇل قىلغان» دېگەن. ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇ قاراشنى ئالغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەرەب ناسارالىرىنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىش ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «ھېچقىسى يوق»

[1] سۈرە ئەنئام، 121 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 221 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇ قاراشنى ئالغان[1].

اللہ تائالا بۇغۇزلىغان ماللار بىلەن خوتۇن ئېلىشتىكى ھۆكۈمنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش ئۈچۈنلا: ﴿ۋە سىلەرنىڭ تاماقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر﴾ دېدى، ئاياللارنى بولسا تىلغا ئالمىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بۇغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىش ھالالدۇر. خوتۇن ئېلىش ئىشىدا بولسا ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، پەقەت بىر تەرەپكىلا ھالالدۇر. دېمەك، ئارىدىكى پەرق ئوپئوچۇقتۇر. چۈنكى ئەھلى كىتابقا مۇسۇلمان ئاياللارنى ئېلىش دۇرۇس بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كاپىر ئەرلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا شەرئىي يول بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى بولۇپ قالغان بولاتتى. اللہ تائالا كاپىرلارغا مۆمىنلەرنى باشقۇرۇش ھەققى بەرمىدى. تاماقنىڭ ھەر ئىككىلى تەرەپكە ھالال بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ يەردە ئۇنى مەنئى قىلغىدەك بىرەر سەۋەب يوق.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### يەھۇدىي ئايالنى ياكى خرىستىئان ئايالنى ئېلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار: يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلاردىن بولغان زىممىي ئايالنى ئېلىش ھالال بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا: ﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللار﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى كەرىمنى دەلىل قىلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنداق ئايالنى ئېلىشنى ھالال دەپ قارىمايتتى. ئۇ اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ: «بىر خرىستىئان ئايالنىڭ: پەرۋەردىگارىم ئىسادۇر دېگەن سۆزىدىن چوڭراق شېرىكنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن دەيتتى.» ئۇ يەنە، اللہ تائالا: ﴿مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار﴾[3] دېگەن سۆزىدە كاپىرلاردىن يىراق تۇرۇشنى ۋاجىپ قىلدى، دەپ دەلىل كەلتۈرەتتى.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مەزكۇر ئايەت ئەھلى كىتاب ئاياللارنى ئېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئېنىق دەلىلدۇر. ئىبنى ئۆمەر بولسا ئەھلى كىتاب ئاياللارنى ئېلىشنى يامان كۆرگەن ۋە كەلگۈسىدە ئەرنىڭ ياكى پەرزەنتلەرنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى مەنئى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 146 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇمتەھىنە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەر - خوتۇنچىلىق ھاياتى ئۆزئارا مېھرى - مۇھەببەت كۆرسىتىشكە چاقىرىدۇ. بۇ مېھرى - مۇھەببەت كۈچىيىپ، ئەرنىڭ ئايالىنىڭ دىنىغا مايىل بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. باللار كۆپرەك ئانىغا مايىل بولىدۇ. بۇ مايىللىق ئۇلارنىڭ خرىستىئان ياكى يەھۇدىي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا بۇ توي باللارغا زىيانلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە ئەرنىڭ ياكى باللارنىڭ زىيانغا ئۇچراش خەۋپى بولسا، بۇ توي قەتئىي ھالدا ھارام بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە مۇنداق زىيان مەۋجۇد بولمىسا، ياكى ئۇ خوتۇننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپ قېلىشى ئۇمىد قىلىنسا، ئۇنى ئېلىش ھارام دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ئۇچىنچى ھۆكۈم

### تاھارەت سۇندۇرمىغان ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋاجىپمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى نامازغا تۇرماقچى بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ، گەرچە ئۇ تاھارىتىنى سۇندۇرمىغان بولسىمۇ، تاھارەت ئېلىشىنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار پەقەت تاھارەت سۇندۇرغان كىشىنىڭلا تاھارەت ئېلىشىغا بىرلىككە كەلگەن. شۇنداق بولغاندا ئايەتتە: «سىلەر تاھارەتسىز بولساڭلار» دېگەن سۆز قىسقارتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ: «ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا سىلەر تاھارەتسىز بولساڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇلار تاھارەت سۇندۇرغان كىشىنىڭلا تاھارەت ئېلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن بۇ ئايەتنى ئەنە شۇنداق تەۋىل قىلىپ چۈشەندۈرگەن. چۈنكى ئايەتتە بۇنى كۆرسىتىدىغان ئىشارەت بار. نېمىشقا دېگەندە، تەيەممۇم قىلىش تاھارەت ئېلىشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى تۇتىدۇ. ئايەتتە تەيەممۇم قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تاھارەت سۇندۇرغان بولۇش بىلەن شەرت قىلدى. ئەسلى تاھارەتنىڭ ئورنىنى ئالغان تەيەممۇمنىڭ توغرا رەۋىشتە ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن ئەسلى تاھارەتنىڭمۇ شەرتلىك بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى تاھارەت ئېلىشقا قىلىنغان بۇيرۇق غۇسلى قىلىشقا قىلىنغان بۇيرۇق بىلەن ئوخشاشتۇر. ھالبۇكى، غۇسلى قىلىش الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)﴾ دېگەن سۆزى بىلەن شەرت قىلىنغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئوخشىشى بولغان، تاھارەت ئېلىشقا قىلىنغان بۇيرۇقمۇ تاھارەت سۇندۇرغان بولۇش بىلەن شەرت قىلىنىشى كېرەك.

بۇنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى بەش ۋاخ نامازنى بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدىڭغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئۆمەر! مەن بۇنى

قەستەن قىلدىم» دېدى. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ ئۈممىتىگە دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ ھەر نامازغا تاھارەت ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتكە كەلسەك، ھەر نامازغا تاھارەت ئېلىش ۋاجىپ بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى مۇستەھەب بولغانلىقتىن شۇنداق بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئەۋزەل ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەر ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئەمەس.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

باشقا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟ قانچىلىك مىقداردا مەسھى قىلسا بولىدۇ؟

فىقھشۇناسلار باشقا مەسھى قىلىشنىڭ تاھارەتنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى الله تائالا: ﴿بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ دېدى. لىكىن ئۇلار قانچىلىك مىقداردا مەسھى قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

1 - مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر ئېھتىيات قىلىش يولىنى تۇتۇپ: «باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرزدۇر» دەيدۇ.

2 - ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭلىيىغا مەسھى قىلغانلىقىنى تۇتقا قىلىپ: «باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش پەرزدۇر» دەيدۇ.

3 - شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر مەسھىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا: «ئەڭ ئاز دېگەندە مەسھى، دېگىلى بولىدىغان شەكىلدە، ئەگەر بىرقانچە تال چاچقا مەسھى قىلىش بولسىمۇ، مەسھىنىڭ پەرزى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر» دەيدۇ.

### مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئۇلار باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىشنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «تاھارەت ئېلىشنى بايان قىلغان ئايەت تەيەممۇم قىلىشنى بايان قىلغان ئايەتكە ئوخشايدۇ. الله تائالا تەيەممۇم قىلىشتا پاك تۇپراق بىلەن يۈزنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىشقا بۇيرۇدى: ﴿ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾. تەيەممۇم قىلىشتا ئومۇمەن يۈزنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرز بولغاندەك، باشقا مەسھى قىلىشتىمۇ باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرز بولىدۇ. باشنىڭ بىر قىسمىغا مەسھى قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ئىشىمۇ تەكىتلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تاھارەت ئالغاندا بېشىنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.»

### ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇغىيرە ئىبنى شۇئبەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلىپ باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىشنى پەرز دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇ ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر سەپەر ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ھاجەت قىلىش ئۈچۈن چۈشتى، ئاندىن تاھارەت ئالدى ۋە ماڭلىيىغا مەسھى قىلدى، دېيىلگەن[1].

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئەڭ ئاز دېگەندە مەسھى دېگىلى بولىدىغان شەكىلدە مەسھى قىلىش مەسھىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئىچىگە كىرىدۇ. مەسھىنىڭ قالغان قىسمى بۇنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، پەرز بولمايدۇ. ئۇ پەقەت سۈننەت دەپ قارىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭلىيىغا مەسھى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت سۈننەت باشنىڭ مەلۇم قىسمىغا مەسھى قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

ئۇ باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرى: اللّٰه تائالا تەيەممۇم قىلىشنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ دېدى. شۇنداق ئىكەن، يۈزنىڭ مەلۇم قىسمىغا مەسھى قىلىش كۇپايە قىلامدۇ؟ دېسە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: تەيەممۇم قىلىشتا يۈزگە مەسھى قىلىش يۈزنى يۇيۇشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. شۇڭا يۈزنىڭ يۇيۇلىدىغان يېرىنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم مەسھى قىلىش لازىم. باشقا مەسھى قىلىش بولسا ئەسلى ھۆكۈمدۇر. مانا بۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقتۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز مەزكۇر ھەدىسكە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئۆزرە تۈپەيلى شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى سەپەر ئۈستىدە يۈز بەرگەن. سەپەردە ئۆزرىلەر چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئالدىراشچىلىق بولۇپ كېتىدىغان ۋە ئىشلار قىسقارتىپ قىلىنىدىغان جايدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭلايغا مەسھى قىلىپلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، سەللىنىڭ ئۈستىگىمۇ مەسھى قىلغان. ئەگەر باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرز بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سەللىگە مەسھى قىلمىغان بولاتتى.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: باشنىڭ مەلۇم قىسمىغا مەسھى قىلىش پەرزدۇر، ھەممىسىگە مەسھى قىلىش سۈننەتدۇر. شافىئىي ۋە ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى ئېھتىياتچانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**بەشىنچى ھۆكۈم**

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 88 ـ بەت.

www.munber.org

جۇنۇبلۇق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەر ھارام بولىدۇ؟

جۇنۇبلۇق شەرئى مەنە بولۇپ، جۇنۇب ئادەم يۇيۇنغانغا قەدەر ئۇنىڭ ناماز ئۆتەشتىن، قۇرئان ئوقۇشتىن، قۇرئاننى تۇتۇشتىن ۋە مەسجىدكە كىرىشتىن يىراق تۇرۇشىنى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى اللە تائالا: ﴿ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)﴾ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇب بولۇپ قېلىشنىڭ ئىككى سەۋەبى بارلىقنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، مەنى چىقىپ كېتىشتۇر. چۈنكى ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇ سۇدىندۇر.» يەنى مەنى چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ بىلەن غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىككى خەتنىگاھنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىششىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى خەتنىگاھ ئۇچرىشىپ قالسا غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ.»

جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلىش پەرز بولغىنىدەك، ھەيز ۋە نىپاس توختىغاندىمۇ غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا ھەيز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾[1]. ئەبۇ ھۇبەيشنىڭ قىزى فاتىمەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ھەيز كەلگەندە نامازنى ئوقۇماڭ، ھەيز توختىغاندا غۇسلى قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇڭ.»[2] نىپاسنىڭ ھەيزگە ئوخشاش ئىكەنلىكىدە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

## ئالتىنچى ھۆكۈم

غۇسلى قىلغاندا ئېغىز ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

فىقھشۇناسلار غۇسلى قىلغاندا ئېغىز ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. مالىكي ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: «ئېغىز ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىش پەرز ئەمەس» دەيدۇ. ھەنەفى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر: «ئۇ ئىككىسىگە سۇ ئېلىش پەرز» دەيدۇ.

### مالىكىي ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار سورۇندا ئادەملەر غۇسلى قىلىش ھەققىدە سۆزلەشكىلى تۇردى. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمما مەن بولسام بېشىمغا ئۈچ ئوچ سۇ تۆكۈپ يۇيۇنىمەن ـ دە، پاك بولۇپ كېتىمەن» دېدى.

### ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

---
[1] سۈرە بەقەرە، 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇق بەدەننىڭ يۇيۇش مۇمكىن بولىدىغان تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېغىز بىلەن بۇرۇن بولسا بۇ ئەزالاردىندۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسىگە سۇ ئېلىش پەرزدۇر. چۈنكى الله تائالا: ﴿پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)﴾ دېدى.

ئۇلار مالىكى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ تۇتقا قىلغان دەلىلىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: مەزكۇر ھەدىس غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرز بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى كۆپ ساندىكى ساھابىلار شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت غۇسلى قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. كىچىك تاھارەت چوڭ تاھارەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

كېسەلنىڭ ۋە مۇساپىرنىڭ سۇ تېپىلغان يەردىكى ھۆكمى نېمە؟

ئايەتنى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسى كېسەلگە تەيەممۇم قىلىشنىڭ شەرتسىز دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى ئۈچۈن سۇ زىيان قىلىدىغان كېسەل بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ۋە بىر قىسىم تابىئىنلاردىن ئايەتتىكى كېسەلنىڭ سۇ زىيان قىلىدىغان كېسەلنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار: كېسەل مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ، دەپ قارىغان:

1 ـ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك گۇمانىغا ياكى ئۇستا مۇسۇلمان دوختۇرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسەن، سۇ ئىشلەتكەندە جېنىنىڭ ياكى ئەزانىڭ نابۇت بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان كېسەل بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق ھالەتتە تەيەممۇم قىلىش ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا دۇرۇس بولىدۇ.

2 ـ سۇ ئىشلەتكەندە كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ياكى پات ساقايماسلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان كېسەل بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا، شۇنداقلا شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ توغراراق بولغان قارىشىدا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىر توپ كىشى سەپەرگە چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ بېشىغا تاش تېگىپ كېتىپ يېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئېھتىلام بولۇپ قالدى. ئۇ ھەمراھلىرىدىن: مېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىمغا رۇخسەت بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: سېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىڭغا رۇخسەت بار، دەپ قارىمايمىز. چۈنكى بۇ يەردە سۇ بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇيۇندى. نەتىجىدە سۇ زىيان قىلىپ ئۆلۈپ قالدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇنى ئۇلار ئۆلتۈرۈپ

www.munber.org

قويۇپتۇ، الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! ئەگەر ئۇلار بىلمىسە، بىلىدىغانلاردىن سوراپ پەتىۋا بەرسە بولمامدۇ؟ نادانلىقنىڭ شىپاسى ھەقىقەتەن سوئال سوراشتۇر» دېدى[1].

3 ـ جان ياكى ئەزانىڭ نابۇت بولۇشىدىن، كېسەلنىڭ پات ساقايماسلىقىدىن ۋە ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقمايدىغان كېسەلگە، مۇنداق ھالەتتە تەيەممۇم قىلىش ھەنەفى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولۇش شارائىتىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا تەيەممۇم قىلىش رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مالىكى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار﴾ دېگەن دەلىل شەرتسىز بايان قىلىنغان.

4 ـ كېسەل بەزى ئەزالارنى قاپلاپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر ساق ئەزالار كۆپ بولسا، ساق ئەزانى يۇيىدۇ، يارىلانغان ئەزاغا مەسھى قىلىدۇ. تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر يارىلانغان ئەزا كۆپ بولسا، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: ساق ئەزانى يۇيىدۇ، ئاندىن شەرتسىز تەيەممۇم قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مالىكى مەزھەبىدىكىلەر: شەرتسىز تەيەممۇم قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

مانا بۇنىڭدىن شۇ ئايدىڭلىشىدۇكى، كېسەل ئادەم ئۈچۈن سۇ بار يەردىمۇ تەيەممۇم قىلىش رۇخسەت قىلىنىدۇ. مۇساپىر ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى ئۈچۈن سۇنىڭ تېپىلماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

تەيەممۇم قىلغاندا ئىككى قولغا جەينەك بىلەن قوشۇپ مەسھى قىلىش ۋاجىپمۇ؟

يۇقىرىدا پاك تۇپراق تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. شەرىئەت ھۆكمىدە تەلەپ قىلىنغان تەيەممۇم بولسا، پاكىزلىنىش نىيىتى بىلەن مەخسۇس ئىككى ئەزاغا شۇ پاك تۇپراقنى سۈرتۈش دېمەكتۇر. ئۇ ئىككى ئەزا بولسا، يۈز ۋە ئىككى قولدىن ئىبارەتتۇر. قول جەينەك بىلەن قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر، شۇنداقلا شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ كۈچلۈكرەك بولغان قارىشىدۇر.

مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە بولسا، قول ئىككى بېغىشقىچە مەسھى قىلىنىدۇ.

### ھەنەفى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى "قول" قول ئەزاسىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق تەيەممۇم قىلىش سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشنىڭ ئورنىنى تۇتىدۇ. ئورنىدا بولغان نەرسە ئەسلى بولغان نەرسىگە دەلىلسىز خىلاپ بولمايدۇ. سۇ بىلەن تاھارەت ئالغاندا قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش پەرز بولغانلىقى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغاندىمۇ جەينەك بىلەن قوشۇپ مەسھى قىلىش پەرز بولىدۇ.

ئۇلار جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: «تەيەممۇم قىلىش (پاك تۇپراققا) ئىككى ئۇرۇشتۇر. بىرى يۈز ئۈچۈن ئۇرۇلىدۇ، يەنە بىرى جەينەك قوشۇلۇپ ئىككى بىلەك ئۈچۈن ئۇرۇلىدۇ.»

### مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

قول دېگەن بۇ سۆز ئالقاننىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار﴾[1] دېگەن سۆزى دەلىل بولىدۇ. قولنى كېسىش ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا بېغىشقىچە بولىدۇ. تەيەممۇم قىلىشتىمۇ شۇ مىقدار كۇپايە قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىينىڭ ئىككى جەينەكنى قوشۇپ مەسھى قىلىشنى پەرز دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىر تۈركۈم ئۆلىمالار: ئىككى بېغىشقىچە مەسھى قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرىينىڭ قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىيمۇ ئىلگىرى مۇشۇ قاراشتا بولغان. ئىمام مالىكتىنمۇ مۇشۇ قاراش رىۋايەت قىلىنغان. شەئبىينىڭ پەقەت ئىككى ئالقاننىڭ ئالدى ـ كەينىگىلا مەسھى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بەزى ھەدىسشۇناس فىقھى ئالىملىرى مۇشۇ ھەدىسنى تۇتقا قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا ئەممارنىڭ مۇنۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قولۇڭنى يەرگە ئۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭگە ۋە ئالقىنىڭغا (يەنى ئالدى ـ كەينىگە) مەسھى قىلىشىڭ سەن ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.» بۇ ھەدىستە يەنە ئەمماردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ قولىنى يەرگە ئۇردى، ئاندىن ئۇنى پۈۋلىۋېتىپ، يۈزىگە ۋە ئالقىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە مەسھى قىلدى. ئىمام بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاندىن ئۇ ئىككى قولىنى ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۈزىگە ۋە ئالقىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە مەسھى قىلدى. دېمەك، بۇ سەھىھ ھەدىسلەر تەيەممۇم قىلىشتا ئايەتتىكى مەسھى قىلىدىغان ئورۇن ۋە ئۇنى قانداق مەسھى قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېھتىماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.»[2]

---
[1] سۈرە مائىدە، 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 290 ـ بەت.

www.munber.org

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابنىڭ بۇغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىش دۇرۇستۇر.

2 ـ مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنى ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئەففە ئاياللارنى ئېلىش دۇرۇستۇر.

3 ـ تاھارەتسىز بولغاندا تاھارەت ئېلىش، جۇنۇب بولغاندا غۇسلى قىلىش نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

4 ـ سۇ تېپىلمىغاندا ياكى سۇ ئىشلىتىش ئۈزرىلىك بولۇپ قالغاندا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇستۇر.

5 ـ ئىسلام دىنى ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان دىندۇر. شەرىئەتتە قىيىن ياكى مۇشەققەت بولۇپ قالىدىغان نەرسە يوق.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

پاك شەرىئەتنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ئىنساننىڭ پاكىز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەينەتچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش، پاك اللە نىڭ ئالدىدا تۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان، بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ۋە كامالىق بىلەن نۇرلاندۇرۇلغان ئالەمگە ئۆرلىتىدىغان روھىي تەربىيە بىلەن يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

تاشقى پاكىزلىقنىڭ سىمۋولى بولۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۆمىنگە تاھارەت ئېلىشنى ۋە غۇسلى قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇنداقلا ئىچكى پاكىزلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇش ئۈچۈن ئۇنى گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىردى. تاھارەت ئېلىش بىلەن غۇسلى قىلىشتىن ماددىي پاكىزلىق بولغان تازىلىق مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئىنساننى دىل، ئەخلاق ۋە دىن جەھەتلەردە پاك ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلەندۈرىدۇ، تىرىكچىلىكنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا، تەن، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىدا پاكىزلىق يولىغا ئادەتلىنىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇنى مۇشۇنداق ئېسىل ئەخلاققا رىغبەتلەندۈردى. چۈنكى ئۇ ﴿كىيىمىڭنى پاك تۇت﴾[1] دېگەن بۇيرۇق ئاساسىدىكى پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ دىنىدۇر. سىرتقى جەھەتتىكى پاكىزلىق ئىچكى جەھەتتىكى پاكىزلىقنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر.

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 4 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن. پاك شەرىئەت بۇ ھەدىستىن ئىنساننىڭ پاكىزلىقىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. اللّٰه تائالا مەزكۇر ئايىتى كەرىمنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھۆكۈملەرنى بەلگىلەشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اللّٰه شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾.

پاكىزلىق مۇسۇلمان ھاياتىنىڭ ئاساسىدۇر. اللّٰه تائالا نامازنى تاشقى پاكىزلىقسىز قوبۇل قىلمىغان ئىكەن، مەنىۋي پاسكىنىلىقلار ۋە مەينەتچىلىكلەر بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن تەقدىردە قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟ ئاندىن ئۇنى ئاخىرەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك ھۇزۇرىدىكى بەخت ـ سائادەت يۇرتى بولغان ئېسىل جەننەتكە قانداقمۇ كىرگۈزسۇن؟

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى پاكىزلىقنىڭ دىنى بولۇپ، تاشقى پاكىزلىق قوشۇمچە، ئىچكى پاكىزلىق ئەسلى ھېسابلىنىدۇ. تاشقى پاكىزلىق نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. شۇنداقلا ئىچكى پاكىزلىق جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن شەرتتۇر. ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (اللّٰه نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[1]. ھەر ئىككىلى تاھارەت اللّٰه نىڭ دوست تۇتۇشىغا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ: ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[2].

[1] سۈرە شۇئەرا، 88 ــ 89 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە، 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ جازاسى

﴿ إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوۡ يُصَلَّبُوٓاْ
أَوۡ تُقَطَّعَ أَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم مِّنۡ خِلَٰفٍ أَوۡ يُنفَوۡاْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ
وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٣٣﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱبۡتَغُوٓاْ إِلَيۡهِ ٱلۡوَسِيلَةَ وَجَٰهِدُواْ فِي
سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٣٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ
مَعَهُۥ لِيَفۡتَدُواْ بِهِۦ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنۡهُمۡۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٣٦﴾ يُرِيدُونَ
أَن يَخۡرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنۡهَاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٣٧﴾ وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ
فَٱقۡطَعُوٓاْ أَيۡدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلٗا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٣٨﴾ فَمَن تَابَ مِنۢ بَعۡدِ
ظُلۡمِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ عَلَيۡهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٣٩﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤٠﴾ ﴾

﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله قا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار. يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (الله) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىدىيىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇيۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلار (ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن

قوللىرىنى كېسىڭلار، اللە (ئۇز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. بىلەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە قا خاستۇر، اللە خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اللە ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾.

ــ سۈرە مائىدە 33 ـ، 34 ـ، 35 ـ، 36 ـ، 37 ـ، 38 ـ، 39 ـ، 40 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

يُحَارِبُونَ: (ئۇرۇش قىلىدىغانلار)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «مۇھارەبە» بولۇپ، تىنچلىقنىڭ زىتتى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز ئەسلىدە تاجاۋۇز قىلماق، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە، اللە نىڭ دوستلىرىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

فَسَادًا: (بۇزغۇنچىلىق)، بۇ سۆز ياخشىلىقنىڭ زىتى بولۇپ، ياخشى ۋە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئورنىدىن چىقىپ كەتسە، بۇزۇلدى دېيىلىدۇ. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بولسا، يول توسۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ياربدار قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى بۇلاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

يُقَتَّلُوا: (ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «تەقتىيل» بولۇپ، ئېچ ئاغرىتماستىن، كەچۈرۈم قىلماستىن قەتئىي ئۆلتۈرمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

يُصَلَّبُوا: (دارغا ئېسىلىشى)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «تەسلىيب» بولۇپ، دارغا چوقۇم ئاسماق ياكى ئىمام شافئىي ئېتىقادىدەك، دارغا تەكرار ئاسماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دارغا ئېسىش بولسا يېرىم كۆمۈلگەن ياغاچقا ئادەمنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى يانغا كېرىپ باغلاشنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تېز ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پىچاق ياكى باشقا نەرسە تىقىشىمۇ مۇمكىن.

مِّنْ خِلَافٍ: (قارىمۇقارشى)، قوللارنى ۋە پۇتلارنى قارىمۇقارشى كېسىش بولسا، ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنىڭ كېسىلىشىنى ياكى سول قول بىلەن ئوڭ پۇتنىڭ كېسىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

يُنفَوْا: (سۈرگۈن قىلىنىشى)، ئۇنىڭ سۆز تۈمۈرى «نەفيۇ» بولۇپ، ئەسلىدە ھالاك قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. زېمىندىن سۈرگۈن قىلىش بولسا، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا قوغلاشنى كۆرسىتىدۇ. سۈرگۈن قىلىنغۇچىنى تۇتۇشقا ھەمىشە يارلىق چۈشىدۇ،

www.munber.org

ھالبۇكى، ئۇ ھەممىشە قېچىپ قورقۇنچ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. سۈرگۈن قىلىش بولسا قاماش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار[1].

خِزْيٌ: (رەسۋالىق)، بۇ سۆز خارلىق ۋە رەسۋالىق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: الله ئۇنى خار قىلىۋەتسۇن يەنى رەسۋا قىلىۋەتسۇن، دېيىلىدۇ.

اَلْوَسِيلَةَ: (يېقىنچىلىقنى)، بۇ سۆز، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ۋە گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەن الله تائالاغا يېقىنچىلىق قىلغىلى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

نَكَالًا: (ئىبرەت قىلىش) يەنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئېغىر جازا قوللىنىش.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش ۋە رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىش، قولى بىلەن پۇتىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىش ياكى يۇرتتىن يۇرتقا سۈرگۈن قىلىشتىن باشقا جازا يوق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ جازا تېزلىتىلىپ، ئۇلارغا مۇشۇ ﴿دۇنيادا﴾ بېرىلگەن جازادۇر. ﴿ئاخىرەتتە ئۇلار﴾ دوزاخ ئازابىدىن ئىبارەت ﴿چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى﴾ بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن ﴿تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى الله گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، بەندىلەرگە رەھىم قىلىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە الله مۆمىنلەرنى الله قا تەقۋادارلىق قىلىشقا، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، الله رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە بەختكە ئېرىشكۈچى سائادەتمەنلەردىن بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىدىن شۇنداق خەۋەر قىلىدۇكى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى مۇشۇ دۇنيانىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۇنىڭدەك نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل ـ مالغا ئىگە بولغان، ئاندىن ئۆزىنى الله نىڭ ﴿ئازابىدىن﴾ قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە ۋە بەدەل قىلىپ بەرمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، الله ئۇنىڭ بۇ فىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى الله تائالا بارلىق كاپىرنىڭ جەھەننەم ئازابىدا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغان. ئۇلار ﴿دوزاختىن چىقىشنى﴾ ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 487 ـ بەت.

نجاتلىقا ئېرىشىشى ئۈچۈن ھېچقانداق چارە يوق. ئۇلار مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ئازابتا قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر بىلەن ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ ھەر بىرىنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى تولۇق شەرتلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان تەقدىردە قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرۇيدۇ، ئەنە شۇ جازانىڭ ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ئېغىر جىنايەتكە قەدەم باسقانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ جازانىڭ ئۇلارغا ﴿الله تەرىپىدىن﴾ بېرىلگەنلىكىنى، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى زالىملارنىڭ چوڭچوڭ جىنايەت ئىشلەشتىن يېنىشى، ئىنسانلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىغا ۋە جانلىرىغا ئەمىن بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئېغىر جازانى ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ بەلگىلىمە ھېكمەت بىلەن بۇيرۇق قىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن مەنئى قىلىدىغان، بەندىلەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەر مەخپىي قالمايدىغان ھەممىدىن غالىب الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. الله تائالا يەنە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان، الله تەرەپكە قايتقان، ياخشى ئەمەل قىلغان ۋە ياخشىلار يولىغا ماڭغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[1]. مانا بۇمۇ الله نىڭ ھېكمىتىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇرەينە قەبىلىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەر مەدىنىگە كېلىدۇ. لېكىن مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ئۇلارغا خىل كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى زاكات تۆگىلىرى بېقىلىدىغان جايغا ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنى تۆگىلەرنىڭ سۈتىدىن ۋە سۈيدۈكىدىن ئىچىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ. نەتىجىدە ساقىيىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىدىن مۇرتەد بولۇپ، تۆگە باققۇچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تۇتۇپ كېلىنىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىشكە، كۆزلىرىنى مىخ بىلەن داغلاشقا، ئاندىن ئۇلارنى ئۆلگەنگە قەدەر سايغا تاشلىۋېتىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى...﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[2].

---

[1] سۈرە تاھا، 82 ـ ئايەت.

[2] بۇ قىسسە سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان.

www.munber.org

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

ﷲ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى قابىل بىلەن ھابىلنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى، قاتىلغا ئەگىشىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە بولسا يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدىغان جازانى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشاش جىنايەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئىشلىمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلدى. شۇنداقلا ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ جازاسىنى ئوچۇق بايان قىلدى. چۈنكى ئۇمۇ يەر يۈزىدىكى خاتىرجەملىكنى بۇزىدىغان ئامىل بولۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنى جىنايى قىلمىشلاردىن توسىدىغان ئامىل بولۇش ئۈچۈن ﷲ تائالا جازا ـ قانۇنلىرىنى بەلگىلىدى. شۇڭا ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ جازاسىنى بايان قىلىش بۇ يەرگە تولىمۇ مۇناسىپ بولغان ئىدى.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** ـ ئايەتتە: ﴿ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلار﴾ دېيىلگەن بولۇپ، ﷲ تائالاغا ئۇرۇش قىلىدىغانلىق تىلغا ئېلىندى. ئەمەلىيەتتە بولسا ﷲ تائالاغا قارشى ھېچقانداق كۈچ ئۇرۇش قىلالمايدۇ. ﷲ ھەممە نەرسىگە غالىبتۇر. چۈنكى ئۇ مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولۇپ، تەڭداشلاردىن ۋە تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچلەردىن پاكتۇر. شۇڭا بۇ ئايەتتە قىسقارتما بولۇپ، تولۇق شەكلى: «ﷲ نىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ﷲ تائالا دوستلىرىغا ئەزىيەت بېرىشنىڭ چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويدى. ﷲ تائالا: ﴿كىمكى ﷲ قا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن﴾[1] دېگەن سۆزىدىمۇ ئىنسانلارنى كەمبەغەل ۋە ئاجىز كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز نامىنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا قويغان. بىر سەھىھ ھەدىستىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەن: «ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تاماق تەلەپ قىلسام، سەن ماڭا تاماق بەرمىدىڭ...»

**2** ـ زېمىندىن سۈرگۈن قىلىش بولسا، يۇرتتىن قوغلاش ۋە يىراقلاشتۇرۇشنى ئىپادىلىگەنلىكتەك، سولاپ قويۇشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈرگۈن قىلىش زىندانغا سولاپ قويۇشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ كەڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 245 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇنيادىن ئۇنىڭ تار يېرىگە پالىنىدۇ. گويا ئۇ زىندانغا سولانغان ۋاقىتتا زېمىندىن سۈرگۈن قىلىنغاندەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يېقىن يورۇقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋە پاك نەرسىلىرىدىن ھېچ نەرسە بىلەن پايدىلىنالمايدۇ.»

3 ـ ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئۇنى قىدىيە قىلىپ بەرگەن﴾ دېگەن سۆزى بۇ ئازابنىڭ ئۇلاردىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ ئازابتىن ھېچقانداق قۇتۇلۇش چارىسى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قىيامەت كۈنى كاپىرغا: ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر ساڭا زېمىن توشقىچە ئالتۇن بولسا، (ئۆزەڭنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) ئۇنى قىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەمتىڭ؟ دېيىلىدۇ. ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. ئۇنىڭغا: سەندىن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئاسان نەرسە تەلەپ قىلىنىپ: ماڭا شېرىك كەلتۈرمىگىن، دېيىلگەن ئىدى. بىراق سەن بۇنى قوبۇل قىلمىدىڭ دېيىلىدۇ.»[1]

4 ـ بۇ يەردە: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ﴾ دەپ، ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالدىن بالدۇر تىلغا ئېلىنىدى. ئەمما زىناخورلۇق بايان قىلىنغان ئايەتتە: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾[2] دەپ، زىنا قىلغۇچى ئايالنى زىنا قىلغۇچى ئەردىن بالدۇر بايان قىلدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، ئەر كىشى ئوغرىلىق قىلىشقا جۈرئەتلىك كېلىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ زىنا قىلىشى ئەڭ قەبىھ ۋە يامان ئىشتۇر. شۇڭا ھەر بىر جايدا ئەنە شۇنداق كەلتۈرۈش تازا مۇناسىب بولغان.

5 ـ ئەسمەئيي مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدۇم. مېنىڭ يېنىمدا بىر ئەئرابىي بار ئىدى. مەن سەۋەنلىكتىن: «اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدىم. ھېلىقى ئەئرابىي: بۇ كىمنىڭ سۆزى؟ دېدى. مەن: اللّٰه نىڭ سۆزىدۇر، دېدىم. ئۇ: قايتا ئوقۇغىن دېدى. مەن قايتا ئوقۇپ: «اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدىم. ئۇ: بۇ اللّٰه نىڭ سۆزى ئەمەس، دېدى. مەن دەرھال ئايەتنى ئېسىمگە ئالدىمدە: ﴿اللّٰه (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېدىم. ئۇ: مانا ئەمدى توغرا ئوقۇدۇڭ، مانا بۇ اللّٰه نىڭ سۆزىدۇر، دېدى. مەن: سەن قۇرئان ئوقۇمسەن؟ دېدىم. ئۇ: ياق، دېدى. مەن: ئۇنداقتا مېنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى قانداق بىلدىڭ؟ دېدىم. ئۇ: ئى بۇرادەر! اللّٰه غالىبلىقىنى جاكارلاپ ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن قول كېسىلدى. ئەگەر اللّٰه مەغپىرەت قىلغان ۋە مېھرىبانلىق قىلغان بولسا ئىدى، قول كېسىلمىگەن بولاتتى، دېدى[3].

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە نۇر، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 11 ـ جىلد، 229 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 354 ـ بەت.

www.munber.org

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مانا بۇ ئۇ ئەئرابىنىڭ ناھايىتى زېرەك ئىكەنلىكىنى، ئايەتنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرى بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ ئۇرۇش قىلغۇچى كىم؟

بۇ ئايىتى كەرىم ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ئۇرۇش قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشكە، دارغا ئېسىشقا، قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىشكە ۋە يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. فىقھشۇناسلار بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىسمىغا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق بىر قانچە قاراشتا بولغان:

1 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا بۇ ئۇرۇش قىلغۇچى شەھەردە ياكى يېزا ـ قىشلاقلاردا كىشىلەرگە قورال كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى قورقاتقان كىشىدۇر.»

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ ئۇرۇش قىلغۇچىنىڭ سەھرالاردا ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا قورال كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما مۇنداق ئۇرۇش قىلغۇچى شەھەردە بۇلاڭچىلىق قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ پەريادىنى ئاڭلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلىدۇ.»

3 ـ ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «شەھەردە قاراقچىلىق قىلىش بىلەن چوڭ-چوڭ كەتكەن كىشى ئۇرۇش قىلغۇچى بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئۆيلەرنى بۇلىسۇن، مەيلى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلسۇن، مەيلى چۆللەردە، يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغانلارنى بۇلىسۇن، ھەممىسىنىڭ ھۆكمى بىردۇر.»

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارغا نازىل بولغان. ھېچكىم دەلىلگە تايانماستىن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىچىدىن مەلۇم كىشىلەرنى چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى ھەر يەردە بۇلاڭچىلىق قىلغان كىشىگە ئۇرۇش قىلغۇچى، دېگەن نام بېرىلىدۇ.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئايىتى كەرىمنىڭ ھۆكمى ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قاراشنىڭ كۈچلۈك بولۇش ئېھتىمالى بار. چۈنكى شەھەرلەردە ئىنسانلارنىڭ ماللىرىغا ۋە جانلىرىغا تەھدىت سالىدىغان قارا گۇرۇھلار سەھرالاردا بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلاردىن كۆپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى جازا ھۆكۈملىرى تاللاپ ئىجرا قىلىش ئاساسىدا كەلگەنمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ئۇرۇش قىلغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىشتا جازانى تاللاپ ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، اللە تائالا ۋاجىپ قىلغان ئۆلتۈرۈش ياكى دارغا ئېسىش ياكى پۇت ـ قولنى كېسىش ۋە ياكى سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق جازا ھۆكۈملىرىدىن قايسىسىنى خالىسا ئۇلارغا شۇ جازا ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. چۈنكى ﴿ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسى شۇنداق قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.» بۇ، مۇجاھىد، زەھھاك ۋە نەخەئىنىڭ قارىشىدۇر. مالىكى مەزھەبىدىكىلەرمۇ مۇشۇ قاراشتىدۇر.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمدە ﴿ياكى﴾ دېگەن سۆز بىلەن كەلگەن ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغۇچى تاللاپ ئىجرا قىلىدۇ.»①

سەلەف ئۆلىمالىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت ھۆكۈملەرنىڭ تەرتىپ بويىچە بولۇشىنى، جىنايەتچىلەرگە ئۇنى شۇ تەرتىپ بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كىمكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە دارغا ئېسىلىدۇ. كىمكى مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن بولسا، قولى بىلەن پۇتى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىلىدۇ. كىمكى يولۇچىنى قورقۇتقان، لېكىن ئۆلتۈرمىگەن ۋە مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالمىغان بولسا، يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ.» بۇ شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ، ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەردىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد شەيبانىنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى ئابباسنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئايەتنى تاللاپ ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بۇ تاللاپ ھۆكۈم قىلىش ھەممە ئۇرۇش قىلغۇچىغا ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئۇرۇش قىلغۇچىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە پۇل مېلىنى بۇلىۋالغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. خەلىپە بۇ ئۇرۇش قىلغۇچىنى جازالاشتا مۇنداق تۆت ئىشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ: بىرىنچى، ئەگەر خەلىپە خالىسا ئۇنىڭ قولىنى ۋە پۇتىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئىككىنچى، ئەگەر خالىسا ئۇنىڭ قولىنى ۋە پۇتىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كېسىدۇ ۋە ئۇنى دارغا ئاسىدۇ. ئۈچىنچى، ئەگەر خالىسا ئۇنىڭ قولىنى ۋە پۇتىنى قارىمۇقارشى قىلىپ كەسمەستىن، پەقەت ئۇنى دارغا ئاسىدۇ. تۆتىنچى، ئەگەر خالىسا پايدىلىق بولغان ئىشنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇنى پەقەت ئۆلتۈرۈش بىلەنلا جازالايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا ئۆلتۈرۈش ياكى دارغا ئېسىش چوقۇم قول كېسىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى جىنايەت ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە پۇل ـ مالنى بۇلاش بىلەن سادىر بولغان. شۇڭا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە جازاسى ئۆلتۈرۈشتۇر. پۇل ـ مالنى ئالغانلىقىغا جازاسى پۇت ـ قولنى كېسىشتۇر. ئۆلتۈرۈش بىلەن دارغا ئېسىشنىڭ ئىنسانلارنى قورقىتىش

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 152 ـ بەت.

ۋە چۆچۈتۈش تەسىرى يوق ـ قولنى كېسىشتىنلا كېلىدىغان تەسىردىن كۈچلۈك بولىدۇ. مانا بۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ قارىشىدۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

دارغا ئېسىش جازاسى قانداق ئىجرا قىلىنىدۇ؟

كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئاساسەن، خەلىپە ئۆلتۈرۈش قىلغۇچىنى جازالاشتا جازانى تاللاپ ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. الله تائالانىڭ: ﴿ياكى دارغا ئېسىلىشى﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈش قىلغۇچى گۇناھكارنى دارغا ئېسىشى دۇرۇس بولىدۇ. دارغا ئېسىش شەكلىگە كەلسەك، گۇناھكار بەتبەختلەرنىڭ گۇناھ قىلىشتىن يېنىشى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغۇچى تىرىك ھالدا ئاممىۋى يول ئۈستىگە بىر كۈن ياكى ئۈچ كۈن ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ مالىكى ۋە ھەنەفى مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى دارغا ئېسىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشى ۋە يەپ ـ ئىچىشىگە توسقۇنلۇق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دارغا ئېسىش كېرەك.» بۇ شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنايەتچىنى ئەزالىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرۈشتىن توسقانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش قىلغۇچىنىڭ دارغا ئېسىلغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇرمايمەن.»

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «دارغا ئېسىش ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى بولۇپ، ئۆلتۈرۈش قىلغۇچىلار تىرىك دارغا ئېسىلىدۇ. ئاندىن قورساقلىرىغا نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.»[1]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولى قاچان كېسىلىدۇ؟ ئوغرىلىق جازاسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

ئوغرىلىق قىلىش لۇغەتتە باشقىلارنىڭ مېلىنى يوشۇرۇن ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ ئېلىۋېلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما شەرىئەتتە فىقھىشۇناسلار ئۇنى مۇنداق تەرىپ قىلىدۇ: «ئوغرىلىق قىلىش بولسا، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ ئۆز ھەققى بولمىغان، ھەققى بولۇش شۈبھىسىمۇ بولمىغان مەخسۇس مىقداردىكى پۇل ـ مالنى ساقلىنىۋاتقان مەلۇم بىر جايدىن يوشۇرۇن ھالدا ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر.» ئوغرىلىق قىلغۇچى نەرسە كېرەكنى يوشۇرۇن ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوغرى دەپ ئاتالغان. ئوغرىلانغان ھەرقانداق نەرسىدە قول كېسىلمەيدۇ. بەلكى، مۇئەييەن شەخس ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 152 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 119 ـ بەت.

مۇئەييەن مىقداردىكى پۇل - مال ئوغرىلانغاندىلا ئاندىن قول كېسىلىدۇ. توغرا شەرىئەت مانا مۇشۇنداق ئادىل بەلگىلەنگەن.

ئوغرىنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشىغا كەلسەك، چۈنكى ئوغرىلىق جىنايەتتۇر. جىنايەتنى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولمىغان ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن ئادەمگە يۈكلىگىلى بولمايدۇ. ساراڭ ئادەم ۋە كىچىك بالا ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئەمەس. ئۇ ئىككىسىدىن سادىر بولغان جىنايەت شەرىئەت تەكلىپىدىكى جىنايەتچىنى جازالاش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر كىچىك بالا ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىنايىتى تەنبىھ بېرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئەمما قول كېسىلىشكە تېگىشلىك بولغان مىقدارغا كەلسەك، فىقھشۇناسلار بۇ مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: «ئوغرىلانغان پۇل ئون تەڭگە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ياكى باشقا نەرسە بولۇپ، قىممىتى ئون تەڭگىگە يەتسە قول كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز بولسا، قول كېسىلمەيدۇ.»

ئىمام مالىك ۋە شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئوغرىلانغان پۇل - مال بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە ياكى ئۈچ تەڭگىگە تەڭ بولسا، قول كېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز بولسا كېسىلمەيدۇ.»

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئوغرىلانغان پۇل - مال ئون تەڭگىدىن ئاز بولسا قول كېسىلمەيدۇ.»[①]

2 - ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەتائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئوغرىلانغان پۇل - مال پەقەت ئون تەڭگىگە يەتسىلا ئاندىن قول كېسىلىدۇ.»

### مالىكى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغرىلانغان پۇل - مال بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ بولسا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىنى كېسەتتى.»[②]

2 - ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىممىتى ئۈچ تەڭگە بولغان بىر قالقاننى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن.»[③]

① ئەمرى ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: «ئوغرىلانغان پۇل - مال بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ بولسا ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ» دېيىلگەن.
③ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئوغرىلانغان پۇل ـ مال بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ بولمىسا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولمىسا، ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ.»[1] ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىنىڭ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

شەيخ سايىس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر شۈبھىلىك بولۇپ قالغان جازالارنىڭ ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقى، ئېھتىيات قىلىشنىڭ كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى ۋە چەكلىمىنىڭ رۇخسەتنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغانلىقى ياخشى مۇلاھىزە قىلىنسا، ھەنەفى مەزھىبىنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئىمكانى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوغرىلانغانلىقى ئۈچۈن ئوغرىنىڭ قولى كېسىلگەن قالقاننىڭ قىممىتىنى بەزىلەر: ئۈچ تەڭگە، بەزىلەر: تۆت تەڭگە، بەزىلەر: بەش تەڭگە، بەزىلەر: بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى، بەزىلەر: ئون تەڭگە دەپ مۆلچەرلىگەن. يۇقىرى بولغان مىقدارنى تۇتقا قىلىش كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى ئاز مىقدار جىنايەت ھېسابلىنىش ياكى ھېسابلانماسلىق شۈبھىسىنى تۇغدۇرىدۇ. جازالار شۈبھە تۇغۇلغاندا ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاز مىقدارنى تۇتقا قىلغاندا ئون تەڭگىدىن ئاز مىقدار ئۈچۈن ئوغرىنى جازالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئون تەڭگىنى تۇتقا قىلغاندا ئۇنىڭدىن ئاز مىقدار ئۈچۈن ئوغرىنى جازالاشنى چەكلەپ قويىدۇ. ئەسلىدە چەكلىگۈچى رۇخسەت قىلغۇچىدىن بۇرۇن ئورۇن تۇتىدۇ.»[2]

پۇل ـ مال ساقلىنىۋاتقان جاينى ئېتىبارغا ئېلىشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شاختىكى مېۋىلەرنى ۋە تاغدا ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلگەن ھايۋانلارنى ئوغرىلىغانلىق ئۈچۈن قول كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ھايۋان قوتاندىن ئوغرىلانغان (يەنى تاغدا بېقىلىۋاتقان ھايۋان كېچىسى قوتاندىن ئوغرىلانغان)، مېۋىلەر بورىدىن ئوغرىلانغان (يەنى مېۋىلەر قۇرۇتۇش ئۈچۈن بورا ئۈستىگە يېيىتىلىپ بولغاندا ئوغرىلانغان) تەقدىردە، ئۇنىڭ قىممىتى قالقاننىڭ قىممىتىگە يېتىپ قالسا قول كېسىلىدۇ.»[3]

پۇل ـ مال ساقلىنىۋاتقان جاي ئادەتتە كىشىلەر پۇل ـ ماللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بىنا قىلغان ئۆيلەرگە ۋە چېدىرلارغا ئوخشاش جايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە پۇل ـ ماللىرىنى ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلايدۇ. بەزىدە ئۇ سۆز پۇل ـ مالنى مەخسۇس ئولتۇرۇپ قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قوغدىغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قوغدىغۇچى تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان پۇل ـ مال ئوغرىلانسا، قول كېسىلىدۇ. چۈنكى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى مەن مەسجىدتە قىممىتى 30 تەڭگىلىك بىر پارچە قارا رەختنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتىم. بىر ئادەم كېلىپ مەندىن ئۇنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالدى. مەن ئۇ ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ پەيغەمبەر

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 189 ـ بەت.
[3] ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرراھمان مەككىدىن رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ، ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. مەن: 30 تەڭگە ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى كېسەمسەن؟ مەن ئۇ رەختنى ئۇنىڭغا ساتاي، پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ ئالاي، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇ ئادەمنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن شۇنداق قىلساڭ بولمامتى؟» دېدى[1].

شۈبھە بولماسلىقنى ئېتىبارغا ئېلىشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شۈبھە تۇغۇلغان جازالارنى ئىجرا قىلىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار.» بۇ ھەدىس ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، زوروُر تېپىلغاندا ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئېنىق قائىدە بولۇپ قالدى. شۇڭا خوجايىنىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان قۇلنىڭ، ئوغلىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان ئاتىنىڭ، شېرىكىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان شېرىكىنىڭ، قەرزدارنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان قەرز بەرگۈچىنىڭ قولى ئارىدا شۈبھە مەۋجۇد بولغانلىقى ئۈچۈن كېسىلمەيدۇ.

بەشىنچى ھۆكۈم

ئوغرىنىڭ قولى قەيەردىن كېسىلىدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿قوللىرىنى كېسىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئوغرىلىق جىنايىتىدە قول كېسىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. فىقھشۇناسلار كېسىلىدىغان قولنىڭ ئوڭ قول ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە بۇ ئايەت: «ئوڭ قوللىرىنى كېسىڭلار» دېگەن مەنىدە ئوقۇلغان.

ئاندىن ئۇلار: قول قەيەردىن كېسىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشتا بولغان. پۈتۈن شەھەرلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرى مۇنداق دەيدۇ: «قول جەينەكتىن ياكى مۆرىدىن ئەمەس، بېغىشتىكى ئۆگىدىن كېسىلىدۇ.»

خاۋارىجلار مۇنداق دەيدۇ: «قول مۆرىدىن كېسىلىدۇ.» يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت بارماقلار كېسىلىدۇ.»

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىنى بېغىشتىن كەسكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىنى بېغىشنىڭ ئۆگىسىدىن كەسكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئەگەر بۇ ئوغرى ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلسا، فىقھشۇناسلارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا، ئۇنىڭ سول پۇتى كېسىلىدۇ. چۈنكى ئىمام دارۇقۇتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئوغرى ئوغرىلىق

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلسا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىڭلار، ئاندىن ئۇ يەنە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ سول پۇتىنى كېسىڭلار.»

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن، ئاندىن ئۇ يەنە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ پۇتىنى كەسكەن. بۇ جازا ساھابىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىجرا قىلىنغان. ھېچكىم ئۇ ئىككىسىگە قارشى چىقمىغان. شۇڭا بۇ بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولۇپ قالغان.

ئەمما بۇ ئوغرى ئۈچىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلسا، ھەنەفى ۋە ھەنبەلي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ ھېچ ئەزاسى كېسىلمەيدۇ. لېكىن ئوغرىلىغان نەرسىنى ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ ۋە تەۋبە قىلغانغا قەدەر زىندانغا تاشلىنىدۇ.

مالىكى ۋە شافئىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئوغرى ئۈچىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ سول قولى كېسىلىدۇ، ئەگەر تۆتىنچى قېتىم يەنە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى كېسىلىدۇ.»

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئوغرىنى يېيىشكە قولى يوق، مېڭىشقا پۇتى يوق تاشلاپ قويۇشقا الله دىن خىجىل بولىمەن.» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ۋە باشقا بىر قىسىم ساھابىلارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل شەرىئىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ، جانغا، مالغا ۋە ئىززەت ئابرۇيغا تاجاۋۇز قىلىشنى تۈرلۈك قاتتىق جازاغا تارتىشقا تېگىشلىك ئېغىر جىنايەت ھېسابلايدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ھەمدە خاتىرجەم ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىش بىلەن يەر يۈزىدە زۇلۇم قىلىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك جىنايەتلەردۇر. شۇنداق قىلغاندىلا جىنايەتچىلەر زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، يەككە كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغۇچىغا ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىش، قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى كېسىش، يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك قاتتىق جازالارنى بېكىتتى. شۇنداقلا ئوغرىلىق قىلغۇچىغا قولىنى كېسىش جازاسىنى بەلگىلىدى. بۇ جازالار ھەقىقىي مەنىدە قىلغۇچى ئامىل بولۇپ، ياماناقلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدۇ، جىنايەتنى بۇشۇكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ، ئىنسانلارغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايدۇ.

ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى قاتىلنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى ناھايىتى چوڭ خاتالىق ھېسابلىشىۋاتىدۇ، ئۇلار تېخى: بۇ جىنايەتچىلەر جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىشىغا موھتاج، چۈنكى ئۇلار روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، بۇ قاتتىق جازالار بەختلىك ۋە ئېسىل ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە لايىق ئەمەس دەپ بىلجىرلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىن بەكراق جىنايەتچىگە كۆيۈنىۋاتىدۇ، جەمئىيەتكە كۆيۈنمەيۋاتىدۇ. بۇ گۇناھكار جىنايەتچى بولسا، ئەكسىچە، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئاسايىشلىقىنى بۇزىۋاتىدۇ، ئۇلارنى خاتىرجەم ياتقىلى قويمايۋاتىدۇ، ھەر ۋاقىت ھەر مىنۇتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە، مال - مۈلكلىرىگە ۋە جانلىرىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

ئەقلىگە ۋە ساغلام مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ نەزىرىيەلەرنىڭ تەسىرىدىن نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئادەم ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش جىنايەتلىرى قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ، جىنايى قىلمىشلار كۆپىيىپ، تىنچلىقتا دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەتنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۈچىرىتىۋاتىدۇ. تورمىلار بولسا جىنايەتچىلەر ۋە بۇلاڭچىلار بىلەن توشۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىسلام دىنى جازا قانۇنلىرىنى ئېغىر، قاتتىق، مەدەنىيەتلىك دەۋرىمىزگە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارايدىغان، ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش... قاتارلىق جازالارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىدىغان ئەنە شۇ غەربلىكلەر ئېغىرلىقىدىن باشلار ئاقىرىپ كېتىدىغان، قورقۇنچلىقىدىن يۈرەكلەر قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغان پۈتۈن ۋەھشىيلىكلەرنى ئۆزلىرى قىلىدۇ. ئۇلار قوزغىغان قاباھەتلىك ئۇرۇشلار، ئۇلار ئېلىپ بېرىۋاتقان بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش، كىچىك باللارغا ۋە ئاياللارغا تاجاۋۇز قىلىش، تۇرالغۇ جايلارنى ئىچىدىكى ئىنسانلار بىلەن براقلا ۋەيران قىلىش قاتارلىق ۋەھشىيانە قىلمىشلار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ۋەھشىيلىك ھېسابلانمايدۇ. بىر شائىر ئەنە شۇ غەربلىكلەرنىڭ مەنتىقىسىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:

چۆل باياۋاندا ئادەم ئۆلتۈرۈش،
جىنايەتتۇر ئۇ ھېچ كەچۈرۈلمەس.
ئەكسىچە تىنچ خەلقنى قەتلى - ئام قىلىش،
باردۇر ئۇنىڭدا مەسىلە ھېچ چۈشىنىلمەس.

شۇنداق، ئىسلام دىنى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش جازاسىنى بەلگىلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر جازادۇر. لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ مال - مۈلكىگە ۋە جانلىرىغا تىنچ - ئامانلىق كەلتۈرىدۇ. كېسىلگەن بۇ خىيانەتخور قول مىكروپلىنىپ ۋە كېسەل يۇقۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئەزادۇر. ئۇ قولنى نابۇت قىلماستىن، بۇ كېسەلنىڭ پۈتۈن بەدەنگە تاراپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇش پايدىلىق ئىش ئەمەس. لېكىن بەدەننىڭ قالغان قىسمىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن ئۇ قولنى قىرقىپ تاشلىشىمىز ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىك

www.munber.org

ھېسابلىنىدۇ. كېيىن تاشلانغان بىر قول جىنايەتچىلەرنى قىلمىشلىرىدىن ياندۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىنى توسۇشقا، جەمئىيەتنى تىنچ - ئامانلىققا ۋە ئاسايىشلىققا ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى اللہ نىڭ ئىنسانلارنى، مال - مۈلكلەرنى ۋە جانلارنى قوغدايدىغان قانۇنى ئالدىدا ئەنە شۇ غەربلىكلەرنىڭ قانۇنى ھېچ نەرسە ئەمەس!

# قەسەمنىڭ كەففارىتى، ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشى

﴿ لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِىٓ أَيْمَـٰنِكُمْ وَلَـٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلْأَيْمَـٰنَ ۖ
فَكَفَّـٰرَتُهُۥٓ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَـٰكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ ۖ فَمَن
لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَـٰثَةِ أَيَّامٍ ۚ ذَٰلِكَ كَفَّـٰرَةُ أَيْمَـٰنِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ ۚ وَٱحْفَظُوٓا۟ أَيْمَـٰنَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ
ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَـٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٨٩﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِنَّمَا ٱلْخَمْرُ وَٱلْمَيْسِرُ وَٱلْأَنصَابُ
وَٱلْأَزْلَـٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَـٰنِ فَٱجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱلشَّيْطَـٰنُ أَن
يُوقِعَ بَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ فِى ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِ ۖ فَهَلْ أَنتُم
مُّنتَهُونَ ﴿٩١﴾ وَأَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَٱحْذَرُوا۟ ۚ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا
ٱلْبَلَـٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٩٢﴾ ﴾

﴿اللہ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەملەرنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەملىرىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسەملىرىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن اللہ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللہ نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانماسسىلەر؟ اللہ قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴾.

ــ سۈرە مائىدە 89 ـ، 90 ـ، 91 ـ، 92 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

عَقَّدتُّم: (قەستەن قىلغان)، قەستەن قىلغان قەسەم بولسا، بىرەر ئىشنى قىلىشقا ياكى ئۇنى قىلماسلىققا قەتئىي بەل باغلاپ قىلغان قەسەمنى كۆرسىتىدۇ. ﴿قەستەن قىلغان قەسەمىڭلار﴾ دېگەن ئايەت بولسا، اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تەكىتلىگەن ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن قىلغان قەسەمىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ: (بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر)، ئازاد قىلىش بولسا، قۇللۇقتىن چىقىرىش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ سۆز ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش، دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن ۋە شۇنىڭدەك ئېغىرچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەريەمنىڭ ئانىسى مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم﴾①.

رِجْس: (پاسكىنا قىلىقلاردۇر) يەنى ئەقىلنى بۇلغايدىغان مەينەت قىلىقلاردۇر. زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز پاسكىنا قىلىقلارنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىدۇ.» سېسىق، مەينەت، نىجاسەت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پاسكىنا دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەينەت ۋە ناپاك نەرسىلەردۇر.

فَٱجْتَنِبُوه: (شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار) يەنى ئۇنى ئۆزەڭلاردىن يىراق قىلىڭلار، بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلىۋېتىڭلار. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىجتىناب» بولۇپ، لۇغەتتە يىراق تۇرماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنى بۇ ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇق ئۇ ئىشلارنىڭ قەتئىي ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ: (بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن) يەنى نىجاتلىققا ۋە بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! سىلەر يالغانچىلىقنى كۆزلىمىگەن ياكى قەسەم قىلغان ئىشىڭلارنى قىلىشقا دىلىڭلاردا قەتئىي نىيەت قىلمىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ تىلىڭلارغا ئادەتلىنىپ قالغان بىھۇدە قەسەمىڭلار ئۈچۈن ﴿اللّٰه سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى﴾ قەتئىي ئىرادە بىلەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن

① سۈرە ئال ئىمران، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿جاۋابكارلىققا تارتىدۇ﴾. بۇ تۆردىكى قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ﴿ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان﴾ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىنگە بىر ۋاخ تويغىدەك تاماق بېرىڭلار، ﴿ياكى﴾ شۇ ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇراھال بىر قۇر كىيىم بېرىڭلار، ﴿ياكى﴾ الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر قۇل يا بىر چۆرىنى ئازاد قىلىڭلار قەسەم قىلىپ قەسىمىنى بۇزغان بۇ شەخس تاماق بېرىشكە، ياكى كىيىم بېرىشكە ۋە ياكى بىر قۇل يا بىر چۆرە ئازاد قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۇدا ﴿ئۈچ كۈن﴾ روزا تۇتۇشى لازىم. ئى مۆمىنلەر! ﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسەمڭلار﴾ غا ئەمەل قىلىڭلار، زۆرۈرىيەتسىز قەسەم قىلىشنى ئازايتىڭلار.

الله تائالا ئىككىنچى ئايەتتە شۇنى خەۋەر قىلىدۇكى، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا ئاتاپ مال سويۇش، پال ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ياغاچلار بىلەن پال سېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۆمىنگە ياراشمايدىغان ﴿پاسكىنا﴾ ۋە مەينەت قىلىقلاردۇر. شەيتان ئۇنى ئىنسانغا ھەمىشە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭدىن ھەر دائىم يىراق ۋە ئۇزاق تۇرۇشى لازىم. چۈنكى شەيتاننىڭ غەرىزى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەن بۇ قەبىھ ۋە يامان ئىشلار ئارقىلىق مۆمىنلەر ئارىسىدا ﴿دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرۇش﴾، ئۇلارنى ﴿نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن﴾ توسۇشتۇر. ئى مۆمىنلەر! بۇ يامان ئىشلاردىن يېنىڭلار.

الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى، بەندىلىرىنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا، پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا، الله تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسان گۇناھلاردىن يانمىسا، قىيامەت كۈنى قاتتىق ۋە ئېچىنىشلىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** ـ مۆمىنلەرنى مەزكۇر يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋە چەكلەشتە «ھارام قىلىندى» دېگەن سۆزدىن الله تائالانىڭ: ﴿شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى كۈچلۈكرەك مەنىگە ئىگىدۇر. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ. الله تائالانىڭ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى زىناغا يېقىنلىشىش ھارام بولغان ئىكەن، زىنا قىلىش تېخىمۇ كۈچلۈك ھارام بولىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئۇ ئىشلاردىن باشقا بىر تەرەپتە بولۇڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرەر ئىش قانچە كۈچلۈك ھارام قىلىنغان بولسا، ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «يىراق تۇرماق» دېگەن بۇ سۆز ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن

[1] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يىراق تۇرۇڭلار﴾[1]. ھەممىگە مەلۇمكى، اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن چوڭ گۇناھ يوق. بۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن، بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتىدۇر.

2 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾ دېگەن سۆزى سوراق جۈملە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ يەنى ئۇنىڭدىن يېنىڭلار دېگەن بولىدۇ. بۇ جۈملە ئەسلى مەنىسىدىن بۇيرۇق مەنىسىگە چىقىپ كەتكەن.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان چاغدا: «ياندۇق پەرۋەردىگارىمىز! ياندۇق پەرۋەردىگارىمىز!» دېگەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

3 ـ قۇرئان كەرىمدە ھۆكۈملەرنىڭ سەۋەبلىرى قىسقىلا بايان قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ يەردە بولسا، ئۇزۇن ۋە تەپسىلى بايان قىلىندى. ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھارام قىلىنغانلىق سەۋەبلىرى ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ تىلغا ئېلىندى. مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىش، ئۇلارنى اللّٰه نى ياد ئېتىشتىن توسۇش، ناماز ئوقۇشتىن مەشغۇل قىلىپ قويۇش ئەنە شۇ سەۋەبلەردىندۇر. شۇنداقلا ھاراق بىلەن قىمار پاسكىنا قىلىق، شەيتاننىڭ ئىشى... دەپ سۈپەتلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىمار ئويناش جىنايىتى بىلەن مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش جىنايىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى رەزىل قىلمىشنىڭ ناھايىتى چوڭ زىيان ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ياخشى قۇلاق سالغىن: ﴿شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللّٰه نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾.

4 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴾ دېگەن سۆزى زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا خەۋەر بولسىمۇ، ھەقىقىي مەنىسى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. گويا اللّٰه تائالا مۇنداق دېمەكچى بولىدۇ: «مېنىڭ پەيغەمبىرىمنىڭ سىلەرگە تەبلىغ قىلىشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق، قىيامەت كۈنى سىلەردىن ھېساب ئېلىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمدۇر. ﴿ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز﴾[2].»

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

[1] سۈرە ھەج، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە غاشىيە، 25 ـــ 26 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قەسەم تۈرلىرى قايسىلاردىن ئىبارەت؟

ئۆلىمالار قەسەمنى: سەۋەنلىك، قەستەنلىك ۋە يالغان دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن

سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەمگە كەلسەك، بۇ قەسەمنىڭ ھۆكۈم بىلەن ئالاقىسى يوق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەم بىر ئادەمنىڭ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس، اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شۇنداق دېگەن سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەم ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئىشنى مۇنداقمىكىن دەپ قەسەم قىلىسەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىش ئۇنداق چىقمايدۇ.» يەنى قەسەم قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى ۋە ئېتىقاد قىلغىنى بويىچە قەسەم قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدىمۇ توختالغان.

قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەمگە كەلسەك، قەسەم قىلغۇچى بىرەر ئىشنى كەلگۈسىدە قىلىشقا ياكى ئۇنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىدۇ. ئاندىن بۇ قەسىمىنى بۇزىدۇ. مانا بۇ قەسەمگە كەففارەت بېرىش ۋاجىب بولۇپ، قۇرئان كەرىم مۇشۇ قەسەم ھەققىدە توختىلىۋاتىدۇ.

يالغان قەسەمگە كەلسەك، بۇ قەسەمدە قەسەم قىلغۇچى يالغانچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن ئۇ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشنى قىلمىدىم، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بۇ ئىشنى قىلغان. ياكى ئۇ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشنى مەن قىلدىم دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشنى ئۇ قىلمىغان. يالغان قەسەم ئىگىسىنى جەھەننەمگە ئوتىغا تاشلايدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى كەففارەت بىلەن يۇيۇلغۇسىز دەرىجىدە چوڭدۇر. چۈنكى ئۇ يالغان قەسەم قىلىش بىلەن اللّٰه تائالانىڭ كاتتىلىقىغا ھاقارەت قىلدى.

ئىمام دارۇقۇتنى ئۆزىنىڭ سۈنەنىدە ئەلقەمەدىن ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەسەم تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. ئىككىسىگە كەففارەت كېلىدۇ، ئىككىسىگە كەففارەت كەلمەيدۇ. كەففارەت كېلىدىغان ئىككى قەسەمنىڭ بىرى شۇكى، بىر ئادەم قەسەم ئىچىپ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پالانى ئىشنى چوقۇم قىلمايمەن، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ شۇ ئىشنى قىلىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، بىر ئادەم قەسەم ئىچىپ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پالانى ئىشنى چوقۇم قىلىمەن، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ شۇ ئىشنى قىلمايدۇ. كەففارەت كەلمەيدىغان ئىككى قەسەمنىڭ بىرى شۇكى، بىر ئادەم قەسەم ئىچىپ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پالانى ئىشنى مەن قىلمىدىم، دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشنى ئۇ قىلغان. يەنە بىرى شۇكى، بىر ئادەم قەسەم ئىچىپ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پالانى ئىشنى مەن قىلدىم، دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشنى ئۇ قىلمىغان.»

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار يالغان قەسەم ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئۇ ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق بىلەن قىلىنغان قەسەمدۇر، شۇڭا ئۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ ۋە كەففارەتمۇ كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ، قەسەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ دىل بىلەن نىيەت قىلىنغان، تىل بىلەن بايان قىلىنغان، الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن جاكارلانغان قەسەمدۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا كەففارەت كېلىدۇ.»

توغرىسى ئالدىنقى قاراشتۇر. ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئىمام مالىكنىڭ ۋە مەدىنىدىكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەھمەد، ھەدىسشۇناسلار ۋە كۇفە شەھىرىدىكى پىكىر ئىگىلىرى مۇشۇ قاراشنى تۇتقان قىلغان.»[1]

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: چوڭ گۇناھلار قايسىلار؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش» دەيدۇ. ئۇ: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يالغان قەسەم» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىدىن بىرى: يالغان قەسەم دېگەن نېمە؟ دەيدۇ. ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بەرگۈچى: يالغان قەسەم قىلىپ بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ مېلىنى يۇلۇۋېلىش دەپ جاۋاب بېرىدۇ[2].

## ئىككىنچى ھۆكۈم

قەسەم قىلغاندا قەسەمنى بۇزۇشتىن ئىلگىرى كەففارەت بېرىش توغرا بولامدۇ؟

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر: ئەگەر كەففارەت ئۈچۈن پۇل ـ مال بېرىشكە توغرا كەلسە، قەسەمنى بۇزۇشتىن ئىلگىرى كەففارەتنى چىقىرىش دۇرۇستۇر. ئەگەر روزا تۇتۇشقا توغرا كەلسە، قەسەمنى بۇزۇش بىلەن سەۋەب ئەمەلىيلەشمىگىچە روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار: ﴿ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر...﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى ئايەتتە قەسەمنى بۇزغانلىق تىلغا ئېلىنماستىن، قەسەمنىڭ ئارقىدىنلا كەففارەت تىلغا ئېلىنغان.

ئۇلار يەنە الله تائالانىڭ: ﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلار يەنە كەففارەت بېرىشنى يىل توشۇشتىن ئىلگىرى زاكات بېرىشكە قىياس قىلىدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 267 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

روزا تۇتۇشقا كەلسەك، قەسەم قىلغۇچى مەزكۇر ئۈچ ئىشنى قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئاندىن روزا تۇتىدۇ. ئۇنىڭ كۈچى يەتمىگەنلىكى پەقەت قەسەمنى بۇزغان ۋە كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولغاندىن كېيىنلا ئەمەلىيەتكە چىقىدۇ.

ئۇلار مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «مەن بىرەر ئىشقا قەسەم قىلغاندىن كېيىن شۇ ئىشتىن باشقا بىر ئىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەم، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىمەن.»[1] بۇ، مەشھۇر رىۋايەت ئىمام مالىك (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ قارىشىدۇر.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر: قەسەمنى بۇزۇشتىن ئىلگىرى كەففارەت بېرىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتە قىسقارتىلما بار، گويا اﷲ تائالا: «قەسەمىڭلارنى بۇزساڭلار، ئۇنىڭ كەففارىتى...» دېمەكچى بولغان. بۇ، اﷲ تائالانىڭ: ﴿تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[2] دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى بۇ ئايەتمۇ: رامىزاندا روزا تۇتمىغان بولسا، شۇ كۈنلەرنىڭ روزىسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «كىمكى بىرەر ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن ۋە قەسىمىگە كەففارەت بەرسۇن.»[3]

ئۇلار يەنە ئەقلى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «كەففارەت بېرىش گۇناھنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان. ئەگەر قەسەم قىلغۇچى قەسىمىنى بۇزمىسا، بۇ يەردە كۆتۈرۈۋەتكىدەك گۇناھ بولمايدۇ. شۇڭا كەففارەت بېرىش مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ھەرقانداق ئىبادەت پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى قىلىنسا، ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، توغرا بولمايدۇ. ئىمام مالىك (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى ئەشھەب، دېگەن كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتقان روزىدا ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇش شەرت قىلىنامدۇ؟

ئايىتى كەرىم قەسەم قىلغۇچىنىڭ تاماق بېرىشكە كۈچى يەتمىگەندە روزا تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. فىقھىشۇناسلار بۇ روزىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇلىشى شەرت قىلىنامدۇ؟ ياكى ئۇنى كۈن ئاتلىتىپ تۇتسىمۇ بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە بەقەرە، 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

1 ـ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە مەزكۇر ئايەت: «ئۇدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم» دەپ ئوقۇلغان. ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدنىڭمۇ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇش شەرت قىلىنمايدۇ. ئۇنى كۈن ئاتلىتىپ تۇتسىمۇ بولىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىكمۇ مۇشۇنداق قارىغان.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا: ﴿ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم﴾ دېگەن بولغاچقا، قەسەمنى بۇزغۇچى كەففارەت ئۈچۈن تاماق بېرىشكە ياكى كىيىم بېرىشكە ۋە ياكى بىر قۇل يا بىر چۆرە ئازاد قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، روزا تۇتىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ئايەتنى: «ئۇدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم» دەپ ئوقۇغان. بۇنىڭ بىلەن روزىنى ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇش شەرت قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرى بۇنى تۇتقا قىلغان. ئىمام شافىئىينىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە مۇشۇ قاراش تۇتقا قىلىنغان. مۇزەنىمۇ بۇ قاراشنى زىھارنىڭ كەففارىتىدىكى روزا تۇتۇشقا قىياس قىلىپ قوبۇل قىلغان.

ئىمام مالىك ۋە شافىئىي (ئىككى قارىشىنىڭ يەنە بىرىدە) مۇنداق دەيدۇ: «كۈن ئاتلىتىپ تۇتسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇدا تۇتۇش سۈپەت بولۇپ، پەقەت دەلىل بىلەن ياكى دەلىللىك قىياس بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ھەر ئىككىلىسى تېپىلمايدۇ.»[1]

تۆتىنچى ھۆكۈم

ھاراق پۈتۈن مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

ھاراق ئەسلىدە ئەقىلنى ئورىۋالىدىغان ۋە قاپلىۋالىدىغان ئىچىملىكلەرنىڭ ئىسمىدۇر. كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇشۇنداق قارايدۇ.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ھاراق بولسا، تۈك ئۈزۈمنى قاتتىق سىقىپ، تىرىپىسنى ئايرىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىنكى ئۈزۈم سۈيىنى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇدۇر.» ھاراق ئۆلىرنىڭ قارىشىدا پەقەت مۇشۇ تۈرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۈردە ئەقىلنى مەستخۇش قىلىدىغان ئىچىملىك تېپىلسا، گەرچە ئۇ ھارام بولغان تەقدىردىمۇ، ھاراق دەپ ئاتالمايدۇ.

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھاراق ئۈزۈمدىن سىقىلغان ئىچىملىككىلا خاس ئەمەس، ئۈزۈم سۈيىدىن باشقا ئىچىملىكنىڭمۇ ھارام ئىكەنلىكى ئوچۇق دەلىل بىلەن كۆرسىتىلگەن. مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر. چۈنكى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھاراق ھارام قىلىندى، ھالبۇكى، ئۇ ئۈزۈمدىن، خورمىدىن، ھەسەلدىن، بۇغدايدىن، ئارپىدىن ۋە قوناقتىن ياسالاتتى.»

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 283 ـ بەت.

www.munber.org

پۇتۇن فىقھشۇناسلار ھەرقانداق مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق. شۇنداق ئىكەن، ئارىدىكى پىكىر ئۇخشىماسلىقى پەقەت شەكىل جەھەتتىن يۈز بەرگەن. بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بەشىنچى ھۆكۈم

ھاراق پاسكىنا نەرسىمۇ ياكى ئۇ پەقەت ھارامۇ؟

ئۆلىمالار ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى، شەرىئەتنىڭ ئۇنى مەينەت نەرسە سانايدىغانلىقى، ئۇنىڭغا «پاسكىنا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئۇنىڭغا پاسكىنا دەپ ھۆكۈم قىلىشنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇلارغا بۇ مەسىلىدە ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى ۋە ھەنەفى مەزھىبىنىڭ كېيىنكى زاماندىكى بەزى فىقھشۇناسلىرى قارشى چىققان. ئۇلار: ھاراق پاكتۇر، پەقەت ئۇنى ئىچىش ھارام قىلىنغان دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەرسىنىڭ ھارام بولغانلىقى ئۇنىڭ پاسكىنا بولۇشىنى لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى شەرىئەت ھۆكمىدە نۇرغۇن ھارام نەرسىلەر باركى، ئۇلار پاسكىنا ئەمەس!»

توغرا قاراش كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ: ﴿پاسكىنا﴾ دېگەن سۆزى ھاراقنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پاسكىنا دېگەن سۆز لۇغەتتە مەينەت ۋە ناپاك نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھاراقنىڭ پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكىنى بەزى ساھابىلاردىن قىلىنغان مۇنۇ رىۋايەتمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سەپەر ئۈستىدە ئەھلى كىتابلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈمىز، ئۇلار قازانلىرىدا چوشقا گۆشلىرىنى پىشۇرىدۇ، قاچىلىرىدا ھاراق ئىچىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلارنى ئۇلارنىڭ قازانلىرىدا ئېتىلگەن تاماقنى يېمەسلىكتە، قاچىلىرىدا سۇ ئىچمەسلىكتە، تاماق ئېتىش ۋە سۇ ئىچىش ئۈچۈن شۇ قازان ۋە قاچىلاردىن باشقا نەرسە تاپالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ئىشلىتىشكە بۇيرۇدى.

قاچىلارنى يۇيۇشقا بۇيرۇش ھاراقنىڭ پاكىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھاراق پاسكىنا بولماستىن، پاكىز بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىلارنى يۇيۇشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 - سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەمگە كەففارەت كەلمەيدۇ، كەففارەت پەقەت قەستەن قىلىنغان قەسەمدە ۋاجىپ بولىدۇ.

2 ـ كەففارەت ئۈچۈن تاماق بېرىش، ياكى كىيىم بېرىش، ياكى بىر قۇل يا بىر چۆرە ئازاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندىلا ئاندىن روزا تۇتۇش دۇرۇس بولىدۇ.

3 ـ ھاراق ئىچىش بىلەن قىمار ئويناش ئەڭ خەتەرلىك ئىجتىمائىي جىنايەتلەردۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسى بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش جىنايەتلىرىگە يانمۇيان بايان قىلىندى.

4 ـ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىش ھاراق ئىچىش جىنايىتى بىلەن قىمار ئويناش جىنايىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

5 ـ قىمار ئويناش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىجتىمائىي كېسەللىك بولۇپ، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، ئائىلىلەرنى بۇزىدۇ، ئىقتىسادنى خانىۋەيران قىلىدۇ.

6 ـ الله تائالا ھارام قىلغان پۈتۈن نەرسىلەردىن، بولۇپمۇ ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناشقا ئوخشاش چوڭ گۇناھلاردىن قەتئىي يىراق تۇرۇش ۋاجىپتۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا مەزكۇر ئايىتى كەرىمەدە ھاراق ئىچىش بىلەن قىمار ئويناش ئىشىنى ئىنتايىن قاتتىق ئەيىبلىگەن بولۇپ، بۇ ئەيىبلەش ئىنسانلارغا ئۇنى ئىككىنچىلەپ قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ. الله تائالا ھاراق ئىچىش بىلەن قىمار ئويناشنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە ۋە جەمئىيەتكە تەھدىت بولىدىغان، تىرىكچىلىك يوللىرىنى بەربات قىلىدىغان ئىنتايىن چوڭ، ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنى ئىسلام دىنى نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ئېغىر گۇناھتىن ئىبارەت بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە پال ـ ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش جىنايەتلىرىگە يانمۇيان بايان قىلدى.

ھاراق ئىچىش بولسا ئەقىلنى يوقىتىدۇ، سالامەتلىككە زىيان سالىدۇ، پۇل ـ مالنى ۋەيران قىلىدۇ. ئىنسان قاچان ئەقلىنى يوقىتىدىكەن، جىنايەت ئىشلەيدۇ، يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، دوست ۋە سىرداش ئادەملەرنىڭ قىلىقلىرىنى قىلىدۇ. مەستنىڭ ئەقلىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن پايدا ـ زىياننى پەرق ئېتەلمەسلىكى، ئېسىل نەرسە بىلەن مەينەت نەرسىنى ئايرىيالماسلىقى ھاراقنىڭ پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

قىمارغا كەلسەك، ئىنسان قىمار ئويىنىغاندا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل ـ مالغا ئېرىشىش تەمەسىدە قولىدىن قايتىپ كەلمەسكە چىقىپ كېتىۋاتقان پۇل ـ مالغا پەرۋا قىلماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇ قىماردىن زىيان تارتىپ قايتسا، ھەسەت ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىۋالىدۇ، ئىچىگە پۇل ـ مېلىنى ئۇتىۋالغان ئادەمگە قارىتا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت تولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

www.munber.org

قىمارنىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ۋەيران بولدى، نۇرغۇنلىغان ئۆيلەر سەرسانلىققا ئۇچرىدى. بۇ ئائىلىلەر ئىززەت ـ ئىكراملىق ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن بىچارە ۋە كەمبەغەل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر قىمارنىڭ شەخسلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرى ئۈچۈن، بەزى ئەزالىرى قىمار ئوينايدىغان كىشىلەرگە يولۇقۇپ قالغان ئائىلىلەرگە سالغان سورۇقچىلىقلىرى ئۈچۈن ئەڭ راستچىل گۇۋاھلىق بېرىدۇ. قىمارۋازلار ئۆزلىرىنىڭ تەمەلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىشلىتىدىغان رەزىل قىلمىشلار ۋە يالغان قەسەملەر ساڭا قىمار ئويناشنىڭ قانچىلىك پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾

# مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش

﴿ مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُوا۟ مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ شَـٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم بِٱلْكُفْرِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَـٰلُهُمْ وَفِى ٱلنَّارِ هُمْ خَـٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ فَعَسَىٰٓ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَن يَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٨﴾ ﴾

﴿مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن اللە نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) اللە نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. اللە نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت اللە قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، اللە دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ﴾.

ـ سۇرە تەۋبە 17 ـ، 18 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

أَن يَعْمُرُوا۟: (ئاۋات قىلىشى)، مەسجىدنى ئاۋات قىلىش دېگەن بۇ سۆز مەسجىد سېلىشقا ۋە ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسجىدنى لازىم تۇتۇشقىمۇ ۋە ئۇنىڭدا اللە قا ئىبادەت قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئاۋات قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋىيدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. ئايەتتە بولسا ھەر ئىككىلى مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شَـٰهِدِينَ: (ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق) يەنى شېرىك ۋە بۇتپەرەسلىك قىلمىشلىرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق.

حَبِطَتْ: (نەتىجىسى بولمايدۇ) يەنى ئەمەللىرى زايە بولۇپ، ساۋابى يوققا چىقىدۇ.

وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ: (ناماز ئۆتىگەن)، ناماز ئۆتەش بولسا، ئۇنى پۈتۈن شەرتلىرىنى ۋە تەئدىل ـ ئەركانلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش بىلەن مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

وَلَمۡ يَخۡشَ إِلَّا ٱللَّهَ (الله دىن باشقىدىن قورقمىغان) يەنى پەقەت الله دىنلا قورقىدىغان.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار﴾ ئۈچۈن كاپىرلىق ۋە الله قا شېرىك كەلتۈرۈش ھالىتىدە تۇرۇپ ﴿الله نىڭ﴾ ئۆيلىرىنى ﴿ئاۋات قىلىش﴾ توغرا ئەمەس ۋە ئۇلارغا لايىق ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ ئەمەس. چۈنكى مەسجىدلەرنى گۈللەندۈرۈش الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋە الله نى سۆيۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلار بولسا الله قا كاپىر بولغان ئىنسانلاردۇر. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا الله نىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋات قىلىش قانداقمۇ ياراشسۇن؟ ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ ﴿قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى﴾ زايە بولۇپ كەتتى، ساۋابى يوققا چىقتى. ئۇلار دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار دوزاختىن چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقلىرى ۋە الله قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى سەۋەبىدىن دوزاخ ئازابى ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ.

الله تائالا كېيىنكى ئايەتتە مەسجىدلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش پەقەت ﴿الله قا﴾ ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، ﴿ئاخىرەت كۈنىگە﴾ ئىشەنگەن، ﴿ناماز﴾ ئۆتەيدىغان، ﴿زاكات﴾ بېرىدىغان، ﴿الله دىن﴾ ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىنلا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى، الله دىن قورقىدىغان ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭلا الله نىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا لايىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ﴿ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن﴾، ھەر ئىككىلا ئالەمدە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن، ھەمدە الله نىڭ رازىلىقىغا لايىق كىشىلەردىن ﴿بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى﴾ ئۈچۈن شۇلارنىڭلا مەسجىدلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتلەردىن گۈللەندۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، الله تائالا مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلىرىنى ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان جىنايەتلىرىنى بايان قىلغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈن قىلىدىغان، دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلىدىغان ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھاجىلارنى سۇ

بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى، ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغانلىقى بارلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا ئۇلارغا بۇ ئايەتلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەدىر ئۇرۇشىدا قۇرەيش چوڭلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرقانچە نەپەر كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ شېرىك ئەمەللىرى بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئابباسنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلدىڭ، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزدۈڭ، دەپ ئەيىبلەشكە باشلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئابباس: يامانلىقلىرىمىزنى ياد ئېتىسىلەر، ياخشىلىقلىرىمىزنى يوشۇرامسىلەر؟ دەيدۇ. ساھابىلار: سىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىڭلارمۇ بارمۇ؟ دەيدۇ. مۇشرىكلار: ھەئە، بىز ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋاتلاشتۇرىمىز، كەبىگە يوپۇق ياپىمىز، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيمىز، ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرىمىز، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن اللہ نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) اللہ نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بەزى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: اللہ تائالا ھەرەم مەسجىدىدىن ئىبارەت بىر مەسجىدنى ئىرادە قىلغان تۇرۇقلۇق «مەسجىدلەر» دەپ كۆپلۈك سۆز ئىشلەتكەن. چۈنكى ھەرەم مەسجىدى ھەممە مەسجىدلەرنىڭ قىبلىسىدۇر.

2 ـ مۇشرىكلارنى اللہ نىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتىن توسۇشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولسا، كۇفرىلىقىنىڭ ئۆزىدۇر، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلغانلىقىدىن ئەمەس. ئىقرار قىلىشنى تىلغا ئېلىش بولسا، ئۇنىڭ قىل سىغمايدىغان ئوپئوچۇق كۇفرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇ كۇفرى ئىقرار بىلەن يانمۇيان كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تاۋاپ قىلغاندا: «ئى اللہ! سېنىڭ خىزمىتىڭگە ھازىرمەن، سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا ھېچ شېرىكىڭ يوق، سەن ئۇ شېرىكىڭگە ۋە ئۇ شېرىكىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغان نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىسەن» دېيىشلىرىدىن، شۇنداقلا

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 18 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 407 ـ بەت.

قەدىمىي ئۆي بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىغا بۇتلارنى ئىلاھ قىلىپ تىكلىۋالغانلىقلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ[1]: مۆمىنلەرنى مەسجىدلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا بۇيرۇش بولسا، مەسجىدلەرنى گۈللەندۈرۈشنى، بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلەرنى رېمونت قىلىشنى، تازىلاشنى، ئۇلۇغلاشنى، ئىبادەت قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە دەرس ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ ئادەتلىنىشنى، دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتىن قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مەسجىدكە كېلىپ ـ كېتىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭلار.»[2]

4 ـ الله تائالانىڭ مۆمىنلەر ھەققىدە: ﴿ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۈزدە تۇتۇلىدۇ﴾ دېيىشى، مۇشرىكلارنىڭ چوڭ بىلىپ كەلگەن ۋە پەخىرلىنىۋاتقان ئەمەللىرىدىن مەنپەئەت ئېلىش تەمەسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. چۈنكى الله تائالا ھىدايەتكە ئېرىشىشنىڭ الله قا ئىمان كەلتۈرگەن، الله دىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقمىغان كىشىلەر ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مۆمىنلەرنىڭ ھالى مۇشۇ بولسا، مۇشرىكلار كۇفرى ۋە شېرىك ئۈستىدە تۇرۇپ قانداقمۇ ھىدايەت تېپىشنى، نىجاتلىققا ئېرىشىشنى تەمە قىلسۇن؟

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتنى كەرىمدىكى: «مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش» دېگەن سۆز نېمە مەنە بېرىدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار: مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش ئۇنى بىنا قىلىشنى، بېزەشنى ۋە بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ماددىي جەھەتتىن ئاۋاتلاشتۇرۇش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «كىمكى الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مەسجىد بىنا قىلسا، گەرچە ئۇ قىرغاۋۇلنىڭ ئۇۋۇسىدەك كىچىك بولسىمۇ، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ.»

يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ناماز ئوقۇشنى، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنى ۋە بەندىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 19 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 10 ـ جىلد، 65 ـ بەت.
[2] ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئېيتىپ تۇرىدۇ﴾[1] .» مانا بۇ، مەسجىدلەرنى بىنا قىلىشتىكى ئەڭ ئالى مەقسەت بولۇپ، بۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋاتلاشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھەر ئىككى تۈرلۈك ئاۋاتلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىشكە ھېچ توسالغۇ يوق. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇشۇنداق دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئايەتتىكى سۆز شۇنى كۆرسىتىدۇ ۋە مۇددىئامۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ.

ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىككى تۈرلۈك مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرى مەسجىدنى يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە بىرى مەسجىد سېلىش ۋە رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك جايلارنى يېڭىلاشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئايەت كاپىرلارنى مەسجىدلەرگە كىرىشنى، مەسجىد سېلىشنى، مەسجىدگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ئىگە بولۇشنى ۋە مەسجىدگە قاراشنى مەنئى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئاۋاتلاشتۇرۇش، دېگەن سۆز ماددىي ۋە مەنىۋى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.»[2]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى «مەسجىدلەر» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

1 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز ھەرەم مەسجىدىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە مەسجىدلەرنىڭ قىبلىسى بولۇپ، ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ مۇكەممەل بىردىن ـ بىر مەسجىدتۇر.» ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىمۇ مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ قاراش ئىكرىمەدىن رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز ھەممە مەسجىدلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ سۆز كۆپلۈك ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەممە مەسجىدنى ئامىباب ھالدا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرەم مەسجىدى بىرىنچى بولۇپ كىرىدۇ.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئايەتتىكى كەلىمىنىڭ زاھىرى مەنىسى مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئامىباب ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا الله نىڭ مەسجىدلىرىدىن قايسى بىر مەسجىدنى مۇشرىكلارنىڭ قايسى تۈرلۈك ئاۋات قىلىش بىلەن بولسۇن ئاۋاتلاشتۇرۇشى لايىق ئەمەس. چۈنكى كۇفرى ئۇنىڭغا زىت كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس پاك ئورۇنلارغا كىرىشى توغرا ئەمەس. ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن. مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىش ھۆكمى كېيىنكى تېمىدىكى ئايەتلەردە كېلىدۇ.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

مەسجىدلەرنى سېلىشتا كاپىرنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

---

[1] سۈرە نۇر، 36 ـ ئايەت.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 87 ـ بەت.

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايىتى كەرىمدىن مۇسۇلمان مەسجىد سېلىشتا كاپىرنى ئىشلەتسە بولمايدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئالغان. چۈنكى مەسجىد سېلىش مەسجىدنى ماددىي جەھەتتىن ئاۋات قىلىش ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن مۇشرىكلارغا الله نىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋات قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىشنى مەنئى قىلدى.

زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا كاپىرنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى مەنئى قىلىش بولسا كاپىرنى مەسجىدكە قارىغۇچى ياكى مەسجىدنىڭ ۋەقفە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى قىلىپ بەلگىلەپ قويغانغا ئوخشاش پەقەت مەسجىد ئىشىغا ئىگە قىلىشنى ۋە مەسجىد ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما كاپىرنى مەسجىد ئىشلىرىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاشقا نەقىش ئويۇش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە ياغاچچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئوخشاش ئەمگەككە سېلىش ئۇنىڭ مەسجىدكە كىرىشنى مەنئى قىلىش قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مۇشرىكلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ سەۋەبىدىن ساۋاب بېرىلمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1].

2 ـ مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە يارىشىدۇ.

3 ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىخلاس بىلەن قىلىش ۋاجىپتۇر.

4 ـ مەسجىد سېلىشتىن مەقسەت رىيا ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش ئەمەس، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بولۇشى كېرەك.

[1] سۈرە فۇرقان، 23 ـ ئايەت.

## مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسجىدگە كىرىشىنى مەنئى قىلىش

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡمُشۡرِكُونَ نَجَسٞ فَلَا يَقۡرَبُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ بَعۡدَ
عَامِهِمۡ هَـٰذَاۚ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ عَيۡلَةٗ فَسَوۡفَ يُغۡنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦٓ إِن شَآءَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٞ
٢٨ قَـٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا
يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَـٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَـٰغِرُونَ
٢٩ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (اللّٰه نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، اللّٰه خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللّٰه (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللّٰه قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى اللّٰه نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى اللّٰه نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اللّٰه قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، اللّٰه (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار﴾.

سۈرە تەۋبە 28 ـ، 29 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

نَجَس: (نىجىستۇر) يەنى ناپاكتۇر. زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «پاسكىنا بولغان ھەرقانداق نەرسە نىجىس ھېسابلىنىدۇ.»

عَيۡلَةٗ: (پېقىرلىق)، بۇ سۆز كەمبەغەل، يوقسۇل دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

وَلَا يَدِينُونَ: (ئېتىقاد قىلمايدىغانلار)، بۇ سۆز ئايەتتە: ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىننى لازىم تۇتمايدىغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلْجِزْيَةَ: (جىزيە)، بۇ سۆز ئەھدە تۈزگۈچى تۈزگەن ئەھدىسىگە بىنائەن بېرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر. ئىبنى ئەنبارى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېرىش يۈكلەنگەن نەرسە جىزيەدۇر.» ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار جىزيەنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئامانلىقنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىدۇ.»

عَن يَدٍ: (بويسۇنۇپ) يەنى ئۇلار جىزيەنى باش ئەگكەن، ئىتائەت قىلغان ۋە بىچارە ھالەتتە بېرىدۇ.

صَٰغِرُونَ: (خار ھالدا)، ئۇ سۆز «ساغىر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بىچارە، خار دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە: تاكى ئۇلار جىزيەنى بويسۇنغان، ئىتائەت قىلغان ھالدا بىچارىلىك ۋە خارلىق ئىچىدە بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن ئى مۆمىنلەر! ﴿مۇشرىكلار﴾ ئىچكى دۇنياسى ناپاك، ئەقىدىلىرى بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن پاسكىنا ۋە نىجىستۇر. ئۇلار تاھارەت ئېلىپ پاكىزلانمايدۇ، غۇسلى قىلمايدۇ، نىجىس نەرسىلەردىن ئۆزاق تۇرمايدۇ. ئۇلارغا ﴿مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن﴾ ھەرەم مەسجىدىگە كىرىش ئىمكانىيىتى بەرمەڭلار. ئى مۆمىنلەر! ئۇلارنىڭ ھەجگە كېلىشىنى ۋە ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشىنى مەنئى قىلىش سەۋەبى بىلەن پېقىرلىقتىن، كەمبەغەللىكتىن ﴿قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ﴾، رىزقىڭلارنى كەڭ قىلىدۇ. تاكى سىلەر ھېچكىمگە موھتاج بولۇپ قالمايسىلەر. بۇ الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن باغلىق ئىشتۇر. ﴿شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

ئى مۆمىنلەر! ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا﴾ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىغانلار، ﴿ئاخىرەت كۈنىنى﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان رەۋىشتە تەستىق قىلمايدىغانلار، ئىسلام دىنىغا ھەق دىن دەپ ئېتىقاد قىلىپ كىرمەيدىغانلار، ﴿الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار بىلەن﴾، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىپ ۋە بىچارىلىكنى بىلدۈرۈپ ﴿خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار﴾.

www.munber.org

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككە مۇشرىكلىرىغا سۈرە تەۋبىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىشكە، ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىشكە ۋە ئۇلارغا: ﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى جاكارلاشقا بۇيرۇغان چاغدا، مەككىنىڭ سىرتىدىن كەلگەن مۇشرىكلار تەھدىت سېلىپ: ئى مەككىلىكلەر! سىلەر پات يېقىندا قاتتىق كۆنلەرگە، يوللارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىشىغا، ئات ـ ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا يولۇقىسىلەر، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (اللّٰه نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن)...﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم نازىل بولدى[2].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنى « نىجىستۇر » دەپ ئاتىدى. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ناپاك. ئەقىدىلىرى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ۋە اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ياكى تاھارەت ئېلىپ پاكلانمايدىغانلىقى ياكى غۇسلى قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. »

2 ـ ھەرەم مەسجىدىگە يېقىنلىشىشنى مەنئى قىلىش مۇبالىغە رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى مەقسەت ئۇلارنى مەسجىدكە كىرىشنى مەنئى قىلىشتۇر. ئۇلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە يېقىنلىشىشى مەنئى قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى تېخىمۇ كۈچلۈك مەنئى قىلىنىدۇ. اللّٰه تائالانىڭ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾[3] دېگەن سۆزىمۇ زىنا قىلىشنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ھارام قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿اللّٰه خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە باي قىلىشنى اللّٰه تائالانىڭ خالىشىغا باغلىق قىلىش بولسا، اللّٰه تائالا بىلەن ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلىم بېرىش، شۇنداقلا مەقسەت قىلغان ئىشقا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ تايىنىپ كەتمەسلىكنى، بەلكى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ۋە يامان ئىشلارنى دەپئى قىلىشتا چوقۇم اللّٰه تائالاغا زارلىنىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىش

---

[1] سۈرە تەۋبە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 27 ـ بەت.
[3] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇنىدۇر. الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر﴾[1] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 ـ مەزكۇر ئايەتنى: ﴿شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دەپ ئاخىرلاشتۇرۇش بولسا، بايلىق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، رىزىقنىڭ ھىيلە ئىشلىتىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن كەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ھېكمەت ۋە پايدىلىق بولغان ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نازۇك بولغان نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا الله خالىسا باي قىلىدۇ، خالىسا كەمبەغەل قىلىدۇ. الله تائالا پەقەت ھېكمىتى ۋە پايدىسى بولغانلىق سەۋەبتىنلا بېرىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ.

5 ـ الله تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىمانى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمانى يالغانچىلىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىمان بولۇپ، ئىمان بولۇشقا تېگىشلىك ئىمان ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە ئۇلار الله نىڭ بالىسى ۋە ئايالى بار دەپ بوھتان چاپلىدى، كىتابلىرىنى ئۆزگەرتتى، الله ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، الله ھالال قىلمىغان نەرسىلەرنى ھالال قىلدى. ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. شۇڭا ئۇلار ئىمانىنى دەۋا قىلسىمۇ، توغرا ئىمانلىق مۆمىنلەردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىمانى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىكى سىر مانا مۇشۇدۇر.

كىرمانى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ الله قا ئىمانى يوقلۇقى بايان قىلىندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى الله قا ئىمان كەلتۈرمىگەن ئادەملەرنىڭ يولىدۇر. نېمىشقا دېگەندە ئۇلار الله تائالانى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدۇ.»

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتى كەرىمدىكى «مۇشرىكلار» دېگەن سۆز نېمە مەنە بېرىدۇ؟

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار: «مۇشرىكلار» دېگەن سۆز بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنىدىغانلارغىلا خاس بولۇپ، «مۇشرىك» دېگەن سۆز الله قا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىۋالغان كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەھلى كىتابلار گەرچە كاپىر بولسىمۇ،

[1] سۈرە فەتھى، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«مۇشرىكلار» دېگەن سۆز ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۆز بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنىدىغانلارغىلا خاستۇر دەپ قارايدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار» دېگەن سۆز پۈتۈن كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەيلى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار بولسۇن، مەيلى ئەھلى كىتابلار بولسۇن ئوخشاشتۇر، چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1] يەنى گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە شېرىك كەلتۈرۈش سۆزى كۇفرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ قاراش توغرىدۇر. «مۇشرىكلار» دېگەن سۆز پۈتۈن كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشنى مەنئى قىلىش پۈتۈن كاپىرلارغا ئامىمىباتۇر. شۇڭا بۇتپەرەس، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ئارىسىدا ھۆكۈمدە ھېچقانداق پەرق يوق.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى نىجىسمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى مۇشرىكلارنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز يۇقىرىدا بۇ سۆزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ناپاكلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقى يەنى ئۇلاردىكى شېرىكلىك ئۇلارنى يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان نىجىس نەرسە دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلىشقا ۋە تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى قىلماي، شۇنداقلا پاسكىنا نەرسىلەردىن يىراق تۇرماي نىجىس نەرسىلەرگە ئوخشاپ قالغانلىقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى تۇتقا قىلساق، مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى ئىت ۋە چوشقىلارغا ئوخشاش نىجىستۇر.»

ئىبنى جەرىر ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، تاھارەت ئېلىشى لازىم.»

بىراق فىقھشۇناسلار يۇقىرىدىكى قاراشنىڭ ئەكسىچە قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق قارايدۇ: كاپىرلارنىڭ بەدەنلىرى پاكتۇر. چۈنكى ئۇلار ئىسلامغا كىرسە، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى سۇ، تۇپراق ۋە ئوتقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن پاكىزلانمىغان تۇرۇقلۇق پاكىز ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. ئايەت تاشقى نىجىسلىقنى

[1] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرسەتمەيدۇ بەلكى ئۇ ئىچكى نىجىسلىقنى كۆرسىتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار تاھارەت ئالمايدۇ، جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلمايدۇ، پاسكىنا نەرسىلەردىن يىراق تۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇلار نىجىسلىق بىلەن ئاشۇرۇپ سۈپەتلەنگەن.

## كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى توغرىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان مۇشرىكلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇشرىكلارنىڭ قاچىلىرىدا سۇ ئىچكەن ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

مۇشرىكنىڭ مەسجىدكە كىرىشى مەنئى قىلىنامدۇ؟

اللہ تائالانىڭ: ﴿مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشىنى مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۆلىمالار ﴿مەسجىدى ھەرام﴾ دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان مۇنداق بىرقانچە قاراشلاردا بولغان:

1 ـ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئاساسلانغاندا بۇ سۆز خۇسۇسەن ھەرەم مەسجىدىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرەم دائىرىسىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەتائىنىڭ ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

3 ـ مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ، ھەرەم مەسجىدىنى ئوچۇق دەلىل بىلەن، قالغان مەسجىدلەرنى قىياسى دەلىل بىلەن كۆرسىتىدۇ. بۇ مالىكىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

4 ـ ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشىنى ۋە ئۆمرە قىلىشىنى مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

## ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ﴿مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ: «ئايەت ھەرەم مەسجىدىنى خۇسۇسەن، كاپىرلارنى ئومۇمەن كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. شۇڭا ئۇ باشقا مەسجىدلەرگە مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرنىڭ كىرىشىنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ھەرەم مەسجىدىگە پۈتۈن كاپىرلارنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

## ئىمام ئەھمەدنىڭ دەلىلى

www.munber.org

ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ﴿مەسجىدى ھەرام﴾ دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ھەرەمنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن: ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر﴾[2]. ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان توسۇش مەككىگە كىرىشتىن توسۇش ئىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۇزاقتا قالماي مەككىگە ئامان ـ ئېسەن كىرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

### ئىمام مالىكنىڭ دەلىلى

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: نىجىسلىقتىن ئىبارەت ئىللەت مۇشرىكلاردە مەۋجۇدتۇر. پۈتۈن مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋاجىپتۇر. شۇڭا ئۇلارغا ھەرەم مەسجىدىگە ۋە پۈتۈن مەسجىدلەرگە كىرىش ئىمكانىيىتى بېرىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىمام مالىك ئەھلى كىتاب كاپىرلىرىنىڭ ۋە باشقا كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشرىكلارغا قىياس قىلغان، شۇنداقلا باشقا مەسجىدلەرنى ھەرەم مەسجىدىگە قىياس قىلغان ۋە پۈتۈن كاپىرلارنىڭ پۈتۈن مەسجىدلەرگە كىرىشىنى مەنئى قىلغان[3].

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ئايەت تۆۋەندىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشىنى ۋە ئۆمرە قىلىشىنى مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ الله تائالا: ﴿مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن﴾ دېدى. چەكلىمىنى ئەنە شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىش چەكلەنگەن نەرسىنى يىلنىڭ مەلۇم ۋاقتىغا خاسلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئۇلار مۇشۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن دېگەن بولىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەجگە كەلگەنلەرگە سۈرە تەۋبىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن چاغدا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمىسۇن» دەپ جاكارلىغان.

---

[1] سۈرە فەتھى، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فەتھى، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 28 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 417 ـ بەت.

3 ـ اﷲ تائالا: ﴿ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار﴾ دېدى. پېقىرلىقتىن قورقۇش ھەج مەۋسۇمىدە مۇشرىكلارنىڭ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىپ كېلىشىنى توسۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىدۇ. مۇشرىكلارنى توسۇش مۆمىنلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

4 ـ مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى ھەج قىلىشتىن، ئەرەفاتتا ۋە مۇزدەلىفەدە تۇرۇشتىن، شۇنىڭدەك ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى قىلىشتىن، گەرچە بۇ پائالىيەتلەر ھەرەم مەسجىدىدە ئېلىپ بېرىلمىسىمۇ، مەنئى قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى ئۇلار ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمىسۇن، دېگەن سۆزىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىدا مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە، ھەرەم مەسجىدىگە ۋە باشقا مەسجىدلەرگە كىرىشى مەنئى قىلىنمايدۇ.»[①]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

جىزيە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ ئۇ كىملەردىن ئېلىنىدۇ؟

جىزيە ئەھلى كىتابلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ۋە ياردىمىدە ياشىغانلىقىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇلارغا تۆلەيدىغان تۆلەمدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى ياشىغانلىقىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىكىنىڭ بەدىلىدۇر ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ۋە قوغدىشىدا ياشىغانلىقىنىڭ بەدىلىدۇر. فىقھشۇناسلار كىملەردىن جىزيە ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «جىزيە پەقەت يەھۇدىيلاردىن، خرىستىئانلاردىن ۋە مەجۇسىلاردىن ئېلىنىدۇ.» ئىمام شافىئىيمۇ مۇشۇنداق دەيدۇ. ئىمام ئەۋزائىي مۇنداق دەيدۇ: «جىزيە بۇتقا ياكى ئوتقا چوقۇنغۇچى ھەرقانداق مۇشرىكتىن، اﷲ نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچى ھەرقانداق دەھرىدىن ئېلىنىدۇ.» ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك: «جىزيە پەقەت ئەرەبلەر ئىچىدىكى بۇتقا چوقۇنغۇچىلاردىن باشقا ھەممە كاپىردىن ئېلىنىدۇ.»

[①] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد.

www.munber.org

جىزيە كىملەردىن ئېلىنىدۇ؟ دېگەن ھۆكۈمگە كەلسەك، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەردىن ئېلىنىدۇ. ساقايماس كېسەلدىن، كوردىن، قېرىلاردىن، ئاياللاردىن، كىچىك بالىلاردىن، ئۆزلىرىنى ئىبادەتخانىغا ئاتىۋەتكەن راھىبلاردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ.

جىزيەنىڭ قانچىلىك مىقداردا ئېلىنىدىغانلىقىغا كەلسەك، ھەر يىلى بايدىن 48 تەڭگە، ھاللىق سەۋىيەدىكى ئادەمدىن 24 تەڭگە، ئەمگەك قىلالايدىغان كەمبەغەلدىن 12 تەڭگە ئېلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد (اللە تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇنى بار ئادەملەردىن تۆت تىللا، كۈمۈش پۇلى بار ئادەمدىن 40 تەڭگە ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدا باي ۋە كەمبەغەل ئوخشاشتۇر.»

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بېشىغا مەيلى ئۇ باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن بىر تىللا ئېلىنىدۇ.»

### كۈچلۈك قاراش

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىمام مالىكتىن (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) رىۋايەت قىلىنغان قاراش بولسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەلگىلىگەن قاراشتۇر. ئۆمەرنىڭ ھەر خىل باج - سېلىقلارنى سالغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر مۇجتەھىد ئىمام ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن دەلىلنى ئاساس قىلغان. مەن بۇلارنىڭ ئىجتىھادىقا قارىتا ۋە باي - كەمبەغەللىككە قارىتا بولغانلىقىدىندۇر دەپ قارايمەن. ئۆمەرنىڭ بەك قېرىپ كەتكەن بىر يەھۇدىينىڭ كىشىلەردىن نەرسە تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن جىزيەنى ئەپۇ قىلغانلىقى ۋە ئۇنى دۆلەت خەزىنىسىدىن تۇرمۇش پۇلى بېرىش كاپالىتىگە ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىدە كەڭچىلىك بار.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

پاك ئىسلام شەرىئىتى اللە نىڭ دىنىغا كىرىشكە، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىدىن، ئادىل ھۆكۈملىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان ھەق دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان كاپىرلارغا ۋە زالىملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى.

ھەممىنى ياراتقۇچى اللە تائالا كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئەھلى كىتابلارنى ئايرىپ قاراپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشقا، ئەگەر ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلسا، جىزيە تۆلەشكە چاقىرىشقا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا تاكى ئۇلار اللە نىڭ دىنىغا قايتقانغا ۋە اللە نىڭ ھۆكمىگە رازى بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش

قىلىشقا بۇيرۇدى. ﴿تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار﴾.

جىزيە تۆلەش ئەمەلىيەتتە بويسۇنغانلىقنىڭ ۋە باش ئەگكەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر، مۇسۇلمان بولمىغان كىشىنىڭ ئىسلام دىنى نىزامنامىسى ئاستىدا ياشاشنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ئىسلام دۆلىتىگە ئىتائەت قىلغانلىقنى، رازى بولغانلىقنى ۋە بويسۇنغانلىقنى ئىزھار قىلىشنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جىزيە تۆلەشنىڭ زىممىلار بىلەن مۇسۇلمانلار خەلىپىسى ۋەكىللىك قىلغان ئىسلام دۆلىتى ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە بۇ يەردە ئىسلام دۆلىتىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش، ئىسلام نىزامنامىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش سادىر بولمايدۇ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ، ئىسلام ھۆكمىگە پۈتۈنلەي بويسۇنغانلىقنى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەلگىلىمىلىرىگە ۋە ئەھكاملىرىگە رازى بولغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسۇلمان ھەر يىلى پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن ئورۇنلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئايرىيدۇ. يەھۇدىي ياكى خرىستىئاندىن ئىبارەت ئەھدە تۈزگەن بۇ زىممى زاكات بېرىشكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئۇ پەقەت جىزيە تۆلەشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. جىزيە بولسا ھەر يىلى **48** تەڭگىدىن ئاشمايدىغان ناھايىتى ئاز مىقداردىكى مەبلەغ بولۇپ، ئۇ بۇنى قوغدانغانلىقى، ھمايىگە ۋە ياردەمگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى، ئۇنىڭ ھۆكمى سايىسىدىكى ئاممىۋي ئاسايىشلىقتىن بەھرىمەن بولغانلىقىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن تۆلەيدۇ.

شۇنداق ئىكەن، جىزيە ئېلىش ھەرگىزمۇ پۇل ـ مال توپلاشنى، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى نىشان قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمى سايىسى ئاستىدا ياشاشقا رازى بولغانلىقنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغانلىقنى ۋە ئىتائەت قىلغانلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر ئادەم تولىمۇ راست ئېيتقان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ مۇسۇلمانلارنى پۇل ـ مال توپلىۋالسۇن ئۈچۈن ئەمەس، ئىنسانلارغا توغرا يېتەكچى بولۇشلىرى ئۈچۈن ئەۋەتكەن.»

# غەنىمەتلەرنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْأَنفَالِ ۖ قُلِ ٱلْأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ ۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَصْلِحُواْ ذَاتَ بَيْنِكُمْ ۖ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١﴾ إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ حَقًّا ۚ لَّهُمْ دَرَجَٰتٌ عِندَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴿٤﴾﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، اللە دىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار». پەقەت اللە ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ.﴾

سۈرە ئەنفال 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلْأَنفَال: (غەنىمەتلەر)، ئۇ سۆزا «نەفەل» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بۇ يەردە غەنىمەت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ سۆز ئەسلىدە ئارتۇق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. نەپلە نامازمۇ مۇشۇ مەنىدە ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ پەرز نامازلاردىن ئارتۇق ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. نەۋرە بالىغمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگارىدىن

سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئوشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)﴾[1].

غەنىمەت مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلەندى. چۈنكى ئۇ، الله تائالا باشقا ئۈممەتلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەر ئىچىدىن بۇ ئۈممەتكە ھالال قىلغان ئارتۇق نەرسىدۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «غەنىمەتلەر مەن ئۈچۈن ھالال قىلىندى، ئۇ مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى.»

بۇ يەردە «نەفل»، «غەنىيمە»، «فەيئ» دىن ئىبارەت غەنىمەتنى بىلدۈرىدىغان ئۈچ سۆز بولۇپ، «نەفل» دېگەن سۆز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئارتۇق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە غەنىمەتمۇ كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئۈممەتكە خاس ھالال قىلىنغان ئارتۇق نەرسىدۇر. «غەنىمە» دېگەن سۆز كاپىرلاردىن ئۇرۇش قىلىپ ئولجا ئالغان مال ـ مۈلكلەرنى كۆرسىتىدۇ. «فەيئ» دېگەن سۆز كاپىرلاردىن ئۇرۇشسىز ئولجا ئالغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس﴾[2].

فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ: (الله دىن قورقۇڭلار) يەنى الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن الله دىن قورقۇڭلار.

الله دىن قورقۇش يەنى الله قا تەقۋادارلىق قىلىش دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى قورقىدىغان نەرسە ئارىسىدا توساق پەيدا قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە، الله نىڭ ئازابىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ساقلىنىشىنى، الله نىڭ غەزىپىدىن ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ: (ئاراڭلارنى) يەنى ئاراڭلاردىكى كېلىشەلمەسلىك ئەھۋاللىرىنى تۈزەڭلار، تاكى بىرلىشىش، مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئىتتىپاقلىشىش ئاساس قىلىنغان ھالەت بارلىققا كەلسۇن.

وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ: (دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان) يەنى الله ياد ئېتىلگەندە الله نىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلىكىدىن قورقۇپ دىللىرى تىترەيدىغان ھەمدە جىغىلدايدىغان. «ئەلۋەجەل» دېگەن سۆز ئەسلىدە قورقماق، ئەنسىرىمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى. ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)، ھەقىقەتەن ساڭا (ئۆسۈپ چوڭ

[1] سۈرە ئەنبىيا، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولغىنىدا) ناھايىتى بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل (يەنى ئىسھاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز » دېدى﴾①.

زَادَتْهُمْ إِيمَـٰنًا: (ئىمانى كۈچىيىدىغان) يەنى ئۇلارنىڭ ئىمانى مۇستەھكەملىنىشىدۇ، خاتىرجەملىكى كۈچىيىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بولغان پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. كۈچلۈك ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنى ئىماننىڭ كۈچىيىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. دېمەك، ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. ئۇ، تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن كۈچىيىدۇ، گۇناھ - مەسىيەتلەر بىلەن ئاجىزلايدۇ. ئىمام بۇخارى بۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

يَتَوَكَّلُونَ: (تەۋەككۇل قىلىدىغان) يەنى پۈتۈن ئىشلىرىدا الله غىلا تايىنىدىغان. الله قا تەۋەككۇل قىلىش تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ شۇئارىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات الله قا يۆلەنگىن﴾②.

يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ: (ئۇلار ناماز ئوقۇيدۇ) يەنى ئۇلار نامازنى پۈتۈن شەرتلىرى ۋە تەئدىل - ئەركانلىرى بىلەن تولۇق ئۆتەيدۇ. ناماز ئوقۇش ئۇنى ئادا قىلىشلا بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئالدىرىماي، ئەيمىنىش ئىچىدە ۋە الله پەرز قىلغان ئەركانلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ئاساستا ئۆتەشتىن ئىبارەتتۇر.

دَرَجَـٰتٌ: (يۇقىرى مەرتىۋىلەر) يەنى جەننەتتىكى يۇقىرى ۋە ئالىي دەرىجىلەر.

وَمَغْفِرَةٌ: (مەغپىرەت) يەنى ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرى كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ.

وَرِزْقٌ كَرِيمٌ: (ئېسىل رىزىق)، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلانغان ئېسىل نازۇنېمەتلەردۇر. ئەرەبلەر سەت ۋە زىيانلىق بولمىغان نەرسىلەرنى ئېسىل دەپ سۈپەتلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ سەن بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى جەڭ بەدىر ئۇرۇشىدا سەن قولغا چۈشۈرگەن غەنىمەتلەرنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سەندىن سورىشىدۇ. ئۇلارغا ﴿ئېيتقىنكى﴾، ئۇ ﴿غەنىمەتلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس﴾ بولۇپ، ئۇنىڭغا الله تائالا ئۆز ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى الله تائالا

① سۈرە ھىجر، 52 ــ 53 - ئايەتلەر.

② سۈرە فۇرقان، 58 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەلگىلەپ بەرگەن كۆرسەتمە بويىچە تەقسىم قىلىدۇ. ﴿اللە دىن قورقۇڭلار﴾، غەنىمەت توغرىسىدا ئىختىلاپ چىقارماڭلار، تالاش ـ تارتىش قىلماڭلار. چۈنكى مۇنداق قىلىش سىلەرنى اللە نىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىپ قويىدۇ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا كۈچۈڭلار ئاجىزلاپ كېتىدۇ. سىلەرنىڭ غەنىمەت توغرىسىدا ئىختىلاپ چىقىرىشىڭلار ئۇنىڭ سىلەرگە خۇددى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە هارام قىلىنغىنىدەك هارام قىلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

غەنىمەتلەر ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە هارام قىلىنغان ئىدى. اللە تائالا ئۇنى بۇ ئۈممەتكە رەھمەت ۋە ئاسانچىلىق بولسۇن ئۈچۈن، اللە نىڭ يولىدا جىهاد قىلىشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن هالال قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «غەنىمەتلەر ماڭا هالال قىلىندى، ئۇ مەندىن ئىلگىرى هېچكىمگە هالال قىلىنمىغان ئىدى.» ئى مۆمىنلەر! شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر غەنىمەت ھەققىدە ئىختىلاپ چىقارماڭلار، تالاش ـ تارتىش قىلماڭلار، ﴿اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ يەنى سىلەرنى بۇيرۇغان پۈتۈن ئىشلاردا ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، قورقۇتقان پۈتۈن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار جەننەتتە ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشىسىلەر ۋە ئىمان دەۋايىڭلاردا راستچىل مۆمىنلەردىن بولۇسىلەر.

اللە تائالا كېيىنكى ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى، ئۇلارغا كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنساننىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس نازۇنېمەتلەر قارارگاهى بولغان ئاخىرەتتىكى ئېسىل مۇكاپاتنىڭ تەييارلانغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان جامائەت غەنىمەت توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان ۋە ئەخلاقىمىز بۇزۇلغان بىر پەيتتە بۇ ئايەت نازىل بولدى. شۇنداق قىلىپ اللە ئۇنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا خاس قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى. مۇشۇنداق قىلىشتا اللە دىن قورقۇش، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۆزئارا تۈزەش بارلىقى كېلەتتى.»[1]

2 ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كىمكى مۇنداق، مۇنداق ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق غەنىمەت بېرىلىدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەن

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

ياشلار شۇ ئىشنى قىلىشقا ئالدىراشتى. يېشى چوڭلار بولسا بايراقلار تىكلەنگەن جايلاردا قالدى. غەنىمەتلەر توپلانغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىلەر كېلىپ ۋەدە قىلىنغان غەنىمەتنى تەلەپ قىلىشتى. بۇنى كۆرگەن يېشى چوڭلار: بىزدىن ئارتۇق ئېلىۋالماڭلار، بىز سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردا مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ بەردۇق، ئەگەر ئارقا تەرىپىڭلار مۇداپىئەسىز قالغان بولسا، ئەلۋەتتە سىلەر بىز تەرەپكە قايتىپ كەلگەن بولاتتىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تالىشىپ قالدى. ئاندىن اللّٰه تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

3 ـ ئىمام ئەھمەد سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى قېرىندىشىم ئۇمەير ئۆلتۈرۈلدى، مەن سەئد ئىبنى ئاسنى ئۆلتۈرۈپ، قىلىچىنى ئېلىۋالدىم. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ: «ئۇنى ئېلىپ بېرىپ غەنىمەتكە قېتىۋەتكىن» دېدى. مەن قايتىپ كېتىۋېتىپ: قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرۈپ قورالىنى ئولجا ئېلىۋالغان كىشىنى پەقەت اللّٰه ئۆزىلا بىلىدۇ، دېگەن ئويدا بولدۇم. مەن ئازراق ماڭمايلا سۈرە ئەنفال نازىل بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بېرىپ ئولجاڭنى ئېلىۋالغىن» دېدى[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ﴿اللّٰه دىن قورقۇڭلار﴾ ۋە ﴿اللّٰه قا ئىتائەت قىلىڭلار﴾ دەپ بۇيرۇق قىلىنغان بۇ ئىككى ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن اللّٰه نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىندى. ئالدىنقى ئايەتتىمۇ، كېيىنكى ئايەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى اللّٰه تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىش بولسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇلۇغلاش، شەرىپىنى ئىزھار قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغانلىق اللّٰه تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈندۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ اللّٰه قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر اللّٰه نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[2].

2 ـ اللّٰه دىن قورقۇشقا بۇيرۇش بىلەن اللّٰه قا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇشنىڭ ئارىلىقىدا ﴿(ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار﴾ دەپ، ئارىنى تۈزەشكە قىلغان بۇ بۇيرۇقنى ئوتتۇرىدا كەلتۈرۈش بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئارىنى تۈزەش ئىشىغا

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.
[2] سۈرە نىسا، 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئارىنى تۈزەشكە قىلىنغان بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىتائەت قىلىشقا قىلىنغان بۇيرۇق ئاستىدا بارلىققا كېلىشى ئۇچۇندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئەڭ چوڭ تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر، شۇنداقلا بەندىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار﴾ دېگەن سۆزى مەزكۇر ئۈچ بۇيرۇققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئايەتتە: ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، الله دىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار دېيىشتىن مەقسەت ئۇلارنىڭ ئىمانىغا شەكلەنگەنلىكىنى ئەمەس بەلكى بۇ ئىشلارغا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىنتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «الله دىن قورقۇشنى، ئارىنى تۈزەشنى، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى ئىماننىڭ تەقەززالىرى قىلىش بولسا ئۇلارغا مۇكەممەل ئىماننىڭ ئەنە شۇ ئىشلار بىلەن تولۇقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.»[1]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

غەنىمەتلەر، ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىشى؟

بۇ ئايىتى كەرىم غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمىنى روشەن بايان قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇنى تەقسىم قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق. يالغۇز الله لا ئۆزى خالىغان شەكىلدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى الله تائالانىڭ ھۆكمى بويىچە تەقسىم قىلىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنامدۇ ياكى ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇنى ھېچبىر ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرمىغان، بۇ ئايەت غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمىنى ئومۇمەن قىلىپ بايان قىلىپ بەردى. ئاندىن ئىككىنچى ئايەت كەلدى: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (اللە نىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار)﴾[1].

بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى ئومۇمىي ھۆكۈمنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ، غەنىمەتنى تەقسىم قىلىشنى، غەنىمەت بېرىلىدىغان كىشىلەرنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى. دېمەك، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى بۇ ئايىتى كەرىمدە كۆرسىتىلگەن كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. قالغانلىرى يەنى بەشتىن تۆتى غەنىمەت ئالغۇچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قاراش كۈچلۈكتۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايىتى كەرىم اللە تائالانىڭ: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللە قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاستۇر﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.» بۇ قاراش ئاجىزدۇر.

توغرىسى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان قاراش بولۇپ، مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولماستىن، پەقەت غەنىمەتنىڭ ھۆكمىنى ئومۇمەن بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «توغرا قاراش شۇكى، مەزكۇر ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، غەنىمەتنىڭ ھۆكمىنى ئومۇمەن بايان قىلىپ بەردى، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بايان قىلغان ئايەت ئۇنى بېرىدىغان كىشىلەرنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى.»[2]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

بەزى مۇجاھىدلارغا غەنىمەتتىن ئارتۇق بېرىش

بۇ يەردىكى "ئارتۇق بېرىش" غەنىمەتنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى بەزى مۇجاھىدلارغا ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقداردا بىر نەرسە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. غەنىمەتنى بەشكە بۆلۈشتىن ئىلگىرى قوماندان ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە مەلۇم مىقداردا ئارتۇق نەرسە بەرسە بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىدە بايان قىلىنغان سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قىسسىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى (كاپىردىن) بىرىنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئولجا ئۆزىنىڭ بولىدۇ، كىمكى (كاپىردىن) بىرىنى ئەسىر ئالسا، ئۇ ئۇنىڭ بولىدۇ.»

بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ قاراش توغرىدۇر. ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇنى

---

[1] سۈرە ئەنفال، 41 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد.

ياقتۇرمايدىغانلىقى ۋە: «بۇ مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

ئىبنۇل ئەرەبى «ئاياتۇل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ مەزھىبىمىزنىڭ ئۆلىمالىرى غەنىمەتنى ئارتۇق بېرىشنى دۇرۇس بولىدۇ، ياخشى ئەمەس دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ. دۇرۇس بولغىنى ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئارتۇق بۆلۈپ بېرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئولجا ئۆزىنىڭ بولىدۇ.» ياخشى ئەمەس بولغىنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى: كىمكى مۇنداق، مۇنداق ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق ئولجا بېرىلىدۇ، دېيىشتۇر. غەنىمەتنى مۇشۇ شەكىلدە ئارتۇق بېرىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇرۇش غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بەزى ئادەم غەنىمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بەزى ئادەم ئۆزىنىڭ باتۇرلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەيدۇ. ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: گەرچە بىر ئادەم ئۇرۇشتا غەنىمەتنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا ھەقلىق بولىۋېرىدۇ. ھەدىستە ياقتۇرۇلمىغان ئىش بولسا، پەقەت غەنىمەتنى دەپلا ئۇرۇش قىلىشقا قارىتىلىدۇ[1].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ئارتۇق بېرىش ئەسلى غەنىمەتتىن بېرىلەمدۇ ياكى بەشنىڭ بىرىدىن بېرىلەمدۇ؟

1 - ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە (الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئارتۇق بېرىش ئەسلى غەنىمەتتىن ئەمەس، بەشنىڭ بىرىدىن بېرىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «الله سىلەرگە ئولجا قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن پەقەت بەشتىن بىرى مېنىڭدۇر. شۇ بەشنىڭ بىرىمۇ سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ.»

2 - ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئارتۇق بېرىش بەشنىڭ بىرىدىن ئەمەس، ئەسلى غەنىمەتتىن بېرىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەھلدىن ئېلىنغان ئولجىنى مۇئاز ئىبنى ئەمرىگە بەردى. ئۇ يەنە ھۇنەين ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇنداق دېدى: «كىمكى

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 - جىلد.

www.munber.org

بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئولجا ئۆزىنىڭ بولىدۇ.»

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسلەر پەقەت مۇجاھىدقا ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى بېرىشنىلا كۆرسىتىدۇ. ئارتۇق بېرىش غەنىمەت ئېلىنغان ئەسلى مالدىن بېرىلەمدۇ ياكى بەشىنىڭ بىرىدىن بېرىلەمدۇ؟ دېگەن بۇ ھۆكۈم باشقا بىر دەلىلدىن ئېلىنىدۇ. الله تائالا غەنىمەتنى ھەق رەۋىشتە بەشكە بۆلدى، بەشىنىڭ بىرىنى پەيغەمبىرى ئۈچۈن، قالغان تۆتىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلىپ بەلگىلىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىغا مۇنداق بىر رىۋايەت دەلىل بولىدۇ: ئەۋف ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: ھەمىر قەبىلىسىدىن بىر ئادەم دۈشمەن تەرەپتىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئولجا ئالماقچى بولىدۇ. خالىد ئۇنى ئۇنىڭغا بەرمەيدۇ. خالىد ئۇلارغا باشلىق ئىدى. ئەۋف بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىدقا: «ئۇ ئالغان ئولجىنى ئۇنىڭغا نېمىشقا بەرمىدىڭ؟» دەيدۇ. خالىد: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى جىق كۆرۈپ قالدىم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىدقا: «ئۇنى ئۇنىڭغا بەرگىن» دەيدۇ. كېيىن ئەۋف خالىدقا ئۇچراپ، ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ساڭا ئەسلىتىلگەن ئىشنى ئىجرا قىلدىڭمۇ؟ دەيدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ قېلىپ غەزەپلىنىدۇ ۋە: «ئى خالىد! ئۇنى ئۇنىڭغا بەرمىگىن، سىلەر مەن تەيىنلىگەن باشلىقلارنى خىزمەت قىلغىلى قويامسىلەر يوق؟» دەيدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇ ئالغان ئولجا غەنىمەتتىن ئۇنىڭغا ئارتۇق بېرىلىدىغان ھەققى بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇۋالمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ مال - مۈلكتىكى جازا بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق جازالاش ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا دۇرۇس بولمايدۇ. ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەرگە ئارتۇق بېرىلىدىغان ئولجا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن بېرىلەتتى.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 - ساھابىلارنىڭ دىنىي ئىشلاردىن ئۆزلىرى مۇھىم بىلگەن نەرسىلەرنى سوراشقا ھېرىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - پۈتۈن ھۆكۈملەر الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە قايتۇرۇلىدۇ.

3 - ھۆكۈملەرنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلىگۈچى الله نىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئارىنى تۈزەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4 - ئىماننىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش ئۈچۈن راستچىل مۆمىنلەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك سۈپەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**5** ـ اللّٰه نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا چىڭ يېپىشىش، اللّٰه بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئىنسانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن سەۋەب بولىدۇ.

www.munber.org

# ئۇرۇشتىن قېچىش

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ زَحۡفٗا فَلَا تُوَلُّوهُمُ ٱلۡأَدۡبَارَ ١٥ وَمَن يُوَلِّهِمۡ
يَوۡمَئِذٖ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفٗا لِّقِتَالٍ أَوۡ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٖ فَقَدۡ بَآءَ بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ
وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ١٦ فَلَمۡ تَقۡتُلُوهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمۡۚ وَمَا رَمَيۡتَ إِذۡ رَمَيۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ رَمَىٰۚ
وَلِيُبۡلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡهُ بَلَآءً حَسَنًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ١٧ ذَٰلِكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيۡدِ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٨ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار). كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن اللە نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! (ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگۈنۈڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) اللە ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) اللە ئاتتى. (اللە نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. اللە ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ (اللە نىڭ مۆمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). اللە كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر﴾.

سۈرە ئەنفال 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

زَحۡفٗا: (ھۇجۇم)، ئۇ سۆز ئەسلىدە كىشىنىڭ يالاڭغا ئوخشاش قورسىقى بىلەن يەر بېغىرلاپ مېڭىشىنى ياكى ئۇنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشاش قوڭچە ئۆمىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ھۇجۇمغا ئۆتكەن سانى كۆپ قوشۇننىڭ مېڭىشى كىچىك بالىنىڭ

ئەنە شۇنداق ئۆملىشىگە ئۇخشىتىلغان. چۈنكى ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇننىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن كۆزگە ئۆملەۋاتقاندەك كۆرىنىدۇ.

ٱلْأَدْبَارَ: (ئارقا). ئۇ سۆز «دۇبۇر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئارقا تەرەپ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئالدى تەرەپ دېگەن سۆزنىڭ زىتىدۇر. ئالدى تەرەپ، ئارقا تەرەپ دېگەن بۇ سۆزلەر بەزىدە ئىنساننىڭ ئالدى ۋە كەينى ئەۋرەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇنى ئالدى تەرەپ ۋە ئارقا تەرەپ دەپ ئىشلىتىش لۇغەتتە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى﴾[1].

مُتَحَرِّفًا لِّقِتَالٍ: (قايتا ئۇرۇشۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش)، بۇ سۆز قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قېچىشنى يەنى دۈشمەننى مەغلۇپ بولدى دېگەن خىيالغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى ئالداش مەقسىتىدە قاچقاندەك كۆرۈنۈشنى، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قايتا ھۇجۇم قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىدىن بىرىدۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ.»

مُتَحَيِّزًا: (قوشۇلۇش) يەنى باشقا بىر قوشۇنغا قېتىلىش. بۇ سۆز ئايەتتە: باشقا بىر قوشۇنغا، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ياكى ئۇلاردىن ياردەم تىلەش مەقسىتىدە چېكىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

بَآءَ بِغَضَبٍ: (غەزىپىگە ئۇچرايدۇ) يەنى الله نىڭ غەزىپى ۋە ئازابى بىلەن قاچقان بولىدۇ.

وَمَأْوَىٰهُ جَهَنَّمُ: (ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ) يەنى ئۇنىڭ تۇرالغۇ جايى، بارار جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي ھە!

مُوهِنُ كَيْدِ ٱلْكَٰفِرِينَ: (كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر) يەنى كاپىرلارنىڭ كۈچىنى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرگە ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىش بىلەن ئاجىزلاشتۇرغۇچىدۇر.

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ مۆمىنلەر ئېرىشكەن غەلىبە بىلەن بىرگە بېرىلگەن يەنە بىر خۇش خەۋەردۇر. الله تائالا بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى ئاجىزلىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىنى كىچىكلىتىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ خانىۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خەۋەر كېيىن رىئاللىقتا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ قالدى. جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر.»[2]

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە ۋە ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

بۇ ئايەتلەر مۆمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق غازات بەدىر غازىتىدا مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نازىل بولغان. بۇ غازات كۇفرى دەۋرى بىلەن ئىمان دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچى ھەل قىلغۇچ جەڭ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەڭ بولغان كۈن ئايرىغۇچى كۈن دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ كۈندە قاراڭغۇلۇق بىلەن نۇرنىڭ، كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار﴾[1].

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا، كاپىرلار قوشۇنى قانچىلىك چوڭ ۋە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ چېكىنمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. غەلىبە ساننىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولمايدۇ. مۆمىنلەر جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلىشقا كاپىرلاردىن ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار يا دۇنيادا غەلىبە قىلىپ دۈشمەنلىرىنى يېڭىش، يا اللہ يولىدا ھېچ نەرسە تەڭ بولالمايدىغان شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىدۇ. اللہ تائالا مۆمىنلەرنى ئارقىغا قېچىشتىن ۋە چېكىنىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا زەربە بولىدۇ، مۇجاھىدلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىدۇ.

اللہ تائالا مۇنداق ئىككى ھالەتتە چېكىنىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: بىرى، ئەگەر چېكىنىش دۈشمەننى ئالداپ تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ. ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىنى قانداق يېقىتىشنى ۋە تۈيدۇرماي جايلاشنى ياخشى بىلىدۇ. يەنە بىرى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى يالغۇز قالغان بولۇپ، باشقا بىر جامائەتكە قېتىلىپ كۈچلىنىشنى مەقسەت قىلغان ياكى شۇ جامائەتنىڭ ئۆزىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قېتىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا چېكىنىش دۇرۇس بولىدۇ.

بۇ ئىككى خىل مەقسەتتىن باشقا ھالەتتە ئۇرۇشتىن قېچىش ناھايىتى چوڭ جىنايەت بولۇپ، اللہ تائالا مۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ، مۇنداق قىلغۇچىنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن قورقىتىدۇ. بۇ ئازاب شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ﴿اللہ نىڭ غەزىپى﴾ نى ئېلىپ قايتقان بولىدۇ، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. بۇ جەھەننەم ﴿نېمىدېگەن يامان جاي!﴾

[1] سۈرە ئەنفال، 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا كېيىنكى ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا ۋە باشقا ئۇرۇشلاردا ئۆزلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن غەلىبە قىلمىغانلىقىنى، سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەنمۇ غەلىبە قىلمىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزلىرىگە الله نىڭ ياردەم بېرىشى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىشى ئارقىسىدا غەلىبە قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر الله قا يۆلىنىشى ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك. الله نېمىدېگەن ياخشى هامىي! نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

### ئەسكەرتىش ۋە مۇهىم نۇقتا

تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇهەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى﴾ دېگەن سۆزى هەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۆمىنلەرنى سەپكە تىزدى، ئاندىن بىر سىقىم قۇم ئالدى، ئاندىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا قاراپ تۇرۇپ: «يۈزلەر سەتلىشىپ كەتسۇن» دېدى. ئاندىن ئۇنى مۇشرىكلارغا ئاتتى. شۇ كۈنى ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم قالماي هەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە قۇم كىرىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساهابىلىرىنى ئۇلارغا قاتتىق هۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ئۇلار مەغلۇپ بولدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى ئەسىر ئېلىندى.

www.munber.org

## شەرىئەت هۆكۈملىرى

### بىرىنچى هۆكۈم

ئۇرۇشتىن قېچىش چوڭ گۇناهتۇر.

شەرىئەت دەلىللىرىنىڭ زاهىرى مەنىسى ئۇرۇشتىن قېچىشنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى، پەقەت مۇنداق ئىككى هالەتتە قېچىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: بىرى، دۈشمەننى ئالداپ قويۇپ قايتا هۇجۇم قىلىش هالىتىدۇر. يەنە بىرى، مۇسۇلمانلار جامائەتكە قوشۇلۇش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچىيىش هالىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننىتى ئۇرۇشتىن قېچىشنىڭ چوڭ گۇناهلاردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «يەتتە تۈرلۈك هالاك قىلغۇچىدىن يىراق تۇرۇڭلار» دېدى. ساهابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېهىرگەرلىك قىلىش، الله ئۆلتۈرۈشنى هارام قىلغان ئىنساننى ناهەق ئۆلتۈرۈش، جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ

مىلىنى يېيىش، ئۇرۇشتىن قېچىش ۋە ئېيپەتلىك، گۇناھسىز مۆمىنلەرگە بوھتان چاپلاش» دېدى[1].

### ئىككىنچى ھۆكۈم

دۈشمەننىڭ سانى قانچىلىك بولسا ئۇنىڭدىن قېچىش ھارام بولىدۇ؟

بۇ ئايەت ئۇرۇشتىن قېچىشنى ھارام قىلىدۇ. ئەمما سانى قانچىلىك بولغان دۈشمەندىن قېچىشنىڭ ھاراملىقىغا كەلسەك، ئۇنى سۈرە ئەنفالنىڭ ئاخىرىدىكى يەنە بىر ئايەت بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئىبارەتتۇر: ﴿الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. الله چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2].

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا ئەگەر دۈشمەنلىرى بىر ھەسسە ئارتۇق بولغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى پەرز قىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇلار دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا دۈشمەنلەر ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قارشى مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. كېيىن الله بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مۇسۇلمان بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ ۋە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. ئەگەر كاپىرلارنىڭ قوشۇنى مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولسا، ئۇلارغا كاپىرلار بىلەن ئۇچرىشىش پەرز بولمايدۇ. بىراق بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلار دىيارىغا ھۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش ناھايىتى چوڭ خەتەرلىك ۋەزىيەت بولسا، بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارغا مۇداپىئەگە ئۆتۈش پەرز بولىدۇ. جىھاد قىلىش ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ، كىچىك بالىغىمۇ، چوڭ ئادەمگىمۇ پەرز بولىدۇ.

ئەمما ئۇرۇشقا يۈسۈپ كىرىشكە كەلسەك، بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئون ئادەمگە، ئاز ئادەم كۆپ ئادەمگە قارشى ھۇجۇم قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق بولىدۇ.»

توغرا قاراش شۇكى، ئىبنۇل ئەرەبى ئېيتقاندەك، مۇشرىكلارنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈسۈپ كىرىش دۇرۇس بولىدۇ. دۈشمەنلەر ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بۇ قەھرىمانلىقنى بىر شەخسنىڭ ھۇجۇمىدىن كۆرگەندە دىللىرىغا قورقۇنچ چۈشىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھۇجۇم قىلىپ يۈسۈپ كىرىش الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، مۇشرىكلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنفال، 66 ـ ئايەت.

ئۈچىنچى ھۆكۈم

زۆرۈر بولۇپ قالغاندا قاچسا بولامدۇ؟

مەزكۇر ئايەت كۆرسەتكەن يۇقىرىدىكى ئىككى ھالەتتىن باشقا يەنە دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانغا ياكى دۈشمەنلەر مۇجاھىدلارنىڭ تەمىنات يولىنى ئۈزۈۋەتكەنگە ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدىمۇ قېچىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، دۇرۇس بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز بىر ئۇرۇشتا ئىدۇق. توساتتىن ئادەملەر دۈشمەنلەر ئالدىدا قېچىشقا باشلىدى. بىز: ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز؟ بىز ئۇرۇشتىن قاچتۇق ۋە الله نىڭ غەزىپىنى ئېلىپ قايتتۇققۇ؟ دېيىشتۇق. بىز بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: «نىمە ئادەملەر؟» دېدى. بىز: قاچقۇنلارمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، بەلكى سىلەر قايتا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە چېكىندىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ جامائەتىڭلار، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەتىمەن» دېدى. ئاندىن: ﴿قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[①].

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مۆمىن الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېغىرچىلىقلارغا چىدىشى كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆمرى الله نىڭ قولىدىدۇر.

2 ـ ئۇرۇشتىن قېچىش چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىنى خىيىم ـ خەتەرگە ۋە يېڭىلىپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

3 ـ زۆرۈر بولۇپ قالغان ئەھۋاللاردىن باشقا چاغلاردا ئۇرۇشتىن قېچىش دۇرۇس ئەمەس.

4 ـ غەلىبە الله نىڭ قولىدىدۇر. شۇڭا مۆمىن ئۇرۇشتا سەۋەبلىرىنى قىلىش بىلەن بىرگە الله قا تايىنىش كېرەك.

---

[①] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىغىمۇ قاراڭ.

www.munber.org

# غەنىمەتلەرنى قانداق تەقسىم قىلىش ئەھۋالى

﴿ ۞ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤١﴾ ﴾

﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ﷲ قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر ﷲ قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (ﷲ نىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾.

سۈرە ئەنفال 41 ـ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

غَنِمۡتُم: (سىلەر ئالغان غەنىمەت). غەنىمەت بولسا كاپىرلاردىن ئۇرۇش قىلىش ۋە غەلىبە قىلىش يولى بىلەن بىسىم ئارقىلىق ئالغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن ئۇرۇش ياكى جەڭ قىلماستىن ئالغان نەرسىلەر يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك «فەيئ» دەپ ئاتىلىدۇ.

خُمُسَهُۥ: (بەشتىن بىرى). بەشتىن بىرى دېگىنىمىز مەلۇم بىر نەرسىنى بەش بۆلەككە بۆلۈپ ئاندىن ئۇنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. شەرىئەتتە ۋاجىپ بولغان بەشتىن بىرى بولسا غەنىمەتلەرنى بەش بۆلۈككە بۆلۈپ، بەشتىن بىر بۆلۈكىنى ﷲ تىلىغا ئالغان كىشىلەرگە ئىشلىتىش، قالغان تۆت بۆلۈكىنى غەنىمەت ئالغۇچى مۇجاھىدلار ئارىسىدا بۆلۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ تائالانىڭ غەنىمەتتىن بەشنىڭ بىرىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلغاندىن كېيىن قالغان قىسمىغا سۈكۈت قىلىشى ئۇنىڭ غەنىمەت ئالغۇچى مۇجاھىدلارنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

وَلِذِى ٱلْقُرْبَىٰ: (پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا)، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى بولۇپ، توغرا قاراشقا ئاساسەن، ئۇلار ھاشىم جەمەتىنى ۋە مۇتتەلىب جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. الله خالىسا بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز.

وَٱلْيَتَـٰمَىٰ: (يېتىملەر)، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئاتىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلاردىن كىچىك قالغان يېتىم بالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يېتىم بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ.

وَٱلْمَسَـٰكِينِ: (مىسكىنلەر)، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى يوقسۇل ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەردۇر.

وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ: (ئىبنى سەبىللەر)، ئۇلار قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن سەپىرىنى داۋام قىلالماي سەپەر ئۈستىدە توختاپ قالغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يَوْمَ ٱلْفُرْقَانِ: (ئايرىلغان كۈندە)، ئۇ بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈندۇر. چۈنكى الله تائالا ئۇ كۈندە ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. بۇ ئۇرۇش ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى، رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.

ٱلْجَمْعَانِ: (ئىككى گۇرۇھ)، بۇ سۆز مۇسۇلمانلار گۇرۇھى بىلەن مۇشرىكلار گۇرۇھىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿بىلىڭلاركى، سىلەر﴾ ئۇرۇش قىلغۇچى كاپىرلاردىن ﴿ئالغان غەنىمەتنىڭ﴾ ھەممىسى، مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، سىلەرنىڭ مۇقىم ھەققىڭلاردۇر. ئۇنىڭ ھۆكمى بولسا ﴿بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاستۇر﴾. شۇڭا ئۇنى بەش بۆلەككە بۆلۈڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى الله ئۈچۈن ئايرىڭلار. بەشتىن بىرى بولغان بۇ غەنىمەت دىنىنىڭ مەنپەئەتى، شەرىئەت بەلگىلىملىرىنى بەرپا قىلىش، كەبىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يۆپۈق يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بەشتىن بىرى بولغان غەنىمەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكىدەك بېرىڭلار. ئاندىن يەنە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە بېرىڭلار. ئاندىن قالغان مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى يېتىملەر، مىسكىنلەر ۋە ئىبنى سەبىللەردىن ئىبارەت موھتاجلارغا بېرىڭلار.

ئاندىن الله تائالا بۇنىڭ ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىماننىڭ تەقەززاسى بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ۋە

ھۆكۈملىرىگە باش ئېگىش، ئۆزئارا ئىختىلاپ چىقارماسلىق لازىم. چۈنكى اللّٰه تائالا غەنىمەت تەقسىماتىنى ئۆزى بەلگىلىدى، ھەر ئادەمنىڭ ھەققىنى بەردى، شۇنداقلا پۈتۈن بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن چوڭ اللّٰه نىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشى ۋە بويسۇنۇشى كېرەك.

## ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

اللّٰه تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى ئازابلىغان، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىنى توسىۋالغان تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى، مۆمىنلەرگە ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدە كاپىرلاردىن چوقۇم غەنىمەت ئالىدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە بۇ غەنىمەتلەرنى قانداق تەقسىم قىلىش ھۆكمىنى بايان قىلدى، غەنىمەت ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىش ۋە ئىختىلاپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن غەنىمەت ئىشلىتىلىدىغان كىشىلەرنى روشەن بايان قىلىپ بەردى. بۇ ئايەت بىلەن ئىلگىرىكى ئايەتلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقى دەل مانا مۇشۇدۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئالغان غەنىمەت﴾ دېگەن سۆزى قانداق نەرسە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، تاكى يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ غەنىمەت تەقسىماتىدا اللّٰه تائالانى: ﴿بەشتىن بىرى اللّٰه قا﴾ دەپ تىلغا ئېلىش بولسا، بىزگە اللّٰه تائالانىڭ كاتتا ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بەرىكەت تىلەشنى، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى اللّٰه تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ: «بۇ بەشتىن بىرى بولغان غەنىمەت يەنە ئالتە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ بىرى اللّٰه ئۈچۈندۇر» دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پۈتۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەت اللّٰه ئۈچۈندۇر. اللّٰه بايدۇر، ھەمىشە مەدھىيىگە لايىقتۇر. ياكى بولمىسا ئۇ اللّٰه نىڭ يولىغا ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت: اللّٰه نىڭ يولىغا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿بەندىمىزگە بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر﴾ دېگەن سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك سۈپەتلىرىدىن بىرى اللّٰه قا بەندىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرە ئىسرادىمۇ ئۇنى بۇ كاتتا سۈپەت بىلەن تىلغا ئېلىشىنىڭ سىرى دەل مانا مۇشۇدۇر: ﴿الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى﴾[1]. بەندە دېگەن سۆزنى الله تائالاغا قوشۇپ تىلغا ئېلىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكنى ۋە ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغانلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

### ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا

مۇراغى ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن غەنىمەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتتەلىب جەمەتىگە خاسلاشتۇردى، ئابدۇشەمس جەمەتى بىلەن نەۋفەل جەمەتىنى غەنىمەت ئالىدىغان تۇغقانلىرى ئىچىگە قاتمىدى. چۈنكى قۇرەيشلەر توختام تۈزۈپ ھاشىم جەمەتىنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئەبۇ تالىب جىلغىسىغا پالىغان چاغدا ئۇلار بىلەن مۇتتەلىب جەمەتىمۇ بىللە شۇ جىلغىغا كىرگەن ئىدى. ئابدۇشەمس جەمەتى بىلەن نەۋفەل جەمەتى كىرمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتتەلىب جەمەتىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە قەدرى ـ قىممىتىنى قىلىپ غەنىمەت تەقسىماتىنى شۇلارغا خاس قىلدى.»

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

غەنىمەت ۋە فەيئ ئىككىسى بىر نەرسىمۇ؟

بىز يۇقىرىدا غەنىمەت بىلەن فەيئىنىڭ ھەر بىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئۆلىمالار ئۇ ئىككىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «غەنىمەت كاپىرلاردىن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق بېسىم بىلەن ئالىغان نەرسىلەردۇر. فەيئ بولسا سۈلھى قىلىش يولى ئارقىلىق ئالغان نەرسىلەردۇر.» بۇ ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدۇر.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «غەنىمەت بولسا يۆتكىگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ، فەيئ بولسا يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە باشقىلارغا ئوخشاش يۆتكىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ مۇجاھىدنىڭ قارىشىدۇر.

[1] سۈرە ئىسرا، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

غەنىمەت ۋە فەيئ ھەر ئىككىلىسى بىر مەنىنى يەنى ئۇلجا ئېلىنغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. توغرا قاراش ئىمام شافىئىينىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر ئالغان غەنىمەت﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندا ئۇلاردىن ئولجا ئالغان مال ـ مۈلكلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئۆلىمالار بىردەك ئىتتىپاق كەلگەن. بىز بايان قىلغان نەرسىگە ئاساسەن لۇغەت مۇنداق خاسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن شەرىئەت غەنىمەتنىڭ بۇ تۈرىنى مۇشۇ سۆز بىلەن تونۇتتى. شەرىئەت كاپىرلاردىن بىزگە قالغان مال ـ مۈلكنى غەنىمەت ۋە فەيئدىن ئىبارەت ئىككى ئىسىم بىلەن ئاتىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار جاپا ـ مۇشەققەت تارتىش، ئات ۋە تۆگە چاپتۇرۇش ئارقىلىق كاپىرلاردىن ئولجا ئالغان نەرسىلەر غەنىمەتتۇر. بۇ ئىسىم مۇشۇ مەنىگە ئۆزلىشىپ غەنىمەتنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى. فەيئىنىڭ ئەسلى مەنىسى ”قايتىش“ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۇرۇشسىز ۋە ئات ـ ئۇلاق چاپتۇرۇشسىز قايتىپ كىرگەن ھەرقانداق مال ـ مۈلكنى كۆرسىتىدۇ. يەر ـ زېمىندىن ئېلىنغان خاراجمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.»[1]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى غەنىمەت ئالغۇچىلار ئارىسىدا قانداق بۆلۈپ بېرىلىدۇ؟

بۇ ئايىتى كەرىم غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى الله تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئاتىغان مەزكۇر كىشىلەر ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىشنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، الله، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى، يېتىملەر، مىسكىنلەر ۋە ئىبنى سەبىللەردۇر. بۇ ئايىتى كەرىم غەنىمەتلەرنىڭ قالغان قىسمى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى. بۇ، قالغان غەنىمەتلەرنى غەنىمەت ئالغۇچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

#### الله نىڭ ھەسسىسى

تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ ھەسسىسى ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 ـ ئۇ كەبىنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى «الله قا» دېگەن سۆز الله نىڭ بەيتىگە (ئۆيىگە) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿الله قا﴾ دېگەن سۆزى ھەرقانداق ئىشنى بەرىكەت تىلەش ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مۈلكى الله تائالاغا خاستۇر. ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى.

زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇڭا اﷲ تائالا بۇ غەنىمەتلەردىن بىر ئۈلۈش نېسىۋىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇنداق نەرسىلەردىن بىهاجەتتۇر. اﷲ تائالا پەقەت بىزگە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن بەرىكەت تىلەشنى، ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنى بىرىنچى قىلىپ تىلغا ئالغان.»

بۇ قاراشقا ئاساسەن، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى، يېتىملەر، مىسكىنلەر ۋە ئىبنى سەبىللەردىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسىسى ئۇنىڭ غەنىمەتتىن ئالىدىغان ھەققى بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئۆزى خالىغان يەرگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «اﷲ سىلەرگە ئولجا قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن پەقەت بەشتىن بىرى مېنىڭدۇر. شۇ بەشنىڭ بىرىمۇ سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ.»

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر دېگەن سۆز ئايەتتە ﴿اﷲ قا﴾ دېگەن سۆزگە ئوخشاش مەقسەت قىلىنغان سۆزنى باشلاش ئۈچۈن كەلگەن. شۇڭا غەنىمەتتىن بەشنىڭ بىرى تۆت ئۆلۈشكە تەقسىم قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ.»

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەسسىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى ھەققىدە ئۆلىمالار مۇنداق ئوخشىمىغان ئۈچ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرىنچى، ئۇلار قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسىدۇر. ئىككىنچى، ئۇلار پەقەت هاشىم جەمەتىدۇر. ئۈچىنچى، ئۇلار هاشىم جەمەتى بىلەن مۇتتەلىب جەمەتىدۇر. توغرا ۋە كۈچلۈك بولغان قاراش ئۈچىنچى قاراشتۇر.

بۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، نەۋفەل جەمەتىدىن مۇتئىم ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇشەمس جەمەتىدىن مەن ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مۇتتەلىب جەمەتىگە غەنىمەتتىن بەردىڭ، بىزنى تاشلاپ قويدۇڭ، بىز ۋە ئۇلار ئوخشاش مەرتىۋىدە ئەمەسمۇ؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇتتەلىب جەمەتى بىلەن هاشىم جەمەتى بىردۇر. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ، ئىسلام دەۋرىدىمۇ بىزدىن ئايرىلمىغان» دېدى.

مانا بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەت ئېلىشقا تېگىشلىك تۇغقانلىرىنىڭ مۇتتەلىب جەمەتى بىلەن هاشىم جەمەتى ئىكەنلىكى بىلدۈرىدۇ.

www.munber.org

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى پەقەت كەمبەغەل بولسا ئاندىن غەنىمەتتىن بېرىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۇ ھايات چاغدا كۈچكە ئىگە ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەسسىلىرى دۆلەت خەزىنىسىگە قېتىۋېتىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «بەشنىڭ بىرى يېتىملەر، مىسكىنلەر ۋە ئىبنى سەبىللەردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسىسى ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەسسىسمۇ ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.»

بۇ قاراش ئىمام شافىئىيدىنمۇ نەقىل قىلىنغان. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «غەنىمەتتىن بەشنىڭ بىرى كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلىش، مەسجىدلەرنى سېلىش، قازىلارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.»

### يېتىملەرنىڭ ھەسسىسى

بۇ ھەسسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئاتىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلاردىن كىچىك قالغان يېتىم باللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېتىملىك سۈپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

### مىسكىنلەرنىڭ ھەسسىسى

ئۇلار مال ـ دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلالمىغان، ياردەم ۋە ياخشىلىققا موھتاج بولغان، ئاجىز، يوقسۇل ۋە ھاجەتمەن مۇسۇلمانلاردۇر.

### ئىبنى سەبىللەرنىڭ ھەسسىسى

ئۇلار سەپەر ئۈستىدە پۇل ـ مېلى تۈگەپ كېتىپ سەپىرىنى داۋام قىلالمىغان كىشىلەر بولۇپ، گەرچە ئۇلار يۇرتلىرىدا باي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن بېرىلىدۇ. چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتىمىز.

مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىقىدۇ. ئۇلار: غەنىمەتتىن بەشنىڭ بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىلىپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا خەلىپە پايدىلىق دەپ قارىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە كەرىمدە مەزكۇر كىشىلەر غەنىمەتتىن بەشنىڭ بىرىنى مۈلك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مىسال ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان.»

### مالىكىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

مالىكى مەزھىبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا غازاتلاردا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدا ئىسپاتلانغان بىرقانچە دەلىللەرنى دەلىل قىلغان بولۇپ، بۇ دەلىللەر ئۇلارنى مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئېلىپ بارغان. ئىبنۇل ئەرەبى بۇ دەلىللەرنى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە بايان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 - بىر سەھىھ ھەدىستە شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەترەت ئەسكەرنى نەجد تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار 12 تۆگە غەنىمەت ئالىدۇ ۋە ئۇنى بىردىن - بىردىن بۆلۈشۋالىدۇ.

2 - شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشىدا ئېلىنغان ئەسىرلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ھايات بولۇپ، بۇ سېسىقلار ھەققىدە ماڭا ئېغىز ئاچقان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قويۇۋەتكەن بولاتتىم.»[1] «سېسىقلار» دېگەن سۆز مۇشرىكلاردىن ئەسىر ئېلىنغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

مۇتئىم ئىبنى ئەدىي بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تائىفتىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان، ھاشىم جەمەتىنى پالىغان توختامنامىنى بۇزغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇ سۆزنى قىلغان.

3 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋازىن قەبىلىسىدىن ئېلىنغان ئولجىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئولجا ئىچىدىمۇ بەشتىنىڭ بىرى بار.

4 - بىر سەھىھ ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن بىر قىسىم كىشىلەرگە ئارتۇق بەردى. ئەقرەئ ئىبنى ھابىسقا يۈز تۆگە، ئۇيەينىگە يۈز تۆگە بەردى. شۇ كۈنى ئەرەبلەر ئىچىدىن يۈز - ئابرۇيلۇق بىرمۇنچە كىشىلەرگە غەنىمەت تەقسىماتىدا ئارتۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىمات ئادىل بولمىدى، دېدى. ياكى: بۇ تەقسىماتتا الله نىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىدى، دېدى. مەن: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم بۇ سۆزۈڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىمەن دېدىم. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىم مۇساغا الله رەھمەت قىلسۇن، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ سەۋر قىلغان» دېدى.

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

5 ـ بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «الله سىلەرگە ئولجا قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن پەقەت بەشتىن بىرى مېنىڭدۇر. شۇ بەشتىنىڭ بىرىمۇ سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ.»

بۇ ھەدىسلەر غەنىمەتتىن بەشتىنىڭ بىرى بولسا خەلىپىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۇنى قانداق خالىسا شۇنداق سەرپ قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتى كەرىمدە مەزكۇر كىشىلەر غەنىمەتتىن بەشتىنىڭ بىرىنى مۈلك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مىسال ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكى ۋە تېگىشلىك ھەققى بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارغا بەرمىگەن بولاتتى. مالىكى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ بۇ قارىشى توغرا ۋە ئورۇنلۇق قاراشتۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

غەنىمەتلەر قانداق بۆلۈپ بېرىلىدۇ؟

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى غەنىمەتنى ئارتۇق ۋە كەم ـ زىيادە قىلماستىن، جەڭچىلەر ئارىسىدا تەڭ بۆلۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولسا ئارتۇق بېرىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىق مۇجاھىدقا ئىككى ئۈلۈش، پىيادىلىك مۇجاھىدقا بىر ئۈلۈش غەنىمەت بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ①.

سەھىھ بۇخارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقا ئىككى ئۈلۈش، ئات ئىگىسىگە بىر ئۈلۈش غەنىمەت بەرگەن.»

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئاتلىق مۇجاھىدقا ئىككى ئۈلۈش، پىيادىلىك مۇجاھىدقا بىر ئۈلۈش غەنىمەت بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئېتى بار ئادەم ئاتنى بېقىشقا موھتاج بولىدۇ، ئۇرۇشتا ئاتقا قازا يېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ھېكمەت بىلەن شەرىئەت بەلگىلىگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرەپكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، تەقسىماتتا مۇجاھىدقا بىر ئۈلۈش، ئاتقا بىر ئۈلۈش غەنىمەت بەرگەن.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرامدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار: بۇ ئايەت سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەت غەنىمەتنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، بۇ ئايەت بولسا غەنىمەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنىڭ غەنىمەت ئالغۇچى

① ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

مۇجاھىدلارغا بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ ئايەت ئۇ ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. توغرىسى، بىز يۇقىرىدا ئوچۇق بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ يەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇش يوقتۇر.

## ئايەتلەر كۆرسەتتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ شەرىئەت بەلگىلەش اللە تائالاغا خاستۇر. شۇڭا ھېچكىمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى يوق.

2 ـ غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللە يولىغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇ ئايىتى كەرىم كۆرسەتكەن مەزكۇر كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

3 ـ غەنىمەتلەر مۇجاھىدلار ئارىسىدا اللە بەلگىلىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەپسىلى كۆرسىتىپ بەرگەن بويىچە بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

4 ـ مۇمىن اللە نىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشى، تىرىكچىلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك.

5 ـ بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى اللە ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىغان كۈندۇر.

www.munber.org

# قۇربانلىق قىلىش ۋە مال بوغۇزلاش ئارقىلىق الله قا يېقىنچىلىق ئىزدەش

﴿ وَٱلْبُدْنَ جَعَلْنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمْ فِيهَا خَيْرٌ ۖ فَٱذْكُرُوا۟ ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَيْهَا صَوَآفَّ ۖ فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا۟ مِنْهَا وَأَطْعِمُوا۟ ٱلْقَانِعَ وَٱلْمُعْتَرَّ ۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرْنَٰهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٣٦﴾ لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقْوَىٰ مِنكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا۟ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٧﴾ ﴾

﴿(كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر، الله نىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، الله ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.﴾

سۈرە ھەج 36 ـ، 37 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَٱلْبُدْنَ: (تۆگىنى)، بۇ سۆز «بۇدۇنە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، تۆگىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئۇ ئەركەك بولسۇن ياكى چىشى بولسۇن ئوخشاش ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز شەرىئەتتە كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان تۆگىلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىشتە مەشھۇر بولغان[1].

صَوَآفَّ: (قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ)، ئۇ سۆز «سافففە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بوغۇزلاش ئۈچۈن پۇتلىرى قاتار قىلىپ تىزىلغان تۆگىنى

---

[1] ئىمام راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابىغا ۋە ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىغا قاراڭ.

كۆرسىتىدۇ. تۆگە ئۆرە تۇختىتىلىپ بوغۇزلىنىدۇ. بۇ سۆز يەنە بىر قىرائەتتە «سەۋافىن» دەپ ئوقۇلغان. بۇ چاغدا ئۇ «سافىن» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئۈچ پۇتلۇق قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ بوغۇزلىماقچى بولغان تۆگىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تۆگىنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىدىن بىرىنى بوغۇپ قوياتتى.

وَجَبَتْ جُنُوبُهَا: (ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا) يەنى ئۇلار جېنى چىقىپ يەرگە يىقىلغاندا. «جۇنۇب» دېگەن سۆز «جەنب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بىقىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بوغۇزلانغان تۆگە يىقىلىپ بىقىنى يەرگە تەككەندە دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز تۆگىنىڭ بوغۇزلانغاندىن كېيىن جېنى چىققانلىقىنى كۆچمە مەنىدە ئىپادىلەيدۇ.

الْقَانِعَ: (قانائەتچان موھتاجلارغا)، قانائەتچان موھتاج بولسا ئۆزىگە الله تەقدىر قىلغان كەمبەغەللىك ۋە يوقسۇللۇققا رازى بولغۇچى، كىشىلەردىن نەرسە تىلەپ يۈرمەيدىغان ئىپپەتلىك ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

وَالْمُعْتَرَّ: (ۋە سائىللارغا)، سائىل بولسا كىشىلەردىن نەرسە تىلەيدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. سائىل بايلارنىڭ ئالدىغا پات ـ پات بېرىپ ئۇلاردىن نەرسە تىلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە «ئەلقانىئ» دېگەن سۆز سائىلنى، «ۋەلمۇئتەر» دېگەن سۆز قانائەتچان موھتاج ئادەمنى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەلقانىئ» كىشىلەردىن نەرسە تىلەيدىغان ئادەمدۇر، «ۋەلمۇئتەر» كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەيدىغان قانائەتچان ئادەمدۇر[1].

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرگە تۆگىنى ﴿الله نىڭ﴾ دىنىنىڭ ﴿ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە﴾ تۆگىلەرنى بېيتۇللاھقا ھەيدەپ بېرىش، ئۇلارغا قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرنى ئېسىش، ئۇلارنى بوغۇزلاش، گۆشىدىن كىشىلەرگە يېگۈزۈش قاتارلىق الله قا ئىبادەت بولىدىغان ئىشلار بار. بۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن دۇنيادا نۇرغۇن پايدىسى، ئاخىرەتتە كاتتا ئەجرى بولىدۇ. ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئالدى ۋە ئارقا پۇتلىرىنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا ﴿الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا﴾ يەنى بوغۇزلانغاندىن كېيىن جېنى چىقىپ يەرگە يىقىلغاندا، ﴿ئۇلارنى يەڭلار﴾، موھتاج سائىللارغا ۋە موھتاج تۇرۇپمۇ كىشىلەردىن نەرسە

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 433 ـ بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

سۇرىمايدىغان ﴿قانائەتچان ئادەملەرگە بېرىڭلار﴾، ئۇ تۆگىلەر شۇنداق كۈچلۈك ۋە شۇنداق چوڭ بولسىمۇ، سىلەر ئۇز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردەك، بىز ﴿ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق﴾ ۋە ئۇلارنى سىلەرگە كۆندۈرۈپ بەردۇق. شۇڭا سىلەر ئۇلارنى خالىغانچە بوغۇزلايسىلەر، مىنىسىلەر، ساغىسىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىسىلەر. ئەگەر ئۇ تۆگىلەر سىلەرگە بويسۇندۇرۇلمىسا ئىدى، سىلەر ئۇنى باشقۇرالمايتتىڭلار، چۈنكى تۆگىلەر سىلەردىن كۈچلۈكتۇر. شۇڭا الله تائالانىڭ بۇ ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار.

الله تائالا ئىككىنچى ئايەتتە مۆمىنلەر الله نىڭ بەيتى ھەرەمگە ئېلىپ بېرىپ الله قا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن بوغۇزلايدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان بۇ قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن ھېچ نەرسىنىڭ الله قا يەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا ھېچ نەرسە الله قا يېتىپ بارمايدۇ ياكى الله نى رازى قىلالمايدۇ. الله تائالانى رازى قىلىدىغان نەرسە پەقەت سىلەرنىڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشىڭلار، ئىتائەت قىلىشىڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلىشىڭلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەمەللەر تەقۋادارلىق ۋە ئىخلاسىنىڭ مىقدارى بويىچە قوبۇل قىلىنىدۇ. تەقۋادارلىقسىز ۋە ئىخلاسسىز ئەمەللەر جانسىز تەنگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا ھېچكىم الله نىڭ ساۋابىغا نە مال سويۇپ، پارچىلاپ تارقاتقان گۆش بىلەن يېتىدىغانلىقىنى، نە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلىپ پاك كەبىنى بۇلغايدىغان قان بىلەن يېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىسۇن. ئۇ پەقەت الله نىڭ ساۋابىغا الله قا تەقۋادارلىق قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ۋە پاكلىقىغا داغ تەككۈزىدىغان ئەنە شۇنداق قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەنلا يېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى مۆمىنلەرگە، ئۇلار بوغۇزلاش ئارقىلىق الله تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەيدىغان بۇ ھايۋانلارنى ئۇلارغا الله تائالانىڭ بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشىنىڭ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئەسلىتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۇ قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىدىن يەيدۇ، الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئەجىرگە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، نازۇنېمەتلىك جەننەتلىرىدىن ئىبارەت پەزلى - مەرھەمىتىدىن خۇش بېشارەت ئېلىش ئۈچۈن بىر قىسمىنى باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

الله تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ يولىنى، ئۇنىڭ پەقەت الله نىڭ دىنىي ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلاشتا ۋە الله بەلگىلىگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشتا بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. الله تائالا بەندىلىرىگە مەككىگە ھەيدەپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يېقىنلىق قىلىپ بەرگەنلىكى، ئۇ تۆگىلەرنى الله نىڭ دىنىي ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت قىلغانلىقى، دىنىنىڭ بەلگىلىرىدىن

بىر بەلگە قىلغانلىقى ۋە الله قا ئىتائەت قىلىشنىڭ دەلىلى قىلغانلىقى بىلەن ياخشىلىق قىلدى. ئۇ تۆگىلەرنى ھەرەمگە ھەيدەپ بېرىشتا ھەمدە ئۇلارنى ئۇ جايدا بوغۇزلاشتا شۇ تۆگىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق ۋە كاتتا ساۋاب بار.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىبنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇما ۋە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر جامائەت مۇسۇلمانلار قۇربانلىقلىرىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشاش بوغۇزلاپ، گۆشلىرىنى پارچىلاپ كەبىنىڭ ئەتراپىغا يايماقچى ۋە قانلىرىنى كەبىگە چاچراتماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئىشنى قىلماقچى بولۇۋىدى، بۇ ئايىتى كەرىمە نازىل بولۇپ، ئۇلارنى مۇنداق قىلىشتىن توستى، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ياخشى ۋە مۇۋاپىق ئىشنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا بۇ ئايەتلەردە تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بېرىش ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشىغا تېگىشلىك نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بەندىلەرگە قىلىنغان بۇ ياخشىلىق بۇ ئايەتتە: ﴿ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار﴾ دەپ، يىغىنچاقلا بايان قىلىندى. باشقا ئايەتلەردە بولسا بۇ ياخشىلىق تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[2]. ﴿الله چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى)نى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ). ئۇلار يۈك ـ تاقىلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان

---

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىغا ۋە ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.
[2] سۈرە ياسىن، 71 ـــ 73 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر﴾[1].

2 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿اللە نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن﴾ دېگەن سۆزى بەندىلىرى ئۇچۇن بەلگىلىگەن شەرىئەت بەلگىلىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى اللە قا قوشۇپ بايان قىلىش بولسا ئۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇندۇر. بۇ: ﴿اللە نىڭ تۆگىسى﴾[2]، «اللە نىڭ ئۆيى» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ تۆگىلەر اللە نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرى قىلىندى. چۈنكى مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۇ تۆگىلەرنى ئاتاپ بوغۇزلاش ۋە قۇربانلىق قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق اللە قا يېقىنچىلىق ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) اللە نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)﴾ دېگەن سۆزى تۆگىنىڭ ئالدى ۋە ئارقى پۇتلىرى قاتار قىلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ بوغۇزلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ. تۆگىنى بوغۇزلاشنىڭ يولى مۇشۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىمۇ مۇشۇنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتە «تۆگە» مەنىسىدە كەلگەن «ئەلبۇدنە» دېگەن سۆز تۆگىنى ۋە كالىغا ئىشلىتىلەمدۇ؟

ئۆلىمالار بۇ سۆزنىڭ مەيلى ئەركەك بولسۇن، مەيلى چىشى بولسۇن بىر تۆگىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىم ئىكەنلىكىگە ۋە ھەرقانداق تۆگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇ سۆز كەبىگە ئېلىپ بېرىلىپ بوغۇزلىنىدىغان قۇربانلىق تۆگىنى بىلدۈرۈپ مەشھۇر بولغان.

ئۇلار: كالىنىڭ تۆگىگە ئوخشاش يەتتە ئادەمنىڭ قۇربانلىقىغا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى كالىنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىش توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان ئىككى قاراشتا بولغان.

1 ـ ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر: بۇ سۆز تۆگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندەك، كالىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئورتاق سۆز

---

[1] سۈرە نەھل، 5 ـــ 7 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەئراف، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېسابلىنىدۇ. كىمكى مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىپ مال سويۇشنى نەزىر قىلغاندىن كېيىن كالا بوغۇزلىسا، ئاتىغان نەزىرىگە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى كالا ھۆكۈم جەھەتتە تۆگىگە ئوخشاشتۇر دەپ قارايدۇ. ئەتائ ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەييەبمۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

بىرىنچى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «بىز بىر تۆگىنى يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلاتتۇق» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن: «كالىنىچۇ؟» دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: «كالىمۇ تۆگىنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ[1].

ئىككىنچى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز «ئەلبۇدنە» دېگەن سۆزنى تۆگە ۋە كالىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بىلىمىز.»

2 ـ شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە پەقەت تۆگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى كالىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىش پەقەت كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بىرى تۆگە سويۇشنى نەزىر قىلغان بولۇپ، كالا سويغان بولسا، نەزىرى ئادا بولمايدۇ.» مۇجاھىدمۇ مۇشۇنداق دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تۆگە يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ، كالا يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ.»[2] ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس بىزنىڭ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كالىنى ئايرىم تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى مەنىدىن باشقا مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»

زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا «ئەلبۇدنە» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە تۆگىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)﴾ دېدى. ئۆرە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىنىدىغان ھايۋان پەقەت تۆگىدىن ئىبارەتتۇر. كالا ئۇنىڭ ئەكسىچە ياتقۇزۇپ بوغۇزلىنىدۇ.

جابىرنىڭ: «كالىمۇ تۆگىنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمۇ؟» دېگەن سۆزى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «بىز «ئەلبۇدنە» دېگەن سۆزنى تۆگە ۋە كالىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بىلىمىز» دېگەن سۆزى بولسا، ئۇ ئىككىسى بۇ سۆزنى تۆگە بىلەن كالىنىڭ ھۆكمىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلىپ دېگەن، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ، ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا سۆز ئورتاقلىقى بولمىغان سۆزدىن ھېسابلىنىدۇ.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

كەبىگە ئاتاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىقلارنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟

[1] ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۆلىمالار كەبىگە ئاتاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق ھايۋانلارنىڭ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە بولۇشىغا، قۇربانلىق ھايۋانلار ئەركەك ۋە چىشى بولۇشىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئۇلار يەنە تۆگىنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە، ئاندىن قالسا كالا، ئاندىن قالسا قوي مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى تۆگە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە جىق مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا كالىنىڭ مەنپەئەتمۇ قوينىڭ مەنپەئەتىدىن جىقتۇر. ئەڭ تۆۋەن، دېگەندە بىر ئادەمنىڭ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر قوي كۇپايە قىلىدۇ. تۆگە يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ، شۇنداقلا كالىمۇ يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ.

ئۆلىمالار بىر شەخس ئۈچۈن بىر تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى ياكى بىر كالىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى كەبىگە ئاتاپ ئېلىپ بېرىشى ئەۋزەلمۇ يا بىر قوي ئاتاپ ئېلىپ بېرىشى ئەۋزەلمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا كەمبەغەللەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىش ئەۋزەلدۇر ۋە مۇشۇنداق قىلىش توغرىدۇر.

تۆگە ياكى كالىنىڭ يەتتە ئادەمنىڭ قۇربانلىقىغا كۇپايە قىلىشىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلدۇق، تۆگىنى يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا، كالىنىمۇ يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلدۇق.»[1]

ھەر بىر شەخس ھەرەمگە تۆگە، كالا ۋە قوي ـ ئۆچكىلەردىن خالىغانچە ئېلىپ بارسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر قېتىم يۈز تۆگە ئېلىپ بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قۇربانلىقى نەپلە قۇربانلىق ئىدى.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىش

الله تائالا قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار﴾[2]. بۇ بۇيرۇق زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا بەھرىمەن بولۇش (يەنى ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە تۆگىگەندىن كېيىن ھەجگە ئېھرام باغلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېھرامدا قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن بەھرىمەن بولۇش) ھەججىدىكى قۇربانلىقنىڭ، نەپلە قۇربانلىقنىڭ، ھەج ياكى ئۆمرە پائالىيەتلىرى جەريانىدا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بوغۇزلاش ۋاجىپ بولۇپ قالغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ھەج، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

فىقھشۇناسلار بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان بىرقانچە قاراشلاردا بولغان بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد مۇنداق دەپ قارايدۇ: بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقىنى، قىران ھەججىنىڭ (يەنى ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىراقلا نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ھەجنىڭ) قۇربانلىقىنى ۋە نەپلە قۇربانلىقنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە پائالىيەتلىرى جەريانىدا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بوغۇزلاش ۋاجىپ بولۇپ قالغان قۇربانلىقنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ.

2 ـ ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقىنى، قىران ھەججىنىڭ قۇربانلىقىنى، ھەجنىڭ بۇزۇلغانلىقى ياكى ھەجگە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقنى ۋە پۈتۈن نەپلە قۇربانلىقنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ، پەقەت ئۆزىگە يەتكەن زىياننىڭ فىدىيەسى، ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغاننىڭ جازاسى ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقنى ۋە مىسكىنلەرگە ئاتاپ قىلغان قۇربانلىقنى ئۆزى يېيىشكە بولمايدۇ.»

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ياكى ئۆمرە پائالىيەتلىرى جەريانىدا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قالغانلىقنىڭ جازاسى ۋە ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغاننىڭ جازاسى ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىق، بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقى، قىران ھەججىنىڭ قۇربانلىقى، ھەجنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن قىلىدىغان قۇربانلىق، شۇنداقلا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشنى ئۆزىگە ۋاجىپ قىلىۋالغان قۇربانلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش قان قىلىش ۋاجىپ بولغان قۇربانلىقلارنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما نەپلە قىلغان قۇربانلىقنى يېسىمۇ، ھەدىيە قىلسىمۇ ۋە سەدىقە قىلىپ بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.» ئىمام شافىئىي پەقەت نەپلە قۇربانلىقنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان.

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار بىلەن ئىمام شافىئىينىڭ ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقنىڭ مەنبەسى بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقى ھەققىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا قان قىلىش ۋاجىپ بولغان قۇربانلىق شۈكۈرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىق بولغاچقا، قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن يېيىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا بولسا ئۇ قۇربانلىق جازا ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ يېيىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتىكى ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي بىلىش ئۈچۈن شاخچە ھۆكۈملەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

ئىمام شافىئىي قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى كەمبەغەللەرگە يېگۈزۈشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا

www.munber.org

بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە ﴿سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى كەمبەغەللەرگە بېرىش سۈننەتتۇر. چۈنكى ئۇ ھەج پائالىيەتلىرى ئۈچۈن قىلىنىدىغان قان بولۇپ، بوغۇزلاش ئارقىلىق قان ئاقتۇرۇش بىلەن الله قا يېقىنچىلىق قىلىش ئەمەلىيلەشكەن بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ گۆشىنى كەمبەغەللەرگە بېرىشكە كەلسەك، ئۇ سۈننەتتىن ئىبارەت ئاممىباب ھۆكمى بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئورنى.

ئۆلىمالار قۇربانلىقنى بوغۇزلاش ۋاقتى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۈنلىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىلىدىغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇربانلىق قىلىنسا بولىدۇ.»[2] ئەگەر قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئاتىغان قۇربانلىقنى قازاسىنى قىلغان ئاساستا قىلىۋېرىدۇ، لېكىن كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

ئىمام مالىك ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشىدا قۇربانلىق مەيلى ۋاجىپ قۇربانلىق بولسۇن ياكى نەپلە قۇربانلىق بولسۇن ئوخشاشلا ئۇنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىدۇر. تۆتىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ ۋە قىران ھەججىنىڭ قۇربانلىقىغا نىسبەتەن ئىمام مالىك بىلەن ئەھمەدنىڭ قارىشىغا قوشۇلغان، ئەمما ئاتاپ نەزىر قىلغان، كەففارەت ۋە نەپلە ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقلارغا نىسبەتەن ئۇ قايسى ۋاقىتتا قۇربانلىق قىلىنسا بولۇۋېرىدۇ دەپ قارىغان.

ئىبراھىم نەخەئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇربانلىق قىلىش ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تاكى ھەج ئېيى چىقىپ كەتكىچە داۋام قىلىدۇ.»

قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئورۇنغا كەلسەك، مەيلى ئۇ ۋاجىپ قۇربانلىق بولسۇن ياكى نەپلە قۇربانلىق بولسۇن، ئۇنىڭ ئورنى ھەرەمدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر﴾[3]، ﴿قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار﴾[4]. قۇربانلىقنىڭ ئورنى

[1] سۈرە ھەج، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە مائىدە، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە، 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەرەمدۇر. شۇڭا ھەرەمنىڭ چېگرىسى ئىچىدىن مەككىدە، مىنادا ۋە باشقا قايسى جايدا بوغۇزلانسا دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مىنانىڭ ھەممىسىدە قۇربانلىق بوغۇزلانسا بولىدۇ، مۇزدەلىپىنىڭ ھەممىسىدە تۇرۇشقا بولىدۇ، مەككىنىڭ كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى يولدۇر ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغان جايدۇر.»[1]

## ئايەتلەر كۆرسەتدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ قۇربانلىقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن اللہ قا يېقىنلىق ئىزدەش ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

2 ـ قۇربانلىققا پەقەت تۆگە، كالا ۋە قويلاردىن ئىبارەت ھايۋانلار يارايدۇ.

3 ـ تۆگىنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلاش، كالا ۋە قوينى ياتقۇزۇپ بوغۇزلاشلاش ئەۋزەلدۇر.

4 ـ قۇربانلىق قىلىش بىلەن كەمبەغەللەرگە پايدا يەتكۈزگىلى ۋە تەقۋادارلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

5 ـ اللہ نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان ئىدى. قۇربانلىقنى ئادا قىلىش ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە بېرىلگەن قۇربانلىقنى ئەسلىتىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممىنى ياراتقۇچى اللہ تائالا قۇربانلىقنى اللہ نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارى اللہ تائالاغا يېقىنلىق قىلىش، اللہ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىككى قولى ئىشلىگەن گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشى، سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەمەللەردە ئىخلاس قىلىشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ. مۆمىن پەقەت اللہ نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋە اللہ نىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىدۇ، قۇربانلىق قىلغاندا اللہ دىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىگە يۈزلەنمەيدۇ، قۇربانلىق قىلىش ئەمەلى بىلەن اللہ نىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆزلىمەيدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ ئۈچۈندۇر. اللہ نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يالغۇز الله غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا ) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن »﴾[1].

مۆمىن، الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مانا مۇشۇ مەقسەتتە قۇربانلىق قىلىش بىلەن الله قا ئىخلاس قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ ۋە مەزكۇر ئايىتى كەرىم كۆرسەتكەن تەقۋادارلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ: ﴿الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾.

مۇشرىكلار بۇ قۇربانلىقلارنى پايدىسى بولىدۇ ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دېگەن ئېتىقادتا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان بولسا، مۆمىن ئۇنى بۇتلارغا، تاشلارغا ئاتاپ ئەمەس، پەقەت يالغۇز الله تائالاغا يېقىنلىق قىلىش ۋە ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئۇنىڭغىلا قىلىش مەقسىتىدە قۇربانلىق قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ھەج قىلغۇچىنىڭ بوغۇزلايدىغان قۇربانلىقى بىلەن دىللارنىڭ تەقۋادارلىقى ئارىسىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلايدۇ. ھەج پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىشتىكى بىرىنچى غايە تەقۋادارلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ پائالىيەتلەر ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار الله قا يۈزلىنىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئالامەتلەردۇر. ئۇ، الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىشقا قەدەم قويغانلىق ئەھۋالىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئوغلىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان چاغدا الله نىڭ بۇ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولغان: ﴿ئىبراھىم: « ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا ( ئەمر قىلىنىپ ) چۈشەپتىمەن ( پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى الله نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ )، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ » دېدى. ئۇ ئېيتتى: « ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا ( ئۇنىڭغا ) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن ». ئىككىسى ( الله نىڭ ئەمرىگە ) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى ( يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ) يېنىچە ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: « ئى ئىبراھىم! ( ھېلىقى ) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ ( يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ ) » دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى ( يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى ) بەردۇق﴾[2].

دېمەك، قۇربانلىق قىلىش الله نىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەتنى، الله نىڭ روشەن مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوغلىنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر قۇربانلىق

---

[1] سۈرە ئەنئام، 162 ـــ 163 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە سافقات، 102 ـــ 107 ـ ئايەتكىچە.

بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇربانلىق قىلىشنىڭ گۆشلىرىنى كەمبەغەللەرگە بېرىش ۋە ئاجىز موھتاجلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق سەدىقە بەرگىلى بولىدىغان، ھەمدە الله قا يېقىنلىق قىلغىلى بولىدىغان پايدىسى بار.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر.

www.munber.org